# مبادی ترجمہ



# مىڭ بىر كېچە

2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ألف ليلة وليلة

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەرشىدىن تاتلىق
مەسئۇل تەھرىرى: ئوسمان تۇرسۇن

www.uyghurkitap.com



556-بەتكە



688 - بەتکە

www.uyghurkitap.com



850-بەتكە



بەتکە 964-

www.uyghurkitap.com

## مۇندەرىجە


پادىشا ئۆمەر ئىبنى نوئمان ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى شەررىكان،
زۇئۇلماكان، نۇزھەتۇززاماننىڭ ھىكايىسى
(45 — 107 - كېچە) ........................................ 501

تاجىلمۇلۇك قىسسىسى (107 — 112 - كېچە) ........................ 823

ئاشىق ۋە مەشۇق ھىكايىسى (112 — 128 - كېچە) .............. 849

تاجىلمۇلۇك قىسسىسىنىڭ داۋامى (129 — 136 - كېچە) ........ 919

پادىشا ئۆمەر ئىبنى نوئمان ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى توغرىسى-
دىكى ھىكايىنىڭ داۋامى (136 — 141 - كېچە) .............. 986

باكۇنىنىڭ چوچىگى ۋە كانىماكاننىڭ باغداتتىن چىقىپ كېتىشى
(142 — 143 - كېچە) ........................................ 1066

سەھرالىق ھاماد ھىكايىسى (143 — 144 - كېچە) .............. 1091

# پادشا ئومەر ئىبنى نوئمان ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى شەرركان، زوئئولماكان، نۇزھەتۇززاماننىڭ ھكايىسى

قېدىمقى زاماندا باغداد شەھرىدە ئابدۇلمۇلۇك ئىبنى مەرۋان خەلىپىلىكىدىن بۇرۇن ئومەر ئىبنى نوئمان ئىسىملىك بىر پادىشا بولغان ئىكەن. ئۇ، ناھايىتى ئۇلۇغ پادىشا بولۇپ، ئۇنىڭ پۇخرالىرى شاھتىن ۋە ئۇنىڭ ئىنئاملىرىدىن رازى ئىكەن. ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭ ھوكۇمىنى يىرالمايدىكەن، غەزىۋىنى ھەرقانداق كىشى ياندۇرالمايدىكەن. ھېچقانداق پادىشا ئۇنىڭ بىلەن تەڭلىشەلمەيدىكەن. ئۇ، ئاچچىغلانسا بۇرنىدىن تۇتۇن چىقىدىكەن. ئومەر ئىبنى نوئماننىڭ بۇيرۇغى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە ئوتىدىكەن. ئىران ۋە رۇم شاھلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ دىگىنىگە بوي سۇنىدىكەن. ھەممە چوڭ شەھەرلەردە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بار ئىكەن. كۈن چىقىشتىن كۈن پېتىشقىچە بولغان جايلار — ھىند، سىند، چىن، يەمەن، ھىجاز، ھەبەش، شام، دىيار بەكرى، ماچىن ۋە يەر يۈزىدىكى سانسىز دالا-سەھرالار، دەشتلەر، سەيھۇن، جەيھۇن، نىل، پىرات دەريالىرى ئۇنىڭ ئىلكىدە ئىكەن. ئۇ، دۇنيانىڭ يىراق چەتلىرىگىمۇ ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، شۇلار ئارقىلىق شەھەر-سەھرالارنىڭ بىخەتەرلىگىنى، تىنچ-ئامانلىغىنى قوغدايدىكەن. ئۇ خەلقلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئومۇر تىلەپ دۇئا قىلىدىغانلىغىنى، بارچە ئەرباپلار ئۇنىڭ شانۇ-شەۋكىتىگە تەسلىم ئىكەنلىگىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولىدىكەن.

دۇنيانىڭ ھەر بىر بۇلۇڭىدىن ئۇنىڭغا باج-خىراج، سوغا ۋە ھەدىيىلەر كېلىپ تۇرىدىكەن.

ئۇنىڭ شەرىكان دېگەن بىر ئوغلى بولۇپ، چىراي-شەكلىدە، غەيرەتتە ۋە باتۇرلۇقتا ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىكەن. ئاتىسى ئۇنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرىدىكەن. شەرىكان بالاغەتكە يەتكەندە ئاتىسى ئۆمەر ئىبنى نۇئمان ئۇنى دۆلىتىگە، تاج-تەختىگە ئۆزىنىڭ ۋارىسى قىلىپ تەيىنلەپ، دۆلەت ئەرباپلىرىغا تەۋسىيە قىلغان ئىكەن. شەرىكان چوڭ بولۇپ يىگىرمە ياشقا يېتىپتۇ. ئۇ، نەھايىتى ساغلام ۋە سالاپەتلىك بولۇپ ئۆسۈپتۇ. ئۆمەر ئىبنى نۇئماننىڭ تۆت خوتۇنى بار ئىكەن. لېكىن شەرىكاننىڭ ئانىسىدىن باشقىسى تۇغمىغان ئىكەن. شەرىكاننىڭ ئانىسىمۇ شەرىكاندىن كېيىن بالا يۈزى كۆرمىگەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ يەر يۈزىدىكى تۈرلۈك مىللەت يەرلىرىدىن يىل، كۈنلىرىنىڭ سانىغا بىراۋەر قىلىپ ئالغان ئۈچ يۈز ئاتمىش كېنىزىكى بار ئىكەن. سارايى ئىچىدە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مەخسۇس قىلىپ ئۈچ يۈز ئاتمىش ئۆي سېلىنغان ئىكەن. بۇ سانلار ئايلارنىڭ ھېسابىغا مۇۋاپىق ئون ئىككى ساراي قىلىپ، ھەر بىر سارايغا كۈنلەرنىڭ سانىغا توغرىلاپ ئوتتۇزدىن ئۆي سالغان ئىكەن. بۇ ئۆيلەرگە ئۈچ يۈز ئاتمىش كېنىزەك بۆلۈنۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن. ئۇنىڭغا ئۆزى ھەر بىر كېچىسى بىر كېنىزەكنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزىدىكەن. [illegible] قىلىپ [illegible] ھەر بىرىنىڭ يېنىدا يىلدا بىر كېچە [illegible] ئۆتكۈزۈپتۇ.

[illegible]

لىپتۇ. ئاتىسى ئوغلىنىڭ داۋرىڭىنىڭ تارقالغانلىقىدىن پەخىرلىنىپتۇ، بۇرۇنقىدىنمۇ كوپ خوش بوپتۇ. قۇۋۋىتىگە قۇۋۋەت، كۆچىگە كۆچ قوشۇلۇپتۇ. يىراق ئەللەرگە يەنە ھۇجۇم باشلاپتۇ. كوپ قەلئە ۋە يەرلەرنى بوي سۇندۇرۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شوھرىتىگە يەنە شوھرەت قوشۇلۇپتۇ. شۇ كۈنلەردە شاھقا كېنىزەكلىرىنىڭ ئىچىدە بىرسىنىڭ قوساق كوتەرگەنلىكى خەۋەر قىلىنىپتۇ. شاھنىڭ دىلى بۇ خەۋەردىن بەك سۇيۇنۇپتۇ. ئۇنىڭ ئاي، كۈنىنى يېزىپ قويۇپتۇ. ئۇ، بۇنى ئوغۇل بولسا ماڭا قانات بولۇدۇ، دىگەن ئويدا، ئاتىسىغا ياخشى قاراپتۇ. شەرركان ئاتىسىنىڭ كېنىزىگى ھامىلدار بولغىنىنى ئاڭلاپ قاتتىق خاپا بوپتۇ: "ئەمدى مەن بىلەن مەملىكەتنى تالىشىدىغان ۋارىس دۇنياغا كېلىپ مېنىڭ بەختىمگە شېرىك بولىدىغان بولدى" دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن بۇ مۇلاھىزىلىرىنى ئىچىدە سىر قىلىپ ساقلاپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



قىرىق ئالتىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

شەرركان كېنىزەك ئوغۇل تۇغسا ئۇنى دەرھال ئولتۇرۇشكە نىيەت قىپتۇ. ئەمما ئۇ، بۇنداق نىيىتى بارلىقىنى ھىچكىمگە بىلدۈرمەپتۇ.

ئەندى كېنىزەك ۋەقەسىگە كېلەيلى: ھامىلدار بولغان كېنىزەك رۇملۇق ئىكەن. ئۇنى ئومەر ئىبنى نوئمانغا رۇم شاھى بىرقانچە ئىنئاملار

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن تارتۇق قىلىغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى سەفىيە ئىكەن. ئۇ، كېنىزەكلەر ئىچىدە ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ ئەقىللىق ۋە پاكىزە ئىكەن. ئۆمەر ئىبنى نۇئمان ئۇنىڭ يېنىدا بولغان كېچىسى سەفىيە شاھقا: "ئەي مۆھتەرەم شاھ، مەندىن بىر ئوغۇل كورسەڭ، مەن ئۇنى ياخشىلاپ تەربىيە قىلسام، تەلىم بەرسەم دىگەن ئارزۇ- دىمەن" دىگەن ئىكەن. ئۇنىڭ سوزى شاھقا ماقۇل بولۇپ ناھايىتى سۆيۈنگەن ئىكەن. سەفىيەنىڭ ئاي-كۈنى يېتىپتۇ. شاھ چوردى- لىرىدىن بىرىنى ئۇنىڭ تۇغقىنى قىز ياكى ئوغۇل ئىكەنلىگىنى بىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىپتۇ. ئوغلى شەررىكانمۇ بىر چورىسىنى شۇنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىكەن. سەفىيەنىڭ كوزى يورۇپتۇ. كورگەنلەرنىڭ ھەممىسى "چىرايلىق بىر قىز تۇغدى" دەپ چوقان كوتۇرۇشۇپتۇ. چورە دەرھال شاھقا خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. شەررىكاننىڭ قويغان كىشىسىمۇ ھودۇققىنىچە چېپىپ بېرىپ شۇنداق خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. شاھزادە بۇ خەۋەردىن سۆيۈنۈپتۇ. چورىلەر كەتكەندىن كېيىن سەفىيە يېنىدىكىلەرگە: "ماڭا ئېھتىيات بىلەن ياردەم قىلىڭلار، يەنە بىر بالا باردەك قىلىدۇ" دەپتۇ. كوپ ئوتمەي ئاسانغىنا يەنە بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بوۋاق تولۇن ئايدەك چىرايلىق ئىكەن. بۇنى كورگەنلەر ناھايىتىمۇ سۆيۈنۈشۈپتۇ. سەفىيەمۇ تېچ-ئامان ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. بۇ ئاۋاز بىر پەستە پۈتۈن سارايغا تارقىلىپتۇ. ھەممە ساراي ئەھلىدىن تارتىپ، كېنىزەك، چورە-قۇللارغىچە بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپتۇ. كېنىزەك- لەر ھەسەد قىلىشىپتۇ. ئۆمەر ئىبنى نۇئمانغىمۇ بۇ خەۋەر يىتىپ بېرىپتۇ. ئۇ، بەك خوش بولۇپ، تېزلا سەفىيەنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپتۇ. كېنىزەكلەر ساز چېلىشىپ قوشاق

ئېيتىشىپتۇ، ئويۇنغا چۈشۈشۈپتۇ. شاھ ئوغلىغا زۇئۇلماكان، قىزىغا نۇزھەتۇززامان دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. ئەل-يۇرتقا توي-تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ. شاھ ئۇلارغا مەخسۇس ئىنىكئانا ۋە كۈتكۈچى، كېنىزەك، خادىملارنى بەلگۈلەپتۇ. دۆلەت ئەرباپلىرى قەسىرگە كېلىپ شاھنى تەبرىكلەپتۇ. شاھمۇ پېقىر-مىسكىنلەرگە قولىنى ئېچىپ، ھەدىيىلەر بېرىپتۇ. شەھەر بېزىلىپتۇ. باغداد ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى سۆيۈنچە بىلەن بىر-بىرىگە بۇ خەۋەرنى ئېيتىشىپتۇ. ئوردا ئەھلى — ۋەزىرلەر، ئەمىرلەر شاھ ئومەر ئىبنى نۇئماننى ئوغلى زۇئۇلماكان ۋە قىزى نۇزھەتۇززاماننىڭ شاراپىتى بىلەن تەبرىكلىشىپتۇ. شاھ ئۇلارغىمۇ رەخمەت ئېيتىپ تون يېپىپتۇ؛ كوپلىرىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۇستۇرۇپتۇ. ھەدىيە-سوغاتلار بېرىشتە يىراق-يېقىننىڭمۇ ھېچ قايسىسىنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ. شاھ، سەفىيەنى ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنى تېز-تېز كۆرۈپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغان بوپتۇ. شاھ توت يىلغىچە شۇ يوسۇندا سەفىيە ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىدىن خەۋەر ئېلىشنى داۋام قىلدۇرۇپتۇ. بەشىنچى يىلى سەفىيەگە نۇرغۇن ئالتۇن كىيىم-كېچەك زىننەت ئەسۋاپلىرى بېرىپ، بالىلارغا ياخشى تەربىيە بېرىشنى، بىلىم ئۆگىتىشنى تەيىنلەپتۇ. شاھزادە شەررىكان سەفىيەنىڭ ئوغۇل تۇغقىنىدىن خەۋەرسىز ئىكەن، بۇ ۋەقەنى ئاتايىن ئۇنىڭدىن مەخپى تۇتقان ئىكەن. ئۇ، سەفىيىنى ”قىزدىن باشقا يەنە بالا تۇغمىغان“ دەپ ئويلايدىكەن. ئۇ، ھەمىشە باتۇرلۇق مەشىقلىرى، چەۋەندازلىق، چەۋلانبازلىق ۋە بەزىدە جەڭ بىلەن مەشغۇل ئىكەن. ئۇ دادىسىنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ئاز تۇرىدىكەن.

ئاردىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى شاھ ئۆز تەختىدە

ئولتۇرغان ئىكەن. پەردەدارى هاجىپ كىرىپ، تازىم قىلىپ، يەر ئۆپۈپتۇ. كېيىن: "ئەي هورمەتلىك شاھ، قۇستەنتىنە شاھى ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار ئىشىكتە جانابى ئالىلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشكە رۇخسەت سورايدۇ. ئەگەر رۇخسەت قىلىنسا كىرگۈزىمىز، بولمىسا بۇيرۇقلىرىغا قاراپ ئىش قىلىمىز" دەپتۇ. شاھ ئۇلارنىڭ كىرىشكە رۇخسەت قىپتۇ. ئۇلار ئەلچىلىك رەسمىيەتلىرىنى ئادا قىپتۇ. شاھمۇ ئۇلارنى خۇشچىراي قارشى ئاپتۇ. ھال-ئەھۋال سوراپتۇ. كېيىن ئۇلارنىڭ كېلىش سەۋەبىنى سوراپتۇ. "ئەي سېخىلىقتا تەڭدىشى يوق ئۇلۇغ شاھ، — دەپتۇ ئۇلار يەرنى سۆيۈپ، — بىزنى بۇ يەرگە قۇستەنتىنە شەھەرلىرىنىڭ ئىگىسى، نىسارا ئەسكەرلىرىنىڭ لەشكەر بېشى شاھ ئەپرىدۇن ئەۋەتتى. ئۇ، ئۇزىنىڭ گىدەيگەن رۇم شاھى بىلەن چوڭ كۇرەش ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. بۇنىڭ سەۋەۋى شۇكى، بەزى ئەرەپ شاھلىرىدىن بىرى جەڭ ۋاقتىدا ئىسكەندەر زامانىدىن قالغان خەزىنىنى تاپقان ۋە ئۇ خەزىنە بىلەن بىللە ھېساپسىز قىممەتلىك ماللارنى ئېلىپ كەتكەن. تېپىلغان خەزىنىنىڭ بىرى، نوئام تۇخۇمىدەك ئۈچ ئاق گوھەر بولۇپ، شۇ كۈنگىچە تېپىلغان گوھەرلەرنىڭ ئەڭ ئالىسى ئىكەن، باھاسىز ئىكەن. ئۇنىڭغا يۇنانچە خەت بىلەن سېھىرلىك سوزلەر نەقىش قىلىنغان بولۇپ، تۈرلۈك-تۈرلۈك خاسىيەتلىرىمۇ بار ئىكەن. مەسىلەن، ئەگەر ئەڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىغا ئۇلارنىڭ بىرى ئېسىپ قويۇلسا، ئۇ بالىغا ھېچقانداق زىيان-زەخمەت يەتمەيدىكەن، ئەلەم-كۈلپەت كورمەيدىكەن، ئوتتا كويمەيدىكەن، سۇغا چوكمەيدىكەن. ئەپرىدۇن ئۇلارنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلگەندىن كېيىن، سوغا سۈپىتىدە ئۇنى بىر

كېمىگە بېسىپ، ئىككىنچى بىر كېمىگە ئۇلارنى ئوغرى-قاراقچى-
لاردىن قوغدىغۇچى قوشۇن بىلەن سوغا يەتكۈزگۈچى خادىملارنى
چۈشۈرۈپ جاناپلىرىغا يوللىغان ئىدى. شاھىمىز ئۆزىچە: "جاناپ-
لىرىغا يوللانغان كېمىگە ھېچكىم كۆز ئالايتالماس" دەپ ئويلىغان
ئىكەن، بىر تەرەپتىن ئۇ كېمىدىكى مال ئۆزلىرىدەك ئۇلۇغ ئەرەپ
شاھىغا تېگىشلىك، ئىككىنچىدىن، ھەدىيىلەر بېسىلغان كېمە يولى
قۇستەنتىنە مەملىكىتىگە تەۋە ئىكەنلىكى مەلۇم ئىدى. بۇ دېڭىز
قىرغاقلىرىدا ئۇلۇغ شاھىمىز ئەپرىدوننىڭ پۇخرالىرىدىن باشقا ھېچ-
كىمنىڭ بولماسلىغى ئېنىق ئىدى. ئۇلار شەھەرگە يېقىنلاشقاندا،
ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئاللاقانداقتۇ يول توسارلار چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ
ئارىسىدا قەيسەرىيە ساھىبىنىڭ ئەسكەرلىرى بار ئىكەن. ئۇلار ئىككى
كېمىدىكى مال بىلەن گەۋھەرلەرنى ئېلىپ، ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپتۇ.
بۇ خەۋەرنى بىزنىڭ شاھىمىز ئاڭلاپ، ئالەم كۆزىگە قاراڭغۇ
كۆرۈنۈپ، غەزەپلەنگىنىدىن ئۇلارغا قارشى ئەسكەر ئەۋەتتى. بۇ
ئەسكەرلەر ئۇلار بىلەن كۈچ ئېلىشالمىدى. ئىككىنچى قېتىم يەنە
ئەسكەر ئەۋەتتى. بىراق بۇلارمۇ ئۇلارنى يېڭەلمىدى. شاھىمىز
غەزەپلىنىپ ھەممە ئەسكەرلىرى بىلەن ئۆزى بېرىشقا قارار قىلدى.
قەيسەرىيە ۋە پۈتۈن رۇم تەۋەسىدىكى شەھەرلەرنى تامامەن خاراپ
قىلمىغىچە قايتماسلىققا قەسەم ئىچتى. شاھ ئەپرىدۇن سىز قۇدرەتلىك
شاھىمىز ئومەر ئىبنى نوئىماندىن بىزگە ئەسكىرى كۈچ بىلەن
ياردەم قىلىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىدۇ. سىزنىڭ ياردىمىڭىز ئۇنىڭ
ئۈچۈن شەرەپ؛ شاھىمىز سىزگە بىز ئارقىلىق تارتۇقلار ئەۋەتتى.
شۇ سوغىلارنى قوبۇل قىلىپ ئېلىپ، بىزنى ھاجەتتىن چىقىرى-
شىڭىزنى شاھىمىز ئەپرىدۇن چوڭ ئۈمىت بىلەن كۈتىدۇ"—ئەلچىلەر

شۇ سوزنى دەپ شاھنىڭ ئالدىدا يەنە يەرنى سۆيۈپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



قىرىق يەتتىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

قۇستەنتىنە ئەلچىلىرى شاھ ئۆمەر ئىبنى نۇئماننىڭ ئالدىدا يەرنى سۆيۈپ ھەدىيىلەرنى تەقدىم قىپتۇ. ئۇ، ھەدىيىلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىكەن: قۇستەنتىنە شەھىرىنىڭ ھوسۇندە تېگى يوق كېنىزەكلىرىدىن ئەللىك، ئۇنىڭ باراۋىرىدە ئەللىك قول بولۇپ، ئۇلار ئۇزىگە خاس زەر كەشتىلىك تونلار كىيگەن، بەللىرىگە ئالتۇن-كۈمۈش ۋە ئۇنىڭغا تۈرلۈك دۇر-ئۈنچە، ياقۇت-زەبەرجەتلەر ئورنۇتۇلغان كەمەرلەر باغلىغان، قۇلاقلىرىغا ھەردانىسى يۈز سەر ئالتۇنغا يارىغىدەك لەئەل تاشلار تاقالغان ئىكەن. شاھ بۇ سوغىلارنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ. ئەلچىلەرنى مېھمان قىلىپ، ئۇلارغا ھورمەت كورستىپتۇ. ئۇزى ۋەزىرلەرنى قىچقىرىپ مەسلىھەت ساپتۇ، ئۇلارغا ۋەقەنى بايان قىپتۇ. ۋەزىرلەرنىڭ ئىچىدە دەندان ئىسىملىك بىر قېرى ۋەزىر بار ئىكەن. ئۇ، دانا ۋە ھوشيار، كوپنى كورگەن، ئۇزۇن ئومۇر سۇرگەن كىشى ئىكەن. ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ يەرنى سۆيۈپتۇ: "ئەي ھورمەتلىك شاھ، — دەپتۇ ئۇ سوزگە كىرىشىپ، — سىنىڭ شاھى ئەپرىدۇنغا ياردەم قىلمىغىنىڭدىن قىلغىنىڭ

تۇزۇك. بۇ ئىشقا چوڭ بىر لەشكەر ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئوغلۇڭ شەرىكانىنى باشلىق قىلىپ تەيىنلە. مەن بۇ ئىشتا ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى خالايمەن. بۇنىڭ ئىككى تەرەپتىن ئۆزىگە خاس پايدىسى ۋە ئالاھىدە زورۇرىيىتى بار: بىرىنچىسى شۇكى، قوشتەننىنە شاھىنىڭ سەندىن مەدەت سوراپ ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنى ۋە تەقدىم قىلغان سوغىلىرىنى قوبۇل قىلدىڭ، ئەمدى ئۇنىڭ لايىغىدا جاۋاپ بېرىپ ياردەم قولۇڭنى سوزمىساڭ، يەر يۈزىدە سېنىڭ ئىسمىڭ نامەرتلىكنىڭ مىسالى قىلىپ ئاتىلىدۇ؛ ئىككىنچىسى، بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ياردىمى بىلەن ئەپرىدۇن شاھ دۈشمەننى يەڭسە، بۇ غەلىبە شوھرىتى سېنىڭ نامىڭغا بولۇدۇ. رۇم شاھلىرى سەندىن قورقۇدۇ. ھەر يىلدا ساڭا ئۇلاردىن كوپ نەرسەلەر سوغا يوسۇنىدا كېلىدۇ. ئۇندىن باشقا بىز تەرەپكە باستۇرۇپ كېلىش نىيىتىدە بولغانلارمۇ بۇنىڭدىن كېيىن بىزگە يامان كوزى بىلەن قاراشقا پېتىنالمايدۇ. بۇنىڭدىمۇ سەن غەلىبە قازىنىسەن. بۇ ۋەقەنىڭ شوھرىتى ئۇزاق جايلارغىچە يېتىپ بارىدۇ. خۇسۇسەن دېڭىز قىرغاقلىرىغىچە يېتىپ بارىدۇ. غەرپ خەلقلىرىگىمۇ داڭقىڭ تارقىلىدۇ. ھەممە بارىكاللا ئېيتىدۇ. دېڭىز قاراقچىلىقى تۈگەپ ھەر تەرەپتىن ساڭا ھەدىيىلەر توسالغۇسىز كېلىپ تۇرۇدۇ....“

شاھ ۋەزىر دەنداننىڭ بۇ سوزىنى توغرا تېپىپتۇ. ئۇنىڭغا قىممەتلىك كىيىملەر تارتۇق قىپتۇ ۋە: ”ھەربىر پادىشاغا ئەلۋەتتە سەندەك دانا بىر ۋەزىر كېرەك“ دەپتۇ. كېيىن ئوغلى — شاھزادە شەرىكانىنى قىچقىرتىپتۇ: ”ئوغلۇمدەك سەر ئەسكەرنىڭ قېشىدا ساڭا ئوخشاش شاھ كىگەشچىلىرى بولسا، مەن ھەمىشە، ھەممە ئىشتا خاتىرجەم بولىمەن“ دەپتۇ شاھ ۋەزىرىگە. ئوغلى شەرىكان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىرگەنىدە، كېيىن ھەممە ۋەقەدىن ئوغلىنى خەۋەردار قىپتۇ. ئەلچىلەر كەلتۈرگەن خەۋەر ۋە ۋەزىرنىڭ پىكرىنى ئۇنىڭغا بايان قىپتۇ. ئوغلىنى جەڭ ياراقلىرىنى ھازىرلاپ، يول جابدۇغىنى قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇنىڭغا ۋەزىر دەنداننىڭ مەسلىھەت، پىكرىگە قارشىلىق كورسەتمەسلىكنى تاپىلاپتۇ. قوشۇندىن قىينىچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ۋە سىنالغان ئون مىڭ كىشىنى ئايرىپ قوراللاندۇرۇشقا ئۇندەپتۇ. شەررىكان ئاتىسى ئومەر ئىبنى نوئمانىنىڭ بۇيرۇغىنى بىجىرىشكە كىرىشىپتۇ. شۇ ھامان ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇننى خىللاپ چىقىپتۇ. سارايغا كىرىپ خەزىنىدىن كوپلەپ مال ۋە پۇل ئېلىپ، ئەسكەرلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ. ئۈچ كۈنلۈك موھلەت بىلەن ئۇلارنى تەييارلىق قىلىشقا قويۇپ بېرىپتۇ. ئۇلار ئەسكەر باشلىقلىرى ئالدىدا يەر سۈيۈپ، تازىم قىلىپ چىقىپتۇ، قورال-ياراقلىرىنى تەييارلاپ، سەپەر ۋە جەڭ ھازىرلىقلىرىنى قىلىشىپتۇ. شەررىكان قورال-ياراق ئامبىرىغا كىرىپ ئوزىگە ۋە ئەسكەرلىرىگە جەڭدە كېرەك بولىدىغان قوراللارنى تاللاپتۇ. كېيىن ئاتخانىغا كىرىپ ئالاھىدە تامغىلىق ئاتلاردىن باشقا ئاتلارنى تاللاپ ئاپتۇ. ئۈچ كۈن ئوتۇپ تونىنچى كۈنى شاھزادە شەررىكان قوشۇننى باشلاپ شەھەردىن چىقىپتۇ. شەھەر سىرتىدا، شاھزادە شەررىكان شاھنىڭ ئالدىدا يەرنى سۈيۈپ تازىم قىلىپ تۇرۇپتۇ. شاھ ئۇنىڭغا يەتتە خەزىنە مال ئىنئام قىپتۇ. ۋەزىر دەندانغا يۈزلىنىپ، ئوغلى شەررىكانغا ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىگە ئاگاھ بولۇشنى تەيىنلەپتۇ. ۋەزىر شاھنىڭ ئالدىدا يەرنى سۈيۈپ "خوش!" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. شاھ ئوغلى شەررىكاننى ھەر قانداق ئىشنى ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىشلەشكە دەۋەت

قىپتۇ. شەررىكان ئاتنىڭ ئالدىدا يەرنى سۆيۈپ تازىم قىپتۇ. شاھ ئۆز ئوردىسىغا قايتىپتۇ. شەررىكان ھەربى نازىرغا ئەسكەرلەرنى كۆزىتىشنى بۇيرۇپتۇ. ئايرىم مۇلازىملاردىن تاشقىرى ئەسكەرلەرنىڭ سانى ئون مىڭ كىشى ئىكەن. ئۇلار قوزغىلىپتۇ. ناغرا-كانايلار چېلىنىپ، بايراقلار ئىگىز كۆتۈرۈلۈپتۇ. شەررىكان ئېتىغا مىنىپ ۋەزىر دەندان بىلەن يانمۇ-يان مېڭىپ يولغا چۈشۈپتۇ. ئۇلارنىڭ بېشىدا بايراق لەپىلدەپ تۇرىدىكەن. ئۇلار توختىماي يول يۈرۈپتۇ. ئەلچىلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ يۈرۈۋېرىپتۇ. كۈن پېتىپ كەچ كىرگىچە يول بېسىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاتتىن چۈشۈپ دەم ئاپتۇ. كېچىنى ئۆتكۈزۈپ تاڭ يورۇغاندىن كېيىن يەنە يولغا چىقىپتۇ. يىگىرمە كۈنگىچە شۇ يوسۇندا يول يۈرۈپتۇ. يىگىرمە بىرىنچى كۈنى كېچىسى ئەتراپى كەڭ ئوتلاق ۋە ئورمانلىق بىر ۋادىغا يېتىپ بېرىپتۇ. شەررىكان ئەسكەرلىرىگە ئۈچ كۈن شۇ يەردە دەم ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەسكەرلەر قونۇشقا ھازىرلىنىپ چېدىرلىرىنى تىككىشكە كىرىشىپتۇ. ۋەزىر دەندان ئاتتىن چۈشۈپ ۋادىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چېدىردا قۇستەنتىنە شاھى ئەپرىدۇننىڭ ئەلچىلىرى بىلەن سوھبەتلىشىپتۇ. شەررىكان ھەممە ئەسكەرلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ بىر مۇددەت قاراپ تۇرۇپتۇ. ئەسكەرلەر يېتىپ كېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بوشىتىپتۇ، ئۇ، بۇ ۋادىنى ئايلىنىپ كۆرۈش نىيىتىدە ئىكەن. ئاتىسىنىڭ تاپشۇرۇغىغا مۇۋاپىق ئۇنىڭ ئۆزىگە ئېھتىيات قىلىشى زۆرۈر ئىكەن. چۈنكى بۇ يەرلەر دۈشمەن يېرىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، ئەتراپلىرىغا قاراۋۇل قويۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىپتۇ. يالغۇز ئاتلىق ئەتراپنى كۆزىتىشكە مېڭىپتۇ. يېرىم كېچىگىچە ۋادىنىڭ توت ئەتراپىنى

ئايلىنىپ چىقىپتۇ. شۇ يۈرۈشتە ئۇنىڭ ئۇيقىسى كېلىپ ئات ئۈستىدە ئۇخلاپتۇ. ئادەتتىكىدەك يۈرۈش قىلغاندا ئۇ، ئات ئۈستىدە ئۇخلايدىكەن. ئات ئۇنى ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئاخىرى قانداقتۇ بىر ئورمانغا ئېلىپ كىرىپتۇ. شەرىكان هامان ئۇيقۇدا ئىكەن. ئات بېرىپ بىر يەرگە سوقۇلغاندىلا شەرىكان ئويغىنىپ كېتىپتۇ. كوز ئېچىپ ئۆزىنى ئورمانزاردا كورۇپتۇ. ئاي تۇغۇپ ئەتراپنى يورۇتۇشقا باشلاپتۇ. شەرىكان بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىدىن چوچۇپتۇ. كىشىنى خەۋپ-خەتەردىن ئاسرايدىغان "لاهۇلە" دۇئاسىنى ئوقۇپتۇ. لېكىن ئۇ يىرتقۇچ هايۋانلاردىن خەۋپسىرەپتۇ. قاياققا بېرىشنى بىلمەي گاڭگىراپتۇ. ئاي ئاستا-ئاستا چىمەنزارنى يورۇتۇپتۇ. قەيەردىندۇر كىشىنى ئەسىر قىلغۇچى يېقىملىق سوزلەر، قەهقەھ ئۇرۇپ كۈلۈشكەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپتۇ. شەرىكان ئېتىنى بىر دەرەخقە باغلاپ قويۇپ ئېرىق بويىغا بارسا، ئەرەپچە سوزلەۋاتقان بىر ئايالنىڭ ئاۋازى قۇلىقىغا كىرىپتۇ. ئۇ: "ئەيسا پەيغەمبەر هەققى، بۇ ئىش سىلەر ئۈچۈن ياخشى ئەمەس. لېكىن بىر ئېغىز سوز قىلغان كىشىنى يىقىتىپ ئۆزىنىڭ كەمىرى بىلەن باغلايمەن" دىگۈدەك. شەرىكان تاۋۇش كەلگەن تەرەپكە يۈرۈپتۇ. قارىسا ئېرىق-ئۈستەڭلەردە سۇلار شاقىراپ ئېقىۋاتقان، قۇشلار تىنماي سايراۋاتقان، كىيىكلەر ئويىنىشىپ سەكرەۋاتقان، هايۋانلار، قۇشلار ئۆزلىرىنىڭ تىللىرىدا ئۆزىنىڭ شاتلىقلىرىنى ئىپادىلەۋاتقان، يەرلەر هەرخىل ئۇسۇملۇك ۋە گۈللەر بىلەن بېزەلگەن. شائىرنىڭ مۇنۇ ئىككى پارچە شېئىرى شۇ جايغا باپ ئىكەن:

چىرايلىق بۇ دالا ئەجەپ لالىزار،
بۇ يەرنىڭ هاۋاسى هەمىشە باهار.

بۇلاقلاردىن ئاقار سۇ ھەر تەرەپكە،
كېلىشكەن بۇ زىمىن بايدۇر دەرەخكە.

*　　　　*　　　　*

يەر يۈزىنى گۈل ـ گىيا قاپلىغان جەننەت مەسەل،
كوللىرى تىنىق، ئېرىقلاردا ئاقار بال ـ ھەسەل.
ھەر تەرەپنى زىننەتلەپ گۈللىنىپ كەلگەچ باھار.
ياشارغان چول ـ باياۋان چىرايى بولغان گۈزەل.

شەرىكان ئەتراپنى كوزدىن كوچۈرۈپتۇ. قارىسا ئۇ يەردە ئىبادەتخانا كورۈنۈپتۇ. ئىبادەتخانا ئىچىدە ئاسمان بىلەن تۇتاشقان بىر قورغان بار ئىكەن. قورغان ئىچىدىن ئوتتۇرىسىنى كېسىپ باغچىغا چىقىۋاتقان چوڭ سۇ كورۈنۈپتۇ. ئۇ يەردە بايىقى قىز يەنىمۇ ئوچۇغراق كورۈنۈپتۇ. ئۇنى ئاينىڭ چورىسىدىكى يۇلتۇزدەك ئون كېنىزەك ئوراپ ئولتۇرغان. ئۇلارنىڭ كىيگەن كىيىملىرى، زىننەت ئەسۋاپلىرى قىممەتلىك ئىكەن. شائىرنىڭ بۇ شېئىرلىرى ئۇلار ھەققىدە يېزىلغان ئىكەن:

كورۈندى كوزۈمگە ئەجەپ ياخشى ھال،
بار ئېخىي ئۇ يەردە ساھىپ جامال.
ئىككى قېشى ئۇنىڭ قىيغان قەلەمدەك،
جاي ئالدى دىلىمدىن خۇددى سەنەمدەك.
چاچلىرى ھالقا گويا كەمەندەك،
كوكۈل قۇشى ئاڭا باغلاندى مەندەك.

*　　　　*　　　　*

ياشنىغان چىمەنزار گۈزەل قىرغاق،
ئېرىقلاردا سۇ ئاقار شارقىراق.
چىمەنزاردا بار بىر توپ گۈزەل قىز،
كوزلىرى قارا، تەنلىرى ئاپپاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قامەتلىرى تۈز گويا سەرۋىدەك،
قاشلىرى قەلەم، چېچى قوڭغىراق.
قاراشلىرى قوزغايدۇ ھېسنى،
كورگەنلەر بولۇر ھوشىدىن يىراق.

شەررىكان بۇ ئون كېنىزەكنى ۋە قىزنى دىققەت بىلەن بىر-بىرلەپ كوزدىن كوچۇرۇپ چىقىپتۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سوزلەۋاتقان قىز ھەقىقەتەن چىرايلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ھوسنى تولۇن ئاينىڭ ئوزى ئىكەن. قىيغاچ قاشلىرى، قارا چاچلىرى، پىستە مېغىزىدەك لېۋى، شەھلا كوزى، ئىش قىلىپ بارچە كوركەملىك سۈپەتلىرى ئۇنىڭغا جەم بولغان ئىكەن. ھەر قانداق كىشىنى بىر قاراشتىلا ئەسىر قىلىشقا قادىر ئىكەن، بۇ ھەقتە شائىر مۇنداق دېگەن ئىكەن:

قەددى ئۇنىڭ خۇددى سەنۇبەر،
لېۋىدىن تامار قەن بىلەن شېكەر.
چاچلىرى ھالقا گوياكى زەنجىر،
تارقىلار ھەردەم چېچىدىن ئەتىر.

* * *

نۇر چاچار كوز قارىشى جاھانغا،
قامىتىدىن سەرۋى بولۇر خىجالەت.
يۈزى، ياڭىقى، رەڭگى گۈلدىن نىشانە،
لەۋ شىرىسى جانغا بولغاي بىر ئاپەت.
يوررۇق كۈنگە لەززەت تۈنى چوككەندەك،
چېچى بىرەر چىرايىغا لاتاپەت.

شەررىكان قۇلاق سالسا، ئۇ كېنىزەكلىرىگە: "كېلىڭلار! ئاي پېتىپ تاڭ ئاتماستىن ئىلگىرى سىلەر بىلەن چېلىشاي" دەپتۇ. كېنىزەكلەر بىر-بىرلەپ ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ. قايسى كەلسە، قىز بىر تۇتۇشتىلا ئۇنى يىقىتىپتۇ. ئۇ، كىمنى يىقىتسا شۇنى ئوزد-

نىڭ كەمىرى بىلەن قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلاپتۇ. ھەممىسىنى شۇ يوسۇندا يېشىپ باغلاپ چىقىپتۇ، شۇ چاغدا ئۇ يەردە تۇرغان بىر قېرى دەللە غەزەپلىنىپ قىزغا مۇنداق دەپتۇ: "ئەي نومۇسسىز، سەن بۇ قىزلارنى يېشىپ ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىسەن، ماختىنىپ كۈلىسەن. مەن قېرىساممۇ ھېلىغىچە يېنىم يەرگە تەككىنى يوق. مەن جېنىمدا بۇلارنى قىرىق قېتىمدىن يەڭگەن. سەن ئۇنچىلا كېرىلمە! ئەگەر كۈچلۈك بولساڭ، قېنى كەل! مەن بىلەن چېلىش، بېشىڭنى چاتاراڭغا قىستۇرۇپ قويا."

قىزنىڭ يۈزىدە كۈلكە ئالامەتلىرى بولسىمۇ، دىلى غەزەپتىن يېنىپتۇ. ئورنىدىن تۇرۇپ: "ئەي زاتۇد داۋاھى، مۇسا پەيغەمبەر ھەققى، راست گەپ قىل. مەن بىلەن ھەقىقەتەن چېلىشامسەن؟ ياكى چاقچاق قىلدىڭمۇ؟" دەپ سوراپتۇ. "راستىن چېلىشىمەن" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ قېرى دەللە.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



قىرىق سەككىزىنچى كېچە

— ئەي بەختىلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

قېرى دەللىگە قاراپ قىز: "تۇر، بولمىسا سىنىشىمىز!" دەپتۇ. بۇ سوزنى ئاڭلاپ قېرى غەزەپلىنىپتۇ. چاچلىرى كىرپىنىڭ تىكىنىدەك ھۆرپۈيۈپتۇ. "ئەي ئەخلاقسىز، — دەپتۇ قېرى دەللە، — مۇسا پەيغەمبەر ھەققى مەن سەن بىلەن يالىڭاچ بولۇپ چېلىشىمەن."

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېيىن قىرى دەللە يىپەك رومىلىنى بېشىدىن ئېلىپ كىيىمىلىرىنى ساپتۇ. ئۇلارنى رومىلىغا تۇگۈپ باغلاپتۇ. قىپ يالىڭاچ بولغان قىرى دەللە خۇددى تۈكسىز جىن ياكى بەدرىسىز ئىلان ۋە ياكى چاچسىز ئالۋاستىغا ئوخشاپ قاپتۇ. كېيىن ئۇ، قىزغا قاراپ: "سەنمۇ مەندەك بولغىن!" دەپتۇ.

شەرىكان تاماشا قىلىپ تۇرغان يەردە قىرى دەللىنىڭ ۋەھشى قىياپىتىگە قاراپ كۈلۈپتۇ. قىز ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. يەمەندە توقۇلغان رومىلىنى ئىككى قاتلاپ ئېلىپ، بېلىگە باغلاپتۇ. مەر ـ مەردەك ئاق، قاش تېشىدەك سۈزۈك ئاياقلىرى، ساغرىسى، يۇمشاق لالە رەڭلىك بەدىنىدىن راھەت بېغىشلىغۇچى پۇراق تارقىلىپتۇ. ئۇنىڭ يېتىلىۋاتقان كوكسى قوش ئانارنى ئەسلىتىپتۇ. قىرى دەللە قىزنىڭ قېشىدا بېشىنى ئېگىپتۇ. ئۇلار چېلىشىشقا كىرىشىپتۇ. شەرىكان يۈزىنى كوككە قارىتىپ "قىزنى غالىپ قىلىپ، دەللىنى يىقىتىشنى" خۇدادىن سوراپتۇ. قىز، قىرىنىڭ بېقىنىغا كىرىپ، ئۇنى بوش تارتىپتۇ. كېيىن چەپ قولى بىلەن ئىككى ئايىغىدىن، ئوڭ قولى بىلەن گەدىنىدىن كوتۈرۈپ بېشىغا ئېلىپ، يەرگە شۇنداق ئۇرۇپتىكى، قىرىنىڭ پۇتلىرى ئاسمانغا كوتۈرۈلۈپتۇ. قاتتىق يىقىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئىككى قېتىم كېكىرىپتۇ. شەرىكان بۇ چېلىشتىن ناھايىتى زوقلانغاچقا دومۇلاپ ـ يۇمۇلاپ كۈلۈپتۇ. كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا قىز قىرى دەللىگە قاراپ: "ئەي زاتۇدداۋاھى، مېنىڭ مەقسىدىم سېنى يىقىتىش ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇزەڭ كوپ ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن ھەركەت قىلىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتىڭ، خۇداغا شۈكرىكى، ساڭا ھېچبىر زەربە يەتمىدى" دەپتۇ ۋە قولىدىن تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپتۇ. قىرى

دەللە ئۇنىڭ سوزىگە ئىتىۋار قىلماستىن شەرمەندىلىك بىلەن مەيداندىن چىقىپ، كوزدىن غايىپ بوپتۇ. شەررىكان قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ئوڭ ۋە سولغا قاراپتۇ. ئۇ يەردە باغلاقلىق تۇرغان كېنىزەكلەر بىلەن قىزدىن باشقا ھىچكىمنى كورمەپتۇ. كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدىكى سوزنى ئاڭلاش ئۇچۇن تېخىمۇ يېقىن بېرىپتۇ. ئۇ ئۇزىچە: "ھەر بىر ۋەقەنىڭ بىر سەۋىۋى بولۇدۇ، مېنى ئۇيقۇ باستى، ئۇخلاپتىمەن. بەختىمگە ئىتىم مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەپتۇ. ئەمدى بۇ قىز بىلەن كېنىزەكلەر ماڭا نېسىپ بولغان بولسا كېرەك،" دەپتۇ. ئىتى تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ، ئاتقا مىنىپ تىزگىنىنى قويۇپ بېرىپتۇ. ئات ئوقتەك ئۇچۇپ مېڭىپتۇ، ئۇ، قولىدا يالىڭاچلانغان قىلىچ بىلەن ئات ئۇستىدە "ئۇلۇغ تەڭرىم" دەپ يۇرۇپتۇ. قىز ئۇنى كورۇپ، ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇ تۇرغان چوڭ سۇنىڭ بويى ناھايىتى تار بولۇپ، كەڭلىگى ئالتە توپۇق① ئىكەن. قىز بىر سەكرەپ نېرىقى قىرغاقتا ئۇتۇپتۇ ۋە ۋاقىراپ مۇنداق دەپتۇ: "سەن كىم، بىزنىڭ پەيزىمىزنى بۇزۇپ، تىغ يالىڭاچلاپ نەدىن پەيدا بولدۇڭ؟!... گويا جەڭ تەلەپكارلىرىدەك ھەيۋە بىلەن تۇرۇپسەن. بۇ تۇرقۇڭ بىلەن، بىزنىڭ كەيپىمىزنى بۇزماقچىمۇ يا باشقا تەلىۋىڭ بارمۇ؟ ئوزەڭ قەيەرلىك؟ بۇ يەرگە نەدىن كەلدىڭ؟ نەگە بارماقچى؟ توغرىسىنى سوزلە! نىجاتلىق راسلىقتا، يالغان سوزلىمە. يالغان سوزلىگۇچى زىيان تارتىدۇ. چۇنكى يالغان سوزلەش ئاجىزلىقنىڭ بەلگۇسى. دىسەم ـ دىمىسەم، سەن بۇ جايغا يولدىن ئېزىپ كېلىپ قاپسەن. ئەگەر

---

① بىر توپۇق ـــ تەخمىنەن يېرىم مېتىر كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يولۇڭنى سورىساڭ، ماڭىدىغان يول كۆرسىتىپ قوياي! ئەگەر دەم ئېلىشقا جاي سورىساڭ يەر كۆرسىتىپ قوياي. ئەگەر باشقا ھاجەتىڭ بولسا تەپ تارتماستىن توغرىسىنى ئېيت! ئۇنىمۇ ھەل قىلىپ بېرەي. ئەگەردە باشقا مەقسىدىڭ بولسا، مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بۇ يەردىن ساق چىقىپ كېتىشىڭ ئۆزى سېنىڭ ئۈچۈن چوڭ بەخت. سەن ھازىر ئۆزەڭنى بىر چىمەنزاردا كۆرۈۋاتىسەن. ئەگەر مەن بىر ئاۋاز قىلسام، شىردەك تۆت مىڭ قاراۋۇل جەڭچى ھازىر بولىدۇ. ئۇلاردىن قۇتۇلغىنىڭنى كۆرۈپ باقاي. سەن ئەنە شۇنداق خەۋپلىك يەردە ئىكەنلىكىڭنى ئويلا؟!" قىزنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، شەررىكان مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ. "ئۆزەم مۇسۇلمانمەن، شۇنداقلا مۇساپىرمەن. كېچىسى بىلەن بۇ يولدا يالغۇز يۈرۈپ يولدىن ئازدىم. ئۆزەم بىرەر غەنىمەت ئىزلەشكە كىرىشتىم. كېچىدىن بېرى كۆرگىنىم، تولۇن ئايدەك سەن ۋە سېنىڭ ئەتراپىڭدىكى يۇلتۇزدەك ئون كېنىزەك بولدى. مەن بۇنىڭدىن ئارتۇغراق غەنىمەتنى بۇ يەردە كۆرمىدىم. مۇشۇ غەنىمەتلەرنى ئېلىپ دوستلىرىمغا سوغا قىلاي دەيمەن." "بۇلار ساڭا غەنىمەت ئەمەس. سەن غەنىمەتكە ئۇچرىمىدىڭ. بۇنى سەن بىلىپ قويغىن! — دەپتۇ قىز — خۇدا ھەققى، بۇلار ساڭا ئولجا بولمايدۇ. مەن ساڭا يالغان سۆزلەشنىڭ يامانلىقىنى باشتىلا ئېيتمىدىممۇ؟" "بەختلىك ئادەم خۇدانىڭ ئۆزىگىلا سۈيۈنىدۇ. باشقىلاردىن ئۈمىت كۈتمەيدۇ" دەپتۇ شەررىكان. "مۇسا پەيغەمبەر ھەققى، — دەپتۇ قىز، — ئەگەر ئۆز قولۇمدا ھالاك بولۇشۇڭغا ئېچىنمىغىنىمدا ئاللىقاچان بىر ئاۋاز بىلەن بەلگۇ بېرەتتىم. بۇ چىمەنزار ساڭا قارشى جەڭ قىلغۇچى، ئاتلىق، پىيادىلەر بىلەن

تولۇپ-تاشقان بولاتتى. لېكىن غېرىپ-مۇساپىرلارنى ياخشى
كۆرىمەن، ئۇلارنى ئايايمەن، ھاجىتىدىن چىقىرىمەن. ئەگەر سەن
راستىن غەنىمەت ئىستىگەن بولساڭ، سەندىن شۇنى سورايمەن،
ئېتىڭدىن چۈش. دىنىڭنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى، قورال بىلەن مېنىڭ
يېنىمغا كەلمەسلىككە قەسەم قىل! ئىككىمىز چېلىشايلى. ئەگەر
سەن مېنى يىقىتساڭ بىزنى ئولجا قىلىپ، ئېتىڭنىڭ ئالدىغا
سېلىپ ئېلىپ كەت! مۇبادا مەن سېنى يىقىتسام، سەن مېنىڭ
بۇيرۇغۇمدا بولىسەن، بۇ توغرىدا ماڭا قەسەم بەر. چۈنكى مەن
ئالدىڭدىن قورقىمەن. مەشھۇر كىتابلاردا: ئەگەر ۋەدىسىنى
بۇزۇش تەبىي ئىكەن، شۇنداق كىشىگە ئىشىنىش ئاجىزلىق-
تۇر دېيىلگەن. ئەگەر قەسەم قىلساڭ يېنىڭغا بارىمەن..." شەر-
رىكان ئۇنى ئولجا قىلىپ ئېلىشقا ئۈمىت باغلاپتۇ. ئۆز-ئۆزىگە:
"ئۇ، مېنىڭ پالۋانلىغىمنى بىلمەيدۇ" دەپ ئويلاپ، قىزنى قىچقى-
رىپ: "قانداق قەسەمنى خالىساڭ شۇنى قىلاي، چېلىشىش ئۈچۈن
خالىغىنىڭچە ھازىرلىق قىلىپ كەل! سەن تەكلىپ قىلمىغىچە،
يېنىڭغا ھېچقانداق قورال بىلەن بارمايمەن، قاچان لازىم كۆرسەڭ
شۇ چاغدا بارىمەن. ئەگەر مېنى يىقىتساڭ ئۇنىڭ بەدىلىگە بەر-
گۈدەك پۇلۇم بار. مۇبادا سېنى يىقىتسام سەن مەن ئۈچۈن ناھايىتى
ئۇلۇغ غەنىمەتسەن." "مەن بۇنىڭغا رازىمەن" دەپتۇ قىز.
"مۇھەممەت پەيغەمبەر ھەققى مەنمۇ رازىمەن" دەپتۇ شەررىكان.
"رۇھلارنى جەسەتلەرگە قوشقۇچى، ئادەملەرگە شەرىئەت قائىدى-
لىرىنى تۈزگۈچى خۇدا ھەققىگە قەسەم قىل!" دەپتۇ قىز. قىز
قويغان تەلەپلەر بويىچە شەررىكان قەسەم ئىچىپتۇ. قىز رازىلىق
بىلدۈرۈپ، سۇنىڭ ئۇ قىرغىقىدىن بۇ قىرغىقىغا بىر سەكرەپلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇتتۇپتۇ. شەررىكان ئۇنىڭغا يېقىن بېرىپتۇ. قىزنىڭ ھوسنى ئۇنى ئۆزىگە تارتىپتۇ. چۈنكى قىزنىڭ چىرايى ھەر كىمنى بىر كۆرۈشتىلا ئۆزىگە تارتىدىكەن. "ئەي يىگىت، چېلىشقا تەييارلان!" دەپتۇ قىز يەڭلىرىنى تۈرۈپ، شەررىكان ئۆزىنى تامامەن يوقىتىپتۇ. ئىككىلىسى بەل تۇتۇشۇپ چېلىششقا كىرىشىپتۇ. بىر دەمدىلا شەررىكاننىڭ قوللىرى تىترەشكە باشلاپتۇ. قىز ئۇنى كوتۇرۇپ يەرگە ئۇرماقچى بولغاندا، شەررىكان ئۆزىنى ئوڭشاپ، چېلىشچىلارغا خاس سالماق بىلەن ماھارەت كورسىتىپ، ئۇنىڭ قولىدىن ئىرغىپ چىقىپ يەرگە چۈشۈپتۇ. قىز ئۇنىڭ ماھارىتىدىن چوچۈپ، چېلىشتىن ئۆزىنى تارتىپتۇ. "رەپىقلىرىڭنىڭ ئالدىدىن يىراقلاشقىنىڭ ھەمرالىرىڭغا سېنىڭدىن يامانراق ئېغىرچىلىق كەلتۈرۈدۇ. ساڭا مەسلىھەت شۇكى، تېزراق ھەمرالىرىڭنىڭ قېشىغا كەت! تاڭ يورۇشقا ئاز قالدى. پالۋانلىرىم كېلىپ سېنى نەيزىلىرىگە يەم قىلىشىدىن قورقىمەن!" دەپ قىز كەينىگە يېنىپ ئىبادەتخانىغا قاراپ مېڭىپتۇ. "ئەي پەرى يۈزلۈك، — دەپتۇ شەررىكان، — دەسلەپتە مەن غېرىپنى ئۇمتۋار قىلدىڭ، ئەمدى نەگە بارسەن ياكى مەندىن قورقتۇڭمۇ؟" قىز كولۇپتۇ، شەررىكانغا قاراپ: "تىلىگىنىڭنى ئېيت، مۇرادىڭدىكىدەك ھەل قىلىپ بېرەي" دەپتۇ. "سېنىڭ يېرىڭگە كەلگەندىن كېيىن مەرھەمىتىڭنى كورەي، ئىللىق جامالىڭغا مۇشەررەپ بولۇپ، ئۇنىڭدىن زوقلىناي، لېكىن مېھمانلارغا خاس تائامىڭ ۋە شېرىن سۇيۈگنىڭ تەمىنى تېتىماي قايتسام، بۇ ساڭا مۇناسىپ كېلەمدۇ؟" دەپتۇ شەررىكان. ئۇ، ھەقىقەتەن ئاچ ۋە ئۇسسىغان ئىكەن. قىز ئۇنىڭغا جاۋابەن: "ئەخمەق كىشىلەرلا مېھماندىن يۈز ئورۇيدۇ، ئۇنى ھورمەتلەشتىن قاچىدۇ. ئەگەر، سەن ماڭا مېھمان بولۇشنى خالىساڭ،

ئېتىگىغا مىنىپ ئۇستەڭنىڭ بۇ چېتى بىلەن يۈر. ئىككى قولۇم كوكسۇمدە" دەپتۇ. ئۆزى سۇنىڭ ئۇ چېتىگە ئۆتۈپ ئۇستەڭنىڭ قىرىدا شەررىكان بىلەن تەڭ مېڭىپتۇ. شەررىكان ئېتىغا مىنىپ ئاستا ـ ئاستا يول بېسىپتۇ. ياغاچ كوۋرۈك ئۇستىگە بېرىپتۇ. ئۇ يەردە كېنىزەكلەر قوللىرىنى بوشىتىپ تۇرغان ئىكەن. شەررىكان كوۋرۈككە كېلىپ بايىقى قىزغا قاراپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن چېلىشقان كېنىزەكلەرنى كورۇپتۇ. ئۇلار قىزنى كۆتۈپ تۇرۇشقان ئىكەن. قىز ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ ساپ رۇم تىلى بىلەن: "ئۇ يىگىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئاتتىن چۈشۈرگىن. ئىبادەتخانىنىڭ مىھمان كوتۇش ئويىگە ئېلىپ بارغىن!" دەپتۇ. شەررىكان ئاتتىن چۈشۈپتۇ. كېنىزەك ئاتنى يېتىلەپ ئالدىدا مېڭىپتۇ. شەررىكان ئارقىسىدىن مېڭىپ، زەنجىرلەنگەن كوۋرۈكتىن ئۆتۈپتۇ. شۇ چاغدا قىز ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ. شەررىكان ھەيران بولۇپ ئۆزىچە: "شۇ يەردە، شۇ تاپتا ۋەزىر دەندان بولغان بولسا، بۇ پەرىلەرنى كورگەن بولسا" دەپ ئويلاپتۇ. كېيىن قىزغا قاراپ: "ئەي، ئاي يۈزلۈك گۈزەل. مېنىڭ ساڭا دەيدىغان ئىككى تۈرلۈك تەكلىۋىم بار: بىرى مىھمانمەن، ئاستانەڭگە كەلدىم. مىھمانلىق ھەققىگە رىئايە قىلغايسەن. مەندىن كوڭلۈڭ رەنجىگەن بولسا ئەپۇ قىلغايسەن. ئىككىنچىسى دوستلۇغىمىز، تونۇشقانلىغىمىزنىڭ ھورمىتى ئۈچۈن، سەن مەن بىلەن مۇسۇلمانلار شەھەرلىرىنى كورۇش ئۈچۈن بېرىشقا رازىلىق بەرگەيسەن. ئۇ يەردىكى باتۇرلارنى كورۇپ مېنىڭ كىملىگىمنى بىلسەڭ، دەيمەن" دەپتۇ. قىز شەررىكانىنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپتۇ. ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ: "مۇسۇلمان پەيغەمبىرى ھەققى، مەن سېنى خېلى ئەقلى بار يىگىت دەپ

ئۆيلىغان ئىدىم. ھازىرقى سوزۇڭ، مەندە پۈتۈنلەي، سېنى كوڭلى بۇزۇق بىر كىشى دېگەن تەسىراتقا ئېلىپ كەلدى. نىمىشقا سەن ماڭا بۇنداق ئېتىقسىز گەپلەرنى قىلىشنى لايىق كوردۇڭ. مەن سىلەرنىڭ شاھىڭلار ئومەر ئىبنى نوئمان ئالدىغا بارسام، ئۇنىڭدىن ئاسانلىق بىلەن قۇتۇلالماسلىغىمنى ياخشى بىلىمەن. گەرچە ئۇ، باغداد ۋە خۇراساننىڭ ھوكۇمدارى بولسىمۇ، يىل ۋە ئايلار سانىغا مۇۋاپىق بىنا قۇرغان، ئون ئىككى بىنانىڭ ھەر بىرىدە يىل ئايلىرىنىڭ كۈن سانىغا توغرىلاپ ئېلىنغان ئۈچ يۈز ئاتمىش كېنىزىكى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مېنىڭدەك كوركەم، چىرايلىق بولمىغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدىغانلىغىمنى ئوبدان بىلىمەن. ئۇنىڭ ئالدىغا بارغىنىمدا مېنى قايتۇرۇۋەتمەسلىگىگە ئىشەنچىم كامىل. چۈنكى سىلەرنىڭ قۇرئانىڭلاردا خۇدا شۇنداق زورلاش قانۇنى شەكلىدە، "ئەۋمامەلەكەت ئەيمانىكۇم" دەپ يېزىلغان بۇ ھوكۇمگە ئاساسەن شاھىڭ ئومەر ئىبنى نوئمان مېنى كورسە: "ئوزەمنىڭ مۇلكى" دەپ بىلگىنىنى قىلىدۇ. شۇنى بىلىپ تۇرۇپ، قايسى يۈزۈڭ بىلەن ماڭا بۇنداق تەكلىپنى قويدۇڭ. مۇسۇلمان پالۋانلىرىنى كورۇپ كىملىگىمنى بىلەر ئىدىڭ ۋە ماڭا بارىكاللا ئوقۇر ئىدىڭ دەۋاتىسەن. مۇسا پەيغەمبەر ھەققى، بۇ سوزۇڭمۇ توغرى ئەمەس. چۈنكى مەن بۇنىڭدىن ئىككى كۈن ئىلگىرى بىزنىڭ يۇرتىمىزغا كېلىۋاتقان ئەسكەرلىرىڭلارغا دىققەت قىلدىم. ئۇلاردىكى تەرتىپ-ئىنتىزام بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزدىكى تەرتىپ-ئىنتىزامدەك مۇستەھكەم ئەمەس. ئۇلار شاھنىڭ ئەسكەرلىرىگىمۇ ئوخشمايدۇ، قانداقتۇ مەقسەت بىلەن يىغىلغان توپۇلاڭچىلار گۇرۇھىغا ئوخشايدۇ. سەن: ئۇ يەردە مېنىڭ

كىملىگىمنى بىلەر ئىدىڭ! دىدىڭ. مەن سېنى شۇنداق ئۇلۇغ زات بولغۇنۇڭ ئۈچۈن ھورمەتلىگىنىم يوق. غېرىپ ـ مۇساپىرلارنى ياخشى كورگۈنۈم ئۈچۈن، شۇنىڭ شەرىپىگە ھورمەت قىلىۋاتىمەن. سېنىڭدەك يىگىتنىڭ بۇنداق سوزنى قىلىشى ئەقىلدىن ئازغانلىقنى كورسىتىدۇ. سېنىڭ ئورنۇڭدا بۇگۈن مۇشۇ پەيتتە بۇ يەردە تۇرغان كىشى شاھ ئومەر ئىبنى نوئمانىنىڭ ئوغلى شەررىكان بولسىمۇ ماڭا بۇنداق سوزنى قىلمىغان بولاتتى". شەررىكان ئىچىدە: بۇ قىز ئەسكەرلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى. ئۇلارنىڭ سانىنى، ئاتامنىڭ مېنى قۇستەنتىنە شاھىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىنىمۇ بىلىدىكەن دىگەن خىيالغا كەپتۇ. "ئەي ئاي يۈزلۈك پەرى، دىنىڭنىڭ ھەققى ھورمىتى ئۈچۈن ئوزەڭنىڭ كىملىگىنى ماڭا دەپ بەرگىن" دەپتۇ شەررىكان.

"دىنىمنىڭ ھەققى ھورمىتى ئۈچۈن — دەپتۇ قىز، — ئەگەردە ئوزەمنىڭ رۇم شاھىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىمنى پۇر كەتمىسۇن دەپ ئەنسىرىمىگىنىمدە، ئوزەم مەيدانغا چۈشۈپ، بۇ ئون مىڭ ئەسكەر بىلەن يەكمۇ ـ يەك جەڭ قىلغان بولاتتىم، ئۇلارنىڭ يولباشچىسى ۋەزىر دەندانىنى ئولتۇرگەن بولاتتىم، رەھبىرى شەررىكاننى قولغا تىرىك چۈشۈرەتتىم. بۇنداق قىلىشتىن نومۇسمۇ قىلمايتتىم. لېكىن مەن كىتاپلارنى ئوقۇدۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن ماختىنىشنى ئوزەمگە لايىق كورمەيمەن. باتۇرلۇغۇمنىمۇ كورەڭلىك قىلىشنىڭ قورالى، دەپ تونۇمايمەن. چېلىشچىلىغىمنى ھېلى سەن ئوز كوزۈڭ بىلەن كوردۈڭ. ئەگەر شۇ كېچىدە سېنىڭ ئورنۇڭدا شەررىكان بولسا ئىدى، ئۇنىڭغا ئەنە شۇ مەن سەكرەپ ئوتكەن سۇدىن سەكرەپ ئوتۇشنى بۇيرۇيتتىم. ئۇ، ئەلۋەتتە ئوتەلمەي ئوزىنىڭ ئاجىزلىغىنى بويىنىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالاتتى. مەن مۇسا پەيغەمبەردىن ئۇنى شۇ ئىبادەتخانىغا يوللاپ بېرىشنى تىلەر ئىدىم. ئالدىغا ئەر كىشى سورىتىدە چىقىپ ئەسىر ئالاتتىم، زەنجىرگە باغلايتتىم.“

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



قىرىق توققۇزىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

قىزدىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ شەررىكانىنىڭ غەيرىتى قوزغىلىپتۇ، ھىممەت ۋە شىجائىتى تەۋرەپتۇ. ئۇ، ئۆزىنى قىزغا تونۇتۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلماقچىمۇ بوپتۇ. لېكىن، قىزنىڭ ھۆسنى-جامالى غالىپ كېلىپ، شەررىكانغا بۇ ئىشنى قىلىشقا يول بەرمەپتۇ. ئۇنىڭ ھىممىتى قوزغىلىپ، ھۇجۇم قىلىشتىن پەيلى يېنىپ، بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئەي گۈزەل، راۋا ئەمەس تىغ سېلىش ساڭا،
قالقاننى تاشلىدىم چارىسىز مانا.
نەۋقىران گۈزەل قىلسا بىر گۇنا،
ماڭا لازىم ئەپۇ قىلىپ، بولۇش باشپانا.

قىز يول باشلاپ مېڭىپتۇ. شەررىكان ئۇنىڭ كەينىدىن ئىزمۇ-ئىز كېتىپ بېرىپ، بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

بىر قاراشتا دىلدىن غەزەپ قوغلىغاي،
ھىمايىچى تەييار ئۇنىڭ كوزىدە...

كورگەن كىشى ئەجەپلىنىپ يىغلىغاي،
تولۇن ئاينىڭ ئەكسى باردۇر يۈزىدە.

ئۇلار يول يۈرۈپ، گۈمبەزلىرى، مۇنارلىرى مەرمەردىن ئىشلەن-گەن، كوزنى چاقناتقىدەك پاقىراپ تۇرىدىغان بىر ئىشىك ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ. بىر قىز چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ. شەررىكان مەلىكەم بىلەن ئىچكىرى كىرىپتۇ. ئۇزۇن ئايۋان سارايىنىڭ ئوندەك يېرىگە ئالاھىدە قىلىپ ئىشلەنگەن پەشتاقلىرىغا قاش تېشىدىن قىلىنغان شامدانلار ئېسىلغان ئىكەن. ئۇلار خۇددى كۈن شولىسىدەك نۇر چېچىپ تۇرغان. ئايۋاننىڭ ئاخىرىدا قىزنى كېنىزەكلەر قوللىرىغا ئالاھىدە خۇشبۇي شاملارنى تۇتقان ھالدا قارشى ئاپتۇ. ھەر تۇرلۇك قىممەتباھا تاشلار ئورنىتىلغان پىشايۋانلار پاقىراپ، ئۇلارغا ئالاھىدە بىر زىننەت بېغىشلاپتۇ. قىز كېنىزەك-لەر بىلەن بىللە مېڭىپتۇ. شەررىكان ئوزى يالغۇز ئۇلارنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ ئىچكىرى كىرىپتۇ، ئىبادەتخانىنىڭ ئىككى چېتىدە بىر-بىرىگە قارشى ئورۇندۇقلار قويۇلغان بولۇپ، بۇ ئورۇندۇقلارغا ئالتۇن رەڭلىك گۈل چېكىلگەن يوپۇقلار يېپىلغان، گىلەم يىكەندازلار سېلىنغان ئىكەن. ئىبادەتخانىنىڭ سەھنىسىگە تۇرلۇك رەڭدىكى پارقىراق مەرمەرلەر ئورنىتىلغان، ئوتتۇرىدىكى چوڭ كولگە ئالتۇندىن ئىشلەنگەن يىگىرمە توت بۇلاق كوزى ئېچىلغان ئىكەن. ئۇلاردىن كۈمۈشتەك سۈزۈك سۇ ئېتىلىپ چىقىپ تۇرغىدەك. شەررىكاننىڭ كوزى توردىكى تەختكە چۈشۈپتۇ. تەخت شاھانە، نەپىس رەختلەر بىلەن بېزەلگەن ئىكەن. قىز يېقىملىق ئاۋاز بىلەن: " شۇ تەختكە مەرھەمەت قىلىپ ئولتۇر، ئەي يىگىت" دەپتۇ شەررىكانغا قاراپ. شەررىكان تەختكە چىقىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئولتۇرۇپتۇ. قىز ئۇنىڭ يېنىدىن، بىر ئاز ۋاقىت غايىپ بوپتۇ. شەررىكان ئۇنىڭ كېنىزەكلىرىدىن: "قىز نەگە كەتتى؟" دەپ سوراپتۇ. ئۇلاردىن بىرى: "ئۇ، ئۆزىنىڭ دەم ئالىدىغان ئۆيىگە كەتتى. ئۇنىڭ تاپشۇرۇغىغا مۇۋاپىق بىز سېنىڭ خىزمە-تىڭنى قىلىمىز" دەپتۇ. كېنىزەكلەر شەررىكانغا ئالاھىدە قىلىپ ھازىرلانغان تائاملارنى ئېلىپ كەپتۇ. كېيىن ئۇلار ئالتۇن ئاپتاۋا بىلەن كۈمۈش چىلاپچا ئېلىپ كەپتۇ. شەررىكان قولىنى يۇيۇپتۇ. ئۇ، ئەسكەرلىرىنىڭ ھالىنى، ئۇلارنىڭ بېشىغا نېمە ئىشلار كەلگىنىنى بىلەلمەي، ئۆز ئىشىغا ھەيران بوپتۇ. سەھەرگىچە ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئويلاپ ئۆكۈنۈپتۇ. ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئويلاپتۇ. قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىپتۇ. ئاخىرى بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

راھەتى ئىشرەتتە مەن، رەنجى كۈلپەت ئۈستىدە،
يولدىن ئازدىم، مەندىن ئۆتتى بۇ ئىش غۇربەت ئۈستىدە.
ئەقلى بار ھوشيار كىشى قىلماس مېنىڭدەك سەيلىنى،
نەقنى مەن نېسىگە ساتتىم، بۇ تىجارەت ئۈستىدە.

ئۇ تاڭ ئاتقىچە خىيال دېڭىزىغا چۆكۈپتۇ. تاڭمۇ ئېتىپتۇ. ئۇ، ھامان ئۆزىنىڭ قىلمىشىدىن نارازى بولۇپ، ئۆزىگە ئېچىنىپ، تەشۋىشتە يەنە بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

مەن سېنى كۆرمەستىن ئاۋال ئەسلى بىر ئىنسان ئىدىم،
بىر كۆرۈپ سېنى پەرىزاد، ماڭا ئەقلىم بولدى يات.
گەر مېنى قىلسا خالاس سۆيگىدىن ئادەم، — دىدىم،
قالغىنىدىن ئۆز كۈچۈم بىرلە تاپاتتىم مەن نىجات.
جانۇ-كۆڭلۈمنى ئەسىر قىلدى جامالىڭ ئەسكىرى،
ماڭا بەرسۇن ھەق ئۆزى ئىشقى-مۇھەببەتتە سۇبات.

شەررىكان شېئىرنى تېخى تامام قىلمايلا، بىر توپ قىزلار كىرىشىپ سالام بېرىشىپتۇ. قارىسا، يىگىرمىدىن ئارتۇق تولۇن ئايدەك كېنىزەكلەر ئوتتۇرىسىدا ھېلىقى قىز كۈلۈپ تۇرغان. ئۇ، يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى ئايدەك ئېچىلىپ، نۇرلىنىپ، ئەتراپنى يورۇتۇۋېتىپتۇ. ئۇ، ئۈستىگە شاھانە كىيىملەر كەيگەن، بېلىگە قىممەتباھا تاشلار ئورنىتىلغان كەمەر باغلىغان. بۇلار ئۇنىڭ قامىتىگە قۇيۇپ قويغاندەك يارىشىپ، ئالاھىدە زىننەت بېرىپ تۇرۇپتۇ. شەررىكان قىزنى بۇ ھالدا كورۇپ، خوشلىقىدىن ھوشىدىن كېتىشكە ئازلا قاپتۇ. ئەسكەرلىرىنىمۇ، ۋەزىرىنىمۇ يادىدىن چىقىرىپتۇ. قىزنىڭ بېشىغا كوز سالغان ئىكەن، قىممەتلىك جاۋاھىرلەردىن توقۇلغان تور سالغانلىقىنى كورۇپتۇ. كېنىزەكلەر ئوڭ ۋە سول تەرەپتىن ئۇنىڭ ئېتىكىنى كوتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ، خامۇش ۋە پەرىشان ھالدا ھەر تەرەپكە قارىغىدەك. شەررىكان ناھايىتى ھەيران قالغانلىقىدىن، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپتۇ: "بۇ قانداق ئاي؟ بۇنىڭغا قاراشتىن ساقلانغىلى بولامدۇ؟" دەپ، بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

يۇرۇشى تەمكىن ئۇنىڭ بەكمۇ سالماقدار ئىكەن،
ھەممە ئەزاسى كېلىشكەن، مەڭگۇ ھوسنى بار ئىكەن.
بىجىغى ئاپپاق ـ يېقىملىق، جىلۋىگەر ئايدەك يۈزى،
ئالغۇسى بىر دەمدە ئەقلىن، كوزلىرى خۇمار ئىكەن.

ئاي يېنىدا ھور كېنىزەكلەر قاتار يۇلتۇز بولۇپ،
يىپقا تىزغان ئۇنچە ـ مارجاندەك قاتار تەييار ئىكەن.
ئۇستا ئىكەن سۇيگۇ ھىسسىنى يوشۇرماققا ئوزى،
مەندىكى ھىس ـ تۇيغۇلار ئاپتاپ كەبى ئاشكار ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىز خېلى ۋاقىتقىچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. كېيىن ئۇنىڭ قېشىغا كەپتۇ: "مۇبارەك قەدىمىڭ بىلەن بۇ يەرلەر شەرەپ تاپتى، ئەي شەررىكان. بىز سېنى تاشلاپ كەتكەندىن كېيىنكى كېچىسى سەن ئۇزەڭ يالغۇز قانداق ئۇتكەزدىڭ؟ يالغان سوز شاھلار ئۇچۇن نۇقساندۇر. بولۇپمۇ شاھلارنىڭ ئۇلۇغى بولغان سەن ئۇچۇن ھار ۋە نومۇس. سەن — ئومەر ئىبنى نوئماننىڭ ئوغلى شەررىكان. ئۇز نەسەبىڭنى، ئىشىڭنى مەندىن يوشۇرما! مېنى راست سوزدىن نېسىۋىسىز قىلماي، توغرى سوزلە. چۇنكى، يالغان گەپ نەپرەت ۋە دۇشمەنلىكنى تۇغدۇرۇدۇ. قازا ئۇقى سېنىڭدىن يىراقلاشتى. شۇكرى قىلىشىڭ ۋە سۆيۈنۈشۈڭ لازىم." شەررىكان قىزدىن بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ، ئەمدى تانالمايدىغانلىقىغا كوزى يېتىپ توغرىسىنى ئېيتىپتۇ: "ھەقىقەتەن، مەن ئومەر ئىبنى نوئماننىڭ ئوغلى شەررىكانمەن، مېنى زامانىنىڭ خاھىشى بۇ يەرلەرگە كېلىشكە مەجبۇر قىلدى. ئەمدى ماڭا نىمىنى مۇناسىپ كورسىڭىز شۇنى قىلالايسىز" دەپتۇ. قىز ئۇزاق ۋاقىتقىچە بېشىنى توۋەن سېلىپ تۇرۇپ، كېيىن شەررىكانغا قاراپتۇ: "خاتىرجەم بول! تېچلان! سەن مېنىڭ مېھمىنىم، ئارىمىزدا تۇز، نان، سوز ۋە ئۇلپەتچىلىك ئالاقىلىرى پەيدا بولدى. سەن مېنىڭ ھوزۇرۇمدا، مېنىڭ ھىمايەمدىسەن. ئامان بول! مۇسا پەيغەمبەر ھەققى قەسەمياد قىلىمەنكى، بۇ يەردىكىلەر مېنى ئولتۇرمىگىچە، ساڭا زىيان يەتكۇزەلمەيدۇ. سەن مۇسا پەيغەمبەر بىلەن مېنىڭ پاناھىمدىسەن". شۇنداق دەپ ئۇ، شەررىكاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن سوھبەتلىشىشكە باشلاپتۇ. شەررىكاننىڭ كوڭلىدىن تەھلىكە كوتۇرۇلگىچە، شۇ تەقلىتتە سوھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ.

شەرىكان بۇ سىرنىڭ تەكتىگە يېتەلمەي، ئۆزىچە: "ئەگەر مېنى ئۆلتۈرۈش نىيىتى بولغاندا، بۇ نىيەتنى ئۆتكەن كېچىدىلا قىلىشى لازىم ئىدى" دەپ ئويلاپتۇ. بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن، قىز كېنىزەكلىرىنىڭ بىرىگە رۇم تىلىدا بىر نەرسىلەر دەپتۇ. ئۆزى شاھزادىنىڭ كۆزىدىن يىراقلىشىپتۇ، كېيىن قايتىپ كەپتۇ. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، كېنىزەك تائام ۋە ياغ ئېلىپ كىرىپتۇ. شەرىكان "تاماقتا بىرەر نەرسە سېلىنغان بولمىسۇن يەنە؟" دەپ ئۇنىڭغا قول ئۇزاتماي تۇرىۋېرىپتۇ. قىز ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغىنىنى چىچەنلىك بىلەن بىلىپ: "مۇسا پەيغەمبەر ھەققى، سەن خاتىرجەم بول! بۇ تائامدا سەن گۇمان قىلغان نەرسە يوق. ئەگەر كۆڭلۈمدە سېنى ئۆلتۈرۈش نىيىتى بولغاندا ئىدى، ئۆز ۋاقتىدىلا ئۆلتۈرگەن بولاتتىم" دەپ، قويۇلغان ھەر تۈرلۈك تائاملاردىن ئاز-ئازدىن تېتىپ بېرىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ، شەرىكانمۇ تاماققا قول سېپتۇ. قىز خوش بوپتۇ. ئىككىسى بىرلىكتە تاماق يەپتۇ. تاماقنى تويغىچە ھۇزۇرلۇنۇپ يەپ، قوللىرىنى يۇيۇپتۇ. قىز ئورنىدىن تۇرۇپ، كېنىزەكلىرىدىن بىرسىگە ئالتۇن، كۈمۈش ۋە باشقا شاراپ قاچىلىرى بىلەن كاۋاپ ۋە تۈرلۈك مەيلەردىن ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. كېنىزەك ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى تەييار قىلىپ كەپتۇ. قىز ئالدى بىلەن ئۆزى ئىچىپ، ئاندىن كېيىن شەرىكانغا تۇتۇپتۇ. شەرىكانمۇ ئىچىپتۇ. "بۇنىڭ قانداق يېقىملىق ۋە قانداق شېرىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باققانمۇ سەن، ئەي مۇسۇلمان ئوغلى شاھزادە؟" دەپتۇ قىز. ئۇلار شۇ ئولتۇرۇشتا ھەددىدىن زىيادە مەي ئىچىشىپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



ئەللىگىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

ئۇلار مەيىنى جىق ئىچىشىپتۇ، باشلىرى قىزىپتۇ. يۈزلىرى قىزىرىپتۇ. "ئەي مارجانە، چالغۇ ئەسۋاپلىرىدىن بىرەرسىنى ئېلىپ كەل!" دەپتۇ قىز كېنىزەكلىرىدىن بىرسىگە. "خوش!" دەپتۇ كېنىزەك. ئۇ بىر ئاز كۆزدىن غايىپ بولۇپ، ئەرەپچە ئۇد، ئەجەمچە چاڭ، تۇرانچە نەي، مىسىر قالۇننى ئېلىپ كەپتۇ. قىز ئۇدنى قولىغا ئېلىپ ساز قىپتۇ. قۇلاقلىرىنى چىڭىتىپتۇ. كۆز شامالىدىن يېقىملىغراق، زەمزەم سۈيىدىن شىرىنراق، يۇمشاق ۋە يېنىك ئاۋازىنى سازغا تەڭكەش قىلىپ ساپ رۇم تىلىدا مۇنۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

كۆزلىرىڭ قان تۆكتى كۆپ، بۇ قىلمىشىڭ كەچۈن خۇدا،
ئوق ئاتار، قاش ياسىدىن قانخور كۆزۈڭ ھەر دايىما.
مەن سۆيەرمەن ئىشق ئەھلىگە قەھرى بار ئاشىقلىنى،
چۈنكى تۇسۇق بولغان ئاڭا رەھمى-شەپقەت ھەم ۋاپا.

بەختلىكتۇر بۇ كۆڭۈل ئىشقىڭغا گەر بولسا ئەسىر،
قايسى كۆز تۈن ئۇيقىسىز، شۇ كۆرمىسۇن دەردى-بالا.
ئۆلتۈرۈشكە قىلدىڭ ھوكۇم مېنى خوجام سەن ئۆزەڭ،
بىر يولى ھوكمۇڭ ئۈچۈن ساڭا قىلاي جاننى پىدا.

غەزەلنى تۈگىتىپ، قىز شەررىكانىغا قاراپ: "ئەي مۇسۇلمان ئوغلى شاھزادە! نىمە ئوقۇغانلىغىمنى ئۇقتۇڭمۇ؟" دەپ سوراپتۇ. شەررىكان: "ئەزبىرايى خۇدا، ئۇقمىدىم. ئەمما سېنىڭ بۇ غەزىلىڭ،

چالغان سازنىڭ ماڭا ئاجايىپ لەززەت بېغىشلىدى...» دەپتۇ. ئاي يۈزلۈك قىز كۈلۈپتۇ. شۇ چاغدا كېنىزەكلەرنىڭ ھەربىرى بىرخىل سازنى قولىغا ئېلىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ رۇمچە ئاھاڭغا تەڭكەش قىلىپ ساز چېلىشىپتۇ. شەررىكان ھۇزۇرلىنىپ شاتلىنىپتۇ. كېنىزەكلەرنىڭ باشلىقى بولغان مەلىكىمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ ناخشا ئېيتىپتۇ. زوقلىنىپ ئولتۇرغان شەررىكانغا قاراپ: «ئەي مۇسۇلمان پەرزەندى شاھزادە! بىزنىڭ سوزلىرىمىزنى پەملىيەلىدىڭمۇ؟» دەپ قايتا سوراپتۇ. «يوقسۇ! دەپتۇ شەررىكان، — ئەمما كۈمۈش قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازلىرىڭىز بىلەن ئاجايىپ چاققان بارماقلىرىڭىزدىن لەززەتلىنىپ، باركاللا ئېيتىپ ئولتۇرۇپتىمەن». ئاي يۈزلۈك قىز كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئەگەر بىرەرپەچە ناخشا ئېيتسام قانداق قىلار ئىدىڭ؟» دەپ سوراپتۇ. «ئۇ ۋاقىتتا ئەقلىمدىن ئېزىشىم مۇمكىن...» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ شەررىكان. قىز سازنى قولىغا ئېلىپ باشقىدىن تۈزەپتۇ. كېيىن ئەرەپچە مۇنداق غەزەل ئوقۇپتۇ:

تېتىپ كورسەم ئاچچىق ئىكەنغۇ بۇ ھىجران،
يېتەمدىكىن سەۋرى ـ تاقەت بۇ زامان.
دەرقەم بولۇش ھەم ئايرىلىش ئۇزاق يول،
شۇ ئۈچ ھەسرەت ماڭا بولغاندۇر ئايان،
ئەمما ئاچچىق ھىجرانىدا يۈرەك قان.

قىز غەزەلنى ئوقۇپ بولۇپ شەررىكانغا قارىسا ئۇ، ھۇشىنى ئالدىقاچان يوقاتقان ئىكەن. شەررىكان خېلى ۋاقىتقىچە شۇنداق گاراڭ بولۇپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. كېيىن ئاستا ـ ئاستا كوزىنى ئېچىپتۇ. قىز ئېيتقان ناخشىنى ئەسلەپ ناھايىتى خوش بولغىنىدىن

ئورنىدىن تۇرۇپ، قىزغا ئىگىلىپ تازىم قىپتۇ. ئۇلار يەنە ئىچىش بىلەن ئولتۇرۇشنى داۋام قىپتۇ. كۈن پېتىپ قاراڭغۇ چۈشكىچە شۇ يوسۇندا خوش ـ خورام ۋاقىت ئۆتكۈزۈپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندە قىز ئورنىدىن تۇرۇپ، ئارامگاھىغا كېتىپتۇ. شەرىكان قېشىدىكىلەر ـ دىن قىزنى سوراپتۇ. ئۇلار قىزنىڭ ئۆز ئۆيىگە چىقىپ كەتكەنلى ـ گىنى بايان قىپتۇ. "خۇدايا، خۇداۋەندا، قىزنى ئۆزەڭ سالامەت قىل! يامان كۆزدىن ساقلا!" دەپ دۇئا قىپتۇ شەرىكان.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن قىزنىڭ كېنىزەكلىرىدىن بىرسى شەرىكاننىڭ قېشىغا كەپتۇ: "مەلىكىمىز سىزنى ئۆز ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ!" دەپتۇ، شەرىكان ئورنىدىن تۇرۇپ كېنىزەك بىلەن قىزنىڭ ھۇزۇرىغا قاراپ مېڭىپتۇ. قىزنىڭ ئۆيى يېنىدا كېنىزەكلەر شەرىكاننى چالغۇ ئەسۋاپلىرى بىلەن ساز چېلىشىپ قارشى ئاپتۇ. ئۇ باشلاپ ماڭغان كېنىزەكنىڭ كەينىدىن، پىل سۆڭەكلىرىدىن ياسالغان تۈرلۈك قىممەتلىك تاشلار ئورنىتىلغان زىننەتلىك چوڭ بىر ئىشىكتىن ئىچكىرى كىرىپتۇ. ئىچكىرىدە كەڭرى بىر ھويلا بولۇپ، ئۆينىڭ تورىگە ھەر تۈرلۈك يىپەك رەختلەردىن قىلىنغان پەردىلەر تارتىلغان چوڭ ئايۋان بار ئىكەن. ئايۋاننىڭ يانلىرىدىن سىرتقا قارىتىپ دەرىزىلەر ئېچىلغان. ئۇنىڭدىن دەرەخلەر، باغچە ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ كول كورۇنۇپ تۇرىدىكەن. بۇ يەرگە، ئىچىگە ھاۋا كىرىشى بىلەن ئۆيگە ئورنىتىلغان ئەسۋاپلار ھەركەتكە كېلىپ، تاشقىرىدىن كېلىپ قارى ـ غۇچى كىشىگە گەپلىشىپ تۇرغاندەك تەسىر بېرىدىغان ھەيكەل ئورنىتىلغان ئىكەن. ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپ ئۇلارنى تاماشا قىلى ـ ۋاتقان مەلىكە شەرىكاننى كورۇپ، ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن

ئالدىغا چىقىپتۇ. ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆز ئورنىغا يېقىن ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېچىنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىنى سوراپتۇ. شەررىكان ئۇنىڭغا جاۋاپ ئورنىدا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە سوھبەت باشلىنىپتۇ. "ئاشىقلارنىڭ سۆيگۈ ھەققىدىكى شېئىرلىرىدىن بىرەرسىنى بىلەمسەن؟" دەپ سوراپتۇ قىز شەررىكاندىن. "بۇنداق شېئىرلارنى ياخشى بىلىمەن ھەم سۆيۈپ ئوقۇيمەن" دەپتۇ شەررىكان. "ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىمەن" دەپتۇ قىز. شەررىكان مۇنۇ شېئىرلارنى ئوقۇپتۇ:

نىگارىم قويدى سۈمبۈلدەك چېچى ئۈستىگە چىكىت،
گويا ئاشىقلارنىڭ كۆڭلىگە چۈشۈرگەندەك داغ.
كىمكى ئاگاھ بولسا مېنىڭ رەنجىم، ئۇنىڭ نازىدىن،
ئۇنى لەيلى دېيىشتى، مېنى مەجنۇن دىماغ.

* * *

گۈزەل ئەززا① بولسۇن دايىم سالامەت،
شەنىم بەرگەي ئۇنىڭغا ھۈزۈر-ھالاۋەت.
يېقىن بارسام، قاچار مەندىن يىراققا،
مەن يېلىنسام، قىلۇر ئاز-ئاز ئىنايەت.

ئەززا ئىشقىدا مەن پىدا قىلاي جان،
چىدىيالىسام كۆرگەيمەن ئاندىن ھىمايەت.
مەن سايىۋەن قىلغاندۇرمەن بولۇتنى،
ئۇيقۇ ئالسا بەدەننى تاپقۇسى راھەت.

قىز بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ: "بۇ شېئىرنى يازغان شائىر شېئىردا

① ئەززا — ئەسلى مەنىسى "كېيىكنىڭ ئوغلىغى" دېگەن بولىدۇ. بۇ يەردە ئۇنى سۆيگەن قىزنىڭ ئىسمى ئورنىغا ئالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com

بالاغەتكە يەتكەن ئىكەن؛ ئوخشىتىش، مۇبالىغە، تەسۋىردە پاساھەتلىك ئىكەن» دەپتۇ. شاھزادە شەررىكان قىزنى تەرىپلەپ بۇ ئىككى پارچە شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئۇنىڭ چېچى جەۋلان قىلىپ،
ھەر كوڭۇلنى ئوۋلىغاي.
كىمكى كورسە بۇ پەرىنى،
ئىشق شارابى ئوتلىغاي.

*　*　*

ئەززا ھۆسنى ئاپتاپ بىلەن بەسلەشسە،
ھېچ گۇمانسىز كۈننى قىلار خىجالەت.
يۈزى بولۇن ئەززانىڭ كەشىدەك قارا،
كىم قىلسا ئۇنىڭ ھۆسنىگە غەيبەت.

«ئەي شاھزادە، — دەپتۇ قىز، — سەن بىزگە ئەرەپ شائىرى جەملىنىڭ شېئىرلىرىدىن بىلگىنىڭنى ئوقۇپ بەرگىن.» شەررىكان: «مەن ئۇنى ھەممىدىن ياخشى كورىمەن. شېئىرلىرىنىمۇ سۆيۈپ ئوقۇيمەن» دەپ، تۆۋەندىكى پارچىلارنى ئوقۇپتۇ:

ئولتۇرۇشتۇر مەقسىدىڭ، سەندە تىلەك يوقتۇر بولەك،
مەن سېنى سۆيدۇم پەقەت، ئوزگە ـ بولەك يوقتۇر تىلەك.

*　*　*

ئەي دىلىمنى باغلىغۇچى، باغلا ئاستا،
ئەي جېنىمنى ئالغۇچى، ئالغىنا ئاستا.
جان تىلىدىڭ چىقمىدىغۇ تېخى بۇ جان،
ئاستاراق، ئەي جانى جاھان يانا ئاستا.

قىز بۇ شېئىرلارنى ئاڭلاپ: «بارىكاللا ساڭا، ئەي شاھزادە، شائىر جەملىنىڭ بۇ مىسرالاردا دېمەكچى بولغىنى نېمە؟» دەپ

سوراپتۇ. شەررىكان: "خۇددى سەن مېنى جانسىز قىلماقچى بولغىنىڭدەك، ئۇنىڭمۇ مەھبۇبىسى ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى بايان قىلىنغان" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. قىز ئۇنىڭ بۇ جاۋابىدىن كۈلۈپتۇ. ئۇلار كۈن پېتىپ كائىناتنى مۇدھىش تۈن ئۆز قوينىغا ئالغىچە، تىنماي بەزمە قىلىشىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. ياتار ۋاقتى بولغاندا، قىز ئۆزىنىڭ ئورنىغا چىقىپ ئارام ئاپتۇ. شەررىكانمۇ ئۆزىگە بەلگۈلەنگەن جايدا كۈن چىققىچە يېتىپتۇ. ئۇ، ئويغانغاندىن كېيىن، ئادەتتىكىدەك. كېنىزەكلەر ئۇنىڭ يېنىغا ساز چېلىشىپ كىرىپ كېلىشىپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا يەرنى سۆيۈپ: "مەرھەمەت قىلىڭ، ئەي ئەزىز مېھمان، خان قىز سىزنى ئۆز ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلدى..." دېيىشىپتۇ. شەررىكان ئورنىدىن تۇرۇپ يولغا چۈشۈپتۇ. كېنىزەكلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا ساز چېلىشىپ، ناخشا ئېيتىشىپ مېڭىشىپتۇ. ئۇلار ئۆتكەن ئاخشامقى ھويلىدىن چىقىپ، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق، ئۇنىڭدىنمۇ ھەشەمەتلىكرەك ھويلىغا كىرىپتۇ. ئۇ يەردىكى ھەر خىل رەسىملەر، ماھىر رەسساملارنىڭ قولى بىلەن سىزىلغان قۇشلار، ھايۋانلارنىڭ سۈرەتلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك چىرايلىق ۋە رەڭلىك ئىكەن. شەررىكان بۇ يەردىكى كۆرۈپ تۇرغان سەنئەتتىن لال بولۇپ، مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

گويا بۇ يەر مەرۋايىت، ئالتۇن بىلەن ئورالغان،
رەقىبىم يايراپ-قېنىپ ئۈزمەكتە مېۋە-مارجان.
ياشناپ تۇرغان قىزىل گۈل مەڭزىدىن بىر نىشانە،
بۇلاقلارنىڭ سۇلىرى جىلۋىلىنۇر نۇرانە.
سۈرمە تارتىپ بېزەلگەن كىرپىكلىرى، كۆزلىرى،
ئەسلىتىدۇ گۈلنەپشە رەڭگىنى قىز يۈزلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شەرركانىنى مەلىكە ئورنىدىن تۇرۇپ قارشى ئاپتۇ. ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ: "شاھزادە، سىز، شەترەنج ئويناشنى ياخشى كۆرەمسىز؟" دەپ سوراپتۇ قىز ئۇنىڭدىن، شەرركان: "ھەئە" دەپتۇ. "لېكىن، سىز بۇ ئويۇندا شائىر ئېيتقاندەك بولمىسىڭىز كېرەك؟" دەپ، بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

"شەترەنجنى قويۇپ گۈزەل يار،
مەن بىلەن ئويناشقا بولدى تەييار.
گايى قارا، گايى ئاق دانە،
تاختا ئۈستىدە ماڭدى مەردانە.
گايى ئوق سالدى ئىشقى بالاسى،
گايى جىلۋە قىلدى يارنىڭ جىلاسى.
پىل ئورنىغا شاھنى قىلۇرجا،
پەرزىن بىلەن جەڭگە ئاتلىنۇر شاھ.
كۆز قىرى بىلەن ئوت سالۇر جانغا،
غەمزىسى ئۇنىڭ تەگدۇر جاھانغا..."

كېيىن مەلىكە شەترەنج تاختىسىنى شاھزادە ئالدىغا قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئويناشقا كىرىشىپتۇ. مەلىكە ھەر قاچان ئۇرۇقنى يۆتكىسە، شەرركان ئۇنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ قېلىپ، ئات ئورنىغا پىلنى، پىل ئورنىغا ئاتنى سۈرۈۋېرىپتۇ. مەلىكە كۈلۈپ كېتىپ: "ئەگەر سىزنىڭ ئويۇنىڭىز شۇنداق بولسا، ھېچ نەرسە بىلمەيدىكەنسىز" دەپتۇ. "بىرىنچى قېتىم ئەپۇ قىلىڭ!" دەپتۇ شەرركان بىرىنچى قېتىم مات بولغانلىقىنى بويىنىغا ئېلىپ. ئۇرۇقلارنى قايتا تىزىپتۇ. ئىككىنچى قېتىممۇ مات بوپتۇ. ئۈچىنچى قېتىممۇ مات بوپتۇ. "سىز ھەر قېتىم ئويۇندا يېڭىلىۋاتامسىز غۇ؟"

دەپتۇ قىز. "سىزگە ئوخشاش پەرىنى يېڭىپ خىجىل قىلغىنىمدىن، يېڭىلىپ خوش قىلغىنىم ياخشىراق" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ شەررىد-كان. مەلىكە تائام ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. تاماق يېيىلىپ، قوللىرىنى يۇيۇشۇپتۇ. قىز مەي كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. مەي ئىچىشىپتۇ. قىز ئالدىغا قالۇننى قويۇپ، ئۇنىڭدا ماھارەت كۆرسە-تىشكە باشلاپتۇ ۋە مۇنداق شېئىر ئوقۇپتۇ:

سۇبھى ۋاقتى بۇ دەم كېلىپ ئولتۇرۇڭ،
ئاياقىغا شاراپىنى قويۇپ تولدۇرۇڭ.
بىر دەم خالى بولۇڭ جاھان ئىشىدىن،
خىيالدىن ئۆزىڭىزنى نېرى قويۇڭ.

* * *

گايى يىغلىتار، گايى خوش قىلۇر جاھان،
ئېيىسپ قىلسا گايى ۋىسال، گايىدا ھىجران.
زامان ساڭا كۈلۈپ باققان چېغىدا،
ئۇزمەستىن مەي ئىچىپ، بولغىن شادىمان.

كېيىن ئۇلار كەچكىچە شۇ يوسۇندا ئىچىشىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. بۇگۈنكى كۈنى ئالدىنقى كۈنلەردىن ياخشىراق ئۆتۈپتۇ. كەچ كىرگەندە قىز ئۆز ئارامگاھىغا كىرىپ كېتىپتۇ. شەررىكانمۇ ئۆزىگە راسلانغان ئۆيىگە كىرىپتۇ. تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلاپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، مەلىكە شەررىكانغا سازچىلىرىنى كېنىزەكلىرى بىلەن ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار شەررىكاننى كۈندىكىدەك مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. قىز شەررىكاننى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىززىتىنى قىلىپ، قولىدىن تۇتۇپ، ئۆز يېنىغا ئولتۇر-غۇزۇپتۇ. كېچىنى قانداق ئۆتكۈزگىنىنى سوراپتۇ. شەررىكان ئۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى www.uyghurkitap.com

ئۇزۇن ئۇمۇر تىلەپ دۇئا قىپتۇ. مەلىكە قولىغا سازنى ئېلىپ چېلىپ تۇرۇپ، غەزەل ئوقۇپتۇ:

ھىجراندىن سوز ئاچما، يول بەرمە ئەسلا،
ئايرىلىش ئاچچىقتۇر، ئۇ، جانغا بالا.
قوياشقا بىر قارا پاتار چىغىدا،
ئايرىلىش دەردىدىن رەڭگى قەھرىۋا.

بۇلار شۇ يوسۇندا ئولتۇرۇشقان ئىكەن، شۇ چاغدا سىرتتىن ئاللاقانداقتۇ قىقاس-چۇقان ئاڭلىنىپتۇ. قارىسا، بىر توپ ياشلار، قىرىلار ئۇلار تەرەپكە كېلىشىۋاتقان. ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى قولىدا يالىڭاچلانغان قىلىچ تۇتقان ھالدا رۇم تىلىدا: "ئەي شەررىكان! ئەندى سەن ئوز ئايىغىڭ بىلەن كېلىپ، قولىمىزغا چۈشتۈڭمۇ؟ ئولۇمگە ھازىرلان!" دەپ ۋاقىرىشىپتۇ. شەررىكان بۇنى ئاڭلاپ، ئوزىچە: "بۇ قىز ئادەملىرى يېتىپ كەلگىچە مېنى ھىلە بىلەن ئالداپ تۇتۇپ تۇرغان ئىكەن. بۇرۇن ماڭا ھەيۋە قىلىپ ئېيتقان باتۇرلىرىمۇ شۇ بولسا كېرەك، لېكىن ئوز جېنىمغا ئوزەم زامىن بولۇپ، ئوزەمگە ئوزەم جەۋرى قىلىپ، ئوزەمنى ھالاكەت قويىنىغا تاشلىدىم" دەپ ئويلاپتۇ. غەزەپلىنىپ قىزغا كوز سېپتۇ. قىزنىڭ رەڭگى ئوزگۇرۇپ، يۈزى سارغىيىپتۇ. ئورنىدىن تۇرۇپ، كەلگەنلەرگە قاراپ: "سىلەر كىم بولىسىلەر؟" دەپ سوراپتۇ. "ئەي ئۇلۇغ نەسەپلىك مەلىكىمىز ۋە قىممەتلىك دۇردانىمىز، يېنىڭىزدا تۇرغان يىگىتنىڭ كىم ئىكەنلىگىنى بىلەمسىز؟ سىز ئۇنىڭدىن سەن كىم دەپ سوراپ باقمىدىڭىزمۇ؟" دەپتۇ قىزغا ئۇلارنىڭ باشلىغى. "بىلمەيمەن، — دەپتۇ قىز، — كىم ئىكەن ئۇ؟" دەپ قايتۇرۇپ ئۇنىڭ ئوزىدىن سوراپتۇ. "بىلمىسىڭىز، بىلىپ قويۇڭ، ئۇ، ئاۋات

شەھەرلەرنى خاراپ قىلغان ئومەر ئىبنى نوئماننىڭ ئوغلى شەررى-
كان. قەلئە ۋە قورغانلارنى ئىشغال قىلغان، ئىنسانىنىڭ قەدىمى
يەتمەيدىغان شەھەرلەرنى ئىگەللىگەنمۇ شۇ، — دەپ داۋام قىپتۇ
سوزىنى ئۇلارنىڭ باشلىغى، — بۇنىڭ خەۋىرى زاتۇدداۋاھى دىگەن
موماي ئارقىلىق ئاتىڭىز شاھ ھەردۇپقا ئاللىقاچان يېتىپ بولغان.
سىز بولسىڭىز، دۈشمەننى ئۆز سارىيىڭىزدا ساقلاپ ئەرەپ ئەس-
كەرلىرىگە مەدەت بېرىۋاتىسىز"، مەلىكە كەلگەن باشلىقتىن بۇ سوزنى
ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن: "ئېتىڭ نىمە؟" دەپ سوراپتۇ. "ئېتىم مەسۇرە،
سىزنىڭ قۇللىرىڭىزدىن بىرى بولغان مۇسۇرە ئىبنى قاشۇردە دىگەن
مىڭبېشىنىڭ ئوغلىمەن" دەپتۇ. "سەن بۇ يەرگە نىمشقا مەندىن
رۇخسەتسىز كىردىڭ؟" دەپ غەزەپلىنىپتۇ قىز. "ئەي خان قىز،
ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، دەرۋازىۋەن بىلەن سارايۋەن بىزگە
قارشىلىق قامىدى. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىز بىلەن
بىرلىشىپ كىرىشتى. بىزدىن باشقا ئادەم بولسىغۇ، ئۇلارنى
ئىشىكتە كۇتتۇرۇپ قويۇپ، سىزدىن رۇخسەت بولغاندىلا ئېلىپ
كىرەتتى. لېكىن، ھازىر گەپنى ئۇزارتىدىغان ۋاقىت ئەمەس.
شاھ مانا مۇشۇ ئىسلام ئەسكىرىنىڭ سەركەردىسىنى ئۆز ھۇزۇرىغا
ئېلىپ بېرىشىمىزنى كۇتمەكتە. بۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇ-
شۇپ، ئۆزىمىزنى قىيناپ ئولتۇرغىچە، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئولتۇرسەك،
ئەسكەرلىرىنى جەڭگە كىرىشتىن توختاتقان بولىمىز. ئۆز يۇرتلىرىغا
سەرسان-سەرگەردان بولۇپ تارقىلىپ، باشلىقسىز كېتىشكە يول
ئاچقان بولىمىز" دەپتۇ كەلگەنلەرنىڭ باشلىغى. "بۇ ياخشى ئىش
ئەمەس، — دەپتۇ مەلىكە ئۇنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ بولۇپ، — قېرى
زاتۇد داۋاھى دىگەن دەللە يالغان ئېيتىپتۇ. ئۇ، گەپنىڭ تېگىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى يىغقۇچى
www.uyghurkitap.com

يەتمەي، ناتوغرا سوزلەپتۇ. قېشىمدىكى يىگىت شەررىكان ئەمەس. مەن بۇنى ئەسىر قىلغىنىممۇ يوق. بۇ كىشى بىزگە كەلگەن خالىس بىر مېھمان، ئۇ مېنىڭ مېھمان قىلىشىمنى سورىدى. بىز مېھمانلىققا قوبۇل قىلدۇق. ئەگەر ھەقىقەتەن شەررىكان ئىكەنـ لىكى مەلۇم بولغاندىمۇ، مېنىڭ پاناھىمغا كەلگەن كىشىنى سىلەرـ نىڭ قولۇڭلارغا تاپشۇرۇپ بېرىش مېنىڭ ئۇلۇغ نەسەبىمگە لايىق ئىش ئەمەس. كىشىلەر ئارىسىدا مېنى ئۇياتقا قويماڭلار! ئاتامنىڭ ئالدىغا بېرىپ يەرنى سۆيۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا ۋەقەنىڭ زاتۇد داۋاھى دىگەن موماي ئېيتقاندەك ئەمەسلىگىنى ئۇقتۇـ رۇڭلار!" "ئەي ئەبرىزە، مەن شاھ ئالدىغا ئۇنىڭ دۈشمىنىنى ئېلىپ بارماي، قۇرۇق قول كىرمەيمەن" دەپتۇ مەسۇرە. "ئىست، سەنمۇ ئادەممۇ، مەسۇرە — دەپتۇ قىز غەزەپلىنىپ، — سەن بېرىپ شۇنداق دە، بۇنىڭ ئۇچۇن سېنىڭ كاللاڭنى ئالماس". "مەن ئۇنى ئېلىپ كېتىمەن" دەپ مەسۇرە ئۇكۇپتۇ. "تولا كاپشىما، — دەپتۇ مەلىكە، — بۇ ئادەم ئۆزى يالغۇز يۈز ئاتلىققا تەڭ كېلەلىگىدەك كۈچىگە ئىشىنىپ بۇ يەرگە كەلگەن. ئەگەر سەن ئۇنىڭغا سەن ئۇمەر ئىبنى نوئماننىڭ ئوغلىمۇ دىسەڭ، ئۇ، ئەلۋەتتە "ھەئە" دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. لېكىن سىلەر ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ تەڭ كېلەلـ مەيسىلەر، مېنىڭچە سىلەر بۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، كېيىن ئۆزەڭلارنى خاراپ قىلىساڭلار، بۇ مېنىڭ ئۇچۇن تېخىمۇ ئۇيات ئىش بولىدۇ. شۇڭا مەن بۇ ئىشقا يول قويمايمەن. بۇ سوزگە ئىشەنمىسەڭلار، ھازىر مەن ئۇنىڭ نەيزە، قىلىچ، قالقانلىرىنى تەييار قىلىمەن". "سىزنىڭ غەزىۋىڭىزدىنغۇ قۇتۇلارمەن، لېكىن ئاتىڭىزنىڭ غەزىۋىدىن قۇتۇلۇشۇم تەس، — دەپتۇ مەسۇرە، — مەن ئۇنى باتۇرلىرىمغا ئىشاـ

رەت قىلىپ كورسىتىپ قويىمەن. ئۇلار ئۇنى تۇتقۇن قىلدۇ. شاھ ئالدىغا ئېلىپ بارىمىز". "بۇ، مەرتلەرنىڭ ئىشى ئەمەس، — دەپتۇ مەلىكە، ئۇنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ، — بۇ، ئالچاقلارنىڭ ئىشى. بۇ بولسا يالغۇز، سىلەر بولساڭلار يۈز باتۇر. ئەگەر ئۇنى ئەسىرگە ئالماقچى بولساڭلار، يۈزلەپ ئەمەس، بىر-بىرلەپ كېلىپ جەڭ قىلىڭلار، كىمنىڭ زور ۋە باتۇر ئىكەنلىگى ئاتام شاھقا مەلۇم بولسۇن!"

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

مەلىكە ئەبرىزە ئەسكەر باشلىغىغا: "قېنى، بىر-بىرلەپ كېلىڭلار، ئاتام كىمنىڭ باتۇرلىغىنى بىلسۇن" دەپتۇ. "مۇسا پەيغەمبەر ھەققى، ھەققەتەنى سوزلىدىڭ دەپتۇ مەسۇرە، — لېكىن مەندىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭغا قارشى بىرىنچى بولۇپ مەيدانغا چۈشمەيدۇ". "ئانداق بولسا سەن توختاپ تۇر، مەن بۇ ۋەقەنى ئۇنىڭغا ئېيتاي، ئۇ نىمە دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئەگەر رازى بولسا مەيلى، رازى بولمىسا ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلالمايسىلەر. مەنمۇ، كېنىزەكلىرىممۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن جانىنى پىدا قىلىپ ئۇنى ئاسرايمىز." مەلىكە ئەبرىزە تۇرغان يېرىدىن شەررىكاننىڭ ئالدىغا بېرىپ، ۋەقەنى سوزلەپتۇ. شەررىكان كۇلۇپتۇ، بۇ ئىش مەلىكىنىڭ ھىلىسى ئەمەسلىگىنى چۈشىنىپتۇ. مەلىكە ئوزى شەررىكان ھەققىدە بىرەر كىشىگىمۇ



ئەللىك بىرىنچى كېچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلىندۇرمىگەن بولسىمۇ، بۇ خەۋەرنىڭ ھەر تەرەپكە، ھەتتا شاھقىمۇ مەلۇم بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. شەررىكان مەلىكىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ: "ئىمىشقىمۇ كەلگەندىمەن" دەپ ئويلاپتۇ. كېيىن قىزغا قاراپ: "ئۇلار مەن بىلەن يەكمۇ-يەك جەڭ قىلىشقا ئاجىزلىق قىلدۇ، بۇنداقتا ئۇلار ئۈچۈن ئوۋال بولىدۇ. ئون-ئوندىن بولۇپ كېلىپ مەن بىلەن جەڭ قىلسۇن!" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. قىلىچ، قالقان، نەيزە، ئوقيا ۋە باشقا ياراقلىرىنى ئېلىپ، چاققانلىق بىلەن باتۇرلار تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئەسكەر باشلىقى شەررىكاننى كورۇشى بىلەن، ئۇنىڭغا قارشى جەڭگە ھازىرلىنىپتۇ. شەررىكان ئۇنىڭغا شىردەك ھۇجۇم قىلىپ، قىلىچ بىلەن گەدىنىگە بىرنى سالغان ئىكەن، مەسۇرە بولجىنماي ھالاك بوپتۇ. بۇنىڭ بىلەن مەلىكىنىڭ ئالدىدا شەررىكاننىڭ قەدرى-قىممىتى يەنىمۇ ئېشىپتۇ. قىز شەررىكاننى كۈچى بىلەن ئەمەس، ھوسنى-جامالى بىلەن ئۆزىگە قارىتىپ ئالغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ. ئۇ، پالۋانلارغا قاراپ: "باشلىغىڭلارنىڭ ئۈچىنى ئېلىڭلار!" دەپ مۇراجەت قىپتۇ. باشلىقىنىڭ ئىنىسى نامدار پالۋانلاردىن ئىكەن. ئۇ، سەپتىن ئاجراپ، جەڭ مەيدانىغا ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپتۇ. ئۇ گەۋدىلىك، كېلىشكەن يىگىت ئىكەن. كېلىپلا شەررىكانغا ھۇجۇم قىپتۇ. شەر-رىكان ئۇنىمۇ بىرلا چېپىپ، ئىككىگە بولۇپ تاشلاپتۇ. مەلىكە شۇ ئاندىلا: "ئەي مۇسانىڭ قۇللىرى، دوستلىرىڭلارنىڭ ئۈچىنى ئېلىڭلار!" دەپ قىچقىرىپتۇ. شۇ يوسۇندا ئۇلار شەررىكان بىلەن يەكمۇ-يەك جەڭ قىلىشىپتۇ. شەررىكاننىڭ بىر ئۆزى ئۇلارنىڭ ھەرقانداق باتۇرىنى بىر قىلىچ بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋېرىپتۇ. باتۇرلارنىڭ ئەللىكى ئۇنىڭ قىلىچى ئاستىدا جان بېرىپتۇ.

مەلىكە ئەبرىزە بىلەن كېنىزەكلەر تاماشا قىلىشىپ تۇرۇشۇپتۇ. قالغانلىرى قورقۇنچىغا چۈشۈپ، بىر-بىردىن جەڭگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. ھەممىسى بىرلىشىپ بىر يولىلا ھۇجۇم قىلىشىپتۇ. شەرىكانىمۇ بىلىنى مەھكەم باغلاپ، ئۇلارغا زەربە بېرىشكە باشلاپتۇ. تولۇق تاشتا خامان تەپكەندەك، ھەممىنى يەنچىپ تاشلاپتۇ. مەلىكە كېنىزەكلىرىگە: "ئىبادەتخانىدا كىم بار؟" دەپ ۋاقىراپتۇ. ئۇلار دەرۋازىۋەنلەردىن باشقا ھېچكىم قالمىغانلىغىنى ئېيتىشىپتۇ. مەلىكە شەرىكانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى قۇچىغىغا ئاپتۇ ۋە ئۆزى باشلاپ قەسىرگە ئېلىپ كىرىپتۇ. پالۋانلاردىن بەزىلىرى ئىبادەتخانىنىڭ بۇرجەكلىرىگە يوشۇرۇنۇپ ئېلىپ، جان ساقلاپ قالغان ئىكەن. مەلىكە ئۇلارنى سېزىپ، شەرىكانىنىڭ يېنىدىن قوزغىلىپتۇ. ئۇ، ئۈستىگە جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ، قولىغا ئۆتكۈر ھىندى قىلىچىنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئىشىنى تۈگىتىپتۇ. تازىلاشتىن قايتقان مەلىكە: "مېھمىنىمدىن جېنىمنىمۇ ئايىمايمەن. رۇملۇقلارنىڭ تەنىسىگە قالسامۇ مەيلى، ھېچ ۋاقىتتا مەن بۇنىڭدىن ئاجرىمايمەن" دەپتۇ. شەرىكان قىلىچىنى قاندىن تازىلاپ تۇرۇپ، بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ھەمىشە جەڭ قىلىش — مەقسەت، مرادىم،
ھەربىي بىلىمدە مېنىڭ پىكرى-يادىم:
دۈشمىنىم بېشىنى ئالسا تىغىم تېز،
ئوقۇم ئۇتسە كوكسىدە قالدۇرۇپ ئىز.

دەپ مەلىكىنىڭ قولىنى سۆيۈپتۇ. مەلىكە ئەبرىزە ئاتىسىنىڭ پالۋانلىرىدىن سەكسەن كىشى ئۆلگەنلىگىنى، يىگىرمە كىشىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىگىنى بىلىپتۇ. ئۇ، شەرىكانىنىڭ شۇنچە كوپ

باتۇرلار بىلەن ئېلىشقىنىنى كورۇپ: "فۇرۇسلار سىزدەك باتۇرى بىلەن پەخىرلەنسە بولىدۇ. ئەزىبىرايى خۇدا، سىز ئالى تەبىەتلىك زات ئىكەنسىز" دەپ ماختاپتۇ. شاھزادە مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

جەڭ ئارا يۈزلەندى ماڭا قانچە شىرلار، قانچە ئەر،
ھەممىسىنىڭ گوشلىرىنى ئەمدى يىرتقۇچ چولدە يەر.
يەكمۇ-يەك قىلدۇق كۈرەش قىدىمقى پالۋانلار كەبى،
جەڭدە داستان بولغۇنۇمنى سورىسىڭىز، خەق سىزگە دەر.
يەنە قانچە قەھرىمان دۇچ كەلدى چەكسىز چولئارا،
لېكىن ئۇ، بىر زەربە بىرلەن ھەممىسى چىشلەشتى يەر.

شېئىر تۈگىگەندە، مەلىكە تەبەسسۇم بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ، قولىنى سۆيۈپ ئۈستىدىكى جەڭ كىيىملىرىنى يېشىپتۇ. "سىز نېمىشقا بۇ سېرىق زەر ھەل كىيىملەرنى كىيىپ قىلىچ يالىڭاچلىدىڭىز، ئەي مەلىكەم" دەپ سوراپتۇ شەررىكان. "بۇ ياۋۇزلاردىن سىزنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن" دەپتۇ مەلىكە، كېيىن ئۇ، دەرۋازىۋەنلەرنى قىچقىرىپ: "نېمە ئۈچۈن مېنىڭ رۇخسىتىمسىز، شاھ ئەسكەرلىرىنى ھوزۇرىمغا كىرگۈزدۈڭلار؟" دەپ سوراپتۇ. "شاھ ئەسكەرلىرى ۋە ئاتىڭىزنىڭ ئەلچىلىرى، خۇسۇسەن ئۇلۇق سەركەردىنىڭ كىرىشى ئۈچۈن سىزنىڭ رۇخسىتىڭىزنى ئېلىش ئادەت بولمىغان، ئەي مەلىكەم" دېيىشىپتۇ دەرۋازىۋەنلەر. مەلىكە: "سىلەر مېنى شەرمەندە قىلىپ مېھمىنىمنى ئۆلتۈرۈشنى خالايسىلەر!" دەپتۇ ۋە شەررىكانغا ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىنى ئۇزۇشنى بۇيرۇپتۇ. شەررىكان بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىپتۇ. مەلىكە باشقا خادەملىرىگە: "سىلەرمۇ بۇنىڭدىن ئارتۇغراق جازاغا لايىقسىلەر، لېكىن بۇ نوۋەت ئەپۇ قىلدىم" دەپتۇ. ئاندىن شەررىكانغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ: "ئەمدى

سىر ئېچىلـدى. مەن سىزگە ئۆز ۋەقەلىرىمـنى بايان قىلاي. مەن رۇم شاھى ھەردۇپـنىڭ قىزىـمەن، ئېتىم ئەبرىزە، زاتۇد داۋاھى دىگەن ئاتامنىڭ ئانىسى، مېنىڭ مومام بولىدۇ. سىزنىڭ توغرىڭىزدا ئاتامغا خەۋەر يەتكۈزگەنمۇ شۇ. ئۇ، ئەمدى مېـنى ھالاك قىلىپ، سىزنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ھىلە ئىستەيدۇ. چۈنكى، ئاتامنىڭ باتۇرلىرىنى ئۆلتۈرگىنىڭىزنى ۋە بۇ ئىشتا مېنىڭ مۇسۇلمانلارغا يان بېسىپ سىزگە ياردەم قىلغىنىمـنى ئاڭلايدۇ. بۇ خەۋەر ھەر ياقـقا تارقىلىدۇ. زاتۇد داۋاھى تىرىكلا بولىدىكەن، مېنىڭمۇ بۇ شەھەردە تۇرماسلىقىم لازىم. سىز ماڭا ياخشىلىق قىلىڭ، چۈنكى، ئەمدى ئاتام بىلەن مېنىڭ ئارامىدىمۇ يېڭىدىن ئاداۋەت پەيدا بولدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ سەۋەبىڭىزدىن كېلىپ چىقتى. سۆز-لىرىمنى ئۇنـتۇماسلىـقىڭىزنى سورايـمەن". بۇ سۆزلەرنى ئاڭـلاپ شەررىكانـنىڭ شاتلىقـتىن ھۇشى ئېغىپـتۇ، يۈرىگـى گۈپۈلـدەپ ئۇرۇپ، كوڭلى كوتۇرۇلۇپـتۇ. "ئەزىبرايى خۇدا، تېنىمدە جېنىم بار ئىكەن، سىزگە ھېچكىم قول تەككۈزەلمەيـدۇ ۋە ھېچكىمـدىن سىزگە ئازار يەتكۈزمەيمەن. لېكىن ئاتا-ئانىڭىزدىن، ئېلىڭىزدىن، يۇرتۇڭىزدىن ئايرىلىشـقا چىدىيالامسىزكىن-تاڭ؟" دەپ سوراپتۇ شەررىكان. "چىدايمەن" دەپتۇ مەلىكە ئەبرىزە. شەررىكان قولىدىن كەلـگىنىچە ياردەم بېرىشكە تەييار ئىكەنلىگىنى بىلدۈرۈپ، قەسەم ئىچىپـتۇ ۋە مەلىكە ئەبرىزىنىڭ كوڭـلىنى تىندۇرۇپـتۇ. شۇنـداق قىلىپ، ئۇلار ۋەدىلىشىپتۇ. "ئەمدى كوڭلۇم تەسكىن تاپتى، بىراق يەنە شەرتىم بار" دەپتۇ مەلىـكە ئەبرىزە. "قانداق شەرت؟" دەپ سوراپتۇ شەررىكان. "ئەمدى ئەسكەرلىرىڭىزنى ئېلىپ ئۆز يۇرتىڭىزغا قايتقىنىڭىز تۈزۈك" دەپتۇ مەلىكە ئەبرىزە. "ئەي مەلىكەم، — دەپتۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شەرىكان، — ئاتام مېنى بۇ يەرگە سىزنىڭ ئاتىڭىزنى ئۇلتۇرۇپ، مال - مۈلكىنى، بولۇپمۇ كۆپ خاسىيەتكە ئىگە قىممەتلىك ئۈچ دانە گۆھەر تاشنى ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن!" "كۆڭلۈڭىزنى تىندۇرۇڭ، غەزەپ ئوتىنى ئۆچۈرۈڭ، — دەپتۇ قىز، — سىزگە بۇ ئىشنىڭ سەۋەبلىرىنى، قۇستەنتىنە شاھىغا بولغان دۈشمەنلىكىمىز-نىڭ سىرىنى ئېچىپ تونۇشتۇراي. بىزدە ھەر يىلدا بىر بولىدىغان "دەيرى بايرىمى" دېيىلگەن بىر بايرام بار. بۇ بايرامدا، ھەر تەرەپنىڭ شاھلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قىزلىرى، ئاياللار، سودىگەرلەر توپلىنىدۇ. يەتتە كۈنگىچە ئىبادەتخانىدا ئولتۇرىدۇ. بايرام بولغاندا مەنمۇ ئىبادەتخانىغا باراتتىم. ئاتام بىلەن ئارىمىزدا ئاداۋەت پەيدا بولغاندىن بېرى، ئاتام مېنى ئىبادەتخانىغا ئەۋەت-مەي قويغان ئىدى. يەتتە يىلغىچە مەن ئىبادەتخانىغا كېلەلمىدىم. سەككىزىنچى يىلى، ئادەتتىكىدەك، بايرامغا ھەر تەرەپتىن چوڭلار-نىڭ قىزلىرى كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قۇستەنتىنە شاھى ئەپ-رىدۇننىڭ قىزى سەفىيەمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئالتە كۈن بۇتخانىدا تۇرۇشتى. يەتتىنچى كۈنى ئادەملەر قايتىشقا باشلىدى. قۇستەن-تىنە شاھىنىڭ قىزى سەفىيە: "دېڭىز ئارقىلىق قايتىمەن" دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭغا كېمە ھازىرلاندى. ئۇ، ئۆز چۆرىلىرى بىلەن كېمىگە چۈشتى. يەلكەننى قويۇپ بەردى، كېمە يولغا چۈشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، قاتتىق دېڭىز بورىنى چىقىپ، كېمىنى يولدىن ئازدۇرۇپتۇ. ئۇ، شۇ يۈرۈشتە، كافۇر جەزىرىسىدە خىرىس-تىيانلارنىڭ كېمىسىگە ئۇدۇل كېلىپ قاپتۇ. بەش يۈز قوراللىق پەرەڭ جايلاشقان بۇ كېمە خېلىدىن بېرى شۇ يەردە تۇرغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى سەفىيە ۋە ئۇنىڭ كېنىزەكلىرى كېتىپ بارغان

كېمىگە چۈشكەن. شۇ ھامان ئۇلار شۇ تەرەپكە قاراپ ئېتىلغان. ئارىدىن بىر سائەتمۇ ئۆتمەي، كېمە يېنىغا يېتىپ بارغان ۋە چاڭگاك تاشلاپ، ئۇنى ئۆز تەرىپىگە تارتقان. كاپىرلار يەلكەنلىرىنى توغرىلاپ، جەزىرىلىرىگە قاراپ يول ساپتۇ. ئۇلار ئازغىنە يۈرەر-يۈرمەي، سۇدا ئۇلارغا قارشى شامال كۆتۈرۈلۈپتۇ. كېمىنى يولدىن چىقىرىپتۇ. ئۇلارنى بىزنىڭ تەرەپكە ئېلىپ كەپتۇ. بىز ئۇلارنى ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگەن غەنىمەت-ئولجا ھېساپلىدۇق. كېمىدىكى تۈرلۈك-تۈمەن قىممەتلىك ماللارنى، سەفىيە ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى قىرىق كېنىزەكنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ، قالغانلىرىنى ئۆلتۈردۇق. ماللىرىنىڭ خېزىنىگە يارايدىغانلىرىنى ئېلىپ، قالغانلىرىنى كېمىنى ئەسىر قىلغانلارغا تارقىتىپ بەردۇق. كېنىزەكلەرنى ئاتامغا تەقدىم قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قۇستەنتىنىيە شاھى ئەپرىدۇنىنىڭ قىزى سەفىيەنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتۇق. ئاتام ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئون كېنىزەكنى تاللاپ ئالدى. شاھ ئەپرىدۇنىنىڭ قىزىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ئىكەن. يەنە ئونىنى ئايرىپ ئازات قىلدى، قالغانلىرىنى تۈرلۈك مەملىكەتلەرگە تارقاتتى. ئارىسىدا شاھ ئەپرىدۇنىنىڭ قىزى بولغان ئون كېنىزەكنى ئاتام بىرقانچە مەملىكەتلەرنىڭ، ئەڭ ئالدى بىلەن رۇمنىڭ يىپەك گىلەملىرى، كىيىملىرى بىلەن قوشۇپ، ھەدىيە يۈسۈنىدا، ئاتىڭىز شاھ ئۆمەر ئىبنى نۇئمانغا سوغات قىلدى. ئاتىڭىز سوغاتلارنى قوبۇل قىلىپ ئېلىپ، ئون كېنىزەكنىڭ ئىچىدىن شاھ ئەپرىدۇنىنىڭ قىزى سەفىيەنى ئۆزىگە خاس كېنىزەك سۈپىتىدە تاللاپ ئالغان، قالغانلىرىنى ئوردا خىزمىتىگە تارقاتقان. شۇ يىلنىڭ باشلىرىدا، سەفىيەنىڭ ئاتىسى ئاتامغا بىر پارچە خەت يازدى. بۇ خەت تۆۋەندىكىچە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاماغا ئالغۇسىز غەزەپ ۋە پوپۇزا بىلەن تولغان ئىدى:

"بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئاۋال، بىر توپ پەرەڭ قاراقچىلىرىنىڭ قولىدىن سەن مېنىڭ قىزىم سەفىيەنى ئولجا قىلىپ ئالدىڭ. مېنىڭ قىزىم سەفىيە بىلەن بىللە ئاتمىشقا يېقىن كېنىزەك بار ئىدى. لېكىن، بۇ ھەقتە بىرەر ئادەمنى ماڭا ئەۋەتىپ خەۋەرمۇ قىلمىدىڭ. مەن شاھلار ئارىسىدا، قىزىم شەنىگە بولىدىغان تاپا-تەنىدىن ئەنسىرەپ بۇ سىرنى، بىلىندۈرمەي شۇ كۈنگىچە يوشۇرۇپ كەلدىم. كېيىن پەرەڭ قاراقچىلىرىدىن بەزىلىرىگە بۇ ھەقتە خەت يازدىم. قىزىمنىڭ قايسى شاھ ئارىلىرىدا بارلىقى توغرىسىدا مەلۇمات سورىدىم. تەكشۈرۈپ جاۋاپ بېرىشلىرىنى تاپىلىدىم. ئۇلار مۇنداق جاۋاپ يازدى: خۇدانىڭ شەنى بىلەن قەسەمىيات قىلىپ ئېيتىمىزكى، بىز ئۇنى ئۆز شەھىرىڭدىن بەك يىراققا چىقارمىدۇق. ئۇنى ھەردۇپ شاھىنىڭ بىر بولۇم قاراقچىلىرى قولىغا چۈشۈرگەن دەپ پۇتۇن ۋەقەنى ئۇنىڭغا سوزلىگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق." ئەپىردۇن ئاتامغا يازغان خېتىدە يەنە مۇنداقمۇ دەپتۇ: "ئەگەر مەن بىلەن دۈشمەنلىشىشنى ئىستىمىسەڭ، قىزىمنىڭ نومۇسىنى بۇلغاش ئارقىلىق مېنى ھاقارەتلەشكە تەرەپدار بولمىساڭ، ئۇشبۇ خەت تەككەن ھامان، قىزىمنى ھوزۇرۇمغا ئەۋەتكەيسەن. ئەگەر بۇ تەلىۋىمگە ئېتىۋار قىلمىساڭ، سېنى مېنىڭ شەنىمگە لايىق بولمىغان بۇ ھاقارەتىڭگە لايىق مۇكاپاتلاشقا ھەقلىقمەن". ئاتام خەتنى ئوقۇپ، مەزمۇنىغا چۈشىنىپ بۇ ۋەقەدىن قاتتىق ئوكۇندى. كېنىزەكلەر ئارىسىدا شاھ ئەپىردۇننىڭ قىزى سەفىيەنىڭ بارلىقىنى بىلمىگىنى ئۈچۈن خىجالەت بولغان بولسا، ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا ئاتىسىغا قايتۇرمىغىنىغا بەك ئەپسۇسلاندى. بۇ ئىش ئۈستىدە نىمە

قىلارىنى بىلمەي، ھەيران قالدى. ئارىدىن ئۇزاق مۇددەت ئۆت-
كىنى ئۈچۈن، ئۆزى ئەۋەتكەن سوغاتنى شاھ ئومەر ئىبنى نوئمان-
دىن سوراپ قايتۇرۇپ ئېلىشنىڭمۇ ئىلاجى يوق ئىدى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە، شاھ ئومەر ئىبنى نوئمان بىلەن كېنىزەك ھىساۋىدىكى
سەفىيەنىڭ ئارىسىدا بالا بولغانلىقىنى، ئۇنى ئاتىڭىزنىڭ ناھايىتى
ياخشى كورىدىغانلىقىنى بىز تېخى يېقىندىلا بىلدۇق. خەتنىڭ
مەزمۇنىغا چۈشىنىپ، بالايى ئەزىم يۈز بەرگىنىگە ئەقلىمىز يەتتى.
ئاتام بۇ ھەقتە ئەپرىدۇن شاھقا ئۆزرە ئېيتىپ، كېمىدىكى كېنىزەكلەر
ئىچىدە ئۇنىڭ قىزى بارلىقىنى بىلمىگەنلىكىگە قەسەمىيات قىلىپ،
مەلىكىنى ئومەر ئىبنى نوئمانغا تارتۇق قىلىپ ئەۋەتكىنىنى، كېيىنكى
ۋاقىتتا شاھنىڭ ئۇنىڭدىن بالا كورگىنىنى يېزىشتىن باشقا چارە
تاپالمىدى. ئاتامنىڭ خېتى قۇستەنتىنەشاھى ئەپرىدۇنغا يېتىپ
بارغاندا، ئەپرىدۇن ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. بىردەم ئولتۇرۇپ،
بىردەم ئورنىدىن تۇرۇپ، بىھۇدە ۋاقىراپ، ھەر تۈلۈك ھەركەت-
لەرنى قىپتۇ. "بۇ قانداق ھالكى، مېنىڭ قىزىم نىكاھسىز، ھەققى-
مېھرىسىز، تويىسىز، كېنىزەك قاتارىدا شاھلار قولىدا يۈرسە. مۇسا
پەيغەمبەر ھەققى، قىساس ئالمىغىچە ۋە بۇ نومۇسنى بوينۇمدىن
ساقىت قىلمىغىچە ئارام ئالمايمەن. شۇنداق بىر ئىش قىلايكى،
بۇ قىلغان ئىشىم مەندىن كېيىنمۇ ئەل ئاغزىدا داستان بولۇپ
سوزلەنسۇن!" دەپ قەسەم قىپتۇ. ئەپرىدۇن شاھ بۇ ھەقتە ئەرزى-
گىدەك ھىلە، يىتەرلىك تەدبىر ئويلاپ چىقمىغۇنچە ئارام ئالماپتۇ.
ئاخىر ئۇ، سىزنىڭ ئاتىڭىز شاھ ئومەر ئىبنى نوئمانغا ئەلچى ئەۋە-
تىپتۇ. ھازىر ئۆز قۇلىغىڭىز بىلەن ئاڭلىغان ئەشۇ ۋەقەنى خەتكە
يېزىپتۇ. مەقسىدى ئاتىڭىز سىزنى قۇراللاندۇرۇپ ئەسكەرلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن ئەۋەتسە، سىزنىمۇ، ئەسكەرلىرىڭىزنىمۇ ئەسىرگە چۈشۈرۈپ، شۇ يول بىلەن ئۇچ ئېلىشتىن ئىبارەت، خالاس. ئاتىڭىز ماختاپ بەرگەن خاسىيىتى كوپ ئۈچ گوھەر سەفىيەنىڭ قولىدا ئىكەن؛ سەفىيە يېنىدىكى كېنىزەكلىرى بىلەن بىللە ئەسىرگە ئېلىنغاندا، ئاتام ئۇ گوھەرنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ ماڭا ھەدىيە قىلىپ بەردى. ھازىر ئۇلار مېنىڭ قولۇمدا. ئەمدى سىز ئۆز ئەسكەرلىرىڭىزنىڭ يېنىغا قايتىڭ. ئۇلارنى پەرەڭ ۋە رۇم يەرلىرى ئىچكىرىسىگە كىرگۈزمەي، قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىڭ! ئىچكىرىلەپ كىرسىڭىز، قايتىشقا يول قالمايدۇ. دەۋرى قىيامەتكىچە سىز ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلالمايسىز. بىلىشىمچە، ئەسكەرلىرىڭىز ئۈچ كۈندىن بېرى سىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار، سىز بولمىغاندىن كېيىن نىمە قىلىشىنى بىلمەي قالغان بولسا كېرەك". شەررىكان بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ، خىيالغا چۈشۈپتۇ. خېلىدىن كېيىن ئۇ، مەلىكە ئەبرىزىنىڭ قولىنى سۆيۈپ تۇرۇپ: "سىزنى ماڭا يوللاپ، ئوزەمنىڭ ۋە ھەمرالىرىمنىڭ سالامەت قېلىشىغا سەۋەپچى قىلغان تەڭرىنىڭ ئۆزىگە شۈكرى... لېكىن، سىزدىن ئايرىلىشقا ۋە يىراقلىششقا كوڭلۇم ئۇنىمايدۇ. چۈنكى، مەن كەتسەم سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز قانداق بولاركىن، بېشىڭىزغا قانداق بالالار چۈشەركىن؟" دەپتۇ.

"ئەسكەرلىرىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنى كەينىگە قايتۇرۇڭ، ئەلچىلەر ئەسكەرلىرىڭىزنىڭ ئىچىدە بولسا، مەسىلە ئېنىقلانغىچە، ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرۇڭ. تېخى شەھرىڭىزلەردىن ئانچە ئۇزاپ كەتمىدىڭلار. مەن ئۈچ كۈندىن كېيىن، سىلەر باغدادقا يېتىپ بارغىچە، كەينىڭلاردىن يېتىشىمەن. كېيىن ھەممىمىز باغدادقا بىللە كىرىمىز" دەپ، شەررىكاننىڭ كوڭلىنى تىندۇرۇپتۇ قىز. شەررىكان ئۇ يەردىن

چىقىپ، كېتىشكە تەمشىلىپ تۇرۇپ: "ئارىمىزدا ئورنىغان دوستلۇقنى ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش يولىدا قىلىشقان ۋەدىمىزنى ئۇنۇتماڭ!" دەپ قويۇپ، شەۋق ۋە زەۋق ئوتلىرىنى بېسىش ئۈچۈن، خەيرلەشكىلى ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. قىز شەرىكانىنى قۇچاغلاپ، كوز ياشلىرىنى يامغۇردەك توكۇپ تۇرۇپ، مۇنۇ شېرنى ئوقۇپتۇ:

ئوتقا تاشلاپ مېنى سەن،
راۋان بولدۇڭ يولۇڭغا.
سەن بىلەن كەتتى جېنىم،
رەھمىڭ كەلسۇن كۇلۇڭگە.
سەن بىلەن مېنىڭ ئويۇم،
گۇل ـ گۇلۇستان باغ ئىدى.
ئەمدى سەن ئۇچتۇڭ بېغىمدىن،
ھىجران يۇرەكنى داغلىدى.

* * *

ئوڭ قولۇمدا ياشنى سۇرتتۇم،
خەيرلىشىش چېغىمدا،
سول قولۇمدا يارنى تارتتىم.
گۇل بولدى قۇچىغىمدا.
چوچۇپ دىدى: تەنىدىن،
قورقماسەن ئەي جانانىم.
دىدىم: تەنە كار قىلماس
خەيرلىشەر چېغىمدا.

شەرىكان مەلىكە ئەبرىزە بىلەن خەيرلىشىپ، ئىبادەتخانىدىن چىقىپ، كوۋرۇكتىن ئوتۇپتۇ. خىزمەتچىلەر ئۇنىڭ ئېتىنى ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ، ئاتقا مىنىپ، دەرەخلەر ئارىسىغا كىرىپتۇ. ئورماندىن ئوتۇپ، ئوتلاققا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ يەردە ئوزىگە قارشى كېلە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋاتقان ئۈچ ئاتلىقنى كورۇپ، شاھزادە شەررىكان ھوشيارلىق بىلەن قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئاپتۇ. كوڭلىگە چۈشكەن غەشلىكنى سەزگۈرلۈككە، جەسۇرلۇككە ئايلاندۇرۇپ، ئۇلار تەرەپكە ئاستا-ئاستا يۇرۇپ بېرىپتۇ. شەررىكان ئۇلارغا يېقىنلىشىپ سىنچىلاپ قاراپتۇ. ئۇلارمۇ شەررىكانغا سەپ سېلىپ قاراپ، ئۇز-لىرىنىڭ شاھزادىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. شەررىكانمۇ ئۇلارنى تونۇپ، ئۇلارغا قاراپ ئات ساپتۇ. بۇ ئۈچ كىشىنىڭ بىرى ۋەزىر دەندان، قالغان ئىككىسى ۋەزىرنىڭ يېنىدىكى ئەمىرلەر ئىكەن. شەررىكان ئۇلار بىلەن ئات ئۈستىدە سالاملىشىپ كورۇشۇپتۇ. ئۇلار بىرلىكتە ئۆز چېدىر-بارگاھلىرىغا كېلىشىپتۇ. ۋەزىر دەندان شاھزادە شەررىكاندىن بۇ ئۈچ كۈندىن بېرى قەيەرلەردە بولغىنىنى سوراپتۇ. شەررىكان ئۇلارغا مەلىكە ئەبرىزە بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە سوزلەپ بېرىپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار خۇداغا شۈكرىلەر قىپتۇ. ”بۇ يەردىن تېزراق كېتەيلى! — دەپتۇ شەررىكان — بىز بىلەن كەلگەن ئەلچىلەر شاھلىرىغا بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى خەۋەر قىلغىلى كېتىپتۇ. بىزنى ئەسىر قىلىش ئۈچۈن تۇزاق قۇرۇپ كېلىشىۋات-قىنى ئېنىق“. شۇ سوزدىن كېيىن شەررىكان ئەسكەرلىرىگە: ”بۇ يەردىن تېز قوزغىلىڭلار!“ دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ. ئۇلار ئۇ يەردىن قوزغىلىپ، ناھايىتى تېز يۇرۇپ، بىر چولگە يېتىپ كەپتۇ. ئەلچى-لەر ئەپرىدۇن شاھقا شەررىكاننىڭ كېلىۋاتقىنىنى خەۋەر قىپتۇ. شاھ شەررىكاننى ئەسكەرلىرى بىلەن قولغا چۈشۈرۈش مەقسىدىدە، ئۆز قوشۇنلىرىنى قوراللاندۇرۇپ، جېنىنىڭ بېرىچە ئۇلارنى قورشاشقا پەرمان بېرىپتۇ. شەررىكان ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن

يىگىرمە بەش كۈن يول يۈرۈپ، ئۇز شەھىرى باغدادنىڭ بىر چېتىگە يېتىپ بېرىپتۇ. كوڭۈللىرى تىنچىپ، بىرئاز ئارام ئالماقچى بوپتۇ. باغداد ئاھالىسى ئۇلارنى ياخشى قارشى ئاپتۇ. ئەسكەرلەر ئاتلىرىنى ياخشى دەم ئالدۇرۇپتۇ. شەررىكاننىڭ قوشۇنى شۇ يەردە ئىككى كۈن دەم ئاپتۇ. كېيىن شەررىكان ئەسكەرلىرى ئارىسىدىن يۈز ئاتلىق يىگىتنى ئايرىپ قېلىپ، قالغان ئەسكەرلىرىگە ۋەزىر دەنداننى باشلىق قىلىپ، ئۇز يۇرتلىرىغا قاراپ مېڭىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. يەنە بىر كۈن شۇ يەردە دەم ئېلىپ، شەررىكانمۇ ئۇزىنىڭ يۈز ئاتلىق يىگىتى بىلەن يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئىككى پەرسەخ① يول يۈرۈپ، ئىككى تاغ ئارىسىدىكى تار بىر يەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. شۇ چاغدا، ئۇلار- نىڭ ئالدىدىن قويۇق چاڭ-توزان كوتۈرۈلۈپتۇ، بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كەپتۇ. شەررىكان ئېتىنى توختىتىپ، بىرەر سائەتتەك تۇرۇپ كۈزىتىپتۇ. چاڭ-تومان تارقىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن تومۇر كىيىملەر كىيگەن يۈز ئاتلىق چىقىپتۇ. ئۇلار شەررىكان بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا يېقىنلىشىپ: "يۇھەننا ۋەبى بى مەريەم ھەققى، تىلىگىمىزگە يېتىشتۇق. كەينىڭلاردىن كېچە-كۈندۈز چېپىپ يۈرۈپ، شۇ يەردە سىلەرگە يېتىشىپ ئالدۇق. ئەمدى سىلەر ساق قېلىشتىن ئۇمىت كۈتمەڭلار. ئېتىڭلاردىن چۈشۈپ، قورالليرىڭلارنى بويىنۇڭلارغا ئېسىپ، بىزگە بويسۇنۇڭلار!" دەپ چوقان كوتۈرۈ- شۈپتۇ. شەررىكان ئۇلاردىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، كوزلىرى چانىغى- دىن چىقىپ كېتىشكە ئازلا قاپتۇ. يۈزلىرىگە قىزىللىق تولۇپ،

① پەرسەخ — توگدە بىر سائەتلىك يول، 5 — 6 چاقىرىمغا تەڭ كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەھشەت بىلەن ۋاقىراپتۇ: "ئىنسارا ئىتلىرى، بىزنىڭ تەرەپكە ئات سېلىپ، يەرلىرىمىزگە ئاياق بېسىشقا جۈرئەت قىلغىنىڭلارنى ئاز دەپ، ئۇيالماستىن، بىزگە يەنە شۇنداق ئەپسانە سوزلەرنى قىلد-ۋاتىسىلەر-ھە. ئېھتىمال، بىزنىڭ قولىمىزدىن قۇتۇلۇپ شەھىرىڭ-لارغا تىرىك قايتىشنى خام خىيال قىلغان بولساڭلار كېرەك".

كېيىن ئۇ ئوز يىگىتلىرىگە قاراپ: "قارشىمىزدىكى ئىتلارنىڭ سانى بىز بىلەن تەڭ" دەپتۇ-دە، قىلىچ يالىڭاچلاپ، دۈشمەنگە قاراپ ئات سايتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن يىگىتلىرىمۇ ھۇجۇم باشلاپتۇ. پەرەڭلەرمۇ ئوز دۈشمەنلىرىگە قاتتىق قارشىلىق كورسىتىپتۇ. جەڭچىلەر ئوز خىلى بىلەن، باتۇرلارمۇ ئوز تەڭ-تۇشلىرى بىلەن جەڭ قىلىشىپتۇ. قاتتىق جەڭ، دەھشەتلىك توقۇنۇش باشلىنىپتۇ. سوزلەر توختاپتۇ. كۇن پېتىپ كەچ بولغىچە شۇ يوسۇندا ئۇرۇ-شۇپتۇ. قاراڭغۇ چۇشكەندىلا، بىر-بىرىدىن ئاجرىشىپتۇ. شەرىكان ئوز يىگىتلىرىنى يىغىپ كېڭەش ئوتكۇزۇپتۇ. جەڭ ئەھۋالىنى سوزلىشىپتۇ. سۇرۇشتۇرۇپ كورسە، ھەممىلىرى ساق-سالامەت، پەقەت توت كىشىلا يېنىك جاراھەتلەنگەن ئىكەن. "مەن ئومرۇم بويى ئۇرۇش دېڭىزى گىرداۋىدا يۇردۇم، -دەپتۇ شەرىكان ھەمراھلىرىغا، -ئاجايىپ ئەرلەر بىلەن جەڭ قىلدىم. لېكىن، شۇ كۇنگىچە مەن يەكمۇ-يەك جەڭدە ئۇنداق باتۇرلار بىلەن ئۇچرىشىپ ۋە توقۇنۇشۇپ باقمىغان". "بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇلارنىڭ بىر باشلىقى بار، -دەپتۇ يىگىتلىرى، -ئۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك دەرىجىدە جاسارەتلىك. لېكىن ھېچ بىرىمىزگە زەرەر يەتكۇزمىدى، ئالدىغا بېرىپ قالغىنىمىزدىمۇ، بىلمەسكە سېلىپ، قول تەككۇزمىدى. ئەزبىرايى خۇدا، ئۇ بىزنى ئولتۇرۇشنى خالىسا،

شۈبھىسىزكى، ئالدىغا كەلگىنىمىزنى ھالاك قىلاتتى. ئەتىلىككە يەنە ئۇ مەيدانغا چۈشسە، ئۇنىڭ قولىدىن كىم سالامەت چىقاركىن تاڭ؟" ئەسكەرلەردىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، شەررىكان ھەيران بوپتۇ: "ئەتىلىككە سەپ تارتىپ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز. ئۇلارمۇ يۈزدىن ئارتۇق. ئەمەس، بىزمۇ يۈز كىشى. تەڭرىدىن مەدەت تىلەپ كۆرىمىز". ئۇلار شۇ پىكىر بىلەن تۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ.

پەرەڭلەرمۇ ئۆز باشلىقلىرى ئەتراپىغا توپلىنىپ: "بۈگۈن بىز تىلىگىمىزگە يېتەلمىدۇق، ئەتە يەنە سەپ تارتىپ، ئۇلار بىلەن يەكمۇ-يەك ئۇرۇشىمىز" دەپتۇ. باشلىقلىرىمۇ شۇ پىكىرگە كېلىپ، تۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. تاڭ نۇر چېچىپ، قۇياش ئەتراپنى يورۇتقاندىن كېيىن، شەررىكان ۋە ئۇنىڭ يۈز يىگىتى ئاتلىرىغا مىنىپ، مەيدانغا كېلىشىپتۇ. پەرەڭلەرمۇ ئاللىقاچان جەڭگە تەييارلىنىپ سەپ تارتىشقان ئىكەن. "دۈشمەنلىرىمىز ئاللىقاچان سەپكە تىزىلىپ بوپتۇ. بۇ — سىلەر ئۈچۈن نومۇسلۇق ئىش، تېز بولۇڭلار!" دەپتۇ شەررىكان يىگىتلىرىگە. "بۈگۈنكى كۈرىشىمىز پەقەت يەكمۇ-يەك بولىدۇ" دەپ ۋاقىراپتۇ بىر پەرەڭ ئەسكىرى. شۇ ئارىدا شەررىكاننىڭ يىگىتلىرىدىن بىرى مەيدانغا قاراپ ئات سېپتۇ. "قېنى مەن بىلەن كۆرەشكۈچى پالۋان بارمۇ؟ لېكىن غەيرىتى يوق كۆچسىزلەر كېلىپ، بىكارلا نابۇت بولۇپ كەتمىسۇن" دەپ شېئىر ئوقۇپتۇ:

كۆچۈم قىلۇر دۈشمەننىنى ھالسىز،
قىلىچىم قىلۇر رەقىبنى جانسىز.
كىم بولسا ماڭا جەڭدە تاقابىل،
بېشىغا سالىمەن تىغى قاتىل.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يىگىتنىڭ شېرى تېخى تۈگۈمىگەن ئىكەن، ئالتۇن، كۈمۈشتىن ساۋۇت كىيىم كىيگەن بىر پەرەڭ پالۋىنى ئېتىنى چېپىپ مەيدانغا چۈشۈپتۇ. ئۇ، چۇمۇلە بەل بولۇپ، تېخى ساقال-بۇرۇتى چىقمىغان ئىكەن. پەرەڭ ئېتىنى ئوينىتىپ، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەپتۇ. قىلىچ ۋە نەيزىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، كۈرەش باشلاپتۇ. بىر سائەتمۇ ئۆتمەي، پەرەڭ شەررىكانىنىڭ يىگىتنى نەيزىسىنىڭ دەستىسى بىلەن ئۇرۇپ ئاتتىن يىقىتىپتۇ، ئاندىن باغلاپ ئەسىر ئېلىپ كېتىپتۇ. پەرەڭ پالۋىنىنىڭ دوستلىرى شاتلىنىپتۇ. باشلىقلىرى ئۇنىڭ قايتا مەيدانغا چۈشۈشكە يول بەرمەي، باشقا پالۋاننى چىقىرىپتۇ. بۇ تەرەپتىن ئەسىر ئېلىنغۇچىنىڭ مەيدانغا بىر تۇققىنى چۈشۈپتۇ. ھەر ئىككىسى كۈرەشنى باشلاپتۇ. ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي، پەرەڭ پالۋىنى نەيزىنىڭ ئارقىسى بىلەن شەررى-كانىنىڭ يىگىتنى ئۇرۇپ، ئاتتىن يىقىتىپتۇ. ئەسىر قىلىپ باشلىغى يېنىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. شۇ قېلىپتا كەچكىچە مەيدانغا چۈشكەن مۇسۇلمانلاردىن پەرەڭلەر يىگىرمە كىشىنى ئەسىر قىپتۇ. شەررىكانىغا بۇ ھال ناھايىتى قاتتىق تەسىر قىپتۇ. ئۇلار كۈن پاتقاندا جەڭ مەيدانىدىن قايتىپتۇ. شەررىكان ئۆز يىگىتلىرىنى يىغىپ:

"بۇ قانداق قۇربان بېرىش، — دەپتۇ ئۇ خاپا بولۇپ، — ئەتىلىككە ئۆزەم مەيدانغا چۈشۈپ، پەرەڭ باتۇرلىرىنىڭ باشلىغىنى جەڭگە قىچقىرىمەن. يۇرتىمىزغا باستۇرۇپ كېلىش سەۋەبىنى بىلىمەن. ئىلاجى قىلالىسام، بىز بىلەن كۈرەش قىلىشتىن قايتۇرۇپ، يارى-شىشنى تەلەپ قىلىمەن. كېلىشسە كېلىشىمەن، ياراشسا يارىشىمەن، جەڭ قىلىشنى تەلەپ قىلسا جەڭ قىلىمىز. سىلەر جەڭ تەييارلىغىنى پۇختا قىلىڭلار!" ئۇلار شۇ پىكىر بىلەن تۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ، تاڭ

ئېتىپتۇ. ھەر ئىككى تەرەپ ئاتلىنىپ، قارىمۇ-قارشى سەپ تارتىپتۇ. شەررىكان مەيدانغا چۈشۈپتۇ. قارىسا، پەرەڭلەرنىڭ پىيرىمىدىن كوپى ئالدىرىغىنىچە ئۆز باشلىقلىرى بىلەن مەيدان تەرەپكە كېلىشىپتۇ. ئۇلار مەيدانىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كېلىپ تۇرۇپتۇ. شەررىكان پەرەڭلەرنىڭ باشلىقىغا تىكىلىپتۇ. قارىسا، ئۈستىگە يەڭسىز ھاۋارەڭ كومە كەيگەن، يۈزىگە تارتىلغان نىقاپ نېپىز بولۇپ، ئۇ كومەنىڭ زىبۇ-زىننەتلىرى شولىسىدا يەنىمۇ كۆركەمراق كۆرۈنۈپتۇ. كومە ئىچىگە نازۇك، دۇمىلاق ئالتۇن ياللىتىلغان نىمچە كىيگەن، قولىغا يالىڭاچلانغان ئوتكۈر قىلىچ تۇتقان. ئۇ مىنگەن ئاتمۇ تۇلپاردەك بولۇپ، كاللىسىدا ئاق تەڭگىدەك يۇمىلاق قاشقىسى بار ئىكەن. بۇ پەرەڭدە ساقال-بۇرۇت تۈكۈل سىرتىق تۈكمۇ يوقكەن. ئۇ ئاتقا قامچا ئۇرۇپتۇ-يۇ، ئايلىنىپ كېلىپ، يەنە مەيدان ئوتتۇرىسىدا توختاپتۇ. مۇسۇلمانلارغا ئىشارەت قىلىپ، ساپ ئەرەپ تىلىدا: "ئەي! شاھى ئومەر ئىبنى نوئماننىڭ ئوغلى شەررىكان، ئەي! قورغانلارنى ئىگەللەپ، شەھەرلەرنى ۋەيران قىلغۇچى زات، —دەپتۇ ئۇ، — مەيدانغا چۈش! سەن بىلەن تەڭ كەلگۈچىگە قارشى جەڭ قىل! سەن ئۆز ئۇرۇغۇڭنىڭ باشلىقى بولساڭ، مەنمۇ ئۆز ئۇرۇغۇمنىڭ ۋە ئۆز قەبىلەمنىڭ باشلىقى. كۈرەشتە قايسى بىرىمىز غەلىبە قىلساق، ئارقىمىزدىكى كىشىلىرىمىزمۇ شۇ غەلىبە قىلغانغا قارىسۇن!"
پەرەڭ سوزىنى تېخى تامام قىلمىغان ئىكەن، شەررىكان ئۇنىڭغا قارشى غەزەپ بىلەن خۇددى ھۇجۇمغا ئوتكەن شىردەك ھەيۋەت بىلەن ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا توختاپتۇ ۋە بۇ شېىرنى ئوقۇپتۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەر يۈزى كورمىگەن مېنىڭدەك كىشى،
پاتمايدۇ ماڭا دۈشمەننىڭ چىشى.
ماڭا قەست قىلغاننى قىلۇر مەن هالاك،
ساق چىقماس مەيداندىن هەر قانداق كىشى.

پەرەڭمۇ شەررىكانغا يۈزمۇ-يۈز كېلىپ تۇرۇپ، بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

مەنمۇ پالۋان رۇستەمدەك چۈەر،
تىغىممۇ دۈشمەننىڭ بېشىنى كېسەر.
ماڭا كىم جەڭدە بولسا روبىرو،
تېنىدىن جېنى توختىماي كېتەر.

پەرەڭ بۇ شېئىرنى تۈگىتىپ، تەجرىبىلىك، مەيدان كورگەن كىشىدەك، جەڭ قىلىش ماھارىتىنى كورسىتىپتۇ. هەر ئىككىسى باتۇرلارچە تۇتۇشۇپتۇ. ئۇلار نەيزە بىلەن جەڭ باشلاپتۇ. ئىككى باتۇر ئات ئۈستىدە بىر-بىرىدىن چەتلىشىپ، دەم ئوتمەي، يەنە ئىككىسى ئىككى تاغ كوچكەندەك هەيۋە بىلەن كېلىپ، دېڭىز سۈيى قوشۇلغاندەك چىرمىشىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ كۈرەشلىرى كۈن بويى شۇنداق داۋام قىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندە، بىر-بىرىدىن ئايرىلىپتۇ ۋە ئوز كىشىلىرى يېنىغا قايتىپ كېتىپتۇ. شەررىكان ئوز يىگىتلىرى بىلەن كورۈشكەندىن كېيىن: "ئومرۈم بىنا بولغاندىن بېرى بۇنداق باتۇرنى كورمىگەن ئىدىم، — دەپتۇ ئۇ، — لېكىن مەن بۇ باتۇردا باشقا هېچكىمدە كورمىگەن بىر هونەرنى كوردۈم. ئۇ، ئوزىنىڭ دۈشمىنى زەربىگە دۇچ كېلىپ قالغاندىمۇ، نەيزىسىنىڭ ئۇچى بىلەن ئەمەس، سېپى بىلەن ئۇرۇشقا هەركەت قىلىدۇ. بىزنىڭ ئىشىمىز قايسى يوسۇندا ئاخىرلىشىشىغا ئەقلىم يەتمەي

قالدى. بىزنىڭ يىگىتلىرىمىزمۇ ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىگە ئوخشىسا، نېمە دېگەن ياخشى ئىش بولاتتى-ھە؟" ھارغان شەرردىكان ئۇيقىغا كېتىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا پەرەڭ باتۇرى يەنە مەيدانغا چۈشۈپتۇ. شاھزادە شەرىركانمۇ ئۇنىڭغا قارشى ئاتلىنىپ، مەيدانغا چۈشۈپتۇ. جەڭ باشلىنىپ زەربە كۈچىيىپتۇ. ھەممە كىشىنىڭ كوزى بۇ ئىككى باتۇرغا تىكىلىپتۇ. بۇ باتۇرلار بۈگۈنمۇ كەچكىچە جەڭ قىپتۇ. نەيزىۋازلىق، قىلىچۋازلىق قاتارلىق جەڭ ھۈنەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى قويماي ئىشلىتىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندە، ھەر ئىككى باتۇر جەڭنى توختىتىپتۇ. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز جايلىرىغا قايتىشىپتۇ. ئۇلار ئۆز كىشىلىرىگە دۈشمەنى بىلەن قىلغان جەڭدە كورگەن ئارتۇقچىلىقلىرىنى سوزلەپ بېرىپتۇ. پەقەت ئۆز ئادەملىرىگە: "بىزنىڭ ئىشىمىز ئەتە بىر تەرەپ بولىدۇ" دەپتۇ. ئۇلار چارچىغىنى ئۈچۈن يېتىپ ئۇخلاپتۇ.

تاڭ ئاتقاندا پالۋانلار ئاتلىرىغا مىنىپ يەنە جەڭ مەيدانىغا بېرىشىپتۇ. شاھزادە شەرىركان بىلەن پەرەڭلەرنىڭ باتۇرى تەڭ دېگىدەكلا مەيدان ئوتتۇرىسىدا ئۇچرىشىپتۇ. جەڭ باشلىنىپتۇ. پېشىنگىچە كۈرەش قىپتۇ. كېيىن پەرەڭ باتۇرى بىر ھىيلە قىپتۇ. ئېتىنىڭ بېلىگە ئۇرۇپ تىزگىنىنى تارتىپتۇ. ئايلىنىپ كېلىپ شەرىركاننىڭ ئېتىنى تۇتماقچى بوپتۇ. لېكىن، تېز كېلىۋېتىپ تىزگىنى تارتىلغان ئات ئۆزىنى توختىتالماي، چوگۈلەپ كېتىپ يىقىلىپتۇ. پەرەڭ باتۇرىمۇ ئات بىلەن تەڭ يەرگە يىقىلىپتۇ. شەرىركان ئىشنى كېيىنگە سوزۇپ ئولتۇرماي، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پەرەڭ باتۇرىغا قىلىچ سېلىپ جەڭنى توگەتمەكچى بوپتۇ. پەرەڭ باتۇرى شەرىركانغا قاراپ: "ئەي شەرىركان، باتۇر-

لار ھېچقاچان بۇنداق نامەرتلىكنى قىلمايدۇ، — دەپ قىچقىرىپتۇ. — بۇنداق ھەركەتنى خوتۇنلارمۇ قىلمايدۇ. بۇ خوتۇنلارنىڭ ئىچىدىكى پەسلەرنىڭ ئىشى". پەردىدىن بۇ سوزنى ئاڭلىغان شەررىكان كوزنى چوگراق ئېچىپ، ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراپتۇ. شۇ چاغدا شامال كېلىپ ئۇنىڭ يۈزىدىكى نىقاپىنىڭ بىر چېتىنى قايرىپتۇ. شەررىكان قاراپ، ئۇنىڭ ئىبادەتخانىدا ئۆزىنى مېھمان قىلغان مەلىكە ئەبرىزە ئىكەنلىكىنى بىلىپ قاپتۇ. قولىدىكى قىلىچنى ئىرغىتىپ تاشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا ئېگىلىپ تۇرۇپ قولىنى سۆيۈپتۇ. "بۇنداق قىلىشقا سىزنى نېمە مەجبۇر قىلدى، ئەي مەلىكەم؟" دەپ سوراپتۇ شەررىكان. "سىزنىڭ جاسارىتىڭىزنى مەيداندا، چېلىشتا، جەڭدە يەنە بىر قېتىم سىناپ كورمەكچى ئىدىم. ئەسلى ماھارىتىڭىزنىمۇ بىلمەكچى ئىدىم. مېنىڭ يېنىمدىكى بۇ باتۇرلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ كېنىزەكلىرىم، بۇلار قىزلار. ئۇلار سىزنىڭ باتۇرلىرىڭىزنى قىزغىن جەڭدە يەڭگەندەك، مەنمۇ سىزنى يەڭمەكچى ئىدىم. ئېتىم پۇتلاشتى. ئەگەر مېنىڭ ئېتىم يىقىلمىغاندا، كۈچ-قۇۋۋىتىمنىڭ تەمىنى تېتىپ كورەتتىڭىز" دەپتۇ شەررىكانغا مەلىكە ئەبرىزە. شەررىكان كۈلۈپ تۇرۇپ: "مېنى سىز بىلەن ئۇچراشتۇرغان خۇداغا شۈكرى" دەپتۇ. مەلىكە ئەبرىزە شۇ ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ، كېنىزەكلىرىنى قىچقىرىپ، شەررىكاننىڭ يىگىتلىرىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان يىگىرمە پالۋاننى ئازات قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. كېنىزەكلەر: "خوپ!" دەپ مەلىكىگە تازىم قىپتۇ. شەررىكان: "سىزگە ئوخشىغان ئالى جاناپلار پاناھىغا بەختسىز كۈنلەردە شاھلارمۇ سېغىنىدۇ" دەپ، ئۆز يىگىتلىرىگە قاراپ، مەلىكىگە سالام بېرىشنى ئىشارەت بىلەن بىلدۈرۈپتۇ.

ئۇلارنىڭ ھەممىلىرى ۋەقەدىن خەۋەردار بولغىنى ھالدا، مەلىكە ئەبرىزە ئالدىغا كېلىپ تازىم قىلىشىپتۇ. كېيىن ئىككى يۈز ئاتلىق بىر بولۇپ ئاتلىرىغا مىنىپتۇ. ئالتە كېچە-كۈندۈز شىددەت بىلەن يول يۈرۈپ، باغداد شەھىرىگە يېقىنلىشىپتۇ. شەررىكان مەلىكە ئەبرىزىگە ۋە ئۇنىڭ كېنىزەكلىرىگە ئۈستىلىرىدىكى پەرەنجە كىيىملىرىنى يېشىشنى تەكلىپ قىپتۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا رۇم كىيىملىرىنى كىيىشنى تەشەببۇس قىپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



ئەللىك ئىككىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

ئۇلار شەررىكاننىڭ تەكلىپ ۋە تەشەببۇسلىرىغا مۇۋاپىق ئۈستىلىرىدىكى كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپتۇ. شەررىكان باغدادقا، ئاتىسى ئۆمەر ئىبنى نوئمان ھوزۇرىغا بىر توپ كىشىنى ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزى بىلەن بىللە رۇم شاھىنىڭ قىزى مەلىكە ئەبرىزىنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار شۇ يەرگە چۈشۈپ ئارام ئېلىشىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا شەررىكان مەلىكە ئەبرىزىنىڭ ھەمرالىرى بىلەن يىگىتلىرىنى ئاتلاندۇرۇپ، شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. يولدا مىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن ۋەزىر دەندان ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئېلىش ئۈچۈن يېتىپ كەلگەن ئىكەن. ئۇلار شەررىكاننىڭ ئاتىسىغا ئەۋەتكەن خېتىگە مۇۋاپىق،

شاھ ئۇمەر ئىبنى نۇئمانىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن، مەلىكە ئەبرىزە ۋە شەررىكانىنىڭ ئالدىغا چىققانلىغىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، مەلىكە ئەبرىزە بىلەن شەررىكانىنىڭ ئالدىغا يېقىنلاپ كېلىپ، ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، تازىم قىلىپ، سەپ بولۇپ تۇرۇپتۇ. ھال ـ ئەھۋال سورىشىپ، قايتىدىن ئاتلىرىغا مىنىپ شەررىكان بىلەن مەلىكە ئەبرىزىنى شەھەردىكى ئوردىغا كىرگىچە بىللە كۈزىتىپ كەپتۇ. مەلىكە ئەبرىزە بىلەن شەررىكان تەنتەنىلىك ھالدا كېلىپ شاھ سارىيىغا چۈشۈپتۇ. شاھزادە شەررىكان ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۇنى زىيارەت قىلماقچى بوپتۇ. شاھ ئوغلىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ قۇچاغلاپ سۆيۈپتۇ. بولغان ۋەقەنى سوراپتۇ. شاھزادە شەررىكان بولغان ۋەقەنى ئاتىسىغا ئەدەپ بىلەن بىرمۇ بىر سوزلەپ كېلىپ، مەلىكە ئەبرىزىنىڭ سوزلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ قىلغان ھىلىلىرىنى، قورغان قاپقانلىرىنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرىپتۇ. مەلىكە ئەبرىزىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆتكەنلىگىنى، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭمۇ تۇغۇلغان يۇرتىنى تاشلاپ بىللە كەلگەنلىگىنى سوزلەپ بېرىپتۇ. "مەلىكە بىز بىلەن بىللە بىزنىڭ يېنىمىزدا تۇرۇشنى ئىستەيدۇ، بىز بۇ نوۋەت قۇستەنتىنە شاھىنىڭ ئۆز قىزى سەفىيەنىڭ رۇم شاھى ھەردۇپ تەرىپىدىن سىزگە سوغات قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىگى سەۋەۋىدىن، ئەپرىدۇن شاھنىڭ سىزگە ئىشلەتكەن ھىلىسىدىن پەقەتلا مەلىكە ئەبرىزىنىڭ بىزنى خەۋەردار قىلىشى بىلەنلا قۇتۇلۇپ سالامەت قالدۇق. مەن ئۇمرۇمدە بۇنداق جاسارەتلىك قىزنى كورمىگەن" دەپتۇ شەررىكان. كېيىن شەررىكان مەلىكە بىلەن بولغان يەكمۇ ـ يەك جەڭنى تولۇق سوزلەپ بېرىپتۇ. ئۇمەر ئىبنى نۇئمان ئوغلى شەررىكاندىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، مەلىكە ئەبرىزىگە ھورمەت بىلـ

دۇرۇپ، ئۇنى كورۇشىنى ئىستەپتۇ. شەررىسكان دەرھال مەلىكە ئەبرىزە يېنىغا بېرىپ: "شاھ سىزنى تەكلىپ قىلىدۇ" دەپتۇ. "خوپ!" دەپتۇ مەلىكە. شەررىسكان مەلىكە ئەبرىزىنى تەختتە ئولتۇرغان دادىسى شاھ ئومەرنىبنى نوئمان ئالدىغا باشلاپ مېڭىپتۇ. شاھ دولەت ئەرباپلىرىنى چىقىرىۋېتىپ ئوردىنى خاس قىپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا مەخسۇس خىزمەتچىلەردىن بولەك ھېچكىم قالماپتۇ. مەلىكە ئەبرىزە شاھ ئومەرنىبنى نوئماننىڭ ئالدىغا كىرىپ، شاھنى ھورمەتلەپ تازىم قىپتۇ. شاھنىڭ ئالدىدا ئەرەپ تىلىدا ناھايىتى يېقىملىق نۇتۇق سوزلەپتۇ. شاھ ئۇنىڭ ئاجايىپ مەزمۇنلۇق سوزىدىن زوقلىنىپ رەخمەت ئوقۇپتۇ. ئوغلى شەررىسكانغا قىلغان غەمخورلىغى ۋە مېھماندارچىلىغى ئۈچۈن مىننەتدارلىق بىلدۇرۇپتۇ. ئۇنى ئوز يېنىدا ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. مەلىكە كورسەتكەن ئورۇنغا ئولتۇرۇپ، يۇزىنى ئېچىپتۇ. شاھ قىزنىڭ ھوسنى-جامالىنى كورۇپ، ئوزىنى يوقىتىپ قويۇپ، شائىرنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى ئەسلەپتۇ:

ئاي ئۇنى كورگەن ھامان ئوزىنى پىنھان ئەيلىگەي،
كۇنمۇ ئۇنىڭ يۇزىدىن نۇرى-ئىھسان تىلىگەي.
قامىتىنىڭ ئالدىدا گىيا ئىرۇر سەرۋى چىمەن،
گۇلشەن ئىچرە ھەممىنى ھىدى پاراۋان ئەيلىگەي.

شاھ مەلىكە ئەبرىزە بىلەن ئۇنىڭ كېنىزەكلىرىگە ئايرىم-ئايرىم ۋە ئالاھىدە قەسىر تەيىنلەپ، خىزمىتىگە كىشىلەر بەلگۇلەپتۇ. كېيىن شاھ يۇقۇرىدا ئىسمى بايان قىلىنغان ئۈچ گوھەر توغرىسىدا سوز ئېچىپتۇ. مەلىكە ئەبرىزە ئورنىدىن تۇرۇپ: "ئەي زامان شاھى، ئۇ ئۈچ گوھەر مەندە" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ۋە چۇشكەن قەسىرىگە بېرىپ ساندۇقنى ئېچىپتۇ. ساندۇقتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالتۇن قۇتىنى ئاپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىن قىممەتلىك ۋە خاسىيەت-
لەرگە باي ئۈچ گوھەرنى ئاپتۇ. ئۇنى يۈزلىرىگە سۈرتۈپ
سۆيۈپتۇ. شاھقا ئېلىپ كىرىپ تەقدىم قىپتۇ. شاھنىڭ ئالدىدىن
ئۆزى ئۇچۇن ئاجرىتىلغان قەسىرىگە يېنىپ چىقىپتۇ. لېكىن مەلىكە
ئەبرىزە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، شاھقا مەلىكە ئۆز قەلبى
گوھىرىنى بىللە ئېلىپ چىقىپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپتۇ.

كېيىن شاھ ئوغلى شەررىكانىنى قىچقىرتىپتۇ. شەررىكان كەل-
گەندە، شاھ ئۇنىڭغا ھېلىقى ئۈچ گوھەرنىڭ بىرىنى بېرىپتۇ.
شاھزادە قالغان ئىككى گوھەر توغرىسىدا سوز ئېچىپتۇ. "ئەي
ئوغلۇم، — دەپتۇ شاھ شەررىكانغا، — ئۇلارنىڭ بىرىنى ئىنىڭ
زۇئۇلماكانغا، يەنە بىرىنى سىڭلىڭ نۇزھەتۇززامانغا بەردىم".
شەررىكان زۇئۇلماكان ئىسىملىك ئۇكىسىنىڭ بارلىغىنى 'بىلمەيدى-
كەن. ئۇ، ئاتىسىدىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ: "ئەي ئاتا، مېنىڭدىن
باشقىمۇ ئوغلىڭىز بارمۇ؟" دەپ سوراپتۇ. "ھەئە، — دەپتۇ شاھ، —
ھازىر ئۇ، ئالتە ياشقا كىردى، ئىسمى زۇئۇلماكان، ئاچىسىنىڭ
ئىسمى نۇزھەتۇززامان، ئۇلار بىر ئانىدىن قوشكېزەك تۇغۇلغان".
شەررىكانغا بۇ گەپ ناھايىتى ئېغىر كەپتۇ، لېكىن ئاتىسىغا سىرىنى
بىلدۈرمەپتۇ. ئۇ، ئاتىسىغا: "ئۇلارغا قۇتلۇق بولسۇن" دەپ،
گوھەرنى قويۇپ، مېڭىپتۇ. "بۇ گوھەرنى ئال! سەن مېنىڭ
سوزۇم تۈگۈمەيلا خاپا بولدۇڭ. بىلىپ قويغىنكى، مەندىن كېيىن
تەختكە سەن ئولتۇرىسەن. ئەسكەرلەرگە، ئەمىرلەرگە، ۋەزىرلەرگە
مەندىن كېيىن ساڭا ئىتائەت قىلىش توغرىسىدا پەرمان قىلىنغان.
بۇ گوھەرنىڭ بىرى ساڭا تېگىشلىك" دەپتۇ شاھ ئوغلى شەررى-
كانغا. شەررىكان بېشىنى تۆۋەن ساپتۇ. ئۇ، ئاتىسىدىن خاپا

بولغانلىقىغا ئۆيۈلۈپتۇ. گوھەرنى ئاپتۇ، لېكىن ناھايىتى غەزەپلەن-
گەنلىكىدىن، نىمە قىلىشىنى بىلمەي، ئىختىيارسىز پىيادە يول
يۈرۈپ، توپ-توغرا مەلىكە ئەبرىزىنىڭ قەسرىگە كىرىپتۇ.
مەلىكە ئۇنى كورۇش بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ قارشى ئاپتۇ، ئۇنىڭ-
غىمۇ، ئاتىسىغىمۇ ئوزىنى ياخشى كۆتۈپ ئالغانلىقىغا رەخمەت
ئېيتىپتۇ، دۇئا قىپتۇ. مەلىكە شەرىكانىنى يېنىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.
مەلىكە ئۇنىڭ خاپىلىقىنى سېزىپتۇ. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى، خاپىلىقى-
نىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. شەرىكان ئاتىسى ئومەرنىڭ ئۇنىڭ-
نىڭ سەفىيەدىن قوشكېزەك بالا كورگەنلىكىنى، ئوغلىنىڭ
ئىسمى زۇئۇلماكان، قىزىنىڭ ئىسمى نۇزھەتۇززامان ئىكەنلىكىنى،
ئاتىسى گوھەرنىڭ بىرىنى ئوزىگە، قالغان ئىككىسىنى ئۇلارغا
بەرگەنلىكىنى، ئوزىنىڭ شۇ سەۋەپتىن خاپا بولغانلىقىنى
ئېيتىپ مۇنداق دەپتۇ: "مەن ھازىرغىچە بۇ ۋەقەدىن خەۋەر-
سىز ئىدىم، ئەمدى بىلدىم، ۋۇجۇدۇمنى غەزەپ قاپلىدى. خاپى-
لىقىمنىڭ سەۋەۋى شۇ. سىزدىن ھىچ نەرسىنى يوشۇرمايمەن.
ئۇنىڭ سىزنى ئوز نىكاھىغا ئېلىشىدىن ئەندىشە قىلىمەن. چۈنكى
ئۇنىڭدا شۇنداق ئارزۇنىڭ ئالامەتلىرى بارلىقىنى سەزدىم. بۇ
ھەقتە سىز نىمە دەيسىز؟" دەپ سوراپتۇ. "ئاتىڭىزنىڭ مەندە
ھىچقانداق ھەققى يوق. ئەي شەرىكان، — دەپتۇ مەلىكە ئەبرىزە،
— ئۇ مېنىڭ رازىلىقىمسىز ھىچ نەرسە قىلالمايدۇ. ئەگەردە ئۇ
مېنى زورلۇق بىلەن ئالماقچى بولسا، ئوزەمنى ئولتۇرىمەن. ئەمما
ئۈچ گوھەر مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەيىپ مەندە. ئۇنىڭ بىرەر-
سىنىمۇ باشقا كىشىگە بېرىدۇ، دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. مەن ئۇنى
ئوز خەزىنىسىدە ساقلايدۇ، دەپ ئېزىپتىمەن. مۇمكىن بولسا،

سىزگە ئاتىڭىز بەرگەن شۇ بىر گوھەرنى ماڭا بېرىشىڭىزنى سورايمەن." "خوپ!" دەپ گوھەرنى بېرىپتۇ شەھرىكان. "ئەنسىرىمەڭ!" دەپتۇ مەلىكە شەھرىكانغا. كېيىن مەلىكە ئەبرىزە ئۇنىڭ بىلەن خېلى ۋاقىتقىچە سوھبەتلىشىپتۇ. ئەھۋاللىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. "ئاتام ھەردۇپ مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى ئاڭلىسا مېنى ئولتۇرۇش كويىغا چۈشىدۇ، — دەپتۇ مەلىكە ئەبرىزە، — بۇ، ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. چۈنكى شاھ ئەپرىدۇننىڭ قىزى سەفىيەمۇ ئاتىڭىز قولىدا، شۇنىڭ ئۈچۈن شاھ ئەپرىدۇن ئاتامنى ئىشقا سالىدۇ. بۇ ئىككى پادىشا بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلسا، چوڭ جەڭ بولىدۇ". "ئەي مەلىكەم، — دەپتۇ شەھرىكان، — بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرۇشقا رازى بولسىڭىز سىز ئۇ توغرىدا ئويلىماڭ! ئەگەر قۇرۇقلۇقتىكى ۋە سۇدىكى كۈچلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ كەلمەك، ھېچ شۈبھەسىزكى، بىز يېڭىمىز". "بۇنىڭ پەقەت بىرلا تەرىپى بار، — دەپتۇ مەلىكە ئەبرىزە، — ئەگەر ماڭا ياخشى قارىساڭلار ھۇزۇرىڭىزلاردا قالىمەن. يامان كوزدە قارىساڭلار ئۇز ئېلىمگە كېتىمەن. مېنى ھېچكىم ۋە ھېچ نىمە توسالمايدۇ." مەلىكە شۇ سوزلەرنى دەپ، كېنىزەكلىرىگە دەستىخان سېلىشنى ۋە تاماق ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. شەھرىكان ئازراق تاماق يەپتۇ. ئۇ، ئۇزىنىڭ غەزىۋىنى باسالماي، خاپا ھالىچە ئۇز قەسرىگە قايتىپتۇ.

شەھرىكاننىڭ ئاتىسى ئومەرئىبنى نوئمانغا كەلسەك، شەھرىكان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ، كېنىزىگى سەفىيەنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. شاھنىڭ قولىدا ھېلىقى گوھەرلەر بار ئىكەن. سەفىيە شاھنى كورۇش بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. شاھ ئولتۇرغىچە، ئۇ، ئالدىدا تىك تۇرۇپتۇ. زۇئۇلماكان بىلەن نۇزھەتۇز-

زامانمۇ ئۇرنىدىن تۇرۇپ ئاتىسىغا سالام بېرىشىپتۇ. ئۇلارنى كورگەن شاھ ھەر بىرىنىڭ بويىنىغا بىردىن گوھەر ئېسىپتۇ. بۇلار خوش بولۇشۇپ ئاتىسىلىرىنىڭ قوللىرىغا سۆيۈشۈپتۇ. شاتلىقىدىن گوھەرنى ئانىسىلىرىغا كورسىتىشىپتۇ. سەفىيەمۇ خوش بولۇپ شاھقا ئۇزۇن ئومۇر، پۇتىمەس-تۈگۈمەس بەخت-سائادەت، دولىتىگە شانۇ-شەۋكەت تىلەپ دۇئا قىپتۇ. "سەن نىمە ئۈچۈن شۇ كۈنىگىچە ئۆزەڭنىڭ قۇستەنتىنە شاھى ئەپرىدۇننىڭ قىزى ئىكەنلىكىڭنى بىلدۈرمىدىڭ؟ ئېيتقان بولساڭ، ھورمىتىڭنى ئۇستۇرۇپ، مەرتىۋەڭنى كوتۇرەتتىم، ئەھۋالىڭنى ياخشىلايتتىم" دەپتۇ شاھ ئاچچىغى بىلەن. "ئەي شاھىم، — دەپتۇ سەفىيە، — بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە قانداق مەرتىۋە ۋە ياخشىلىق كۈتۈش مۇمكىن. مەن بۇ يەردە سىزنىڭ ئىنئام ۋە ئېھسانلىرىڭىز بىلەن باياشات ياشايمەن. خۇدا سىز بىلەن ماڭا ئىككى بالا بەردى." ئۇنىڭ بۇ يېقىملىق سوزلىرى، زېرەكلىكى، ئەدەپلىكلىكى ۋە مۇئامىلىسىدىن شاھ ئومەرئىبنى نوئمان ناھايىتى خوش بوپتۇ. كېيىن مەلىكىنىڭ قېشىدىن چىقىپ، ئۇنىڭغىمۇ، باللىرىغىمۇ مەخسۇس ئالى بىنا بەلگۈلەپ بېرىپتۇ. مەخسۇس خىزمەتچىلەر ۋە قانۇنشۇناسلار، ھېكىملەر ۋە ھەر خىل ئىختىساسلىق تىۋىپلەر ھەم باشقىلارنى خىزمىتىگە تەيىنلەپتۇ. ئۇلارغا سەفىيە ۋە ئۇنىڭدىن بولغان باللىرىغا ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن قاراشلىرىنى تاپىلاپتۇ. ئۇلارنىڭ مەرتىۋىلىرىنى ئۇستۇرۇپتۇ. كوپ نەرسىلەرنى تەقدىم قىلىپ، دولەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ھوكۇمخانىسىغا كېتىپتۇ.

ئەمدى شاھنىڭ مەلىكە ئەبرىزە توغرىسىدىكى پىكرىگە كېلەيلى: شاھنىڭ پۇتۇن پىكرى-زىكرىنى مەلىكە ئەبرىزە ئىگەللەپ ئاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

كېچە ـ كۈندۈز پەقەت شۇنىلا ئويلايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ھەر كېچە مەلىكە ئەبرىزنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشە-دىكەن. ئۇنىڭغا كىنايە سۆزلەر بىلەن ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئىپادىلەيدىكەن. مەلىكە ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلماي: "مەندە ھازىر تۇرمۇشلۇق بولۇش ئىستىكى يوق" دەپ، ئۇنىڭ تەكلىپىنى ئۆزىگە لايىق سۆز بىلەن قايتۇرىدىكەن. ئۇنىڭ قارشىلىقىنى كۆرۈپ، شاھنىڭ ھىرسلىقى ئارتىپ سۆيگىسى بارغانسېرى كۈچىيىپتۇ. بۇ ھالەت ئۇنى ئازاپقا ساپتۇ. ئاخىرى شاھ ۋەزىرى دەنداننى قىچقىرىپ، ئۇنىڭغا شاھ ھەردۇپنىڭ قىزى مەلىكە ئەبرىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭ ئىشقىدا ئازاپلىنىۋاتقانلىقىنى، لېكىن قىزنىڭ زادىلا ئۇنىڭغا يېقىن كەل-مەيۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، مەسلىھەت سوراپتۇ. ۋەزىر شاھتىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ: "بۇ كېچە بىر مىسقالچە نەشە بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا كىرىڭ، ئۇنىڭ بىلەن ئازراق مۇسەللەس ئىچىڭ. مۇسەل-لەس تامام بولغاندا، ئاخىرقى ئاياقتا شۇ نەشىنى سېلىپ ئۇنىڭغا تۇتۇڭ. ئۇ، ئىچسە مەقسىتىڭىزگە يېتىسىز. بۇ ھەقتە مېنىڭ پىكرىم شۇنداق" دەپتۇ.

شاھ سۆيۈنۈپتۇ، كېيىن ئۆز خانىسىغا كىرىپ، پىل پۇرىسا ھۇشىدىن كېتىدىغان تازا نەشىدىن ئازغىنا ئېلىپ يانچۇقىغا ساپتۇ. كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشۈشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپتۇ. ئاخىر قىزنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. مەلىكە ئەبرىزە شاھنى كۆرۈش بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. شاھمۇ مەلىكىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. شاھ ئىچىملىك توغرىسىدا سۆز ئېچىپ كېنىزەكلەرگە شاملارنى يېقىپ، قەن ـ گېزەك ۋە باشقا زورۇر نەرسىلەرنى كەلتۈرۈشنى

بۇيرۇپتۇ. مەلىكە ئەبرىزە مۇسەللەسنى تەسىر قىلغىچە ئىچىپتۇ.
شاھ ئۇمەرئىبنى نوئمان مەلىكىگە مەي تەسىر قىلغىنىنى سېزىپ،
يېنىدىن نەشىنى بىلىندۈرمەي ئېلىپ، بارماقلىرى ئارىسىدا تۇتۇپ
تۇرۇپ، ئۆزى قۇيۇپ ئىچىپ، مەلىكىگە قۇيغان مەيگە نەشىنى سېلىپ
تۇتۇپتۇ: "بۇنى ئال، ئىچ مەلىكەم" دەپ تەكلىپ قىپتۇ. مەلىكە
ئەبرىزە ئېلىپ ئىچىپتۇ. بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن، نەشە مەلىكىگە
تەسىر قىلىپ، ھۇشىدىن كېتىپتۇ ۋە يىقىلىپتۇ. شاھ ئۇنىڭ ئاياق
ۋە باش تەرەپلىرىدە يېنىپ تۇرغان شامنىڭ يورۇقىدا مەلىكىنىڭ
پۈتۈن ئەزاسىنى كۆرۈپتۇ. ئۆزىنى تۇتالماي، شەيتاننىڭ يولىدىن
مېڭىپ، مەلىكىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپتۇ... شاھ ئورنىدىن
تۇرۇپ، مەلىكىنىڭ مارجانە ئىسىملىك كېنىزىگىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ:
"مەلىكەڭنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئال!" دەپتۇ
شاھ چىقىپ كېتىۋېتىپ. مارجانە مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. قارىسا،
مەلىكىنىڭ ئاياقلىرى قان ياتقىدەك. مارجانە تىترىگىنىچە خوجا-
يىنىنىڭ ئالدىدا تۇنەپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، مارجانە ئورنىدىن
تۇرۇپ مەلىكىنىڭ قول-ئاياقلىرىنى يۇيۇپتۇ. ئەترە ئېلىپ كېلىپ،
يۈزلىرىگە، ئېغىز-بۇرۇنلىرىغا سېپىپتۇ. شۇ چاغدىلا مەلىك
ئەبرىزە ئەسنەپ تولغىنىپتۇ، سەسكىنىپ چۈشكۈرۈپتۇ. ئاغزىدىن
نوقۇتتىن چوڭراق نەشە ئېتىلىپ چۈشۈپتۇ. مەلىكە ئۆزى قول
ئاياقلىرىنى يۇيۇپتۇ: "ماڭا نىمە بولغانلىغىنى بىلدىڭمۇ؟"دەپتۇ
مارجانىگە. مارجانە ئۇنىڭغا كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. مەل
ئۇمەرئىبنى نوئماننىڭ قىلغان قىلىقسىزلىغىنى سېزىپتۇ. يۈز بەر
ۋەقەدىن ناھايىتى رەنجىپتۇ. ئۆزىنى ھەممىدىن يوشۇرۇپ
مارجانىگە: "مېنىڭ قېشىمغا كىرمەكچى بولغانلارنى مەلىكە ئە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كېسەل، دەپ قايتۇر، خۇدانىڭ خالىغىنى بولار!» دەپ تاپىلاپتۇ مەلىكە. مەلىكىنىڭ ئاغرىقلىق خەۋىرى شاھ ئومەرئىبنى نۇئمانىنىڭ قۇلىغىغا يېتىپ بېرىپتۇ. شاھ تۇرلۇك شىپالىق بېغىشلىغۇچى دورىلارنى ۋە مەجۇنلەرنى، خىلمۇ-خىل شەرۋەتلەرنى ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. مەلىكە بىر ئاي شۇ يوسۇندا ئۆزىنى يوشۇرۇپ ساقلاپتۇ. شاھنىڭ سۆيگۈ ئوتى پەسىيىپ مەلىكىدىن كۆڭلى سوۋۇپتۇ. مەلىكىنىڭ بويىدا قالغانلىغى مەلۇم بوپتۇ. ئايلار ئۆتۇپ، سېزىگى باشلىنىپتۇ. كەڭ دۇنيا كوزىگە تار بولۇپ كورۇنۇپتۇ: «ھېچكىم مېنى رەنجىتكىنى يوق، — دەپتۇ ئۇ مارجانىگە، — ئاتا-ئانامدىن، يۇرتۇمدىن، شەھىرىمدىن كېچىپ ئوز جېنىمغا ئوزەم جەۋرى قىلدىم. ھاياتىم زەھەرلەندى، روھىم سۇندى، جاسارىتىم ۋە كۇچۇم پۇتتى. بۇرۇن ئاتىنىڭ تىزگىنى مېنىڭ قولۇمدا ئىدى، ئەمدى تىزگىنىنى تۇتالمايمەن. ئۇ، مېنىڭ قولۇمدىن كەتتى. ئەگەر بۇ يەردە تۇغسام كېنىزەكلىرىم ماڭا لەنەت ئوقۇيدۇ. قەسىردىكىلەر شاھنىڭ ماڭا قول تەككۈزگەنلىگىنى بىلىدۇ. مەن ئەمدى قايسى يۈزۈم بىلەن ئاتا-ئانامغا كورۇنىمەن. ئۇنىڭغا نىمە دەپ جاۋاپ بېرىمەن. بۇ ھەقتە شائىر ناھايىتى ياخشى ئېيتقان:

ئەل ۋە يۇرتتىن مەن يىراقتا،
غەمدىن قۇتۇلغايمۇ كوڭۇل!
يارسىز، غەمخورسىز،
بىر دەم ئېچىلغايمۇ كوڭۇل!»

«نىمە دىسەڭ تەييارمەن ئەي مەلىكەم، مەن سېنىڭ بۇيرۇقىڭدىمەن» دەپتۇ مارجانە. «بۇ يەردىن يوشۇرۇنچە چىقىپ كەتسەم بولاتتى، لېكىن بۇنى سەندىن باشقا ھېچقانداق كىشى بىلمەسلىگى

كېرەك! ئاتا ـ ئانامنىڭ يېنىغا بارىمەن. يېقىن قېرىنداش ئۇرۇق-
تۇققانلاردىن بولەك ھەممە كىشى سېسىغان مۇردىدىن قاچىدۇ.
خۇدانىڭ خالىغىنى بولار" دەپتۇ مەلىكە ئەبرىزە. "ئاجايىپ ئىشقا
نىيەت قىپسەن ئەي مەلىكەم" دەپتۇ مارجانە. مەلىكە ئەبرىزە
شۇنداق قارار قىپتۇ، لېكىن سىرىنى يوشۇرۇن تۇتۇپ، بىرنەچچە
كۈن كۈتۈپتۇ. شۇ كۈنلەردە شاھ شىكارغا مېڭىپتۇ، شاھزادە
شەررىكانىمۇ بىر قانچە ۋاقىت تۇرۇش ئۈچۈن ئۇزى تۇرىدىغان
قەلئەگە چىقىپ كېتىپتۇ. باغدادنىڭ ئۇلاردىن خالى قالغانلىغىنى
بىلىپ مەلىكە ئەبرىزە ئۇزىنىڭ كېنىزىگى مارجانىنىڭ يېنىغا چىقىپ:
"بۇگۈن كېچە يولغا چىقىمەن. تەقدىرنىڭ ئىشىغا قارشى نىمە
قىلغىلى بولىدۇ. كوزۇمنىڭ يورۇشىغا ناھايىتى ئاز قالدى. تورت ـ بەش
كۈندە بىر تەرەپ بولسا كېرەك. بۇ يەردە كوزۇم يورىسا يۇرتۇمغا
كېتەلمەي قالىمەن. پىشانەمگە ئەزەلدە يېزىلغان تەقدىر شۇ ئىكەن"
دەپ ھەر تۇرلۇك خىياللارغا چومۇلۇپتۇ، مۇڭلىنىپتۇ. كېيىن مارجا-
نىگە قاراپ: "مېنى كۇزىتىپ بارغۇچى بىر كىشى تاپ! چۈنكى
مېنىڭ قورال كوتەرگىدەك ماغدۇرۇم يوق" دەپتۇ، "خوپ، ــ دەپتۇ
مارجانە ــ مەن بۇ يەردە غەزبان ناملىق بىر قارا قۇلدىن باشقىسىنى
بىلمەيمەن. ئۇ، شاھ ئومەر ئىبنى نوئمانىنىڭ قۇللىرىدىن بولۇپ،
ساراي دەرۋازىسىغا قويۇلغان كۇزەتچى. شاھ ئۇنى بىزگە كۇزەت
قىلىشتىن باشقا خىزمەت قىلىشقىمۇ تەيىنلىگەن. لېكىن بىز ئۇنىڭغا
خىزمەت بۇيرۇماي، ئەركىن قويىدۇق. مەن ھازىر ئۇنىڭ يېنىغا
باراي. ۋەقەنى ئېيتاي، بىر ئاز پۇلمۇ ۋەدە قىلاي. ئەگەر سەن
بىزنىڭ يۇرتىمىزدا قېلىشنى خالىساڭ تاللىغان قىزىڭغا ئويلەندۇرۇپ
قويىمىز دەپ كورەي. كېچىلا تېخى ئۇ، ئۇزىنىڭ يول توسقۇچى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

قاراقچىلار توپىغا قوشۇلغانلىقىنىمۇ ئېيتقان ئىدى. ئۇ، بىزنىڭ تەكلىۋىمىزگە رازى بولسا ئىشىمىز ئوڭدىن كېلىدۇ. شەھىرىمىزگە خەتەرسىز، خاتىرجەم يېتىپ ئالىمىز". "ئۇنى يېنىمغا ئېلىپ كەل! ئۇزەم سوزلىشەي" دەپتۇ مەلىكە ئەبرىزە. مارجانە قۇل يېنىغا بېرىپ: "ئەي غەزبان! مەلىكەم سەن بىلەن سوزلەشمەكچى، ئەگەر سەن مەلىكەمنىڭ سوزلىرىگە كونسەڭ، خۇدا ساڭا خالىغىنىڭنى بېرىدۇ" دەپتۇ. قولدىن يېتىلەپ مەلىكە ئەبرىزىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. قۇل مەلىكىنى كورۇش بىلەن ئۇنىڭ قولىنى سۇيۇپتۇ. مەلىكە ئۇنى كورگەن زامانلا ئۇنىڭدىن يىرگىنىپتۇ. ئىچىدە: "زورۇرسىيەت ئۇز هوكمىنى يۈرگۈزۈدۇ" دەپ ئويلاپ: "ئەي غەزبان، زامان ئەلەم-لىرىگە قارشى بىزگە ياردەم قىلىشىڭ مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر ساڭا سىرىمنى ئېيتسام، سەن سىرىمنى ساقلىيالامسەن؟" دەپتۇ ئۇنىڭغا قاراپ. قۇل ئۇنىڭغا تىكىلىپتۇ. شۇ زامانلا مەلىكىنىڭ هوسنى ئۇنى ئوزىگە تارتىپتۇ: "بۇيرۇغۇڭىزنى ئورۇندايمەن" دەپتۇ قۇل. "ئانداق بولسا، دەرهال بېرىپ مەن بىلەن كېنىزەككە ئىككى توگە تەييارلا، — دەپتۇ مەلىكە، — شاهنىڭ ئاتلىرىدىن ئىككى سالتاڭ ئاتنى ئال! هەر بىرىگە بىر خۇرجۇندىن پۇل ۋە بىر ئازدىن ئوزۇق بار، شۇنى ئارت! سەن بىز بىلەن بىزنىڭ ئەلگە بارىسەن. ئەگەردە ئۇ يەردە قېلىشنى ئىختىيار قىلساڭ، كېنىزەكلىرىمدىن خالىغانلىرىڭنى ئېلىپ بېرىمەن. ئوز يۇرتۇڭغا قايتىشنى خالىساڭ، تىلىگىنىڭنى بېرىمەن. مال ۋە پۇل ئېلىپ شەهرىڭگە قايتىسەن." غەزبان مەلىكە ئەبرىزىدىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ ناهايىتى شاتلىنىپتۇ. "ئەي مەلىكەم، ئەزبىرايى خۇدا، مەن سىزلەرگە جان-دىلىم بىلەن خىزمەت قىلىمەن — دەپتۇ ئۇ، — سىزلەر بىلەن بىللە نەگە دىسە-

گىز بارىمەن. ئاتلىرىڭىزنى باقىمەن.» ئۇ ئۆزىچە: «ئىش مەن كۈتكەندەك بولۇدۇ، ئەگەر ماڭا بويۇن سۇنمىسا ئۇ چاغدا ئۆلتۈرىمەن، ماللىرىنى ئالىمەن. بۇ ئىشنى ھەممىدىن سىر تۇتىمەن» دەپ سۆيۈنۈپتۇ. غەزىبان شۇنداق شۇم خىيال بىلەن ھايال بولمايلا بىرىگە مىنىپ، قالغانلىرىنى يېتىلەپ ئىككى تۈگە، ئىككى ئات ئىلىپ كەپتۇ. مەلىكە ئەبرىزىنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇلاقلارنى ئۇنىڭغا تۇتۇپتۇ. مەلىكە دەرت بىلەن تۈگىگە مىنىپتۇ. ئۇ، ئاغرىقنىڭ دەردىدىن ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالغان بولسىمۇ چىداپتۇ. ئاتنىڭ يەنە بىرىگە مارجانە مىنىپتۇ. غەزىبان ئۆز ئېتىغا مىنىپتۇ. بىر تۈگىگە پۇل، مال، ئوزۇق-تۈلۈك ئارتىپ يولغا چۈشۈپتۇ. كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، ئىككى تاغ ئارىسىدىكى بىر مەنزىلگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇز مەملىكىتىگە بىر كۈنلۈكلا يول قالغاندا مەلىكىنى تولغاق تۇتۇپتۇ. تۈگىدە يەنە ئولتۇرۇشقا چىدىغۇچىلىكى قالماپتۇ: «مەن بولالمىدىم، مېنى تۈگىدىن چۈشۈر» دەپتۇ ئۇ غەزىبانغا. مارجانمۇ ئاتتىن چۈشۈپتۇ. غەزىبان ئاتلارنىڭ چۇلۇۋۇرىنى بىر-بىرىگە چېتىپ باغلاپتۇ. مەلىكە ئەبرىزىنى تۈگىدىن چۈشۈرۈپتۇ. ئۇ، تولغاق بىلەن ھوشىدىن كېتىپتۇ. شۇ چاغدا غەزىباننىڭ شەھۋانى نەپسى قوزغىلىپ، ھايۋانى ھەۋىسى كۈچىيىپتۇ. ئۇ، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۆزىنىڭ مەقسىدىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مەلىكە ئەبرىزىنىڭ يېنىغا قىلىچ يالىڭاچلاپ كەپتۇ. «ئەي مەلىكەم، ماڭا رەھىم قىل! ۋىسالىڭدىن مەھرۇم قىلما!» دەپتۇ ئۇ. مەلىكە ئەبرىزە قۇلىنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن قاراپتۇ ۋە: «بۇ ئىشتا مەن شاھقا رازى بولمۇدۇم، ئەمدى كۈنۈم سەندەك ئىچى-تېشى قارا قۇلغا قالدىمۇ؟» دەپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



ئەللىك ئۇچىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ،— دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

مەلىكە ئەبرىزە يىغلاپتۇ. غەزىباندىن ۋە ئۇنىڭ قىلمىشىدىن تېخىمۇ غەزەپلىنىپتۇ. "ئۇيالساڭچۇ ئەي غەزىبان، شۇمۇ گەپمۇ، بۇنداق گەپنى مېنىڭ ئالدىمدا دېيىشتىن ئىزا تارتمىدىڭمۇ؟ زەھەر ئىچۋالغان تەقدىردىمۇ تەلۋىڭنى قوبۇل قىلالمايمەن. سەۋر قىل، بىرئاز تۈزۈلەي، مەندە قۇۋۋەت پەيدا بولسۇن. شۇ چاغدا ماڭا كۈچۈڭ يەتسە، خالىغىنىڭنى قىل! ئەگەر بۇنداق تېتىقسىز گەپلىرىڭنى قايتۇرۇپ ئالمىساڭ، ئۆزەمنى ئۆزەم ئۆلتۈرۈپ دۇنيا بىلەن خوشلىشىمەن. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن بىر يولىلا خاتىرجەم بولىمەن" دەپ، بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ماڭا دۇنيا تەشۋىشى بەس، سەن تەگمىگىل ئەي غەزىبان!
قانچە كۈلپەت ۋە مالامەت بېشىمغا سالدى زامان.
تەڭرى چەكلەپ بۇزۇقلۇقنى غەزەپ بىلەن بۇيرۇغان:
"كىم گۇناكاردۇر ئۇنىڭغا دوزاخ ئىچى بولغاي ماكان..."

بۇ بۇزۇق يولغا قەدەم قويمايمەن ھەرگىز باشلىما،
كۆپ تىكىلمە ماڭا ئارسىز كوز بىلەن، بولغاي يامان.
تەڭرى نامى بىرلە ساڭا ئىلتىماسىم شۇ ئىرۇر:
بىھايالىق قىلما، ساقلا نومۇسۇمنى، قوي ئامان.

بۇ بۇزۇقلۇق نىيىتىڭدىن يانمساڭ بىلگىن شۇنى،
ۋاي دات دىسەم توپىلىنىدۇ، بېشىمغا پارچە جاھان...
مەيلى بىچارە بېشىمنى كەسسىمۇ تىغى يەمەن،
پاسىق بىلەن بولمىغايمەن، مەيلى كۆيسۇن خانۇ-مان.
ئاق سۆڭەك بولغاندىمۇ، بولماس ئىدىم مەن ھېچ رىزا،
ئەسلى قۇل، نەسلىمۇ قۇل، ئىچى قوتۇر، ۋەھشى قاۋان.

غەزىبان بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ ناھايىتى بەك ئاچچىغلىنىپتۇ، كۆز-لىرى قانغا تولۇپتۇ. رەڭگى تاتىرىپتۇ، قوشۇمىسى تۈرۈلۈپتۇ. لەۋلىرى لىپىلداپ، يۈزلىرى قان يالىغان قاتىلنىڭ يۈزىدەك سەت بىر قىياپەتكە كىرىپتۇ. ئۇمۇ ئاچچىغى بىلەن بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

يەمەنچە قاراش بىرلە كۆكسۈمنى تەشتىڭ ئەبرىزە،
تاقىتىمنى تاق قىلما، چۈنكى تاقىلدار بۇ جان.
سېلىپ زۇلمۇ-ستەمنى، قىلىپ پارە كۆڭلۈمنى،
يۈكۈپ قەددىمنى دالدەك، يوق سەۋرى دىلىم-نالان.

قىلغان سۆزلىرىڭ سېھرى قىلدى مېنىڭ ئەقلىمنى،
ھېرىسلىقتا تولدى تەن، چىكەمگىمۇ تەپتى قان.
تىلىگىمگە يەتمەستىن، كەچمەيمەن بۇ ئىشتىن مەن،
مەيلى كۆپ قوشۇن بىرلە قاپلانسۇن زېمىن ئاسمان.

بۇنى ئاڭلاپ مەلىكە ئەبرىزە تېخىمۇ قاتتىغراق يىغلاپ تۇرۇپ: "ئەي ھارامزادە، كۇچۇك شۇنى دېيىشكىلا يەتتىمۇ؟ سەن-زە ھەممىنى بىر چاغلايدىكەنسەن-دە؟" دەپتۇ. غەزىبان بۇ سۆزدىن تېخىمۇ بەك ئاچچىغلىنىپ، مەلىكە ئەبرىزىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈپتۇ، ماللىرىنى ئاتقا ئارتىپ، توگىنى يېتىلەپ، تاققا قاراپ قېچىپتۇ. مەلىكە ئەبرىزە داق يەردە قان بىلەن تۇپراققا مىلىنىپ

يېتىپ، پاخلانىدەك بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. مارجانە ئۇنى تازىلاپ سۈرتۈپ ئانىسىنىڭ يېنىغا ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئۆزى ئۈن سېلىپ يىغلاپتۇ. بېشىغا توپا چېچىپ كىيىملىرىنى يىرتىپتۇ، يۈزلىرىنى تاتىلاپتۇ، چاچلىرىنى يۇلۇپتۇ: "بۇ قانداق زۇلۇم ۋە نىمە دىگەن خورلۇق؟ شۇنداق باتۇر ۋە شۇنداق گۈزەل، ئەخلاقلىق، كېلىشكەن مەلىكىنى بىر تىيىنلىك قىممىتى يوق بىرقارا قول ئۆلتۈردى" دەپ، ئۆزىنى توختىتالماي يىغلاپتۇ. شۇ چاغدا ئەتراپنى قويۇق بىر چاڭ-توزاڭ قاپلاپتۇ. چاڭ سۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ناھايىتى كۆپ ئەسكەر چىقىپتۇ. ئۇلار مەلىكە ئەبرىزىنىڭ ئاتىسى شاھى ھەردۇپ ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئىكەن.

ئەسلى ۋەقە مۇنداق بولغان ئىكەن: مەلىكىنىڭ ئاتىسى — رۇم شاھى ئۆز قىزىنىڭ كېنىزەكلىرى بىلەن باغدادقا قاچقانلىغىنى ۋە شاھ ئومەر ئىبنى نوئماننىڭ سارىيىدا تۇرغانلىغىنى ئاڭلاپتۇ. قىزىنىڭ ھەقىقەتەن شۇ يەردە ئىكەنلىگىنى مۇساپىر ۋە باشقا يولۇچىلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ ئۇقىلى ئۆز كىشىلىرى بىلەن يولغا چىقىپتۇ. ئۆز شەھرىدىن چىقىپ، بىر كۈن يول يۈرۈپ، ئۇزاقتىن كېلىۋاتقان ئۈچ كىشىگە كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇلار: مەلىكە ئەبرىزە، غەزبان ۋە ئۇلارنىڭ كېنىزىگى مارجانە ئىدى. شاھ ئۇلاردىن سوراپ كۆرۈش ئۈچۈن، شۇ تەرەپكە قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىغىنى كۆرگەن غەزبان مەلىكىنى ئۆلتۈرگىنىدىن قورقۇپ، تاققا قاراپ قېچىپتۇ. شاھ ئۇلارغا يېقىنلىشىپ، تۇپراقتا قانغا مىلىنىپ ياتقان قىزىنى، ئۇنىڭ يېنىدا يىغلاپ ئولتۇرغان چورىسىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلارنى بۇ ئەھۋالدا كۆرگەن شاھ ھوشىدىن كېتىپ ئاتتىن يىقىلىپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن

بىللە كەلگەن ھەممە باتۇرلار، ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر دەرھال شۇ تاققا چۈشكۈن تەييارلاپتۇ. شاھ ھەردۇپقا مەخسۇس قۇببە ئورنى-تىلغان يۇملاق چېدىر تىكتۈرۈپتۇ. ساراي ئەھلى چېدىر تاشقىرى-سىدا كۈزىتىپ تۇرۇپتۇ. ئۇز خوجىسىنى كورگەن مارجانەنىڭ يىغىسى يەنە ئەۋج ئاپتۇ. شاھ ھۇشىغا كېلىپ، مارجانىدىن بولغان ۋەقەنى سوراشقا باشلاپتۇ. مارجانە بولغان ۋەقەنى بايان قىپتۇ: "قىزىڭىرنى ئومەر ئىبنى نوئماننىڭ قۇللىرىدىن غەزبان ئىسىملىك قارا قۇل ئولتۇردى" دەپتۇ ئۇ يىغا ئارىلاش. كېيىن ئۇ، شاھ ئومەر ئىبنى نوئماننىڭ مەلىكە ئەبرىزىگە قىلغان ئىشلىرىنى سوز-لەپ بېرىپتۇ. شاھ ھەردۇپ بۇ ئىشلاردىن ۋاقىپ بولۇپ، كوزىگە دۇنيا قاراڭغۇ بولۇپ كورۇنۇپتۇ، ئەلەم بىلەن يىغلاپتۇ. تەختى راۋان ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. قىزىنىڭ جەسىدىنى ئۇنىڭغا سېلىپ، قەيسەرىيەگە قاراپ مېڭىپتۇ. شاھ ھەردۇپ ئانىسى زاتۇد داۋاھى يېنىغا كىرىپ: "موسۇلمانلار قىزىمغا ھەددىدىن ئارتۇق جەۋرى ساپتۇ. شاھ ئومەر ئىبنى نوئمان ئۇنىڭغا زورلۇق-زومبىلىق قىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىر قارا قۇلى قىزىمنى ئولتۇرۇپتۇ: مۇسا پەيغەمبەر ھەققى، قىزىمنىڭ قىساسىنى ئېلىش لازىم. گەردىنىم-دىن بۇ نومۇسنى يۇمغىچە تىنچىمايمەن، بولمىسا ئوزەمنى ئوزەم ئولتۇرىمەن" دەپ يىغلاپتۇ. "قىزىڭنى مارجانىنىڭ ئوزى ئولتۇر-گەن، — دەپتۇ زاتۇد داۋاھى، — قىزىڭ ئۇنى ياخشى كورمەيتتى. مارجانىمۇ قىزىڭغا ئوچ ئىدى. ئۇ، يوشۇرۇنچە ئۇنىڭغا ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگەن، ئەمدى سەن ئۇنىڭدىن ئوچ ئېلىش توغرىسىدا ئالدىراپ كەتمە، قايغۇرما! مۇسا پەيغەمبەر ھەققى، مەن ئاۋال شاھ ئومەر ئىبنى نوئماننى، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلتۇرۇپ قىساس ئالمىغىچە، سىنىڭ ئالدىڭغا كەلمەيمەن. شۇنىڭ-غىچە سەن مارجانىغا تەگمە. مەن بىر ئىش قىلايكى، دۇنيا ھىلە-گەرلىرى بىلەن باتۇرلىرى مېنىڭ بۇ ئىشىمغا ھەيران قالسۇن. ئۇلار بۇ ئىشنى دۇنيانىڭ ھەممە بۇرجەكلىرىدە داستان قىلىشىپ ئوقۇش-سۇن. سەن پەقەت مېنىڭ دېگەنلىرىمنى ئۆز ۋاقتىدا تەييار قىلىشىڭ زۆرۈر. ئەنە شۇ چاغدىلا مەقسىدىڭگە يېتىشىسەن". ئانىسە-دىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ: "مۇسا پەيغەمبەر ھەققى، دېگەنلىرىڭنى ياق دېمەي كەم-كۈتىسىز ئورۇندايمەن" دەپتۇ شاھ ھەردۇپ. "مېنىڭ قېشىمغا كۆكرەكلىرى كۆتىرىلگەن بىرنەچچە قىز كېنىزەكلەرنى ۋە زامانىمىزنىڭ دانالىرىنى قىچقىرىپ بەر، — دەپتۇ زاتۇد داۋاھى، ئۇلارنى مۇكاپاتلايمەن. كېنىزەك قىزلارغا ئىلمى ھېكمەت، ئەدەپ، شاھ بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ھېكمەتلىك سۆزلەرنى سۆزلەش، ۋەز-نۇتۇق سۆزلەشنى ئۆگۈتۈشنى، شېئىرلار يادلاتتۇرۇشنى ھەكىملەرگە بۇيرۇيمەن. دانالار مۇسۇلمانلاردىن بولسۇن. چۈنكى، ئۇلار ئەرەپ ۋەقەلىرى، خەلىپىلەر تارىخى، مەشھۇر ئىسلام شاھلىرى ھەققىدە تەلىم بېرىدىغان بولسۇن. ئون يىل شۇنداق تەييارلىق كۆرسەك، مەقسىدىمىزگە يېتىمىز. ئەرەپلەر: "ئوچ ئېلىش ئۈچۈن قىرىق يىل كېرەك" دېگەن ئىكەن. ھالبۇكى، بىزنىڭ ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن بەلگۈلىگەن ۋاقتىمىز قىسقا. بىز قىز كېنىزەكلەرنى شۇ تەرىقىدە تەربىيىلەپ، كېيىن دۈشمەن ئىچىگە كىرىش تىلىگە-مىزنى ئېيتىمىز. شاھ ئومەر ئىبنى نۇئماننىڭ كېنىزەكلەرنى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چىرايلىق قىزلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى راست. ئۇنىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش ئالتە كېنىزىكى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىڭ بىلەن بارغان ئەك دانا ۋە ناھايىتى باتۇر يۈز كېنە-

زىگىلىڭ بار. بۇ كېنىزەكلەر مەن ئىپتىقاندەك تەربىيىلەنسە، مەن ئۇلارنى ئېلىپ يولغا چىقىمەن." شاھ ھەردۇپ ئانىسى زاتۇد داۋاھە-نىڭ بۇ سوزلىرىدىن ناھايىتى خوش بوپتۇ. ئانىسىنىڭ بېشىنى قۇچاغلاپ سۆيۈپتۇ. شۇ زامان مۇسۇلمان ھەكىملىرىنى تېپىپ كېلىشكە ئەتراپقا كىشى ماڭغۇزۇپتۇ. ئەلچىلەر شاھ ئەمرىنى ئورۇن-داش ئۈچۈن، يىراق شەھەرلەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار، شاھ ئىپتىقان-دەك، ھەكىم ۋە بىلىم ئىگىلىرىنى تېپىپ كېلىپ شاھ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كىرىشىپتۇ. شاھ ئۇلارنى ناھايىتى ئىززەت ۋە ھورمەت بىلەن قارشى ئاپتۇ. باشتىن-ئاياق كىيىم-كېچەك تەقدىم قىلىپ، يۇكسەك مەنسەپ، يۇقۇرى مۇئاش بەلگۈلەپتۇ، بۇيرۇلغان ۋەزىپە-لەرنى بىجىرگەندىن كېيىن، تېخىمۇ كوپ ئىنئاملار بىلەن مۇكاپات-لاشنى ۋەدە قىپتۇ. شۇ ئاندىلا، ئۇلاردىن مەخسۇس تەربىيە ۋە تەلىم ئېلىش ئۈچۈن قىز كېنىزەكلەرنى بەلگىلەپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھەرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.

—ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

شاھ ھەردۇپ تەكلىپ قىلىنغان ئالىملار ۋە پازىللارنى زىيارەت قىلىپ، قىز كېنىزەكلەرنى ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپتۇ. ئۇلارغا ئىسلام تارىخى، ئىلمى ھىكمەت، ئەدەپ-قائىدىلەرنى ئۆگىتىشنى تەكىتلەپتۇ. ئۇلار تاپشۇرۇلغان ۋەزى-پىلەرنى ئوتەشكە جان-دىلى بىلەن كىرىشىپتۇ.



ئەللىك توتىنچى كېچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمدى شاھ ئومەر ئىبنى نوئىمانغا كېلەيلى. شاھ شىكاردىن قايتىپ كېلىپ قەسىرىگە كىرىپ، مەلىكە ئەبرىزىنى ئىستەپتۇ. ئۇنى ئۆز ئۆيىدىن تاپالماپتۇ. ئۇ ھەقتە ھېچكىم ھېچ نىمە دىيەلمەپتۇ. شاھ ئېغىر تەشۋىشكە چۈشۈپتۇ، ئۇ، ئۆزىچە: "قانداق قىلىپ بۇ قەسىردىن چىقىپ كەتكەندۇ؟ — دەپ ئويلاپتۇ، — ئەگەر مېنىڭ شاھلىقىم، ئوردامنىڭ ئىشى شۇ تەخلىتتە بارسا، مەملىكەتنىڭ بەرباد، يۇرتنىڭ خاراپ بولۇشى تۇرغان گەپ. ئەمدى ئىشىكلەرگە ئىشەنچلىك كۆزەتچىلەرنى قويۇپ تەرتىپكە سالماي تۇرۇپ ھەرگىز ئوۋغا چىقمىغايمەن". شاھ ئەبرىزىدىن ئايرىلىپ قالغىنى ئۈچۈن كۆپ بىئارام بوپتۇ، ئۇنىڭ قايغۇسىغا يېڭىدىن قايغۇ قوشۇلۇپتۇ، يۈرىكى ئازاپلىنىپتۇ. شۇ ئارىدا، شاھزادە شەررىكانمۇ سەپەردىن قايتىپ كەپتۇ. ئاتىسى ئۇنىڭغا شىكاردىن قايتقىچە مەلىكە ئەبرىزىنىڭ غايىپ بولغانلىغىنى ئېيتىپتۇ. شەررىكان ئادەتتىن تاشقىرى قايغۇرۇپ-ئېچىنىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، شاھ سەفىيەدىن بولغان باللىرىغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىپتۇ. ئۇلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن قويغان مەخسۇس ئالىملار، ئۇلۇغلارنى قىچقىرتىپتۇ. ئۇلارغا نۇرغۇن ئىنئاملارنى بېرىپتۇ، يۇقۇرى مەرتىۋىلەرنى بەلگۈلەپتۇ. بۇنى كۆرۈپ شەررىكانىنىڭ غەزىۋى تېخىمۇ ئۆرلەپتۇ. رەشك-كۈنچىلىكى رەڭگى-روييدىنمۇ بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. شۇ سەۋەپتىن ناھايىتى كۆپ ئاغرىپ قالىدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى ئاتىسى شەررىكانغا: "نەزەر سالسام كۈندىن-كۈنگە رەڭگىڭ سارغىيىپ سالامەتلىگىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ساڭا نىمە بولدى؟" دەپ سوراپتۇ. "شۇنداق، ھەر ۋاقىت سىزنىڭ ئۆكىلىرىمغا چىرايلىق مۇئامىلە قىلغانلىغىڭىزنى، ئۇلارنىڭ تەربىيىسىگە ئارتۇقچە ئەھمە-

يەت بېرىپ، كوڭۈل بولگەنلىگىڭىزنى ئاڭلىسام، ئىچىمنىڭ تارلىغى كېلىپ غەزىۋىم ئۇرلەيدۇ. ئىش مۇشۇنداق بولىۋەرسە، ئوچمەنلە- گىم كۆچىيىپ ئۇلارنى ئۇلتۇرۇپ قويۇشۇم، بۇنىڭ ئۈچۈن سىزمۇ مېنى ئۇلتۇرۇپ قويۇشىڭىز ئېنىق دەپ قورقىمەن. رەڭگىمنىڭ سارغىيىشىنىڭ سەۋەۋى مانا شۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا بىرەر شەھەر ياكى قورغاننى بەرسىڭىز، فالغان ئۆمرۈمنى شۇ يەردە ئۆتكەزسەم، دەپ ئارزۇ قىلىمەن، بىلىملىك كىشىلەرنىڭ: سۆيگۈنۈڭدىن يىراق- راقتا تۇرۇش سەن ئۈچۈن ياخشىراق ۋە پايدىلىغراق، كوزۇڭ كورمەيدۇ، كورمىگەندىن كېيىن دىلىڭ رەنجىمەيدۇ، دىگىنى بويىچە ئىش قىلىپ باقاي" دەپ، بېشىنى توۋەن سېلىپ تۇرۇپتۇ. شاھ ئومەر ئىبنى نوئمان بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ئوغلىنىڭ خاپىلىغىنىڭ سەۋەۋىنى ئۇقۇپتۇ. ئۇنىڭ كوڭلىنى ئوستۇرۇشكە ھەركەت قىلىپ: "ئىستىگەن شەھرىڭنى بېرىشىم مومكىن. مېنىڭ شەھەرلىرىم ئارد- سىدا، دەمەشقتىن چوڭراق ۋە ئاۋاتراق، ئۇنىڭدىنمۇ كوركەمراق، ياخشىراق يەر يوق. ھازىردىن باشلاپ ساڭا دەمەشقنى بەردىم" دەپ، مىرزىسىنى قىچقىرتىپ، ئوغلى شەرركاننىڭ نامىغا بۇيرۇق يازدۇرۇپ بېرىپتۇ. شەرركان زورۇر جابدۇقلار بىلەن تەمىنلىنىپتۇ، ئۇ، ئوزى بىلەن ۋەزىر دەنداننى، ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، دەمەشققە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. شاھ ۋە ئەمىرلەر، باشقا ھەممە ساراي ئەھلى شەرركان بىلەن خوشلىشىپتۇ. شەرركان دەمەشققە يېتىپ بارغان ھامان پۈتۈن دەمەشق ئاھالىسى ئۇنى قارشى ئېلىپ، ناغرا، كاناي، سۇناي چېلىپ ئالدىغا چىقىپتۇ؛ شەھەرنى زىنننەت- لەپتۇ؛ ئۇنىڭ ئالدىغا يەنە دەمەشقتىكى چوڭ بىر گۇرۇھ ئەس- كەرلەرمۇ، باشلىقلىرى بىلەن چىقىپتۇ. ئوردىدا ئوڭ تەرەپتە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇرىدىغان ساراي ئەمەلدارلىرى يولىنىڭ ئوڭ قاسنىقىدا، سول تەرەپتە تۇرىدىغان ئەمىرلەر، يولنىڭ سول قاسنىقىدا سەپ تارتىپ تۇرۇپ قارشى ئاپتۇ ۋە شۇنداق سەلتەنەت بىلەن شەھەرگە كىرىپ قەسىرگە بېرىپتۇ.

شەرىكان كەتكەندىن كېيىن ھەكىملەر ئومەر ئىبنى نوئمانىنىڭ ئالدىغا كىرىپ: "ئەي خوجىمىز، بالىلىرىڭىز ئىلمۇ ھېكمەتنى، ئەدەپ-ئەخلاقنى، مۇئامىلىنى تولۇق ئۆگەندى" دېيىشىپتۇ. شاھ ناھايىتى خوش بولۇپ، ھېكىملەرگە كوپ نەرسىلەرنى ئىنئام قىپتۇ. زۇئۇلماكان ئون توت ياشقا كىرگەندە، ئات مىنىدىغان، دىنى ئىبادەتلەرنى قىلىدىغان، پېقىرلارنى، بىلىم ئەھلىلىرىنى ۋە ئۇلۇغلارنى ياخشى كورۇپ ھورمەتلەيدىغان بولۇپ يېتىشىپتۇ. بىر كۈنى زۇئۇلماكان باغداد ئارقىلىق ئوتۇپ مەككىنى زىيارەت قىلغۇچى يولوچىلارنى كورۇپتۇ. ئۇنىڭ دىلىدا مەككىگە بېرىش ئارزۇسى تۇغۇلۇپتۇ. ئاتىسى يېنىغا كىرىپ: "مەككىگە بېرىش ئۇچۇن رۇخسەت سورايمەن" دەپتۇ. ئاتىسى رازىلىق بەرمەي: "سەۋرى قىل! كېلەر يىلى ئوزەم مەككىگە بارىمەن. شۇ چاغدا سېنىمۇ بىللە ئېلىپ باراي" دەپتۇ. ئىشنىڭ كېيىنگە سۇرۇلگىنىگە كوزى يەتكەن زۇئۇلماكان ئاچىسى نۇزھەتۇززاماننىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. نۇزھەتۇززامان ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن، ئۇ، نامىزىنى توگەتكەندىن كېيىن، زۇئۇلماكان: ماڭا ھەج تاۋاپ قىلىش، پەيغەمبەر قەۋرىسىنى زىيارەت قىلىش ئىشتىياقى چۈشتى. بۇ ئىشقا ئاتىمىزدىن رۇخسەت سورىسام رازىلىق بەرمىدى. بىر ئاز پۇل ئېلىپ، ئۇلارغا بىلدۇرمەي، يوشۇرۇنچە مېڭىش نىيىتىگە كەلدىم". دەپتۇ. "خۇدا ھەققى، مېنىمۇ بىللە ئېلىپ بار، — دەپتۇ نۇزھەتۇززامان يىغلاپ تۇرۇپ، — ھەج

تاۋاپ قىلىش ۋە پەيغەمبەر قەۋرىسىنى زىيارەت قىلىشتىن مېنى مەھرۇم قىلما!" "ئانداق بولسا يېرىم كېچىدە ھېچكىمگە بىلىندۇرمەي بۇ يەردىن چىق!" دەپتۇ زۇئۇلماكان ئاچىسىغا.

يېرىم كېچىدە نۇزھەتۇززامان ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، ئەرلەرچە كىيىنىپتۇ، بىر ئاز پۇل ئاپتۇ، كېيىن ئۇكىسى تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇكىسى زۇئۇلماكان قەسىر ئىشىكى ئالدىدا توگە ھازىرلاپ تۇرغان ئىكەن. ئۇزىمۇ توگىگە مىنىپتۇ، ئاچىسىنىمۇ توگىگە مىندۇرۇپتۇ؛ تۈن قاراڭغۇسىدا يولغا چۇشۇپتۇ. بىر ئاز يۇرۇپ بىر توپ كارۋانلارغا يېتىشىۋاپتۇ. يەنە بىر قانچە چاقىرىم يول يۇرۇپ ئىراق كارۋانلىرىغا قوشۇلۇپتۇ. تىنىمسىز يول يۇرۇپ، يولنى ئازماي مول يۇرۇپ، ساق ـ سالامەت مەككىگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئەرەپات تېغىغا چىقىپتۇ، ھەج قائىدىلىرىغا مۇۋاپىق بارچە رەسمىيەتلەرنى ئادا قىپتۇ. پەيغەمبەر قەۋرىسىنى زىيارەت قىپتۇ. ئاخىرى ھەج قىلىدىغانلار بىلەن بىللە ئىشنى توگىتىپ ئوز شەھرىگە قايتماقچى بوپتۇ. شۇ چاغدا زۇئۇلماكان: "مەن قۇددۇس شەھرىگە بېرىپ ئىبراھىم خەلىلۇللاھنى زىيارەت قىلىشنى ئىستەيمەن" دەپتۇ ئاچىسىغا. "مەنمۇ بىللە بارىمەن" دەپتۇ ئاچىسى. ئىككىسى بىللە بېرىشنى قارار قىلىپ، كىراكەش توگىچىلەرنى ئىستەپتۇ. باشقا يول ھازىرلىقلىرىنى قىلىپ يولۇچىلار بىلەن بىللە يولغا چىقىپتۇ. شۇ كېچىسى نۇزھەتۇززاماننىڭ بويى قىزىپ قاپتۇ. خېلى بىئارام بوپتۇ. بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇنىڭ ساقىيىشىغا زۇئۇلماكان ناھايىتى قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ. ئاچىسى ئۇنى پەرۋىش قىلىپ بېقىپتۇ. كېچە ـ كۇندۇز يول يۇرۇپتۇ. قۇددۇس شەھرىگە يېتىپ بېرىشىپتۇ. زۇئۇلماكاننىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپتۇ. ئۇلار كارۋان سارايغا

چۈشۈپ، بىر ھۆجرا ئېلىپ بىللە تۇرۇشۇپتۇ، زۇئۇلماكاننىڭ كېسىلى يېنىكلەشمەي، بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ بېرىپتۇ. ئاخىر ھالـ دىن كېتىپ، ھۇشسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ. ئاچىسى خىيالغا چۆمۈپتۇ: "خۇدانىڭ خالىغىنى شۇ ئىكەن، نىمە قىلسا ئۆزى بىلىپ قىلىدۇ" دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار شۇ سارايدا تۇرۇپ قاپتۇ. زۇئۇلماكان بىر ئاز تۈزۈلۈپتۇ. نۇزھەتۇززاماننىڭ پۇلى تۈگەپتۇ. بىر تىللا ئۇياقتا تۇرسۇن، بىر تەڭگىمۇ قالماپتۇ، ئۇزىنىڭ كىيىملىرىدىن بىرسىنى سېتىپ كېلىشكە سارايدىكى بالىلاردىن بىرىنى ماقۇل قىپتۇ. بالا كىيىم سېتىپ كەلگەن پۇلنىمۇ ئۇكىسىغا سەرىپ قىلىپ تۈگىتىپتۇ. باشقا نەرسىلىرىنىمۇ سېتىپتۇ، ئۇنىڭ پۇلىنىمۇ خەجلەپ تۈگىتىپتۇ. شۇ يوسۇندا بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرىنى ساتتۇرۇپ، ھەممە نەرسىسىنى تۈگىتىپتۇ. بېشىدا يىرتىق رومالىمۇ قالماپتۇ. قىز يىغلاپتۇ. "ئاۋال ـ ئاخىر ھەممىسى خۇدانىڭ ھوكمى" دەپتۇ ئۇ ئۆزىگە ئۆزى. زۇئۇلماكان كوزىنى ئېچىپ: "سەل تۈزەلگەندەك قىلىمەن. كېسىلىم ساقىيىش تەرەپكە يۈزلەنگەندەك قىلىدۇ. ئەمما كوڭلۇم بىر ئاز گوش ياكى تاتلىغراق نەرسە تارتىۋاتىدۇ" دەپتۇ ئاچىسىغا. "ئەپسۇسكى، قولىمىزدا ھېچ نەرسە قالمىدى. گادايلىق قىلىشقا يۈزۈم چىدىمايدۇ. ئەتىلىككە بىرەر دولەتلىك ئادەمنىڭ ئويىگە بېرىپ خىزمىتىنى قىلاي، شۇنىڭ بەرگەن ئىش ھەققىگە يېگۈدەك بىرەرنەرسە تېپىپ كەلسەم ئەجەپ ئەمەس" دەپتۇ نۇزھەتۇززامان. كېيىن ئۇ نىمىنىدۇر ئويلاپ، جىم بولۇپ قاپتۇ: "سېنى بۇ ئەھۋالدا تاشلاپ چىقىپ كەتكىلى تېخى بولمايدۇ. لېكىن، ئوزۇق ـ تۈلۈككە مۇھتاجمىز، يالغۇز تاشلاپ چىقماقتىن باشقا چارە يوق". "ئىزـ زەت ـ ھورمىتىمىزدىن ئايرىلىپ خورلانساقمۇ مەيلى، چۈنكى خۇداـ

دىن باشـقا ھېچ نەرسىمىز يوق. خۇدا ئۆزى ھەر نەرسىگە ئىگە، خۇداغا سېغىنىشتىن باشقا ئامال يوق" دەپتۇ زۇئۇلماكان. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىسى يىغلاپتۇ. "ئەي ئۇكام، — دەپتۇ نۇزھەتۇززامان، — بىز مۇساپىر، بۇ يەردە تۇرغىنىمىزغا بىر يىل بولدى. ئەھۋالىمىز مۇشۇ. بىرەر ئادەم ھالىمىزدىن خەۋەر ئالمىدى. ئەمدى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالماسلىق ئۈچۈن، سەن تۈزەلگىچە كوچىغا چىقىپ كىشىلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلاي. بىرەر نەرسە تېپىشنىڭ ئامالىنى ئىستەپ كۆرەي. سەن تۈزەلگەندىن كېيىن شەھىرىمىزگە قايتىمىز". نۇزھەتۇززامان شۇ سۆزنى ئېيتىپ، خېلىغىچە جىم بولۇپ قاپتۇ. كۆزلىرىدىن تىنماي ياش ئېقىپتۇ. ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ، توگىچىلەرنىڭ كىيىمىدىن يىرتىلىپ قالغان بىر پارچە لاتىنى بېشىغا ئارتىپ، ئۇكىسىنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ قويۇپ، يىغلىغانچە سىرتقا چىقىپ، بېشى قايغان، كۆڭلى تارتقان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. نۇزھەتۇززامان كەتكەندىن كېيىن، ئىنىسى ئۇنى كۈتۈپ يېتىپتۇ. نامازشامغىچە قاراپتۇ، ئۇ كەلمەپتۇ. ئىشىك تىرىق قىلسا ياكى باشقا بىرەر شەپە ئاڭلانسا، ئۇ تەلمۈرۈپ قاراپتۇ. نۇزھەتۇززاماندىن ھېچ بىر ئەسەر بولماپتۇ. شۇ بويىچە ئىككى كۈن تەلمۈرۈپ كۈتۈپتۇ. نۇزھەتۇززامان قايتىپ كەلمەپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن ھېچ بىر دېرەكمۇ بولماپتۇ. ئۇكىسى بەك ئەنسىرەپتۇ. ئۇنى بىر تەرەپتىن ئاچلىق قىيناسا، ئىككىنچى تەرەپتىن ئاچىسىنىڭ يوقالغانلىقى ئازاپلاپتۇ. ئۆمىلەپ-تەمتىلەپ يۈرۈپ، ھۇجرىدىن چىقىپتۇ. ساراي خىزمەتچىسىنى قىچقىرىپ: "مېنى بازارغا ئاپىرىپ قوي!" دەپتۇ. خىزمەتچى ئۇنى ھاپاچ قىلىپ، بازارغا يەتكۈزۈپ قويۇپ قايتىپتۇ. قۇددۇسلۇق يولۇچىلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىپ، ئەھۋالىغا ئېچىنىپ يىغلاپتۇ. زۇئۇلماكان ئىشارەت قىلىپ، بىرەر

نەرسە يېيىش تىلىگىنى بىلدۈرۈپتۇ، بازاردىكى سودىگەرلەردىن بىرى پارچە پۇل يىغىشىپ بىر مۇنچە تاماق سېتىپ ئېلىپ كېلىشىپتۇ. كېيىن ئۇنى كوتۇرۇشۇپ، بوش بىر دۇكانغا ئېلىپ بېرىپ قويۇشۇپتۇ. ئەسكى-تۈسكى، پارچە-پۇرات نەرسىلەرنى تېگىگە سېلىپ ياتقۇزۇپتۇ. بېشىغا بىرقاچىدا سۇ قويۇپ قويۇپتۇ. كەچ بولغاندا ئادەملەر بۇ بىچارىنىڭ ئەھۋالىغا ئېچىنىپ قايغۇرۇپ كېتىشىپتۇ. زۇئۇلماكان يېرىم كېچىدە ئاچىسىنى ئەسلەپتۇ. دەرمانى كېتىپ، يېيىش-ئىچىشتىن قاپتۇ، ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا بازارغا كەلگەن كىشىلەر بىرلىشىپ، ئوتتۇز تەڭگە يىغىپ، كىراكەش توگىچىلەرنىڭ بىرىگە بېرىپ: "بۇنى توگىگە ئارتىپ، دەمەشقتىكى شىپاخانىغا يەتكۈزۈپ قوي! ئۇ يەردە داۋالىنىپ ساقايسا ھەجەپ ئەمەس" دېيىشىپتۇ. توگىچى ئۇلارغا: "خوپ!" دەپتۇ. ئەمما ئىچىدە: "بۇ ئۆلەي دەپ قالغان كېسەلنى دەمەشققە قانداق ئېلىپ بارىمەن" دەپتۇ. ئۇنى بۇ يەردىن ئېلىپ بېرىپ، قاراڭغۇ چۈشكىچە بىر خالى يەردە ياتقۇزۇپ ساقلاپتۇ. كەچقۇرۇن گۈلەخقە تاشلاپ قويۇپ، ئۆز يولىغا كېتىپتۇ، تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، گۈلەخچى ئوت قالاپ كۆل تازىلاش ئۈچۈن ئىشقا كەپتۇ. ئۇ يەردە كۆلدە ياتقان بىر كېسەلنى كورۇپتۇ. "بۇ ئۆلۈمتۈكنى نىمىشقا بۇ يەرگە كەلتۈرۈپ تاشلىدىكىنا؟" دەپتۇ گۈلەخچى ئوزىگە. ئۇ، بۇ بىچارىنى ئايىغى بىلەن تۇرتۇپتۇ. ئاغرىق مىدىرلاپتۇ. ئوت قالىغۇچى: "بۇ، بىر خام بەڭنى يەپ، قەيەر توغرا كەلسە شۇ يەردە يېتىپ قالىدىغان كوكنار بەڭگىلەردىن بىرى بولسا كېرەك" دەپ ئويلاپتۇ. يېقىن كېلىپ قارىسا، ئۇنىڭ يۈزىگە تېخى ساقالمۇ چىقمىغان ناھايىتى كوركەم ۋە چىرايلىق ئىكەن. گۈلەخ-چىنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ، ئۇنىڭ بىر مۇساپىر ئاغرىق ئىكەنلى-

ڭىگە كوزى يېتىپتۇ. "مەن بۇ بالىغا جەۋرى قىلدىم، بۇنىڭ ئۈچۈن تۇۋا" دەپتۇ ئۆزىگە ئۆزى. كېيىن "مۇساپىرنى، بولۇپمۇ ئاغرىق ئادەمنى ھورمەت قىلىشنى پەيغەمبىرىمىز بۇيرۇغان" دەپ ئۇنى كوتۇرۇپ، ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. خوتۇنىغا ئۇنى يۇمشاق كورپە-ياستۇق ئۈستىگە ياتقۇزۇشنى، ئۇنىڭ كېسىلىگە قاراشنى بۇيرۇپتۇ. خوتۇن ئۇنىڭغا ئورۇن ھازىرلاپتۇ. سۇ ئېلىپ كېلىپ، يۈز-قوللىرىنى، ئاياقلىرىنى تازىلاپ يۇيۇپتۇ. گۈلەخچى بازاردىن شەرۋەت ئېلىپ كېلىپ ئىچكۈزۈپتۇ. يۈزلىرىگە ئەتىرە چېچىپتۇ. تازا كىيىملەرنى كىيگۈزۈپتۇ. يىگىتتە ساقىيىشنىڭ ئالامەتلىرى كورۇنۇپتۇ. ئۇ، ياستۇققا يولىنىپ ئولتۇرىدىغان بوپتۇ. گۈلەخچى بۇنى كورۇپ ناھايىتى چەكسىز خوش بوپتۇ. بۇ يىگىتنىڭ ساقايغىنى ئۈچۈن خۇداغا شۈكرىلەر ئېيتىپ: "ئەي خۇدا، بار قۇدرىتىڭ بىلەن بۇ يىگىتكە مېنىڭ ئويۇمدە، مېنىڭ قولۇمدا شىپالىق بېرىشىڭنى سورايمەن" دەپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



ئەللىك بەشىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

گۈلەخچى ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن شەرۋەت ئىچكۈزۈپتۇ، ئەتىرە چېچىپتۇ، قولىدىن كەلگىنىچە تەربىيە قىپتۇ. چىرايلىق سوزلەر بىلەن كوڭلىنى كوتۇرۇپتۇ. گۈلەخچى ئۈچ كېچە-كۈندۈز گىچە، بىر قەدەم نېرى ماڭماي، ئۇنى كۈتۈپتۇ. يىگىت خېلى ساقىيىپتۇ. بىر كۈنى

www.uyghurkitap.com

گۈلەخچى ئۆيىگە كىرىپ قارىسا، ئۇ خېلى دەرمانىغا كېلىپ قالغان، ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرغىنىنى كورۇپتۇ. "هالىڭ قانداق، ئوغلۇم؟!" دەپ سوراپتۇ زۇئۇلماكاندىن. "ناهايىتى ياخشى، تاغا!" دەپتۇ ئۇ. گۈلەخچى خۇداغا شۈكرى قىپتۇ. كېيىن ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ بازارغا بېرىپتۇ، بىر قانچە چۈجە سېتىپ ئېلىپ كېلىپ، خوتۇنىغا: "هەر كۈنى ئىككىسىنى سويۇپ، ئەتتىگەندە بىرنى، كەچقۇرۇندا بىرنى شورپا قىلىپ ئىچكۈزگىن" دەپتۇ. خوتۇنى چۈجىلەرنى پىشۇرۇپ، ئېرى دېگەندەك قىلىپ بېرىپتۇ. يىگىت ئۇنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئولتۇرۇپ تاماق يېگىدەك بوپتۇ. گۈلەخچى ئۇنى بۇ هالدا كورۇپ سۆيۈنۈپتۇ. ئەھۋال سوراپتۇ. بازاردىن شەرۋەت ئارىلاشتۇرۇلغان دورىلارنى ئېلىپ كېلىپ ئىچكۈزۈپتۇ. خوتۇنى زۇئۇلماكاننىڭ يۈزىنى ۋە پۇت-قولىنى هەر كۈنى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇپ تۇرۇپتۇ. زۇئۇلماكان دورىنى ئىچىپ ئۇيقىغا كېتىپتۇ. ئۇ، شۇ كۈنى كەچكىچە ئۇخلاپتۇ. ئويغانغاندىن كېيىن، گۈلەخچىنىڭ خوتۇنى كەچقۇرۇنلۇق تاماققا يەنە بىر يېگىدىن تەييارلانغان چۈجىنىڭ شورپىسىنى ئېلىپ كېلىپ ئىچكۈزۈپتۇ. گوشىنى پارچىلاپ تۇرۇپ: "ئال، ئىچ، يە ئوغلۇم" دەپتۇ. زۇئۇلماكان تاماق يەپ ئولتۇرغاندا، گۈلەخچى كىرىپتۇ. قارىسا، يىگىت ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقان. ئۇنىڭ ئورنىنىڭ باش تەرىپىگە ئوتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. "ئەھۋالىڭ قانداق ئوغلۇم؟" دەپ ئەھۋال سوراپتۇ گۈلەخچى ئۇنىڭدىن. "ناهايىتى ياخشى، رەخمەت سىزگە تاغا، خۇدا سىزگىمۇ رەخمەت قىلسۇن!" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ، زۇئۇلماكان مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ. گۈلەخچى ئۆيىدىن چىقىپ بازارغا بېرىپ، گۈلنەپشە مۇرەببابىسى ۋە گۇلاپ ئېلىپ

كەپتۇ. ئۇنى زۇئۇلـماكانـغا ئىچكۈزۈپـتۇ. گۈلەخچـى هامامـدىن كۆنلىگىگە بەش تەڭگە ئالىدىكەن. بىر تەڭگىگە ئاغرىقنا شەرۋەت، گۈلاپ، گۈلنەپشە مۇرەبباسى ۋە بىر تەڭگىگە چۈجە سېتىپ ئېلىپ كېلىپ بېرىدىـكەن. ياخـشى سوزلەرنى قىلىـپ، ئۇنىڭ كوڭلىـنى ئېچىـپ، خاتىـرجەم قىلىدىـكەن. زۇئۇلـماكان راسا بىر ئاي شۇ يوسۇندا كۈتۈلۈپتۇ. يىگىتتە هېچقانداق كېسەل ئالامىتى قالماپـتۇ. ئۇنىڭ ساقايغىنىنى كورۇپ، ئەر-خوتۇن خوش بوپـتۇ، دىلـلىرى سۇيۇنۇپتۇ. "ئەي ئوغلۇم، هامامغا ئېلىپ بارايمۇ؟" دەپ سوراپتۇ گۈلەخچى. "ئەگەر ئېغىر كەلمىـسە، هامامـغا بېرىـش كوڭۈلـلۈك بولغان بولاتتى" دەپتۇ زۇئۇلـماكان. گۈلەخچـى بازارغا بېرىـپ، كىراكەشلەردىن بىر ئېشەكنى كىرا قىلىـپ ئېلىـپ كەپـتۇ ۋە زۇئۇلماكاننى شۇ ئېشەككە مىندۇرۇپ، ئوزى ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىـنى تۇتۇپ هامامغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇنى هامامغا كىرگۈزۈپ قويۇپ، ئوزى بازارغا بېرىپ مىسىردا هامامغا خـاس قىلىـپ ئىشلەنـگەن بەدەن تازىلىغۇچى ئاغىچا يۇغۇچلىرىـدىن سېتىـپ ئېلىـپ كېلىـپ بېرىپـتۇ. زۇئۇلماكان هامـامدىن چىققاندىن كېيىـن، گۈلەخچـى ئۇنىڭغا سەترىاچنى باشلاپ كېلىپ، بېشىنى چۈشۈرتۈپـتۇ، يېڭـى كىيىملەرنى كىيگۈزۈپتۇ، يەنە ئويىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. هېيت-ئايەم كۈنلىرى بېشىغا ئورايدىغان سەللىسىنى، بېلىگە باغلايدىغان كەمەرلىرىنى تەقدىم قىپتۇ. گۈلەخچـىنىڭ خـوتۇنى پـىشۇرغان ئىككى چۈجىنى شورپىسى بىلەن ئېلىپ كېلىپ دەستىخانغا قويۇپتۇ. گۈلەخچى ئۇنىڭغا بىهى مۇرابـباسى بىلەن شەرۋەتـنى قويۇپتۇ. زۇئۇلماكان ئۇلار بىلەن ئولتۇرۇپ گوش يەپ، شورپا ئىچىپتۇ. زۇئۇلماكان ئوبدان تويۇپتۇ، قول يۇيۇپتۇ. ساقايغىنى ئۈچۈن خۇداغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۈكرىلەر قىپتۇ. "مېنىڭ شىپالىق تېپىپ ساقىيىشىمغا خۇدا سىزنى سەۋەبچى قىلغان ئىكەن" دەپتۇ زۇئۇلماكان. "بۇ گەپلەرنى قوي، سەن ئاۋال بۇ شەھەرگە كېلىشىڭنىڭ سەۋەبىنى بىزگە سۆزلەپ بەر. ئۆزەڭ قەيەرلىكسەن؟ يۇزۇڭدىن، مۇئامىلەڭدىن دولەتلىك ئائىلىنىڭ ئۇرۇغى ئىكەنلىكىڭ چىقىپ تۇرۇپتۇ" دەپتۇ گۈلەخچى. "ئاۋال سىز دەپ بېرىڭ، مېنى سىز قەيەردىن تاپتىڭىز؟ سىزدىن كېيىن مەن ئۆز سەرگۈزەشتىمنى سۆزلەي" دەپتۇ زۇئۇلماكان. "تاڭ ئاتار چاغدا ئىشقا بارغان ئىدىم، گۈلەختە كۆلگە مىلىنىپ يېتىپسەن. كىم ئېلىپ كېلىپ تاشلىغىنىنى بىلمەيمەن. رەھىم كېلىپ سېنى ئۆيگە ئېلىپ كەلدىم. مانا مېنىڭ بىلگىنىم" دەپتۇ گۈلەخچى. "تاشلاندۇق سۆڭەكلەرنى تىرىلدۈرگۈچىگە شان-شەرەپلەر بولسۇن! ياخشىلىقنى سىز زايە كەتمەيدىغان ۋە ئۇنى بىلىدىغان ئادەمگە قىپسىز. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ دولىتىنى كورىسىز. ھازىر قايسى شەھەردىمەن" دەپ سوراپتۇ زۇئۇلماكان. "قۇددۇس شېرىپتا" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ گۈلەخچى. زۇئۇلماكان غېرىپلىقتا ئاچىسىدىن ئايرىلغىنىنى ئەسلەپ يىغلاپتۇ. ئۇزىنىڭ قايسى يورتتىن ئىكەنلىگىنى گۈلەخچىگە ئېيتىپ بېرىپتۇ. بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۇنىڭغا دەپ كېلىپ مۇنۇ شېرنى ئوقۇپتۇ:

ئۇلارنىڭ ئىشقى بىلەن بولدى قىيامەت،
كەلدى شۇلار ھىجرىدىن جېنىمغا ئاپەت.
"قىلدى ماڭا بىگانە-ياتلار شاپائەت،
نېچۈك سەندىن كەلمىدى ماڭا ھالاۋەت.

قىلماڭ بېخىللىق ھەرگىز، قىل نەزەر-گوزەر،
شۇنىڭ بىرلە يوق بولغاي مۇشكۇل-مالامەت.

"چىدىغىل ھىجرانىغا" دىسەم، دىلىم دەر:
"ماڭا ئادەت ئەمەستۇر سەۋرى ھەم تاقەت".

شېرنى ئۇقۇپ بولغاندىن كېيىن، زۇئۇلماكاننىڭ كوزىدىن ياش قۇيۇلۇپتۇ. "يىغلىما، جېنىڭنىڭ سالامەت قالغانلىغىغا شۇكرى قىل!" دەپتۇ گۇلەخچى. "بۇ يەردىن دەمەشقنىڭ ئارىلىغى قانچە كۈنلۈك يول؟" دەپ سوراپتۇ زۇئۇلماكان. "ئالتە كۈنلۈك يول!" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ گۇلەخچى. "مېنى دەمەشققە يولغا سالالامسىز؟" دەپتۇ زۇئۇلماكان. "سېنى يالغۇز قانداق قىلىپ يولغا سېلىشقا بولۇدۇ؟ سەن ياش يىگىت سەن. ئەگەردە، دەمەشققە يېتىش نىيىتىڭ بولسا، سېنى ئۇزەم بىللە ئېلىپ باراي، خوتۇنۇم كونسە، ئۇنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتەيلى. مەنمۇ ئۇ يەرنى كورۇپ باقاي. سەندىن ئايرىلىپ بۇ يەردە قېلىشقا تاقىتىم يوق" دەپتۇ گۇلەخچى، كېيىن خوتۇنىغا قاراپ: "مېھمانىمىز دەمەشققە بېرىشنى ئاررزۇ قىلىۋاتىدۇ. مەن ئۇزەم ھەمرا بولۇپ بىللە ئېلىپ بارىمەن. يول توسقۇچى قاراقچىلاردىن ئەنسىرەيمەن، سەنمۇ بىز بىلەن بىللە بارامسەن ياكى بۇ يەردە قالامسەن؟ سەن قالغۇدەك بولساڭ، مەن يەنە قايتىپ كېلىمەن". "مەنمۇ سىزلەر بىلەن بىللە كېتىمەن" دەپتۇ گۇلەخچىنىڭ خوتۇنى. مەسلىھەت بىر يەردىن چىققىنى ئۇچۇن، گۇلەخچى خوش بوپتۇ. خۇداغا شۇكرىلەر قىپتۇ. گۇلەخچى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇزىنىڭ ۋە خوتۇنىنىڭ ئارتۇق نەرسىلىرىنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ سېتىپتۇ، كېيىن ئويىنىمۇ سېتىپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

—ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.



ئەللىك ئالتىنچى كېچە

گۈلەخچى خوتۇنى، زۇئۇلماكان بىلەن بىللە ساتقان نەرسىلىرىنىڭ پۇلىغا بىر ئىشەك سېتىپ ئاپتۇ. قالغان پۇلىنى يول خىراجىتى قىلىپ زۇئۇلماكاننى ئىشەككە مىندۈرۈپ دەمەشققە قاراپ مېڭىپتۇ. ئالتە كۈن يول يۈرۈپ كەچ-قۇرۇنلىغى دەمەشققە كەپتۇ. گۈلەخچى يەمەك-ئىچمەك ئۈچۈن ئاز-تولا ئوزۇق-تۈلۈك تېپىپ كېلىشكە كېتىپ، كەچقۇرۇنلۇغى بازاردىن ئادەتتىكىدەك بەزى بىر نەرسە-كېرەك سېتىپ ئېلىپ كەپتۇ. دەمەشقتە بەش كۈن شۇ يوسۇندا كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئالتىنچى كۈنى گۈلەخچىنىڭ خوتۇنى تۇيۇقسىز ئاغرىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. بىچارە ئايال بىر نەچچە كۈن يېتىپلا دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ. بۇ ئەھۋال زۇئۇلماكانغا ئىنتايىن قاتتىق تەسىر قىپتۇ. ئايالنىڭ زۇئۇلماكاننى ساقايتىشقا كۆپ ئەمگىكى سىڭگىنى ئۈچۈن، ئۇ، مەرھۇمەگە ئۆگىنىپ قالغان ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق قايغۇرۇپ يىغلاپتۇ. ئاخىرى ئۇلار بىر-بىرىگە "سەۋرى قىلايلى، بىر كۈنى ھەممىمىز مۇشۇ ئىشىككە كىرىمىز" دەپ تەسەللى بېرىشىپتۇ. مەرھۇمەنى دەپنى قىلىپتۇ. "ئەي ئوغلۇم، ئەمدى خۇدا سېنىڭ ئىشلىرىڭنى ئاسان قىلسۇن — دەپتۇ زۇئۇلماكانغا، — خۇدايى تائالا ئۆز كەرەمى بىلەن بىزگە سەۋرى ئاتا قىلىپ قايغۇمىزنى بېشىمىزدىن كۆتەرسۇن؛ كۆڭلىمىزگە تەسكىن بېرىش ئۈچۈن كوچىغا چىقىپ ئايلىنىپ

كىرەيلى، دەمەشقنىڭ ئاجايىپ-غارايىپلىرىنى تاماشا قىلايلى".
"ئىختىيارسىزدە" دەپتۇ گۈلەخچىگە زۇئۇلماكان. ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. زۇئۇلماكان بىلەن ئىككىسى كوچىغا چىقىپتۇ. كوچا ئايلىنىپ دەمەشق ئەمرىنىڭ ئاشخانىسىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئۇ يەردە، ساندۇقلار، گىلەملەر ۋە ھەر خىل يىپەك رەختلەر ۋە باشقا نەرسىلەر ئارتىلغان توگىلەر، ئىگەرلەنگەن ئاتلار، كېنىزەكلەر، قۇللارنى كورۇپتۇ. ئادەملەر ھاياجاندا ئىكەن. "بۇ قۇللار، بۇ كېنىزەكلەر، بۇ رەختلەر، گىلەملەر،ماللار قەيەرگە بارىدۇ؟" دەپ سوراپتۇ زۇئۇلماكان تاماشا قىلىپ تۇرغانلارنىڭ ئىچىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ بىرسىدىن. "دەمەشق ئەمرىنىڭ سوغىسى، ئەمىر بۇ ماللارنى باغدادقا — شاھ ئومەر ئىبنى نوئمانغا شامنىڭ خىراجى بىلەن بىللە ئەۋەتمەكچى" دەپتۇ. زۇئۇلماكان ئاتىسىنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، تۇغۇلۇپ ئوسكەن يۇرتى باغدادنى ھەم ئاتىسىنى ئەسلەپ، كوزلىرىگە لىققىدە ياش ئاپتۇ ۋە بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

دوستلىرىم ئىزلەپ سېنى،
ھەر زامان ئاۋارىمەن.
بىللە يۇرگەن چاغلىرىمنى،
ئەسلەپ يانا بىچارىمەن.

ياخشىلىقنى كورمىدىم مەن،
سىزدىن ئايرىلغاندىن بېرى.
دائىما غەمكىن يۇرۇپ،
دىدارىڭىزغا زارىمەن.

* * *

ئاھىكىم، بۇگۇن يىراق سىز كوزلىرىمدىن يارلار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نامىڭىز كوڭلۇمگە ئورناشقان ئىزىز دىلدارلار.
دىلنى تارتقان يۈزىڭىزنى كورمىگىم يوقتۇر ماڭا،
دەرت بىلەن سانجىلدى دىلغا شوخا تىكەن-خارلار.
بىر كورۇش بولسا نىسىپ يارى-دوستلارنى يەنە،
ئەيلىگەيمەن سەرگۈزەشتەمنى شۇ هامان ئىزهارلار.

زۇئۇلماكان يەنە يىغلاپ كېتىپتۇ. "ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ گۇلەخچى، — سېنىڭ ساقىيىشىڭغا ئىشەنمىگەن ئىدۇق، ساقايدىڭ، ئەمدى تىنچىغىن، يىغلاپ جېنىڭنى قىينىما. ماغدۇرۇڭ ئۈزۈلۈپ قېلىپ، كېسىلىڭ تەكرارلانمىسۇن، ئوزەڭنى ئاۋايلا!" ئۇ، زۇئۇلماكانغا توختىماي تەسەللى بېرىپ يېقىملىق سوزلەر بىلەن رايىنى ياندۇرۇپتۇ. لېكىن زۇئۇلماكان خورسىنىپ، مۇساپىرلىغى، غېرىبلىغى، ئاچىسىدىن، مەملىكىتىدىن ئايرىلغانلىغىنى ئەسلەپ هارجاندەك كوز ياشلىرىنى توكۇپ يەنە شېئىر ئوقۇپتۇ:

ئاخىر ئوتەرمەن ئۇشبۇ جاهاندىن،
يىغلاپ كېتەرمەن ناهەق زاماندىن.
دۇنيا لەززىتى باقى ئەمەستۇر،
نېسۇەڭنى ئال هەر بىر تاماندىن.
ئوتكۇنچىگە بىر قونالغۇ دۇنيا،
كەچ كەلدىڭ، تاڭدا كەتتىڭ جاهاندىن.

* * *

ئەلەم بىرلە چوكتۇم غەم دېڭىزىغا،
ئەسەر يوقتۇر ئۇنىڭ ئاخىرىدىن.
بېغىشلىدىم ئومرۇمنى دوستلار ئىشىغا،
ئۇچتى ئۇلار يۈزلىرى كوزلىرىمدىن.

يىراق كەتتىم ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدىن،
يەنە قاچان يېتەرمەن، مەن ئۇلارغا،
غېرىپلاردىن ئېلىپ كۆچ تاڭ شاملى،
سالامىمنى يەتكۈزگىن سەن ئۇلارغا.

بۇ شېئىرلارنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ غېرىپلىقىغا ئېچىنىپ يەنە يىغلاپتۇ. گۈلەخچىمۇ خوتۇنىدىن ئايرىلغىنىغا قايغۇرۇپ كۆزىدىن ياش تۆكۈپتۇ. لېكىن ئۇ تاڭ ئاتقىچە زۇئۇلماكانغا تەسەللى بېرىپ، ئۇنى تېچلاندۇرۇپتۇ. تاڭ يورۇغاندىن كېيىن گۈلەخچى زۇئۇلماكانغا: "پەممىچە، سەن ئۆز شەھرىڭنى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇڭنى سېغىنغان ئوخشايسەن. سېنىڭ پەرىشانلىقىڭنىڭ سەۋەبى شۇ بولسا كېرەك، ئەي ئوغلۇم" دەپتۇ جىددىي قىياپەتتە. "ھەئە، — دەپتۇ زۇئۇلماكان، — ئەمدى بۇ يەردە بۇنىڭدىن ئارتۇق تۇرۇشقا تاقىتىم يوق. سەن مېنى خۇداغا تاپشۇرۇپ ئۆز يۇرتۇمغا كېتىشكە رۇخسەت بەرسەڭ، مەن مۇشۇ كارۋان بىلەن يولغا چىقسام دەيمەن". "مەنمۇ سېنىڭ بىلەن بىللە خىزمىتىڭنى قىلىپ بارىمەن. سېنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشقا مېنىڭمۇ كۆڭلۈم چىدىمايدۇ. ساڭا ياخشىلىق قىلدىم. بۇ ياخشىلىقىمنى ئاخىرىغا يەتكۈزىمەن" دەپتۇ گۈلەخچى. "ماڭا قىلغان بۇ ياخشىلىقلىرىڭنىڭ بەدىلىگە خۇدا ساڭا ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن" دەپتۇ زۇئۇلماكان. گۈلەخچىنىڭ ھەمرا بولۇپ بېرىشىدىن زۇئۇلماكان ناھايىتى خوش بوپتۇ. گۈلەخچى شۇ كۈندىن باشلاپ يولغا تەييارلىق قىلىپ، كېرەكلىك نەرسە ۋە بىر ئېشەك سېتىپ ئاپتۇ. زۇئۇلماكانىڭ قېشىغا كېلىپ: "مانا بۇ ئېشەكنى مىنىسەن، مىنىپ چارچىساڭ، ئۇنىڭدىن چۈشۈپ پىيادە يۈرىسەن" دەپتۇ گۈلەخچى. "خۇدا ساڭا ياخشىلىق ئاتا

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

قىلسۇن، ماڭا قىلغان ياردىمىڭنى ياندۇرۇشقا ماڭا ياردەم بەرسۇن! ماڭا ھېچكىم، ھەتتا بىر تۇققان قېرىندىشىممۇ، ئۆز ئۆكىسىغا قىلمايدىغان ئۇنتۇلغۇسىز ياخشىلىقلارنى قىلدىڭ!» دەپتۇ زۇئۇلماكان. ئۇلار كەچ بولۇپ قاراڭغۇ چۈشۈشنى كۈتۈپتۇ. يولغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېشەككە ئارتىپ، ئۈستىگە زۇئۇلماكاننى مىندۈرۈپ كارۋانغا قوشۇلۇش ئۈچۈن يولغا چۈشۈپتۇ. گۈلەخچى بىلەن زۇئۇلماكاننىڭ ۋەقەسىنى ھازىرچە شۇ يەردە توختىتىپ قويۇپ، نۇزھەتۇززاماننىڭ ۋەقەسىگە كېلەيلى.

نۇزھەتۇززامان ئۆكىسىدىن ئايرىلىپ، ئەسكى لاتىغا پۈركۈنۈپ خۇددى بولۇت ئىچىدە قالغان ئايدەك، ساراي ھۇجرىسىدىن چىقىپتۇ. كىشىلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئۇنىڭ ھەققىگە بېرىلگەن پۇلغا ئۆكىسىغا كۆڭلى تارتقان گۆش سېتىپ ئېلىش ئۈچۈن، كۆزىدە ياش، نەگە بېرىشنى بىلمىگەن ھالدا، دىلدا خۇداغا سېغىنىپ يىغلاپ كېتىپ بېرىپ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ.

دىلىم پەرىشان، قەددىم پۈكۈلدى،
كۆزلىرىمدىن قان، يېشىم توكۈلدى.
بىچارىلىقتىن قاتتى بۇ بېشىم،
ئاتا ـ ئانامنىڭ قەدرى ئۆتۈلدى.

ئۇ، قاياققا بېرىشنى ۋە كىمدىن ئىش سوراشنىمۇ بىلمەيدىكەن. ئۆز ئېلىنى، تۇغۇلغان يېرىنى ـ يۇرتىنى، ھەممىسىنى ئەسلەپ بېشى ساڭگىلىغان، بۇ قايغۇلارنى بېشىدىن كۆتۈرۈشنى خۇدادىن سوراپ يىلىنغان ھالدا كېتىپ بېرىپ يەنە شېئىر ئوقۇپتۇ:

دۇنيا يۈزىنى ئوراپ زىمىستان،
دىلدا تۇغۇلدى غەم ـ قايغۇ تۇغيان.

يوقلۇققا مېنى ماڭدۇرۇپ يەنە،
ئوت سالدى دىلغا، دەرت بىلەن ھىجران.

پىنھان تۇتايمەن دىسەم بۇ دەرتنى،
ئاشكارە قىلدى كوزۇمىدە توپان.
ۋەسلىگە يېتىش يولىنى تاپسام،
بولاتتى خەستە دىلىمغا دەرمان.

ئايرىلىشتىن تەن، كويىمەكتە ئوتتا.
گويا دوزاختا كويگەندەك بۇ جان.
چۈشتى بېشىمغا شۇنچە مالامەت،
چىدىدىم نىمە بەردى بۇ دەۋران.

ئىشقىم ھەققىدە مەن قىلاي قەسەم،
دىلدا ئەبىدى قالسۇن بۇ داستان.
ئەي تۇن، سەن ئۇزەڭ گۇۋا بولارسەن،
تاڭنى ئاتقۇزىمەن ئۇيقىسىز نالان،
ئېيتقىن بېرىپ، ئۇ رىۋايەتچىگە،
ئىشقىنىڭ دىگى تارالسۇن ھەريان.

نۇزھەتۇززامان ئوز يولىنى داۋام قىلىۋېرىپتۇ. ئوڭغا-سولغا اراپ مېڭىۋېرىپتۇ. بىر دوخمۇشتا ئۇنىڭغا بەش ئەرابى بىلەن بىر ېرى بەدىۋى[1] دۇچ كەپتۇ. بەدىۋى ئۇنىڭغا تىكىلىپتۇ. قىز ۇنىڭغا ناھايىتى يېقىملىق ۋە گۈزەل كورۇنۇپتۇ. قارىسا ئۇ بېشىنى ىرتىق كونا لاتىغا ئورىۋالغان. بەدىۋى بۇنىڭدىن ئەجەپلىنىپ، وزىچە: "ھوسنى جەلپ قىلارلىق ئىكەن. لېكىن بەك كەمبغەل

[1] بەدىۋى — سەھرايى دىگەن مەنىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىكەن، مۇشۇ شەھەرلىك بولسىمۇ خاھى مۇساپىر بولسىمۇ، ئۇنى ئەلۋەتتە قولغا كىرگۈزۈشىم كېرەك" دەپ ئويلاپتۇ. قىزنىڭ كەينىدىن ئاستا مېڭىپتۇ. ئاخىرى ئۇلار بىر تار كوچىدا بىر-بىرى بىلەن توقۇنۇشۇپتۇ. بەدنۇي قىزدىن بەزىبىر نەرسىلەرنى سوراپ بىلمەكچى بولۇپ: "ئەي قىزىم، سەن ئازاتمۇ ياكى چورىمۇ؟" دەپتۇ. قىز بەدنۇيغە قاراپ: "ئەزىبرايى خۇدا، سەن بۇ سوئال بىلەن مېنىڭ جاراھىتىمنى يېڭىلاپ، ئۇنىڭغا تۇز سەپتىڭ. ھاياتىمنى ۋاستە قىلىپ قەسەم ئىچىمەنكى، مەن ئازات" دەپتۇ. "ئەي قىزىم، مېنىڭ ئالتە قىزىم بار ئىدى. بەشى ئۆلۈپ ئەڭ كىچىگى يالغۇز قالدى. سەن ئەگەر غېرىپ-مۇساپىرلاردىن بولساڭ، قىزىمنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارسام، ئەگەر ساڭا قارىغۇچى كىشى بولمىسا، سېنى ئۆزەمگە بالا قىلىپ ئالسام، قىزىم سېنى كۆرۈپ ئاچىلىرىنى ئۇنتۇپ، دەردى-پىراقى ئازايسا دىگەننى ئويلىغان ئىدىم" دەپتۇ بەدنۇي. نۇزھەتۇززامان بەدنۇيدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۆزىچە: "بەلكىم بۇ بەدنۇينىڭ ئالدىدا ئۆزەمنى سالامەت ساقلاپ قېلىشىم مۇمكىن" دەپ ئويلاپتۇ. بېشىنى تۆۋەن سېلىپ: "ئەي تاغا، مەن مۇساپىر قىزمەن، بىر ئاغرىق ئۇكام بار. ئۆيۈڭگە بېرىشقا رازىمەن. شەرتىم شۇكى، كۈندۈزلىرى ئۆيۈڭدە بولۇپ، كېچىسى ئۇكامنىڭ يېنىغا قايتىمەن. ئەگەر شۇ شەرتكە كونەڭ سەن بىلەن بىللە ئۆيۈڭگە باراي، مۇساپىر-مەن، ئىززەتلىك ئىدىم، خارلىنىپ پېقىرلاشتىم. ئۇكام بىلەن ھىجاز شەھىرىدىن كەلگەن ئىدۇق. مېنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىمنى بىلمەي، ئۇكام غەم يىمىسۇن دەپ ئەنسىرەيمەن" دەپتۇ. بەدنۇي، قىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۆزىچە: "مەقسىدىمگە يەتتىم" دىگەن ئويغا

كەپتۇ-دە: "مەنمۇ سەندىن ھېچ نەرسىنى تىلىمەيمەن. پەقەت كۈندۈزى يالغۇزۇمنى ئاسىرىساڭ. ماڭا شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك. كەچ بولغاندا باشقا يەرگە بارماي ئۆكاڭنىڭ ئالدىغا كېتىۋەرگىن. ئەگەر خالىساڭ ئۆكاڭنىمۇ بىزنىڭ ئۆيگە ئېلىپ كېلىشكە بولىدۇ" دەپتۇ. كېيىن ئۇ قىزغا ناھايىتى يېقىملىق ۋە يۇمشاق سۆزلەرنى قىپتۇ. بەدىۋى ئالدىدا، قىز ئارقىسىدا مېڭىپتۇ. بەدىۋى بوۋاي ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان ھەمراھلىرى قېشىغا كەپتۇ. ئۇلار توگىگە نەرسە-كېرەك ۋە سۇ ئارتىپ تۇرغان ئىكەن.

بۇلار چۆلدە يول توسىغۇچى قاراقچىلار بولۇپ، شەھەرلەردە ھىيلىگەرلىك بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىپ، ئادەم ئالداپ، كىشىلەرنى ۋە باشقىلارنى ئوغۇرلايدىكەن. ئۇنىڭ قىزىمۇ، ئوغلىمۇ، تۇتۇغلۇق ئۆيىمۇ يوقكەن. بەدىۋىلەر قۇددۇستىن چىققىچە قىزغا يېقىملىق سۆزلەرنى قىپتۇ. يۇقارقى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى قىزنى ئالداش ئۈچۈنلا قىلىنغان يالغان-ياۋىداق سۆزلەر ئىكەن. ئۇلار توگىلىك ھەمراھلىرىغا قوشۇلۇپتۇ. بىر توگىگە مىنىپ ئارقىسىغا قىزنى مىنگەشتۈرۈپ كەچكىچە يول يۈرۈپتۇ. شۇ چاغدىلا نۇزھەتۇززامان بەدىۋىنىڭ سۆزلىرىنىڭ يالغانلىقىنى، ھىيلە-مىكرى بىلەن ئالدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ، يىغلاپ داتلاشقا باشلاپتۇ. قاراقچىلار ئۇنى كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ، بىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، تاقىتا قاراپ ئالدىراش تېز يۈرۈپتۇ. تاڭغا يېقىن توگىدىن چۈشۈپتۇ. بەدىۋى نۇزھەتۇززامان يېنىغا كېلىپ: "ئەي شەھەر قىزى، بۇنداق يىغاڭنى قوي! ئەگەر يىغاڭنى توختاتمىساڭ، خۇدا ھەققى ئۆلگىدەك دۇمبالايمەن" دەپتۇ ۋاقىراپ. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ نۇزھەتۇززامانىنىڭ بۇ خورلۇقتىن ئاچچىقى كەپتۇ، ھاياتىدىن ئۈمىدىنى

ئۆزۈپتۇ. ئۇزۇسگە ئۆزى ئۆلۈم تىلەپ: "ئەي بەد بەخت، قېرى توڭگۇز، جەھەننەمنىڭ ئۇترۇغى، — دەپتۇ ھاياجان بىلەن نۇزھەتۇززامان بەدىۋىگە قاراپ، — مېنى سەن ھىلە-مىكىر بىلەن يالغان سۆزلەپ ئالداپ قىيناۋاتساڭ يىغلىماي تۇرامدىمەن". ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان بەدىۋى: "ئەي شەھەر قىزى، تېخى سېنىڭ ماڭا جاۋاپ قايتۇرغىچىلىك زەھەردەك تىلىڭ بار ئىكەن" دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ قولىدىكى قامچا بىلەن قىزنى ئۇرۇپتۇ. "ئەگەر جىم بولمىساڭ، ئۆلتۈرىمەن" دەپ غەزەپلىنىپتۇ. قىز بىر قانچە ۋاقىت جىم بوپتۇ. كېيىن ئۆكسى ۋە ئۇنىڭ كېسىلىنى ئويلاپ بۇقۇلداپ يىغلاپتۇ. ئىككىنچى كۈنى بەدىۋىگە: "نىمە سەۋەپتىن مېنى بۇنداق ھىلە بىلەن ئالداپ بۇ تاقىقا ئېلىپ كەلدىڭ؟ بۇ قەيەر؟ مەقسىدىڭ نىمە؟ مېنى نىمە قىلماقچىسەن؟" دەپ سوراپتۇ. بەدىۋى غەزىۋىدىن ئۆزىنى تۇتالماي كېلىپ: "ئەي شەھەر قىزى، ھېلى تېخى ماڭا تەتۈر گەپ قىلىدىغان تىلىڭ بار ئىكەن" دەپ قامچا بىلەن قىزنى ھوشىدىن كەتكىچە ئۇرۇپتۇ، قىز ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ پۇتلىرىنى سۆيۈپتۇ. بەدىۋى ھېرىپ قامچىسىنى تاشلاپ ئولتۇرۇپتۇ. "ئەزبىرايى خۇدا، ئەگەر يەنە گەپ قىلىپ چىشىمغا تەگسەڭ ياكى يىغلىساڭ، تىلىڭنى قىيما-چىيما قىلىپ پەجىمىڭگە جايلايمەن". نۇزھەتۇززامان جاۋاپ قايتۇرماپتۇ. قامچىنىڭ زەربىسى بەدەنلىرىنى ئېچىشتۇرۇپتۇ. بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۆزىنىڭ ئەھۋالى، ئىززەت-ھۆرمىتىدىن ئايرىلىپ خورلانغانلىغى، ئۆكسىنىڭ ئاغرىقلىغى، ئۇنىڭ يالغۇزلىغى، غېرىپلىغىنى ئويلاپ كۆزىدىن ياش تۆكۈپ تۇرۇپ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

قەددىم ئىدى سەرۋىدەك،

يادەك ئىگىلدىم مەن بۈگۈن.
تاياق ئىزىدىن ئاقتى قان،
بېشىمغا چۈشتى قارا كۈن.

غۇسسىدىن بولدۇم غازاڭ،
خارلىدى دەۋران مېنى.
بۇ زاماننىڭ كۈلپىتى،
قىلدى سەرگەردان مېنى.

* * *

دۇنيا ئىشى شۇنداق تۇراقسىز ھەردەم،
چىككە چۈشسە گايى، پۈككا چۈشەر بىردەم.
ھىچبىرى باقى ئەمەس ئىنسان ئۈچۈن،
گايى ناز قىلسا، گايى قىلغاي ستەم.

دۇنيادا ھەر نەرسىنىڭ باردۇر چېكى،
بەزىدە ئۆتكەي كىشى سۆيۈپ سەنەم.
قىلغۇسى دۇنيا مېنىڭ كۆڭلۈم خاراپ،
ماڭا ئارام بەرمىدى بىردەمۇ غەم.

تەڭرىم شانۇ - شەۋكىتىمنى قىسقا قىل!
تىلىندى خورلۇقتىن باغرىم - سىنەم.
مەندە ئەمدى، قالمىدى ئارزۇ - ئۈمىت،
بارىنى غۇربەتتە يوق ئەتتى ئەلەم.
كوز يېشىمنىڭ كوپلىگىدىن سوزلەگلار،
ئەي مېنىڭ يۇرتۇمغا باسقانلار قەدەم.

بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ بەدىۋى ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ بىر قانچە جۇملە ياخشى سوز بىلەن ئۇنى ماختاپتۇ. رەھمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېلىپ قىزنىڭ كوز ياشلىرىنى سۈرتۈپتۇ. ئارىپا ئۇنىدىن قىلىنغان كومەش ناننى بېرىپ مۇنداق دەپتۇ: "ئاچچىقىم كەلگەن چاغدا سوز ياندۇرغان كىشىنى يامان كورىمەن. بۇندىن كېيىن بۇنداق سوز ياندۇرۇپ مەن بىلەن تاكاللاششىنى تاشلا! سېنى مەن ئۇزەمگە ئوخشاش بىر ياخشى كىشىگە ساتىمەن. ئۇ، ساڭا مەندىنمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ". "سەن تېخى ماڭا ياخشىلىق قىلدىم دەۋاتامسىنا؟!" دەپتۇ نۇزھەتۇززامان ئەجەپلىنىپ، بەدىۋى سوز قىلماپتۇ. تۈن ئۇزاق سوزۇلۇپتۇ. ئاچلىق قىزنىڭ جېنىدىن ئوتۇپتۇ. بايىقى كومەش ناندىن ئازغىنا يەپتۇ. يېرىم كېچىدە بەدىۋى ھەمرالىرىنى ئويغىتىپ، توگىلەرگە يۈكنى ئارتىپ يولغا چىقىشنى بۇيرۇپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.


ئەلامك يەتتىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

ئۇلار توگىلىرىگە مىنىشىپتۇ. بەدىۋى نۇزھەتۇززاماننى ئارقىسىغا مىنگەشتۈرۈپ ئۈچ كۈن يول يۈرۈپتۇ. دەمەشق شەھرىگە يېتىپ بېرىشىپتۇ. شاھ دەرۋازىسى يېنىدىكى خان سارىيىغا چۈشۈپتۇ. نۇزھەتۇززاماننىڭ رەڭگى قايغۇدىن، سەپەر ئازاۋىدىن سارغايغان ئىكەن. ئۇ، يىغلاشقا باشلىغان ئىكەن، بەدىۋى ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ: "ئەي شەھەر قىزى، ئەگەر يىغاڭنى توختاتمىساڭ، ئەزىبرايى خۇدا،

سىنى جوھۇتقا ساتىمەن" دەپ ۋاقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. بىچارە قىزنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، بىر جايغا ئېلىپ كىرىپ قويۇپتۇ. ئۆزى بازارغا قۇلپۇرۇش سودىگەرلەر يېنىغا كېتىپتۇ. ئۇلار بىلەن سوز-لىشىپ: "مېنىڭ بىر كېنىزىكىم بار. ئۆزەم بىللە ئېلىپ كەلدىم. ئاغرىق كىشىم بار ئىدى. ئۇنىڭغا قاراش ئۈچۈن بالىلىرىم يېنىدا قالدۇرۇپ قويدۇم. كېنىزىكىم ئۆكسىدىن ئايرىلغىنى ئۈچۈن تىنـ-ماي يىغلايدۇ. شۇ كېنىزەكنى ساتماقچىمەن. ئالدىغان كىشى شىرىن سوز بىلەن: "ئۇكاڭ قوددۇستا، مېنىڭ يېنىمدا، دەپ ئالدىسا، تىنچىيدۇ. باھاسىدا ئانچىلا چىڭ تۇرۇۋالمايمەن" دەپتۇ. سودىگەر-لەردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، بەدىۋنىڭ يېنىغا كەپتۇ: "كېنىـ-زەك قانچە ياشتا؟" دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي: "ئەقىللىق، زىرەك، ئەدەپلىك، بىلىملىك، گۈزەل، چىرايلىق، بويىغا يەتكەن، ئۆزى قىز — دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ، — ئۆكسىنى قوددۇستا قالدۇرغىنىمغا ئىچ كويىگى تارتىپ، يۈرىكى مجىلغان، ئەھۋالى پەرىشان، رەڭگى سارغايغان". سودىگەر بۇ سوزنى ئاڭلاپ بەدىۋى بىلەن قىزنى كورگىلى مېڭىپتۇ. "ئەي ئەرەپ، — دەپتۇ سودىگەر — مەن سەن بىلەن بېرىپ ماختىغان كېنىزىكىڭنىڭ ئەقلىنى ۋە ئەدەپ-ئەخلاقىنى، بىلىمىنى، ھوسنىنى كورۇپ، كوڭلۇمگە ياقسا، باھاسىنى ئۆز لايىغىدا بېرىپ سېتىپ ئالىمەن، پۇلىنىمۇ نەق تولەيمەن. لېكىن بىر شەرتىم بار، شۇ شەرتكە كونسەڭ، پۇلىنى ھازىرلا بېرىپ، شەرتىمنى ئېيتىمەن. كونمىسەڭ ئۆز يولۇڭغا قايتىمەن." "شەرتىڭنى ئېيت، ئۇنى باغدادنىڭ ۋەلى ئەھدى، شاھ ئۆمەر ئىبنى نوئمان ئوغلى شەررىكاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارساڭمۇ ئەقلىگە، بىلىمىگە ئاپىرىن دەيدۇ. يالغۇز ئۇنىڭ قىممىتىنىلا ئەمەس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۈستىگە پايدا قوشۇپ بېرىدۇ“ دەپتۇ بەدىۋى. ”مېنىڭ ئۈنىڭغىمۇ ئىلتىماسىم بار، ــ دەپتۇ سودىگەر، ــ مەندىن جەرىمانە ئالماسلىقلىرى توغرىسىدا دىۋانغا بىر ئەرزە يېزىش ۋە شاھ ئۆمەرئىبنى نوئىمان-دىن بىر تەۋسىيە سورىشىم كېرەك. ئەگەر ئۇ، مەندىن بۇ كېنى-زەكنى قوبۇل قىلىپ ئېلىشقا ۋەدە بەرسە، شۇ زامانلا ئۇنىڭ پۇلىنى تولەيمەن“. ”بۇ شەرتىڭنى قوبۇل قىلىمەن“ دەپتۇ بەدىۋى. ئىككىسى نۇزھەتۇززاماننىڭ يېنىغا مېڭىپتۇ. بەدىۋى ھۇجرا ئىشىگىدە توختاپ، ئۇنى ئۆزى قويغان ئىسىم بىلەن: ”ئەي نادىيە؟!“ دەپ چاقىرىپتۇ. نۇزھەتۇززامان بەدىۋىنىڭ قىچقىرغان-لىغىنى ئاڭلاپ يىغلاپتۇ، جاۋاپ بەرمەپتۇ.

ئەي ھور قاچقان ئىدىڭ،
بۇرۇن جەننەتۇ رىزۋاندىن.
يانا قېچىش ئىستەمسەن،
ئۇلۇغ بىر سودىگەر خاندىن.

تىرىكمۇسەن، ئۆلۈكمۇيا؟
نىچۈك چىقمايسەن پىنھاندىن.
قاچتىڭمۇ، بارمۇ سەن ياكى،
يۈز ئۆرۈپ تەختى سۇلايماندىن.

بەدىۋى بۇ شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ، سودىگەرگە: ”ئەنە ئاۋۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپتۇ. كىرىپ كۆر! مەن دىگەنىدەك يېقىملىق سۆز بىلەن ئۆزەڭگە قارىتىپ ئال!“ دەپتۇ. سودىگەر قىزنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. قىز سودىگەرنىڭ كۆزىگە چىرايىدا تەگىدىشى يوق كۆرۈ-نۈپتۇ. ”ئەگەر قىز باشقا تەرەپلەردىمۇ بەدىۋى ماختىغاندەك بولسا، كۆتكەن مەقسىدىمگە يېتىمەن“ دەپتۇ سودىگەر ئۆزىچە. ئۇ، قىز-

نىڭ يېنىغا بېرىپ، خۇشخۇيلۇق بىلەن: "سالام ساقا، ئەي قىزىم، ئەھۋالىڭ قانداق؟" دەپ سوراپتۇ. قىز ئۇنىڭغا كوز قىرىنى تاشلاپ: "پېشانەمگە يېزىلغىنى شۇ ئىكەن" دەپ ئويلاپتۇ. سودىگەرگە ئوبدانراق نەزەر سېلىپ قاراپتۇ. ئۇ كېلىشكەن، سەۋلەتلىك ئادەم ئىكەن. قىز دىلىدا: "بۇ كىشى مېنى سېتىپ ئېلىشقا كەلگەن بولسا كېرەك. ئەگەر بۇنى قايتۇرسام، زالىم بەدىۋى قولىدا قالىمەن. ئۇ مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ. ئەپتىگە قارىغاندا، بۇ ئادەم تۈزۈك كورۇنىدۇ. ھەر ھالدا بۇ ئادەمدىن يۈزسىز، قوپال بەدىۋىگە قارىغاندا، ياخشىلىق كېلىدۇ، دەپ ئويلاش مۇمكىن. كىم بىلىدۇ، ئۇ پەقەت مېنىڭلا سوزۇمنى ئاڭلىغىلى كەلگەندۇ، دۇرۇسراق جاۋاپ بېرىشىم كېرەك" دەپ ئويلاپ: "ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سىزگىمۇ بەخت ۋە ساقلىق ـ ئامانلىق تىلەيمەن. پەيغەمبەرلەر شۇنداق جاۋاپ بېرىشنى بۇيرۇغاندۇر. مېنىڭ بېشىمغا چۈشكەن كۈنلەرنى بىلىشنى خالىسىڭىز، ئۇنى پەقەت ئوز دۈشمىنىڭىزگىلا راۋا كورىشىڭىز مۇمكىن" دەپ جىم بوپتۇ. ئۇنىڭ بۇ مۇلايىم سوزىنى ئاڭلاپ، سودىگەرنىڭ دىلى ئېرىپ، ئەقلى ئۇنىڭغا قايىل بوپتۇ. ئۇ بەدىۋىگە قاراپ: "بۇنىڭ باھاسى قانچە؟ ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى ئالىجاناپ ئىكەن" دەپتۇ. بەدىۋى سودىگەرنىڭ سوزىگە غەزەپلىنىپ: "سەن ئوز سوزۇڭ بىلەن كېنىزىگىمنى بۇزدۇڭ! ئەڭ پەسلەردىن بولغان بۇ كېنىزەكنى سەن نېمە ئۈچۈن ئەڭ ئالى جاناپ دەيسەن؟ ئۇنى ساقا ساتمايمەن!" دەپتۇ. سودىگەر بەدىۋىدىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، بەدىۋىنىڭ نادان، ئەقىلسىزلىگىنى چۈشۈنۈپتۇ. "ئېسىڭنى يىغ، كوزۇڭنى ئاچ! مەن بۇنى سەن ئېيتقان ئەشۇ ئەيىپلىرى بىلەن سېتىپ ئالىمەن" دەپتۇ. "قانچە بېرىسەن؟" دەپ سوراپتۇ بەدىۋى:

"بالىغا ئاتىسى نام قويۇدۇ، كوڭلىڭدىكىنى ئېيت؟" دەپتۇ سودىگەر.
"سەن ئېيت؟" دەپتۇ بەدنۇى. "قاپاقۋاش بەدنۇى ئىكەن" دەپ
ئويلاپتۇ سودىگەر. كېيىن: "مەن ئۇنىڭ قىممىتىنى بىلمەيمەن.
لېكىن شېرىن سوزلىگى ۋە كوركەملىكى بىلەن دىلىمنى تامامەن
ئوزىگە تارتتى. بۇنىڭ ئۇستىگە ئوقۇش-يېزىشنى بىلسە، بۇ—
ئۇنىڭ ئۇچۇنمۇ، سېتىپ ئالغۇچى ئۇچۇنمۇ ناھايىتى يۇقۇرى
پەزىلەت!" دەپتۇ. كېيىن دىلىدا: "بەدنۇى ئۇنىڭدىكى بۇ ئارتۇق-
چىلىقنى تېخى بىلمەيدىكەن" دەپ ئويلاپتۇ. "ئەي ئەرەپ شەيخى،
بۇنىڭ ئۇچۇن مەن ساڭا ھېچقانداق چىقىمسىز، سۇلتانغا تىكىش-
لىك ئۇلۇشتىن تاشقىرى ئىككى يۇز تىللا بېرىمەن" دەپتۇ. بەدنۇى
ئۇنىڭ سوزىدىن غەزەپلىنىپتۇ. سودىگەرگە قاراپ: "تۇر، يولۇڭغا
ماڭ! ئىككى يۇز تىللاغا بېشىدىكى يىرتىق لاتىسىنى بەرمەيمەن.
توگە بېقىش، ياغۇنچاق چورۇشكە ئىشلىتىش ئۇچۇن ئوزەم ئېلىپ
قالىمەن"— دەپ ۋاقىراپتۇ، كېيىن قىزغا قاراپ: "ئەي سېسىق،
بۇ ياقىقا كەل! سېنى ساتمايمەن" دەپ چالۋاقاپتۇ. كېيىن سودىگەر-
گە قاراپ "مەن سېنى خېلى ئەقىللىق، گەپنى چۇشىنىدىغان
ئادەم، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، خۇدا ھەققى، ھازىر كەتمىسەڭ،
دىلىڭنى ۋەيران قىلىۋېتىمەن" دەپتۇ. سودىگەر ئىچىدە: "بۇ بەدنۇى
جىن چېپىلغان ساراڭ ئىكەن. بۇ قىزنىڭ باھاسىنى تېخى ئېنىق
بىلمەيدىكەن. مەن بۇنىڭغا ھازىر باھا توغرىسىدا ھېچ نەرسە
دىمەيمەن. ئەگەر ھوشى بولغان بولسىدى، ئەزبىرايى خۇدا دەپ،
قەسەم ئىچمەس ئىدى. قىز پادىشانىڭ خەزىنىسىگە لايىق يۇقىرى
باھاغا ئىگە. لېكىن مېنىڭ ئۇنچىلىك پۇلۇم يوق. ئۇنىڭغا ھەرقانچە
باھا قويسىمۇ بېرەتتىم. پۇتۇن مولكىمنىمۇ ئۇنىڭدىن ئايىمايتتىم"

دەپ ئويلاپتۇ. كېيىن ئۇ، بەدىئۇنگە قاراپ: «ئەي ئەرەپ شەيخى، ئۇپكەڭنى بېسىۋال! ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى ئېيت، — دەپتۇ سودىگەر سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇنىڭ يەنە ئېسىل كىيىم-كېچەكلىرى، قىممەتلىك زىننەت بۇيۇملىرى بارمۇ؟ ياكى تۇرغان تۇرقى شۇمۇ؟» «كېنىزەك دىگەن كېنىزەكتە، يەنە بۇنىڭدىن ئارتۇق قانداق كىيىم-كېچەكلەر بولىدۇ. خۇدا ھەققى، شۇ كىيگەنلىرىمۇ بۇنىڭغا ئارتۇق» دەپتۇ بەدىئۇي. «رۇخسەت قىلساڭ، باشقا كېنىزەك سېتىپ ئالغۇچىلاردەك مەنمۇ بۇ كېنىزەكنىڭ يۈزىنى ئېچىپ كۆرۈپ باقسام» دەپتۇ سودىگەر. «نىمىنى خالىساڭ شۇنى قىل! بېشىڭ ئامان بولسۇن يىگىت، ئىچكى-تاشقى قىياپىتىگە قاراپ چىق. خالىساڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، يالىڭاچلاپ كور!» «خۇدا ساقلىسۇن، مەن پەقەت يۈزىنىلا ئېچىپ كورسەم بولىدۇ، باشقا يېرىنى كورمەيمەن» دەپتۇ سودىگەر ۋە قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ھوسنى-جامالىغا قاراپ قېتىپ قاپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



ئەللىك سەككىزىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

سودىگەر نۇزھەتۇززاماننىڭ ھوسنىنى كورۈپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ: «ئىسمىڭ نىمە ئەي مەلىكەم؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ يېقىملىق ئاۋاز بىلەن. «ھازىرقى ئىسمىمنى سورامسىز ياكى بۇرۇنقىنىمۇ؟» دەپتۇ قىز. «ئىككى ئىسمىڭ بارمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىنىڭ؟" دەپ سوراپتۇ سودىگەر. "ھەئە، — دەپتۇ قىز سوزنى داۋام قىلىپ، ئىلگىرىكىسى، ئاتا ـ ئانام قويغان ئىسمىم نۇزھەتۇززامان يەنى زاماننىڭ شىرىنى، ھازىرقى ئىسمىم غۇسسەتۇز-زامان يەنى زاماننىڭ غەم-غۇسسىسى" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. قىزنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان سودىگەرنىڭ كوزلىرىگە ياش تولۇپتۇ. "كېسەل ئۇكاڭمۇ بارمۇ" دەپ سوراپتۇ سودىگەر، "ھەئە، — دەپتۇ ئۇ، — لېكىن، زامان مېنى قۇددۇستا ئۇنىڭدىن ئېچىنىشلىق ھالدا ئايرىدى. ئۇ ئاغرىق ئىدى". سودىگەر ئۇنىڭ ئەقلىگە، نازاكىتىگە، مەنالىق سوزىگە ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ، ئوز ـ ئوزىگە: "بەدىۋىنىڭ ئېيتقىنى راس ئىكەن" دەپتۇ. نۇزھەتۇززامان بولسا، ئۇكىسىنىڭ ئاغرىقلىغى، كىشىنىڭ يۇرتىدا غېرىپ.بولۇپ قالغانلىغى، بەختكە قارشى ئۇنىڭدىن يىراقلاشقانلىغىنى ئەسلەپتۇ. ئاغرىق ئۇكىسىنىڭ ھازىر قانداق ھالدا ئىكەنلىكىنى، بەدىۋىنىڭ قولىغا ئالدىنىپ چۈشكەنلىكىنى، مېھرىبان ئانىدىن، غەمگۇزار ئاتىدىن، مەملىكىتىدىن ئايرىلىپ قالغىنىنى ئەسلەپ، كوزىدىن ياش توختىماي ئېقىپتۇ. يىغا ئارىلاش مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

بۇ دەۋرى زۇلمى بولدى نېسىۋەم سەھەر ـ ئاخشام،
زالىم پەلەك كوردى راۋا يامانلىقنى ماڭا تامام.
كورەلمەيمەن ۋەتىنىمنى، ئېزىز ئاتا ـ ئانامنىمۇ،
بويىنى باغلانغان كېيىكمەن، ئەركىنلىك بولدى ھارام.
زالىمدىن ۋاپا كۇتۇش، ئۇمىت باغلاش — تېگى يوق ئىش،
بېشىم قاتتى ئەلەم بىرلە نىمچۈن قىلدىم خىيالنى خام.

* * *

نەدە بولساڭ ئامان بول، خۇدايىم ساڭا بولسۇن يار،
ئوزەڭ قالدىڭ، لېكىن نامىڭ ھەمىشە دىلىمدا بار.

ئۇچۇپ كەتتىڭ كوزۇمدىن، يۇرەكتە ئوتلۇق ئاھ قالدى،
كېچە ـ كۇندۇز توكەر كوز ياش، سېنى كورمەككە بۇ كوز زار.
قايسى ئەلدە ماكان تۇتتۇڭ، قايسى ۋەيرانىدا جايىڭ،
شۇنى بىلمەكتىن ئوزگە يوق تىلىگىم ھەم پىكىر ـ ئەپكار.

گۇلاپ ياكى خىزىر سۇيى ئىچەر بولساڭ شۇنى بىلگىل،
مېنىڭ ئىچكەنلىرىم شۇ ــ كوزلىرىم شور يېشى، ئەي دىلدار.
سەن ئۇيقىدا ئارام تاپساڭ، ماڭا نېسىپ ھامان قايغۇ،
ئاخشامدىن تا سەھەرگىچە كوز يۇمماي قىلارمەن زار.
ماڭا دۇنيا جىمى غەم ـ قايغۇ، ھەسرەتنى يۇكلەۋەر،
كوتەرمەككە پەقەت پىراق غېمىنى بۇ دىلىم بىمار.

قىز بۇ شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ سودىگەرگە: "خۇدا ھەققى، مېنى بۇ زالىم بەدىۋىنىڭ قولىغا تاشلاپ كەتمەڭ! ئەگەر بۇ يەردە شۇنىڭ قولىدا قالسام، ئوزەمنى ـ ئوزەم ئولتۇرىمەن. مېنى قۇتۇلدۇرۇڭ، خۇدا سىزنى ئىككىلا دۇنيادا بالىلىرىڭىزدىن ئايرىمىسۇن!" دەپتۇ يالۋۇرۇپ تۇرۇپ. سودىگەر ئورنىدىن تۇرۇپ بەدىۋىگە: "ئەي ئەرەپ شەيخى، بۇ كېنىزەك ساڭا ياقمىغان بولسا ماڭا سات!" دەپتۇ يەنە. "ئالساڭ پۇلنى نەق بېرىپ ئال! ــ دەپتۇ بەدىۋى، ــ بولمىسا ئۇنى بەدىۋىلەرگە ئاپىرىپ بېرىمەن. تېزەك تېرىپ توگە بېقىشقا سالىمەن". "ئەللىك مىڭ تىللا بېرىمەن" دەپتۇ سودىگەر. "خۇدا ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن" دەپتۇ بەدىۋى. "يەتمىش مىڭ تىللا بېرىمەن" دەپتۇ سودىگەر. "خۇدا رەھمە قىلسۇن، ــ دەپتۇ بەدىۋى، ــ بۇ ئۇنىڭ چىقىمىنىمۇ تولىيەلمەيدۇ، ئوزى توخسەن مىڭ تىللالىق ئارپا يېنى يېگەن". سودىگەر "توخسەن مىڭ تىللالىق ئارپا نېمىنى؟ بۇنى سەن بالا ـ چاقىلىرىڭ، ئۇرۇق ـ ئەۋلادىڭ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قەبىلەڭ بىلەن پۈتۈن ئۆمرۈڭ بويى يىسەڭمۇ تۈگىتەلمەيسەن" دەپتۇ نۇزھەتۇززامانىنى بۇ زالىمنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىش نىيىتىگە كېلىپ، "ئەگەر بۇ زالىم، قىزنى ماڭا ياخشىلىقچە ساتمىسا، زورلۇق بىلەن بولسىمۇ تارتىپ ئېلىپ، بۇ بىچارە قىزنى بۇ قارا نىيەتنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇراي" دەپتۇ ئۆز - ئۆزىگە. شۇ چاغدا، نۇزھەتۇززامان ئېسىنى يىغىپ، يىغلاپ تۇرۇپ بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئايا دەۋران، سېنىڭ باسقان يوللىرىڭ تار،
يامانلىقتىن باشقا سەندىن كەلمىگەي كار.
باراۋەردۇر ساڭا نادان بىلەن دانا،
تەڭدۇر سېنىڭ ئالدىڭدا تاج بىلەن دار.

نۇزھەتۇززامان شېئىرنى تۈگەتكەندىن كېيىن، سودىگەر ئۇنى سېتىپ ئېلىشنى مۇقىملاشتۇرۇپ: "ساڭا يەنە بىر باھانى دەيمەن. ئەگەر كۆنمىسەڭ، دەمەشق ھاكىمىدىن تارتىپ، ئەمىرىگىچە بېرىپ شىكايەت قىلىمەن. ئۇ كېنىزەكنى بەرمەي، زورلۇق بىلەن تارتىپ ئالدۇ. بىرلا گەپ: يۈز مىڭ تىللاغا بېرەمسەن؟ يوق!" دەپتۇ سودىگەر. "خوپ ساتتىم! بۇنىڭ پۇلىغا تۇز ئالدىم دەيمەن" دەپتۇ بەدىۋى.

سودىگەر بۇ سوزنى ئاڭلاپ كۈلۈپتۇ. ئۆيىدىن پۇلنى ئېلىپ كېلىپ بېرىپتۇ. بەدىۋى پۇلنى ئېلىپ، ئۆز - ئۆزىگە: "ئەمدى قۇددۇسقا بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆكىسىنى تاپىمەن. ئۇنىمۇ ئالداپ ئېلىپ كېلىپ ساتىمەن" دەپتۇ. ئۇ، شۇ پىكىر بىلەن توگىسىنى مىنىپ، قۇددۇسقا قاراپ مېڭىپتۇ. خان سارىيىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆكىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ تاپالماپتۇ. كېچىكىپ قالغىنى ئۈچۈن ئۆزىنى قاغاپ، باشقا يەردىن ئولجا ئىستەپ كېتىپتۇ. سودىگەر قىزنى ئېلىپ، ئۇنى

ئۇزىنىڭ تونلىرىدىن بىرىگە پۈركەندۈرۈپ، ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



ئەللىك توققۇزىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

سودىگەر قىزنى بەدىۋىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ ئېلىپ، ئۇزىنىڭ تونىغا ئوراپتۇ، ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۆيدە قىزغا ياخشى كىيىملەرنى كىيگۈزۈپتۇ. كېيىن بازارغا ئېلىپ بېرىپ، ئالتۇن بىلەيزۈك، ئەتلەس كىيىملەرنى ئېلىپ، ئۇلارنى بىر يىپەك رومالغا چىگىپ، قىزنىڭ قولىغا بېرىپتۇ. "بۇنىڭ ھەممىسى سېنىڭكى. بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىشىمدىن مەقسەت، — دەپتۇ سودىگەر، — دەمەشق ئەمىرىنىڭ ئالدىغا كىرگىنىڭدە، سېنى قانچە مىڭ تىللاغا سېتىپ ئالغىنىمنى ئېيت! گەرچە بۇ باھا سېنىڭ ئېلىپ تاشلىغان تىرنىغىڭغا ئەرزىمىسىمۇ، ئەمىر سېنى مەندىن قوبۇل قىلىپ ئالسا، ساڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىم قاتارىدا بۇنىمۇ تونۇشتۇرغىن ۋە ماڭا ئەمىرنىڭ پەرمانى يېزىلغان تەۋسىيەنامە بېرىشىنى سورىغىن. بۇ تەۋسىيەنامە بىلەن مەن باغداد شاھى ئۆمەر ئىبنى نوئماننىڭ ئالدىغا بارغىنىمدا، ماللىرىم ئۈچۈن ھېچقانداق باج ۋە ئۆشرە-زاكات، خەزىنە ھەققى، جېرىمانە تۆلىمەيمەن". قىز سودىگەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، يىغلاپ ياقىلىرىنى پارچە-پارچە قىلىپ تاشلاپتۇ. "ئەي مەلىكەم، — دەپتۇ سودىگەر قىزغا، — باغدادتىنىڭ ئىسمىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىلغا ئېلىشىم بىلەن، كوزلىرىڭدىن ياش توكۈلۈپ، پەرىشان بولدۇڭ. سېنىڭ ئۇ يەردە نېمەڭ بار ئىدى ياكى كىمنى ياخشى كورەتتىڭ؟ ئەگەر ئۇ، سودىگەرلەردىن ياكى باشقا بىر كىشىلەردىن بولسا، ماڭا ئېيت! ئۇ يەردىكى كوپ كىشىلەرنى مەن بىلىمەن. خەت يازساڭ، باغدادقا ئەۋەتىپ بېرەي.“ ”خۇدا ھەققى، مەن باغداد ساھىبى ئومەر ئىبنى نوئماندىن باشقا ھېچكىمنى بىلمەيمەن“ دەپتۇ قىز. بۇ سوزلەرنى ئاڭلىغان سودىگەر ناھايىتى سۈيۈنۈپتۇ: ”ئەمدى مۇرادىمغا يېتىپتىمەن“ دەپتۇ سودىگەر ئوزىچە. ”بۇرۇن سېنى ئۇنىڭغا تەكلىپ قىلىنغانمىدى؟“ دەپ سوراپتۇ سودىگەر. ”ياق، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ قىز، — بۇرۇن مەن ئۇنىڭ قىزى بىلەن بىللە تەربىيىلەنگەنمەن. ئۇنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ئابرويلۇق ۋە ئىنتايىن ھۇرمەتلىك ئىدىم. ئەگەر ئۇنىڭدىن سورايدىغان بىرەر تىلىگىڭىز بولسا، سىزگە خەت يېزىپ بېرەي. باغداد شەھرىگە بارغاندا، شاھ سارىيىغا كىرىپ، خەتنى ئوز قولىڭىز بىلەن شاھقا تاپشۇرۇڭ ۋە: ”چورىڭىز نۇزھەتۇززاماننى قارا كۈنلەر ھاقارەتلەپتۇ، ئۇ يەردىن-بۇ يەرگە سېتىلىپ يۈرۈپتۇ. سىزگە سالام دېدى دەڭ! مېنى سىزدىن سورىسا، دەمەشق ئەمىرىنىڭ ھۇزۇرىدا ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈڭ“ دەپتۇ.

سودىگەر نۇزھەتۇززاماننىڭ سوزىگە ھەيران بولۇپ، ھورمىتى يەنە ئېشىپتۇ. ”مەن سېنى بۇنچىلىك دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. ئادەملەر بىرەر چورىسىنى سېتىش ئۈچۈن شۇنچىلىك ماختىمىسا بولامدۇ دەپ ئويلىغان ئىدىم. سېنى كورگەندىن كېيىن، ئۇ پىكرىم ئايدىڭلاشتى. ئەمدى بولسا، ئۇ ھەقتىكى گۇمانلىرىم تۇگىدى“ دىگەن خىيالنى سۈرۈپتۇ. سودىگەر: ”سەن قۇرئاننى ياد ئالغان-

مۇ؟" دەپ سوراپتۇ قىزدىن. "ھەئە، — دەپتۇ قىز، — مەن ھىكمەت ۋە تىبابەتچىلىك بىلىملىرىنىمۇ بىلىمەن. «مۇقەددىمەتۇل مەرىپەت» كىتاۋىنى ئوقۇغان؛ جالىنۇس، بۇقراتىنىڭ ئەزا تۈزۈلۈشى بىلىمىنىمۇ ئوقۇغان. ئىمامى شاپىئىنىڭ كىتاپلىرىنى ئوقۇغان: ھەدىس شەرىپ، سەرپ، مەنتىقە بىلىملىرىنى مۇلاھىزە قىلغان؛ ئىلمي بايان، ئىلمي ھىساپ ۋە مۇنازىرە بىلىملىرىدىن مەلۇماتىم بار؛ دىنىي بىلىملەر، ناماز ۋە ئۇنىڭ ۋاقىتلىرى، مۇنەججىملىك ئىلمىدىنمۇ خەۋەردارمەن. خېلى كوپ بىلىملەردە بىر قانچە ئالىملار بىلەن مۇنازىرىلەر قىلغان. قەغەز، قەلەم ئېلىپ كېلىڭ، مەن سىزگە خەت يېزىپ بېرەي. بۇ خەت يولدىمۇ سىزگە ياردەم قىلار. سەپەر چىقىملىرىدىنمۇ ئازات قىلار". سودىگەر قىزنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ خوش بولۇپ "ناھايىتى ياخشى، ناھايىتى ياخشى — دەپتۇ سۆيۈنۈپ، — ئەي گۈزەل مەلىكە، سېنى ئوز قەسرىدە كورگەن كىشى نىمە دىگەن بەختىيار — ھە؟" دەپتۇ. سودىگەر قەغەز - قەلەم ئېلىپ كېپتۇ. نۇزھەتۇززامان ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. قىز قەغەز بىلەن قەلەمنى قولىغا ئېلىپ شۇ شېرنى يېزىپتۇ:

دوستىنىڭ ھىجرىغا ئەمدى سەۋرى - تاقەت قالمىدى،
پۈتتى سەۋرىم، تاقىتىم ئازراقمۇ راھەت قالمىدى.
شادۇ - خەندان بۇ كوڭۈل نالە - غەمنىڭ كانىدۇر،
سۈرىتى دوستتىن ئەسەر، دىلدا پاراغەت قالمىدى.

* * *

پىراق جەۋرى يامان ئوتتى، پەلەكتىن دات ۋە يۈز مىڭ دات،
كېچىدە ئۇيقۇ ئورنىغا چىكەرمەن "ئاھ!" بىلەن پەريات.
نىچۇككىم بۇ ئەلەملەردىن كوزۈمگە ياش تىزىلغاندۇر،
ۋە يا ھىجراندا قالغان قايغۇلۇق كوڭلۈم بۇزۇلغاندۇر.

كېچىلەر ئۇيقۇسىزلىقتا ئۆگەتكەن سەن ئىدىلىڭ دىلدار،
سېنىڭ ھەربىر سوزۇگىدىن بۇ كۆڭۈلدە چوغدەك ئاتەش بار.
ئۆتۈپ كەتتى شىرىن كۈنلەر يېتىپ كەلدى قارا ھىجران،
ئۇ، لەززەتلىك كۈنۈمنى ئەسلىگەندە ئۆرتىنۇر بۇ جان.

شامالدىن ئىلتىماس قىلدىم كېزەر ئۇ، يۇرتمۇ-يۇرت چاققان،
دېرەك كۆتتۈم خەۋەر تاپماي تۈنۇ-كۈن كۆزلىرىم گىريان.
شىكايەت ئەيلىدىم ساڭا ھىمايەتسىز قىلىپ شۇ دەم،
پىراق دەردى يامان ئىكەن پىراقتىن كەتكۈسى كۆركەم.

قىز شېرىنىڭ ئاستىغا: "بۇ مەكتۇپنى خىياللار قىينىغان، ئۇيقۇسىزلىق خاراپ قىلغان، نۇرسىز قاراڭغۇلۇقتا يوروغلۇق ئىستەپ ئىزلىگەن، كېچىنى كۈندۈزدىن ئايرىيالمىغان، ئەلەملىك، پىراق كۆرسىدا تۇغۇلغان، ئۇيقۇنى هارام قىلىپ يىگىنە بىلەن سۇرمە قويغان، يۇلتۇزلارنى كۈزەتكۈچى، زۇلمەتتە يوقۇلۇپ كەتكەن، پىكىر قىلىشتىن مەھرۇم، هالىدىن كەتكەن، هالى خاراپ، باغرى كاۋاپ بىر غەرىبە يازدى. ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىسى ئۇزۇن. كۆز يېشىدىن باشقا ھەمرايى يوق" دەپ يېزىپتۇ. كېيىن مۇنداق بىر شېئىرنى يېزىپ قوشۇپ قويۇپتۇ:

تاڭدا بۇلبۇللار دەرەخ شېخىدا باشلاركەن پىغان،
ھىسلىرىمۇ قوزغۇلار، تەڭ ياشلىغىم ئەسلەپ شۇئان.
چەكسە مەشۇق دەردىدە غەم ئاشىقى كۆپ ئۇرسا "ئاھ!"
دەردىم ئاشار ئاھلىرى كىرسە قۇلاققا ناگىھان.
ئاررۇيۇمنى ئەرز ئېتەرمەن، رەھمى يوق بىدادىغا،
سۆيگىدە تەن روھتىن ئاجراپتۇ، بولۇپتۇر ناتىۋان.

كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ تۇرغان ھالدا يەنە بۇ ئىككى پارچە

شەھرنى يېزىپتۇ.

تۈنلىرى كوززۇم ئۇيقىدىن يىراق،
تېنىمنى ئېزىپ تۇگەتتى پىراق.
تېنىم تاپماستىن يىغلىدى كۆزۈم،
ئاڭلىمىدى سوززۇمنى قۇلاق.

* * *

قايسى كۈن بولدۇم جۇدا، ماڭا يوق سەندىن خەۋەر،
مەن بىلەن ئىدى ئۇيۇڭ، گۈل ـ گۈلىستان ئەي پەدەر.

خەتنىڭ ئاستىغا: "بۇ مەكتۇپ ماكانى ۋە ۋەتىنىدىن ئايرىلغان، جېنى قىينىلىپ، دىلى سىقىلغان، نۇزھەتۇززاماندىن شاھ ئومەر ئىبنى نوئمانغا" دەپ يېزىپتۇ. خەتنى چىرايلىق قاتلاپ، سودىگەرگە بېرىپتۇ. سودىگەر خەتنى قولىغا ئېلىپ سۆيۈپتۇ. خەتنىڭ مەزمۇنىنى بىلىپ خوش بوپتۇ. "سېنى ياراتقۇچىغا بارىكاللا!" دەپتۇ ئۇ، قىزغا قاراپ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.

ـــ ئەي بەختلىك شاھ، ـــ دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

سودىگەر خەتنى ئوقۇپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن، قىزغا بولغان ھورمىتى يەنىمۇ ئېشىپ ئۇنىڭغا رەخمەت ئېيتىپتۇ. كۈن بويى قىزنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ كوڭلىنى ئاچىدىغان سوزنى قىپتۇ. كېيىن ئالدىغا



ئاتمىشىنچى كېچە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لەززەتلىك تاماقلارنى كەلتۈرۈپتۇ. نۇزھەتۇززامان تويغىچە يەپتۇ. كېيىن ئۇنى ھاممامغا ئېلىپ بېرىپ، ياخشىلاپ يۇيۇندۇرۇپ، ياخشى كىيىملەرنى كەيگۈزۈپتۇ. سودىگەر بازاردىن ئېلىپ كەلگەن شامنى يېقىپ، تاماق بىلەن مېۋە قويۇپتۇ. ئېشىپ قالغانلىرىنى ھاممام خىزمەتچىلىرىگە بېرىۋې-تىپتۇ. قىزغا ئارام ئېلىش ئۈچۈن بىر جايغا ئورۇن ھازىرلاپ بېرىپتۇ. سودىگەر باشقا بىر جايدا ئۇخلاپتۇ. سودىگەر ئۇيقىدىن ئويغانغاندا، قىزمۇ ئويغانغان ئىكەن. سودىگەر ئۇنىڭغا ئېسىل رەختتىن تىكىلگەن مىڭ تىللالىق كىيىم، زەر بىلەن گۈل بېسىلغان تۈركچە رۇمال، ئالتۇندىن ئىشلىنىپ تۆرلۈك قىممەتباھالىق ھەرخىل ئۈنچە-دۇرلەر ئورنىتىلغان زىننەت تۇمارى، مىڭ تىللالىق ياقۇت كوزلۇك ئۈزۈك، قولىغا مىڭ تىللالىق لەئەل ھالقا، كوكرىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان ئالتۇن زۇننارە تەقدىم قىپتۇ. بۇ زۇننارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئون دانە يۇملاق قىممەتلىك تاش، توققۇز دانە يېرىم ئاي شەكلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىزىل ياقۇت ئورنىتىلغان ئىكەن. بۇنىڭ ئوزى ئۈچ مىڭ تىللالىق ئىكەن. ھەربىر يۇملاق تاشنىڭ ئوزى يىگىرمە مىڭ تەڭگىگە ئېلىنغان ئىكەن. سودىگەر بۇلارنى تەقدىم قىلىپ قىزنى ياسىنىشقا بۇيرۇپتۇ. قىز كىيىنىپتۇ. سودىگەر ئالدىدا، قىز كەينىدە بىللە كوچىغا چىقىپتۇ ۋە بىللە مېڭىپتۇ. كورگەن كىشىلەر قىزنىڭ ھوسنىگە، ياسىنىشىغا ھەيران قېلىشىپتۇ. "ئايھاي، خۇدانىڭ كوپ ئاجايىپ، قۇدرەتلىك ياراتقىنى بار،" دەپ ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ، بارماقلىرىنى چىشلىشىپتۇ، "قانداق بەختلىك ئادەم بۇ قىزغا ئويلىنەر ۋە بىللە بولاركىن؟" دېيىشىپتۇ. ئۇلار شۇ ماڭغىنى-

چە شەررىكانىنىڭ سارىيىغا يېتىپ بېرىپتۇ. سودىگەر شەررىكانىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا نەچچە پۇكۇلۇپ تازىم قىپتۇ: "ئەي مۇھتەرەم ئەمىر، سىزگە ھوسنىدە زامانىمىزدا تەڭدىشى يوق، بىلىم-پەزىلەتتە مىسالى يوق، ئۇلۇغ بىر ھەدىيە ئېلىپ كەلدىم، دەپتۇ. "ئۇنى كوزۇم بىلەن كورۇشنى خالايمەن"— دەپتۇ شەررىكان.

سودىگەر قىزنى ئېلىپ كىرىپ، شەررىكانىنىڭ ئالدىغا ئۇتكۇزۇپتۇ. شەررىكان ئۇنى كورگەن ھامان، ئۇنىڭ يۇرىكى ئۇزى بىلەن قانداش ئىكەنلىكىنى تۇيغاندەك سوقۇپتۇ. لېكىن ئۇ، نۇزھەتۇززامانىنىڭ كىچىك چېغىدىلا باغدادتىن كېتىپ قالغان بولۇپ، ئۇنى تۇززۇگرەكمۇ كورمىگەن ئىكەن، پەقەت نۇزھەتۇززامان دىگەن بىر سىڭلىسىنىڭ ۋە زۇئۇلماكان دىگەن ئىنىسىنىڭ بارلىغىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ ئاتىسىنىڭ قېشىدا ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. شۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭدا مىراس تەشۋىشى پەيدا بولۇپ، ئاخىر دەمەشققە كەلگەن ئىكەن. سودىگەر ئۇنى شەررىكانغا تەقدىم قىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ: "بۇ قىز چىرايىدا تەڭدىشى يوق، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۇتۇن دىنى ۋە سىياسى، دۇنياۋى، رىيازى بىلىملەرنىمۇ مۇكەممەل ئىگەللىگەن".

"ئانداق بولسا، باھاسىنى خالىغىنىڭچە ئال! قىزنى قويۇپ يولۇڭغا ماڭ!"— دەپتۇ شەررىكان سودىگەرگە. "خوپ! ئەمما، مېنىڭ بىر ھاجىتىم ۋە ئىلتىماسىم باز. ماڭا سودا ئىشلىرىنى دەخلىسىز يۇرگۇزۇش ئۇچۇن، ھېچ قەيەردە، ھېچ ماكاندا ۋە ھېچقاچان مەندىن باج ئالماسلىقنى تەستىقلىغۇچى بىر گۇۋانامە بېرىشىڭىزنى سورايمەن" دەپتۇ سودىگەر. "ياخشى، بۇ ئىشنى توغرى-

لاپ بېرەي، لېكىن، بۇ قىزنىڭ باھاسىنى مەندىن تولۇق ئالا» دەپتۇ شەررىكان. «ئانداق بولسا، بۇ كېنىزەكنىڭ قىممىتى يۈز مىڭ تىللا، كىيىملىرىنىڭ قىممىتىمۇ شۇنىڭ بىلەن باراۋەر» دەپتۇ سودىگەر.

ئەمىر شەررىكان: «مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇغىراق بېرىمەن» دەپتۇ-دە، خىزمەتچىسىنى قىچقىرىپ، سودىگەرگە — ئۈچ يۈز يىگىرمە مىڭ تىللا پۇل بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، شەررىكان تۆت قازىنى ھازىرلاپ، ئۇلارغا: «سىلەر گۇۋا بولۇڭلاركى، بۇ كېنىزەكنى مەن ئازات قىلدىم. مەن بۇنىڭغا ئۆيلىنىشنى خالايمەن①» دەپتۇ. قازىلار ئۇنىڭ ئازات قىلىنغانلىغىنى كورسەتكۈچى ھۆججەتنى تەييارلاپتۇ، نىكاھ خېتىمۇ پۈتۈپتۇ. ئەمىر قېشىدا تۇرغان كىشىلەرگە كوپلەپ خۇشبۇي ئەتىرلەر ۋە ئالتۇنلارنى چېچىپتۇ. سودىگەرنىڭ تەلىۋىگە مۇۋاپىق قىلىپ، ئۇنىڭ سودىگەرچىلىكى ئۈچۈن كەڭ ئىمكانىيەت بېرىپ، باج ئالماسلىق، ئوشرە-زاكات تولەتمەسلىك، ئۇنىڭغا جېرىمانە قويماسلىق، ھېچ بىر يۇرت ۋە شەھەردە ئۇنىڭغا يامان كوز بىلەن قارىماسلىق ھەققىدە پەرمان يېزىپ بېرىشنى ئوز مىرزىسىغا ئەمىر قىپتۇ، سودىگەرگە تون يېپىپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.

---

① شەرىئەت قانۇنى بويىچە، چورە-كېنىزەكلەر بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ. نىكاھلىنىش ئۈچۈن، ئاۋال ئۇلارنى ئاشكارە ئازات قىلىش لازىم.

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.



ئاتمىش بىرىنچى كېچە

دەمەشق ئەمىرى سودىگەرنىڭ تەلىۋىگە مۇۋاپىق قىلىپ يېزىلغان خەتكە تامغىسىنى بېسىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى تار-قىلىپتۇ. ئەمىرنىڭ يېنىدا قازىلار بىلەن سودى-گەردىن باشقا ھېچكىم قالماپتۇ. شەررىكان قازىلارغا: "مەن قىزنىڭ ئاغزىدىن سودىگەر-نىڭ سۆزىنىڭ راستلىغىنى تەستىقلايدىغان بىلىم مەلۇماتىنى ئاڭلىشىڭىزلارنى خالايمەن" دەپتۇ. "مەيلى، بۇ ئىشىنىڭمۇ يامىنى يوق!" دېيىشىپتۇ قازىلار. ئەمىر ئۆزى بىلەن يېنىدىكىلەر-دىن قىزنى ئايرىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىدىكى پەردىنى چۈشۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. پەردە ئارقىسىدا ئاياللار قىزنى ئەمىرنىڭ خوتۇنى بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلەپ، ئاياق-قوللىرىنى سۆيۈپتۇ. ئۇنىڭ چۆرىسىدە پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، يېنىكلىتىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى يەشتۈرۈپتۇ. قىزنىڭ ھۆسنىنى، تۇرقىنى تاماشا قىلىشىپتۇ. ۋەزىرلەرنىڭ خوتۇنلىرى ئارىسىدا شۇنداق خەۋەر تارقىلىپتۇ: "دەمەشق ئەمىرى شاھزادە شەررىكان كۆركەملىكتە، بىلىمدە، ئەدەپتە تەڭدىشى يوق بىر كېنىزەك سېتىپ ئاپتۇ. ئۇ، پۈتۈن بىلىملەرنى بىلىدىكەن. قىممىتى ئۈچ يۈز يىگىرمە مىڭ تىللا ئىكەن. ئۇنى ئازات قىلىپ، ئۆزىگە نىكاھلاپتۇ. ئەمىر قىزنى سىناپ كۆرۈشكە، ئۇنىڭ سوئاللارغا بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلاشقا توت قازى چىقىرتىپتۇ". بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ۋەزىرلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

خوتۇن ـ قىزلىرى ئەرلىرىدىن رۇخسەت ئېلىشىپ، ئالدىراپ كېلىشىپ، قىزنى كورۇشۇپتۇ. قىزنىڭ قېشىدا ئاغۋاتلار بىلەن كېنىزەكلەر ۋە چورىلەر تۇرغان ئىكەن. نۇزھەتۇززامان ۋەزىرلەر-نىڭ ۋە باشقا ساراي ئەرباپلىرىنىڭ ئاياللىرى كەلگىنىنى كورۇپ، ئۇلار بىلەن كورۇشكىلى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپتۇ، قوللار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۇرۇپتۇ. "خوش كېلىپسىزلەر" دەپتۇ ئۇ، كەلگەنلەرنى قارشى ئېلىپ، ئوچۇق چىراي بىلەن تورگە تەكلىپ قىپتۇ. قىز شۇنداق مۇلايىملىق بىلەن ئىلتىپات كورسىتىپ، ئۇلارنى ئوزىگە رام قىلىپ ئاپتۇ. خۇددى ئۇلار بىلەن بۇرۇن كورۇشۇپ يۇرگەن كىشىدەك ياكى بىللە ئوسكەندەك ئوز جايىنى تېپىپ ئولتۇرغۇ-زۇپتۇ. ئۇلار بۇ كېنىزەكنىڭ ئەقلىگە، ھوسنىگە، مۇئامىلىسىگە ھەيران بولۇشۇپتۇ. بىر ـ بىرلىرىگە پىچىرلاپ: "بۇ قىز كېنىزەك ئەمەس، بەلكى شاھ قىزى ــ مەلىكە" دېيىشىپتۇ. ئۇلار نۇزھە-تۇززاماننىڭ ھورمىتىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ: "ئەي مەلىكىمىز، سىزنىڭ مۇبارەك قەدىمىڭىز بىلەن شەھىرىمىز نۇرغا تولدى. سىزنىڭ شاراپىتىڭىز بىلەن بىزنىڭ ۋە يۇرتىمىزنىڭ قەدرى ئوستى. يۇرتىمىز سىزنىڭ ۋەتىنىڭىزدۇر، ساراي سىزنىڭ قەسرىڭىزدۇر. بىز بولساق سىزنىڭ چورىڭىز، ھوسنىڭىزنى تاماشا قىلىشقا رۇخسەت قىلىپ، مەرھەمىتىڭىزنى بىزدىن ئايىمىغايسىز. بىز سىز-دىن شۇنى سورايمىز" دېيىشىپتۇ. نۇزھەتۇززامان بۇنىڭ ئۇچۇن ھەممىلىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۇرۇپتۇ. قىز ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى كىشىلەرنى ئەمىر ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى كىشىلەردىن ئايرىپ تۇرغۇچى ئوتتۇرىدىكى پەردە ھامان تارتىغلىق ئىكەن. ئەمىر نۇزھەتۇززا-ماننى قىچقىرىپ: "ئەي ئىززەتلىك مەلىكە، سودىگەر سېنى

ئىلىم ـ ئەدەپتە ماختىدى، ھەتتا ھەممە بىلىملەرنى تولۇق بىلىشىڭنى تەرىپلىدى. شۇ ھەقتە بىر ئاز سوزلىسەڭ، بىزنىڭ قۇلىقىمىز سىنىڭ سوزۇڭدىن بەھرى ئالسا" دەپتۇ.

"خوش، ئەل ئەمىرى" دەپتۇ قىز ۋە يېقىملىق ئاۋاز بىلەن توۋەندىكى سوزنى باشلاپتۇ: "بىرىنچى باپ: مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش، شاھلار ۋە ۋالىلار مۇئامىلىسى، شەرىئەت ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغۇچى ئەمەلدارلار مەسىلىسى بىلەن ئۇلارغا لايىق قائىدىلار توغرىسىدا: ئەي ئەمىر، بىلگىنكى، خۇلقىنىڭ ياخشى خۇسۇسىيەت ـ لىرىدىن بىرى دىن ــ دۇنيا ئىشلىرىغا يۇغۇرۇلغاندۇر. چۈنكى، دىنغا كىشى پەقەت دۇنيا بىلەنلا يېتىشىدۇ. دۇنيا ئىنتىزامى پەقەت ئادەم ـ لەرنىڭ ھەركەتلىرى بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئىشلىرى توت تۈرگە بولۇنىدۇ: ھوكۇمدارلىق، سودىگەرلىك، دېخانچىلىق، ھۈنەرۋەنلىك. ھوكۇمدارلارغا مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، ئوبدان سىياسەت، ھۇشيارلىق، سەممى ھەركەت ۋە سادىقلىق كېرەك. چۈنكى، ھوكۇمدار ئىمارەتنىڭ تۈۋرۈكىدۇر؛ ئەگەر ئادەملەر ئىنساپ بىلەن ئىش قىلسا، ئەلۋەتتە تالىشىش، دۇشمەنلىك ئارىدىن كوتىرىلەتتى. لېكىن، ئۇلار ئىنساپ بىلەن ئەمەس، زورلۇق بىلەن ئىش قىلىدۇ؛ نەپسىگە چوغ تارتىپ، ئۇنىڭ ھېرىسلىقىغا قاراپ ئىش كورۇدۇ ـ دە، تەلۋىنى قاندۇرۇشقا ئورۇنىدۇ. بۇ ھەركەتلىرىدىن تالىشىش، تارتىشىش ماجراسى كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدا توغرىلىقنى ئورنىتىش لازىم بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ھوكۇمدار زورۇر بولىدۇ. ئەگەر شاھ ئادەملەرنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن، توغرى ۋە ناتوغرىنى زىرەكلىك بىلەن ئايرىپ تۇرمىسا، ئەلۋەتتە كۈچلۈكلەر كۈچسىزلەرگە زورلۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىدۇ، ئەردەشىر شۇنداق دېگەن: دىن بىلەن ھۆكۈمدار ئىككىسى قوشكېزەك، دىن — خەزىنە، دولەت — ئۇنى قوغدىغۇچى. شەرىئەت ۋە ئىقىل ئادەملەرگە: مەزلۇملارنى زالىملار زۇلمىدىن ساقلىغۇچى، كۈچسىزلەرنى كۈچلۈكلەردىن ئاسرىغۇچى ۋە ھىمايە قىلغۇچى، جىنايەتچىلەرنى جازالىغۇچى ھوكۈمدار تەيىنلەش زورۇرلىكىنى ئۆگىتىدۇ. ئەي ئەمىر، شۇنى بىلگىنكى، شاھ قانچە ياخشى بولسا، زامانىمۇ خۇددى شۇنداق ياخشى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەگەر ئىككى تائىپە ئادەم — ئەمىرلەر بىلەن ئالىملار تۈزۈك بولسا، ئادەملەرمۇ تۈزۈك بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار بۇزۇق بولسا، ئادەملەرمۇ بۇزۇق بولىدۇ دېگەن. بەزى دانالار شاھلار ئۈچ خىل بولىدۇ دېگەن: دىندار شاھ، مۇقەددەس نەرسىلەرنى ساقلىغۇچى شاھ، مەئىشەتكە بېرىلگەن شاھ. دىندار شاھ ئۆز خەلقىنى دىنغا بويسۇندۇرۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆزى ھەممىدىن ياخشىراق دىندار بولۇشى شەرت. چۈنكى، ئادەملەر ئەگەشكۈچى، ئۆگەنگۈچى، ئۈلگە ئالغۇچىدۇر. ئادەملەر ئۇنىڭ دىن قانۇنىغا مۇۋاپىق بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دىنغىمۇ، ھوكۈمگىمۇ توغرا مۇئامىلە قىلىشى لازىم. مۇقەددەس نەرسىلەرنى ساقلىغۇچى شاھ دىن ئىشلىرى بىلەن دۇنيا ئىشلىرىغا تەڭ قاتنىشىدۇ. ئۇ، ئادەملەرنى قانۇن ئارقىلىق دىنغا بويسۇنۇشقا، ئادىمگەرچىلىكنىڭ ھەممە شەكىللىرىنى ساقلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇ، قەلەم بىلەن قانۇننى بىرلەشتۈرۈش كېرەك، دەپ تونۇيدۇ ۋە ئۆزىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ئۇ، قەلەمنىڭ سىزىغىدىن چىققانلارنى قىلىچ بىلەن رۇسلايدۇ، ئۇ، ئۆتكۈر قىلىچ بىلەن كۈچ كۆرسىتىپ، قىڭغىر-قىيسىقلارنى تۈزەيدۇ ۋە

پۈتۈن ئادەملەر ئارىسىدا قەلەم ۋە قىلىچ بىلەن ئادالەت ئورنىتىدۇ. مەئىشەت پەرەس شاھقا كەلسەك، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭلا ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولىدۇ. ئۇ، بۇ مەرتىۋىنى بەرگەن خۇدادىنمۇ قورقمايدۇ، خەلقتىنمۇ ئۇيالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئابرويى توكۇلىدۇ. تەكەببۇرلىغى نەتىجىسىدە، ھالاكەتكە قاراپ ماڭىدۇ، دولىتىمۇ خاراپ بولىدۇ، ئۆزىمۇ تۈگەيدۇ. دانالار: شاھ كۆپچىلىككە مۇھتاج، كۆپچىلىك بىر كىشىگە يەنى ئادىل شاھقا مۇھتاج دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، شاھ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۇقۇشۇلماسلىقنى، كېلىشمەسلىكلەرنى يوقىتىش، ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ پۈتۈن ھال-ئەھۋال-لىرىدىن خەۋەردار بولۇشى. ئۇلارنى ئادالەت قۇچىغىغا ئېلىشى، ئالىجاناپلىق بىلەن قولىنى ئېچىپ غەمخورلۇق قىلىشى لازىم. ئەي ئەمىر، بىلگىنكى، فارىسلارنىڭ ئۈچىنچى شاھى ئەردە-شىر پۈتۈن دۇنيانى ئىگەللەپ، ئۇنى توتكە بولگەن. ھەربىر بولىگى ئۈچۈن مەخسۇس بىردىن تامغا ئويدۇرغان. بىرىنچى تامغىسى دېڭىزنى قوغداش تامغىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا "دولەت" سوزىنى يازدۇرغان؛ ئىككىنچى تامغىسى سېلىق ۋە پۇل توپلاش تامغىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا "قۇرۇلۇش ۋە ئاۋاتلىق" سوزىنى يازدۇر-غان؛ ئۈچىنچى تامغىسى ئوزۇق-تۈلۈك تامغىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا "توقلۇق-مولچىلىق" سوزىنى يازدۇرغان؛ توتىنچى تامغىسى شكايەت تامغىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا "ئادالەت" سوزىنى يازدۇرغان. ئىسلام دىنى كېلىپ چىققانغا قەدەر، فارىسلاردا شۇ قائىدە تەرتىپ جارى بولۇپ كەلگەن ئىدى. شاھ خىسراۋ نۇشىرۋانى ئادىل

ئۇزىنىڭ لەشكەر بېشى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگۈچى ئوغلىغا خەت يېزىپ: "ئەسكەرلىرىڭگە كوپ ئەرك بەرمە، ئەگەر ئەركىنلىك بەرسەڭ، ئۇلار ئۇزلىكىدىن تېچلىنىپ، سېنىڭ بىلەن كوپ ئىشلاردا بىللە بولماي قويىدۇ. غەمخورلۇق قىلماي ئۇلارنى تەڭلىكتىمۇ قويما! تەڭلىكتە قويساڭ، سەندىن رەنجىپ، يېقىن كەلمەيدۇ. ئۇلارغا ئۇز لايىغىدا مۇئامىلە قىلىشىنى بىلىش لازىم" دەپ، قايتا-قايتا ئۇقتۇرغان ئىكەن.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



ئاتمىش ئىككىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

خىسراۋ ئۇز ئوغلىغا يازغان خېتىدە يەنە: "ئەسكەرلەر بىلەن ئۇز لايىغىدا مۇئامىلىدە بول! يېقىملىق بىلەن مۇكاپاتلاپ تۇر! مولچىلىق ۋاقىتلاردا سېخىيراق بول! قايغۇلۇق كۇنلەردە ھەددىدىن ئارتۇق سىقما!" دېگەن ئىكەن.

شۇنداق بىر گەپ بار: بىر كۇنى بىر بەدەۋى ئەرەپ مەنسۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: "ئىتىڭنى ئۇزەڭ تويغاز، ئۇ ساڭا ئۇگىنىدۇ" دەپتۇ. بەدىۋىنىڭ سوزىگە مەنسۇرنىڭ ئاچچىغى كەپتۇ. ئەبۇئابباس تۇسى ئۇنىڭغا: "ئىتقا سەندىن بولەك كىشى ئوزۇق بەرسە، ئۇ سېنى تاشلاپ، شۇ كىشىگە ئۇگىنىپ قالىدۇ، دەپ ئەنسىرەيمەن" دەپتۇ. مەنسۇرنىڭ غەزىۋى يېنىپتۇ. بەدىۋى ئەرەپنىڭ سوزى توغرا ئىكەنلىكىنى چۇشىنىپ، ئۇنى مۇكاپاتلاپتۇ.

ئەي ئەمىر، شۇنىمۇ بىلگىنكى، ئابدۇلمۇلۇك ئىبنى مەرۋان ئۆزىنىڭ ئاكىسى ئابدۇلئەزىزنى مىسىرغا ئەۋەتىپ، شۇنداق دەپ خەت يازغان: "مىرزىلار ۋە ساراي ئەھلىنىڭ كوڭلىنى ئال! مىرزىلار ساڭا ئىشنىڭ كېتىپ بېرىشى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ؛ سارايدىكىلەردىن ساراي رەسمىيەتلىرىنى ئۆگىنىسەن. تاشقىرىدىكىلەر ئارقىلىق ئەسكەرلىرىڭنىڭ ئەھۋالىنى ئۆگىنىسەن". ئۇمەر ئىبنى خەتتاپ بىر كىمنى خىزمەتكە ئالماقچى بولسا، توت شەرت قويىدىكەن: كولۇك ئاتلارغا مىنمەسلىك، يىپەك كىيىملەرنى كىيمەسلىك، ھەربى ئولجىلارنى بۇلاپ ـ تالاپ كەتمەسلىك، نامازنى قازا قىلماسلىق. ئەقىلدىن ئارتۇق بايلىق يوق دىگەن گەپ بار. ئالدىن كورۇش، ئويلاپ ئىشلەشتىن تاشقىرى ئەقىل يوق، ھوسنى ـ خۇلقىدىن ئارتۇق مەنزۇر نەرسە، ئەدەپكە تەڭ مىزان يوق. تەۋپىقىقا تەڭ كەلگىدەك پايدا يوق. تەپەككۇر بىلەن تەڭلەشكىدەك بىلىم يوق. ياخشى ئىش قىلىشتەك تىجارەت يوق. خۇدانىڭ مۇكاپاتىغا لايىق ئىش قىلىشتىن پايدىلىق نەرسە يوق. پەرزلەرگە تەڭ ئىبادەت يوق. تەۋەززۇلۇقتىن ئۇلۇق خۇلق يوق. بىلىمگە تەڭ كەلگىدەك شاراپەتلىك نەرسە تېپىلماس. بېشىڭنى ساقلا، ئولۇم ۋە پالاكەتچىلىكنى ئەسلە. ئۇلۇغ كىشىلەر: "بۇزۇق ئادەملەر قىلىدىغان يامانلىقتىن ساقلىنىڭ، يامان كىشىلەردىن ھەزەر قىلىپ، ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىماڭ، ئۇلارنىڭ ھىلە ـ مىكىرلىرىگە دۇچار بولماڭ. ئوتتۇرىھال ھەركەت قىلمىغانلارنىڭ ئەقلى سۇنۇق ـ تۇر" دىگەن.

ھەزرەت ئۇمەر ئېيتقان: ئاياللار ئۈچ خىلدۇر: بىرىنچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىلى — خۇداغا ئىشەنگۈچى، خۇدادىن قورققۇچى، مۇھەببەتلىك، ھەر بىر ھادىسىدە ئىبرەتكە يارىدەملەشكۈچى؛ ئىككىنچى خىلى — كوپ تۇققۇچى، بالىدىن باشقا ئىشنى بىلمەيدىغان ئاياللار؛ ئۈچىنچى خىلى — خۇدانىڭ قەھرى - غەزىپىگە يولۇققان، كىشىنىڭ بويىنىغا سېلىنغان سىرتماق ...

ئەرلەرمۇ ئۈچ خىلغا بولىنىدۇ: بىرىنچىسى — ئۆز ئىشىنى ئۆز ئەقلى - ئىدرىكى بىلەن ئويلاپ قىلىدىغان ئەقىللىق ئەرلەر؛ ئىككىنچىسى — ئالدىدىكىگە قارىغاندا ئېقىلللىغراق، لېكىن قىلىدىغان ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىگە ئۆزىنىڭ ئەقلى يەتمىسە، باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كورىدۇ، توغرا تېپىلغاندا قىلىدۇ، قىلغان ئىشىدا يېڭىلمەيدۇ؛ ئۈچىنچى خىلى — ئىرادىسىز كىشىلەر، ئۇلار توغرا يولنى تاپالمايدۇ، مەسلىھەتكىمۇ قۇلاق سالمايدۇ. نەتىجىدە، ھەيران، سەرگەردان بولۇپ يۈرىدۇ. ئۆزىدىن كورمەيدۇ، كىشىدىن ئاغرىنىدۇ، رەنجىيدۇ.

ئادىللىقمۇ ھەرقانداق ئىشتا زورۇردۇر. ھەتتا كېنىزەكلەر، چورىلەر، دىدەكلەر، قۇللارمۇ ئادالەتكە مۇھتاج. بۇ ھەقتە ئادەملەرگە جەۋرى سېلىشنى كەسىپ قىلىپ ئالغان قاراقچىلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن. ئەگەر شۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر - بىرى بىلەن مال تەقسىماتىدا تەڭلىك بولمىسا، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭمۇ ئىشى نەتىجىسىز چىقىدۇ. خۇلاسە شۇكى، ئەڭ ياخشى خۇلقلارنى ئىگەللەش زورۇر. بۇنى شائىر مۇنداق دەپ تەسۋىرلىگەن:

يىگىت قەبىلىسىنىڭ كوڭلىنى ئالدى:
ئىلتىپات كورسىتىپ، شۇنداق بول سەن ھەم.

كەرەمدە ئىشەنچ بار، شەپقەتتە ھورمەت،
توغرىلىق، ساداقەت كەلتۈرمىگەي غەم.
مال بىلەن قازانماق ئىستىگەن شوھرەت،
ئۈزۈپ چىقسۇن بەيگىدە ئىلتىپات ـ كەرەم.

كېيىن نۇزھەتۇززامان سوزنى شاھلارنىڭ مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشلىرى توغرىسىغا بۇراپتۇ. ئولتۇرغانلار:

بۇگۈنگىچە بىز سىياسەت بابىدا بۇ قىزدەك دانا ۋە ناتىقنى كورمىگەنمىز. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىرەر باپتا سوزلىگەن بولسا، ئاڭلاپ پايدىلانساق، ــ دەپتۇ. نۇزھەتۇززامان ئولتۇرغانلاردىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشۈنۈپتۇ.

"ئەدەپ بابى ناھايىتىمۇ كەڭ. چۈنكى ئۇ، ھەرقانداق كامالەتنىڭ چوققىسى ۋە جۇغلانغان ئورنىدۇر" دەپتۇ ئۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مۇئاۋىيەنىڭ ئالدىغا ئەھنەف ئىبنى قەيس بەنۇتەمىم كەلگەن ئىدى. دەرۋازىۋەن كىرىپ: "ئەي خەلىپە، ئىراقتىن كىشىلەر كەلدى. ئۇلار سىز بىلەن كورۇشۇشنى، سوزلىششنى ئىستەيدۇ"، ــ دەپ، ئۇلارنىڭ كىرىشكە رۇخسەت سورىدى. مۇئاۋىيە دەرھاللا "كىم ئىكەن؟" دەپ سورىدى. "بەنۇتەمىم" ــ دەپ جاۋاپ بەردى دەرۋازىۋەن. مۇئاۋىيە كىرىشكە ئەمر قىلدى، ئۇلار كىردى. مۇئاۋىيە ئەھنەفتىن: "يېقىنراق ئولتۇرغىن، سوزۈڭنى ياخشىراق ئاڭلاي، ماڭا قانداق مەسلىھىتىڭ بار؟" دەپ سورىدى. "ئەي ئەمىرىلمۇئمىنىن! ــ دىدى ئەھنەف ئىبنى قەيس خىتاپ بىلەن، ــ چېچىڭنى ئالدۇر، ساقال بۇرۇتىڭنى ياسات، تىرمىقىڭنى ئال! قولتۇق ئاستى مويلىرىڭنى يۇل! ھەر ۋاقىت چىشىڭنى تازا تۇت! چۈنكى بۇنىڭ يەتمىش ئىككى خىل خاسىيىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

بار. جۇمە كۈنلىرى بويۇڭنى سۇغا سال، ئىككى جۇمە ئارىلىغىدىكى
گۇناللىرىڭدىن تازىلىنىسەن".
قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى
توختاتتى.



ئاتمىش ئۈچىنچى
كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ
شەھرىزاد ھىكايىسىنى.
ئەھنەڧ ئىبنى قەيس مۇئاۋىيە سورىغان
سوئالغا جاۋاپ بېرىپ كېلىپ: "ئىككى جۇمە
ئارىلىغىدىكى گۇناللىرىڭنىڭ كاپارىتى ئۈچۈن
جۇمە كۈنى يۇيۇنغىن" دېدى. "ئۆزەڭگە قانداق
مەسلىھەت بېرىسەن؟" دەپ سورىدى مۇئاۋىيە
ئەھنەڧ ئىبنى قەيستىن. "يول يۈرگەندە
ئالدىرىماي قەدەم يوتكەشنى، ھەر بىر قەدىمىمنى كۆزىتىشنى
مەسلىھەت بېرىمەن" — دېدى ئەھنەڧ. "ئەمىرلەردىن تۆۋەن
دەرىجىدىكى ئۇرۇقلىرىڭنىڭ قېشىغا كىرگەندە، ئۆزەڭنى
قانداق تۇتىسەن؟" — دەپ سورىدى مۇئاۋىيە. "كەمتەرلىك بىلەن
بېشىمنى ئىگىپ سالام بېرىمەن" دەپ جاۋاپ بەردى ئەھنەڧ
ئىبنى قەيس. ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلىپ: "ماڭا تېگىشلىك
بولمىغان نەرسىلەرگە ئېتىۋار بەرمەيمەن، سۆزنى ئاز قىلىمەن"
دېدى. "ئۆز تەڭ تۇشلىرىڭ ئالدىغا كىرگەندە قانداق مۇئامىلە
قىلىسەن؟" — دەپ سورىدى مۇئاۋىيە. "ئۇلار ماڭا تەكەببۇرلۇق
قىلسا، مەن ھاكاۋۇرلۇق قىلمايمەن. سۆز بىلەن يېڭىپ قويسا
تاكاللاشمايمەن" — دېدى ئەھنەڧ. "ئەمىرلەرنىڭ ئالدىغا كىرگەندە

نېمه قىلسەن؟" دېدى مۇئاۋىيە. "ئىشارەتسىز توغرا سالام بېرىمەن، جاۋاپنى كۈتىمەن. ئەگەر يېنىغا تەكلىپ قىلسا بارىمەن، يېقىنلىشىمەن. يىراقلاشسا، ئۇزاقلىشىمەن" دەپ جاۋاپ بەردى ئەھنەف. "خوتۇنىڭ بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىسەن؟"دەپ سورىدى مۇئاۋىيە. "ئەي ئۇلۇغ شاھ، بۇ سوئالىڭغا جاۋاپ بېرىشتىن مۇستەسنا قىل!" — دېدى ئەھنەف. "خۇدا ھەققى جاۋاپ بەر؟" دېدى مۇئاۋىيە. "ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىمەن، مېھرىۋانلىقنى ئايىمايمەن. مەئىشەت ۋە يېمەك-ئىچمەكتىن خاتىرجەم قىلىمەن. چۈنكى، ئاياللار سول قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان" دېدى ئەھنەف.

"ياخشى، تىلىگىڭنى ئېيت؟" دېدى مۇئاۋىيە.

"تىلىگىم شۇكى، پۇخرالىرىڭنى ئىدارە قىلىشتا، خۇدادىن قورقۇپ، توغرا ئىش قىلىشىڭ، ھەممىگە باراۋەر ئادىل بولۇشۇڭدۇر" دەپ جاۋاپ بەردى ئەھنەف ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇئاۋىيەنىڭ يېنىدىن چىقتى.

ئۇ، مۇئاۋىيەنىڭ ئالدىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا: "ئەگەر پۈتۈن ئىراقتا، باشقا ھېچكىم بولماي، مۇشۇ دانىشمەننىڭ ئۆزى يالغۇز بولغاندىمۇ، ئۇ. پۈتۈن ئىراققا يېتىپ ئاشىدۇ" دېدى مۇئاۋىيە.

ئاندىن نۇزھەتۇززامان: "ئەدەپكە تەئەللۇق سۆزلەردىن ئېيتاي" دەپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

"بىلگىنكى، ئەي ئەمىر، ئۆمەر ئىبنى خەتتاپنىڭ مۇئەيقىپ ئىسىملىك بىر خىزمەتچىسى بار ئىدى".

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.

www.uyghurkitap.com



ئاتمىش توتنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاپنىڭ مۇئەيىقىپ ئىسىملىك خىزمەتچىسى بولغان ئىكەن. بىر كۈنى مۇئەيىقىپ ئۆمەر ئىبنى خەتتاپنىڭ ئوغلىنى كورۇپتۇ-دە، ئۇنىڭغا خەزىنىدىكى پۇلدىن بىر تەڭگە بېرىپتۇ. "ئۆيۈمگە بېرىپ، ئەمدىنىنا جايىمغا ئولتۇرغان ئىدىم، — دەپ ھېكايە قىپتۇ مۇئەيىقىپ، — ئۆمەر ئىبنى خەتتاپنىڭ ئادەملىرىدىن بىرى مېنى قىچقىرىپ كەلدى. مەن ئەندىشە بىلەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاپنىڭ يېنىغا كىردىم. بايا ئوغلىغا بەرگەن بىر تەڭگە پۇل ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ.

"لەنەت ساڭا، ئەي مۇئەيىقىپ، سەندە بىر كامچىلىق بار" — دېدى ئۇ ماڭا جىددىي قىياپەت بىلەن. "نېمە كامچىلىق، ئەي خەلىپەم" — دېدىم مەن. "قىيامەتتە، مانا شۇ بىر تەڭگە ئۈچۈن، مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ بارچە ئۇممەتلىرى ئالدىدا جاۋاپ بېرىسەن" — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ئەبۇمۇسەل-ئەشئەرىگە تۆۋەندىكى مەزمۇندا خەت يازدى: "مېنىڭ خېتىم يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئادەملەرگە تېگىشلىك نەرسىلەرنى ئۇزلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، قالغىنىنى ماڭا ئەۋەت". ئەبۇمۇسەل-ئەشئەرى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ خەتتە يازغاندەك قىلدى. ئوسمان خەلىپە بولغاندا، ئەبۇ-مۇسەلگە شۇنداق خەت يازدى. ئەبۇمۇسەل تاپشۇرۇقنى ئورۇندىدى،

قالغان قىسمىنى زىياد ئىسمىلىك كىشىدىن ئەۋەتتى. زىياد پۇللارنى ئېلىپ كېلىپ، ئوسماننىڭ ئالدىغا قويىدى. ئۇنىڭ ئوغلى بۇ پۇلدىن بىر تەڭگىنى ئالدى. زىياد بۇنى كورۇپ يىغلىۋەتتى.

"نىمىشقا يىغلايسەن، ئەي زىياد؟" دەپ سورىدى خەلىپە ئوسمان. "مەن بىر ۋاقىتتا ئومەرگە شۇنداق خىراج پۇل ئېلىپ كەلگەن ئىدىم. ئۇنىڭ ئوغلى بىر تەڭگە ئالدى. ئومەر ئىبنى خەتتاپ پۇلنى ئوغلىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىشقا بۇيرىدى. ھالبۇكى، ھازىرمۇ خۇددى شۇنداق ئىش بولدى. ئەمما، ئوغلىڭىزنىڭ قولىدىن پۇلنى ھېچكىم تارتىپ ئالمىدى، ھېچكىممۇ ھېچ نەرسە دېمىدى"—دېدى زىياد. "ئومەرگە ئوخشاش كىشىنى يەنە ئۇچرىتىمەن دەپ ئويلامسەن؟"—دېدى ئوسمان.

زىياد ئىبنى ئەسلام ئاتىسىدىن ئاڭلىغان مانا بۇ ۋەقەنى ھىكايە قىلدى: "بىر كېچە ئومەر ئىبنى خەتتاپ بىلەن شەھەر ئايلانغىلى چىققان ئىدۇق. ئومەرنىڭ كوزى گۇلخان يېقىلغان بىر يەرگە چۈشتى. "ئەي ئەسلام، سوغۇقتا سىرتتا قالغان يولۇچىلاردىن بولسا كېرەك. مەن بېرىپ ئۇنى كورىمەن" دېدى ئومەر. بىز ئوتنىڭ يېنىغا باردۇق. قارىساق، بىر خوتۇن قازانغا ئوت ياققان، ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىرقانچە گۇدەك باللار توپلانغان ئىكەن. ئومەر ئۇلارغا ئوتنىڭ سوھبەتداشلىرى دېمەي، "سالام سىزلەرگە، ئەي نۇرنىڭ سوھبەتداشلىرى، نىمە قىلىۋاتىسىلەر؟" دەپ سورىدى. "تۇن بەك قاراڭغۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە سوغۇق جاندىن ئوتتى"— دېدى ئايال. "بۇلار نىمىشقا يىغلايدۇ؟" دەپ سورىدى ئومەر. "ئاچلىقتىن يىغلايدۇ!" دەپ جاۋاپ بەردى ئايال. "قازاندا نىمە پۇشۇرۇۋاتىسىز؟" دېدى ئومەر. "قازاندا پۇشۇرغىدەك بىرەر نەرسە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يوق! ئەمما بولارنى گوللاش ئۈچۈن، بىر نەرسە پۇشۇرغاندەك قىلىۋاتىمەن. ئەلۋەتتە، خۇدا ئاخىرەتتە بولارنىڭ ئىشىنى ئۇمەر-دىن سوراق قىلىدۇ!" دېدى ئايال ئاچچىقى بىلەن. "بولارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇمەر قەيەردىن بىلىدۇ؟" دەپ سورىدى، ئۇمەر ئايالدىن.

"پۇخرانىڭ ھال-ئەھۋالىنى بىلمىسە، ئۇلارنى قانداق قىلىپ ئىدارە قىلالايدۇ؟ قانداق خەلىپىلىك قىلالايدۇ؟" دېدى ئايال. "كېيىن — دەپ داۋام قىلدى ئەسلام — ئۇمەر ماڭا قارىدى". "مەن بىلەن بىللە يۈر!" دەپ ئالدىراپ يولغا چۈشتى. بىز خىراجەت ئامبىرىغا كىردۇق. ئۇمەر بىر قاپ ئۇن، بىر قاچىدا ياغ ئالدى-ئۇ: "ئۇننى مىنىڭ ئۈستىمگە ئارتىپ قوي!" دەپ خىتاب قىلدى.

"مەن كوتىرىمەن"، — دېدىم ئۇنىڭغا. "قىيامەتتىمۇ مىنىڭ يۈكۈمنى سەن كوتىرەمسەن؟" — دېدى ئۇ ماڭا. قاپنى ئۆزى كوتۈ-رۈۋالدى. ئالدىراپ يەنە ئايالنىڭ قېشىغا باردۇق. ئۇمەر ئېلىپ بارغان نەرسىلەرنى ئايالنىڭ ئالدىغا قويدى. ئايال قازانغا بىر ئاز ياغ قۇيدى. ئۇمەر ئوچاقتىكى ئوتنى پۈدەپ ياندۇردى. ئۇنىڭ ئۇزۇن ساقاللىرى ئارىسىدىن تۈتۈن پۇرقىراپ چىقاتتى. شۇنداق مۇشەققەت بىلەن تاماق پۇشۇرۇلدى. "مانا ئەمدى باللىرىڭغا يىگۈزگىن" دەپ قىزىق ئاشنى پۈدەپ بەردى. ئۇلار ئۇمەر سوۋۇتقان ئاشنى ئاچ قوساقلىرىغا تويغىچە يىيىشتى. "مەن بولار-نىڭ ئاچلىقتىن يىغلىغانلىرىنى سەرگەن ئىدىم" — دېدى ئۇمەر ماڭا قاراپ؛ "ئوتنىڭ كىم تەرىپىدىن يېقىلغانلىغىنى ئېنىقلاش دىلىمغا كەلگەندەك ئىدى".

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.

— ئەي بەختلىك شاھ. — دەپ داۋام قىپتۇ شەھەرىزاد ھېكايىسىنى.



ئاتمىش بەشىنچى كېچە

ئۇمەر ئىبنى خەتتاپ بىر كۈنى پادىچى قۇل ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ، قوي سېتىپ ئالماقچى بوپتۇ. پادىچى قۇل: "بۇ قوي مېنىڭ ئەمەس" — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ئۇمەر ئىبنى خەتتاپ ئۇنىڭ قۇلىغا ئېچىنىپ: "مېنىڭ مەقسىدىم سېنىڭ ئۆزەڭنى سېتىپ ئېلىش ئىدى" دەپ، قۇلنى ئىگىسىدىن سېتىپ ئېلىپ، ئازات قىپتۇ ۋە: "ئەي خۇدا، ماڭا كىچىك نەرسىلەرنى ئازات قىلىشنى نېسىپ قىلغىنىڭدەك، چوڭ نەرسىلەرنى ئازات قىلىشنىمۇ نېسىپ قىل!" دەپتۇ. ئۇمەر ئىبنى خەتتاپ خادىملىرىنى سۈت بىلەن باقاتتى، ئۆزى نىمە توغرا كەلسە شۇنى يەيتتى. ئۇلارغا نەپىس كىيىملەرنى كەيگۈزەتتى، ئۆزى كونا كىيىملەرنى كىيەتتى. ئادەملەرگە تېگىشلىك ھەقنى ئارتۇق بېرەتتى. بىر كىشىگە ئۇ تۆت يۈز تەڭگە بېرىپ تۇرۇپ، بىردىنلا يەنە بىر مىڭ تەڭگىنى قوشۇپ بەردى. يېنىدىكى ئادەملەر ئۇمەر ئىبنى خەتتاپتىن: "بۇ كىشىگە قوشقىنىڭىزچىلىك ئوغلىڭىزغىمۇ بەرمەمسىز؟" دەپ سوراشتى. "ئۇھۇد① جېڭىدە ئۇنىڭ ئاتىسى غەيرەت كۆرسەتكەن" دېدى ئۇمەر ئىبنى خەتتاپ.

بىركۈنى خەلىپە ئۇمەر ئىبنى خەتتاپقا مەملىكەتنىڭ خىراجىتى-

① ئۇھۇد جېڭى — مۇھەممەت پەيغەمبەرنى مەككىدىن كەتكۈزۈش ئۈچۈن، مەككىنىڭ قېشىدىكى "ئۇھۇد" دىگەن تاغدا بولغان چوڭ ئۇرۇش.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىن كوپ پۇل ئېلىپ كېلىشتى. شۇ كۇنى ئومەر ئىبنى خەتتاپنىڭ قىزى ھەفسە ئاتىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ: "ئەي ئۇلۇغ خەلىپە، بۇ پۇلدا ئۇرۇق-ۋۇجۇدىڭنىڭ ھەققى يوقمۇ؟" دەپ تېرىكىپ. "خۇدا ئۇرۇق-ۋۇجۇدنىڭ ھەققىنى ئۇنۇتماسلىقنى بۇيرۇغان. لېكىن، ئۇلارغا بېرىلىدىغان ھەقنى خەلقنىڭ مۈلكىدىن ئەمەس، ئوز ھەققىڭدىن بېرىشنى بۇيرۇغان. ئەي ھەفسە، سەن ئۇرۇق-ۋۇجۇدنى رازى قىلىشنىڭلا كويىدا بولۇپ، ئاتاڭنى غەزەپلەندۇرۇۋاتىسەن" دىدى ئومەر ئىبنى خەتتاپ قىزىغا جاۋاپ بېرىپ.

ھەفسە كوڭلى يېرىم بولغان ھالدا، ئاتىسىنىڭ ئالدىدىن چىقىپ كەتتى.

ئومەر ئىبنى خەتتاپنىڭ ئوغلى مۇنداق دىدى:

"بىر يىلى مەن خۇدادىن ئاتامنى بىر كورۇشنى ئىلتىجا قىلدىم. ئاخىر تىلىكىمگە يەتتىم. ئاتامنى كورگىنىمدە، ئۇ، پىشانىسىدىكى تەرنى سۇرتىۋاتقان ئىكەن". "ئەھۋالىڭ قانداق؟ ئەي ئاتا!" دەپ سورىدىم. "ئەگەر خۇدانىڭ رەھمى كەلمىگەندە، ئاتاڭ تامامەن ھالاك بولاتتى" دىدى ئۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، نۇزھەتۇززامان سوزىنى يەنە داۋام قىپتۇ: "ئەي بەختلىك ئەمىر بىلگىنىكى، بىرىنچى باپنىڭ ئىككىنچى پەسلى پەيغەمبەرلەرگە ئىتائەت قىلغان ياخشىلار، زاھىدلارنىڭ پەزىلەتلىرى، ئەدەپلىرى توغرىسىدا.

ھەسەن بەسرى ئېيتقاندەك، ئادەم بالىسى ئۇچ نەرسىدىن: توپلىغان ماللىرىدىن بەھرىمەن بولالمىغانلىقىغا، ئارزۇلىرىغا يېتىشەلمىگەنلىكىگە، قىلىشى مۇمكىن بولغان ياخشى ئىشلارنى قىلالمىغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىپ دۇنيادىن ئوتىدۇ. كىشىلەر ئەبۇسېپياندىن:

"مال ـ مۈلۈككە ئىگە كىشلەرنىمۇ زاھىد دەپ ئېيتىشقا بولامدۇ؟" — دەپ سوراشتى. "ھەئە — دىدى ئەبۇ سىپپيان، — شەرت شۈكى، مىلىغا ئاپەت، بېشىغا كۈلپەت كەلگەندە، ئۇنىڭغا چىدىسا، قولىدا قالغىنىغا شۈكرى قىلسا".

ئابدۇللاھ ئىبنى شەدداتنىڭ ئەجىلى يېقىنلاشتى. ئۇ، بۇنى بىلىپ، ئۇلۇمى ئالدىدا، ئوغلى مۇھەممەتنى قىچقىرىپ، شۇنداق دەپ ۋەسىيەت قىلدى: "ئەي ئوغلۇم، مېنى ئەجەل قىچقىرىۋاتىدۇ. سەن ئەمدى سىرتتا بىر خىل، ئىچتە بىر خىل ھەركەت قىلماي، دىلىڭمۇ، تىلىڭمۇ پاكىز بول! خۇدا بەرگەن نېمەتلەرگە شۈكرى قىل! ھەرقاچان توغرا ۋە راست سۆزلە! شۈكرى قىلىش نىمەتلەرنى كوپەيتىدۇ. خۇدادىن قورقىن! شائىرلار ئېيتقاندەك:

بەخت — مۇتلەق ئەمەستۇر مال توپلىماقلىق.
بەخت ئېرۇر ئەسلىدە ھارامدىن قاچماقلىق.
ياخشى ئادەت ئىنسانىدا — ھالاللىقدۇر،
يەتكۈزگۈچى تىلەككە ھەم ھالاللىقدۇر.

كېيىن ئۇزھەتۇززامان:

"ئەي ئەمىر، ئەمدى بىرىنچى باپنىڭ ئىككىنچى بولۇمىدىن سوز ئاڭلاڭ!" — دەپتۇ.

"مەرھەمەت، سوزلەڭ قېنى! — دەپتۇ دەمەشق ئەمىرى.

قىز سوز باشلاپتۇ:

ئۇمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز خەلىپىلىككە ئولتۇرغاندا، ئۇيىگە باردى. ئوغۇللىرىنىڭ، ئاياللىرىنىڭ قولىدىكى ھەممە ماللىرىنى ئېلىپ بېرىپ، خەزىنىگە تاپشۇردى. بەنى ئۇمەييە بۇ ئىشتىن خاپا بولۇپ، ئۇنىڭ ھاممىسى پاتىمە بىنتى مەرۋانغا بېرىپ ئېيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پاتىمە ئۇمەر بىلەن كورۇشمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ كىشى ئەۋەتتى. كېچىسى ئۇزىنىڭ ئۇلىغىغا مىنىپ، ئۇمەرنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇمەر ئۇنى ئۇلىغىدىن چۇشۇرۇپ، ئويىگە ئېلىپ كىرىپ سوھبەتلىشىشكە باشلىدى.

"ئەي هاما! قېنى، مەقسىدىڭىز نىمە؟ سوزلەڭ" دىدى ئۇمەر.

"سىز سوزلەڭ، ئەي خەلىپە، سىزنىڭ پىكرىڭىز يوشۇرۇن سىرلارنى ئاچىدۇ" دەپ جاۋاپ بەردى ئۇ. "خۇدا پەيغەمبەرنى بىر خىل كىشىلەرگە ياردەمچى، يەنە بىر خىل كىشىلەرنى جازالىغۇچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇنى بىر زامانغىچە شۇ كىشىلەر ئارىسىدا قويدى، كېيىن ئۇزىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەتتى.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.



ئاتمىش ئالتىنچى كېچە

كېيىن پەيغەمبەرنى ئوز يېنىغا ئېلىپ كەتتى. پەيغەمبەر بۇ ئالەمدە تۇرغان چېغىدا، كىشىلەر ئۇچۇن بىر ئېرىق سۇ پەيدا قىلدى، ئۇنىڭدىن هەممە كىشى سۇ ئىچتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ بەكرى خەلىپىلىككە ئولتۇردى. ئېرىق قانداق بولسا، شۇنداق قېلىۋەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇمەر خەلىپە بولدى، كوپ ياخشى ئىشلارنى قىلدى؛ ئۇ كىشى كوپ ئېقىللىق، ناهايىتى غەيرەتلىك

ئىدى، كوپ مۇشەققەتلەرنى تارتتى. خەلىپىلىك ئوسمانغا يەتتى، ئۇ كىشى ئاۋالقى ئېرىقتىن ئايرىپ، يەنە بىر ئېرىق چىقاردى. كېيىن يەزىد، بەنۇمەرۋان، ئابدۇلمۇلۇك، ۋەلىد، سۇلايمانلارمۇ شۇنداق ئېرىقلارنى ئېچۇەردى. "ئەمدى نوۋەت ماڭا كېلىپ، خەلىپىلىك مېنىڭ قولۇمغا ئۆتتى. مەن ئېرىقنى ئاۋالقى ھالىغا كەلتۈرىمەن" دېدى. "مەن سەن بىلەن سوزلەشمەكچى ئىدىم. سېنىڭ پىكرىڭ بۇنداق بولسا، مېنىڭ دەيدىغان باشقا گېپىم يوق" دەدى پاتىمە ۋە قايتىپ بېرىپ-بەنى ئۇمەييە يېنىغا كەلدى. "ئومەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزگە ئۇرۇقلۇق ھورمىتىنى ساقلاڭلار!" دېدى. ئومەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئولۇم ئالدىدا، ۋەسىيەت ئۈچۈن، باللىرىنى ئوز ئالدىغا يىغدۇرغان ئىدى. مەسلەم ئىبنى ئابدۇلمۇلۇك ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: "ئەي خەلىپە، باللىرىڭغا ئاتا بولۇپ تۇرۇغلۇق، قانداق قىلىپ ئۇلارنى شۇنداق مۇھتاج ھالغا چۈشۈرۈپ قويدۇڭ؟ سەن تېخى تىرىك، پۈتۈن ئىختىيار سېنىڭدە، خەزىنىدىن باللىرىڭغا بىر مۇنچە پۇل بۇيرۇپ بېرىمەن دېسەڭ قولۇڭدىن كېلىدۇ. ھەممە نەرسىنى ئوزەڭدىن كېيىنكى خەلىپىگە قالدۇرۇپ قويغىچە، ھازىر بولسىمۇ شۇنداق قىلغىنىڭ ياخشىراق". ئومەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز مەسلەم بىننى ئابدۇلمۇلۇككە ئاۋال ھەيران بولۇپ قارىدى، كېيىن غەزەپ بىلەن ۋاقىراپ مۇنداق دېدى: "ئەي مەسلەم! تىرىك چېغىمدا ئۇلاردىن خاتىرجەم بولدۇم. ئولگىنىمدە ئۇلاردىن تېچىنسىزلانمايمەن. باللىرىم ئىككى خىل يول تۇتۇشلىرى مۇمكىن. بىرى — خۇداغا ئىبادەت قىلىش. ئۇلار شۇ يولغا ماڭسا، ئۇلارنىڭ ئىشىنى خۇدا ئوزى ئوڭشايدۇ. ئىككىنچىسى — ئىتائەتسىزلىك. مەن ئىتاتسىزلەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھېچقاچان ياردەم بەرمەيمەن. ئەي مەسلەم، سەن بىلەن بىز مەرۋانىنىڭ بىر ئوغلىنى كومگەندە ھازىر ئىدۇق. شۇ يەردە مېنى ئۇيقۇ باستى. ئۇيقىدا ئۇنى خۇدانىڭ بۇيرۇقلىرىدىن بەزىسىنى ئادا قىلمىغىنى ئۈچۈن جازالىغىنىنى كۆردۇم. بۇ مېنى قاتتىق تەشۋىشكە چۈشەردى. ئەگەر مەن خەلىپە بولسام، ئۇنداق ئىشلارنى قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلدىم. پۈتۈن ئۆمرۈمدە شۇنىڭغا يېتىشتىم. خۇدانىڭ كەچۈرۈشىنى ئۈمىت قىلىمەن." "بىر كىشى ئۆلگەن ئىدى، — دىدى مەسلەم، — كومۇش ئۈستىدە مەن بولدۇم-كومۇلگەندىن كېيىن. كوزۇمگە ئۇيقۇ كەلدى. ئۇنى چۈشۈمدە كوردۇم، ئۇ، سۇلار ئېقىپ تۇرغان بىر باغدا ئاق كىيىملەر بىلەن يۈرەتتى. مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ: "ئەي مەسلەم، مەن مانا شۇنداق ياخشى ئىشلارنى قىلىشىم كېرەك ئىكەن" دىدى. "مۇشۇنداق سوزلەر كوپ سوزلەندى".

مەن ئومەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز زامانىدا قوي ساغاتتىم. بىر كۈنى بىر پادىچىنى بىر قورو قوي بىلەن كوردۇم. قويلارنىڭ ئارىسىدا بورىلەرمۇ يۈرگەندەك قىلدى. ئۇلارنى ئىت دەپ ئويلاپتىمەن. ئىلگىرى بورىنى كورمىگەن ئىدىم. "بۇنچە نۇرغۇن ئىتلارنى نىمە قىلىسەن؟" دىدىم. "بۇلار ئىت ئەمەس، بورە!" دىدى ئۇ. "ئۇنداق بولسا، بۇلار قويلارغا زىيان يەتكۈزمەمدۇ؟"دەپ سورۇدۇم. "باش ساق بولسا، تەنمۇ ساق بولىدۇ!" دىدى پادىچى.

ئومەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بىر كۈنى لايدىن ياسالغان مۇنبەردە تۇرۇپ نۇتۇق سوزلىدى. ئۇ، نۇتقىدا تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى تاپىلىدى: "ئادەملەرگە دىلىڭىز توغرا بولسۇن، شۇ چاغدىلا تىلىڭىز دوستلىرىڭىزغا مۇناسىپ بولىدۇ. تۇرمۇش ئىشلىرىدا قانائەتلىك

بولۇڭ. ئادەم ئاتامدىن باشلاپ شۇ كۈنگىچە ئۆتكەنلەر ئارىسىدا بىرەرسى تىرىك قالغىنى يوق؛ ئابدۇلمۆلۆك ۋە ئۇنىڭغىچە ئۆتكەنلەرنىڭمۇ تىرىك قالغىنى يوق، ھەممىسى ئۆلدى. ئۇمەر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەرمۇ ۋاقتى كەلگەندە ئۆلىدۇ".

"ئەي خەلىپە، ساڭا يۇمشاق بىر تەكىيە قىلىپ بەرسەم، بەزەن ۋاقىتلاردا بىر ئاز يولۇنۇپ ئولتۇرساڭ دەيمەن" دەپتۇ مەسلەم. ئۇمەر: "قىيامەتتە ئۇنىڭ ئازاۋىنى تارتىشتىن قورقىمەن" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ۋە كۆڭلى ئازاپلىنىپ، بىردىنلا ئۇن سېلىپ يىغلاپتۇ. "ئەي مەريەم، ئەي مەزاھىم، بۇ كىشىگە قاراڭلار" دەپتۇ پاتىمە ۋە ئۆزىمۇ سۇ ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا چېچىپتۇ، ئۇنىڭ ھالىغا يىغلاپتۇ. ئۇمەر ھۇشىغا كېلىپ قارىسا، پاتىمە يىغلاپ ئولتۇرغان. "نىمىشقا يىغلايسىز، ئەي پاتىمە؟" دەپ سوراپتۇ. "ھازىرقى ھۇشۇڭدىن كېتىشىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى شۇنداق يىقىلىشىڭنى ئەسلەتتى، سېنىڭدىن ئايرىلىش كۈنىنى خاتىرلەتتى. شۇنىڭغا يىغلايمەن" دەپتۇ پاتىمە. "بولدى پاتىمە. مېھرىۋانلىقنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنسەن!" دەپ، ئۇمەر ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى ـ يۇ، لېكىن يەنە يىقىلدى. پاتىمە ئۇنى يولەپ ئولتۇرغۇزدى. "سەن مېنىڭ ئاتام ئورنىدا ئاتام، ئانام ئورنىدا ئانامسەن. ئەمما، ئىككىمىز ئوچۇق ـ ئاشكارە، خاس سوزلۇشۇش ئىمكانىيىتىنى تاپالمايۋاتىمەن" دىدى پاتىمە.

نۇزھەتۇززامان دەمەشق ئەمىرى شەررىكانغا ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى توت قازىغا: "ئەمدى، بىرىنچى باپ ئىككىنچى بولۇمنىڭ نەتىجىسىنى ئاڭلاڭلار!" دەپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توختاتتى.



ئاتمىش يەتتىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

نۇزھەتۇززامان دەمەشق ئەمىرى شەررىكانغا ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى توت قازى ھەم سودىگەرگە: "بىرىنچى باپ ئىككىنچى بولۇمنىڭ نەتىجىسىنى ئاڭلاڭلار!" دەپ سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

بىركۈنى ئومەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز مەككە ئاھالىسىغا خەت يېزىپتۇ: "ئەي مەككە ئەھلى، مەن خانەئى كەئبىنى ۋە ئۇلۇغ كۈنلەرنى گۇۋا قىلىپ تۇرۇپ، سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى، كىمدۇ-كىم يەنە بىرسىگە جەۋرى قىلسا، مەن ئۇنىڭ دۈشمىنىمەن. ھېچكىمگە زۇلۇم قىلىشقا يول قويمايمەن. چۈنكى، بۇ ئىش ئۈچۈن مەن جاۋاپكار. ئەگەر بىرەر ئەمەلدارىم ھەقىقەتكە توغرا كەلمەيدىغان ئىش قىلسا، ئۇ، ئىنساپ بىلەن توغرا ئىش قىلىدىغان بولغىچە، سىلەر ئۇنىڭغا بويسۇنماسلىغىڭلار، ئۇنىڭ بۇيرۇغىنى رەت قىلىشىڭلار مۇمكىن... مەن ئولۇمۇم يەڭگىل بولار دەپ ئويلىمايمەن، چۈنكى، بۇنداق ئىلتىپات — پاك مومىنلەر ئۈچۈن ئەڭ ئالى مۇكاپات".

بىر ئىشەنچلىك دانا ئادەم مۇنداق دىگەن: "مەن ئەمىرىلمۇئمىنىن ئومەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ خەلىپىلىك زامانىدا، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىردىم. ئۇنىڭ قولىدا ئون ئىككى تەڭگە پۇل كوردۇم. ئومەر ئۇ پۇلنى خەزىنىگە قويۇشنى بۇيرۇدى. "ئەي خەلىپە دىدىم مەن ئۇنىڭغا، — سەن باللىرىڭنى كەمبىغەل ھالغا سېلىپ

قويدۇك. ئائىلەڭنى ھىچ نەرسىسى يوق كەمبىغەل ھالغا چۈشۈرۈپ قويدۇك. ئائىلەڭگە، ئۇرۇق-تۇققانلىرىڭ ئارىسىدىكى كەمبىغەللەرگە خەزىنىڭدىن بىرەر نەرسە بەرسەڭ بولمامدۇ؟" "بېرى كەل! - دىدى ئۇ، ماڭا يېنىدىن جاي كۆرسۈتۈپ. مەن ئۇنىڭ يېنىغا باردىم، - ئائىلەڭنى كەمبىغەللەشتۇردۇك، ئۇرۇق-تۇققانلىرىڭ ئىچىدىكى كەمبىغەللەرگە خەزىنىڭدىن بىرەر نەرسە بەر! دىگەن سۆزۈڭ تامامەن ناتوغرا. چۈنكى، باللىرىم ۋە ئائىلەمدىكى كەمبىغەللەرنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن مەندىن كېيىن خۇدايىم بار. ئۇلار ئىككى يول ئارىسىدا تۇرىدۇ: يا خۇداغا ئىبادەت قىلىپ، توغرا يولغا ماڭىدۇ، خۇدامۇ ئۇلارغا رىزقى ئاتا قىلىدۇ؛ ياكى گۇنا قىلىپ، گۇناغا پېتىپ، گۇناكار بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلسا، مەن ئۇلارغا مەدەتكار بولالمايمەن" دىدى ۋە ئائىلىسىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى قىچقىرتتى. ئۇلار ئون ئىككى كىشى ئىدى. ئۇلارنى كۆرۈپ، كۆزلىرى جىق ياشقا تولدى. "يا سىلەر ھارام بىلەن باي بولىسىلەر، ئاتاڭلار دوزاققا چۈشىدۇ؛ يا سىلەر ھالال ياشاپ، كەمبىغەللىكتە ئۆتىسىلەر، ئاتاڭلار جەننەتكە كىرىدۇ. ئاتاڭلارنىڭ جەننەتكە كىرىشى سىلەرنىڭ نامۇۋاپىق باي بولۇپ ياشىشىڭلاردىن مۇۋاپىقراق دەپ ئويلايمەن. سىلەرنى خۇداغا تاپشۇردۇم" دىدى.

خالىد ئىبنى سەفۋان شۇنداق ھىكايە قىلىدۇ: "يۇسۇپ ئىبنى ئۇمەر، مېنى ئۆزى بىلەن ھۇششام ئىبنى ئابدۇلمۇلۇك ھۇزۇرىغا ئېلىپ باردى. يېتىپ بارغىنىمىزدا، ئۇ ئۆز يېقىنلىرى، مۇلازىم-خىزمەتچىلىرى بىلەن چىقىپ كېلىۋاتقان ئىكەن. بىر يەردە توختاپ، ئۇ يەردە چېدىر تىكتى. ئادەملەر جاي-جايىغا ئولتۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەن خەلىپە ھوشىشام يېنىغا چىقىپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇردۇم. كوزۇم ئۇنىڭ كوزىگە توغرا كەلگەندە، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق دېدىم: "خۇدا رىزقىڭغا رىزقى قوشسۇن، ئەي خەلىپە، ئىشلىرىڭ ئوڭىدىن كەلسۇن، شاتلىقىڭغا ھەرگىز كوڭۇلسىزلىك ئارىلاشمەسۇن. مېنىڭ ساڭا ئىككى ئېغىز سوزۇم بار."

خەلىپە بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ياستۇققا يولىنىپ تۇرۇپ: "ئەي سەفۋاننىڭ ئوغلى، نىمە سوزۇڭ بار؟ سوزلە!"دېدى.

"ئەي خەلىپە، — دېدىم — سېنىڭدىن بۇرۇنمۇ بۇ يەردە بىر پادىشا ئوتكەن. ئۇ، بىر كۇنى ئالدىدىكىلەرگە شۇنداق دېدى: "ئۇلۇغلۇقتا، ھەشەمەتتە ماڭا ئوخشاش كىشىنى كورگەنمۇسلەر؟ ماڭا كەلگەندەك شۇنداق ئامەت ۋە راھەت باشقا كىشىگىمۇ كەلگەنمۇ؟" ھېچكىم بۇ سوئالغا جاۋاپ بەرمىدى، بەلكى سوزلەشتىن قورقتى، شۇ مەجلىستە ئولتۇرغانلار ئارىسىدا توغرا سوزلۇك بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ: "ئەي پادىشا، — دېدى، — سەن ئاجايىپ چوڭ يەردىن ئېغىز ئاچتىڭ... رۇخسەت قىلساڭ، سېنىڭ سوئالىڭغا مەن جاۋاپ بەرسەم".

"سوزلە!" دېدى شاھ. "سەن سوزلەۋاتقان بۇ ھەشەمەت-راھىتىڭنىڭ ھەممىسى ساڭا باقىمۇ ياكى ئۇمۇ يوقۇلامدۇ؟" دېدى ئۇ كىشى. "مېنىڭ قولۇمدا تۇرماسلىقى، يوقۇلۇپ زاۋال تېپىشىمۇ مۇمكىن" دېدى شاھ. "بىردەملىك، شۇ ئازغىنا نەرسىگە شۇنداق ماختىنىش كېرەكمۇ؟ بۇنىڭمۇ ھېساۋى بار!" دېدى ئۇ كىشى.

پادىشا غەزەپلىنىپ، ئۇ كىشىنى شۇ ئولتۇرۇشتىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. ئۇ كىشى چىقىپ كېتىپ بېرىپ، شۇنداق دېدى: "بۇگۈن مەن چىقىپ كەتتىم. ئەتىلىككە مەن يەنە سېنىڭ ئالدىڭغا سېنى

كۆرگىلى كېلمەن". ئىبنى سەفۋان سوزنى توگەتمەيلا، هۇششاھنىڭ كوزلىرىدىن ئاققان ياش ساقاللىرىنى هول قىلدى. ئۇ، راھەت-پاراغەتنى ئۆزىدىن يىراق قىلدى. خەلپە هۇششامنىڭ ئادەملىرى: "ئەي ئىبنى سەفۋان، بۇ — سېنىڭ نىمە قىلغىنىڭ؟ خەلپە سېنىڭ سوزۇڭدىن كېيىن، راھەتنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمىدى" دەپ سوراپتۇ. ئىبنى سەفۋان بۇنىڭغا جاۋاپ بەرمەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، نۇزھەتۇززامان شەررىكانىغا: "بۇ باپنىڭ مەزمۇنىدا نەسىھەتلەر ناھايىتى كوپ، بىر مەجلىستە، بىر ئولتۇرۇشتىلا، بۇ باپقا دائىر ھەممە مەلۇماتلارنى ئېيتىپ تۈگىتىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن" دەپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.


ئاتمىش سەككىزىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

نۇزھەتۇززامان شەررىكانىغا بۇ باپقا تېگىشلىك نەسىھەتلەرنى سوزلەپ تۈگۈتۈش ئۈچۈن، خېلى كۈنلەر كېرەك دەپتۇ. "ئەي ئەمىر، — دېيىشىپتۇ قازىلار، — بۇ كېنىزەك زاماننى ھەيران قالدۇرغۇچى دانا، ئەسىرلەر ئارىسىدا ئاران يېتىشىپ چىقىدىغان ئالىمدۇر. چۈنكى، بۇنىڭغا ئوخشاش ئېقىللىق كىشىنى كوپ زامانلاردىن بېرى كورگىنىمىز ۋە ئاڭلىغىنىمىز يوق."

قازىلار ئەمىرگە دۇئا قىلىشىپ، ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ. ساراي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەرباپلىرىنىڭ ئاياللىرىمۇ يېنىپ چىقىشىپتۇ . شۇ چاغدا، شەررىكان خادىملىرىغا قاراپ، توي-زىياپەت ھازىرلىقىنى كۆرۈشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇلار شۇ زامانلا بۇيرۇقنى ئورۇنداشقا كىرىشىپتۇ. خىلمۇ-خىل نازۇ-نېمەتلەرنى تەييارلاپتۇ. شەررىكان ۋەزىرلەر ۋە ساراي ئەرباپلىرى بىلەن پۇخرالىرىغا چوڭ توي قىلىپ بېرىپتۇ. نىكاھ مۇراسىمى ناھايىتى ئوبدان ئۆتۈپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكىچە توي داستىخىنىدىن تۈرلۈك كىشىلەر ۋە ھەرخىل تاماقلار كام بولماپتۇ. ئادەملەر لەززەتلىك توي تاماقلىرىنى قوسىقى تويغىچە يېيىشىپتۇ. ئەمىر شەررىكان دەمەشقتە بار ھەممە چالغۇچى، ئۇسسۇلچى ۋە ناخشىچىلارنى قىچقىرتىپتۇ. ھەممىسى بىردەمدە جەم بولۇشۇپ، سارايغا كىرىشىپتۇ.

قاراڭغۇ چۈشكەندە، ساراي ئىشىكىدىن شەھەر دەرۋازىسىغىچە شاملار يېقىلىپتۇ. ۋەزىرلەر ۋە باشقا چوڭلار ئەمىر شەررىكاننىڭ قېشىدا بوپتۇ. يەڭگىلەر كېلىننى ياساندۇرۇپ كىيىندۈرۈشكە كىرىشىپتۇ. شەررىكان ھاممامغا كىرىپتۇ، ھاممامدىن چىقىپ، تەختكە ئولتۇرۇپتۇ. يەڭگىلىرى نۇزھەتۇززامانغا ياتلىق بولىدىغان قىزلارغا ئۈگۈتلىنىدىغان سۆزلەردىن تەلىم بېرىپ، قىزنى يەتتە قەۋەت كىيىم بىلەن پۈركەپ ئېلىپ كىرىپتۇ ۋە شەررىكانغا كۆرسىتىپتۇ. كېيىن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يېشىپ، يېلىڭلىتىپتۇ. شەررىكان قىزنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ.

قىز ئۇنىڭدىن ھامىلدار بوپتۇ. شەررىكانغىمۇ بۇ ۋەقەنى بىلدۈرۈپتۇ. شەررىكان خوش بولۇپ، مىرزىسىغا بۇ ئىشنىڭ ئاي-كۈنىنى يېزىپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ. شەررىكان تەختكە چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ۋەزىرلەر ۋە باشقا ساراي ئەھلىلىرى كېلىپ،

ئۇنى تەبرىكلىشىپتۇ. شەررىكان ئۇزىنىڭ مەخسۇس مىرزىسىنى قىچقىرىپ، ئاتىسى ئۇمەر ئىبنى نوئمانىغا، ئىلىمدا، ھىكمەتتە، ئەدەپتە تەڭدىشى يوق بىر قىز كېنىزەك سېتىپ ئالغىنىنى، ئۇنى ئازات قىلىپ، كېيىن ئۇنىڭغا ئۆيلەنگىنىنى، ھازىر ئۇنىڭ ھامىلدار ئىكەن-لىگىنى، ئۇنى ئۇكىسى زۇئۇلماكان ۋە سىڭلىسى نۇزھەتۇززاماننى كورۇش ئۇچۇن باغدادقا ئەۋەتمەكچى ئىكەنلىگىنى، ئۇنى ئاتىسىنىڭ ئۇكىلىرى قاتارىدا تەربىيىلىشىنى ئۇمىت قىلىدىغانلىغىنى يېزىشىنى بۇيرۇپتۇ. خەت تامام بولغاندىن كېيىن شەررىكان ئۇ خەتكە تامغىسىنى بېسىپ، ئۇز كىشىلىرىدىن باغدادقا ئەۋەتىپتۇ. ئالاقىچى راسا بىر ئاي دىگەندە، شەررىكانغا ئاتىسىدىن جاۋاپ خەت ئېلىپ كەپتۇ. شەررىكان خەتنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇپتۇ.

خەت ئۇزۇن بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى شونداق ئىكەن:

"بۇ خەت ئاتا-ئانىسىنى ۋە تۇغۇلغان يۇرتىنى تاشلاپ كەتكەن باللىرى دېغىدا كويگەن، ئۇلاردىن ئايرىلىش ئەلىمىدە ھەيران بولغان شاھ ئۇمەر ئىبنى نوئماندىن ئوغلۇم شەررىكانغا:

سەن كەتكەندىن كېيىن، ماڭا دۇنيا تار بولدى. مەن تارتقان كۇلپەتلەرنى يوشۇرۇش مۇمكىن بولمىغىنىدەك، بۇ ھەقتىكى سوز-لەرنىمۇ يوشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق ۋەقە بولدى: بىر كۇنى ئۇكاڭ زۇئۇلماكان ماڭا مەككىگە بېرىش ئارزۇسى بارلىغىنى ئېيتتى. يول ھادىسىلىرىدىن ئەنسىرەپ، مەن ئۇنىڭ رايىنى قايتۇردۇم. بىر-ئىككى يىلدىن كېيىن بېرىشىنى، شۇنىڭغىچە كۇتۇپ تۇرۇشنى ئېيتتىم. كېيىن مەن شىكارغا چىقىپ كېتىپ، بىر ئايدىن كېيىن كەلدىم".

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى

توختاتتى.



ئاتمش توققۇزىنچى كېچە

—ئەي بەختلىك شاھ، —دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى. "بىر ئايدىن كېيىن ئۇۋدىن قايتىپ كەلسەم، ئۇكاڭ بىلەن سىڭلىڭ ئازراقلا پۇل ئېلىپ، ھېچكىمگە تۇيدۇرماي، ھەجگە ماڭغانلار بىلەن بىللە يولغا چىقىشىپتۇ. بۇنى بىلىپ، كۆزۈمگە كەڭ دۇنيا تاردەك كۆرۈندى. ئۇلار ھەجگە بارغانلار بىلەن قايتىپ كېلەر، دىگەن ئۈمىتتە ئىدىم. ھاجىلار كەلدى. ئۇلارنى سوراشتۇردۇم. ھېچكىمدىن ئېنىق بىرەر خەۋەر ئالالمىدىم. ئۇلارنىڭ قايغۇسىدا ماتەم كىيىمى كىيدىم. پىكرى-خىيالىم شۇلار بىلەن بولدى. ئۇيقىسىز. كۆز ياشلىرىمغا چۈمۈلدۈم" دەپ مۇنداق شېئىر يېرىپتۇ:

دىلىمنى ئۆرتىدى بالامنىڭ دېغى،
پىراق ئوتىدا كۆيدى كۆڭلۈم تېغى.
يوقتۇر ئۇلاردىن بىر خەۋەر ماڭا،
مېنىڭ نالەمنى يەتمىگەي ئاڭا.

*   *   *

كەتمەس خىيالى بىردەممۇ نېرى،
ئۇلار بىلەن بىللەدۇر كۆڭلۈمنىڭ تورى.
ئەگەر قايتىشنى قىلمسام ئۈمىت،
بۇرۇنلا ئۆچەتتى كۆزلىرىم نۇرى.

كېيىن خەتنى: "سەن ۋە سەن بىلەن بىللە تۇرغۇچىلارغا سالام يوللايمەن، لېكىن بىپەرۋالىق قىلىپ بۇ خەۋەرنى باشقىلارغا

بادۇرۇپ يۈرمە. چۈنكى، بۇ ئىش بىز ئۈچۈن نومۇسلۇق ئىشتۇر" دەپ تۈگۈتۈپتۇ. شەرربكان خەتنى ئوقۇپ ئاتىسىنىڭ قايغۇسىغا ئېچىنىپتۇ. لېكىن، ئۇكىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ يوقالغانلىغىدىن خوش بوپتۇ. خەتنى ئېلىپ، خوتۇنى نۇزھەتۇززامانىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. كېچە-كۈندۈز بىللە بولغىنى بىلەن، شەرربكان خوتۇنىنىڭ ئۆزىنىڭ سىڭلىسى ئىكەنلىگىنى، سىڭلىسى شەرربكانىنىڭ ئۆزىنىڭ ئاتا بىر، ئانا باشقا ئاكىسى ئىكەنلىگىنى بىلىشمەپتۇ.

نۇزھەتۇززامانىنىڭ ئاي-كۈنى توشۇپ، كوزى يورۇپتۇ. ئۇ، شەرربكانغا ئادەم ئەۋەتىپ چىرايلىق بىر قىز تۇققانلىغىنى خەۋەر قىپتۇ. شەرربكان كىرگەندە: "مانا قىزىڭ. ئۇنىڭغا كوڭلۇڭ خالىغان ئىسىمنى قوي!" دەپتۇ. "بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن يەتتە كۈننى ئۆتكۈزۈپ ئىسىم قويۇش ئادەتتۇر" دەپ، قىزى ئۈستىگە ئېگىلىپ، ئۇنى كورۇپتۇ. سۆيەي دەپ قارىسا، قىزنىڭ بوينىدا مەلىكە ئەبرىزنىڭ رۇمدىن ئېلىپ كەلگەن قىممەتلىك ئۈچ گەۋھەرنىڭ بىرسى ئېسىغلىق تۇرغان. بۇنى كورۇپ، شەرربكانىنىڭ بېشى قېيىپ، كوزى قاراڭغۇلىشىپتۇ. ئۆزىنى تۇزەپ، ئاچچىغى كەپتۇ. كوزىنى گەۋھەرگە تىكىپ، دىققەت بىلەن قاراپتۇ. كېيىن نۇزھەتۇززامانىغا قاراپ: "بۇ گەۋھەر سېنىڭ قولۇڭغا قەيەردىن چۈشتى، ئەي كېنىزەك!" دەپ سوراپتۇ ئاچچىغىنى باسالماي.

نۇزھەتۇززامان شەرربكاندىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ: "مەن سېنىڭ ۋە سارايدىكىلەرنىڭ مەلىكىسىمەن. مەن سىرىمنى ئېچىپ ساڭا شۇنىمۇ ئېيتىپ قويايكى، مەن شاھ ئومەر ئىبنى نوئماننىڭ بىردىن بىر ئاررۇلۇق يالغۇز قىزى نۇزھەتۇززامانىمەن. مېنى 'كېنىزەك' دەپ ئاتاشتىن ئۇيالمامسەن؟" دەپتۇ.

نۇزھەتۇززاماندىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، شەرركانىنى تىترەك بېسىپتۇ ۋە ھوشىدىن كېتىپ، يەرگە يىقىلىپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



يەتمىشنچى كېچە

—ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

"شەرركانىنى تىترەك بېسىپ، رەڭگى سارغىيىپ، پۈتۈن تۈننى ئار ۋە نومۇس قورقۇنچىسى بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. چۈنكى ئۇ، بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر نۇزھەتۇززامانىنى ئۆز كوزى بىلەن كورمىگەن، ئىسمىنىمۇ سورۇشتۇرۇپ ئاڭلىمىغان ئىكەن. ئاخىرى ئۇ: "ئەي مەلىكەم، سەن راستىنلا شاھ ئومەر ئىبنى نوئماننىڭ قىزىمۇ؟" دەپ سوراپتۇ شەرركان ھەيرانلىق بىلەن. نۇزھەتۇززامان بېشىنى تۆۋەن سېلىپ: "ھەئە" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. "ئانداق بولسا، سەن نىمە ئۈچۈن قولدىن-قولغا ئوتۇپ، سېتىلىپ يۈرىسەن؟" دەپ سوراپتۇ شەرركان. نۇزھەتۇززامان پۈتۈن بولغان ۋەقەنى، ئۆكىسى زۇئۇلماكاننىڭ كېسەل ھالدا قۇددۇستا قالغانلىغىنى، ئاچ قېلىپ، ئىش ئىزلەپ، كوچىغا چىققاندا، بەدىۋىنىڭ ئالداپ قولغا چۈشۈرگىنىنى، ئۇنىڭ سالغان ئازاپلىرىنى، ئاخىر سودىگەرگە سېتىلغانلىغىنى تولۇق سوزلەپ بېرىپتۇ، بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ، شەرركان ئۇنىڭ ئوزىنىڭ سىڭلىسى ئىكەنلىگىنى چۈشۈنۈپتۇ ۋە ئىشىنىپتۇ. "قانداق قىلىپ مەن ئوز سىڭلىم بىلەن نىكاھلاندىم-ھە؟" دەپ

شەررىكانىنىڭ بېشى قېتىپتۇ. مەن بۇنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا نىكاھتىن ئاجرىتىپ، ساراي خىزمەتچىلىرىنىڭ بىرسىگە بېرىشىم كېرەك. ئەگەر بىرەر ئىش يۈز بەرگىدەك بولسا، مەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشماستىنلا ساراي خىزمەتچىسىگە بەردىم، دېيىشىم كېرەك، دىگەن قارارغا كەپتۇ. نۇزھەتۇززامانىغا قاراپ: "ئەي نۇزھەتۇززامان، — دەپتۇ ئۇ، كېيىن ئۇياتچانلىق بىلەن بېشىنى كوتۇرۇپ، — سەن راست شاھ ئومەر ئىبنى نوئىمانىنىڭ قىزى بولساڭ، ئۇ چاغدا...... مېنىڭمۇ سىڭلىم ئىكەنسەن. ئارىمىزدا سادىر بولغان گۇنا ئۇچۇن، خۇدانىڭ ئۆزىدىن ئەپۇ سورايمەن. مەنمۇ شاھ ئومەر ئىبنى نوئىمانىنىڭ ئوغلى شەررىكانمەن..." دەپتۇ.

نۇزھەتۇززامان ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن تىڭىلىپتۇ، يۈزلىرىنى تاتىلاپ ھۇشىدىن كېتىپتۇ. ھۇشىغا كېلىپ، رەڭگى سارغىيىپ، تاتارغان ھالدا: "بىز ناھايىتى چوڭ گۇنا قىپتىمىز. ئەمدى نىمە چارە بار؟ ئاتام-ئانام بۇ قىزنى كىمدىن تاپتىڭ دىسە، ئۇنىڭغا نىمە دەپ جاۋاپ بېرىمەن؟" دەپ، يۈزىنى ئاكىسىدىن يوشۇرۇپ يىغلاپتۇ. "مېنىڭ پىكرىمچە، سەن مەندىن چىقىپ، ھاجىپقا نىكاھلانساڭ، سەن ئۇنىڭ قولىدا تەربىيىلەنسەڭ، سىڭلىم ئىكەنلىگىڭنى ھىچكىمگە بىلدۈرمىسەڭ. بۇ ئىشلار خۇدانىڭ خالىغىنى، تەقدىردە يېزىلغىنى بويىچە بولغان، ئەمدى بۇ ئىشلار ھىچكىمگە مەلۇم بولماستا، پەردە دارىم ھاجىپقا نىكاھلانساڭ، بۇ ئىشنى يوشۇرۇپ كېتىمىز" دەپتۇ شەررىكان. ھەر ئىككىسى شۇ پىكرنى ماقۇل كورۇپتۇ. شەررىكان نۇزھەتۇززامانىنىڭ پىشانىسىغا سۆيۈپ قويۇپتۇ. "قىزىمىزنىڭ ئىسمىنى نىمە دەپ قويىمىز؟" دەپ سوراپتۇ نۇزھەتۇززامان. "قۇزىيەپاكان قوي" دەپتۇ شەررىكان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېيىن ھاجىپنى قىچقىرىپ، نۇزھەتۇززامانىنى ئۇنىڭغا تىكاھلاپ بېرىپ، قىزى بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپتۇ. قىزنى مەخسۇس كېنىزەكلەر قولىدا تەربىيىلەپتۇ. ئۇنى ھەر تۈرلۈك شەرۋەتلەر، خىلمۇ - خىل مېۋىلەر ۋە كۆكتاتلاردىن ئالاھىدە قىلىپ تەييارلانغان سۆيۈق ئىچىملىكلەر بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇپتۇ. ئەمدى بۇنى قويۇپ تۇرۇپ، زۇئۇلماكان ۋەقەسىگە كېلەيلى.

زۇئۇلماكان ھامان دەمەشقتە گۈلەخچى بىلەن بىللە كۈن كۆچۈرگەن ئىكەن. بىركۈنى شاھ ئۆمەر ئىبنى نوئماندىن شەررىكانغا خەت توشۇغۇچى خادىم بىر پارچە خەت ئېلىپ كېلىپ شەرىكانغا بېرىپتۇ. شەررىكان خەتنى ئېلىپ ئوقۇپتۇ. ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى سۆزلەر يېزىلغان ئىكەن:

"ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، قەدىرلىك ئوغلۇم شەررىكان، مەن بالىلىرىمدىن ئايرىلغاندىن بېرى ئۇزۇن تۈنلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىمەن. مېنى غەم ۋە ئەلەم باستى. راھەت ۋە پاراغەت، ئارام ئېلىش دېگەن مەندە يوق. ساڭا بۇ خېتىم يەتكەن ھامان، دەمەشقنىڭ يىللىق خىراجى بىلەن باشقا سېلىقلىرىنى تەييارلاپ، ماڭا ئەۋەتكىن. سېتىپ ئېلىپ، ئازاد قىلىپ ئۆيلەنگەن كېنىزىكىڭنىمۇ قوللىرى بىلەن بىللە خىراجغا قوشۇپ يوللاپ بەر. بىز ئۇنى كۆرۈشكە، سەن ئېيتقان بىلىم ۋە ھېكمەتكە دائىر سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا تەشنامىز. چۈنكى، شۇ كۈنلەردە بىزنىڭ شەھىرىمىزگە، مېنىڭ ئالدىمغا رۇمدىن كۆپ ئىقتىدارلىق بىر قېرى بوۋاي كەلدى، ئۇ، ئۆزى بىلەن بىللە كۆكرەكلىرى كۆتىرىلگەن، ناھايىتى چىرايلىق بەش قىز ئېلىپ كەلدى، ئۇلار كىشىگە كېرەكلىك ھەر تۈرلۈك بىلىم، ئەدەپ ۋە ھېكمەت پەنلىرىنى ناھايىتى تولۇق ئىگەللىگەن.

بۇۋى بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى قىزلار شۇنچىلىك داناكى، بۇلارنىڭ بۇ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ماختاشقا تىل، يېزىشقا قەلەم ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۇلارنى كورۇش بىلەن زوقۇم ئاشتى. سارىيىمدا، قول ئاستىمدا بولۇشلىرىنى ئارزۇ قىلدىم. بۇۋىدىن ئۇلارنىڭ باھاسىنى سورىغان ئىدىم، بۇۋى: "ئەگەر مەن ئۇلارنى ساتسام، دەمەشقنىڭ يىللىق خىراجىغا ساتىمەن" دىدى. بۇۋىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ: "دەمەشقنىڭ يىللىق خىراجى بۇلارنىڭ بىرسىنىڭ باھاسىغا يەتـ مەس" دەپ ئويلىدىم. راستىنلا بۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ باھاسى بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇغراق بولسىمۇ بولىدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن، مەن بۇ باھاغا رازى بولدۇم. ئۇلارغا مەن ئوز قەسرىمدىن ئورۇن بىرىپ، ئوز ئالدىمدا تۇتتۇم. تېزلىك بىلەن دەمەشقنىڭ خىراجىنى بىزگە ئەۋەت، بۇۋى كوپ ئوتمەي، پۇلنى ئېلىپ ئوز يۇرتىغا قايتىپ كەتسۇن. سەن سېتىپ ئېلىپ ئويلەنگەن كېنىزەكنىمۇ خىراجىنى ئېلىپ كەلگۇچىلەرگە قوشۇپ ئەۋەت. بۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ كورسۇن. ئەگەر ئۇ، بۇلارنى يەڭسە، باغدادنىڭ يىللىق خىراجى بىلەن قوشۇپ، يەنە ساڭا ئەۋەتىمەن" دەپ يېزىلغان ئىكەن.

شەررىكان خەتنى ئېچىپ ئوقۇپ، كۇلۇپتۇ. كېيىن، ھاجىپقا قاراپ: "ساڭا نىكاھ قىلىپ بېرىلگەن كېنىزەكنى قىچقىر!" دەپ بۇيرۇپتۇ.

قىز كەلگەندە، شەررىكان ئاتىسىدىن كەلگەن خەتنىڭ مەزمۇـ نىنى ئۇنىڭغا ئوقتۇرۇپتۇ. كېيىن: "بۇنىڭغا نىمە دەپ جاۋاپ بېرىش كېرەك؟ بۇ ھەقتە سىنىڭ پىكرىڭ قانداق؟" دەپ سوراپتۇ شەررىكان. "سىنىڭ مەسلىھەتىڭگە قارايمەن، — دەپتۇ نۇزھەـ تۇززامان، — مەنمۇ ئاتا-ئانامنى ناھايىتى كوپ سېغىندىم. ئېرىم

بىلەن قوشۇپ باغدادقا ئەۋەتسەڭ، بېشىمغا چۈشكەن كۈنلەرنى، بەدبۇيننىڭ ئازاپلاپ كېلىپ سودىگەرگە ساتقىنىنى، سودىگەرنىڭ ساتقىنىنى، سېنىڭ مېنى ئازات قىلىپ ھاجىپقا نىكاھلاپ بەرگىنىڭنى ئېيتاتتىم". "ياخشى"، — دەپتۇ شەرىكان، قىزى قۇزىيە پاكاننى قولىغا ئېلىپ ئۇنى سۇت ئانىسىغا تاپشۇرۇپتۇ. ئۇزى دەمەشقنىڭ خىراجىنى توپلاشقا كىرىشىپتۇ. ئۇنى ھازىرلاپ، ھاجىپقا تاپشۇرۇپ، كېنىزەك بىلەن بىللە باغدادقا ئېلىپ مېڭىشنى بۇيرۇپتۇ. "خوپ!" دەپتۇ ھاجىپ. شەرىكان ئۇنىڭغىمۇ، نۇزھەتۇززامانغىمۇ ئايرىم — ئايرىم مەپە تەييارلىتىپ بېرىپتۇ ۋە يولغا سېپتۇ. شەرىكان ئاتىسىغا خەت يېزىپ، ئۇنى ھاجىپقا بېرىپتۇ. نۇزھەتۇززامان بىلەن خوشلىشىپ قايتىپتۇ. شەرىكان نۇزھەتۇززاماندىكى قىزىنىڭ بويىنىغا ئېسىلغان گەۋھەرنى نۇزھەتۇززاماندىن ئېلىپ، قايتىدىن ئالتۇندىن زەنجىر باغ بېكىتىپ، يەنە قىزىغا ئېسىپ قويۇپتۇ.

باغدادقا ماڭغانلار كۈن بويى يۈرۈپتۇ. گۈلەخچى بىلەن زۇئۇلماكانمۇ ئۇلار بىلەن كېلىشكىنى بويىچە ھاجىپنىڭ كىشىلىرىگە قوشۇلۇپ، بىللە يولغا راۋان بوپتۇ، زۇئۇلماكان گۈلەخچىنىڭ ئېشىكىگە مىنىپ ئالغان ئىكەن. يولدا گۈلەخچىنىمۇ ئېشەككە مىنىشكە تەكلىپ قىپتۇ. "ياق مىنمەيمەن. سېنىڭ خىزمىتىڭدە پىيادە ماڭىمەن" دەپتۇ گۈلەخچى.

"سەنمۇ بىردەم مىنگىن" دەپتۇ زۇئۇلماكان قايتا تەكلىپ قىلىپ. "ئەگەر ھارسام مىنىمەن" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ گۈلەخچى. "يۇرتۇمغا بارغاندا، سېنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭنى تولۇغى بىلەن قايتۇرىمەن ئەي تاغا!..." دەپتۇ زۇئۇلماكان. ئۇلار شۇ يۈرگىنى بويىچە تاڭ ئاتقىچە مېڭىپتۇ. تاڭ ئېتىپ، كۈننىڭ نۇرى ئىسسىقلىقىنى

ئوتكۈزگەندىلا، ھاجىب دەم ئېلىش ئۈچۈن يۈكلىرىنى چۈشۈ-
رۈشكە بۇيرۇپتۇ، ئات-ئۇلاقلىرىغا ئارام بېرىپ، تاماق يېيىشىپ،
ئاتلىرىنى سۇغۇرۇپ، يەم بېرىپ يەنە يولغا چۈشۈپتۇ. شۇنداق
يۈرۈپ، ھەمات دىگەن شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ يەردە ئۈچ كۈن
تۇرۇپ دەم ئاپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى
توختاتتى.

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ
شەھرىزاد ھېكايىسىنى.



يەتمش بىرىنچى
كېچە

ئۇلار ھەماتتا ئۈچ كۈن تۇرۇپ يولغا
چۈشۈپتۇ. بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، يول
ئۈستىدە باشقا بىر شەھەرگە چۈشۈپتۇ.
ئۇ يەردە ئۈچ كۈن دەم ئېلىپ تۇرۇپ، يەنە
يولغا چۈشۈپتۇ. شۇنداق يول يۈرۈپ، دىيارى
بەكرى شەھرىگە يېتىپ كەپتۇ، باغدادنىڭ
يېقىملىق شامىلى يۈزلەرنى سىپاپ-سىلاپ ئۆتۈشكە
باشلاپتۇ. زۇئۇلماكان ئاچىسى نۇزھەتۇززاماننى ئەسلەپ، ئاتا-
ئانىسىنى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتىنىنى يادىغا چۈشۈرۈپتۇ. ئاتىسى
شاھ ئۆمەر ئىبنى نوئماننىڭ ئالدىغا، ھەدىسى نۇزھەتۇززاماندىن
ئايرىلغان ھالدا، قانداق كىرىپ بېرىشىنى بىلمەي يىغلاپتۇ. يۇرتىغا
يېقىنلاشقانسېرى قايغۇسى ئېشىپ بېرىپتۇ. شۇ كۈنكى قونۇش
ئۈچۈن چۈشكەن جايدا، ئۇيقىسى قېچىپ، پىغانى تېشىپ، شۇ
شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىن
www.uyghurkitap.com

تالڭ شاملى بەر ماڭا، بۇيى گۈلستاندىن خەۋەر،
قۇلۇغۇمغا يېقىملىق ئۇ شىرىن زۇۋاندىن خەۋەر.
سېغىندىم ئاتا ـ ئانا، تۇغۇلغان يۇرتۇمنى مەن،
غېرىپلىقتا ئايرىلغان نۇزھەتۇززاماندىن خەۋەر.

* * *

بۇندىن ئارتۇق بولامدۇ؟ دوستلۇرۇم ئېيتىڭ چىدام؟!
ئىنتىزارلىڭ ماڭا، سەندىن خۇشخەۋەر يوق تا شۇدەم.
سورىسام بەردى جاۋاپ: "قىسقىدۇر ۋىسال چېغى."
ئېيتمىدى ھىجران تۈنىمۇ، "قىسقا" دەپ ھېچكىممۇ ھەم.

سەن مېنى كورگىن بۇرۇن، يەشتۇرۇپ تەندىن كىيىم،
تېرە يېپىشقان سۆڭەككە، "ئاھ" چېكەرمەن دەممۇ ـ دەم.
سورىساڭ: "بۇ قايغۇ ـ غەمدىن بولسەن ئازات قاچان؟"
ئېيتىمەن مەن: "تا قىيامەت كۆنگىچە يەتكەي بۇ غەم."

"دادۇ ـ پەرياتلىرىڭنى توختات! باشلىقىنىڭ چېدىرىغا يېقىن يەردە تۇرۇۋېتىمىز. ئۇلار ئاڭلاپ، ئازار بېرىپ قويمىسۇن" دەپتۇ گۈلەخچى. "يۇرەكتىكى دەرت ـ ئەلەمنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، يەنە بىرەر شېىر ئوقۇشنى خالايمەن" دەپتۇ زۇئۇلماكان. "ئەزبىرايى خۇدا، شەھرىڭگە يېقىنلىشىپ قالدۇق. مەن سەن بىلەن بىللە كېتىۋاتىمەن. يۇرتۇڭغا يەتكىچە ئارتۇقچە دادۇ ـ پەرياتنى بىر چەتكە قايرىپ قوي! كېيىن بىلگىنىڭنى قىل!" دەپتۇ گۈلەخچى. "ياق، يۇرەكتىكى ئىشتىياق ئوتىنى بېسىش ئۈچۈن بولسىمۇ، تېچلانمايمەن" دەپتۇ زۇئۇلماكان مۇڭلۇق بىر ئاھاڭدا.

كېيىن باغدادنىڭ يېزا قىشلاقلىرىغا نەزەر سېلىپ، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تىكىلىپ قاراپتۇ. ئاي نۇرى سېپىلەڭەن بۇ كېچىدە، نۇزھە-

تۇرزامانمۇ غېرىپلىقتا قالغان ئۆكىسسنى، ئاتا ـ ئانىسىنى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەرلىرىنى ئەسلەپ، زادىلا ئۇخلىيالماپتۇ. ئۇياقتا ئۆرۈ- لۈپ ـ بۇياقتا ئۆرۈلۈپ، خىيال ئارىلاش ياتقان ئىكەن. شۇ چاغدا ئۇ، زۇئۇلماكاننىڭ يىغى ئارىلاش ئوقۇغان شېئىرىنى ئاڭلاپتۇ:

ماڭا دەيسەن غېمىڭغا سەۋرى قىلغىن!
سەۋرى ـ تاقەت قالمىدى مەندە بىلگىن.
ئاتا ـ ئانا، ھەدەمسىز مەندە يوق جان،
يوق تىرىكلىك ئۇلارسىز مەندە بىلگىن.

*　　*　　*

يەمەندە توختىماي چاقماق چېقىلىدى،
بۇ مەجرۇھ تېنىمگە ئوتلار يېقىلدى.

چېقىندەك شۇ ھەدەمنى ئەسكە سالدى،
يۈرەكتە قايتىدىن ئوت ئەۋجى ئالدى.

تولغان ئاياق تۇتاتتى، ئۇ كەرەمدىن،
كوڭلۇم قانداق تىلىنماس بۇ ئەلەمدىن؟

رەقىپ ماڭا بىكار گەپ ـ سوز قىلارسەن،
خۇدا شۇنداق سىنىسا سەنمۇ بىلەرسەن.

كۆلۈپ ماڭا بەخت باققان زامانى
كېتىپ، كويدۇردى كوڭۇل ئاشيانى.

مېنى تاشلاپ ئەلەم ئوتىغا ھىجران،
ئاياقتا غەم مېىنى قويدى دەۋران.

ئۇلۇكتۇر، ئۇلۇكتۇر روھ، ئۇلۇك تەن.
قېنى ياشلىق كۇنۇم قايتمايدۇ ئەمدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غېرىپقا ھېچكىشى باقمايدۇ ئەمدى.
زامان نەزەھەتىدىن مەن قىيىلدىم،
كۆز يېشىم لېيىدىن غەمگە تېيىلدىم،

رەقىپلەر قىلىشتى زورلۇق ـ مالامەت،
گۇناسىز بېشىمغا سالدى قىيامەت.
ھاياتىمنى تاتلىق ئاندىن ئايرىدى،
ئۆمۈر خامىنىنى يەلگە سورىدى.

نۇزھەتۇززاماننىڭ ئۇيقىسى قېچىپ، خىيال ئارىلاش ياتقان ئىكەن. يىراقتىن بىر تونۇش ئاۋازنىڭ شېئىر ئوقۇغىنىنى ئاڭلاپتۇ. بىر چاغدا شېئىر تۈگەپ، ئۇنىڭ "ئاھ" تارتقىنىنى ئاڭلاپتۇ.

زۇئۇلماكان شۇ مەھەلدە شېئىرىنى تۈگىتىپ، "ئاھ!" ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكەن ئىكەن. نۇزھەتۇززامان ئۆكىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئەركىن نەپەس ئاپتۇ. كېيىن تۇرۇپ شۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئەي شامال، يەتسەڭ ئاڭا، مېنىڭ سالامىمنى ئېيت!
چىن يۈرەكتىن يوللىغان ئوتلۇق كالامىمنى ئېيت!
لۈتپى ئەيلەپ ئۇ، قۇياش سەندىن سورار بولسا مېنى،
ئاھ... ئۇرۇپ تۈنلەر بويى قىلغان پىغانىمنى ئېيت!

كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، خىزمەتچىسىنى قىچقىرىپتۇ. "لەببەي، نىمە خىزمەت بار؟ ئەي مەلىكەم" دەپتۇ خىزمەتچى كېلىپ. "سەن بېرىپ، باياراقتا مەندىن بۇرۇن شېئىر ئوقۇغان كىشىنى قىچقىرىپ كەل!" دەپ بۇيرۇپتۇ ئۇ خىزمەتچىسىنى.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



يەتمىش ئىككىنچى
كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

نۇزھەتۇززامان خىزمەتچىسىنى قىچقىرىپ: "شېرىن ئوقۇغان كىشىنى تېپىپ كەل!" — دەپ بۇيرۇپتۇ. "مەن ھېچ نىمىنى ئاڭلىمىدىم. ھېچكىمنى تونىمايمەن. ۋاقىت كېچە، ھەممە ئۇيقىدا" دەپتۇ خىزمەتچى. "ھازىر كىم ئويغاق بولسا، شېرىنى ئوقۇغان كىشى شۇ، شۇنى ئېلىپ كەل!" دىگەن بۇيرۇقنى بېرىپتۇ نۇزھەتۇززامان. خىزمەتچى بېرىپ، ئادەملەرنى كوزدىن كوچۇرۇپتۇ. گۇلەخچىدىن باشقا ئويغاق كىشىنى ئۇچراتماپتۇ. چۈنكى، زۇئۇلماكان ھۇشسىز ياتقان ئىكەن. گۇلەخچى ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئادەمنى كورۇپ ئەنسىرەپتۇ. "شېرنى سەن ئوقۇدۇڭمۇ؟ مەلىكىمىز ئاڭلاپتۇ!" دەپتۇ خىزمەتچى. گۇلەخچى خىيالىدا "مەلىك شېرنى ئاڭلاپ ئۇخلىيالماي ئاچچىغلانغان بولسا كېرەك" دەپ چوچۇپتۇ. "ئەز-بىرايى خۇدا، شېر ئوقۇغان مەن ئەمەس" دەپ قەسەم ئىچىپتۇ گۇلەخچى. "بولمىسا كىم ئوقۇدى؟ شۇنى ماڭا كورسەت. سەن ئەلۋەتتە بىلىسەن. چۈنكى، ھازىر سەنلا ئويغاقكەنسەن؟!" دەپتۇ خىزمەتچى. گۇلەخچى ئۇزىچە: "بۇ خىزمەتچى زۇئۇلماكانغا بىرەر زىيان يەتكۈز-مىگىدى؟" دەپ ئەنسىرەپ، "بىلمەيمەن" دەپ جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ. خىزمەتچى ئۇنىڭغا: "يالغان ئېيتىۋاتىسەن. بۇ يەردە سەندىن باشقا ئويغاق كىشى يوق، بەس! ئانداق بولغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە سەن بىلىسەن" دەپتۇ. "خۇدا ھەققى، توغرىسىنى ئېيتسام، يولدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولۇچى ئۇقۇدى. ئۇنىڭ ئاۋازى مېنىمۇ چوچىتىپ، ئۇيقىدىن ئويغىتىۋەتتى"، — دەپتۇ گۈلەخچى قۇتۇلۇش نىيىتىدە. "ئۇنى تونۇساڭ، ماڭا كورسىتىپ قوي! تۇتۇپ كېلىپ، مەلىكىنىڭ چېدىرى يېنىغا ئېلىپ بارىمەن ياكى ئۆزەڭ ئېلىپ بار" دەپتۇ خىزمەتچى. "ئۇنداق بولسا، سەن كېتىۋەر؛ بۇ نۆۋەت يەنە ئوقۇپ ئۆتسە، ئۇنى ئۆزەم تۇتۇپ ئېلىپ بارىمەن"، — دەپتۇ گولەخچى. خىزمەتچى ماقۇل بولۇپ، ئۆز يولىغا قايتىپتۇ. بېرىپ مەلىكىسگە ۋەقەنى بايان قىپتۇ: "شېھىرنى باشقا بىر يولۇچى ئوقۇپ، بۇ يولدىن ئۆتكەن ئىكەن، ئۇنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن".

مەلىكە بۇ گەپنى ئاڭلاپ، جىم بوپتۇ.

زۇئۇلماكان بىر ئازدىن كېيىن ھوشىغا كەپتۇ. ئاي ئۆرلەپ قالغان ئىكەن، تاڭ شامىلى ئۇنى ئەركىلىتىپ، ئۇنىڭ غەم - ئەلەملىرىنى يەنە قوزغاپتۇ. زۇئۇلماكان بىر نەرسە ئوقۇشقا راسلىنىپ، ئاۋازىنى تۈزەپتۇ. "نېمە قىلماقچىسەن؟" دەپتۇ گۈلەخچى. "كۆڭۈل ئوتلىرىنى ئۆچۈرۈپ، ئۆزەمنى بىر ئاز تىنجىتىشنى خالايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، يەنە بىرەر شېھىر ئوقۇماقچىمەن"، — دەپتۇ زۇئۇلماكان. "باياتىن بېرى بۇ يەردە بولۇپ ئۆتكەن ئىشتىن خەۋىرىڭ يوق، خىزمەتچىنى ئاران يولىغا سېلىپ، سېنى ئۆلۈمدىن قۇتقازدىم" دەپتۇ گۈلەخچى. "قېنى ئېيتقىنا، نېمە ۋەقە بولدى؟" دەپ سوراپتۇ زۇئۇلماكان. "ئەي خوجام، سەن يەردە ھوشسىز ياتقان ۋاقتىڭدا، بىر خىزمەتچى يېنىمغا كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا رۇم ياغىچىدىن ئىشلەنگەن ئۇزۇن كالتەك بار ئىدى. ئۇ، ھەممە ئادەملەرنى كوزدىن كوچۈرۈپ، شېھىر ئوقۇغان كىشىنى ئىزلىدى. ئادەملەر ئۇخلاپ ياتقان ئىدى. مەندىن باشقا ئويغاق كىشى تېپىلمىغاندىن كېيىن،

مەندىن شېئىر ئوقۇغان كىشىنى سورىدى ۋە ئۇنىڭ كىملىكىنى دەپ بېرىشەن دېدى. مەن، بىر يولۇچى ئادەم ئوقۇدى، دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدىم. ئۇ قايتىپ كەتتى. خۇدا مېنىمۇ، سېنىمۇ ئۇنىڭدىن ئامان ساقلاپ قالدى. بولمىسا، ئۆلگەن بولاتتىم. ئەگەر يەنە شېئىر ئوقۇسا، بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئېلىپ بار! دېدى."

بۇ سوزنى ئاڭلاپ زۇئۇلماكان يىغلاپتۇ. "مېنى شېئىر ئوقۇشتىن كىم توسالايدۇ؟ ئوقۇۋېرىمەن. بېشىمغا كەلگىنىنى كورىمەن. شەھەرىمگە يېقىنلاپ قالدىم. ئەمدى يەنە كىمدىن تارتىناي!" — دەپتۇ ئۇ زەردە بىلەن. "سېنىڭ مەقسىدىڭ ئوزەڭنى ھالاكەتكە تاشلاشمۇ؟" دەپ سوراپتۇ گۇلەخچى. "مېنىڭ دەردىمگە شېئىر ئوقۇشتىن باشقا چارە يوق!" دەپتۇ زۇئۇلماكان. "مېنىڭ مەقسىدىم سېنى ئوز شەھرىڭگە ساق-سالامەت يەتكۈزۈپ، ئاتا-ئاناڭنىڭ قولىغا ئامان-ئېسەن تاپشۇرۇش ئىدى. لېكىن، شۇ سائەتتىن باشلاپ، مېنى ئوزەڭدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلدىڭ. بىر يېرىم يىلدىن بېرى مەن بىلەن بىللە بولدۇڭ، مەندىن ساڭا، سەندىن ماڭا ھېچقانداق زىيان يەتمىگەن. يول ئازاۋىدىن، ئۇيقۇسىزلىقتىن يامان چارچىغان ئىدۇق. باشقىلارمۇ ھارغان ئىدى. دەم ئېلىپ تېچقىنا ئۇخلاشلىرى زورۇر ئىدى، شۇنداق چاغدا، سېنى شېئىر ئوقۇشقا نېمە مەجبۇر قىلدىكىن-تاڭ؟!" دەپتۇ گۇلەخچى بوغۇلۇپ-تېرىكىپ. "ماڭا شېئىردىن باشقا نەرسە ئارام بەرمەيدۇ. مەن سوزۇمدىن يانمايمەن. شېئىر ئوقۇيمەن" دەپتۇ زۇئۇلماكان. ئۇ، ھاياجانلانغانلىقىدىن، ئوزىنى باسالماپتۇ. دىلىدىكى پىغانلىرىنى تىزىپ، شېئىر ئوقۇپتۇ:

دىل، بار، سالام قىل ئاستانىسىغا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

"ھە" دىسە زارە جانانىسىغا.

تۈن دەھشىتى گەر كۆڭلۈڭنى باسسا،
مەشئەل ياق ئىشقىدىن كاشانىسىغا.

چېچى ئەۋلەدەك تولغانسا قورقما!
سۈرگىل لېۋىڭنى سەدانىسىغا.

جەننەت ئۇرۇۋدۇم سەندىن يۈزۈمنى،
سەن تەڭ ئەمەس ۋەسلى شادانىسىغا.

بولمىسا ۋەسلى، تاڭنىڭ ئۈمىدى،
تولغاي زەھەر ئۇمۇر پەيمانىسىغا.

كېيىن يەنە ئىككى بېيىت ئوقۇپتۇ:

ياشار ئىدۇق جاھاندا، بىزگە خىزمەتكار ئىدى دەۋران،
ۋەتەندە قايغۇسىز ئۈيناپ ياشايتتۇق، خوش - خۇرام شادان.
قېنى كىم بەرگەي ماڭا ئەمدى، خۇش - بەخت ماكانىمنى،
بەختلىك ئىدى ئاندا زۇئۇلماكان بىلەن نۇزھەتۇززامان.

* * *

ئوقۇغانمۇ سەن پىراق دەرسىنى،
لەيلى - مەجنۇننى شۇ خاراپ قىلدى.
نۇزھەتۇززامان ھەددىدىن ئايرىپ،
زۇئۇلماكاننى ناتىۋان قىلدى.

زۇئۇلماكان بۇ شېئىرنى تۈگىتىپ، ئۈچ قېتىم قاتتىق "ئاھ" تارتىپ، ھۇشسىزلىنىپ يەرگە يىقىلىپتۇ. گۆلەخچى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەكگىل بىر تونىنى يېپىپ قويۇپتۇ. نۇزھەتۇززامان ئۇكىسىنىڭ ئىسمى ۋە مەنزىللىرىنى ئەسلەپ ئوقۇغان شېئىرنى

ئاڭلاپ يىغلاپ تاشلاپتۇ ۋە خىزمەتچىسىنى قىچقىرىپ: "لەنەت ساڭا، ئەي خادەم! سەن ئېيتقان يولۇچى يېقىن بىر يەردە يەنە شېھر ئوقۇدى. ئۇزەڭمۇ ماڭا قارىغاندا سىرتتا ئۇنىڭغا يېقىنراقتا تۇرىسەن! مېنىڭدىن ياخشىراق ئاڭلىغانسەن. ئەزىبىرايى خۇدا، ئەگەر ئەمدى تېپىپ ئېلىپ كەلمىسەڭ، ھاجىتىنى ئويغىتمەن. قاشاڭلىغىڭ ئۈچۈن، سېنى ئۇرۇپ جازالاپ، ئىشتىن ھايدايدۇ. مە، بۇ يۈز دىنارنى ئال! شۇ يولۇچىنى تاپ! ئۇنىڭغا ياخشى ۋە چىرايلىق سوزلەرنى ئېيتىپ، ئۇزەڭ بىلەن بىللە ئېلىپ كەل! ئەگەر كەلگىلى ئۇنىمسا، مانا بۇ خالتىدىكى مىڭ دىنارنى ئۇنىڭغا بەر! ئۇنىڭغىمۇ كونمىسە، زورلاپ ئاۋارە بولماي، تۇرغان جايىنى، ھۇنىرىنى، قايسى شەھەردىن ئىكەنلىگىنى بىلىپ كەل! كېچىكمە، تېز بول! ئەزمىلىك قىلما!" دەپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھەرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



يەتمش ئۇچىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھەرىزاد ھىكايىسىنى.

نۇزھەتۇززامان شېھر ئوقۇغان كىشىنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن خىزمەتچىسىگە ئادەملەر ئارىسىغا بېرىپ، تېپىپ يۇمشاق گەپ، سىلىق مۇئامىلە بىلەن ئېلىپ كېلىشنى تاپىلاپتۇ. ئۇ، كارۋانلار ئارىسىدىن شېئىر ئوقۇغان كىشىنى ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. قارىسا، ئادەملەر ئۇخلاۋاتقان ئىكەن. ھەممىسىنىڭ ئۈستىگە بېرىپ، بىرەر ئويغاق

كىشىنى ئىستەپ تاپالماپتۇ. ئۇ، شۇنداق بىرمۇ-بىر قارا
يۈرۈپ، ئاخىرى گۈلەخچىنىڭ يېنىغا بىرىپ قاپتۇ. قارىسا، ئ
يالاڭباشتاق ئولتۇرغان. ئۇنىڭ يېنىدىن تارتىپ: "شېھرنى سە
ئوقۇدۇڭمۇ؟" دەپ سوراپتۇ خىزمەتچى.

گۈلەخچى ئۇنىڭدىن قورقۇپ: "ياق شېھر ئوقۇغان مەن ئەمەس
خۇدا ھەققى مەن شېھر ئوقۇمۇدۇم. ئەي ئىززىزىم، يېڭىمنى قويۇ
بەر، مەن بىچارە ئادەم"، — دەپتۇ. "ئانداق بولسا، شېھرنى ئوقۇ
غان كىشىنى كورسىتىپ قوي! ئەگەر كورسىتىپ قويمىساڭ، مە
سىنىڭ يېڭىڭنى قويۇپ بەرمەيمەن. چۈنكى، بۇ ئەتراپتا مە
سىنىڭدىن بولەك بىرەر ئويغاق كىشىنى تاپالمىدىم. مەنمۇ شې
ئوقۇغان ئادەمنى تاپمىغىچە مەلىكەم ئالدىغا بارمايمەن" دەپتۇ خىز
مەتچى ئاچچىغلىنىپ. گۈلەخچى زۇئۇلماكاندىن ئەنسىرەپ، قاتتىق
يىغلاپتۇ:

"خۇدا ھەققى، شېھر ئوقۇغان مەن ئەمەس. يولۇچى بىر كىشى
شېھر ئوقۇپ يېنىمىزدىكى يولدىن ئوتتى. مېنىڭ يېڭىمنى قويۇپ
بەرگىن! مېنىڭ ئۇۋالىمغا قالما! دەمەشقتىن تارتىپ سىلەر بىلەن
بىللە كېلىۋاتقان قۇددۇسلىق مۇساپىرمەن. سەن مېنىڭ تۇرغان
يېرىمنى ئوبدان بىلىۋالدىڭ! ئەتراپتا يۈلتۈزدەك تۇرغان گۈزەتچە
لەر مېنىمۇ سىرتقا چىقارمايدۇ. مەنمۇ بۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ
كېتەلمەيمەن" دەپتۇ. "ئانداق بولسا، مەن بىلەن بىللە مەلىكەم
نىڭ يېنىغا بار! ئۇنىڭغا مۇشۇ گەپنى ئۆز تىلىڭ بىلەن سۆزلەپ
بەر!" دەپتۇ خىزمەتچى. "ئۆزەڭمۇ كورۇپ تۇرۇپسەن. بۇ كېچە
بۇ يەردىن سىرتقا قاراپ ماڭغان كىشىنى كۈزەتچىلەر بۇلجۇتماي
تۇتىدۇ. سەن خاتىرجەم بول! ئۆز جايىڭغا قايتقىن. ئەگەر بۇ

قېتىم يەنە بىرەر كىشىنىڭ شېئىر ئوقۇغىنىنى ئاڭلىساڭ، ئۇنىڭ يېنىدا ياكى يىراقتا بولۇشىغا قارىماي، توپ تۇغـرا مېنىڭ قېشىمغا كەل! باشقا كىشىنى ئىستىمەي، مېـنى تاپ! خالىـغىنىڭـنى قىل!" دەپ خىزمەتچىنىڭ باش ـ كوزىـنى سىـلاپ، قولـلىرىغا سۈيۈپ تۇرۇپ يېلىنىپتۇ.

ئۇنىڭ سوزىگە خىزمەتچىنىڭ دىلى يۇمشاپتۇ. رەھـمى كېلىپ، يېڭىنى قويۇپ بېرىپ ئارقىسىغا قايتىپتۇ. ئازراق يۇرۇپ مەلىكىنىڭ قېشىغا قۇرۇق سوز بىلەن بېرىشتىن قورقۇپـتۇ. گۇلەخچىغا يېقىـن بىر جايغا بېرىپ، يۇشۇرۇنۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

گۇلەخـچى زۇئۇلماكانـنى ھۇشىغا كەلتۇرۇپ، يولەپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئۇنىڭغا: "بېشىڭنى كوتۇرۇپ ئولتۇرغىن. ساڭا مەن باباتىدىن بىرى بولۇپ ئوتكەن ئىشنى ئېيتىپ بېرەي" دەپـتۇ. "مېـنى تېـچ قوي!ــدەپتۇ زۇئۇلماكان تېرىكىپ،ــشەھرىمگە يېقىن يەرگە كېلىپمۇ قورقامدىمەن؟" "ئىمىشقا سەن بۇنچە كورەڭلەيسەن. ھېچ كىمدىن تەپ تارتمايسەن. مەن ئوز جېنىمغا قارىغاندا سېـنىڭ جېنىڭـدىن بەكرەك غەم يەپ، ئەنسىرەيمەن. ئەمدى شەھرىڭگە كىرگىچە، يەنە شېئىر ئوقۇماسلىغىڭنى ئوتۇنۇپ سورايـمەن. سېـنى مەن بۇنـداق سوزگە كىرمەيدىغان كىشى دەپ ئويلىمىغان. ئۇ يەردە ھاجىپىنىڭ خوتۇنى سېنىڭ شېئىر ئوقۇپ ئۇيقىسـىنى قاچۇرۇۋاتـقانلىغىڭـدىن غەزەپلىنىشىپتىپتۇ. بۇ يەرگە شېئىر ئوقۇغان كىشىنى ئىستەپ، ئۇنىڭ خىزمەتچىسى بىرقانچە قېتىم كېـلىپ، سۇرۇشـتۇرۇپ كەتـتى. ئۇ، يولدا ئىزلىپ، چارچاپ كېلىپ، بۇ يەرگە دەم ئېلىشقا چۇشكەن. سەن شېئىر ئوقۇپ، ئۇنى ئۇخلاتمـاسلىق بولامدۇ؟ ئەمـدى ئۇنىڭ، ئادىمى كەلسە ماڭا ياخشىلىق يوق" دەپتۇ تېرىكىپ ـ بوغۇلۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زۇنۇلماكان گۈلەخچىنىڭ «سوزىگە قۇلاق سالماپتۇ. ئۇچىنچى
نۆۋەت ئاۋازىنىڭ بىرىچە ۋاقىراپ شېئىر ئوقۇشقا باشلاپتۇ:

ئاشىقلارغا سوزلىمەس ئىقلىق ئىنسان،
غەرق بولۇشتىن قورقماس قايىنامدا ياتقان.
زالىم بويىسا مەيلى قانغا قولىنى،
ۋەتەن ئىشقى دەردىمگە بىرىدۇ دەرمان.

• • •

دۇنيا كوزۇمگە قارا بولۇپتۇر،
غەيۋەتچى تىلى بالا بولۇپتۇر.

گايىدا ئوزى چۇشەنمەي ئەسلا،
غەيۋەتتە سالار بىشىمغا غەۋغا.

غەيۋەتچى دىدى: "سىنى ئۇنۇتتى"،
دىدىم: "ۋەتەن ئىشقى جىنىمغا ئوتتى".

دىدى: "بۇ نىچۇك ھوسىندە تەنھا؟"
دىدىمكى: "دىلىمدا ئىشقدۇر پەيدا".

دىدى ئۇ: "قانداقچە ساڭا بۇ ئەلا؟"
دىدىم مەن: "ھىچقاچان ئەمەسمەن گۇمراھ".

باغرىم قىنىنى يۇتاي سۇبھى-شام،
لەنەت دەڭ ماڭا ئۇنى ئۇنۇتسام.

ئىشقى تىنىمدە ياندۇردى ئاتەش،
غەيۋەتچى تىلىدىن دىلىم بولدى غەش.

غەيۋەتچى مىنى قىلۇر گۇناكار،
دىلىمدىن ئاڭا نەپرەتلەر ياغار.

زۇنۇلماكانىنىڭ شېئىر ئوقۇغىنىنى خىزمەتچى موكۇنىگەن جايىدا

ئاڭلاپتۇ ۋە ئوبدان كورۇۋاپتۇ. يىگىت شېھرىنى تۇگىتىشى بىلەنلا، خىزمەتچى ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بوپتۇ. گۇلەخچى ئۇنى كورۇش بىلەنلا، ئوزىنى چەتكە ئاپتۇ ۋە ئېھتىيات بىلەن ئۇلارنى كۇزىتىپ تۇرۇپتۇ. "سالام! ئەي ئۇلۇغ خوجام" دەپتۇ خىزمەتچى زۇئۇلماكانغا يېقىن كېلىپ.

"ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!" دەپتۇ زۇئۇلماكان خىزمەتچىنىڭ سالىمىغا جاۋاپ بېرىپ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



يەتمش توتنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

"ئەي خوجام، مەن بۇگۇن كېچە سىزنى ئىستەپ بۇ يەرگە ئۇچ قېتىم كەلدىم. مەلىكەم سىزنى قىچقىرىۋاتىدۇ" دەپتۇ خىزمەتچى.

"ئۇ مەلىكىنىڭ ئوزى كىم؟ قەيەرلىك؟ مېنى بۇ يېرىم كېچىدە نىمە ئۇچۇن قىچقىرىدۇ؟ خۇدا ئۇنىڭ ئوزىنىمۇ، ئېرىنىمۇ لەنەتكە دۇچار قىلسۇن!" دەپتۇ زۇئۇلماكان تىترەك ئاۋاز بىلەن. ئاندىن خىزمەتچىگە دۇق قىپتۇ. لېكىن خىزمەتچى ئۇنىڭغا قارشى بىرەر ئېغىزمۇ جاۋاپ قايتۇرماپتۇ. چۇنكى، مەلىكە ئۇنىڭغا يېقىملىق مۇئامىلە قىلىشنى، زورلۇق بىلەن ئەمەس، ئوز خاھىشى بىلەن ئېلىپ كېلىشنى. ئەگەر ئۇ، كېلىشكە ئۇنىمسا، خالتىدىكى مىڭ تىللا پۇلنى ئۇنىڭغا بېرىشنى بۇيرۇغان ئىدى. خىزمەتچى ناھايىتى

ياخشى مۇئامىلە بىلەن يۇمشاق سوز باشلاپتۇ: "ئەي خوجام، مەن ساڭا گۇنا قىلغىنىم يوق. سېنى خاپىمۇ قىلمىدىم. مەقسەت پەقەت مۇبارەك قەدىمىڭنى مەن بىلەن بىللە مەلىكەم ھۇزۇرىغا يەتكۈزۈپ بېرىش. كېيىن يەنە ساق ـ سالامەت ئۆز جايىڭغا قايتىپ كېلىسەن. بىزدە سەن خوش بولىدىغان بىر مەلۇمات بار. خالاس."

بۇ سوزنى ئاڭلاپ، زۇئۇلماكان ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئادەملەر ئارىسىدىن ئوتۇپ، مەلىكىنىڭ چېدىرى تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. كۆلەخچىمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. ئۇ، ئۆز ئىچىدە يىگىتكە ئېچىنىپ: "ئاپلا، ياش يىگىتكە ئۇۋال بولدى، ئەتىلىككە دارغا ئېسىلمىغىدى؟" دەپتۇ كۆلەخچى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن خېلى بىر يەرگىچە ئەگىشىپ بېرىپتۇ. كېيىن بىردىنلا: "سېنىڭ شېئىر ئوقۇغىنىڭنى مانا بۇ كىشى بىزگە دىدى دەپ، مېنى گۇۋاچىلىققا كورسەتسە. قانداق ئۇياتلىق ئىش بولىدۇ ـ ھە؟" دىگەن خىيالغا كېلىپ، شۇ ئىزىدا توختاپ قاپتۇ. زۇئۇلماكان خىزمەتچى بىلەن مەلىكىنىڭ چېدىرىغىچە بېرىپ، ئۇنىڭ يېنىدا توختاپتۇ. خىزمەتچى نۇزھەتۇززامان ھۇزۇرىغا كىرىپ: "سىزنىڭ دىگىنىڭىز بويىچە، شېئىر ئوقۇغان كىشىنى تېپىپ كەلدىم. ئۇ چىرايلىق، كېلىشكەن بىر ياش يىگىت بولۇپ، كورۇنۇشىدىن ئۇلۇغۋار ئادەمدەك قىلىدۇ" دەپتۇ. نۇزھەتۇززامان خىزمەتچىدىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، تەمترەپ كېتىپتۇ. "ئۇ يىگىتكە يەنە بىرەر شېئىر ئوقۇشنى ئېيتقىن. ئۇنىڭ شېئىرنى يېقىندىن تۇرۇپ ئاڭلاي!" دەپتۇ ۋە ئىسمىنى ھەم شەھەرنى سوراشنى ئېيتىپتۇ.

خىزمەتچى زۇئۇلماكاننىڭ يېنىغا چىقىپ: "يېڭىدىن يەنە بىرەر

شېھر ئوقۇغىن، مەلىكەم قولاق سېلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇز قولىغى بىلەن ئاڭلىماقچى. كېيىن، ئىسمىڭنى، شەھرىڭنى ۋە ئەھۋالىڭنى سوزلە! مەلىكەم ئاڭلىسۇن. ئۇ، مانا شۇ چېدىرنىڭ ئىچىدە، ساڭا يېقىن كېلىپ تۇرۇپتۇ" — دەپتۇ. "خوپ! — دەپتۇ زۇئۇلماكان خوشاللىق بىلەن، — ئەمما، مېنىڭ نامىمنى سورىدىڭ. مېنىڭ ئىسمىم ئۇنتۇلغان. بارلىغىم يوقلۇقا يۈز تۇتقان، كورۇۋاتىدىغانسەن؟ قەددىم پۈكۈلگەن. مېنىڭ ھىكايەم يىڭنە بىلەن كوزنىڭ ئىچىغا يېزىلسا ئەرزىگىدەك. ئۇزەم ناھايىتى كوپ ئىچىپ نىمە قىلىشنى بىلمەي، پىكىر دېڭىزىغا چومگەن مەستەك، پۈتۈنلەي ئۇزەمنى يوقاتقان، ھەممە نىمەدىن ئايرىلغان كىشىمەن".

بۇ سوزنى ئاڭلاپ، نۇزھەتۇززاماننىڭ دىلى ئېرىپ، ئۇزىنى تۇتالماي، ناھايىتى قاتتىق يىغلاپتۇ. ئۇنىڭ يىغىسى، "ئاھ - ۋاھى" بارغانسېرى ئەدەپ كېتىپتۇ. "كىمدىن ئايرىلغىنىنى سورا، بىرەر يېقىن كىشىسىدىن ئايرىلغان بولمىسۇن يەنە؟" — دەپتۇ ئۇ خىزمەتچىسىگە. خىزمەتچى يىگىتكە نۇزھەتۇززاماننىڭ ئېيتقان سوئالىنى دەپتۇ. "ھەممىسىدىن ئايرىلغانمەن. بولۇپمۇ دۇنيا مېنى ئەڭ مېھرىبان ئاتا - ئانامدىن، تۇغۇلغان يۇرتۇمدىن، ئەڭ سۇيۇملۇك ئاچامدىن ئايرىغان" دەپتۇ زۇئۇلماكان. نۇزھەتۇززامان ئۇنىڭدىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ: "خۇدا خالىسا، يوقاتقان نەرسىلىرىڭنى تاپىسەن. دوستلىرىڭ بىلەن بىللە بولىسەن!" دەپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.

www.uyghurkitap.com



يەتمىش بەشىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

نۇزھەتۇززامان ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ: "ئايرىلغان كىشلىرىڭگە چوقۇم يېتىشىسەن، — دەپتۇ ۋە كېيىن خىزمەتچىسىگە قاراپ، — پىراق توغرىسىدا شىكايەتنى ئاساسى مەزمۇن قىلىپ بىر شېئىر ئوقۇسۇن دەپ ئېيتقىن" دەپ بۇيرۇپتۇ. ئۇ، زۇئۇلماكانغا مەلىكىنىڭ ئىلتىماسىنى يەتكۈزۈپتۇ. نۇزھەتۇززاماندىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، زۇئۇلماكان نەپەسنى رۇستلاپ، تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

مەھبۇبلار سۇلتانىغا ئىشقىدىن ئەرز ئەيلىدىم،
سەنسىز يەگدى مېنى دوستلىرىمنىڭ ئىشقى دەپ.
گۈل يۈزلىرىڭ ئارزۇسى مېنى يېرىم جان ئەيلىدى،
ئەقلى-ھۇشۇمنى ئېلىپ دىۋانىدەك قىلدى ھەجەپ.
سەنسىز مەن بولدۇم غېرىپ، بۇلبۇلدەك باغدىن جۇدا،
مەيلى ئۇلتۇرسە مېنى ئاشىقى-بىچارە دەپ.

• • •

ئاڭا دوستۇر ھەمىشە ئىشقى-نادامەت،
قىلۇرمەن ھىندۇ مەسكىننى ھورمەت.
ئۇنىڭ ئىشقىدەك سۈيگۈ يوقتۇر جاھاندا،
نە ئەتە دەر، نە ئىندىن بۇ مۇھەببەت.

گۈزەل ھىندۇ بىسىپ ئۆتكەن بۇ تۇپراق،
كۆزۈمگە تۇتىيادۇر تا قىيامەت.

ئىگىز يەرگە چېدىر تىككەن گۈزەلگە،
سالام يوللاپ تىلەيمەن بەخت ـ سائادەت.

ئېزىز دوستلار، ياخشىراق بىر قونالغۇ
تېپىلماس، شۇندا قىلسام ئىستىقامەت.
كوڭۇل دائىم ئۇنىڭ ئىشقى بىلەن دوست،
سورىساڭلار دىلىمدىن، بۇ ھەقىقەت.
جاھان لەززەتلىرىن ياغدۇر بۇلۇتتىن،
چاقماق چاقسۇن سېلىپ كوڭۇلگە دەھشەت.

زۇئۇلماكان شېرىنى ئوقۇۋاتقاندا، نۇزھەتۇززامان چېدىرنىڭ پەردىسىنىڭ بىر تەرىپىنى ئاستا كوتۇرۇپ، ئۇنىڭغا قاراپتۇ. كوزى زۇئۇلماكاننىڭ كوزىگە چۈشۈش بىلەن ئۇنى تونۇپتۇ: "ئەي ئۇكام، زۇئۇلماكانمۇ سەن؟" دەپ ۋاقىراپتۇ، نۇزھەتۇززامان خوشلىقىدىن.

زۇئۇلماكانمۇ نۇزھەتۇززاماننى ئاۋازىدىن تونۇپتۇ. "ئەي مەلىكەم. سەن مېنىڭ ئاچام نۇزھەتۇززامانمۇ؟ ـــ دەپ تولاپتۇ. نۇزھەتۇززامان زۇئۇلماكانغا ئوزىنى ئېتىپتۇ. زۇئۇلماكان ئاچىسىنىڭ بېشىنى سىلاپتۇ. شۇ ئەھۋالدا ھەر ئىككىسى ھوشىدىن كېتىپتۇ، يەرگە يىقىلىپتۇ. خىزمەتچى ئۇلارنى بۇ ئەھۋالدا كورۇپ، ھەيران بولۇپ قېتىپ قاپتۇ. ھوشلىرىغا كەلگىچە ئۇلارنىڭ بېشىدا نىمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپتۇ. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، نۇزھەتۇز-زامان ناھايىتى سۇيۇنگىنىدىن، غەم تېغىنى تاشلىغاندەك، ئوزىنى يىنىك سېزىپتۇ. ھەسرەتلىرى بۇلۇتتەك تارقىلىپ، دىلى شاتلىققا چومۇپ، مۇنۇ شېرىنى ئوقۇپتۇ:

بۇ مۇبارەك ئۇچرۇشۇش ياخشى بىر پال،
كورۇندى كوزۇمگە يورۇق ئىقبال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خۇداغا شۈكرىكىم مەندەك غېرىپنىڭ،
تەشنا لېۋىمگە تەگدى گويا شېرىن بال.
چۈشۈممۇ، ئوڭۇممۇ؟ بىلەلمىدىم مەن،
ھازىر ماڭا يۈزلەندى ياخشى ئەھۋال.

* * *

دەۋر مېنى قىيناشقا قەسەم قىلغاندى،
تۇۋە قىلسۇن قەسىمى ئۆزىگە ياندى.
بەخت كۈلدى، ۋاپا قىلدى بۈگۈن جانۇ ـ جاھان،
شاتلىق ئېلىپ پېشانە شورۇمنى ئالدى.

گۈليار ئېيتىك چالغۇچىنى قىلىپ سىز ئويغاق،
مەيگە تولغان ئاياقمۇ قولۇمغا ياندى.
جەننەت دىسە، بىكار سوز دەپ، قويىمغان كوڭۈل،
ئېچىپ مەينى بۇ كەۋسەرگە دىلىممۇ قاندى.

بۇنى ئاڭلاپ، زۇئۇلماكان ئاچىسىنى ئەركىلىتىپتۇ. ھەددىدىن ئارتۇق شاتلىنىپ، ئىككىسىنىڭ كوزى خۇشاللىق يېشىغا تولۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىككىسى بىرلىكتە شۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئېچىندىم بېشىمغا چۈشكەندە ھىجران،
كوزۈمدىن ئاقتى ياش ئورنىغا قان.
قارا كۈن ئېچىدە كەلسە شاتلىق،
ئوتەر تىلدىن ـ تىلغا مىسلى داستان.

بۈگۈن خۇشاللىق كۈنى يېتىشتى،
بۇ زور سۆيۈنۈش قەلبىمنى تەشتى.
كوزلەرگە ئادەت ئىكەن ياش توكۈش،
ئەلەمگىمۇ، شاتلىققىمۇ ياش توكۈشتى.

ئاچا ـ ئۇكا بىرمۇنچە ۋاقىت چېدىر ئىشىگىدە ئولتۇرۇشۇپتۇ. كېيىن نۇزھەتۇززامان ئۇكىسىغا:

"ئورنۇڭدىن تۇرغىن، چېدىر ئىچىگە كىرەيلى، بېشىڭدىن ئۆتـ كەنلەرنى سۆزلە! مەنمۇ بېشىمدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىمنى سۆز- لەپ بېرىمەن" دەپتۇ. "ئاۋال سەن سۆزلەپ بەرگىن!" دەپتۇ زەۋئۇلماكان.

نۇزھەتۇززامان قۇددۇستىكى خانىلىق سارايدىن ئىش ئىزلەپ كوچىغا چىققاندىن باشلاپ، بېشىغا چۈشكەن ئايرىلىشنىڭ دەرت ـ ئەلەملىرىنى، سادىر بولغان ۋەقەلەرنى، بەدىۋىنىڭ ئالدىمغا چۈشۈپ تارتقان كۈلپەتلىرىنى، سودىگەرنىڭ بەدىۋىدىن قانداق يوللار بىلەن سېتىپ ئالغىنىنى ۋە ئاخىر ئاكىسىغا سېتىلغانلىقىنى، شەررىكان ئۇنى سېتىپ ئېلىپ، ئازات قىلىپ ھاجىپقا نىكاھلاپ بەرگە- نىنى، ئاتىسى شاھ ئۆمەر ئىبنى نۇئماننىڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئوغلى شەررىكانغا خەت يازغىنىنى، ئۇ خەتتە ئۇزىنى باغدادقا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغىنىنى سۆزلەپ كېلىپ: "بىز باغدادتىن ئاتىمىز ئالدىدىن بىللە چىققان ئىدۇق. ئىككىمىزنى قايتا دىدار كۆرۈشتۈرگەن، ئاتىمىزنىڭ ئالدىغا بىللە بېرىشقا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەرگەن خۇداغا شۈكرى، ــ دەپتۇ نەزھەتۇززامان، ــ ئاكام شەررىكان مېنى ئاتام ئالدىغا مېنىڭ ئېرىم يەنى ئۇزىنىڭ ھاجىپى بىلەن بىللە ئۇزاتتى. مانا مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى. ئەمدى سەن مېنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن بېشىڭغا چۈشكەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەر!"

زەۋئۇلماكان پۈتۈن ۋەقەنىڭ جەريانىنى قىسقارتىپ، تەلىيى يار بولۇپ، گۈلەخچىغا ئۇچرىغىنىنى، ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بار-يوقىنى سېتىپ ئۇنىڭغا خەجلىگىنىنى، كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ يېنىدىن قوزغالماي خىزمىتىنى قىلغىنىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن چوڭ مىننەتدار ئىكەنلىكىنى بايان قىپتۇ. "ئەي ئاچا، — دەپتۇ ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ، — گۈلەخچى ماڭا بىرەر ئادەم ئۆز ئاكىسى ياكى ئۇكىسىغا ۋە ياكى بالىسىغا قىلىدىغان ياخشىلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىلدى، ئىچ كۆيەرلىك بىلەن قارىدى. ئۆزى ئاچ قالغاندىمۇ، مېنى تويدۇردى. سەپەرگە چىققاندا، ماڭا ئۇلاق سېتىپ ئېلىپ بېرىپ، ئۆزى پىيادە ماڭدى. قىسقىسى، مەن ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن ساق-سالامەت قالدىم ۋە بۇ يەرگىچە يېتىپ كەلدىم. سېنىڭ بىلەن ئامان-ئېسەن كۆرۈشتۈم".

نۇزھەتۇززامان: "بىزمۇ قولىمىزدىن كەلگىنىچە ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرىمىز" دەپتۇ ۋە خىزمەتچىنى قىچقىرىپتۇ. خىزمەتچى كېلىپ، زۇئۇلماكاننىڭ قولىنى سۆيۈپتۇ. "مانا ساڭا سۆيۈنچە، ئەي ياخشى ئادەم. ئۇكام بىلەن كۆرۈشۈشكە سەن ياردەم قىلدىڭ. سەندىكى خالتىنى ھەممە ئالتۇنلىرى بىلەن ئۆزەڭگە بەردىم. ئۆزەڭ ئىشلەت! ماڭا تېز بېرىپ، خوجايىنىڭنى قىچقىرىپ بەر" دەپتۇ نۇزھەتۇززامان. خىزمەتچى خوشلۇقىدىن تېرىسىگە سىغماي، ھاجىپنىڭ چېدىرىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ، مەلىكىنىڭ قىچقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ھاجىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئالدىراپ مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا بىر يىگىتنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كىملىكىنى سوراپتۇ. نۇزھەتۇززامان ئۇنىڭغا ئۇكىسىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. "ئەي ھاجىپ، — دەپتۇ نۇزھەتۇززامان، — سەن كېنىزەككە ئەمەس، شاھ ئومەر ئىبنى نۇئماننىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن-

سەن. مەن ــ شاھىنىڭ قىزى نۇزھەتۇززامان، بۇ كىشى بولسا، مېنىڭ ئۇكام زۇئۇلماكان بولىدۇ".

ھاجىپ بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ سوزىدىن سۆيۈنۈپتۇ. ئۇزىنىڭ شاھ ئومەر ئىبنى نوئماننىڭ كۆيوغلى ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىپ: "ئەمدى بىرەر ۋىلايەتكە ۋالى بولۇشۇم ھىچ گەپ ئەمەس" دەپ ئويلاپتۇ. زۇئۇلماكانغا بۇرۇلۇپ، ئاچىسى بىلەن ئامان ـ ئىسەن يۈز كورۇشكىنىنى قۇتلۇقلاپتۇ. خىزمەتكارلىرىغا زۇئۇلماكانغا مەخسۇس چېدىر ھازىرلاشنى، ياخشى ئات تەييارلاشنى بۇيرۇپتۇ. "شەھىرىمىزگە يېقىنلىشىپ قالدۇق، ــ دەپتۇ نۇزھەتۇززامان، ــ بىز بىللە تۇرىمىز. شەھەرگە كىرىشتىن بۇرۇن، بىز بەزى نەرسىلەرنى سوزلىشىشىمىز لازىم. بىللە دەم ئالىمىز. چۈنكى، بىز خېلى زامانلاردىن بېرى بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلىپ كەتكەن".

"خالىغىنىڭىزنى قىلىڭ، ئەي مەلىكەم!" ــ دەپتۇ ھاجىپ ۋە ئۇلارغا ھەر خىل شىرنىلىكلەر تەييارلىتىپ، داستىخان سېلىپتۇ. تاماق يېيىشىپتۇ. كېيىن زۇئۇلماكانغا ئەڭ قىممەتلىك كىيىملەردىن سوغات قىلىپتۇ. ئۇزى ئۇلارنىڭ چېدىرىدىن چىقىپ، ئۇزىنىڭ چېدىرىغا كېتىپتۇ. نۇزھەتۇززامان ھاجىپقا مېڭىش ئالدىدا گۇلەخچىنى قىچقىرتىشنى، ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىشنى، جاي ھازىرلىتىشنى، مىنىش ئۇچۇن ئات بېرىشنى، تاماقنى چېدىرغا كىرىپ يېيىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تاپىلاپتۇ. ھاجىپ بۇ ئىشنى شۇ ئىشقا مەسئۇل خىزمەتچىلىرىگە بۇيرۇپتۇ ۋە دەرھال ئىجرا قىلىشنى ئېيتىپتۇ. "خوپ!" دەپتۇ خىزمەتچى قورال ـ ياراقلىرىنى ئېلىپ، گۇلەخچىنى ئىستەپ مېڭىپتۇ. گۇلەخچى چۇشكەن يېرىدىن ئىشىكىنى توقۇپ، خورجۇن ـ

قاچىسىنى ئارتىپ مىنىپ، زۇئۇلماكاندىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا ئېچىنىپ، قېچىشقا تەييارلىنىپ، ئۆز ـ ئۆزىچە: "مەن ئۇنىڭغا خالىس مەسلىھەتلەرنى بەردىم، ئاڭلىمىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ بېشىغا نىمىلەر كەلدىكىن، ھالى نىمە بولدىكىن؟ ھەي ئىست، كوپ ياخشى يىگىت ئىدى" دەپ تۇرغىنىدا، ئۇنىڭ يېنىغا خىزمەتچى يېتىپ كەپتۇ، قوراللانغان قۇللار ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشاپتۇ. گۇلەخچىنىڭ رەڭگى تاتىرىپ، ۋەھىمە ئىچىدە قاپتۇ، بەدىنىگە تىترەك ئولۇشۇپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.


يەتمىش ئالتىنچى كېچە

ـــ ئەي بەختلىك شاھ، ـــ دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

گۇلەخچى خىزمەتچى بىلەن قوراللىق قۇللارنى كورۇپلا، رەڭگى تاتىرىپ، قورقۇنچ بىلەن "شۇنچىلىك ياخشىلىقلارنى بىلمىدى، قىلغان نەسىھەتىمنى ئاڭلىمىدى. ئەمدى قىستاققا چۈشكەندە، ئۆزى قىلغان ئىشقا ئۆزى جاۋاپ بېرىپ قۇتۇلماي، بۇ ئىشقا مېنىمۇ چاتقان ئوخشايدۇ. مېنى مەن قىلمىغان گۇناغا شېرىك قىلىپ كورسۇتۇپ قويغان ئوخشايدۇ" دەپ ئويلاپ خاپا بوپتۇ. خىزمەتچى: "ئەي يالغانچى، شېكەر ئوغۇغان كىم دەپ سورىسام بىلمەيمەن، مەن شېكەر ئوقۇمۇدۇم، شېكەر ئوقۇغان كىشىنىمۇ كورمىدىم دىگەن كىم ئىدى؟ بىلىپ قوي! شېكەر ئوقۇغان كىشى سېنىڭ شېرىگىڭ ئىكەن.

ئۇ، تېخى سېنىڭ يېقىن دوستۇڭ ئىكەن. ئەمدى مەن باغداد-قىچە، سېنى قويۇپ بەرمەي، بىللە ئېلىپ بارىمەن. شېرىگىڭ ۋە يېقىن دوستۇڭنىڭ بېشىغا قانداق كۈن چۈشسە، سەنمۇ شۇنىڭدىن ئۆز تىگىشلىگىڭنى ئالىسەن!" دەپتۇ. گۇلەخچى خىزمەتچىنىڭ غەزە-ۋىنى كورۇپ، ھودۇقۇپ قاپتۇ. ئۇ، ئۆزىگە ئۆزى: "مەن شۇنداق بولۇشىدىن قورققان ئىدىم. قورققىنىم بېشىمغا كەلدى." دەپ، شۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

مەن قاچاتتىم ھەر قاچان تەنە-كۆلپەتتىن يىراق،
قولغا چۈشتۈم، ئايرىدى ياخشى ئۇلپەتتىن بىراق،
كۆتكىنىمدەك بولدى ئىش، چۈشتى بېشىمغا پىراق،
تىرىك ئايرىلغاندىن ماڭا ئۆلۈپ تۈگەشكەن ياخشىراق.

خىزمەتچى گۇلەخچىغا قاراپ، قورالىق قۇللىرىنى بۇيرۇپتۇ: "ئۇنى ئىشەكتىن چۈشۈرۈڭلار، ئوقۇغان شېئىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ئالسۇن!" خىزمەتچىنىڭ كىشىلىرى ئۇنى ئىشەكتىن چۈشۈرۈپتۇ. گۇلەخچى خىزمەتچىگە قاراپ: "ئەي ھورمەتلىك سەردار، مەن ئۇنى تونۇمايمەن، مەن يالغۇز كىشى. ئۇنى مەشەدە سىزنىڭ ئالدىڭىزدىلا كوردۇم" دەپ، ئوزىنى ئاقلاپتۇ. ئۇ، گۇلەخچىغا قاراپ: "سەن يالغان ئېيتىسەن، پۇتۇن تۇن بويى شېئىر ئوقۇشۇپ، بىزنىڭ مەلىكە-مىزنى ئۇيقىسىز قويدۇڭ. مېنىمۇ ئاۋارە قىلدىڭ. مەن سېنىڭ يېنىڭغا ئۈچ قېتىم كەلدىم. بۇنىڭدىنمۇ تانامسەن؟!" دەپ ھەيۋە قىپتۇ. گۇلەخچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، تىگى يوق خىياللارغا كېتىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئات ئېلىپ كېلىشىپتۇ. گۇلەخچى ئاتنى مىنىپ، ئۇلار بىللە مېڭىپتۇ. قوراللانغان قۇللار ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ مېڭىشىپتۇ. "ئۇنىڭ بىرەر يېرىگە زىيان يېتىدىكەن، ھەممەڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لارنىڭ بېشى ساق قالمايدۇ. ئۇنى ئامان-ئېسەن ئېلىپ بېرىڭلار! خاپا قىلىپ تېرىكتۈرمەي، ھۆرمەت بىلەن يۈرۈڭلار!» دەپتۇ خىزمەتچى قورالliq قۇللىرىغا تاپىلاپ. گۆلەخچى ئۆز ئەتراپىنى قوراللىق قۇللار قوغداپ ئېلىپ ماڭغىنىنى كۆرۈپ: «ئەي سەر-دار، — دەپتۇ ئۇ، خىزمەتچىگە، — مەن ئۇنىڭ بۇرادىرىمۇ ئەمەس، يېقىن كىشىسىمۇ ئەمەس. مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ مەن بىلەن ھېچقانداق يېقىنلىقىمىز يوق. قىسقىسى، مەن ئۇنىڭ ھېچ نىمىسى ئەمەس. مەن بىر ھاممامنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالاپ، كۈلىنى تارتىپ كۈن كەچۈرىدىغان گۆلەخچى بىچارىمەن. راستىنى ئېيتسام، ماڭا ئۇ ھاممامنىڭ كۈلخانىسىدا ئۆلەر ھالەتتە ئۇچرىغان ئىدى»، — دەپ ھۆكرەپ يىغلاپتۇ.

خىزمەتچى ئۇنىڭ خىياللىرىنى بولۇپ: «سەن بىلەن ئۇ يىگىت-نىڭ ئوقۇغان شېرىڭلار مەلىكىمىزنىڭ ئۇيقىسىنى بۇزغان. لېكىن سەن ئۆزەڭدىن ئانچە كوپ ئەنسىرىمە!» دەپ ئۇنى قورقۇتۇپ، ئىچىدە بولسا ئۇنىڭ ساددىلىقىدىن كۈلۈپتۇ.

ئۇلار شۇنداق مېڭىپ، بەلگىلەنگەن جايغا يېتىپ بارغاندا، گۆلەخچىنى ئاتتىن چۈشۈرۈپتۇ. ئىچكىرىگە ئېلىپ كىرىپ، ئالدىغا تاماق قويۇپتۇ. گۆلەخچىنىڭ قوسىقى ئاچ ئىكەن، ئالدىغا قويۇلغان تاماقنى بىر دەمدىلا يەپ بوپتۇ. تاماقتىن كېيىن خىزمەتچى قۇللىرىغا شاراپ ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. خىزمەتچى قۇللار ئېلىپ كەلگەن شاراپنى ئاۋال ئۆزى ئىچىپ، ئاندىن گۆلەخچىگە تۇتۇپتۇ. گۆ-لەخچى ئۇنىمۇ ئىچىپتۇ. لېكىن، يەنىلا ئۆز جېنىدىن غەم يەپتۇ ۋە زۇئۇلماكاندىن ئايرىلىغىنى، يولدا يۈز بەرگەن بۇ كوڭۈلسىز ۋەقەدىن خاپا بولۇپ، كوز يېشىنى توختىتالماپتۇ. ئۇلار يولغا

چىققاندىمۇ ئۇلىڭغا ئېتىۋار بېرىپتۇ. ھاجىپ بەزىدە نۇزھەتۇز-زاماندىن ۋە بەزىدە زۇئۇلماكاندىن ئەھۋال سوراپ خەۋەر ئالسا، ئارىلاپ گۇلەخچىغىمۇ غەمخورلۇق قىلىپ، كوڭلىنى ئېلىشقا ھەركەت قىلىدىكەن. نۇزھەتۇززامان بىلەن زۇئۇلماكان يولدا سوزلىشىپ، مۇڭدۇشۇپ، شەھەرگە يېقىنلىشىپ كەپتۇ. ئارىدا پەقەت ئۇچ كۇنلۇك يول قاپتۇ. كەچكە يېقىن ئۇلار بىر مەنزىلگە چۇشۇپ قونۇپتۇ، تاڭ ئاتقىچە شۇ يەردە دەم ئېلىشىپتۇ. ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، يەنە يولغا چۇشۇپتۇ. يولدا كېتىۋاتقانلىرىدا، ئالدىلىرىدىن قويۇق چاڭ-توزاڭ كورۇنۇپتۇ، ئۇنىڭ توپىلىرى ئاسماننى قاپلاپتۇ. كەچ كىرگەندەك ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ. ھاجىپ:

"توختاڭلار! بىر ئاز كۇتۇڭلار!" دەپ، كىشىلىرىنى توختىتىپتۇ. ئوزى قۇللىرى بىلەن توزاڭ كورۇنگەن تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. بىر ئاز يۇرگەندىن كېيىن، چاڭنىڭ ئىچىدىن دېڭىز دولقۇندەك ناھايىتى كوپ ئەسكەرلەر توپى چىقىپ كەپتۇ. ئۇلار بايراقلار، كارناي-سۇنايلار بىلەن، ئاتلىق ۋە پىيادە، ئالاھىدە-ئالاھىدە بولۇپ، قىسىملار بويىچە سەپكە تىزىلىپ كېلىۋاتقان ئىكەن. ھاجىپ بۇ ئىشتىن ھەيران قاپتۇ. ئەسكەرلەر توپىمۇ بۇلارنى كورۇش بىلەن، ئوز توپىدىن بەش يۇزدەك ئاتلىقنى ئاجرىتىپ چىقىپ، ھاجىپقا قاراپ مېڭىپتۇ. يېتىپ كېلىپ، يېنىدىكى ھەمرالىرى بىلەن ھاجىپنى قورشاپ ئاپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىر كىشىسىنى بەش ئەسكەر ئارىغا ئاپتۇ. "بۇ نىمە گەپ؟ بۇلار قەيەردىن كەلگەن؟ نىمىشقا بىزگە بۇنداق مۇئامىلە قىلىشىدۇ؟" دەپتۇ ھاجىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

"سەن كىمسەن؟ نەدىن كېلىۋاتىسەن ۋە نەگە ماڭىدىغانسەن؟" دەپتۇ ھاجىپتىن گەپ سوراپ.

"مەن ــ دەمەشق ئەمىرى، باغداد شاھىنىڭ ئوغلى شاھزادە شەررىكاننىڭ ھاجىپى، شەررىكاندىن ئاتىسىغا ــ باغدادقا شاھىنىڭ باج ـ خىراجى ۋە بىر بولۇم ھەدىيە ـ سوغاتلارنى ئېلىپ كېلىۋاتىمەن" دەپتۇ ھاجىپ.

بۇلارنى ئۇراپ ئالغانلار كوزلىرىگە ياغلىق تۇتۇپ، شاھ ئومەر ئىبنى نوئماننىڭ زەھەرلىنىپ ئۆلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ يىغلىشىپتۇ. "سەن بىرىپ، ئۇلۇغ ۋەزىر دەندان بىلەن كورۇش،" ــ دەپتۇ ئۇلار ھاجىپقا. ئۇلاردىن بۇ سوزنى ئاڭلىغان ھاجىپ ھوڭگىرەپ يىغلاپتۇ، "ئەي ـ ئىست، بۇ قانداق بەختسىزلىك ـ ھە؟" دەپتۇ يىغىدىن ئوزىنى توختىتالماي تۇرۇپ. ئۇنىڭ يېنىدىكىلەرمۇ بۇ يىغىغا قوشۇلۇپتۇ. ئەسكەرلەر بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىپتۇ. ھاجىپ ئوز غۇلاملىرى بىلەن ۋەزىر دەنداننىڭ يېنىغا بىرىپتۇ. ئۇنىڭ قېشىدىكىلەر ھاجىپنىڭ كەلگەنلىكىنى ۋەزىر دەندانغا خەۋەر قىپتۇ. ۋەزىر دەندان دەرھال چېدىرىنى تىكىشكە بۇيرۇپتۇ. چېدىر تىكىلىپتۇ. ۋەزىر دەندان كوچمە تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپ، ھاجىپنى ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇ، كىرگەندە، ۋەزىر دەندان چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كوچمە تەختتە ئولتۇرغان ئىكەن. ھاجىپنى كورۇپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇ، ئولتۇرغاندىن كېيىن، ۋەزىر ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى سوراپتۇ. ھاجىپ ئۇنىڭغا ئوزىنىڭ دەمەشق ئەمىرى شاھزادە شەررىكاننىڭ ھاجىپى ئىكەنلىكىنى، باغدادقا، شاھ ئومەر ئىبنى نوئمانغا شاھىنىڭ باج ـ خىراجىنى باشقا ھەدىيىلەر بىلەن ئېلىپ كېتىپ بارغىنىنى سوز-

لەپتۇ. ۋەزىر دەنـدان ئومەر ئىبنى نوئمانـىنىڭ ئىپتـىنى ئاڭـلاش بىلەن، يىغلاشتىن يىغا باشلاپتۇ. "ئومەر ئىبنى نوئمان زەھەرلىنىپ ئۆلدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا كىمنى شاھ قىلىـپ تىكـلەش توغرىسىدا كىشىلەر ئوتـتـۇرىسـىدا تالاش-تارتىشـلار بولدى. چوڭلار ۋە توت قازى ئۇلارنى باستى. ئادەملەرنىڭ توت قازىنىڭ ھوكمـىگە قارشى چىقـماسلىقلىـرى ھەققـىدە قارار قوبۇل قىلىندى. قارار شۇنداق بولدىكى، بىز دەمەشققە بارىمىز، شاھزادە شەررىـكاننى ئېـلىپ كېـلىمىز. ئۇنى ئاتىسىنىڭ مەملىكىتـىگە شاھ قىلىـپ كوتىرىمىز. لېكـىن، بەزى ئادەمـلەر ئۇنىڭ زۇئۇلـماكان دېگەن ئىككىنچى ئوغلىنى شاھلىققا كوتىرىشـنى ئوتتۇرىـغا قويۇش-تى. ئۇنىڭ نۇزھەتۇززامان ئىـسىملىك ئاچىـسىمۇ بار دېيىـشتى. لېكىن، خەۋەردار كىشىلەرنىڭ سوزىگە قارىغانـدا، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ھەجگە كەتكەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ كەتكەنلىگىگە ئۈچ يىل بولغان، شۇندىن بېرى ئۇلاردىـن خەۋەر بولمىغان" دەپ ۋەزىـر دەندان ئەھۋالنى ھاجىپقا خەۋەر قىپتۇ، ھاجىپ ۋەزىر دەنـدان-دىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، خوتۇنى ھەقـقىدىـكى ۋەقەلەرنىڭ ھەقـ-قەتەن راست ئىكەنلىگـىگە چىـن كوڭلـىدىن ئىشىنىپـتۇ. ئۇ، شاھ ئومەر ئىبنى نوئماننىڭ ئولگىنىگە قاتتىق قايغۇرغان بولسىمۇ، زۇ-ئۇلماكانـنىڭ يېنىدا بارلىقىدىن ناھايـتى خوش بوپـتۇ. چۈنكى، ئۇ بالىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئورنىـدا ئوز مەملىكىتـىگە پادىـشا بولۇپ باغدادتا تەختتە ئولتۇرۇدىغانلىقىنى ئۇقۇپتۇ.

قىسـسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتـتى.

—ئەي بەختلىك شاھ، —دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

ھاجىپ ۋەزىر دەندانىدىن شاھنىڭ ئۆلگەنىنى ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن قايغۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن خوش بوپتۇ. چۈنكى ئۇ، ئۆزىچە: "زۇئۇلماكاننى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا پادىشا قىلىپ كۆتۈرۈشىدۇ" دەپ ئويلاپتۇ. كېيىن ھاجىپ ۋەزىرگە قاراپ:



يەتمىش يەتتىنچى كېچە

"ئۆتكەن ۋەقەلەر بەكمۇ ئاجايىپ، ئەي ئۇلۇغ ۋەزىر، مەن بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىڭىزدىن باشلاپ، ئېغىرچىلىقىڭىز يېنىكلەشتى، ئىستىگەن كىشىڭىز ئۆز ئايىغى بىلەن سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كەلدى. خۇدا سىزگە زۇئۇلماكاننى ۋە ئۇنىڭ ئاچىسى نۇزھەتۇززاماننى يولۇقتۇردى، ئامان-ئېسەن سىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى، ئىش يېنىكلەشتى، يول قىسقاردى. بۇ ھەممىمىز ئۈچۈن ياخشى ئىش بولدى" دەپتۇ.

ۋەزىر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، سۆيۈنۈپتۇ. ھاجىپتىن ئۇلارنىڭ ۋەقەلىرىنى، نېمە سەۋەپتىن شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى دەرەكسىز بولۇشۇپ كەتكىنىنى سوراپتۇ ۋە ئۇنى سۆزلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇ، نۇزھەتۇززاماننىڭ ۋەقەسىنى، ئۇنىڭ ھازىر ئۆزىنىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكىنى، زۇئۇلماكاننىڭ ھېكايىسىنى باشتىن-ئاخىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. ھاجىپ سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ۋەزىر دەندان ئۆزى بىلەن ھەمرا بولۇپ كەلگەن بارچە ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر ۋە ساراي خىزمەتچىلىرىگە كىشى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى

قىچقىرتىپتۇ. ئۇلارغا ۋەقەنى بايان قىپتۇ. ھەممىسى خوش بولۇ-
شۇپتۇ، بۇ ئۇچرۇشۇشقا ھەيران بوپتۇ. كېيىن ئۇلار يىغىلىپ،
ھاجىپقا تازىم قىپتۇ. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ۋەزىر، ساراي خىز-
مەتچىلىرى ھاجىپقا ئىستائەت قىلىدىغان بولۇشۇپتۇ. ھاجىپ شۇ
كۈنى چوڭ بىر يىغىن ئۇتكۇزۇپتۇ. ئۆزى ۋەزىر دەندان بىلەن
بىللە تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. ۋەزىرلەر، ئەمىرلەر ئۇلارنىڭ
ئىككى يانلىرىدا ئۆز جايىغا كېلىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. شاھنىڭ
ساراي خىزمەتچىلىرىمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ جايلىرىغا كېلىپ ئولتۇرۇ-
شۇپتۇ. ئەتىرلەر سېپىلىپتۇ. كېيىن ئۇلار مەسلىھەتكە كىرىشىپتۇ.
ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەن ئەسكەرلەرگە ئاستا-ئاستا باغدادقا
قاراپ سىلجىشقا ئەمرى قىپتۇ. ئەسكەرلەر باتۇرلىرىنىڭ يولباش-
چىلىغىدا، ھاجىپقا ئىگىلىپ تازىم قىلىشىپتۇ ۋە يولغا چۇشۇپتۇ.
چوڭلارمۇ مەسلىھەت تۈگۈشى بىلەنلا، ئاتلىرىغا مىنىشىپ،
ئەسكەرلىرىگە يېتىشىپ ئېلىش ئۇچۇن ماڭىدىغانلىغىنى خەۋەر
قىپتۇ. "مېنىڭ پىكرىمچە، — دەپتۇ ھاجىپ مەجلىستىن كېيىن، —
ئەمدى مەن سىلەردىن ئايرىلىپ، زۇئۇلماكاننىڭ ئالدىغا بېرىپ،
ئۇنى بۇ ۋەقەدىن خەۋەردار قىلسام، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،
شاھنى چۇشۇرۇشكە مۇناسىپراق جاي راسلىسام ۋە سىلەرنىڭ نىمە
مەقسەتتە كەلگەنلىگىڭلارنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلسام، شەھىركاننىڭ
ئۇكىسى بولغان شاھزادىمىزنى ئاتىسى ئورنىغا شاھ قىلىشقا قارار
قىلىشقانلىغىڭلارنى ئۇنىڭغا يەتكۇزسەم". "بۇ پىكرىڭ ناھايىتى
ياخشى!" دەپتۇ ۋەزىر. ھاجىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، ۋەزىر دەندانمۇ
ئۇنىڭ ھورمىتى ئۇچۇن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇنى ئۇزۇتۇپ تۇرۇپ،
ۋەزىر — باشلىقلارغا مۇكاپات تەقدىم قىلىپ، ئۇنى قوبۇل قىلىش-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

لىرىنى سوراپتۇ. "بەلكىم شاھزادىمىز ئۆز تەختىگە ئولتۇرسا، بىزنىڭمۇ ئۆز ۋەزىپىلىرىمىزدە قېلىشىمىز توغرىسىدىكى ئىلتىماسىمىزنى قوبۇل قىلار، سىزنىڭ بۇنى شاھىمىزغا ئۆزىڭىز يەتكۈزۈپ، ئۇچۇرىنى بېرىشىڭىزنى سورايمىز"، — دېيىشىپتۇ ئۇلار. ھاجىب ئۇلارنىڭ بۇ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىپتۇ. ۋەزىر دەندان چېدىرىنى باغدادقا قاراپ يوتكەشنى، ئۇنى شەھەردىن بىر كۈنلۈك بېرى يەرگە تىكىشنى بۇيرۇپ، ئۆزىمۇ يولغا چۈشۈپتۇ. ھاجىب ئۆز ئېتىغا مىنىپتۇ. ئۇ، بۇ سەپەردىن بەكمۇ رازى بولغىنى ئۈچۈن: "بۇ سەپەر ماڭا ناھايىتى قۇتلۇق بولدى" دەپتۇ ئۇ ئۆزىچە. ئۇنىڭ نەزىرىدە، خوتۇنى بىلەن زۇئۇلماكاننىڭ مەرتىۋىسى يەنىمۇ ئېشىپتۇ. ئۇ، يۈرۈشنى تېزلىتىپ، شاھ زۇئۇلماكان ئىبنى ئومەر ئىبنى نوئماننىڭ قونغان يېرىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۆزىمۇ ۋە بىللە يۈرگەن قۇللىرىمۇ ئاتلىرىدىن چۈشۈپتۇ. ھاجىب خىزمەتچىسىنى خوتۇنىنىڭ يېنىغا كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سوراپ كىرگۈزۈپتۇ. خىزمەتچى كىرىپ رۇخسەت سورىغاندا، مەلىكە رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. ھاجىب مەلىكىنىڭ يېنىغا كىرىپ، مەلىكە بىلەنمۇ، زۇئۇلماكان بىلەنمۇ سالاملىشىپ كورۇشۇپتۇ. ئاتىسىنىڭ ئولۇپ كەتكىنىنى، ساراي ئەرباپلىرى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا زۇئۇلماكاننى شاھ قىلىپ كوتىرىشكە قارار قىلىشقانلىغىنى بىلدۇرۇپتۇ، ئۇلارنى بۇ مەرتىۋە بىلەن قۇتلۇقلاپتۇ. ئۇلار ئاتىسىنىڭ ئولگەن خەۋىرىنى ئاڭلاپ يىغلاپتۇ، ئاتىسىنىڭ ئولۇش سەۋەۋىنى سوراپتۇ. ھاجىب ئۇلارغا ئەتىلىككە يېڭى قونالغۇدا ۋەزىر دەنداندىن ئۇلارنى كۇتكەن چېغىدا سوراپ كورۇشلىرىنى ئېيتىشىپتۇ ۋە: "ئەمدى سىز پەقەت ئۇلارنىڭ بەرگەن مەسلىھەتلىرى ۋە پىكىرلىرىگە مۇۋاپىق ئىش قىلىشىڭىز لازىم.

بولمسا، ئۇلار ئاتىمىزنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ئۆزى خالىغان كىشىنى شاھ قىلىپ كۆتىرىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا سىزنىڭ جېنىڭىز خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ. خۇدا ئۇنى كۆرسەتمىسۇن. ئۇ چاغدا ئىش سىزنى ئۆلتۈرۈش بىلەن تۈگەيدۇ. ھېچ بولمىسا دىگەندىمۇ، ئوتتۇرىدا ئاداۋەت پەيدا بولۇپ، ئاتىمىزدىن قالغان مال ـ مۈلكىمىز قولدىن كېتىدۇ» دەپ ئەسلەتىپتۇ. زۇئۇلماكان خېلىغىچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ خىيال سۈرۈپتۇ، كېيىن: «بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىمەن. چۈنكى، بۇنىڭدىن چەتلىشىشنىڭ پايدىسى يوقلىغىنى ئۆزەممۇ بىلىپ تۇرىمەن» دەپتۇ ھاجىپقا.

زۇئۇلماكان ئۆزىچە: «ھاجىپ مېنىڭ پايدامنى كۆزلەپ سۆزلەۋاتىدۇ!» دەپ ئويلاپتۇ. شۇڭا ئۇ:

«ئەي تاغا، ـــ دەپتۇ ھاجىپقا، ـــ ئىش بۇنداق بولسا، ئاكام شەرركان بىلەن قانداق سوزلەشكىلى بولىدۇ.»

«ئەي ئۇكام، ـــ دەپتۇ ھاجىپ زۇئۇلماكانغا، ـــ ئاكىڭىز دەمەشقتە ئەمىرلىك قىلىۋېرىدۇ. سىز بولسىڭىز باغدادتا پادىشالىغىڭىزنى قىلىۋېرىسىز، بېلىڭىزنى باغلاڭ! بۇ ئىشقا قەدەم قويۇڭ!»

زۇئۇلماكانغا بىر قۇر شاھانە كىيىم كەيگۈزۈپتۇ. زۇئۇلماكان ساراي باشلىغىنىڭ مەسلىھىتىگە رازى بوپتۇ. ئۇنىڭ تەقدىم قىلغان كىيىملىرىگە رەخمەت ئوقۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارمۇ يولغا چۈشۈپتۇ. ھاجىپ بۇرۇنراق يولغا چىقىپ، ۋەزىر دەندان بىلەن كۆرۈشۈپ، زۇئۇلماكان ئۈچۈن ئىگىز بىر يەردىن جاي راسلىتىپ، چېدىر تىكىپ، ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ. ئاشپەزلەرنى جورۇپ، ئەڭ لەززەتلىك تاماقلارنى ئەتكۈزۈپتۇ. ئاردىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، چاڭ ـ توزاڭ كۆتىرىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن زۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلـماكان ھەمرالـىرى بىلەن چىقـىپ كەپـتۇ. ھەممىسىنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلىپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىـزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



## يەتمىش سەككىزىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپـتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

شاھ ئۆمەر ئىبنى نۇئـماننىڭ ئوغـلى شاھ زۇئۇلماكاننى كۆرۈپ، ۋەزىر دەنـدان باغـداد ۋە خـوراسـاننىڭ ئەسـكەرلـىرى بىلەن ئۇنىڭ ئالـدىـغا چـىـقـىپـتۇ. زۇئۇلـماكان شاھـانە كىيىملەر كەيـگەن، زىننەتـلىك قىلىچ ئاسقان، ھاجىپ ئۇنىڭـغا مەخـسۇس تەقـدىـم قىلـغان ئاتنى مىنـگەن ھالدا كەپـتۇ. بارچە قۇلـلار، خىزمەتچىـلەر ئۇنى مۇھاپىزەت قىلـىپ كېلىشىپتۇ. زۇئۇلـماكان ۋەزىر دەنـدان بىلەن كۆرۈشۈپ، مەخـسۇس قۇرۇلـغان چېدىـرغا كىرىـپ ئولتۇرۇپـتۇ. ھاجىپ ئۇنىڭ خىزمىتىدە تۇرۇپتۇ. قۇللار قوللىرىدا يالىڭاچلانغان قىلىچ بىلەن چېدىرنى ئوراپ كۆزەتـتە تۇرۇپـتۇ. كېـيىن ساراي ئەرباپـلىرى شاھنى تەبرىكـلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭ چېدىـرىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ھاجـىپ ئۇلارنىڭ چېدىـرغا كىرىـپ كۆرۈنۈش ئۈچۈن شاھتىن رۇخسەت سورىۋاتقانلىقىـنى مەلۇم قىپـتۇ. شاھ ئۇلارنىڭ ئوندىن بولۇپ كىرىشكە رۇخسەت قىپتۇ. ھاجىپ پەرماننى ئۇلارغا يەتكۈزۈپتۇ. ئۇلار "خوپ!" دېيىشىپ، ھەممىسى چېدىرنىڭ دىرىزىسى يېنىدىكى ئىشىككە توپلىنىپتۇ. ئۇ يەردىن ئوندىن-ئوندىن

بولۇپ كىرىشكە تەييارلىنىپ تۇرۇپتۇ. ھاجىپ ئۇلارنى باشلاپ، شاھ زۇئۇلماكاننىڭ قېشىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. شاھنى كۆرۈش بىلەن، ئۇلار قائىدىگە مۇۋاپىق ھۆرمەتلىرىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنى تەبرىكلەپتۇ. زۇئۇلماكان ئۇلارنى ناھايىتى ياخشى قارشى ئاپتۇ، كۆپ ياخشى سۆزلەرنى قىپتۇ، ئوبدان ۋەدىلەرنى بېرىپتۇ، خىزمەتلىرىنى كۆڭۈللۈك ئىشلەشلىرىنى تاپىلاپتۇ. ئۇلارمۇ زۇئۇلماكاننى يېڭە-ۋاشتىن تەبرىكلىشىپ، ئۇزاق دۇئالارنى ئوقۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىشىغا ياخشىلىق تىلەپتۇ، ئۇنىڭ پەرمانىغا قارشى بىرەر ئىش قىلماسلىققا قەسەم قىلىشىپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا، قائىدە بويىچە، يەرنى سۆيۈپ، تاشقىرىغا چىقىپتۇ. ئىككىنچى، ئۇچىنچى نۆۋەتمۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ، كىشىلەر شۇ يوسۇندا شاھ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ، شاھلىقنى قۇتلۇقلاپتۇ، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئوڭۇشلۇق تىلەپتۇ. كۆرۈشىدىغان كىشىلەر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ۋەزىر دەن-دان كىرىپ شاھقا ئېگىلىپ تازىم قىپتۇ. ۋەزىر دەنداننى كۆرۈپ، شاھمۇ ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، ۋەزىرنى قارشى ئاپتۇ. "ھارمىغايسىز، ئەي مېھرىۋان ئاتا،— دەپتۇ ئۇ، ۋەزىرگە،— سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىز ئەڭ توغرا ۋە دانالىقتىن، پىكرىڭىز ھۇشيارلىقتىن، ھەركىتىڭىز ياخشىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ". شاھ زۇئۇلماكان ھاجىپقا دەستىخان سالدۇرۇپتۇ، ۋەزىر باشلىق بارلىق كىشىلەرگە زىياپەت قىپتۇ. ھەممىسى جەم بولۇپ خۇشال-خۇرام ئولتۇرۇشۇپتۇ، يەپتۇ، ئىچىپتۇ. كېيىن زۇئۇلماكان ۋەزىر دەندانغا ئۇنىڭ بىلەن سوھبەتلىشىش، ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى ۋەقەنى چۈشۈنۈش ئۈچۈن، ئەسكەرلىرىگە ئون كۈن شۇ يەردە تۇرۇپ ئارام ئېلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. "خوپ!"

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دېيىشىپتۇ ئەسكەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى. ۋەزىر دەندان ئۇلارغا ئەتراپىنى تاماشا قىلىشقا رۇخسەت قىلىپ، ساراي ئەرباپلىرىدىن ھېچكىمنى ئۈچ كۈنگىچە شاھنىڭ ئالدىغا كىرىشكە رۇخسەت قىلماپتۇ. ھەممە كىشى شاھ زۇئۇلماكانغا مەڭگۈلۈك بەخت-سائادەت تىلەپ دۇئا قىپتۇ. ۋەزىر پەرمانىنى ئىجرا قىلغانلىقىنى شاھقا مەلۇم قىپتۇ. شاھ ۋەزىرى بىلەن بولىدىغان سوھبەتنى كېچىگە قالدۇرۇپ، ئاچىسى نۇزھەتۇززاماننىڭ قېشىغا چىقىپتۇ.

"سەن دادىمىزنىڭ ئولتۇرۇلۇش سەۋەبىنى بىلىشنى خالامسەن؟" دەپ سوراپتۇ شاھ. "ئەلۋەتتە خالايمەن!" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ نۇزھەتۇززامان. شاھ زۇئۇلماكان ئۆزىنىڭ چېدىرىنىڭ ئىچىگە پەردە تارتقۇزۇپتۇ. پەردە تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، زۇئۇلماكان بىر تەرەپتە، نۇزھەتۇززامان پەردىنىڭ ئىككىنچى بىر تەرىپىدە ئولتۇرۇپتۇ. زۇئۇلماكان ۋەزىر دەنداننى چاقىرتىپتۇ. ۋەزىر دەندان كەلگەندە، زۇئۇلماكان ئۇنىڭغا: "ئاتام ئومەر ئىبنى نۇئماننىڭ ئولتۇرۇلۇش سەۋەبىنى مۇكەممەل قىلىپ سۆزلەپ بېرىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن" دەپتۇ.

ۋەزىر دەندان سۆزگە كىرىشىپتۇ: "ئاڭلاڭ، ئەي شاھ! ئاتىڭىز شاھ ئومەر ئىبنى نۇئمان شىكاردىن قايتىپ كېلىپ، سارايغا كىرىش بىلەن سىزلەرنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى، سۈرۈشتۈرۈپ ھەجگە كەتكەنلىكىڭىزلەرنى بىلدى. تەشۋىشلىرى كۆچىيىپ، يۈرىكى ئېچىشتى، خاپىلىقى ئاشتى. ئالتە ئايغىچە سىزلەرنى كۈتتى. ھەر بىر كەلگەن - كەتكەن ھاجىلاردىن سىزلەرنى سوراپ كوردى. سىزلەر توغرۇلۇق ھېچكىمدىن دەرەك ئالالمىدى. سىزلەرنىڭ كەتكەنلىكىڭىزلەرگە ساق بىر يىل بولغاندا، بىر كۈنى بىز ئۇنىڭ يېنىدا

ئولتۇرغان ئىدۇق. پىشانىسىدىن ئالىقانىداق رىيازەت ئالامىتى چىقىپ تۇرغان بىر قېرى بوۋاي كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ يېنىدا بويىغا يەتكەن، كوكرەكلىرى كوتۇرۇلگەن بەش كېنىزەك قىز بار ئىدى. ئۇلار ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ، ھەممە تەرەپتىن كامالەتكە يەتكەن، كېلىشكەن ئىدىكى، ئۇلارنىڭ تەرىپىنى قىلىشقا تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ. شۇنداق گۇزەللىكى بىلەن ئۇلار قۇرئان ئوقۇيىتى، ئىلمى ھىكمەتنى پۇختا ئىگەللىگەن، تارىخ بىلىمىگە ماھىر ئىدى. بوۋاي شاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشكە رۇخسەت سورىدى. ئاتىگىز رۇخسەت قىلدى. بوۋاي شاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا يەرنى سۆيدى. مەن شاھنىڭ يېنىدا تۇرغان ئىدىم. شاھ بوۋىدە ئالاھىدە ئىبادەتكارلىقنىڭ ئالامەتلىرىنى كورۇپ، ئۇنى ئوزىنىڭ يېنىغا تەكلىپ قىلدى. بوۋاي شاھقا يېقىن بېرىپ ئولتۇرۇپ، قايتا ئورنىدىن تۇردى ۋە يەرنى سۆيدى: "ئەي ھورمەتلىك شاھ، مەن بىلەن بىللە تېخى باشقا بىر شاھقا كورۇش نېسىپ بولمىغان، بۇ ئالەمدە تەڭدىشى يوق بەش كېنىزەك قىز بار. ئۇلار چىرايىدا زاماننىڭ ئالدىنقىسى بولۇش بىلەن بىللە، ئېقىل-ئىدرەكتىمۇ تېڭى يوق يېتىشكەن قىزلار. ئۇلار پەرھىزلەرنى تۇتۇپ، قۇرئاننى پۇتۇن تەجۋىد قايىدىلىرى بىلەن تولدۇرۇپ، ئوزىگە خاس ئالاھىدىلىك بىلەن قىرائەت قىلىدۇ. ھەممە بىلىملەرنى، بولۇپمۇ تارىخ بىلىمىنى ناھايىتى ئوبدان ئوزلەشتۇرگەن. بۇ ئەدەپلىك قىزلار ھازىر خىزمىتىڭىزگە مۇنتەزىر. ئۇلارنى ئارتۇقچە ماختاش ئورۇنسىز، كىشىنىڭ دەرىجىسى ئىمتىھاندا، قابىلىيىتى خىزمەت داۋامىدا، بىلىمى ئىش ئۇستىدە سىنىلىدۇ" دېدى.

"ئەي ئۇلۇغ شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ ۋەزىر، — مەرھۇم ئاتىگىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېنىزەك قىزلارنى ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى. ئۇلار شاھ ئالدىغا ھازىر قىلىندى. ئاتىڭىز ئۇلارنى كورۇش بىلەن ئۇزىنى يوقۇتۇپ قويدى. "ھەر بىرىڭلارنىڭ ئۇتكەن زاماندىكى خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى، قىممەتلىك يولىيورۇقلىرى توغرىسىدا بىرەر نەرسە ئېيتىپ بېرىشىڭلارنى خالايمەن" دېدى ئاتىڭىز.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



يەتمىش توققۇزىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

ۋەزىر دەندان سوزىنى داۋام قىلىپ دېدى:

"شاھ ئۇلاردىن تارىخى ۋەقەلەردىن بىرەر نەرسە ئاڭلاشنى تەلەپ قىلدى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ، شاھقا ئېگىلىپ تازىم قىلدى، كېيىن: "ئاڭلاڭ ئەي شاھ! — دەپ سوز باشلىدى ئۇ. — تەربىيە كورگەن كىشىلەر تۇرلۇك ياخشىلىقلارنى ئېگەللىشى زورۇر. پەرزلەرنى ئورۇنداش بىلەن بىللە، ھەر تۇرلۇك جىنايەتلەردىن قېچىش لازىم. خۇلقنىڭ ئاساسى ئىشى ئىنسانغا خاس ئەڭ ياخشى خۇسۇسىيەتلەرنى ئۇزىگە ئۇزلەشتۇرۇشتە. تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئاساسى ماھىيىتى مەڭگۇلۇك ياخشى ھاياتقا يېتىشىش ئۇچۇن ئىنتىلىشتە. ھاياتلىقتىن مەقسەت — خۇداغا ئىبادەت قىلىش. بەس، سىزنىڭ ئادەملەر بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشىڭىز بۇ قايىدىنىڭ دائىرىسىدىن چەتكە چىقماسلىغىڭىزنى تەلەپ

قىلىدۇ. چۈشىنىشى مۇلاھىزە بىلەن ئىشلەش ئۇلۇغ ئادەملەرگە تېخىمۇ زورۇر. چۈشىنىش مۇلاھىزە بىلەن ئىشلەشكە شاھلار ۋە ئۇلۇغ ئادەملەر ئاددى كىشىلەرگە قارىغاندا يەنىمۇ جىقراق مۇھتاج-دۇر. ئاددى كىشىلەر كۆپ چاغلاردا ئىشنىڭ نەتىجىسىنى ئويلاپ يەتمەي قىلىدۇ. نەتىجىدە جېنىنىمۇ، مېلىنىمۇ بىكارغا بۇزۇپ چاچقانلىقىنى چۈشىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنى خۇدانىڭ يولىغا ئىشلىتىشنى ئويلىشىدۇ. بىلگىكى، رەقىپنىڭ دۈشمەنلىكى سىزگە ئاشكارا مەلۇم. ئۇ، يامانلىق بىلەن ئۆزىنى سىزگە تونۇتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ سەزگۈرلىكىڭىز ئېشىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىڭىزنى ئېلىپ قاچىسىز. مۇئامىلە قىلغاندىمۇ چىچەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىسىز. لېكىن، ھەقىقى دوستىڭىزنىڭ دوستلىقىنى ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان مۇئامىلىگە قاراپ ئايرىش ۋە بىلىش تەس. ئەگەر سىز بىرەر كىشىنىڭ ھەقىقى دوستلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئالدى بىلەن ئۇنى سىناپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن تەجرىبە قىلىپ كۆرۈپ بېقىڭ! ئەگەر ئۇ سىزگە ھەقىقى دوست بولسا، دىلىدىمۇ، تىلىدىمۇ، قولىدىمۇ دوستلۇق قائىدىسىغا ئەمەل قىلىپ، مۇۋاپىق كەلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە چامىسىنىڭ يېتىشىچە سىزگە ياردەم قىلىدۇ. ئەي ئۇلۇغ پادىشا، دوست ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: ۋاقىتلىق ۋە مەڭگۈلۈك. قايسى خىلدىكى دوست بولسا — بولسۇن، ئۇلار توغرا سۆزلۈك، ياخشى ئەخلاقلىق بولسا، ئۇنىڭغا دوستانە ئالاقە بىلەن مۇئامىلە قىلىڭ! ئۇلار جاھىل، يالغانچى بولمىسىلا بولىدۇ. چۈنكى، جاھىللار ئاتا-ئانىلىرىغىمۇ لەنەت كەلتۈرىدۇ ۋە كۆلپەت تېپىپ بېرىدۇ. يالغانچىلار ھەرقانداق ۋاقىتتا كىشىگە سەممىي دوست بولمايدۇ. چۈنكى، "دوست"

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىگەن سوزنىڭ ئۇزى دىلدىن چىقىدىغان "سىدقى" ("توغرا" — "راست" — "تەسدىقلىغۇچى") دىگەن سوزدىن كېلىپ چىققاندۇر. تىلدا يالغانچىلىق بولسا، ئۇ كىشىنىڭ دىلىدىمۇ راستلىق بولمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر دوستلۇقنى "ئالدامچىلىق" دەپ چۇشىنىدۇ. شۇنداق قىلىدۇ. شەرىئەتكە بوي سۇنۇش مەنپەت كەلتۇرىدۇ. گەرچە ئۇلار بەزىدە سىزگە ناماقۇل ئىشلارنى قىلسىمۇ، شۇنداق سىناقتىن ئۆتكەن كىشىلەرنى ئۆزىڭىزگە دوست تۇتۇڭ! چۇنكى، دوستلۇق — بۇگۇنى ئېلىپ، ئەتىسى شەرمەندە بولۇشۇپ، تالاق خېتىنى بېرىدىغان، ئۇنىڭدىن قۇتۇلغاندىن كېيىنمۇ يەنە يالۋۇرۇپ، قايتا نىكاھ قىلدۇرۇپ يارىشىپ ئالىدىغان خوتۇن كىشى ئەمەس. ئەي پادىشا، ھەقىقى دوستلارنىڭ دىلى ئەينەكتەك تازا ۋە نازۇك، ساپ بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇنى قەدىرلەپ، ئاسراش كېرەك. ئەگەر ئۇ، مۇۋاپىق ئاسرالمىسا، ئۇنىڭغا دەز كېتىدۇ: ئۇنى ياماپ ياكى يەملەپ، چىنىدەك قاداپ ئەسلىگە كەلتۇرگىلى بولمايدۇ. ياماپ ياكى يەملەپ ۋە ياكى چىنىدەك قاداپ ئەسلىگە كەلتۇرۇلگەن چاغدىمۇ، ھېچقاچان بۇرۇنقىدەك بولمايدۇ. ئۇ، ساپلىق ۋە گۇزەللىككە چۇشكەن داغ بولۇپ، قىممىتىنى، تازىلىقىنى يوقۇتىدۇ. بۇ ھەقتە شائىرنىڭ مۇنۇ شېرى ناھايىتى ئورۇنلۇقتۇر:

رەنجىتىپ قايتۇرمىغىن، دوست كۆڭلىنى سەنمۇ ئايا،
دىلئازار قىلغۇچىدا ھېچ بولمىغاي دوستلۇق ھايا.
سەن ئۆزەڭنى كۆتكىنىڭدەك ئايىغىن دوستىڭنىمۇ،
سۇۋۇغان دىل ئىسسىماس، ھەرقانچە قىل چاچماس زىيا.
سۇنسا كۆڭۈل ئەينىگى، بولماس پۈتۈن، قىلساڭ داۋا،

ئۇ ئەمەس سۇنغان سۆڭەك، ھەم چارىسىزدۇركىميا.

كېيىنزەك سوزىنىڭ ئاخىرىدا، ئەقىل ئىگىلىرى بىزگە توۋەندىكى يوللارنى توغرا كورسەتكەن دىدى: دوستلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى — نەسىھەت ۋە مەسلىھەتنى ئايىمغۇچىلار، ئىشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى نەتىجە ۋە ئۇنۇمى ياخشى بولغىنىدۇر. ئەڭ ياخشى ماختاش مەرتلەرنىڭ تىلىغا ئىلىنىشتۇر، بەندىگە شۇكرىدىن كوز يۇماسلىق، بولۇپمۇ ساقلىق ۋە ئېقىل نىمەتلىرىنىڭ شۇكرىسىنى ئادا قىلىشنىڭ مۇھىملىغى ئالاھىدە زوردۇر. ئۇزىنى ئەتىۋالىغانلارنىڭ نەپسى ئۇلۇكتۇر، كىچىك مۇسىبەتلەرگە چىدىمىغانلارغا چوڭ كۇلپەت يېتىدۇ. ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلگەنلەر ئۇزىنىڭ ئىنسانى ھوقۇقلىرىدىن ئايرىلىدۇ. سىزنى بىركىم ماختىسا، سىز ئۇنىڭ پىكرىنى ئىسپاتلاشقا، ئاقلاشقا ھەركەت قىلىڭ! ئۇچەكىششنى ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتكەنلەر گۇناكار بولىدۇ. نا توغرا ئىشتىن يانمىغۇچىلار ئۇچۇن قىلىچ خەۋپى ئۇزاق ئەمەس. ئەمدى مەن سىزگە قازىلار ۋەزىپىسى توغرىسىدا بىر ئاز سوزلەي. ئەي شاھ، پەقەت ئىشنى پۇختا تەكشۇرۇپ قىلىنغان ھوكۇمگىلا "توغرا" دەپ قارالسا بولىدۇ. كۇچلۇكلەر ئاجىزلارنى جەۋرىلەشكە ئىنتىلمەسلىكلىرى، كۇچسىزلەر ھەقىقەتتىن ئۇمىتسىزلەنمەسلىكلىرى ئۇچۇن، قازىلار ھەممىگە بىرخىل كوز بىلەن قاراشلىرى زورۇر. قازىلار دەۋانىڭ ئىسپاتىنى دەۋاگەردىن تەلەپ قىلىشلىرى زورۇر ۋە شەرت. ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال قىلماسلىق شەرتى بىلەن ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئىشنى كېلىشتۇرۇش مۇمكىن. ئەگەر سىز بۇگۇن بىر ئىشتىن گۇمانلانسىڭىز، ھەقىقەتنى بىلىش ئۇچۇن، ئەقلىڭىزنىڭ ياردىمى بىلەن ئېنىقلاشقا

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇنۇپ كورۇڭ! چۈنكى، ھەقىقەتنى بىلىشكە، ھەق ئىشنى بېجىرىشكە بۇيرۇلغان ۋە يارىتىلغانمىز. بەس، گۇمانلىق ئىشنى بىلگەندىن كېيىن ۋە كورگەندىن كېيىن ھەقىقەتكە ئىنتىلىش زورۇر. ئوتكەنلەردىن ئىبرەت ئېلىڭ! ماقال-تەمسىللەرگە مۇۋاپىق ئېغىرلىقنى ئوزىڭىزدە ساقلاشقا ئادەتلىنىڭ! ھەقىقەتكىلا ئېتىۋار قىلىڭ! دەۋاگەردىن گۇۋا، ئىسپات، دېلىل، ھوججەت تەلەپ قىلىڭ! گۇۋالار ھازىر بولسا، ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈپ كورۇڭ! ئەگەر بۇ شەرتلەر يوق بولسا، ئېيىپلەنگۈچىگە قەسەم بۇيرۇڭ! شۇنداق ھوكۇملا ئادىل ھوكۇم بولىدۇ. قازىلار ئاغرىق، خاپا، ئاچ ۋاقىتلاردا ھوكۇم قىلىشتىن قېچىشى لازىم. ئادەملەر ئارىسىدىكى ھوكۇمدە، خۇدا رازىلىقىغا ئۇرۇنۇش، سۆيۈنۈش زورۇر. چۈنكى، نىيىتى خالىس، ئوز نەپسىدىن كەچكەن كىشىنىڭ ئادەملەر ئارىسىدىكى ھوكمى ئەلۋەتتە توغرا بولىدۇ. ئەز زۆھرى "ئۈچ خىل كىشىنى قازىلار مەھكىمىسىدىن ئوزاقلاشتۇرۇش كېرەك" دىگەن. ئۇلار — يامانلارنى ھورمەت قىلىدىغان، ماختىنغۇچىلارنى ياخشى كورىدىغان، ئەمەلدىن چۈشۈشنى ئىستەمەيدىغان كىشىلەر.

ئومەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بىر قازىنى ۋەزىپىسىدىن بوشاتتى. قازى ئومەردىن: "نىمە ئۈچۈن مېنى بوشىتىسىز؟" دەپ سورىدى. "ۋەزىپەڭدىن سوزۇڭ چوڭراق ئىكەن!" دەپ جاۋاپ بەردى ئومەر.

ئىسكەندەر ئوزىنىڭ قازىسىغا: "مەن سېنى بۇ ۋەزىپىگە تەيىن قىلىش بىلەن، ئوز جېنىمنى، ئوز نومۇسۇمنى، ئوز جاسارىتىمنى ساڭا تاپشۇردۇم. بۇ ۋەزىپىنى سەن ئوز ئەقلىڭ بىلەن

ئىشلەپ، ئۆز جېنىڭ بىلەن ساقلا!“ — دەپتۇ.

ئۇ، ئۆزىنىڭ ئاشپىزىغا ”مېنىڭ گەۋدەم ساڭا تاپشۇرۇلدى. ئۇنىڭغا سەن ئۆز جېنىڭغا كۆيۈنگەندەك غەمخورلۇق قىل!“ دەپتۇ. مىرزىسىغا: ”سەن مېنىڭ ئەقلىمنىڭ ئۈستىدىن ئىش كۆرسەن. يېزىۋاتقان نەرسىلىرىڭدە مېنى خاتالىقتىن ساقلا!“ دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، بىرىنچى كېنىزەك سۆزىنى تۈگىتىپ، ئۆز ئورنىغا چېكىنىدى. ئىككىنچى كېنىزەك ئورنىدىن تۇردى.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



سەكسەنىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

بىرىنچى كېنىزەك سۆزىنى تۈگىتىپ، ئۆز ئورنىغا چېكىنىدى. ئىككىنچى كېنىزەك ئورنىدىن تۇرۇپ، سۆز باشلاشتىن ئىلگىرى، ئاتىغىز ئۆمەر ئىبنى نۇئماننىڭ ئالدىدا يەتتە مەرتىۋە يەرنى سۆيۈپ، كېيىن سۆزگە كىرىشتى: ”لۇقمانى ھېكىم ئوغلىغا: ئۈچ نەرسە ئۈچ يەردىن باشلىنىدۇ دېگەن. ئۇ ئۈچ نەرسە مانا بۇلار: چىداملىق — باشقا كۈلپەت چۈشكەندە، باتۇرلۇق — كۆرەشكە دۇچ كەلگەندە، دوستلۇق — ھاجەت چۈشكەندە. بۇ ھەقتە شائىر مۇنداق دېگەن:

زالىمنى ماختىساڭ، ئىشتا يەيسەن دائىم پۇشايمان،
مەزلۇم ئەلەم ئىچىدە ياشامدۇ شادۇ-خەندان.

ھەركىمنىڭ ئۆزنىيىتى بولۇر، ئۆزىگە يولداش،
كىم دۇنياغا ئامراق بولسا، ئازاپ تارتار ئەشۇ جان.

"بىلگىن، ئەي شاھ، ئىنساندىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق ئەڭ مۇھىم نەرسە دىلدۇر. چۈنكى، كىشىنىڭ تىزگىنى دىلدىدۇر. دىلدا ئاچ كوزلۇك غەلىبە قىلسا، كىشىنى ئارزۇ - ھەۋەس ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنى غەم ئىگەللىسە، ئەلۋەتتە كىشىنى شۇ ئەلەم ھالاك قىلىدۇ. دىلدا غەزەپ كۈچەيسە، كىشىنى رەنجۇ - مىھنەت قاپلايدۇ. دىلدا قانائەت ـ ئۇلۇغلۇق بولسا، ئۇنداق دىلغا ئىگە كىشى قىيىنچىلىقلاردىن ئازات بولىدۇ. دىلنى قورقۇنۇچ قاپلىسا، كىشىنى قايغۇ ئازاپلايدۇ. دىلغا مۇسىبەت چۈشسە، كىشىگە غەم ـ ئەلەم ھۇجۇم قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ، مالغا ئىگە بولسا، كوپۈنچە خۇدانى ئۇنتۇيدۇ. كەمبەغەللەشسە، قايغۇدا قىسىلىدۇ. غەم ھۇجۇم قىلغاندا، كىشىنى كۈچسىزلەندۈرۈپ، ئۆلتۈرغۈزۈپ قويىدۇ. ھەرقانداق چاغدا ـ دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىشىنى ھەل قىلىشتا، خۇدانى ئەسلەش لازىم. بەزىدە دانالاردىن: "كىمنىڭ ئەھۋالى ھەممىدىن يامانراق؟" دەپ سورىغاندا، "شەھۋانى نەپسى غەلىبە قىلغان ۋە شۇ يولدا يۈرگەن كىشى، ئۇلۇغ ئىشلار ئالدىدا ھىممەتسىزلىك قىلغۇچى، چۈشەنچىسى كەڭ، ئەمما قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان كىشى" دەپ جاۋاپ بەرگەن. قەيسىنىڭ بۇ ھەقتىكى شېئرى ناھايىتى ئورۇنلۇق:

باشقىلار ئىشىغا چىپىلغاننى مەن،
كىشىلەر ئىچىدە كورمەن يامان.
ئۇلار ئۆز يولىنى تاپالماي تۇرۇپ،
ئۆزگىنى ئازدى دەپ قىلىدۇ گۇمان.

بايلىق ۋە ئەخلاق ئۇندا ئامانەت،
ھەركىم ئۆز يۈكىنى كوتىرەر پىنھان.
بىر قېتىم يولدىن ئازغىنىپ كەتسەڭ،
كېيىن توغرا يولنى تېپىشىڭ ئاسان.

كېنىزەك سوزىنى يەنە داۋام قىپتۇ: "ئەمدى مۇشەققەت تارتىپ ئىبادەت قىلىغۇچى سوپى-زاھىدلار ئەھلىگە كەلسەك، ھۇششام بىننى بۇشىرمەن ئومەر ئىبنى ئۇبەيددىن: "زاھىدلىق دىگەن نىمە؟" دەپ سوراپتۇ. ئۇ، بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توۋەندىكى سوزىنى نەقىل كەلتۇرۇپ جاۋاپ بىرىپتۇ: "زاھىد ھەرقاچان قەۋرە ۋە ئىمتىھان كۈنلىرىنى ئەسلەپ تۇرغۇچى، ئۇتكۇنچىلىكتىن ئەبەدىلىكنى يۇقۇرى ھساپلىغۇچى، ئەتىكى كۈنىنى ئۆزىنىڭ كۈنى ھساۋىدا كورمىگۈچى، ئۆزىنى ئۇلگەن دەپ چۇشەنگۈچى كىشىدۇر".

ئەبۇزەر غەپپارى: "كەمبىغەللىك ماڭا بايلىقتىن يۇقۇرى، كىسەللىك ماڭا ساقلىقتىن ئەلادۇر" دىگەن.

ئىشەنچلىك ئادەملەرنىڭ بىرسىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئىبنى ئەبۇئەۋۇق بىز بىلەن بامدات نامىزىنى بىللە ئوقۇدى ۋە نامازدا "يا ئەييۇھەل مۇدەپسىر" دەپ باشلىنىدىغان ئايەتنى ئوقۇدى. سۇرىنىڭ "فەئىزەنقىرافىناقۇر" دىگەن جايىغا كەلگەندە، ئولۇك ھالدا يىقىلدى.

سابىت ئەل بەنانى كوزلىرى كىرەكتىن چىققىچە يىغلىدى. ئۇنىڭ كوزىنى داۋالاش ئۇچۇن، تىۋىپ ئېلىپ كېلىشتى ۋە ئۇنىڭ كوزىنى داۋالاشنى سورىدى. "ئەگەر مېنىڭ سوزۇمگە كىرسە داۋالايمەن،"—دىدى تىۋىپ. "مەن كىرىدىغان قانداق

سوز؟"ــ دەپ سورىدى سابىت. "يىغلىماسلىقنى تەكلىپ قىلىمەن"ــ دەپتۇ تېۋىپ. "يىغلىمىغان كوزنىڭ ماڭا نىمە كېرىگى بار!"ــ دەپ، ئۇنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلماپتۇ سابىت.

مۇھەممەت ئىبنى ئابدۇللانىڭ ئالدىغا بىر كىشى كېلىپ "ماڭا نەسىھەت قىلىڭ!"ــ دەپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



سەكسەن بىرىنچى كېچە

ــ ئەي بەختلىك شاھ، ــ دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

ۋەزىر دەندان زۇئۇلماكانغا ھىكايە قىلىپ بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىپ:

"مەرھۇم ئاتىڭىز ئومەر ئىبنى نوئمانغا ئىككىنچى كېنىزەك مۇنداق دىدى:

"مۇھەممەت ئىبنى ئابدۇللاغا بىر كىشى كېلىپ: "ماڭا نەسىھەت قىلىڭ" دەپتۇ. مۇھەممەت ئىبنى ئابدۇللا ئۇ كىشىگە: "بۇ دۇنيادا باي بولۇش بىلەن بىللە، پەرىزلەرنى ئادا قىلىدىغان بول! ئۇ دۇنياغا بولغان تامايىڭنى ئۈزمە. ئۇ دۇنيانىڭمۇ بايلىغىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىش!"ــ دەپتۇ. "ئۇنىڭغا قانداق قىلىپ يېتىشىش مۇمكىن؟"ــ دەپ سوراپتۇ ئۇ كىشى مۇھەممەت ئىبنى ئابدۇللادىن. "بۇ دۇنيانىڭ پەرىزلىرىگە رىئايە قىلغانلار بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيانىڭ بايلىغىنى ئىگىلىگۈچى كىشىلەردۇر" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ مۇھەممەت ئىبنى ئابدۇللا.

غەۋس ئىبنى ئابدۇللا مۇنداق دىگەن: "ئىسرائىلىيىدە بىر ئاكا ـ ئۇكا بار ئىدى، بىرىنچىسى ئىككىنچىسىدىن: "قايسى قىلغان گۇنايىڭ ئۈچۈن خۇدادىن قورقىسەن؟" ــ دەپ سوراپتۇ. "بىر كۈنىسى مەن قۇشلار ئۇگىسى يېنىدىن ئۆتتۇم. قۇشلاردىن بىرىنى ئۇگىسىدىن ئالدىم. كېيىن يەنە ئۇنى ئۇگىغا سېلىپ قويدۇم. لېكىن بۇ، ئۇزىنىڭ ئۇگىسى ئەمەس، باشقا بىر جايدىكى ئۇگا ئىدى. ئەڭ قورقۇنۇچلۇق ئىشىم شۇ" ــ دىدى ئۇ. "سېنىڭچۇ؟ سېنىڭ قورقىدىغان ئىشىڭ نىمە؟" دەپ سورىدى ئىككىنچىسى. "مېنىڭ ئەڭ يامان قورقىدىغان ئىشىم شۇكى، ھەر كۈنى نامازغا تۇرغىنىمدا، قىلغان ئىبادىتىم مۇكاپات تەلەپ قىلىش مەقسىدىدە قىلىنغان ئىبادەت بولۇپ قالمىسا، دەپ قورقىمەن" دىدى ئۇ. ئۇلارنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان ئاتىسى: "ئەگەر بۇلارنىڭ دىگەن سوزلىرى راست بولسا، ئۇز دەرگاھىڭغا ئال!" دەپتۇ ئاسمانغا قاراپ.

سەئىد ئابدۇللا ئىبنى جابىر مۇنداق دىگەن: "فۇزالەبىننى ئۇبەيدىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن سوزلەشتىم. ئۇنىڭ ماڭا نەسىھەت قىلىشىنى سورۇدۇم. ئۇ، ماڭا: "ئىككى نەرسىگە سەگەك بول! ئۇنىڭ بىرى ــ خۇداغا شەك كەلتۇرۇشتىن يىراق بولۇش؛ ئىككىنچىسى ــ ھەرقانداق جانلىق نەرسىگە ئازار بەرمەسلىك. مانا مۇشۇ ئىككى ئىشنى ھېچقاچان ئۇنۇتما! ئېسىڭدە مەھكەم ساقلا!" دەپ، توۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

تاۋىڭغا ياققانچە بول كەڭ، بەك كەرەملىكتۇر خۇدا،
ھەر ئىش ئاجىز زەرەرسىزدۇر، غەمگە بولما مۇپتىلا.
ئىستىمە شېرىك خۇداغا، چوڭ زىياندۇر بەندىگە،
ساقلا يادىڭدا، بۇ ئىككى ئىشنى قىلما مۇتلەقا.

بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

دۇنيادا ياخشى ئىش قىلمىغان بولساڭ،
قىلغانلارغا دۇچار بولسەن ئۇلسەڭ.
سەن شۇندا ئۇلارغا تەڭ كىلەلمەيسەن،
ئەجەپ ئەمەس شۇندىلا پۇشايمان قىلساڭ.

* * *

كۇچلۇك مەن دەپ كىشىگە قىلمىغىن زۇلۇم،
ساڭمۇ ياندۇرار باشقىسى چوقۇم.
قورىما، مىجىپ ئاجىز قولىنى،
توسارسەن ئۆزەڭنىڭ ماڭار يولىنى.

ئىككىنچى كېنىزەك سوزىنى تۈگۈتۈپ، ئارقىغا چېكىنگەندىن كېيىن، ئۈچىنچى كېنىزەك ئورنىدىن تۇردى. "زاھىدلىق بابى ناھايىتىمۇ كەڭ، — دىدى ئۇ سوزىنى باشلاپ، — لېكىن، مەن بۇنىڭ بابلىرىدىن ئېسىمدە قالغانلىرىنىلا سوزلەيمەن.

بىلىمدانلاردىن بەزىلىرى مۇنداق دېگەن: "مەن ئۇلۇمدىن شاتلىنىمەن. ئولگەندە تېچلىنىشقا ئىشەنمەيمەن. ئەمما، ئۇلۇم كىشى بىلەن ئۇنىڭ ئىشى ئارىسىدا ئىكەنلىگىنى بىلىمەن. ياخشى ئىشلارنىڭ ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىنىپ ئېشىپ بېرىشىنى، يامان ئىشلارنىڭ توختىلىشىنى ئۇمىت قىلىمەن".

ئەتائۇسسەلمانىڭ ئادىتى شۇنداق ئىدى. "ھەمىشە نەسىھەتنى تۈگەتكەندىن كېيىنلا، يېنىدىكى ئادەملەر سەزگىدەك ھالدا تىترەيتتى ۋە قاتتىق يىغلايتتى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن: "نىمە ئۈچۈن مۇنداق بىئارام بولىسىز؟" دەپ سورىغاندا، "مەن چوڭ ئىشقا قەدەم قويۇش ئالدىدىمەن، يەنى خۇدا دەرگاھىغا نەسىھەتكە



مۇۋاپىق ئەمىلىيەت بىلەن بېرىشقا تىرىشۋاتىمەن" دەپ جاۋاپ بەرگەن.

ئىمام ھۇسەيىن ئوغلى ئىمام زەينىل ئابىدىن نامازنى تىترەپ تۇرۇپ ئوقۇيتتى. يېقىن كىشىلىرى ئىمامدىن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، "سىلەر بىلمەمسىلەر، مەن كىم ئالدىدا تۇرۇپ كىمگە مۇراجىھەت قىلىپ سوزلەيمەن" دەپ جاۋاپ بەرگەن.

سۇفىيان سورى قېشىدا كوزى كور بىر كىشى تۇراتتى. روزا كەلگەندە ئۇ، ئادەملەر بىلەن ناماز ئوقۇشقا چىقاتتى. ئادەملەردىن كېيىن قېلىپ جىم ئولتۇراتتى. سۇفىيان: "قىيامەت بولغاندا، پەرىشتىلەر ئەھلى قۇرئانلارغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىبادىتى باشقىلاردىن ئارتۇق بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنى كىشىلەر ئارىسىدىن ئايرىپ ئالىدۇ" دىدى. ئۇ كىشى مۇنداق دەپ قوشۇمچە قىلدى: "جان تەنگە كىرگەندە، ياخشى ئىشلىرى ئۈچۈن، جەننەتنى كوزلەپ، شاتلىق بىلەن زوقلىنىدۇ؛ يامان ئىشلىرى ئۈچۈن، دوزاقتىن قورقۇپ، ئاللىقاچان نۇرى ئوچكەن بولىدۇ." سۇفىيان يەنە "زالىمنىڭ يۈزىگە قاراشمۇ گۇنادۇر" دىگەن. ئۈچىنچى كېنىزەك سوزىنى تۈگىتىپ چېكىندى.

تۆتىنچى كېنىزەك ئورنىدىن تۇردى. "مەن توغرا ئېتىقاتلىق ياخشى ئادەملەر ھىكايىلىرىدىن خاتىرەمدە قالغان بەزى بىر ۋەقەلەرنى سوزلەيمەن" دىدى ئۇ.

بىركۇنى ئىبراھىم بىننى ئەدھەم ناماز ئوقۇۋاتاتتى. بىشرى ھافىمۇ نامازدا بىللە بولدى. مۇئەززىن تەكبىر ئېيتقىچە، مەن ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئوتۇپ ئىقتىدا قىلدىم. كېيىمى يىرتىق بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ: "ئەي خالايىق، زىيانلىق راست سوزدىن

پايدىلىق يالغان سۆز ياخشى. زورۇرىيەتتە كىشى ئىختىيارسىزدۇر. ھاياتلىقتا سۆزلىمەسلىك زىيان سالمىغاندەك، ۋاقتى ئۆتكەن سۆزنىڭمۇ پايدىسى يوق" دېدى.

ئىبراھىم بىننى ئەدھەم بۇنداق دېدى: "بىر كۈنى مەن بىشرىنى كوردۇم. ئۇنىڭ بىر تېپىنى يوقالدى. مەن ئۇنىڭغا بىر تەڭگە بەردىم. "بۇنى ئالمايمەن!" دېدى ئۇ. "بۇ خالىس ۋە ھالال" دېدىم مەن. "مەن بۇ دۇنيا نېمىتىنى ئاخىرەت نېمىتىگە ئالماشتۇرغۇچى ئەمەسمەن!" دېدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن.

بىشرى ھافىنىڭ سىڭلىسى بىر كۈنى ئەھمەدى ھەنبەل يېنىغا كەلدى.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.


سەكسەن ئىككىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

ۋەزىر دەندان زۇئۇلماكانغا ھېكايە قىلىشنى داۋام قىلدۇردى. "كېنىزەك ئاتىڭىز ئۆمەر ئىبنى نوئمانغا شۇنداق دېدى: "بىشرى ھافىنىڭ سىڭلىسى بىر كۈنى ئەھمەدى ھەنبەل يېنىغا كېلىپ: "ئەي دىنىنىڭ ئىمامى، بىز كۈندۈزى كۈن بويى تىرىكچىلىك غېمىدە بولۇپ، كېچىسى يىپ ئىگىرىمىز. كوپۇنچە باغداد ھاكىمىنىڭ ساقچىلىرى بىزنىڭ يېنىمىزدىن مەشئەل يېقىپ ئوتىدۇ. بىزنىڭ شۇ مەشئەل يورۇغىدىن پايدىلىنىپ ئىگىرگەن يىپىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

هارامۇ ياكى هالالمۇ؟" دەپ سورىدى. "سەن ئۇزەڭ كىمسەن؟" دەپ سورىدى ئەھمىدى ھەنبەل ئۇنىڭدىن. "بېشرى هافىنىڭ سىڭلىسى بولىمەن" دەپ جاۋاپ بەردى. "ئەي بېشرى جەمەتى، مەن سىلەرنىڭ دىلىڭلاردىكى تەقۋادارلىقنى تارتىپ ئېلىشنى خالىمايمەن" دىدى ئەھمىدى ھەنبەل.

بەزى دانالار: "خۇدا ئەگەر بەندىسىگە ياخشىلىق ئىشىگىنى ئېچىشنى خالىسا، ئۇنىڭ ئىش-ھەركىتىگە بەرىكەت بېرىدۇ" دىگەن. مالىك ئىبنى دىنار بازاردىن ئۆتكەندە، كوڭلى بىرەر نەرسىنى تارتقۇدەك بولسا، "ئەي نەپسى، تېچلان! سەۋرى قىل! سېنىڭ ئىستىكەنلىرىڭنى قىلىۋەرمەيمەن" دەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دىگەن: "نەپسىنىڭ سالامەتلىگى ئۇنىڭ خاھىشىغا يول بەرمەسلىكتە. نەپسىنىڭ كۆلپەتلەرگە يولۇقۇشى ئۇنىڭ خاھىشىنى قاندۇرغانلىقتا".

مەنسۇر ئىبنى ئەممار شۇنداق دىگەن: "بىر چاغدا مەن ھەجگە بارماقچى بولدۇم. مەككىگە كۇفە ئارقىلىق ماڭدىم. كېچە قاراڭغۇ ئىدى. شۇ قاراڭغۇ كېچىدە، بىر ئادەم: "ئەي خۇدا، ئۇلۇغلىغىڭ ۋە بۇيۇكلىگىڭ ھەققى، سېنىڭ دەرگاھىڭغا گۇنا قىلىشنى، بۇيرۇقلىرىڭغا بوي سۇنماي ئاسى بولۇشنى ئىستىمىگەن ئىدىم. بىرلىگىڭنى ئىنكار قىلمايتتىم. بۇ گۇناھلىرىم ئەزەلدە پىشانەمگە يېزىلغان ئىكەن. گۇنايىمنى كەچۈر، مەن بۇنى نادانلىق ئارقىسىدا قىلدىم" دەپ ئىلتىجا قىلاتتى. كېيىن ئۇ: "يائەييۇھەللەزىنە ئامەنۇ" دىگەن ئايەتنى ئوقۇدى. مەن ئۇنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. سەۋۇبىنى بىلەلمەي، ئوز يولۇمغا كەتتىم. ئەتىسىگە يولدىن ئۆتكىنىمدە، بىر جىنازىنى قەۋرىستانلىققا ئېلىپ كېتىۋات-

قانلىغىنى كوردۇم. تاۋۇتىنىڭ ئارقىسىدا ھالىدىن كەتكەن بىر موماي يىغلاپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭدىن ئۆلگەن كىشى توغرىسىدا سورۇدۇم. "بۇ مېنىڭ ئوغلۇم، كېچە كوچىدا تۇرغاندا، يىغلاپ قۇرئاندىن ئايەت ئوقۇپ تۇرۇپ، ئۇتى يېرىلىپ ئۆلدى" دېدى موماي. توتىنچى كېنىزەك سوزىنى تۈگىتىپ، تۇرغان ئورنىدىن چېكىندى.

بەشىنچى كېنىزەك سوز باشلاپ: "مەن بۇرۇنلاردا ئۆتكەن ياخشى كىشىلەر توغرىسىدا ئېسىمدە قالغانلىرىنى سوزلەيمەن" — دېدى ئۇ — مەسلەمە ئىبنى دىنار بۇنداق دېگەن: "دىل توغرا بولسا، چوڭ - كىچىك گۇنالار كەچۈرىلىدۇ. ئادەملەر گۇنا بولىدىغان ئادەتلەرنى تاشلاشقا، گۇنا قىلماسلىققا بەل باغلايدۇ. خۇدامۇ ئۇلارغا تەۋپىق بېرىدۇ. ئازغىنا بايلىق ئاخىرەتنىڭ كوپ ياخشى ئىشلىرىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. بايلىقنىڭ كوپىيىشى ئاخىرەت ھەققىدىكى ئاز - تولا ئۇمىتنىمۇ يوقىتا چىقىرىشقا ۋە ئۇنتۇلۇشقا ئېلىپ بارىدۇ." ئەبۇھازىمدىن كىشىلەر: "ئادەمنىڭ بايراقى كىم؟" دەپ سورىدى. "ئومرىنى خۇدانىڭ تائەت - ئىبادىتىغا بېغىشلىغان كىشىدۇر" دەپ جاۋاپ بەردى ئۇ. "ئادەملەرنىڭ ئەخمەقراقى قانداق بولىدۇ؟" دەپ سورىدى. "بۇ دۇنيانىڭ راھىتى ئۈچۈن ئاخىرەتلىكىنى ساتقان كىشىلەردۇر" دەپ جاۋاپ بەردى ئۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇسا ئەلەيھىسسالام مەديان سۈيىگە يەتكەندە، "ئەي خۇدا، مەن سېنىڭ تەرىپىڭدىن ئەۋەتىلگەن نەرسىگە مۇھتاجمەن" دېدى. شۇ چاغدا، ئىككى قىز كەلدى. ئۇلارنىڭ ماللىرىغا سۇ ئىچكۈزدى. قىزلارنى ئۇتكەزمىدى. قىزلار بېرىپ، بۇ

ۋەقەنى ئاتىسى شۇئەيپ ئەلەيھىسسالامغا ئېيتتى. "ئۇ كىشى ئاچ
بولسا كېرەك" دېدى ئاتىسى قىزلىرىغا. ئاندىن قىزنىڭ بىرىگە:
"سەن بېرىپ، ئۇ كىشىنى قىچقىرىپ كەل!" دېدى. قىز مۇسا
پەيغەمبەرنىڭ يېنىغا كېلىپ، يۈزىنى بېكىتىپ تۇرۇپ: "ئاتام بىزگە
سۇ بەرگىنىڭىز ئۈچۈن، سىزنىڭ ھەققىڭىزنى بېرىشكە قىچقىرد-
ۋاتىدۇ" دېدى. مۇسا پەيغەمبەر ماقۇل بولۇپ ماڭدى. قىز ئال-
دىدا يول باشلاپ كېتىپ بارغان ئىدى. شامال ئۇنىڭ ئېتىكىنى
ئېچىشقا باشلىدى. مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئۇنىڭغا كوزى چۈشتى.
"سەن ئارقامدىن ماڭ، مەن ئالدىدا ماڭىمەن. مۇبادا مەن يولدىن
چەتلىسەم، سەن توغرا يولنى كورسەت!" دېدى. مۇسا پەيغەمبەر
بىلەن قىز شۇ يوسۇندا يۈرۈپ، شۇئەيپ پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا
باردى. ئۇلار يېتىپ كەلگەندە، كەچكى تاماق تەييارلانغان ئىدى.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى
توختاتتى.



سەكسەن ئۈچىنچى كېچە

—ئەي بەختلىك شاھ، —دەپ داۋام قىپتۇ
شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

ۋەزىر دەندان زۇئۇلماكانغا ھىكايە سوز-
لەشنى داۋام قىلدۇرۇپتۇ: بەشىنچى كېنىزەك
ئاتىمىزغا مۇنداق دېدى: "كەچكى تاماق ھازىر-
لانغان ۋە دەستىخانغا قويۇلغان ئىدى. مۇسا
ئەلەيھىسسالام سالام قىلىپ شۇئەيپ ئەلەيھىسسا-
لامنىڭ يېنىغا كىردى. "بۇلارغا سۇ بەرگىنىڭ
ئۈچۈن، ساڭا ھەق تولىمەكچىمەن" دېدى شۇئەيپ مۇسا

پەيغەمبەرگە. "مەن ئاخرەتنىڭ ئىشى ئۈچۈن بۇ دۇنيانىڭ مىلنى ئالمايمەن" دىدى مۇسا پەيغەمبەر. "ئەي يىگىت، سەن بۇ كىچا مېنىڭ مېھمىنىم سەن. مېنىڭمۇ، ئاتىلىرىمنىڭمۇ ئادىتى — مېھماننى زىياپەت قىلىپ، ھورمەت قىلىش" دىدى شۇئەيىپ پەيغەمبەر. مۇسا پەيغەمبەر ئولتۇرۇپ تاماق يىدى. شۇئەيىپ پەيغەمبەر مۇسا پەيغەمبەرنى سەككىز يىل مال بېقىشقا ياللىدى. مۇسا پەيغەمبەرنىڭ بۇ خىزمەت ھەققى ئۈچۈن، ئوزىنىڭ بىر قىزىنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بەرمەكچى بولدى.

بىر ئادەم ئوزىنىڭ خېلىدىن بىرى كورەلمىگەن دوستىغا: "سەن مىنى سېغىندۇرۇپ قويدۇڭ. مەن خېلىدىن بىرى سېنى كورەلمەي، كوپ ئەسلىدىم" دىگەن ئىدى. "مېنى سەندىن ئىبنى شاھاپ ئايرىدى" دىدى ئۇ جاۋاپ بېرىپ. "سەن ئۇنى بىلەمسەن؟" دەپ سورىدى دوستى ئۇنىڭدىن. "ھە، ئۇ مېنىڭ ئوتتۇز يىللىق خوشنام. لېكىن، مەن ئۇنىڭ بىلەن سوزلەشمەيمەن" دىدى ئۇ. "سەن خۇدانى ئۇنۇتقانسەن! شۇنىڭ ئۈچۈن، خوشناڭ بىلەن سوزلەشمەيسەن. سەن ئەگەر خۇدانى يادىڭغا ئالغان بولساڭ، خوشناڭنى ياخشى كورەتتىڭ، — دىدى دوستى — سەن خوشناڭنىڭ خۇددى قېرىنداش تۇققانلاردەك ھەققى بارلىغىنى بىلەمسەن؟" شۇنىڭ بىلەن بەشىنچى كېنىزەكمۇ سوزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ چېكىندى.

بۇۋى ئورنىدىن قوزغالدى. شاھ ئالدىدا توققۇز تازىم قىلىپ ئىگىلدى. كېيىن ئۇ سوزگە كىرىشتى: "مەن بۇلارنىڭ زاھىد ۋە تەقۋادارلار توغرىسىدىكى سوزلىرىنى ئاڭلىدىم. مەنمۇ شۇلارغا تەقلىت قىلىپ، ئۇلۇغلار سوزلىرىدىن بەزى نەرسىلەرنى سوزلەي-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

مەن. ئېيتىشلىرىچە، ئىمامى شافى (خۇدا ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) كېچىنى ئۈچكە ئايرىغان: بىرىنچى بولۇكىنى ئىلىمگە، ئىككىنچىسىنى ئۇيقىغا، ئۈچىنچىسىنى كەچكى نامازغا بېغىشلىغان. ئىمام ئەئزەم ئەبۇھەنىپە كېچىنىڭ يېرىمىنى ئويغاق ئۆتكۈزەتتى. يولۇچىلاردىن بىرى ئۇ كىشىنىڭ كېچىنى يۇرۇپ ئۆتكەزگىنىنى كورۇپ، ئىككىنچىسىگە: "بۇ كىشى پۈتۈن كېچىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزىدۇ" دىدى. بۇ سوزنى ئۇ كىشى ئاڭلاپ: "مەندە يوق سۈپەتلەر بىلەن مېنى ماختاشقا سېنى نىمە مەجبۇر قىلدى؟ قاراپ تۇرۇپ يالغان سوزلەشتىن ئۇيالساڭچۇ؟ خۇدادىنمۇ قورقماسەن؟" دىدى ۋە شۇ تۈندىن باشلاپ پۈتۈن كېچىنى ئۇيقىسىز ئۆتكۈزىدىغان بولدى.

ئىمام شافى رەھمىتۇللاھى ئەلەيھى روزى ئېيىدا، ناماز ئارىسىدا يەتمىش نوۋەت خەتمە ـ قۇرئان قىلاتتى. ئىمام شافى شۇنداق دىدى: "مەن ئون يىلغىچە ئارپا نېنىنى تويغىچە يىمىدىم. چۈنكى، توقلۇق دىلنى قاتۇرۇدۇ، ھۇشيارلىقنى كېمەيتىدۇ، ئۇيقىنى كۈچەيتىدۇ، كىشىنىڭ خاراكتېرىنى بوشاشتۇرۇدۇ". ئابدۇللا ئىبنى مۇھەممەدى سۇكۇرىدىن شۇنداق نەقىل كەلتۈرىدۇ: "مەن ھازىرغىنە ئومەر بىلەن سوھبەتلەشتىم. ھەزرىتى ئومەر: مەن مۇھەممەت ئىبنى ئىدرىس شافىدەك پەرھىزكار ۋە ناتىق كىشىنى كورمىدىم. بىر كۈنى مەن ھارىس ئىبنى لەبىۇسەففار بىلەن كوچىغا چىقتىم. ھارىس مۇزىنىنىڭ شاگىرتى ئىدى. ئۇ، ناھايىتى خوش ئاۋاز ئىدى. ئۇ، قۇرئاندىن: "ھازا يەۋمۇن لايەتىقۇن ۋەلايۇززىنولەھۇم فەيەئتەزىرۇن" (يەنى: بۇگۈن ئۇلار سوزلىمەيدىغان، ئۇزرىنى قوبۇلمۇ قىلىشمايدىغان كۈندۇر) دىگەن ئايەتنى ئوقۇدى. قارد-

سام، ئىمام شافىئىنىڭ رەڭگى ئۆچتى، مويلىرى تىك بولدى. قاتتىق تىترەپ، ھوشسىز يەرگە يىقىلدى، يەنە ھوشىغا كېلىپ ئورنىدىن تۇردى. شۇ كۈندە، يالغانچىلار قاتارىدا تۇرۇشتىن، بوي سۇنمىغۇچىلار سېپىدە بولۇشتىن ئۆزەڭ ساقلا، ئەي خۇدا! دەپ زارلاندى. ئەي خۇدا، بىلىم ئەھلى دەيدۇ: "دايىم ساڭا ئىتائەتتە بولۇپ كەلدۇق، ئەي ئۇلۇق تەڭرىم! ئۆز كەرىمىڭ بىلەن گۇناھىمىزدىن ئۆتكىن. گۇناھىمىزدىن پاك قىلىش بىلەن، بىزنى كوركەملىك ساپ قىل! جامالىڭغا مۇشەررەپ قىلىپ، كامچىلىقلىرىمىزنى ئۆزەڭ كەچۈر!" دېيىشتى. كېيىن، مەن تۇرۇپ يولۇمغا ماڭدىم.

ئىشەنچلىك كىشىلەردىن بىرى شۇنداق دىگەن: "باغدادقا بارغىنىمدا، ئىمام شافىئى شۇ شەھەردە ئىكەن، دەجلە دەرياسىنىڭ لېۋىدە تاھارەت ئالغىلى ئولتۇردۇم. بىر كىشى يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ: "ئەي ئوغلۇم، تاھارەتنى ياخشىراق ئال!" دىدى. مەن ئۇ كىشىگە قارىدىم. بىر كىشى ئالدىدا مېڭىپتۇ، بىرقانچە كىشىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېتىپ بېرىپتۇ. تاھارەتنى ئالدىراپ ئېلىپ تۈگەتتىم. ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ بېرىپ، مەنمۇ ئۇ كىشىلەرگە قوشۇلدۇم. شۇ چاغدا، ئۇ كىشى ماڭا قاراپ: "سېنىڭ مەندە بىرەر ئىشىڭ بارمىدى؟" دەپ سورىدى. "توغرا، ئىشىم بار. خۇدا ساڭا بەرگەن بىلىملەردىن ماڭىمۇ سوزلىسەڭ" دىدىم. "ھەممە ئىشتا توغرا ۋە راست سوزلىگىن. قۇتۇلۇش يولى راستلىقتا" دەپ يولىغا ماڭدى. مەن ئۇلارنىڭ بىرىدىن سورۇدۇم: "بۇ كىشى كىم؟" ئۇ ئېيتتى: "بۇ كىشى ئىمام شافىئى". يەنە ئىمام شافىئىنىڭ بۇ بىر جۇملە سوزىنىمۇ ماڭا ئېيتىپ بەردى: "مېنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلىمىدىن مەنپەئەت ئېلىپ، ماڭا سوز كەلتۈرمىگەن كىشىنى دوست تۇتىمەن".

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



سەكسەن توتىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

ۋەزىر دەندان زۇئۇلماكانغا ھىكايىنى ئېيتىپ كېلىپ مۇنداق دەپتۇ: ئىمام شافىي شۇنداق دىگەن: — دىدى بۇۋى سوزىنى داۋام قىلىپ، — "مەن بىرەر كىشى بىلەن مۇنازىرە قىلغىنىمدا ئۇنىڭ ھەقىقەتنى چۇشۇنۇشىنى خالايمەن ۋە شۇنداق مۇئامىلە قىلىشىنى ياخشى كورىمەن. ھەر ۋاقىت پەقەت ھەقىقەتنى ئاشكارە قىلىش ئۈچۈنلا بەسلىشىمەن. ئەگەر بىلىم بىلەن مەغرۇرلىنىشتەك كامچىلىقلاردىن قورقمىساڭ، ئۇ ۋاقىتتا، كىمنىڭ رازىلىغىنى ئىستىشىڭنى، قانداق نېمەتلەرگە ھەۋەسكارلىغىڭنى، قانداق ئازاپتىن قورقۇشۇڭنى ئەسلە!" بىركىم "ئىمام ئەئزەم ئەبۇھەنىپىگە "خەلىپە ئەبۇجەپەر مەنسۇر سىزگە قازىلىق ۋەزىپىسىنى بەردى. بۇنىڭ ئۈچۈن، سىزگە ئون مىڭ دىنار مۇئاش بەلگۈلەندى" دىدى. ئىمام ئەئزەم رازى بولمىدى. ئۇنىڭغا پۇلنى ئېلىپ كەلگەن كۈنى نامازنى ئوقۇدى. نامازنى تۈگىتىپ چاپانغا ئورۇنۇپ ياتتى. ھىچكىمگە سوزلىمىدى. خەلىپىنىڭ ئەلچىسى ئۇنىڭ ئالدىغا پۇلنى قويدى. ئىمام ئەئزەم ئېغىز ئاچمىدى. "يا ئىمام، بۇ پۇل سىزگە

ھالال!" دىدى خەلىپىنىڭ ئەلچىسى. "بىلىمەن ــ دىدى ئىمامى ئەئزەم ــ بۇ پۇل ماڭا ھالال، لېكىن، بۇ پۇل بىلەن دىلىمغ زالىملارنىڭ مۇھەببىتى ئورۇنلۇشۇشتىن قورقىمەن." "پۇلنى ئالغىن، زالىملار بىلەن چىقىشقىن. لېكىن، كوڭلۇڭدە ئۇنى دوست تۇتمىغىن. شۇ چاغدا ئۇنىڭ مۇھەببىتى دىلىڭغا يېقىن يولىمايدۇ" دىدى خەلىپىنىڭ ئەلچىسى. "دەرياغا چۇشۇپ، تونۇمىنىڭ ھول بولماي چىقىشىغا ئىشەنمەيمەن" دىدى ئىمام ئەئزەم. كېيىن ئىمام شاپىنىڭ سوزلىرىدىن بۇ شېرنى نەقىل كەلتۇردى:

نەپسى سەن قىلساڭ سوزۇمگە ئېتىۋار،
ئىززەتۇ-ئىكرام ساڭا بولغۇسى يار.
دۇنيا كەيپى-ساپاسىنى ئەيلە تەرك،
كوپ كىشىلەر بەزمە-كەيپ دەپ، بولدى خار.

سۇفىيان سۇرىنىڭ ئەلى ئىبنى سەلىمغا قىلغان نەسىھىتى شۇدۇر: "توغرا بول! كىشىلەرنى ئالداشتىن، ئىككى يۈزلۈكلەر-دىن، چېقىمچى غەيبەتخورلاردىن ساقلان! چۈنكى، ھەرقانداق ياخشى ئىشلار شۇ خىلدىكى يامان قىلىقلار سەۋەۋىدىن بىكار بولۇپ كېتىدۇ. دىنىنى ئوز دىنىنى ھىمايە قىلغۇچىلاردىن ئۆگەن. تەقۋادارلار، پەرھىز تۇتقۇچىلار بىلەن ھەم سوھبەت بول! ئولۇمنى كوپرەك ئويلا! خۇدادىن پات-پات كېچىرىم سورا. قالغان ئومرۇڭدە تېچلىق ۋە پاراۋانلىقىنى سورا! دىنى مەسىلىلەردە سەندىن سوئال سورىغۇچىلارغا سەممىمى جاۋاپ ۋە مەسلىھەت بەر! مومىن-لەرگە خىيانەت قىلىشتىن ساقلان. مومىنلەرگە خىيانەت قىلغۇچى كىشى خۇدا ۋە پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلغۇچىدۇر. ئۇرۇشۇش، باشقىلارغا دۇشمەنلىك قىلىشتىن ئوزەڭنى تارت! سېنى ئېيىپلە-

مىغانلارنى ئېيىپلاشتىن ساقلان! شۇ چاغدىلا، ساق ۋە تېچ ياشايسەن. كىشىلەرنى ياخشىلىققا ئۈندە، يامانلىقتىن ياندۇر. شۇنداق قىلغاندىلا، پەيغەمبەرنىڭ دوستى ۋە ياخشى ئۈممىتى بولالايسەن. دىلىڭنى تازا تۇت! ساڭا بىرەر توغرىدا ئۆزرە ئېيتقانلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىل! بىرەر كىشىگە دۈشمەنلىك قىلما! سەن بىلەن دوست بولۇشنى ئىستىگەنلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىل! زۇلۇم قىلغۇچى گۇناكارلاردىن قاچساڭ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ياخشى ئۈممىتى بولالايسەن. ئۆلۈشنى ۋە قىيامەتتە تىرىلىشنى، مەھشەر كۈنى خۇدا ئالدىغا بېرىشنى ئويلاپ كورگۈچى كىشىلەردەك خۇدادىن قورق! ئىككى ئويدىن بىرىگە — يا ئالى جەننەتكە ۋە ياكى كويدۇرۇپ ئازاپلىغۇچى دوزاققا بېرىشىڭنى ئۇزەڭ تاللا!" دىدى. كېيىن بۇۋىمۇ سوزىنى تۈگىتىپ، كېنىزەكلەر يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى. مەرھۇم ئاتاڭ ئۇلارنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ زامانىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ كىشىلىرىدىن ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. شۇنچە ھوسنى - جامالى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەدەپ - قايىدىلىرىغا ئالدىنىپ، دىلى باغلاندى. بۇۋى ئالدىدا يەرنى سۆيدى، ئۇنىڭغا ھورمەت كورسەتتى. بۇۋى ۋە كېنىزەكلەرنى رۇم شاھىنىڭ قىزى مەلىكە ئەبرىزە تۇرغان مەخسۇس سارايغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلارنى ئەڭ ئالى نەرسە - كېرەكلەر بىلەن تەمىنلىدى. بۇۋى ئۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇردى. قاچان شاھ ئۇ يەرگە بارسا، بۇۋىنى نامازدا، سەجدىدە كورەتتى. بۇۋى كېچىلىرى ئۇخلىمايتتى، كۈندۈزى روزا تۇتاتتى. شاھنىڭ دىلىدا ئۇنىڭغا چەكسىز مۇھەببەت پەيدا بولدى. شاھ ماڭا: "ئەي ۋەزىر، بۇ، بۇۋى ئەلۋەتتە ئەڭ ئېقىللىق خوتۇنلاردىندۇر. مېنىڭ دىلىمدا ئۇنىڭ مۇھەببىتى كۈچەيدى" دىدى.

ئون بىرىنچى كۈنى ئاتاڭ كېنىزەكلەرنىڭ پۇلىنى تولەش ئۈچۈن، بۇۋىنى ئوز يېنىغا قىچقىردى. "بۇلارنىڭ قىممىتى ئادەملەر باھا-سىدىن يۇقۇرى تۇرۇدۇ، — دىدى بۇۋى، — مەن بۇلارنىڭ قىممىتى ئۈچۈن، ئالتۇن - كۈمۈش ياكى ئاز - تولا قىممەتباھا گوھەر تاش تەلەپ قىلمايمەن". ئاتاڭ بۇۋىنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ، ھەيران بولدى. "ئانداق بولسا، بۇلارنىڭ قىممىتىگە نىمە ئالىسەن؟" دەپ سورىدى بۇۋىدىن. "مەن بۇلارنى راسا بىر ئاي كۈندۈزى روزا، كېچىسى ئۇخلىماي ئويغاق تۇرۇپ ئىبادەت قىلىش باراۋىرىگىلا ساتىمەن. شۇ شەرتىنى ئادا قىلساڭ، بۇلار سېنىڭ سارىيىڭنى زىننەتلەيدۇ. سېنىڭ مۈلكۈڭ بولىدۇ" دىدى بۇۋى. شاھ ئۇنىڭ دىنى ئېتىقادىنىڭ بۇنداق كۈچلۈكلىگىنى، ناھايىتى تەقۋادار، پاكلىغىنى كورۇپ، ھەيران بولدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، بۇۋىنىڭ ھورمىتى يەنىمۇ ئاشتى. "ئىلاھىم ماڭا شۇ پاك خوتۇننىڭ پايدىسى تەگسۇن" دەپ تىلىدى. بۇۋىنىڭ شەرتىگە مۇۋاپىق، راسا بىر ئاي كۈندۈزى روزا تۇتۇشقا، كېچىسى ئۇخلىماي ئويغاق تۇرۇپ ئىبادەت قىلىشقا رازى بولدى. "مەن ساڭا دۇئالار بىلەن ياردەم بېرىمەن. ماڭا بىر چوگۈن سۇ ئېلىپ كېلىپ بېرىڭلار" دىدى شاھقا. بىر چەي-نەكتە سۇ ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا تۇتۇشتى. بۇۋى سۇنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ پىچىرلاپ دۇئا ئوقىدى. بىر سائەت ئولتۇرۇپ، بىز چۈشۈنەلمەيدىغان بىر نىملەرنى سوزلىدى. كېيىن چەينەك-نىڭ ئاغزىنى لاتا بىلەن باغلاپ تامغىلىدى. ئۇنى ئاتاڭغا بېرىپ تۇرۇپ: "ئون بىرىنچى كۈنكى روزاڭنى مۇشۇ سۇدا ئىپتار قىلىپ ئاچقىن. يۇرۇگۈڭدىن دۇنيا مۇھەببىتىنى كەتكۈزىدۇ، ئېتىقادىڭنى كۈچەيتىدۇ، دىلىڭنى يورۇتىدۇ. مەن ئەتىلىككە دوستۇم غايىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كىشىلەر (يەنى رىجالىل غايىپلار) يېنىغا بارىمەن. ئۇلارنى سېغىندىم. ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، سېنىڭ قېشىڭغا يەنە قايتىپ كېلىمەن" دېدى. ئاتاڭ چەينەكنى ئېھتىيات بىلەن قولىغا ئېلىپ، مەخسۇس جايغا قويۇپ ساقلىدى. ئۇنى قويغان يەرنى قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچنى دايىم ئۆزى ساقلىدى. ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇ، روزا تۇتۇشقا باشلىدى. بۇۋى ئۆز يولىغا كەتتى.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



سەكبەن بەشىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

ۋەزىر دەندان زۇئۇلماكانغا سوزىنى داۋام قىلىپ كېلىپ شۇنداق دەپتۇ: تاڭ ئاتتى، شاھ روزىسىنى باشلىدى. بۇۋى ئۆزىنىڭ يولىغا كەتتى. شاھ ئون كۈننى روزا تۇتۇش بىلەن ئۆتكەزدى. ئون بىرىنچى كۈنى چەينەكتىكى سۇنى ئىچىپ ئىپتار قىلىش ئۈچۈن تەييارلاندى. ئۇنىڭ ئاغزىدىكى موھرىنى ئېلىپ، پىچەتنى ئاچتى. ئۇنىڭدىكى سۇنى ئىچتى. ئاتاڭنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ سۇ لەززەتلىك ئىدى. سۇ ئۇنىڭغا شىرىن تۇيۇلغان. ئون ئىككىنچى كۈنى بۇۋى يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا سېرىق، تاتلىق يوپۇرماق بار ئىدى. ئۇ بىز كورگەن دەرەخنىڭ يوپۇرمىغىغا ئوخشىمايتتى. بۇۋى ئاتىڭىزنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا تازىم قىلدى. ئاتىڭىز ئۇنىڭ ھورمىتى ئۈچۈن، ئورنىدىن تۇردى

"خوش كېلىپسىز، ئەي تەقۋادار بوۋى" دېدى ئۇ قېرىغا. "ئە-
شاھ، غايىپ كىشى (رىجالىل غايىپ)لەر ساڭا سالام ئېيتتى.
چۈنكى، مەن ئۇلارغا سېنىڭ ۋەقەلىرىڭنى سوزلىدىم. ئۇلار خوش
بولۇشتى. مانا بۇ شىرىنلىكنى ساڭا ئەۋەتتى. بۇ — ئاخىرەت
شىرىنلىكلىرىدىن. ئۇپتاردا شۇنى يېگىن" دېدى بوۋى شاھقا
ئاتىڭىز ناھايىتى سۆيۈندى. "ماڭا غايىپ كىشلەرنى دوست قىلغان
خۇداغا شۈكرى" دېدى ئۇ. سۆيۈنچ بىلەن ۋە بوۋىگە قاراپ مىننەت-
دارلىق بىلدۈردى، ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈپ ھورمەتلىدى. ئاتىڭىز
يىگىرمە كۈننى روزا تۇتۇپ ئوتكەزدى. بوۋى ئاتىڭىزنىڭ ئالدىد
يەرنى سۆيۈپ: "ئەي شاھ، — دېدى ئۇ، — سەن بىلەن مېنىڭ
ئارامدا بولغان مۇھەببەتنى غايىپ كىشلەرگە ئېيتتىم. كېنىزەك-
لەرنى سېنىڭ ئالدىڭدا قالدۇرغىنىمنىمۇ سوزلىدىم. غايىپ كىشلەر
كېنىزەكلەرنىڭ سەندەك پەرھىز تۇتقۇچى شاھنىڭ يېنىدا ئىكەن-
لىگىگە خۇرسەن بولۇشتى. چۈنكى، ئۇلار كېنىزەكلەرنى كورگەن-
لىرىدە، ئەلۋەتتە خۇدا نەزىرىدە قوبۇل بولىدىغان دۇئالارنى
قىلىدۇ. غايىپ كىشلەرنىڭ مۇبارەك نەپەسلىرى بۇلارغا يېتىپ
كېلىش ئۈچۈن، كېنىزەكلەرنىمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماق-
چىمەن. ئۇلار ساڭا يەر يۈزىنىڭ خەزىنىسىنى ئېگىلەپ قايتىدۇ.
سەن روزا تامام بولۇشى بىلەن، ئۇلارنى كىيىندۈرسەن. ئۇلار
ئېلىپ كەلگەن دۇنيا سېنىڭ دىلىڭدىكى مەقسەتلىرىڭنىڭ ئەمەلگە
ئېشىشى ئۈچۈن كومەك بېرىدۇ." بوۋىنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ،
ئاتىڭىز ئۇنىڭغا قايتا مىننەتدارلىق بىلدۈردى. "ئەگەر بۇ ئىشىم
ساڭا قارشىلىق بولۇپ قېلىشىدىن قورقمىغىنىمدا، ئۇلارنىڭ ئېلىپ
كېلىدىغان خەزىنىسىگە ۋە باشقا مېھرى-شەپقەتلىرىگە كونمەيتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چۈنكى، مېنىڭ سىلەردىن بىردەم نېرى بولۇشقا سەۋرى-تاقىتىم يوق. ئەمدى ئېيتىڭلار! بۇ نوۋەت يەنە قاچان كېلىسىلەر؟" دەپ سورىدى ئۇ بۈۋىدىن. "يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى يولغا چىقىپ، مۇشۇ ئاينىڭ بېشىدا يېتىپ كېلىمىز. ئۇ ۋاقىتقىچە سەن روزىنى تامام قىلىسەن. شۇنىڭغىچە كېنىزەكلەرنىڭ ئىددەتلىرىمۇ① توشىدۇ، ئۇلار سېنىڭ ئىختىيارىڭدا بولىدۇ. خۇدا ھەققى، كېنىزەكلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ باھاسى سېنىڭ ھەشەمىتىڭدىن بىرنەچچە ھەسسە ئارتۇقتۇر" دىدى بۈۋى. "مەن بۇنى ياخشى بىلىمەن، ئەي تەقۋادار سەئىدە" دىدى شاھ بۈۋىگە. "ئۇلار بىلەن بىللە، ئەڭ سۆيۈملۈك خوتۇنىڭنى قوشۇپ ئەۋەتسەڭ، ئۇمۇ غايىپ كىشىلەر بىلەن ئۇچرۇشۇپ، ئۇنىڭ نەپەسىدىن پايدىلانسا، تېخىمۇ ياخشى بولاتتى"دىدى.بۈۋى ئاتىڭىزغا. "مېنىڭ رۇملۇق بىر كېنىزىگىم بار. ئىسمى سەفىيە، ئۇنىڭدىن خۇدا ماڭا بىر قىز، بىر ئوغۇل بەرگەن ئىدى. لېكىن ئۇ باللار، بىرنەچچە يىل بولدى، يوقالدى. غايىپ كىشىلەرنىڭ دۇئالىرى سەۋەپ بولۇپ، ئۇنىڭ باللىرى قايتىپ كەلسە ئەجەپ ئەمەس. ئەنە شۇ خوتۇننى ئۆزلىرىڭىز بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىڭىزلار" دىدى شاھ بۈۋىگە.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.

---

① ئىددەت — شەرىئەت قانۇنىدا، ئاياللارنىڭ نىكاھتىن چىقىپ، ئىككىنچى بىر كىشىگە نىكاھ قىلىنغىچە ئارىلىقتا ئۆتۈشى لازىم بولغان مۇرىق كۈن ئىددەت دىيىلىدۇ. بۇ، بۇرۇنقى نىكاھلانغان ئېرىدىن بويىدا قالغان ياكى قالمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن.

—ئەي بەختلىك شاھ، —دەپ داۋام قىپتۇ شەھەرىزاد ھېكايىسىنى.



سەكسەن ئالتىنچى كېچە

ۋەزىر دەندان زۇئۇلماكانغا ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ سوزلەپ كېلىپ، شۇنداق دېدى: ئاتىڭىز بوۋىگە: "غايىپ كىشىلەر ئالدىغا ئەنە شۇ ئايالنى ئوزەڭلار بىلەن بىللە ئېلىپ بېرىڭلار!" دېدى. "ناھايىتى ياخشى" دېدى بوۋى سۈيۈنۈپ، مومايىنىڭ مەقسىدىمۇ شۇ ئىكەن. ئاتىڭىزنىڭ ئىپتار ۋاقتى ناھايىتى يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. "ئەي ئوغلۇم، —دېدى بوۋى شاھقا، —مەن غايىپ كىشىلەر يېنىغا بارىمەن. ھازىر مېڭىشىم كېرەك. ماڭا سەفىيەنى قىچقىرىپ بەر!" شاھ سەفىيەنى قىچقىرىشنى بۇيرۇدى. سەفىيەمۇ شۇ ئاندىلا يېتىپ كەلدى. شاھ ئۇنى بوۋىگە تاپشۇردى. بوۋى سەفىيەنى كېنىزەك قىزلىرىغا قوشتى، ئوزى ئويگە كىرىپ، ئاتىڭىزغا ئاغزى يېپىقلىق، موھىرلەنگەن بىر قاچا ئېلىپ كەلدى. "روزىنىڭ ئوتتوزىنچى كۈنى ھاممامغا كىر! ھاممامدىن چىقىپ، سارايدىكى خالى بىر ئويگە كىر! قاچىدىكىنى ئىچىپ ئۇخلا! خالىغان تەلىۋىڭگە يېتىسەن. مەندىن ساڭا ھەدىيە" دېدى بوۋى. شاھ شاتلىقتىن بوۋىنىڭ قوللىرىنى سۆيۈپ، مىننەتدارلىق بىلدۈردى. "سېنى خۇداغا تاپشۇردۇم" دېدى بوۋى شاھقا. بوۋى شاھقا دۇئا قىلىپ، كېنىزەكلەر بىلەن سەفىيەنى بىللە ئېلىپ يولغا چۈشتى. ئۈچ كۈن ئوتتى. يېڭى ئاي كورۈندى. شاھ ئورنىدىن تۇردى، ھاممامغا كىردى. ھاممامدىن چىقتى، سارايدىكى خالى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر ئۆيگە كىردى. ھېچكىمنىڭ كىرمەسلىكىنى تاپىلاپ، ئىشىكنى قۇلۇپلىدى. قاچىدىكى نەرسىنى ئىچىپ، ئۇيقىغا ياتتى.... بىز ئەتىسى ئۇنىڭ ئۆيدىن چىقىشىنى كۈتتۇق. لېكىن ئۇ چىقمىدى. "بەلكى ئۇ، ھاممامدا چارچىغاندۇر ياكى روزا تۇتۇشتىن ھالسىزلانغاندۇر. كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنلىكتىن، دەرمانسىزلانغاندۇر. ئۇيقۇسىزلىق ۋە دەرمانسىزلىق بىلەن قاتتىق ئۇخلاپ قالغاندۇر" دېيىشتۇق. ئەتىسى كەچكىچە كۈتتۇق. ئۇ چىقمىدى. ئۇ كىرگەن خالى ئۆينىڭ ئىشىكى يېنىغا بېرىپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ھەر خىل سۆزلەرنى قىلىشتۇق. "ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ ئويغىنار، نىمە گەپ دەپ سورار" دەپ ئويلىدۇق. كۈتكىنىمىزدىكىدەك بولمىدى. ئىشىكنى بۇزۇپ ئىچكىرى كىردۇق. قارىساق شاھنىڭ مۇردىسى يېتىپتۇ؛ گوشلىرى بولۇنۇپ، سۆڭەكلىرى ئاجراپتۇ. ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، ھەددىدىن ئارتۇق قايغۇردۇق. قاچىنى ئالدۇق. ئۇنىڭ ئاغزىغا ئورالغان لاتىنىڭ چېتىدە بىر تۈگۈنچەك بار ئىكەن. ئۇنى ئالدۇق. بىر پارچە قەغەز چىقتى. قېتىنى ئاچساق، مۇنداق سۆزلەر يېزىلغان ئىكەن: "يامانلىق قىلغان كىشىگە رەھمى قىلىنمايدۇ. شاھلارنىڭ قىزلىرىغا ھىلە قىلىدىغان، ئۇلارغا زورلۇق قىلىدىغان كىشىنىڭ جازاسى شۇدۇر. بىز بۇ خەتنى ئوقۇغۇچىلارغا شۇنى بىلدۈرىمىزكى، شەررىكان بىزنىڭ مەملىكەتىمىزگە بېرىپ مەلىكە ئەبرىزىنى يولدىن چىقاردى. بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي، ئۇنى ئۆز شەھىرىگە ئېلىپ كەلدى. كېيىن ئومەرئىبنى نوئمان ئۇنىڭ نومۇسىغا تەگدى. ئۇ، ھامىلدار بولۇپ، تۇغىدىغان ۋاقتىغا يېقىن بىر قارا ۋەھشى قۇلنى قوشۇپ يولغا سالدى. قارا قول ئۇنى يولدا ئۆلتۈردى. بىز ئۇنىڭ

مۇردىسىنى بىر چولدىن تاپتۇق. شاھمۇ شۇنداق يامان ئىش
قىلامدۇ؟ بۇ ئىشنى قىلغان كىشى ئۈچۈن جازا ئەنە شۇدۇر
شاھنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە ھېچكىمدىن گۇمانلانماسلىقىڭلار لازىم.
ئىشنى زاتۇد داۋاھى دىگەن نامدار ھىلىگەر موماي قىلدى
شاھنىڭ سەفىيە دىگەن خوتۇننى ئۆزەم بىللە ئېلىپ كەتتىم
ئۇنى ئۆزىنىڭ ئاتىسى قۇستەنتىنە شاھى ئەفرىدۇنغا ئەۋەت
بېرىمەن، بىزنىڭ سىلەرگە ھۇجۇم قىلىشىمىزدىنمۇ گۇمان قىلم
غايسىلەر. ئۆزلىرىڭلارنى ھالاك قىلىپ، يەرلىرىڭلارنى تارت
ئالىمىز. بىرىڭلارمۇ قالماي ھالاك بولىسىلەر. يەرلىرىڭلاردا تىرىك
جاندىن بىرەر ئوت ياققۇچى قالمايدۇ. پەقەت بۇتقا چوقۇنۇپ
زۇننار① ئاسقۇچىلارلا سالامەت قالىدۇ.“

خەتنى ئوقۇپ، قېرى دەللىنىڭ بىزنى ئالدىغىنىنى، ئۆزىنىڭ
مەقسىدىگە يەتكىنىنى بىلدۇق. دادۇ-پەريات كوتەردۇق. يۈزلە
رىمىزنى تاتىلاپ يىغلىدۇق. بىراق، يىغىدىن پايدا چىقمىدى.
ئەسكەرلەر ئارىسىدا كىمنى شاھ قىلىش توغرىسىدا ئىختىلاپ ۋە
تالاش-تارتىش پەيدا بولدى. بەزىلەر سىزنىڭ ۋە بەزىلەر
ئاكىڭىز شەررىكاننىڭ شاھ بولۇشىغا تەرەپتار بولۇپ چىقتى. بىر
ئايغىچە كېلىشەلمىدۇق. كېيىن، سىلەر بولمىغانلىقتىن، ئاكىڭىزنىڭ
ئالدىغا بېرىشقا قارار قىلدۇق. شۇ مەقسەتتە يولغا چىقىپ، سىز
بىلەن ئۇچراشتۇق. "شاھ ئۆمەر ئىبنى نوئماننىڭ ئۆلۈمىنىڭ
سەۋەبى مانا شۇ!“ — دەپ سوزىنى تۈگەتتى ۋەزىر دەندان.

---

① زۇننار — مۇسۇلمان بولمىغانلار مۇسۇلمانلار شەھرىدە ئۆزلىرىنىڭ غەيرى دىندا ئىكەنلىكىنى كورسىتىش ئۈچۈن ئاسىدىغان بەلگۇ — بويۇن تۇمار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋەزىر سوزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، زۇئۇلماكان ۋە ئۇنىڭ
ئاچىسى نۇزھەتۇززامان "ئاھ" ئۇرۇپ يىغلىشىپتۇ. ھاجىپمۇ
بۇ يىغىغا قوشۇلۇپتۇ. كېيىن زۇئۇلماكانغا: "ئەي شاھ، يىغىنىڭ
پايدىسى يوق. سەن ئەمدى دىلىڭنى توختۇتۇپ، ئىرادىلىك
بولۇشۇڭ، مەملىكەتنى مۇستەھكەملىشىڭ لازىم. سېنىڭدەك بالىنى
قالدۇرغان ئاتىنى ئۆلمىگەن ھېساپلاش مۇمكىن" دەپتۇ. زۇئۇلما-
كان يىغىدىن توختاپتۇ. تەختنى تاشقىرىسىغا چىقىرىپ قويۇشقا،
ئەسكەرلەرنى ئۆزىگە قاراپ سەپ بولۇشقا بۇيرۇپتۇ. ھاجىپ
ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپتۇ. مەخسۇس ساقچىلار ئەتراپىنى مۇھاپىزەت
قىلىپ تۇرۇپتۇ. ۋەزىر دەندان ئالدىدا، بارچە ئەمىرلەر ۋە
ۋەزىرلەر، ساراي ئەرباپلىرى ئۆز مەرتىۋىلىرىگە لايىق جايلىشىپتۇ.
شۇ چاغدا، شاھ زۇئۇلماكان ۋەزىر دەندانغا: "ئەمدى، سىز
ئاتامنىڭ خەزىنىلىرى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىڭ!" دەپتۇ. "خوپ!"
دەپتۇ ۋەزىر دەندان. ئۇ، خەزىنىدىكى ماللار، قىممەتباھا رەخلەر
ۋە بار پۇللار توغرىسىدا مەلۇمات بېرىپتۇ. ۋەزىر دەندانغا قىممەت-
باھالىق تون تەقدىم قىپتۇ. "سەن ئۆز مەرتىۋەڭدە قالىسەن!"
دەپتۇ شاھ. ۋەزىر شاھ قېشىدا يەرنى سۆيۈپتۇ، "شاھنىڭ دولىتى
مەڭگۈلۈك بولسۇن!" دەپ دۇئا قىپتۇ. شاھ ئەمىرلەرگىمۇ تون
كەيگۈزۈپتۇ. كېيىن ھاجىپقا: "ئېلىپ كېلىۋاتقان شامنىڭ خىرا-
جىنى ئېلىپ كەل!" دەپ بۇيرۇپتۇ. ھاجىپ ساندۇقتىكى ماللار،
قىممەتلىك تاشلار ۋە باشقا تارتۇقلارنى شاھقا تەقدىم قىپتۇ.
شاھ ئۇلارنى ئېلىپ، ئەسكەرلەرگە بولۇپ بېرىپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى
توختاتتى.

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ
شەھەرىزاد ھېكايىسىنى.



سەكسەن يەتتىنچى كېچە

ئەمىرلەر شاھ ئالدىدا يەرنى سۈيۈپتۇ. شاھقا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپتۇ. پۈتمەس-تۈگىمەس بەخت-سائادەت سوراپ دۇئا قىپتۇ. "شۇنداق ھەدىيە ۋە ئىنئام قىلغۇچى شاھنى بىز ئومرىمىزدە كورگىنىمىز يوق!" دەپ بارىكاللا ئوقۇشۇپتۇ. تاڭ ئاتقاندا، شاھ يولغا چىقىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. ئۇلار يەنە ئۈچ كون يول يۈرۈپ، باغدادقا كېلىشىپتۇ. شەھەرگە كىرسە، شەھەر بېزەلگەن ئىكەن. شاھ زۇئۇلماكان ئاتىسىنىڭ قەسرىگە كىرىپ، تەختكە ئولتۇرۇپتۇ. ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر، ساراي باشلىقلىرى — ھاجىپلار، ۋەزىر دەندان، شەررىكانىنىڭ ھاجىپى ئۇنىڭغا قول باغلاپ تۇرۇپتۇ. شاھ ئوزىنىڭ مەخسۇس مىرزىسىغا ئاكىسى شەررىكان نامىغا مەكتۇپ يازدۇرۇپتۇ. مەكتۇپتە، بولغان ۋەقەنى مۇكەممەل كورسۈتۈپ، ئاخىرىغا خەتنى ئېلىش بىلەن ئەسكەرلىرىنى ئاتلاندۇرۇپ يولغا چىقىشىنىڭ، دۈشمەنلىرىگە قارشى غازات قىلىشىنىڭ، ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىپ، بولغان-غان نومۇسنى يۇيۇشىنىڭ لازىملىقىنى ئالاھىدە كىرگۈزۈپتۇ. خەتكە تامغىنى بېسىپ ۋەزىر دەندانغا قاراپ: "بۇ خەتنى يەتكۈزۈشنى سەندىن باشقا ھېچكىم ياخشى ئادا قىلالمايدۇ. لېكىن ناھايىتى يۇمشاق سوزلەر بىلەن: ئەگەر ئاتاڭنىڭ ئورنىغا ئولتۇرۇشنى خالىساڭ، تەخت سېنىڭكى؛ ئۇكاڭ دەمەشقتە ساڭا ياردەمچى بولۇپ تۇرىدۇ. بىزگە شۇنداق دەپ چۈشەندۈردى، دەپ ئۇختۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رۇشۇك شەرت" دەپ تاپىلاپتۇ.

ۋەزىر دەندان شۇ ئاندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ سەپەرگە چىقىش ئۈچۈن ھازىرلىنىپتۇ. ئاندىن كېيىن زۇئۇلماكان گۈلەخچىغا ئالاھىدە جاي ھازىرلاپ، ئۇنى ئەڭ ياخشى نەرسىلەر بىلەن جاھازىلاشنى بۇيرۇپتۇ. گۈلەخچىنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىپ، شۇ جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ، زۇئۇلماكان بىر كۈنى شىكارغا چىقىپتۇ. شىكاردىن قايتىپ كەلگەندە، ئەمىرلەردىن بىرى ئۇنىڭغا نەسىللىك بىر ئات بىلەن چىرايلىق كېنىزەكلەر تەقدىم قىپتۇ. تەقدىم قىلىنغان كېنىزەكلەرنىڭ ھەممىسى گۈزەللەردىن ئىكەن، تەرىپلەش قىيىن ئىكەن. شۇ كېنىزەكلەردىن بىرى شاھقا يېقىپ قاپتۇ. شاھ ئۇنى باشقىلاردىن ئايرىپ قېلىپ، كېچىنى شۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇ كېچىدىلا، ئۇ كېنىزەك ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ. ئارىدىن بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ۋەزىر دەندان سەپەردىن قايتىپ، ئاكىسى شەرركاننىڭ كېلىش خەۋىرىنى شاھقا يەتكۈزۈپتۇ ۋە ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقىشنىڭ زورۇرلىگىنى سوزلەپتۇ.

"خوپ!" دەپتۇ شاھ زۇئۇلماكان، ئاكىسىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن، ساراي ئەھلى بىلەن بىللە، بىر كۈنلۈك يولغا ئالدىغا چىقىپ كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. شۇ يەرگە چېدىر تىكتۈرۈپتۇ. تاڭ ئاتار ۋاقتىدا، شەرركان دەمەشىق لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار بىلەن بىللە ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان باتۇرلار، شىردەك يۈرەكلىك، ھەرقانداق نەرسىدىن تەپ تارتمايدىغان ھەيۋەتلىك پالۋانلارمۇ بىللە كەپتۇ، چاڭ-توزان ھاۋاغا كوتىرىلىپتۇ. ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازلىرى يېقىنلىشىشى، بايراقلار كورىنىشى بىلەنلا، زۇئۇلماكان ئۆزىنىڭ ساراي ئەربابلىرى بىلەن ئورنىدىن قوزغۇلۇپتۇ. زۇئۇلما-

كاننىڭ ئۆز ئالدىدا يەر سۈيۈشكە ئۇرۇنغانلىقىنى كورگەن شەررىك
ئۇنى بۇ ئىشتىن توختىتىپتۇ. شەررىكان ئالدىراپ ئۇنىڭ ئالد
كەپتۇ. زۇئۇلماكانغا يېقىنلىشىش بىلەن ئۇكىسى ئوزىنى شەرر
كاننىڭ قۇچىقىغا ئېتىپتۇ. شەررىكانمۇ ئۇنى كوكرىكىگە بېسىپ
ئىككىسى بىردەم يىغلاپ، كېيىن بىر-بىرىگە تەسەللى بېرىشىپ
كېيىن ئىككىسىمۇ ئاتقا مىنىپ، بىللە يولغا چۇشۇپتۇ، ئەسكەرل
ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۇرۇشۇپتۇ. باغدادقا كېلىپ، ھەممىلىر
ئاتتىن چۇشۇپتۇ. زۇئۇلماكان بىلەن شەررىكان شاھ سارىيىغا كىر
ئۇيقىغا چۇشۇپتۇ. تاڭ ئاتقاندا، زۇئۇلماكان تاشقىرىغا چىقىپتۇ
ئەسكەرلىرىنى توپلىنىشقا بۇيرۇپتۇ. مۇقەددەس جەڭ ئۇچۇن
ئاتلىنىشقا جارسالدۇرۇپتۇ، ئۇلار باشقا شەھەرلەردىن ئەسكەرلە
يېتىپ كېلىشىنى كۇتۇپتۇ. كەلگەنلىرىنى ھورمەت بىلەن كۇتۇپ
ئاپتۇ. تەيىنلەنگەن جايلىرىغا چۇشۇرۇپتۇ. شۇ يوسۇندا، راسا بىر
ئاي ئوتۇپتۇ. ئادەملەر تەرەپ-تەرەپتىن توپ-توپ بولۇپ
كېلىۋېرىپتۇ.

كېيىن شەررىكان زۇئۇلماكاندىن: "قېنى ئەمدى سەن ئۇز
كورگەنلىرىڭنى سوزلە!" دەپ، ئۇنىڭ بېشىدىن ئوتكەن ۋەقەلەرنى
ئېيتىپ بېرىشنى سوراپتۇ. ئىنىسى زۇئۇلماكان ئاكىسى شەررىكانغ
ئوزىنىڭ سەرگۇزەشتىلىرىنى باشتىن-ئاياق سوزلەپ بېرىپتۇ.
گۇلەخچىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنىمۇ مۇكەممەل قىلىپ ئېيتىپ
بېرىپتۇ: "كېيىن ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۇچۇن مۇكاپاتلە
دىڭمۇ؟" دەپ سوراپتۇ شەررىكان زۇئۇلماكاندىن. "ھەي ئاكا،
مەن ئۇنى بۇگۇنگىچە تېخى مۇكاپاتلىغىنىم يوق. خۇدا خالسا،
غازاتتىن قايتقاندا مۇكاپاتلايمەن" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ زۇئۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماكان.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



سەكسەن سەككىزىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

”زۇئۇلماكان گۈلەخچىنى خۇدا خالىسا جەڭدىن قايتقاندىن كېيىن مۇكاپاتلايمەن“ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. شۇ چاغدا، شەررىكان سىڭلىسى نۇزھەتۇززاماننىڭ سوزىنىڭ تامامەن توغرىلىقىنى بىلىپتۇ. لېكىن ئۇزى بىلەن نۇزھەتۇززامان ئارىسىدىكى ۋەقەنى سىر تۇتۇپتۇ. ئۇنىڭ ئېرى ھاجىپ ئارقىلىق ئۇنىڭغا سالام ئېيتىپتۇ. نۇزھەتۇززامانمۇ ھاجىپ ئارقىلىق شەررىكانغا جاۋاپ سالام يوللاپتۇ. ئۇنىڭغا ياخشى تىلەكلەر بىلەن ئىشلىرىغا غەلىبە تىلەپتۇ. ئۇ، شەررىكاننىڭ قىزى قۇزىيە پاكاننىمۇ، ساق-سالامەت تاپشۇرۇپ ئالغانلىقى، بۇندىن كېيىن ئۇنى ياخشى كۈتىشى توغرىسىدا خەۋەر بېرىپتۇ. شەررىكان ئۇكىسى زۇئۇلماكان بىلەن نوۋەتتىكى ئۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپتۇ، زۇئۇلماكاننىڭ ئەسكەرلىرى تامامەن توپلىنىپتۇ. ھەممە يۇرت شەھەرلەردىن يېڭىدىن-يېڭى ئەسكەرلەر كېلىپ قوشۇلۇپتۇ، ئۇلارنىڭ تامامەن يېتىپ كېلىپ بولۇشى بىلەن يولغا چىقىپ يۇرۇش قىلىش ئۇچۇن تەييارلىنىپ ئالاقە ئىشلىرىنى يولغا قويۇپتۇ. ئۇ، ھەربى جابدۇقلار ۋە يولغا لازىم بولغىدەك ئوزۇق تەييارلاشنى بۇيرۇپتۇ. كېيىن ئۇ، خوتۇنى يېنىغا كىرىپتۇ.

ئۇنىڭ قوساق كوتەرگىنىگە بەش ئاي بولغان ئىكەن. ئۇنىڭغا يا—
دەملىشىش ئۇچۇن كىشلەرنى بەلگۇلەپ ئۇلارغا مۇئاش توختىتىپ—
ئەرەپ ئەسكەرلىرى تامامەن تولۇقلانغان چاغدا يۇرۇش باشلىنىپ—
دەيلەم ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىغى رۇستەم ئىكەن. تۈرك ئەسكە—
لىرىنىڭ باشلىغى بەھرام ئىكەن. ئوتتۇرىغا زۇئۇلماكان ئەسكە—
لىرى بىلەن جايلىشىپتۇ. ئوڭ تەرەپكە ئاكسى شەررىكان جايلىشىپتۇ
چەپ تەرەپكە نۇزھەتۇززامانىڭ ئېرى ھاجىپ جايلىشىپتۇ. ئۇلا
بىر ئاي يول يۇرۇشۇپتۇ. ھەر جۇمە كۇنى بىرەر يەرگە چۇشۇپ
ئىككى-ئۇچ كۇن دەم ئالدىكەن. چۇنكى توپلانغان قوشۇن
ھىساپسىز ئىكەن. شۇ يوسۇندا يول يۇرۇپ، رۇم مەملىكىتىگە يېتىپ
بېرىپتۇ. بۇلارنى كورۇش بىلەن شەھەر ۋە قىشلاق خەلقى قوش—
تەنتىنەگە قاراپ قېچىپتۇ. قوستەنتىنە شاھى ھەردوپ بۇ خەۋەرنى
ئاڭلاش بىلەن ئورنىدىن قوزغۇلۇپ، زاتۇد داۋاھى يېنىغا كىرىپتۇ.
چۇنكى، شاھ ئومەر ئىبنى نوئماننى ئولتۇرگەنمۇ شۇ، شاھ قىزى
سەفىيەنى ئېلىپ كەلگەنمۇ شۇ ئىكەن. قېرى دەللە باغدادتىن
ئوغلى رۇم شاھى يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: خوش بول! قىزىڭ
مەلىكە ئەبرىزىنىڭ قىساسىنى ئالدىم. شاھ ئومەر ئىبنى نوئماننى
ئولتۇردىم، سەفىيەنى ئېلىپ كەلدىم، سەن ئەمدى بۇ ۋەقەنى قوس—
تەنتىنە شاھىغا يەتكۇز. قىزى سەفىيەنى ئۇنىڭغا تاپشۇر. ھازىر—
لىنىپ تۇرشىمىزنىڭ زورۇرلىگىنى ئۇنىڭغا ئېيتقىن. قوستەنتىنە
شاھى قېشىغا مەنمۇ بىللە بارىمەن. "مېنىڭچە مۇسۇلمانلار بىز
بىلەن ئۇرۇشقا چىقالمايدۇ" دىگەن ئىدى، ئۇلار يېقىنلىشىپ
كەلگەننى كورۇپ، "ئۇلار كەلگىچە تورۇپ تۇر. ئوزىمىز ھازىرلە—
نىمىز" دەپتۇ رۇم شاھىنىڭ ئانىسى ئوغلىغا. ئۇلارمۇ ئادەم توپلاپ

قورالللىرىنى تەييارلاپ ھازىرلىنىشقا باشلاپتۇ، ئۇلارغا مۇسۇلمانـ
لارنىڭ ئەسكەر توپلاپ كېلىۋاتقانلىغىنى ئاڭلاتقان چاغدا، ئۇلار
تەييارلىنىپ بولغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سېپىنىڭ
ئالدىدا زاتۇد داۋاھىنىڭ ئۇزى مېڭىپتۇ، ئۇلار قۇستەنتىنىيەگە
يېتىپ بارغاندا، ئۇلۇغ شاھ ئەفرىدۇن رۇم شاھى ھەردۇپىنىڭ
كېلىۋاتقانلىغىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. ئەفرىدۇن ئۇنىڭ
ھالىنى، كېلىش سەۋەبىنى سوراپتۇ. شاھ ھەردۇپ ئۇنىڭغا ئانىسى
زاتۇد داۋاھىنىڭ قىلغان ھىيلىلىرىنى، موسۇلمانلارنىڭ شاھى ئۇمەر
ئىبنى نوئماننى ئۇلتۇرگىنىنى، ئۇنىڭ قىزى سەفىيەنىڭ ساقـ
سالامەت ئېلىپ كېلىنگىنىنى تولۇق سوزلەپ بېرىپتۇ. "ھازىر
مۇسۇلمانلار پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى توپلاپ بىزگە قارشى ئۇرۇش
قىلىش ئۇچۈن كەلدى. بىزمۇ ئۇلارغا قارشى بىر كىشىدەك بولۇپ
توپلىنىپ، بىللە قارشىلىق كورسىتىشنى ئىستەيمىز" دەپتۇ.
سوزنىڭ ئاخىرىدا، شاھ ئەفرىدۇن قىزىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىك
خەۋىرىنى ئاڭلاپ، شاھ ئۇمەر ئىبنى نوئماننىڭ ئولگىنىدىنمۇ
بەك خوش بوپتۇ. ئۇزىگە مەدەت سوراش، ئۇمەر ئىبنى نوئماننىڭ
نىمە سەۋەپتىن ئولگەنلىگىنى ئاڭلىتىش ئۇچۈن ھەممە تەرەپكە
ئەلچىلەر ماڭغۇزۇپتۇ. نىسارا ئەسكەرلىرى ناھايىتى تېز، ئارىدىن
ئۇچ ئاي ئوتمەيلا يىغىلىپتۇ. كېيىن ھەر تەرەپتىن پەرەڭلەر
كېلىشكە باشلاپتۇ، نېمىسلار، بەندەقلەر، فىرانسۇزلار ۋە باشقا
ئاق جىنىسقا تەۋە ئەسكەرلەرمۇ يېتىپ كېلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەسـ
كەرلىرى يەر ۋە كوككە سىغماي كېتىپتۇ، ئۇلۇغ شاھ ئەفرىدۇن
ئەسكەرلىرىگە قۇستەنتىنىيەدىن يۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. ئەسكەرلەر
يولغا چۇشۇپ، ئون كۇنگىچە توختىماي يۇرۇپتۇ. ئەسكەرلەرنىڭ

بىر ئۇچى ئەتراپى كەڭ، دەرياسى بار ۋادىغا بېرىپ يېتىپتۇ. ئۇ يەردە ئۈچ كۈن قونۇپتۇ. تۆتىنچى كۈنى تېخى مىگىشقا تەمشەل-مىگەن ئىكەن، ئاسماننى بۇلۇتتەك چاڭ-توزان قاپلاپتۇ. ئارقىدىن بىرەر سائەت ئۆتكەندە چاڭ بېسىلىپ ھاۋا يورۇشۇپتۇ. بايراق كۆتەرگەن ئىسلام ئەسكەرلىرى كۆرۈنۈپتۇ. دولقۇنلىنىپ تېشۋاتقان دېڭىزدەك ھەيۋەتلىك، تۆمۈر كىيىم كىيگەن، ئۇلار خۇددى ئاينى يوشۇرغۇچى بۇلۇتتەك يوپۇرۇلۇشۇپ كېلىشىپتۇ. بىردىنلا ئىككى تەرەپ ئەسكەرلىرى توقۇنۇشۇپ كېتىپتۇ. گويا ئىككى دېڭىز دولقۇنلاپ تاشقاندەك بولۇپ كېتىپتۇ. بىرىنچى بولۇپ جەڭگە كىرگەن كىشى شام ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىغى ۋەزىر دەندان بوپتۇ. ئۇلار ئوتتۇز مىڭ ئاتلىق ئەسكەر ئىكەن. ۋەزىر دەنداننىڭ قېشىدا دەيلەم ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى رۇستەم، تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى بەھرام بار ئىكەن. رۇستەمنىڭ يىگىرمە مىڭ، بەھرامنىڭ يىگىرمە مىڭ ئەسكىرى باشلىقلىرىنىڭ ئارقىسىدىن شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. ئۇلارغا دېڭىز تەرەپتىنمۇ ئەسكەرلەر كېلىپ قوشۇلۇپتۇ. ئېغىر ساۋۇتقا ئورالغان بۇ ئەسكەرلەر، قاراڭغۇ كېچىدە نۇر چېچىپ چىققان ئايدەك، نۇر چېچىپ كېلىشىۋېرىپتۇ. نسارا ئەسكەرلىرى "ئەي ھەزرىتى ئەيسا، ئەي بۈۋى مەريەم" دەپ چوقۇنۇپ ۋاقىرىشىپتۇ. كېيىن ئۇلار ۋەزىر دەندان ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىگە تەڭلىشىپتۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى زاتۇد داۋاھىنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق قىلىنغان ئىكەن. شاھ ئۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە كېڭىشىپ تۇرىدىكەن. نىمە قىلىش ۋە قانداق ئۇرۇش قىلىش، قانداق ئىش كۆرۈش ھەققىدە ئۇنىڭ بىلەن كېڭىشىپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپ تۇرىدىكەن. "بۇ ئۇلۇغ ماجرانىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەۋەپچىسى سەن" دەپ ئۇنى ئېيىپلايدىكەن. "ئەي ئۇلۇغ شاھ، ئەي ھورمەتلىك دانا، مەن شۇنداق بىر ھىلە قىلايكى، شەيتانمۇ بۇ ئىشقا چارە تېپىشتىن ئاجىز كەلسۇن" دەپتۇ دەللە زاتۇد داۋاھى.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



سەكسەن توققۇزىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

"ئەللىك مىڭ كىشىنى كېمىگە چۇشەر. سۇ ئارقىلىق دۇخان تېغىغا قاراپ يۈرسۇن. مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى كەلگىچە شۇ يەردە سىلجىماي تۇرسۇن. كېيىن ئۇلارغا يەنە ياردەمچىلەر كېلەر. بىز ئۇلارغا قۇرۇقلۇقتىن قارشى جەڭ باشلاپ قىسىپ بارىمىز، شۇنداق قىلساق، ئۇلاردىن بىرەر جان ئىگىسى قېچىپ قوتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ."

شاھ ئەفرىدۇن قېرى دەللىنىڭ پىكرىنى ماقۇللاپتۇ. "سېنىڭ پىكرىڭ جايىدا، ئەي ھىلىگەر موماي، ئەي ئادەم ئولتۇرۇش يوللىرىنى ئويلاپ تاپقۇچى كەمپىر" دەپتۇ شاھ. بىراق، ئىسلام ئەسكەرلىرى ھۇجۇمنى باشلىغاچ، ئۇلارنىڭ چېدىرلىرىغا قارىتىپ ئېتىلغان ئوقلار ئادەملەرگە تېگىشكە باشلاپتۇ، قىلىچلاردىن گاڭگىراپ قالغان كىشىلەرمۇ كورۇنۇپتۇ.

كېيىن باغداد ۋە خوراسانىڭ بىر يۈز يىگىرمە مىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى يېتىپ كەپتۇ. ئۇلارغا زۇئۇلماكان قوماندانلىق قىلە-

دىكەن. خۇراسان ئەسكەرلىرى ئۇلارنى كورۇش بىلەن جاللىنىپ، سۇدىن چىقىپ جەڭگە كىرىشىپتۇ، هۇجۇم قىلىشىپتۇ. بۇنى كورۇپ: "ئەي مۇهەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئۇممەتلىرى، شەپقەتلىك قۇماندانلىرىڭىزغا ئىتائەت قىلىپ، ساپ دىللىق بىلەن كاپىرلارغا هۇجۇم قىلىڭىزلار، ئىپلاس دۇشمەننى تار-مار قىلىڭىزلار" دەپ ۋاقىراپتۇ. شۇ چاغدا شەررىكانمۇ يۈز يىگىرمە مىڭ تاللانغان ئاتلىق ئەسكەرلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ، جەڭگە كىرىشىپتۇ. مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى بىر-بىرلىرىگە قوشۇلۇپ، دىللىرىغا جەڭگىۋارلىق ئورنۇشۇپتۇ، كۇچلىرىگە كۇچ قوشۇلۇپتۇ. قىلىچ ۋە نەيزىلەر جالاقلىشىپ توقۇنۇشۇپتۇ، شەررىكان ئەسكەرلەرنى يېرىپ، مىڭ-مىڭلاپ ئەسكەرلەر ئارىسىغا كىرىپ، شىددەت بىلەن ئۇرۇشۇپتۇ. دۇشمەن يەنە ئۇز جايىغا، دېڭىز قىرغىقىغا چېكىنگىچە شۇ يوسۇندا جەڭ قىلىشىپتۇ. نىسارالار ئۇزلىرىنى ئوڭلىيالماي قاپتۇ. زۇئۇلماكان ۋە شەررىكانلار غەلىبە قىلىشىپتۇ. ئۇرۇشتا نىسارالاردىن قىرىق بەش مىڭ كىشى ئولۇپتۇ، مۇسۇلمانلاردىن ئۇچ مىڭ بەش يۈز كىشى قۇربان بوپتۇ. شەررىكانمۇ، زۇئۇلماكانمۇ شۇ كېچىنى ئۇخلىماي ئادەملەرنى ئۇرۇشقا دەۋەت قىلىش بىلەن ئوتكۇزۇپتۇ. قولغا كەلتۇرگەن مۇۋەپپىقىيەتلىرى بىلەن بىر-بىرلىرىنى تەبرىكلەشىپ، يارىدارلارنىڭ كوڭلىنى ئاپتۇ، روهىنى ئوستۇرۇپتۇ. قۇستەنتىنە شاهى ئەفرىدۇن بىلەن رۇم شاهى هەردۇپ ۋە ئۇنىڭ ئانىسى زاتۇد داۋاهىلار ئەسكەر باشلىقلىرىنى يىغىپ، ئۇز ئارا سوهبەتلىشىپتۇ. "بىز ئەلۋەتتە مەقسەتكە يېتىپ كوڭلىمىزنى تېچلاندۇرار ئىدۇق. لېكىن، كوپچىلىكنىڭ ئالدىراقسانلىغى بىزنى يولدىن چىقاردى" دەپتۇ ئارىسىدىن بىرسى. "ئەيساغا چىن

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

كوڭلىڭىزدىن سىغىنىپ، ئىنتىقادىڭىز مۇستەھكەم بولغاندىلا غەلىبە قىلىسىز! — دەپتۇ زاتۇد داۋاھى. — مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىگە پەقەت شەيتان شەررىكان قۇۋۋەت بەردى، بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزنى شەررىكان مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى". "مەن ئەتە بولىدىغان ئۇرۇشتا، ئۇلارنىڭ ئەددۇئىنى بىرىش ئۇچۈن، مەشھۇر باتۇر لۇقا ئىبنى شاملۇتنى مەيدانغا چىقىرىمەن، — دەپتۇ شاھ ئەفرىدۇن، — ئەگەر ئۇ، شەررىكان بىلەن مەيداندا جەڭ قىلسا، شەك يوقكى، ئۇنىمۇ، باشقا باتۇرلارنىمۇ يېڭىدۇ. ئۇلارنىڭ باتۇرلىرىنىڭ بىرەرسىنىمۇ قويمايدۇ. بۈگۈن مەن سىزلەرگە تەۋەررۈك بولغان مۇشۇ ئەترىنى تۇتىمەن". ئەفرىدۇننىڭ سوزىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى مەغرۇرلۇق قاپلاپ، يەرنى سۆيۈپتۇ. چۈنكى بۇ، بۇرۇتۇلغان ئەترە ئۇلۇغ دىنى راھىپنىڭ تېزىكىدىن قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ باتۇرلارنىڭ كۆرىشىگە بېغىشلايدىغان روھى كەيپىياتى چەكسىز ئىكەن. ئۇنىڭغا يېتىشىش ئۇچۈن، ھەممە كىشى ئىنتىلىدىكەن. رۇم پالۋانلىرىنىڭ چوڭلىرى ئۇنى باشقا ئىقلىملاردىن ئىزلىتىپ تاپىدىكەن، شاھلار ئۇنىڭ بىر سەر ئېغىرلىقتىكىسىنى مىڭ دىنارغا سېتىپ ئالىدىكەن. راھىپلار ئۇنى ئاددى ئەترە بىلەن ئارىلاشتۇرىدىكەن. چۈنكى، ساپ ھالدا ئۇنى پۈتۈن مەملىكەتكە يېتىشتۈرۈش تەس ئىكەن، ئايرىم شاھلار ئۇنى كوزىگە سۈرمە قىلىپ تارتىپ، شۇنىڭ بىلەن كېسەللەرنى داۋالايدىكەن. تاڭ يورۇپتۇ. باتۇرلار جەڭگە ئاتلىنىپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ
شەھرىزاد ھىكايىسىنى.


توقسىنىچى كېچە

تاڭ ئاتقاچ باتۇرلار جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. شاھ ئەفرىدۇن ئەڭ يېقىن مىڭ بېشى ۋە ئۇلارنىڭ باتۇرلىرى بىلەن دولەت ئەرباپلىرىنى قىچقىرىپ ئۇلارنى مۇكاپاتلاپتۇ. ئۇلار يۇزىگە بۇت نەقەشىنى سىزىپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە يۇقۇرىدا تەرىپ قىلىنغان خۇشبۇي ئەترە ۋە باشقا ئالى تارتۇقلار تارتىلىپتۇ، لۇقا ئىبنى شاملۇت دېگەن باتۇرنى قىچقىرىپتۇ. ئۇنى "ئەيسانىڭ قىلىچى" دەپ ماختىشىدىكەن. مەخسۇس ئىسرىق سېلىنىپ، ئۇنىڭ پېشانەسىگە ئىسرىقنىڭ كۆلىنى سۇرتۇپتۇ. ھىدلاش ئۇچۇنمۇ ئىسرىق تۇتۇپ، ئۇنىڭ كۆلىنى يۇزىنىڭ ياڭاقلىرىغىچە سۇركەپتۇ. خۇشبۇي بوياق بىلەن ساقال-بۇرۇتىنى بوياپتۇ. رۇمدا لۇقا ئىبنى شاملۇتتىن گەۋدىلىك، كورۇنۇشى ۋەھىمىلىك ئادەم شۇ زاماندا يوق ئىكەن. ئۇقيا ئېتىشتا، قىلىچۋازلىقتا، نەيزىۋازلىقتا ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئوتەلمەيدىكەن. ئۇنىڭ تاشقى كورۇنۇشى ناھايىتى خۇنۇك بولۇپ، يۇزى خۇددى مايمۇنىڭ يۇزىدەك، شەكلى ئىشەكتەك، تۇرقى ئالۋاستىدەك، رەڭگى تۇندەك قارا، نەپەستىن بىرخىل سېسىق بۇي چىقىپ تۇرىدىكەن. قىتغىرلىق ئۇنىڭغا سىڭىپ كەتكەن ئىكەن. ئۇ، شاھ ئالدىدا يەرنى سۇيۇپ ئۇنىڭ پەرمانىغا كوز تىكىپ تۇرۇپتۇ. "سەن، — دەپتۇ شاھ ئەفرىدۇن، — ئەتە مەيدانغا چۇشۇپ ئومەر ئىبنى نوئماننىڭ ئوغلى شاھزادە شەرركان بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇ بالايى-ئەزىمنى بىزنىڭ بېشىمىزدىن كوتەر! مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇ كۆلپەتمىزنى يېنىكلىتىشىڭنى سورايمەن". "خوپ!" دەپتۇ لوقا ئىبنى شاملۇت. شاھ ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە كىرىس نىشانىسىنى سىزىپ، ئۇنى غەلىبە قىلىشقا ئۈندەپتۇ. لوقا شاھ ئەفرىدۇن ئالدىدىن چىقىپ تۇرۇق ئېتىغا مىنىپتۇ، قىزىل كىيىم كىيىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر تۈرلۈك قىممەتباھا تاشلار قادالغان ئالتۇن ساۋۇتنى كىيىپتۇ. ئۈچ قىرلىق نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ، چوچەكلەردىكىدەك يۈزلىرى سەت ئىبلىس تۇسىغا كىرىپتۇ. لوقا ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلغۇچىلار ئۇرۇش مەيدانىغا قاراپ يولغا چۈشۈپتۇ. ئۇلارنىڭ كورۇنۇشى خۇددى كىشىلەرنى ئازاپلاش ئۈچۈن دوزاخقا كېتىۋاتقاندەك، قورقۇنۇچلۇق ئىكەن. ھەر ئىككى تەرەپ سەپ تارتىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار ئارىسىدىكى جارچى ساپ ئەرەپ تىلىدا: "ئەي مۇھەممەت ئۇممەتلىرى، بۈگۈن سىزلەردىن پەقەت بىرلا باتۇرىڭىز — ئىسلامنىڭ قىلىچى، دەمەشقىنىڭ ئەمىرى، شەررىكانىنىڭ ئۆزىلا يالغۇز جەڭگە چىقسۇن!..."

تېخى جارچىنىڭ سوزى تۈگىمەي تۇرۇپلا، مەيدانغا كېلىۋاتقان ھەنىن كۈنىنى① ئەسلەتكۈچى ئات تۇۋېغىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئادەملەر يۈرىگىنى قورقۇنچ بېسىپتۇ. ھەممە كىشى ئاۋاز چىقىۋات-قان تەرەپكە ئېگىشىپ قاراپتۇ. كىشىلەرنىڭ كوز ئالدىدا بىردىن شاھ ئومەر ئىبنى نوئىماننىڭ ئوغلى شاھزادە شەررىكانىنىڭ گەۋ-

---

① ھەنىن كۈنى — مۇھەممەت پەيغەمبەر ئەسكەرلىرى بىلەن بەدەۋى قەبىلىلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ئىسمى. بۇ يەر مەككى-نىڭ يېنىدىكى سەھرا بولۇپ، شۇ نام بىلەن ئاتالغان. بۇ ئۇرۇشتا مۇھەممەت پەيغەمبەر ئەسكەرلىرى يېڭىلگەن.

دىسى پەيدا بوپتۇ. ئۇكىلى زۇئۇلماكان لۇقانى مەيداندا كورۇش بىلەن تەڭ جارچىنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ ئاكىسى شەررىكانغا قاراپتۇ ۋە: "ئۇلار سىنى سوراۋاتىدۇ" دەپتۇ مەيۇسلىك بىلەن. "بۇ مەن ئۇچۇن بەخت!" دەپتۇ شەررىكان. "مەيدانغا شەررىكاندىن باشقا كىشى چۇشمىسۇن!" دىگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ ئادەملەر رۇملۇق باتۇرنىڭ نىيىتى يەر يۇزىنى مۇسۇلمانلاردىن تازىلاش ئىكەنلىگىنى ناھايىتى تىز چۇشۇنۇپ يىتىپتۇ، شۇ چاغدا شەررىكان شىردەك گۇكرەپ كوكرەك كىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا بىرىپتۇ. شەررىكاننىڭ ھۇركىگەك شوخ كىيىكتەك ئوينىاپ تۇرىدىغان ئىتى، لوقانىڭ ئىتىغا قاراپ چاپىچىپ قويۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەن شەررىكان زەھەرلىك ئىلاندەك نەيزىسىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ شۇ شىئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئىتىم جەۋلان قىلسا مەيدان ئىچىدە،
دوشمەنلەر قالىدۇ توزان ئىچىدە.
ئەگەر سالسام رەقىپكە شەمشىرىمنى،
زەربەمدىن تىترەيدۇ جان، ئىچىدە.

* * *

ئاستىمدا ئوينايدۇ، شۇ دەم ئۇچقۇر ئات،
ھەر قاچان ماڭا ئۇ، ئولمەس قوش قانات.
ھەر نەيزەم يۇزىڭگە ئاپەت يەتكۇزەر،
ئولۇمنىڭ ئەلچىسى قولۇڭنى ئۇزات.
ئوقيار ئۇچلىرىنى ھازىر چاقلىدىم،
چاقماقتەك يالتىرار توسالماس پولات.

بۇ شىئىرنىڭ مەزمۇنىنى لۇقا چۇشەنمەپتۇ. ئۇ، يۇزىگە نەقش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىنغان بۇت ھورمىتى ئۇچۇن ئۇنىڭغا چوقۇنۇپتۇ، ئۇنى سۆيۈپتۇ. نەيزىسىنى ئۇينىتىپتۇ. كېيىن ئوقياسىنى شەررىكانغا نىشانلاپ ئېتىپتۇ. ئوزىمۇ شەررىكانغا قاراپ ئېتىلغاندەك ھەيۋە قىپتۇ. ئۇ، ئاتقان ئوق سەھرىلەنگەندەك، كىشىلەرنىڭ كوزىگە كورۇنمەي قاپتۇ. يانى ئىككىنچى قېتىم قولىغا ئېلىپ شەررىكانغا قارىتىپ يەنە ئوق ئېتىپتۇ، ئوق ئوتتەك چاچراپ ئۇچۇپتۇ. ئادەملەر شەررىكانغا بۇ ئوقنىڭ تېگىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا ئېچىنىپ چوقان كوتۇرۇپتۇ. شەررىكان ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئوقنى قولى بىلەن تۇتۇپ ئاپتۇ. ئادەملەر ئۇنىڭ باتۇر ھەم چاققانلىقىدىن ھەيران بوپتۇ. شەررىكان ئۇ ئوقنى ئاسمانغا پىقىرىتىپ ئاتقان ئىكەن، كوزدىن غايىب بوپتۇ. شەررىكان لۇقانىڭ ئىككىنچى ئوقنى يەنە بىر قولىدا چاققانلىق بىلەن تۇتۇپ ئاپتۇ. ئاچچىغى بىلەن: ”يەتتە قەۋەت ئاسماننى ياراتقان تەڭرى ھەققى-ھورمىتى، مەن بۇ مەلئۇنغا پۇتۇن دۇنياغا داڭقى كەتكىدەك بىر ئىش قىلاي!“ لۇقانىڭ ئوزىنىڭ ئوقنى ئۇنىڭ ئوزىگە قارىتىپ ئېتىپتۇ، لۇقامۇ شەررىكاندەك ئوقنى ھاۋادا تۇتۇپ ئالماقچى بولغان ئىكەن، شەررىكان چاققانلىق بىلەن ئىككىنچى ئوقنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئېتىپتۇ. ئوق بېرىپ بۇت نىشانە قىلىنغان پىشانىسىغا سانجىلىپ قاپتۇ. لۇقا ئېبنى شاملۇت ئاتا-بوۋىسىنىڭ يېنىغا قاراپ مېڭىپتۇ، بۇنى كورگەن نىسارالار، دادۇ-پەريات كوتىرىشىپتۇ. يۈزلىرىنى كاچاتلاپ، ساقاللىرىنى يۇلۇپ، راھىپلىرىغا سىغىنىپ يىغلىشىپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.



توقان بىرىنچى كېچە

لۇقا ئىبنى شاملۇتىنىڭ ئۆلگىنىنى كورگەن نىسارالار يۈزلىرىنى تاتىلاپ راھىپلىرىغا سېغى-
نىپ يىغلىشىپتۇ. ئەلەم بىلەن ھەممىلىرى بىرلىشىپ شەرىكانغا قاراپ نەيزە قىلىچلىرىنى
قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ ھۇجۇم قىلىشىپتۇ. ئوتكۇر قىلىچ بىلەن نەيزە قالقانىنىڭ
ئاۋازى مەيداننى بىر ئاپتۇ. جەڭ قىزىپ كېتىپتۇ. ئىككى تەرەپ-
نىڭ ئەسكەرلىرى بىر-بىرلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ
تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بۇ تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى غەزەپ
بىلەن توقۇنۇشۇپتۇ. پالۋانلارنىڭ كوكسىدە ئاتنىڭ تۇياقلىرى
ئوينىپتۇ. ئوتكۇر قىلىچلار، ئۇچ بىسلىق پولات نەيزىلەر ئىشقا
چۈشۈپتۇ. يىگىتلەرنىڭ باشلىرى تېنىدىن ئايرىلىپتۇ. جان ئالغۇ-
چىنىڭ بازىرى قىزىپتۇ. باتۇرلارنىڭ بىلەكلىرى تېلىپتۇ. ئىگىسىز
ئاتلار ھەر تەرەپكە چېپىشىپتۇ. قان كېچىپ پۇتلىرى تېچىرقاپتۇ.
جارچىلار كىشلەرنى توختىماي جەڭگە قىچقىرىپتۇ. كەچ بولۇپ
قاش قارىيىپتۇ. ئەسكەرلەر بىر-بىرىدىن ئايرىلىپتۇ، باتۇرلار
قاتتىق جەڭ ۋە زەربىنىڭ تەسىرىدىن مەيداندىن مەس كىشلەردەك
چايقىلىپ، ئىككى تەرەپكە ئېغىناپ چىقىشىپتۇ. جەڭ مەيدانى
كېسىلگەن باش، چېپىلغان جەسەتلەر بىلەن لىق تولۇپتۇ. تۇيراق
قان بىلەن ئارىلىشىپ قىزىل لايغا ئايلىنىپتۇ. شەرىكان ئۇكسى
زۇئۇلماكان، ھاجىپ ۋە ۋەزىر دەنداندا قاراپ: "نىسارالارنى ھالا-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېكى ئامبىرى

كەت ئىشىكى ئېچىلدى... ئەرەپلەر ۋە ئەجەملىكلەردىن بۇ قازانى كوتەردى. بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلۇغ تەڭرىگە شۈكرى ئېيتىشىمىز كېرەك" دەپتۇ. "سېنىڭ مەلئۇن لوقا بىلەن قىلغان كۆرىشىڭ، ئۇنىڭ ئوقىنى هاۋادا تۇتۇپ ئېلىپ ئۇنى غەپلەتتە قالدۇرۇشۇڭ، — دەپتۇ زۇئۇلماكان ئاكىسى شەررىكانغا قاراپ، — بۇ دۇنيادا ئادەملەر ئاغزىدا ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقىچە داستان بولۇپ خاتىرىدە قالغۇسى." "ئەي هاجىپ ۋە قەيسەر باتۇر — دەپتۇ شەررىكان ساراي باشلىغىغا — سەن ۋەزىر دەندان بىلەن يىگىرمە مىڭ ئەسكەرنى ئېلىپ دەريانىڭ قىرغىقىدىن بىر چاقىرىم يىراقلىقتا جايلاشقىن. دەريا لېۋىگە يەتكىچە ئالدىرا. سىلەر بىلەن دۈشمەن ئارىلىغى ئىككى چاقىرىمدىن ئاشمىسۇن. نىسارالارنىڭ كېمىدىن چۈشۈپ كەلگەنلىرى مەلۇم بولغىچە، خەندەكتە ئۆزەڭگىلارنى يوشۇرۇپ تۇرۇڭلار. بىز بىلەن دۈشمەنلىرىمىز ئارىسىدا نەيزىۋازلىق باشلانغاندىن كېيىن، ئەسكەرلىرىمىز قاچقاندەك بولۇپ ئارقىغا قايتسۇن. شۇ چاغدا ئەسكەرلىرىمىزنى قاچتى دەپ ھىساپلىغان نىسارا قوشۇنلىرى بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ، ھەر تەرەپتىن، دېڭىز بويىدىن، چېدىرلىرىدىن چىقىپ قوغلاشقا كىرىشىدۇ. سىلەر هامان خەندەكتە كۈتۈڭلار، قاچان: "لائىلاهە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا" دېگەن لەۋھە يېزىلغان بايراقنى كۆرگەندە، ۋاقىراپ "ئاللاھۇ ئەكبەر!" دەپ خىتاپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاڭلار! بىرەرسى قالمىغىچە توختىماي جەڭ قىلىڭلار!" "خوپ!" دەپتۇ هاجىپ. ئۇلار شۇ قارارغا كېلىپ هازىرلىق كۆرۈشۈپتۇ. هاجىپ شەررىكاننىڭ ئېيتقىنىدەك قىلىپ، يىگىرمە مىڭ ئەسكەرنى ئېلىپ يولغا چۈشۈپتۇ. تاڭ ئېتىپ دۈشمەن ئەسكەر-

لىرى كورۇنۇپتۇ. ئۇلار قىلىچ يالىڭاچلىغان، نەيزە كوتەرگەن، قورال تاققان، ئاتلارنىڭ بوينىغا بوت ئېسىپ ئالغان ئىكەن. نىسارالار توپە ۋە چوڭقۇرلارغا جايلىشىپتۇ. ئۇلار ھەر تەرەپتىن كەلگەن ئەسكەرلىرىنى دېڭىزنىڭ بويىغا يىغىپتۇ. كېيىن قىلىچ- لىرىنى پاقىرىتىپ ئادەملەر توپ-توپ بولۇشۇپ ئىلگىرى يۇرۇپتۇ. ساۋۇتلار كەيگەن، يېنىدىكى نەيزە-قىلىچلار چاقماقتەك ۋاللىداپ تۇرغان قوراللار ئىشقا چۇشۇشى بىلەن ئولۇم توگمىنى ئادەملەر ۋە ئاتلارنىڭ ئۇستىدە ئايلىنىشقا باشلاپتۇ. باشلار گەۋدىلەردىن ئايرىلىپتۇ. تىللار چاينىلىپتۇ. كوزلەرنى مەڭگۇ قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ. جەڭگە قاتناشقان ھەر بىر نەرسىگە زىيان يېتىپتۇ. قىلىچلار ئىشقا چۇشۇپ كالللار دوملاپتۇ. بىلەكلەر كېسىلىپتۇ. ئاتلار قانغا مىلىنىپتۇ. جەڭچىلەر قورالىرىنى تاشلاپ بىر-بىرىسى- نىڭ ساقاللىرىغا ئېسىلىپتۇ، مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى خۇداغا سېغى- نىپتۇ، پەيغەمبەرنى ئەسلەپتۇ، سالام-سالاۋات ئېيتىپتۇ. نىسارا ئەسكەرلىرى بوت ۋە زۇننارلارغا، راھىپلىرىغا سانا ئېيتىپتۇ. مەدەت سوراپتۇ. زۇئۇلماكان بىلەن شەررىكان ئەسكەرلىرى ئارقىغا چېكىنىشكە باشلاپتۇ. دوشمەنگە بۇ ئىش مەغلۇپ بولۇپ قاچقاندەك تۇيۇلۇپتۇ. نىسارالار مۇسۇلمانلارنى يېڭىلدى، دەپ ئويلاپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا كىرىشىپتۇ. ئولگەنلەر ئات تۇيىغى ئاستىدا قېلىپ يەنچىلىپتۇ. نىسارا جارچىسى: "ئەي ھەققى دىنغا ئىشەنگۇچى ئەيسانىڭ قۇللىرى، ئەي دىنى ئەقىدىلەر پىشقە- دەملىرى، مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى ئۇستىدىن غەلىبە قىلىش سىزلەرگە نېسىپ بولدى. ئۇلار قېچىشقا باشلىدى. يەنە قايتا تىرىلىشلىرىگە، باش كوتۇرۇشلىرىگە يول قويماڭلار! ئايىماي قىلىچ چېپىڭلار! داۋاھ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىق ئارام بەرمەي قوغلاڭلار! بولمىسا بوشۇكتە سوزلىگەن مەريەم ئوغلى ئەيسانىڭ دىنىدىن چېكىنگەن بولىسىلەر" دەپ جار ساپتۇ.

قۇستەنتىنە شاھى ئەفرىدۇن بۇ ئىشنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەتەيىلەپ تەدبىر ئۇچۇن قىلغۇاتقىنىنى چۈشەنمەي، ئۇز ئەسكەرلىرىنىڭ غەلىبىسى دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ، رۇم شاھى ھەردۇپقا ئۇزىنىڭ بۇ غەلىبىسى توغرىسىدا خەۋەر ئەۋەتىپتۇ. خەۋەر ئۇچۇن ئەۋەتىلگەن غەلىبە خېتىگە تۇۋەندىكى سوزنى يېزىپتۇ. "بىزگە پەقەت ئۇلۇغ راھىپ تىزىگىلا ياردەم بەردى. ئۇنىڭ ساقىلى-بۇرۇتلىرى ئارىسىدىن تارقالغان ھىدىنىڭ خاسىيىتى بىلەن بىز غەلىبە قىلدۇق. نىسارا دىنى موجىزىلىرى ۋە مۇبارەك سۇ بىلەن قەسەميات قىلىمەنكى، يەر يۇزىدە بىرەر دىن تالىشىپ ئۇچراشقۇچىنى قويمايمەن. مەن بۇ نىيەتكە سادىقمەن." چاپارمان خەتنى ئېلىپ مېڭىپتۇ. نىسارالار بىر-بىرىگە: "لۇقا ئىبنى شاملۇتنىڭ ئوچىنى ئېلىڭلار" دەپ قىچقىرىپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



توقسان ئىككىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

نىسارالار بىر-بىرىگە: "لۇقا ئىبنى شاملۇتنىڭ ئوچىنى ئېلىڭلار" دەپ ۋاقىرىشاتتى. رۇم شاھى ئەسكەرلىرى بولسا، "مەلىكە ئەبرىزنىڭ ئوچىنى ئېلىڭلار!" دەپ ۋاقىرايتتى. شۇ ۋاقىتتا زۇئۇلماكان: "ئەي خىزمىتىگە لايىق ئىنئاملار ئالغۇچى شاھ دوستلىرى، گۇناكارلارنى قىلىچ

ۋە نەيزە بىلەن ئۇرۇڭلار!» دەپ نەرە تارتىپتۇ. مۇسۇلمانلار نىسارالارغا قارشى قايتىدىن جەڭ باشلاپتۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ جارچىسى: «ئەي مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئۇممەتلىرى، دىن دۈشمەنلىرىگە ھۇجۇم قىلىڭلار! نىمەتلەر، بەرگۈچى ۋە ھەر نەرسىنى كەچۈرگۈچى خۇدا رىزاسى ئۈچۈن جان پىدا قىلىش ۋاقتى يېتىپ كەلدى. ئەي قورقۇنچلۇق كۈنلەردە نىجات تېپىش ئۈمىدىدە بولغانلار، ئەي پالۋانلار، جەڭچىلەر، جەننەتنىڭ ئاچقۇچى قىلىچلىرىڭىزنىڭ بىسىدىدۇر. دۈشمەنلەرنى ئايىماي ئۇرۇڭلار!» دەپ قىچقىرىشتى. شۇ چاغدا، شەررىكان ئۆز قول ئاستىدىكىلەرگە باشچىلىق قىلىپ، نىسارالارغا قايتۇرما ھۇجۇم باشلىدى. ئۇلارنىڭ قاچىدىغان يولىنى توسۇپ قويۇپ ۋە قامالدا قالغانلارنىڭ ئارىسىدا ئات ئوينىتىپ يۈرۈپ، توغرا كەلگەننى قىلىچىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇ چاغدا بىردىنلا قانداقتۇر نىقاپلىق بىر ئاتلىق پەيدا بولۇپ، نىسارا ئەسكەرلىرىنى قىلىچقا تۇتۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ، بىر نەپەستە ھەممە تەرەپنى بېشى تېنىدىن ئايرىلغان جەسەتكە تولدۇرۇپتۇ. دۈشمەن ئۇنىڭ زەربىدىن قور-قۇپ قېچىپتۇ. ئۇ ئىككى قىلىچ (ئۆتكۈر كوز بىلەن كوزنىش، قىلىچ بىلەن چېپىش) بىلەن ۋە ئىككى نەيزە (ئادالەت ۋە تىغ) بىلەن ھۇجۇم قىپتۇ. ئۇنىڭ چاچلىرىنىڭ سانى شۇ ساندىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئورنىنى باسقىدەك كوپ ئىكەن. بۇ ھەقتە بىر شائىر مۇنداق دىگەن ئىكەن:

جەڭ كۈنلىرى ھەتتا بۇرۇتلار بولغاندا قان،
چاچ كۇكۇلىسى يىگىتكە بېغىشلايدۇ جان.
نەيزىۋازلار يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇرسا ئۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دۈشمەنگە نەيزە، دوستلارغا بولىدۇ قالقان.

دىگەن ئىدىم، ـــ ئۇ بېلىگە ئاسقاندا قىلىچ،
ـــ قاراشلىرىڭ يېتىشمەمدۇ بۇ قىلىچقا ھىچ؟
ـــ ئۇتكۇر كوز قاراش ئاشىقلار ئۇچۇن،
ئىشقىسىزلارغا كورسۇتۇر كۆچىنى قىلىچ.

شەررىكان ئۇنى كورۇپ: "كىمسەن! ئەي باتۇرلارنىڭ ئۇلۇغى، خۇدا ھەققى ۋە قۇرئاننىڭ ھورمىتى. ھەممىگە ئىنسان قىلغۇچى تەڭرى سوزى بىلەن قەسەم ئىچىمەنكى، سەن ئوز ئىشلىرىڭ بىلەن ھەركىمنى ئوز ھىممىتىگە مۇناسىپ تەقدىرلىگۇچى شاھىنى خوش قىلدىڭ!" دەپتۇ. ئۇ ئاتلىق يىگىت: "كېچە بىز شۇنداق كېلىشكەن ئىدۇققۇ؟ نىمە ئۇچۇن ئۇنى ئاسانلا يادىڭدىن چىقىرىپ قويدۇڭ؟" دەپ يۈزىدىن پەردىنى ئاپتۇ. قارىسا، ئۇ، ئىنىسى زۇئۇلماكان ئىكەن. شەررىكان ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۇرۇپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ شۇ قالايماقان توپ كىشلەر ئارىسىدا بىرەر زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قېلىشىنى ۋە ئوزلىرىنىڭ قورشاۋ ھالقىسىدا ئىكەنلىگىنى ئويلاپتۇ. باتۇرلارنىڭ ئۇنىڭغا بىپەرۋالىق بىلەن ياكى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قەستەن زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپتۇ. "سەن ئوزەڭنى خەۋپ-خەتەر ئىچىگە تاشلىغانسەن. ئەي شاھ"، دەپتۇ شەررىكان زۇئۇلماكانغا ـــ ئېتىڭنى مېنىڭ ئېتىمنىڭ يېنىغا يېقىنراق ئېلىپ كېلىپ، ماڭا ياندىشقىن. سېنىڭ ئۇچۇن دۈشمەنلەر خەۋپلىك". "جەڭدىمۇ سەن بىلەن بىللە تۇرۇشنى خالايمەن" دەپتۇ زۇئۇلماكان ئاكىسى شەررىكانغا. زۇئۇلماكان ئەسكەرلىرى نىسارالارغا ھۇجۇم باشلاپ، ھەر تەرەپتىن ئۇلارنى

ئوراپ ئاپتۇ. قاتتىق جەڭ قىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇزۇقچىلىق، چوڭچى-لىق ۋە شانۇ-شەۋكەتلىرىنى سۇندۇرۇپتۇ. رۇملۇقلار بېشىغا چۈشكەن بۇ يامان ئاقىۋەتنى كورۇپ، شاھ ئەفرىدۇن قايىغۇغا پېتىپتۇ. ئۇلار ئارقىسىغا قايرىلىپ، كېمىسىگە چۈشۈپ قېچىشنى مولچەرلەشكە باشلىغان ئىكەن. بىردىن دېڭىز قىرغىقىدىن ئۇلارغا قارشى ئەسكەرلەر چىقىپ قاپتۇ. بۇ ئەسكەرلەر توپىنى ۋەزىر دەندان باشقۇرىدىكەن. ۋەزىر دەندان دۈشمەنگە قىلىچ ۋە نەيزىسىنىڭ كۈچىنى تونۇتۇشقا كىرىشىپتۇ. نىسارالار قورشاپ ئېلىنىپتۇ. بىر توپ ئەسكەرلەر كېمىدىكىلەرگە ھۇجۇم قىپتۇ. دۈشمەننىڭ بىر قىسمى ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلاپتۇ. شۇ جەڭدە دۈشمەن ئەسكەرلىرىدىن يۈز مىڭدىن ئارتۇق كىشى ھالاك بوپتۇ. نىسارالارنىڭ چوڭ-كىچىك باتۇرلىرىدىن بىرىمۇ ساق قالماپتۇ. پەقەت يىگىرمە كېمىدىن باشقا كېمىلەرنى پۈتۈن مال-مۈلكى، ياراق-جابدۇقلىرى بىلەن قولغا چۈشۈرۈپتۇ. ئەشۇ يىگىرمە كېمىلا ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ. مۇسۇلمانلار ناھايىتى چوڭ ئولجا-غەنىمەتلەرگە ئىگە بوپتۇ، بۇنداق جەڭنىمۇ، بۇنداق غەنىمەتلەر-نىمۇ، زور كولەملىك ئولجىنىمۇ ئۇلار بۈگۈنكى كۈنگىچە كورۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، قۇلاقلىرىمۇ ئاڭلىمىغان ئىكەن. پەقەت ئاتنىڭ ئۆزىدىنلا ئەللىك مىڭ تۇياقنى قولغا كىرگۈزۈپتۇ. باشقا غەنىمەت-لەرنىڭ سان-سانىغىنى ئالالماپتۇ. مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى غەلىبە ۋە غەنىمەتلەر ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ تەنتەنە قىلىشىپتۇ. بۇلار بۇ يەردە خوشاللىق بىلەن تۇرۇپ تۇرسۇن، قېچىپ قۇتۇلغانلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە سوزلىشەيلى. ئۇلار شۇ قېچىشىدا، ئالدى-ئارقىسىغا قارىماي، ھېچيەردە توختىماي، توپ توغرا قۇستەنتىنىگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېتىپ بېرىپتۇ. ئىلگىرى قۇستەنتىنىيەگە شاھ ئەفرىدۇننىڭ مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى ھەققىدىكى خۇشخەۋەر خېتى يېتىپ بېرىپ، ئۇلارنى خۇشاللاندۇرغان ئىكەن. ئۇلار شەھەرنى غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگۈچىلەرنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن زىننەتلىگەن ئىكەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ھەممە يەردە شاتلىق بەزمىلىرى قۇرۇلغان ئىكەن. ئۇلار نىمە گەپلەر بولىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىكەن. نىسارالارنىڭ شاتلىق كۈنلىرى قايغۇ-ئەلەم ۋە ماتەم-ھازا بىلەن ئالمىشىپتۇ. جەڭدىن قاچقان ئىگىرمە كېمىدىكىلەر نالە-پەرياتلار بىلەن يېتىپ كەپتۇ. ئۇلارنى قۇستەنتىنىيە شاھ ئەفرىدۇن بىلەن قېچىپ كەلگەنلەرنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، شاھ ھەردۇپ بىلەن شەھەر ئاھالىسى سولغۇن قارشى ئاپتۇ. ئۇلار مۇسۇلمانلاردىن يەتكەن كۈلپەتلەرنى سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن شىكايەت قىلىشىپتۇ. ھەممىسىنىڭ دادۇ-پەرياتلىرى ئېشىپ، نالىلىرى كۆككە يېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ، شاھ ھەردۇپنىڭ بېشىغا غەم تېغى يىقىلىپتۇ. ئۇ، بۇ خاتالىقنى تۈزىتىپ بولماسلىقىنى پەملەپتۇ. رومىلۇقلار ئارىسىدا ھەسرەت، ئەلەم كۆچىيىپتۇ. شاھ ئەفرىدۇن شاھ ھەردۇپقا مۇسۇلمانلارنىڭ قىلغان ھىلىلىرىنى، ئۆزىنىڭ مۇشۇ بىللە كەلگەنلەردىن باشقا ئەسكەرلىرىنىڭ قالغاي قىرىلغىنىنى ئېيتىپ تۇرۇپ، ھۇشىدىن كېتىپتۇ. شاھ ھەردۇپ بۇ ئەھۋالدىن قايغۇلۇنۇپ، ئانىسى زاتۇد داۋاھىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



توقسان ئۈچىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

ئەفرىدۇن ھوشىغا كەپتۇ. قارىسا، ھەردۇپ شاھ يوق، ئۇنى ئۇمىتسىزلىك خەۋپى قورشاپ ئاپتۇ. ئۇ، ھىلىمۇ ئازاپ چېكىپ تىترەيدىكەن. ئۇ، قېرى دەللە زاتۇد داۋاھىدىن شىكايەت قىلىشقا باشلاپتۇ. زاتۇد داۋاھى ئۇچىغا چىققان بۇزۇق، سېھىرگەر ۋە جادۇگەر. يالغانچىلىقتا تەڭدىشى يوق، نەيرەڭۋازلىق ۋە ئەخلاقسىزلىقتا تەڭسىز، پىتنە - پاساتتا مىسالى يوق. ۋاپاسىزلىقتا ئوزى تەنھا ھەممىگە تېتىيدىغان، ئاغزى سېسىق پۇراپ تۇرىدىغان، كوزى ئورىدەك چوڭقۇر، قاپىغى ئەتەيلەپ قويۇپ قويۇلغاندەك دوك ۋە پوكاندەك قىزىل ئىكەن. يۈزى يىرگىنەرلىك ئاچ سېرىق، كوزى چاپاق، ئاق - قارا ئىسىرىق دانىسى سېپىلگەندەك داغ چۈشكەن، چېچى كىرپىنىڭ تىكىنىدەك يىرىك ۋە قىسقا ئىكەن. لېكىن ئۇ، ئىسلام دىنى قائىدىلىرىنى ئۈگىنىش ئۈچۈن، مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ كىتاپلىرىنى، ئىسلام تارىخىنى ئوقۇغان ئىكەن. مەككىگىمۇ بارغان، قۇرئانىمۇ تاماملىغان ئىكەن. ئادەملەر مىكرىنى ئۈگىنىش، جىنلار بىلىملىرىنى بىلىش ئۈچۈن، ئەتەيلەپ قۇددۇستا ئىككى يىل تۇرغان ئىكەن. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇ، ئادەملەر ئۈچۈن زور خەۋپ ۋە ئارتۇقچە بالا ئىكەن. ئۇ، ناھايىتى يامان بۇزۇق، ئېتىقادىنىڭ تايىنى يوق، كىم بىلەن يېقىنلاشسا، شۇنىڭ دىنىدا تۇرغۇچى مەككار ئىكەن. ئۇ، كوپرەك ئوغلى

www.uyghurkitap.com

هەردۇپ شاھ يېنىدا، هوردەك قىزلار بىلەن بىللە تۇرىدىكەن. مەلىكە ئەبىرنزە هايات چېغىدا ئۇنى ياقتۇرمايدىكەن. ئۇمۇ مەلىكە بىلەن بىللە تۇرۇشنى خالىمايدىكەن. زاتۇد داۋاهى قىممەتلىك كىيىملەرنى بېرىش ۋە هەرخىل نەرسىلەرنى ئۆگىتىش باناسى بىلەن قىزلارنى ئۆزىگە تارتىشقا تىرىشىدىكەن، مەلىكە ئەبىرنزە ئۇنىڭدىن قېچىپ، دانالار، بىلىملىكلەردىن ئىلىم ئالىدى-كەن. مەلىكە ئەبىرنزىنىڭ بۇ هىلە-مىكىر خالىتىسى بىلەن پۇرچىغى پىشمايدىكەن. بۇ هەقتە بىر شائىر مۇنداق دىگەن ئىكەن:

ئەي، سەن دولەتلىكلەر ئالدىدا بولۇرسەن خار،
كەمبىغەل ئەلنى كورسەڭ، سوزلەشتىن قىلىسەن ئار.
باسالماس ئەترىمۇ سېسىق بۇسىگىنى هىچقاچان، بىلگىن،
پۇل بىلەن ئېيىۋىڭنى يېپىش چارەڭ بولۇر بىكار.

دىگەندەك، مەلىكە ئەبىرنزە ئۇنىڭدىن يىرگىنىدىكەن، ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدىكەن. زاتۇد داۋاهى ئوغلى شاھ هەردۇپنى پەرد-شان كورۇپ، ئۇنىڭ سەۋىۋىنى سوراپتۇ. ئۇ، بولغان جەڭنى ۋە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىغىنى سوزلەپ، ئۇنى شاھ ئەفرىدۇننىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتىپ: "ئەمدى بىزگە راهىپلارغا سىغىنىشنىڭ ئورنى يوق. نام زاتۇد داۋاهنىڭ پىكرى ۋە تەدبىرىگە تايىنىپ ئىش كورۇشتىن باشقا چارە قالمىدى. سەن ئانامنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا يەنە قانداق كۆلپەتلەرنى سالماقچى بولغانلىغىنى ئۇز ئاغزىدىن ئاڭلا!" دەپتۇ. شاھ ئەفرىدۇن زاتۇد داۋاهى تاپقان هىلىنى ئاڭلاپ، كوڭلى خاتىرجەم بولۇپ، قايتىدىن ئەسكەر توپلاشقا كىرىشىپتۇ. ش ئاندىلا ئۇ پۈتۈن نىسارا مەملىكەتلىرىگە شۇ مەزمۇندا خە

يېزىپتۇ: "پۈتۈن ئىسارا دېڭىزىدىكىلەر ۋە پۈتۈن ئەھلى زۇننارلار، خۇسۇسەن قورغان شەھەر كىشىلىرىدىن جەڭگە يارىغۇدەك بىرەر كىشى قالماي، ئاتلىق ۋە پىيادە ھۇزۇرۇمغا يېتىپ كېلىڭلەر! ھەتتا خوتۇنلارمۇ، بالىلارمۇ بۇ ئىشقا ئاتلىنسۇن. چۈنكى، مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى يۇرتىمىزغا ئاياق باستۇرۇپ كەلدى. ھالاكەت ئالدىدىن ئالدىراش ھەركىم ئۈچۈن زورۇر". قېرى زاتۇد داۋاھى ئۆزىنىڭ ھەمرالىرى بىلەن شەھەردىن چىقىپ، ئۇلارغا مۇسۇلمان سودىگەرلىرىنىڭ كىيىملىرىنى كەيگۈزۈپتۇ. ئۇ، ئۆزى بىلەن مەدىنە ئەتلەسلىرى، شايى-زەرباپلىرى ۋە باشقا ماتالىرى ئارتىلغان يۈز خېچىرنى ئېلىپ، شاھ ئەفرىدۇن نامىدىن: "بۇ سودىگەرلەر بىزنىڭ شەھىرىمىز ۋە باشقا بىزگە تەۋە شەھەرلەردە ئۆزلىرى خالىغانچە سودا-سېتىق بىلەن تورىدۇ ۋە يۈرىدۇ. بۇلار بىزنىڭ تەۋەيىمىزدە تۇرغان چاغلىرىدا ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ ئۇلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىكى، ھوكۇمەت ئورۇنلىرى يولسىزلىق بىلەن باج ۋە جېرىمانە ئالماسلىقلىرى زورۇر. چۈنكى، مەملىكەتنىڭ ئاۋاتلىغى سودىگەرلەر بىلەندۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار ھەربىلەرمۇ ئەمەس، پىتنە-پاساتچىلارمۇ ئەمەس، قاچان ئۆزلىرىنىڭ سېتىپ ئالغان ماللىرىنى ئېلىپ يۇرتلىرىغا قايتسا، ئۇنىڭغىمۇ دەخلى قىلماسلىغى، يوللاردا توسۇلماسلىغى لازىم" دىگەن خەتنى ئېلىپ، ھەمرالىرىغا: "مەن مۇسۇلمانلار ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىنى ئالداپ ھالاك قىلىش ئۈچۈن ھىلە قىلماقچىمەن" دەپتۇ زاتۇد داۋاھى. ھەمرالىرى ئۇنىڭغا: "خالىغىنىڭىزنى قىلىڭ! سىز نىمىنى بۇيرىسىڭىز، بىز شۇنى ئورۇنداشقا تەييار. ھەزرىتى ئەيسا ئىشىڭىزغا ئوڭۇشلۇق بىلەن

مەدەت بەرسۇن" دېيىشىپتۇ. قېرى زاتنىڭ داۋاھى ئاق يۈگدىن قىلىنغان كىيىم كىيىپتۇ. پېشانىسىنىڭ چوڭ بىر تامغا ئورنىدەك يېرىگە بىر خىل ياغنى سۈركەپ ئۈگىلەپتۇ. ئاخىر ئۇ يەردىن پاقىراپ نۇر چىقىپ تۇرىدىغان بوپتۇ. بۇ نۇر ھەركىمگە كۆرۈنىدىغان ھالغا كەپتۇ. مەلئۇننىڭ كۆزلىرى ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان، ئۆزى ئورۇق-ئۇستىخان ئىكەن. ئۇ ئىككى ئايىغىنىڭ ئۇشۇغىدىن يۇقۇرىسىغا ئىشكال سالپتۇ. كېيىن ئىشكالنى ئالغان ئىكەن، پۇتىدا ئۇنىڭ ئىزلىرى قاپتۇ. بۇ ئىزنىڭ ئۇستىگە ئەجدىھارنىڭ قېنىنى سۈركەپتۇ. كېيىن ئۇ، ھەمراللىرىغا قاراپ: "مېنى ئاۋال راسا ساۋاڭلار، ئاندىن ساندۇققا سېلىڭلار! باشقا ماللار قاتارىدا خېچىرغا ئارتىڭلار!" دەپ بۇيرۇپتۇ. "سەن بىزنىڭ شاھىمىزنىڭ ئانىسى تۇرساڭ، قانداق قىلىپ سېنى ئازاپلاپ ئۇرىمىز" دېيىشىپتۇ ئۇلار. "زۇرۇرىيەتنى بېجىرگۈچىلەر ئۈچۈن خەۋپمۇ يوق، زىيانمۇ بولمايدۇ. زۇرۇرىيەتنى ئوتەش ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشنى قىلىش مۇمكىن،— دەپتۇ ئۇ قېرى،— ساندۇققا سالغاندىن كېيىن، كوتىرىپ ئېلىپ بېرىپ، مالالار قاتارىدا خېچىرغا ئارتىڭلار! مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى تەرەپكە يۇرۇڭلار! ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىدىن، سوزلىرىدىن قورقماڭلار! مۇسۇلمانلاردىن بىرەرسى قارشىلىق قىلسا، خېچىرلارنى ۋە پۈتۈن ماللارنى تولۇغى بىلەن ئۇلارغا تاپشۇرۇڭلار! ئوزىڭىزلەر شاھ زۇئۇلماكاننى ئىستەپ تېپىپ بېرىپ، ئەرزە قىلىڭلار! ئۇنىڭدىن ياردەم سوراڭلار. بىز نىسارالار شەھرىدە تۇرغىنىمىزدا، ھېچكىم بىزدىن ھېچقانداق جىزىمانە ئالمىغان ئىدى. تېخى بىزگە ھېچكىمنىڭ دەخلى قىلماسلىغى توغرىسىدا رۇخسەتنامە يېزىپ بەرگەن ئىدى. قانداق قىلىپ

سىلەر بىزلەرنىڭ ماللىرىمىزنى ئالماقچى بولسىلەر؟ دەپ، ماللىرىڭلارغا ھېچكىمنىڭ كۆز ئالايتماسلىقى توغرىسىدىكى مانا بۇ رۇخسەتنامىنى كۆرسىتىڭلار. "سودا ئۈچۈن رۇمدىن قانداق مال ئېلىپ كەلدىڭىزلەر؟" دەپ سورىسا، سودا مېلىمىز ئون بەش يىل يەر ئاستىدا ئازاپ تارتقان بىر ئۇلۇغ كىشىدۇر. ئۇ، بىچارە شۇنچە زاماندىن بېرى ئادەملەردىن ياردەم سورىغان. كاپىرلار ئۇنى قويۇپ بېرىش ئورنىغا ئارتۇقچە ئازاپ بېرىشكە ئۇرۇنغان. كۆپ يىللاردىن بېرى قۇستەنتىنىيەدە ئۆز كەسپىمىز بولغان ئالدى ـ ساتتى بىلەن ئاۋارە بولۇپ قېلىپ، بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىدۇق. شۇ كېچە يۇرتىمىزغا قايتىش سەپىرى توغرىسىدا كېڭەشتۇق. تاڭ ئاتقاندا تامدىكى بىر سۈرەتكە كۆزىمىز چۈشتى. ئۇنىڭغا يېقىنراق باردۇق. ئۇ، جانلىق كىشىدەك ھەركەت قىلىپ: "ئەي مۇسۇلمانلار، ئارىڭىزدا خۇدا يولىدا ياخشىلىق قىلغۇچى بىرەر كىشى يوقمۇ!؟" دەپ سورىدى. "ئۇ نېمە دېگىنىڭ؟" دەپ سورىدۇق بىز. سۈرەت يەنە سۆزگە كەلدى: "خۇدا ماڭا ئىشەنچ-كىلارنى مۇستەھكەملەش ۋە دىنىڭىزلار توغرىسىدا ئويلاشقا مەجبۇر قىلىش ئۈچۈن تىل بەردى. سىزلەر كاپىرلار تەرىپىدىن چىقىپ، مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى تەرەپكە مېڭىڭىزلار. چۈنكى، ئۇ يەردە ئۆز زامانىسىنىڭ باتۇرى مەرھەمەتلىك شەررىكان ۋە شاھ زۇئۇلماكان بار. ئۇلار قۇستەنتىنىيەنى ئىشغال قىلغۇچى ۋە پۈتۈن نىسارا دىنىدىكىلەرنى ھالاك قىلغۇچىدۇر. سىزلەر ئۈچ كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، مەترۇخەننى دېگەن بىر ۋادىغا يېتىسىزلەر. شۇ ۋادىدا بىر ھۇجرا بار. خالىس نىيەت بىلەن قولدىن كېلىشىچە ئۇ يەرگە كىرىشكە ھەركەت قىلىڭىزلار. ئۇ يەردە ئابدۇللا ئىسىم-

www.uyghurkitap.com

لىك قۇددۇسلۇق بىر دىندار كىشى بار. ئۇ كىشى ئەڭ زور دىندار بولۇپ، كارامەت كورسىتىدۇ. ھەر قانداق گۇمانلارنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ. ئۇنى بىر راھىپ ئالداپ، يەر ئاستىغا قاماپ قويغان. بىچارە ئۇ يەردە كوپ ۋاقىتلاردىن بېرى ئارام ئالالماي. ئازاپلىنىپ كەلمەكتە. ئۇنى قۇتقۇزۇش دىن يولىدىكى ئەڭ ساۋاپلىق ئىشتۇر!" دىدى دەڭلار. شەرىكان سوزلىرىڭىزنى دىققەت بىلەن ئاڭلاشقا مايىل بولغاندا. "سۇرەتتىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ. ئۇنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ دىندار ئىكەنلىگىگە، ئىبادەتكار ئىكەنلىگىگە ئىشىنىپ، ئېتىقادىمىز كۈچەيدى" دەڭلار.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



توقسان توتىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

قېرى ھەمرالرىغا گەپ ئۇگىتىپ سوزىنى داۋام قىلدى: ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ، ئۇنىڭ دىگەن ۋادىسىغا يەتتۇق. بۇرۇلۇپ، ئۇ ھۇجرا تەرەپكە يول سالدۇق. كوندۇز كۈنى ئۇ يەردە سودىگەرلەر بىلەن ئادەتتىكىدەك ئالدى-ساتتى ئىشلىرىنى ئېلىپ باردۇق. كەچكىرگىچە يۇقۇردا ئېيتىلغان ھۇجرىنى ئىستەپ تېپىپ، ئۇنىڭ يېنىغا جايلاشتۇق. قۇددۇسلۇق دىندار قۇرئان سۇرىلىرىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، شۇ شېرنى ئوقىدى:

بۇ يۇرتتا مەن غېرىپ-مىسكىن سۇپەت بىچارىمەن،

بۇت پەرەستلەر قولىدا، ئازاپ ئىچىدە خارىمەن.
يوق ماڭا غەمگە شېرىك بولغۇچى بىر دوس غەمگۇزار،
يالغۇزلىقتىن قاتتى باش، زىنداندىمەن ئاۋارىمەن.

• • •

سەۋرى قىل دىسەم دىلىمغا، دەيدۇ: "كوكسۇم ناھايىتى تار"،
بۇ دىلىمدا غەم-ئەلەملەر گويا دېڭىزدەك مەۋج ئۇرار.
يەتسۇن ئەجەل، قۇتۇلۇشىنىڭ يولى ئەگەر يار بولمىسا،
بۇ ئازاپتىن ھەر زاماندا ئۆلگەن ياخشى يۈز مىڭ قاتار.
چاقماق! ئەگەر ئۆلكەمگە بېرىپ كورسەڭ خەلقىمنى،
سەنمۇ نۇرسىزلىنىسەن شۇنداق پارلاق ئۇ دىيار.

•

ئۇچرۇشۇش مۇمكىن ئەمەس، ئۇرۇش، نىزا، يوللار توسۇق،
كويۇپ خانۇ-مانىمىز سارغايدى بۇ گۇلدەك دىدار.
سالامىمنى بېرىپ يەتكۈز، دوستلىرىمغا ئۇ يەردە،
مەن كىشەندە ياتارمەن رۇم شەھرىدە بولۇپ خار.

"مەن مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى يېنىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۇلارغا قانداق ئويۇنلارنى كورستىشىمنى، بىرەرسىنىمۇ تىرىك قالدۇرماي ھالاك قىلىشىمنى تاماشا قىلىڭلار!" دەپتۇ قېرى دەللە. قېرىنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ، نىسارالار ئۇنىڭ قول-پۇتلىرىنى سۇيۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن، ئاۋال راسا ساۋاپتۇ. ئاندىن ئۇنى ساندۇققا سېپتۇ. چۇنكى، ئۇنىڭ دىگەنلىرىنى قىلىشنىڭ زورۇرلىگىنى ھەمرالىرىمۇ چۇشۇنۇپتۇ. بۇ كارۋان مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. زاتۇد داۋاھى ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى ئۇز يولىدا مېڭىپ تۇرسۇن. مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى توغرىسىدا سوزلىشەيلى! ئۇلار نىسارا ئەسكەرلىرى ئۇستىدىن

غەلىبە قازىنىپ، ئۇرغۇن كېملەردىكى غەنىمەتلەرگە ئىگە بوپتۇ. ئۇز ئارا سوھبەتلىشىپتۇ. زۇئۇلماكان ئاكىسى شەررىكانغا: "بىز بىر-بىرىمىزگە بوي سۇنۇپ، ئۇزئارا ئىتتىپاقلىق بىلەن مەسلەھەتلىك ئىش قىلغىنىمىز ئۈچۈن، ئادالەت بىلەن ئىش كورگىنىمىز ئۈچۈن، خۇدا بىزلەرگە غەلىبىنى نېسىپ قىلدى. ئەمدى خۇدا ھەققى سەن مېنىڭ پەرمانىمغا ئىتائەت قىل!" دەپتۇ. "ساڭا ھورمەت بىلەن شۇنى ئىشەندۈرۈپ ئېيتايكى، — دەپتۇ شەررىكان، — سەن نىمىگە ئىشارەت قىلساڭ، مەن شۇ ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندايمەن، — ئۇ، ئۇكىسى زۇئۇلماكانىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ، — ئەگەر خۇدا ساڭا ئوغۇل بەرسە، قىزىم قۇزىيە پاكانىنى ساڭا كېلىنلىككە بېرەتتىم". زۇئۇلماكان بۇ سوزنى ئاڭلاپ، خوش بوپتۇ. شۇ سوزلەردىن كېيىن، ئۇلار بىر-بىرىنى دۈشمەنلەر ئۈستىدىن بولغان غەلىبە بىلەن تەبرىكلەپتۇ. "بىز، — دەپتۇ ۋەزىر دەندان زۇئۇلماكان بىلەن شەررىكانغا، — قېرىنداش-ئۇرۇقتىن، ۋەتەندىن ئايرىلىپ ۋە جېنىمىزدىن كېچىپ، بارلىقىمىزنى خۇدا يولىغا ھەدىيە قىلغىنىمىز ئۈچۈن، خۇدا بىزگە غەلىبە ئاتا قىلدى. مېنىڭ پىكرىمچە، بىز بۇ يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز، دۈشمەننى تار-مار قىلىشىمىز زورۇر. ئۈمىت شۇكى، خۇدا تىلىكىمىزنى بېرەر. دۈشمەننى ئۇز يېرىدە ھالاك قىلارمىز. ئەگەر قارشى بولمىسىڭىزلار، شۇ كېمىگە ئولتۇرۇپ، سۇ بىلەن يۈرۈڭلار! بىز قورۇغلۇقتىن بارىمىز. دۈشمەنگە قارشى چىدامىلىق بىلەن كۈرەش ئېلىپ بارىمىز." كېيىن ۋەزىر دەندان ئۇلارنى ئۇرۇشقا قىزىقتۇرۇپ، شائىرنىڭ شۇ شېئىرىنى ئوقۇپتۇ:

بۇ جەڭدە قىلىمىز دۈشمەن بېشىنى جۇدا،

ۋە يا كېلىدۇ بىزگە ئۇلاردىن قازا.
يا ئېلىشقا، يا بېرىشكە تۇرايلى باشنى،
بۇنىڭدىن باشقا يوقتۇر مۇددىئا.

* * *

دۇنيادا ئەڭ ياخشى ئىش ــ دۈشمەننى قىلماقتۇر هالاك،
خۇددى شامالدەك ئات مىنىپ، دۈشمەن بېشىغا بول بالا.
ياكى يارىڭدىن خەۋەر كەلتۈرسە بىر ياخشى كىشى،
يا ئۆزى كەلسە، ئاڭا سەن جان پىدا قىل دىلرىبا.

باشقا بىر شائىر ئېيتقاندەك:

جاهاندا تا تىرىكمەن، ئۇرۇش مېنىڭ ئانامدۇر...
نەيزە ئاكا، ئوق ئىنىم، قىلىچ مېنىڭ ئاتامدۇر...
ئۇلۇمگە تىك قارايمەن، كۈلۈپ قارشى ئالىمەن...
تىلىگىم شۇدۇر هامان، قورقۇش ماڭا هارامدۇر!...

ۋەزىر دەندان شېرىنى تۇگىتىپ: "بىزگە قۇۋۋەت بېرىپ، شۇنچە ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى يەتكۈزگەن زاتقا شۈكرى... ۋە شان-شەرەپلەر ياغسۇن!" دەپتۇ. زۇئۇلماكان ئەسكەرلىرىگە "ئاتلىنىڭلار!..." دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ. ئۇلار تېزلىك بىلەن قۇستەنتىنىيەگە قاراپ مېڭىپتۇ. بىر چاغدا ئۇلار كەڭرى بىر چىمەنزارغا يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ چىمەنزاردا هەرخىل ئاجايىپ شوخ هايۋانلار ۋە كىيىكلەر بار ئىكەن. ئەسكەرلەر ئۇزاق يول يۈرگەشكە، سۇلىرى تۈگىگىنىگە ئالتە كۈن بولغان ئىكەن. ئۇلار بۇ چىمەنزاردا ئويناپ، ئېقىپ تۇرغان بۇلاقلارنى، پىشىپ يېتىشكەن مېۋىلەرنى كورۇشۇپتۇ. دەرەخلەرمۇ تازا رەتلىك تىكىلگەن، كوكچەم ۋە شاخلىرىمۇ هەر تەرەپكە بوي تارتقان بولۇپ، بۇ چىمەنزارغا زىننەت بېرىپ تۇرىدىكەن. بۇ چىمەنزار تامامەن جەننەت باغچىسىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوخشايدىكەن. باغچىدا ئۇچقان يېقىملىق، يۇمشاق شامال تەنلەرگە ئارام ۋە ھۇزۇر بېغىشلاپ، جاننى ئويىنىتىدىكەن. ئۇنىڭ كورۇنۇشى كىشىنىڭ ئەقلىنى ھەيرانلىقتا قالدۇرىدىكەن. بۇنداق جايلار ھەققىدە شائىر مۇنداق دەپ شېئىر يازغان ئىكەن:

ھاۋاسى يېقىملىق، سەھنىسى چىمەن،
كوزنى قاماشتۇرار دەرەخ، گۈل دىگەن.
جاھاننى ياڭرىتار تۇتىلار ئۈنى،
بۇلبۇللار سايرىشۇر شوخ سادا بىلەن...

* * *

ئېقىل ھەيران، بەك چىرايلىق، گۈزەل بۇ يەر، تەبىئەت —
يېشىل گىلەم توقۇپ يازغان چىمەن ئىچرە ھۆسنى خەت...
كوز قامىشار، دىل باغلىنار، مەپتۇن قىلار ھەركىمنى،
دولقۇنلىنار مۇنسى. سۈيى شەرۋەت كول پەقەت.
بۇندا دەرەخ سايىسى نەگە بارساڭ بېشىڭدا،
چۇرۇقلۇشۇپ سايرىشىپ، دەيدۇ:
— كەلگىن بول ئۈلپەت.

بۇ ھەقتە باشقا بىر شائىر مانا بۇنداق دەپ يازغان ئىكەن:

كول پارقىرار جانانىمنىڭ يۈزىدەك...
چېچى ئىبرۇر مەجنۇن تاللار سايىسى...
قاش تېشى بىلەيزۇكتەك تالنىڭ شېخى،
ئەتراپى سۇ، كورۇنمەيدۇ دالىسى.
بۇ يەرنىڭ ھوسنى شۇنچە چىرايلىق،
گويا جەننەت بۇ گۈلشەنلەر ۋادىسى.

زۇئۇلماكان سېپ تارتقان دەرەخلەر، كوزلەرنى قاماشتۇرغۇچى گۈللەر، كىشىلەرنى مەس قىلغۇچى خوش ئاۋازلىق نەغمىچى قۇشلار ئۇچۇپ يۇرگەن بۇ چىمەنزارنى كورۇپ، ئاكىسى شەررىكانـ

ۋە يا كېلىدۇ بىزگە ئۇلاردىن قازا.
يا ئېلىشقا، يا بېرىشكە تۇرايلى باشنى،
بۇنىڭدىن باشقا يوقتۇر مۇددىئا.

* * *

دۇنيادا ئەڭ ياخشى ئىش — دۇشمەننى قىلماقتۇر ھالاك،
خۇددى شامالدەك ئات مىنىپ، دۇشمەن بېشىغا بول بالا.
ياكى يارىڭدىن خەۋەر كەلتۈرسە بىر ياخشى كىشى،
يا ئۆزى كەلسە، ئاڭا سەن جان پىدا قىل دىلرەبا.

باشقا بىر شائىر ئېيتقاندەك:

جاھاندا تا تىرىكمەن، ئۇرۇش مېنىڭ ئانامدۇر...
نەيزە ئاكا، ئوق ئىنىم، قىلىچ مېنىڭ ئاتامدۇر...
ئۆلۈمگە تىك قارايمەن، كۈلۈپ قارشى ئالىمەن...
تىلىگىم شۇدۇر ھامان، قورقۇش ماڭا ھارامدۇر!...

ۋەزىر دەندان شېرىنى تۈگىتىپ: "بىزگە قۇۋۋەت بېرىپ، شۇنچە ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى يەتكۈزگەن زاتقا شۈكرى... ۋە شان ـ شەرەپلەر ياغسۇن!" دەپتۇ. زۇئۇلماكان ئەسكەرلىرىگە "ئاتلىنىڭلار!..." دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ. ئۇلار تېزلىك بىلەن قۇستەنتىنىيەگە قاراپ مېڭىپتۇ. بىر چاغدا ئۇلار كەڭرى بىر چىمەنزارغا يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ چىمەنزاردا ھەرخىل ئاجايىپ شوخ ھايۋانلار ۋە كىيىكلەر بار ئىكەن. ئەسكەرلەر ئۇزاق يول يۈرگەشكە، سۇلىرى تۈگىگىنىگە ئالتە كۈن بولغان ئىكەن. ئۇلار بۇ چىمەنزاردا ئويناپ، ئېقىپ تۇرغان بۇلاقلارنى، پىشىپ يېتىشكەن مېۋىلەرنى كورۇشۇپتۇ. دەرەخلەرمۇ تازا رەتلىك تىكىلگەن، كوگچەم ۋە شاخلىرىمۇ ھەر تەرەپكە بوي تارتقان بولۇپ، بۇ چىمەنزارغا زىننەت بېرىپ تۇرىدىكەن. بۇ چىمەنزار تامامەن جەننەت باغچىسىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوخشايدىكەن. باغچىدا ئۇچقان يېقىملىق، يۇمشاق شامال تەنلەرگە ئارام ۋە ھۇزۇر بېغىشلاپ، جاننى ئويغىتىدىكەن. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى كىشىنىڭ ئەقلىنى ھەيرانلىقتا قالدۇرىدىكەن. بۇنداق جايلار ھەققىدە شائىر مۇنداق دەپ شېئىر يازغان ئىكەن:

ھاۋاسى يېقىملىق، سەھنىسى چىمەن،
كۆزنى قاماشتۇرار دەرەخ، گۈل دېگەن.
جاھاننى ياڭرىتار تۇتىلار ئۈنى،
بۇلبۇللار سايرىشۇر شوخ سادا بىلەن...

* * *

ئېقىل ھەيران، بەك چىرايلىق، گۈزەل بۇ يەر، تەبىئەت —
يېشىل گىلەم توقۇپ يازغان چىمەن ئىچرە ھۆسنى خەت...
كۆز قاماشار، دىل باغلىنار، مەپتۇن قىلار ھەركىمنى،
دولقۇنلىنار مۇسى، سۈيى شەرۋەت كۆل پەقەت.
بۇندا دەرەخ سايىسى نەگە بارساڭ بېشىڭدا،
چۇرۇقلىشىپ سايرىشىپ، دەيدۇ:
— كەلگىن بول ئۇلپەت.

بۇ ھەقتە باشقا بىر شائىر مانا بۇنداق دەپ يازغان ئىكەن:

كۆل پارقىرار جانانىمنىڭ يۈزىدەك...
چېچى ئېرۇر مەجنۇن تاللار سايىسى...
قاش تېشى بىلەيزۈكتەك تالنىڭ شېخى،
ئەتراپى سۇ، كۆرۈنمەيدۇ دالىسى.
بۇ يەرنىڭ ھوسنى شۇنچە چىرايلىق،
گويا جەننەت بۇ گۈلشەنلەر ۋادىسى.

زۇئۇلماكان سەپ تارتقان دەرەخلەر، كۆزلەرنى قاماشتۇرغۇچى گۈللەر، كىشىلەرنى مەس قىلغۇچى خوش ئاۋازلىق نەغمىچى قۇشلار ئۇچۇپ يۈرگەن بۇ چىمەنزارنى كۆرۈپ، ئاكىسى شەررىكان-

غا: "بۇنداق گۈزەل مەنزىرىلىك، كېلىشكەن جاي دەمەشىقتىمۇ يوق. بۇ يەرگە چۈشۈپ، ئۈچ كۈن دەم ئېلىپ تۇرۇپ، ئەسكەرلەرگە ئارام بەرسەك، ئۇلارمۇ هاردۇغىنى چىقىرىپ، نىسارالارغا قارشى يەنىمۇ كۈچلۈكرەك هۇجۇم قىلىشلىرى مۇمكىن" دەپتۇ. ئۇلار باغچىدەك بىر چىرايلىق كېلىشكەن يەرگە چۈشۈپتۇ. ئەسكەرلىرىگىمۇ شۇ يەرلەرگە جايلىشىپ دەم ئېلىشقا پەرمان بېرىپتۇ. هەممىلىرى جايلىشىپتۇ. شۇ چاغدا، ئۇزاقتىن قوڭغىراق ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. زۇئۇلماكان بۇ ئاۋاز توغرىسىدا سۈرۈشتۈرگەن ئىكەن، "شاملىق سودا كارۋانلىرى، ئۇلارمۇ دەم ئېلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە چۈشكەن ئىكەن، ئېھتىمال، ئەسكەرلەرگە دۇچ كېلىشكەندۇر ياكى بىرەرسى ئۇلارنىڭ ماللىرىنى تالىغاندۇر. چۈنكى، ئۇ سودىگەرلەر نىسارالار يۇرتىدىن كېلىۋاتقان ئىكەن" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن، سودىگەرلەر يىغىلىشىپ، زۇئۇلماكانغا ئەرزە قىلغىلى، ئۇنىڭدىن ياردەم سورىغىلى كېلىشىپتۇ. زۇئۇلماكان ئۇلارنىڭ ئەرزىلىرىگە ئادىللىق بىلەن قۇلاق ساپتۇ: "ئەي شاھ، بىز كاپىرلار شەھرىدە تۇرغان چېغىمىزدا، كاپىرلار بىزنىڭ نەرسە-كېرەكلىرى-مىزنى ئالمىغان ئىدى، بەلكى ئەركىن سودا قىلىشقا يول قويغان ئىدى. ئەمدى ئۆز دىنىمىزدىكىلەر ئىچىگە كەلسەك، ئۆز بۇرادەر-لىرىمىز، نىمە سەۋەپتىندۇر بىلمەيمىز، مېلىمىزنى تارتىپ ئالدى؟!... ئەسكەرلىرىمىزنى كورۇپ، ئۇلارغا يېقىنلاشقان ئىدۇق، لېكىن ئۇلار بىزلەرگە دىنسىزلاردىنمۇ يامان مۇئامىلە قىلدى" دەپتۇ سودىگەرلەر يانلىرىدىن قۇستەنتىنە شاهى ئەفرە-دۇن يېزىپ بەرگەن رۇخسەتنامىنى ئېلىپ كورسىتىپ تۇرۇپ.

شەررىكان خەتنى ئېلىپ ئوقۇپ: "ماللىرىڭلارنى قايتۇرىمىز. لېكىن، سىلەر بۇندىن كېيىن كاپىرلار يۇرتىغا مال ئېلىپ بارما-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىغىنىڭلار شەرت" دەپتۇ. "ئەي خوجىمىز — دېيىشىپتۇ سودىگەرلەر شەھرىكانغا، — خۇدا بىزنى ئۇ تەرەپلەردە ھېچكىم يېتىشەلمىگەن ۋە ھەتتا سىزمۇ شۇ ئۇلۇغ غازاتتا قولغا كىرگۈزەلمىگەن مۆۋەپپىقىيەتلەرگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىكەن." "ئۇ، قانداق مۆۋەپپىقىيەت؟" دەپتۇ شەھرىكان. "بىز ئۇنى خالى ئورۇندا سۆزلەپ بېرىشىمىز مۇمكىن. بولمىسا، بۇ ئىش ئادەملەر ئارىسىغا تارقىلىپ كېتىپ، ئۇنىڭدىن بىرەر غەيرى كىشى خەۋەردار بولۇپ قالسا، رۇمغا بارغۇچى ھەربىر مۇسۇلماننىڭ يولىنىڭ توسۇلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن" دەپتۇ. سودىگەرلەر لەنىتى زاتۇد داۋاھى سېلىنغان ساندۇقنى كۆتىرىشىپ ئېلىپ كەپتۇ. زۇئۇلماكان بىلەن شەھرىكان ئۇلارنى خالى جايغا باشلاپ كىرىپتۇ. سودىگەرلەر ئۇلارغا ساندۇق ئىچىدىكى زاھىت ۋەقەسىنى ئېيتىشىپتۇ ۋە ئۆزلىرىنى تۇتالماي يىغلاپتۇ. زۇئۇلماكان بىلەن شەھرىكانمۇ ئۇلارنىڭ يىغىسىغا قوشۇلۇپ يىغلاپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



توقسان بەشىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

سودىگەرلەر سۆزلىگەندىكى رۇملۇقلار ھىلىگەر قېرى زاتۇد داۋاھى ئۆگەتكەن ھەممە گەپلەرنى تولۇق ئۆز جايىدا ئېيتىپتۇ. شەھرىكاننىڭ دىلى يۇمشاپ، مېھرى - شەپقەت ھىسلىرى قوزغۇلۇپتۇ. ئۇ: "زاھىدنى قۇتقازدىڭىزلارمۇ ياكى ئۇ تېخى ھامان شۇ يەردىمۇ؟" دەپ سوراپتۇ

سودىگەرلەردىن. "قۇتقازدۇق. ئۆزىمىز قورقۇپ ۋادى باش-
لىغىنى ئۆلتۈردۇق. كېيىن يەنە بىرەر يامان ھادىسە يۈز
بەرمەسلىكى ئۈچۈن قېچىشقا ئۇرۇندۇق. كىشلەر: "بۇ يەردە
ئالتۇن، كۈمۈش ۋە باشقا قىممەتلىك گەۋھەرلەر ھېساپسىز
كوپ، دەپ خەۋەر قىلىشتى" دېيىشىپتۇ. ساندۇقنى ئېچىپ ئۇنىڭ
ئىچىدىن زاتۇد داۋاھىنى ئاپتۇ. ئۇ زەنجىرلەر بىلەن باغلانغانلىغى
ئۈچۈن، ئورۇقلاپ قارىيىپ كەتكەندەك ئىكەن. ئۇنى كورۇپ
زۇئۇلماكان ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى كىشلەر: "بۇ، ئەلۋەتتە ئەڭ زور
زاھىد ۋە ئۇلۇغ دىندار كىشى بولسا كېرەك" دەپ ئويلاپتۇ. چۈنكى،
پىشانىسىنىڭ ياغ سۈركىگەن يېرى پاقىراپ نۇر چېچىپ تۇرىدى-
كەن. كىشلەر ئۇنى كورۇپ، ئىخلاسلىرى كۆچىيىپتۇ. زۇئۇلماكان-
مۇ، ئاكىسىمۇ ئۇنىڭ ھالىغا ئېچىنىپتۇ، يىغلىشىپتۇ، ئاياق-قوللىرىنى
سۆيۈشۈپتۇ. قېرى ئۇلارغا ئىشارەت قىلىپ: "يىغلاش پايدىسىز.
مېنىڭ سوزۇمگە قۇلاق سېلىڭلار" دەپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتقان سوزلە-
رىگە ئەمەل قىلىپ، كوز ياشلىرىنى سۈرتۈشۈپتۇ. "خۇدا بېشىمغا
سالغان بۇ بالالار ئۈچۈن رازىمەن، — دەپتۇ ئۇ، — چۈنكى، خۇدا
بۇ بالالارنى مېنىڭ بېشىمغا مېنى سىناش ئۈچۈن سالغاندۇر.
خۇدا ئەۋەتكەن بالا-كۈلپەتلەرگە سەۋرى قىلمىغانلار ئۇ دۇنيادا
جەننەتتىن مەھرۇم بولىدۇ. مەن بۇ بالا-قازانىڭ بېشىمغا كەلگە-
نىدىن خوشمەن. شىكايەتمۇ قىلمايمەن. ئەمدى مەن غازىلار
بىلەن بىللە بولۇشنى ئىستەيمەن. بۇ — مېنىڭ ئارزۇيۇم. بۇ ئارزۇ
باشقا چۈشكەن كۈلپەتلەرگە تاقەتسىزلىكتىن ئەمەس، بەلكى دىنى
ئىسلام يولىدا كۈرەش قىلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا
جان بېرىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، مەن بۇ غازىلارنىڭ خىزمىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلسام، ئۇ ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن تەييارلىغان باھاسىز يوللۇق بولىدۇ. مەن ئۇ دۇنياغا بۇ دۇنيادىلا تەييارلىق قىلىپ بارغان بولىمەن" دەپ، شۇ شېئىرلارنى ئوقۇپتۇ:

غازى شۇدۇر كىمكى قىلسا دايىم غازات،
ھەق رىزاسى ئۈچۈن قىلسا ئەلنى ئازات.
جاپا بىلەن ئەلەملەردىن يۈز ئۆرىگەن،
لاپ ئاتقۇچى مۇتتەھەمدۇر، غازىلىق يات.

* * *

مانا قەلئە، سىيام تىغى،
سوھبەت قىلغان مۇسا تېخى.
ھاساكىنى سەن ئىرغىت ئەمدى،
يوق بولسۇن ياۋ يارىغى.

ئارغامچىسى ئىلىنمىسۇن،
زادى قوقما ھۇجۇم چىغى.
غەزەل يازغىن قىلىچ بىلەن،
بوغۇزلانسۇن ياۋ تامىغى.

زاتۇد داۋاھىنىڭ شېئىرى تۈگىگەندە، كۆزلىرىدىن ياش تامچىلاپتۇ. پېشانىسى تېخىمۇ نۇرلىنىپتۇ. پارقىرىغاندەك بوپتۇ. شەررىكان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈپتۇ. قېرىغا تاماق ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. ئۇ، تاماقنى ياندۇرۇپ: "ئون بەش يىلدىن بېرى تاماق يىمەي، ئەمدى ئورەمنى بۇزامدىمەن. خۇدا مېنى ئۆزىنىڭ قۇدرىتى بىلەن كاپىرلار زىندانىدىن قۇتقازدى. دوزاخ ئازاۋىغا يېقىنراق كۆلپەتلەرنى بېشىمدىن كوتەردى. مەن كۈن پېتىپ تاكى ئىپتار بولمىغىچە روزامنى ئاچمايمەن" دەپتۇ. ئىپتار ۋاقتى

بولغاندا، شەررىكان بىلەن زۇئۇلماكان ئۇنىڭغا تاماق كەلتۈرۈپتۇ.
"ئەي ئۇلۇغ كىشى، تاماق يەڭ!" دەپتۇ تەكلىپ بىلەن. قېرى:
"تېخى ھازىر تاماقنىڭ ۋاقتى ئەمەس، بەلكى تائەت قىلغۇچىنىڭ
قىلغان ئىبادىتىگە يارىشا مۇكاپات بەرگۈچىنىڭ ھەققىگە ئەستايە-
دىللىق بىلەن ئىبادەت قىلىش ۋاقتىدۇر" دەپتۇ، جايناماز
سېلىپ، پۈتۈن كېچىنى ناماز ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇ
يوسۇندا، ئۈچ كۈنگىچە ئورە تۇرۇپ، مىسكىرى نامىزىنى ئوقۇپ،
ھىلە روزىسىنى تۇتۇپ، يالغان ئىبادەت بىلەن ئۇلارنى ئالداپتۇ.
پەقەت ناماز ئارىسىدىلا ئولتۇرۇپ ئارام ئاپتۇ. زۇئۇلماكان ئۇنىڭ
بۇ خىل سوپىلىغىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىخلاسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپتۇ.
ئېتىقادى مۇستەھكەملىنىپتۇ. ئۇ، ئاكىسى شەررىكانغا: "بۇ سوپى
ئۈچۈن مەخسۇس چېدىر تىكتۈرۈپ، ئالاھىدە كۈتكۈچى بەلگۈلەش
زۆرۈر ئىكەن" دەپتۇ. تۆتىنچى كۈنى بۇ سوپى تاماق سوراپتۇ.
دەرھال ئىشتىھانى ئېچىپ، كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرۇپ، قۇۋۋەت
بېرىدىغان ھەرخىل مەزىلىك تاماقلارنى ھازىرلاپتۇ. قېرى بىر
پارچە ناننى تۇزغا چىلاپ ئىپتار قىپتۇ. كېيىن ئۇ، يەنە ھىلە روزى-
سىنى تۇتۇپ، يالغان نامىزىنى ئوقۇشقا تۇرۇپتۇ. "بۇ سوپى ئۆزىنىڭ
بارلىق ھاياتىنى خۇدا يولىغا بېغىشلىغان. جېنىنى خۇدا يولىغا
تىككەن، چىن ئىخلاسى بىلەن دۇنيانىڭ بارلىق لەززەتلىرىدىن
قولىنى ئۈزگەن كىشى ئىكەن. ئەگەر ئۇرۇش ۋاقتى بولمىغان
بولسا ئىدى، بىر مىنۇتمۇ ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، ئۆزەم
خىزمىتىنى قىلاتتىم. — دەپتۇ شەررىكان زۇئۇلماكانغا، — ئەپسۇس-
كى، ئەتىلىككە يەنە غازاتقا ماڭىمىز. شۇنداق بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭ
يېنىغا كىرىپ بىر ئاز سۆزلىشىشنى ئىستەيمەن." "مەنمۇ بىللە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىرىمەن. چۈنكى، ئەتىلىككە بىز غازاتقا كەتسەك، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە يەنە ۋاقىت چىقمايدۇ." دەپتۇ زۇنۇنلىماكان. "مەنمۇ ئۇ، سوپىنى كۆرۈشنى ئىستەيمەن. چۈنكى ئۇ، مېنىڭ جەڭدە مەرتىلەرچە شېھىت بولۇپ، خۇدا دەرگاھىغا بېرىپ خۇدانىڭ دىدارىنى كۆرۈ- شۈمگە دۇئا قىلسا، ئۇنىڭ دۇئاسىنىڭ خاسىيىتىدىن ياخشى ئۆلۈم بىلەن ئۆلۈپ، خۇدا ئالدىغا بارسام دەيمەن. چۈنكى، مەن يەيدىغى- نىمنى يەپ، ئۆمرۈمنى ئاخىرلاشتۇرغان ۋە بۇ دۇنيادىن تويغان ئا- دەممەن" دەپتۇ ۋەزىر دەندان. كەچ كىرگەندە، ئۇ ئۈچ كىشى ھىلە خالتىسى زاتۇد داۋاھىنىڭ مەخسۇس چېدىرىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلار كېلىپ قارىسا، قېرى تېخىچىلا ناماز ئۈستىدە ئىكەن. بىر-بىرلەپ ئاستا ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. ئۇنى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭغا رەھىم- لىرى كېلىپ، يىغلاشقا باشلاپتۇ. قېرى يېرىم كېچىگىچە ئۇلارغا ئېتىۋار قىلماي، يالغان (رىيا) ناماز بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. ئاخىر يالغان نامىزىنى تۈگىتىپ، ئۇلار بىلەن سالاملىشىپتۇ. "بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن قاچان كەلدىڭىزلەر؟"دەپ سوراپتۇ قېرى ئۇخمىغان كىشى بولۇپ. "ئەي سوپى، بىز بۇ يەردە خېلە- دىن بېرى بار. ئۆز ئارا سوھبەتمۇ قىلىشتۇق. سېنىڭ بىزنىڭ ئاۋازىمىزنى ئاڭلىمىغىنىڭ ئاجايىپ ئىش" دەپتۇ ئۇلار. قېرى ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ: "خۇداسىغا چىن كۆڭۈلدىن ئىبادەت قىلىشقا ئولتۇرغان كىشىنىڭ دىلى، ئىختىيارى، كۆڭلى ئۆزىدە بولمايدۇ. دۇنيانىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەن كارى تېخىمۇ بولمايدۇ" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. "ئۇنداق بولسا ئاڭلا! ئەي سوپى! بىز بۇ يەرگە سېنىڭ ئەسىرلىككە چۈشۈش ئەھۋالىڭنى بىلىش ئۈچۈن خېلى بالدۇرلا كەلگەن ئىدۇق. بىز كەلسەك، سەن نامازدا ئىكەن-

سەن. ھازىر يېرىم كېچە بولاي دىدى. رەنجىمىسەڭ، شۇ تەلۋد-
مىزنى ئورۇندىساڭ، شۇنداقلا بىزگە بۇ كېچە دۇئايىڭنىمۇ ئايىم-
ساڭ، چۈنكى، سېنىڭ دۇئايىڭنى ئېلىش بىز ئۈچۈن قۇستەنتىنەنى
ئىگەللەشتىنمۇ مۇھىمراقتۇر" دېيىشىپتۇ ئۇلار. قېرى ئۇلارنىڭ سو-
زىنى ئاڭلاپ: ئەزىبرايى خۇدا، ئەگەر سىزلەر مۇسۇلمان بولمىغىنە-
ڭىزلاردا، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ شاھلىرى بولمىغىنىڭىزلاردا، مەن ھېچ
نەرسىنى سوزلىمەيتتىم. چۈنكى، بۇنى سوزلەش شكايەت بولىدۇ.
خۇدا يولىدا تارتقان ئاز-تولا دەرتنى سوزلەپ، سىرنى ئاشكارە
قىلىش مەندەكلەرگە راۋا ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ، مېنىڭ ئەسىر-
لىككە چۈشۈشىمدىكى سىرنى سوزلەي، — دەپ، سوز باشلاپتۇ ئۇ —
قۇددۇستا خۇداغا يېتىشكەن بىر نەچچە ئەۋلىيالار بىلەن بىللە ئىدىم.
لېكىن، ئۇلار ئالدىدا ئوزەمنى توۋەن تۇتاتتىم. چۈنكى، خۇدا ماڭا
ئىبادەت قىلىش بىلەن كىبىرلەنمەسلىك، ماختانماسلىق خىسلىتىنى
بەرگەن. بىر كېچە دېڭىزغا كىردىم، سۇدا ئۈزدۇم. قەيەردىندۇر،
كوڭلۈمگە قانائەتچانلىق پەيدا بولدى. "كىم مەندەك ئۈزەلەيدۇ؟"
دەپ مەغرۇرلاندىم. شۇ كۈندىن باشلاپ، دىلىم قاراڭغۇلاشتى.
خۇدا دىلىمغا ساياھەت قىلىش ھەۋىسىنى سالدى. رۇم شەھرىگە
قاراپ ماڭدىم. بۇ شەھەردە بىر يىل يۈردۈم، ھەممە ياقنى كوردۇم.
مەن كىرىپ كورمىگەن ۋە خۇداغا سېغىنىپ ئىبادەت قىلمىغان
بىرەر جاي قالمىدى. شۇ يەرگە كېلىپ تاققا چىقتىم. ئۇ يەردە مەترۇخا
نامىلىق بىر راھىپقا قاراشلىق بىر ۋادى بار ئىكەن. راھىپ مېنى
كورۇپ، ئالدىمغا چىقتى. ئاياق-قوللىرىمنى سۇيۇپ تۇرۇپ:
"مەن سېنى رۇم شەھرىگە كىرگەن كۈنلا كورگەن ئىدىم. سەن
مېنى مۇسۇلمان مەملىكىتىگە بېرىشقا قىزىقتۇردۇڭ" دىدى. قولۇمدىن

يىتىلەپ، شۇ ۋادىغا ئېلىپ كېلىپ، بىر قاراڭغۇ ھۇجرىغا كىرگۈزدى. مېنى غەپلەتتە قويۇپ، ھۇجرىغا قولۇپ سالدى. شۇنىڭ بىلەن شۇ ھۇجرىغا قامالدىم. شۇ ھۇجرىدا قىرىق كۈن تاماقسىز قويىدى. ئۇنىڭ مەقسىدى مېنى ئاستا-ئاستا ئاجىزلىتىپ ئۆلتۈرۈش ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى دىقيانۇس ئىسملىك نىسارالارنىڭ بىر راھىپى ئۆزىنىڭ ئۇندەك قۇلى بىلەن شۇ ۋادىغا كەلدى. ئۇنىڭ تاماسلى ئىسملىك بىر قىزىمۇ بار ئىدى. ئۇ، چىرايدا زامانىسىنىڭ ياڭغۇزى ئىدى. ئىبادەتخانىغا كىرگەندە، راھىپ مەتروخا—مېنىڭ ھالىمنى دىقيانۇسقا دەپتۇ. "بۇ چاققا قەدەر قۇش يېگەندەكمۇ گۆشى قالمىغاندۇر، ئۇنى چىقىرىڭلار!"دەپتۇ دىقيانۇس. قاراڭغۇ ھۇجرىنى ئېچىپ، مېنى مېھراپ ئالدىدا يولەنگەن ھالدا كۆرۈپتۇ. مەن ئۇ چاغدا، ناماز ئوقۇپ، قۇرئان تالاۋەت قىلىپ، تەسبىھ تارتقىنىمچە خۇداغا يىغلاپ، نالە-زار قىلىۋاتقان ئىدىم. مېنى شۇ ھالدا كۆرۈپ: "بۇ ئوتۇپ كەتكەن جادۇگەر ئىكەن" دېدى مەتروخا. ئۇنىڭدىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ھەممىلىرى مېنىڭ يېنىمغا كىرىشتى. دىقيانۇس قۇللىرى بىلەن ماڭا يېقىن كەلدى. ھەممىلىرى بىرلىشىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. مەن خۇداغا يېلىنىپ ئولۇم تىلىدىم. "خۇدا بەرگەن نېمەتنى ئۇنتۇلۇپ، ھەددىدىن ئاشقان، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشقا ئۇرۇنۇپ ئاتىكاچىلىق قىلغان كىشىنىڭ جازاسى شۇ" دەپ، ئۆزەمگە-ئۆزەم تاپا قىلدىم. "ئەي نەپس،—دېدىم ئۆزئۆزەمگە ئاچچىغلىنىپ،—ھاكاۋۇرلۇق خۇدانى غەزەپلەندۈرۈشنى، دىلنى ئاغرىتىشنى، كىشىنى ئوتقا سېلىشنى بىلمىدىڭ؟! ئاخىر كېلىپ، تاپقىنىڭ ۋە كورگىنىڭ مۇشۇ". كېيىن ئۇلار مېنى زەنجىر بىلەن باغلىدى، كىشەن سالدى. قاراڭغۇ ھۇجرىغا يەنە ئېلىپ كىرىپ

تاشلىدى. ھەر ئۈچ كۈندە ئارپا ئۇنىدىن قىلىنغان بىر كۆيۈك
كومەچ نان بىلەن بىر يۇتۇم سۇ بېرىشتى. دىقيانۇس بىر ئايدا،
بەزىدە ئىككى ئايدا ئىبادەتخانىغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ قىزى تاماسلى
خېلىلا چوڭ بولۇپ قالغان ئىدى. دەسلەپتە كورگىنىمدە ئۇ تېخى
توققۇز ياشتا ئىدى. مەن ئون بەش يىل قامالدىم. ئۇ ھازىر
يىگىرمە توت ياشقا كىردى. بىزنىڭ شەھرىمىزدىلا ئەمەس، رۇم-
دىمۇ ئۇنىڭدىن كوركەم قىز يوق. ئاتىسى ئۇنى "شاھ ئېلىپ
قاچمىسۇن!" دەپ قورقۇپ، ئوزى بىلەن بىللە ئاتتا، باتۇرلار
قاتارىدا، ئەر كىشى كىيىمىدە ئېلىپ يۈرمەكتە. كورگەن كىشى
ئۇنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدۇ. ئاتىسى قىزىنىڭ پايدىلىنىدى-
غان بارلىق نەرسىلىرىنى شۇ ئىبادەتخانىغا قويغان. ئادەتتە ھەركىم
ئوزىنىڭ قىممەتلىك مال-مۈلكىنى ۋە دۇنياسىنى شۇ ۋادىغا قويىدۇ.
مەن ئۇ يەردە، ئالتۇن-كۈمۈش، ھەر خىل قىممەتباھا گوھەرلەر
ۋە باشقا تۈرلۈك-تۈمەن، تارتۇق قىلىشقا لايىق ئەسۋاپ-قاچى-
لارنى كوردۇم. ئۇلارنىڭ سان-سانىغى كوپ، خۇدادىن باشقا
ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۇ ماللارغا نىسارالار ئەمەس، سىزلەرنىڭ ئىگە
بولۇشىڭىزلار ئېقىلغا مۇناسىپ. ئۇ ماتالارنى ئېلىپ، مۇسۇلمانلارغا،
بولۇپمۇ ئوزلىرىنى دىن يولىغا بېغىشلىغان كىشىلەرگە بېرىشىڭلار
ئورۇنلۇق. بۇ سودىگەرلەر قۇستەنتىنەگە كېلىپ سودا قىلىۋاتا-
قىنىدا، ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ مېنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مېھرىبانلىقى
بىلەن تامدىكى سۈرەت تىلغا كىرىپ، بۇلارغا مېنىڭ ئەھۋالىمنى
ئېيتقان. بۇلار ئىبادەتخانىغا كىرىپ، مەترۇخاغا ھەددىدىن ئارتۇق
ئازاپ قىلدى؛ ساقىلىدىن تۇتۇپ سورەپ، مېنى تېپىپ بېرىشكە
مەجبۇر قىلدى. مېنى قۇتۇلدۇرۇپ، مەترۇخانى ئولتۇردى. تاما-

سىلى ئۇز ئادىتى بويىچە، ھىلىمۇ ئىبادەتخانىغا كېلىپ تۇرىدۇ. ئاتىسى ئۇنىڭغا قۇللىرىنى قوشۇپ قويىدۇ. چۈنكى، ئاتىسى ئۇ قىزدىن ئەنسىرەيدۇ. بۇ ۋەقەنى ئۇز كوزىڭىزلەر بىلەن كورمەكچى بولسىڭىزلار، مېنىمۇ ئۇزىڭىزلەر بىلەن بىللە ئېلىپ بېرىڭىزلار. سىزلەرگە ماللارنى ۋە راھىپ دىقيانۇسىنىڭ خەزىنىسىنى تېپىپ بېرىمەن. كاپىرلار ئىبادەتخانىسىدىن ئالتۇن-كۈمۈش قاچىلىرىنى ئېلىپ، ئۇ ئاياقلاردا مەي ئىچكەنلىرىنى، يانلىرىدا قىزلار ئەرەپچە ناخشا ئېيتقانلىغىنى ئۇز كوزۇم بىلەن كوردۇم. خالىساڭلار، ئىبادەتخانىغا كىرىپ، دىقيانۇس قىزى بىلەن يېتىپ كەلگىچە، يوشۇرۇنۇپ تۇرۇڭلار! كېيىن ئۇنى قولغا كىرگۈزۈڭلار. چۈنكى ئۇ، پەقەت زامانىنىڭ شاھى شەرىكانىغا ياكى شاھ زۇئۇلماكانغىلا مۇناسىپ". قېرىنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ، ۋەزىر دەندانىدىن باشقىسى بۇ سوزگە ئىشىنىپ سۆيۈنۈپتۇ. پەقەت ۋەزىر دەندانلا ئۇنىڭغا ۋە سوزىگە ئىشىنەلمەي، گۇمان قىلىشقا باشلاپتۇ، ئۇنىڭ سوزىگە تۇزۇكرەك قۇلاق سېلىشنىمۇ خالىماپتۇ. لېكىن ئۇ، شاھزادىلارنىڭ يۈزىنى قىلىپ، گەپ-سوز قىلماپتۇ. بارغانسېرى ئۇنىڭ گۇمانى ئېشىپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ يۈزىدىن ۋە كوزىدىن يالغان سوزلەۋاتقانلىغى چىقىپلا تۇرغاندەك بىلىنىپتۇ، ئۇنىڭدىن يىرگىنىپتۇ. "دىقيانۇس كېلىپ، ئۇ ئەسكەرلەرنى كورسە، ئىبادەتخانىغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي، قايتىپ كېتىپ قالمىسا، دەپ قورقىمەن" دەپتۇ زاتۇدداۋاھى. شاھ ئەسكەرلىرىگە قۇستەنتىنىيەگە قاراپ مېڭىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. "مەن يۈز باتۇر ۋە يۈز خېچىرنى ئېلىپ، شۇ تاققا چىقىپ، ئۇ يەردىكى بايلىقلارنى ئولجا قىلىپ، ئېلىپ كېلىشنى خالايمەن" دەپتۇ زۇئۇلماكان ۋە شۇ زامانلا ھاجىپ، رۇستەم، بەھراملارغا كىشى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار يېتىپ كەلگەندە: "تاڭ ئېتىشى بىلەن قۇستەنتىنىيەگە



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قاراپ يۈرۈش قىلىڭلار! ئەي ئەرباپلار! — دەپتۇ زۇئۇلماكان ئۇلارغا، — سىزلەرنىڭ ھەر بىرىڭىزلار ئىش ۋە مەسلىھەتتە بىزنىڭ ئورنىمىزنى تولدۇرىسىزلەر. يوقلىغىمىزنى بىلدۇرمەيسىزلەر. رۇستەم، سەن جەڭدە ئاتامنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ تۇر! ئارىڭىزلاردا بىزنىڭ يوقلىغىمىزنى ھېچكىمگە بىلدۇرمەڭلەر! ئۈچ كۈندىن كېيىن بىز سىزلەرگە يېتىپ ئالىمىز». زۇئۇلماكان يۈز ئاتلىق باتۇرنى ئېلىپ، ئاكىسى شەررىكان، ۋەزىر دەنداننىڭ ھەمرالىغىدا يۈز خېچىرنى يېتىلەپ، تاققا قاراپ مېڭىپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھەرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



توقسان ئالتىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ دادام قىپتۇ شەھەرىزاد ھىكايىسىنى.

شەررىكان، زۇئۇلماكان، ۋەزىر دەندان ۋە ئۇلار بىلەن بىللە يولغا چىققان يۈز ئاتلىق باتۇر يۈز خېچىرنى يېتىلەپ، تاغدىكى ئىبادەتخانىغا قاراپ مېڭىپتۇ. تاڭ ئېتىشى بىلەن ھاجىپ ئەسكەرلەرنى يۈرۈشكە دەۋەت قىپتۇ. ئۇلار شەررىكان، زۇئۇلماكان، ۋەزىر دەنداننى ئۆزلىرى بىلەن بىللە يولغا چىقتى، دەپ ئويلۇشۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىغا كەتكەنلىگىنى بىلمەپتۇ. ھىلىگەر زاتۇد داۋاھىنىڭ كىشىلىرى ئۇلار يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇنىڭ يېنىغا يوشۇرۇنچە كىرىپ، ئۇنىڭ قول - پۇتلىرىنى سۆيۈشۈپتۇ، يولغا چىقىش ئۈچۈن رۇخسەت سورۇشۇپتۇ. قېرى ئۇلارغا قانداق ھىلىلەر قىلىغىنىنى ئېيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەييارلىق كورۇشىنى تاپىلاپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېنىغا كىرگەنلەرگە رۇخسەت بېرىپتۇ. شەررىكان بىلەن زۇئۇل-ماكان، ۋەزىر دەندان يۈز ئاتلىق باتۇر بىلەن كەچكىچە يول يۈرۈپ، قىرىنىڭ تەيىنلىگەن يېرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندە، زاتۇد داۋاھى ئۇ يەردىن قوزغۇلۇپتۇ. "مەن بىلەن بىللە بىر نەچچە كىشىلا تاقفا چىقسىڭلار!"دەپتۇ ئۇ زۇئۇلماكانغا. ئۇلار رازى بوپتۇ. تاقفا چىقىدىغان يەردە بەش ئەسكەرنى قالدۇرۇپ، قالغانلار زاتۇد داۋاھىغا ئەگىشىپ مېڭىشىپتۇ. قىرى سۆيۈنگىنىدىن ناھايىتى تېتىكلىشىپ كېتىپتۇ. "ھىلىغىچە كىشىلەر كورۇپ باقمىغان بۇ زاھىدقا بۇنداق قۇۋۋەت بەرگەن زاتقا ھەمدۇسانالار بولسۇن!" دەپتۇ زۇئۇلماكان. ھىلىگەر قىرى قۇستەنتىنە شاھىغا خەت يېزىپ، ئۇنى بۇ يەرگە مېڭىشتىن بۇرۇن يولغا چىققان ھەمرالىرىدىن ئەۋەتكەن ئىكەن. خەتتە ئۇ، پۈتۈن ۋەقەنى بايان قىلىپ، ئاخىرىدا: "ئون مىڭ رۇم باتۇرىدىن تاللانغان قوشۇننى تاقفا ئەۋەتىڭلار! لېكىن، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىسلام ئەسكەرلىرىگە كورسەتمەي، تاغ باغرىدا مەن پەيدا بولغىچە يوشۇرۇنۇپ تۇرسۇن. مەن بىلەن بىللە شەررىكان ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسى زۇئۇلماكان، ۋەزىر دەندانمۇ بىللە بولىدۇ. ئۇلارنى يۈز نەپەر باتۇرى بىلەن بىللە ھىلە قىلىپ، ئۇ يەرگە ئېلىپ بارىمەن. مەن ئۇلارغا ئىبادەتخانىدىكى ئالتۇن بۇتنى بېرىمەن. ئىبادەتخانىدىكى راھىپ مەترۇخانى ئۆلتۈرۈشكە بەل باغلىدىم. چۈنكى، مېنىڭ ھىلىلىرىم پەقەت ئۇ ئۆلگەندىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەگەر مېنىڭ ھىلىلىرىم ئەمەلگە ئاشسا، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ بىرسىمۇ ئۆز يۇرتىغا ساق قايتالمايدۇ. مەترۇخا ئىسارا دىنى يولىدا بۇت ئۈچۈن قۇربان بولىدۇ" دەپ يازغان ئىكەن. خەت قۇستەنتىنىيەگە يېتىپ بارغان ھامان، شاھ ئەفرىدۇن خەتنى

ئېچىپ ئوقۇپتۇ. ئالدىراش ئەسكەرلىرىنى قورالـلاندۇرۇپتۇ. ھەممە-
سىنى ئات، توگە، خېـچىر ۋە باشقا يولدا زورۇر لازىم بولىدىغان
نەرسـىلەر بىلەن تەمىنلـەپـتۇ. ئۇلارغا ئۇزلىرىـگە مەلۇم بولغان
ئىبادەتخانىغا بېرىپ، قه يەردە ۋە قانداق يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشلىرىنى
ئۇقتۇرۇپتۇ. زۇئۇلـماكان ئاكىسى شەررىكان، ۋەزىر دەنـدانـنى
ھەمـرالىرى بىلەن بىلـلە زاتۇد داۋاھى ئىـبادەتـخانـىغا باشلاپ
كىرىپتۇ. ئۇلار ئىچـكىرى كىرىپ، راھىـپ مەترۇخانىكورۇپـتۇ.
مەتـرۇخا ئۇلارنى سۇرۇشـتۇرۇش ئۇچـۇن ئورنىـدىن تۇرۇپـتۇ.
"بۇ مەلئۇننى ئولتۇرۇڭـلار! بۇ ماڭا كوپ ئازاپ سالـغان!" دەپتۇ
زاتۇد داۋاھـى. ئۇلار قىلىـچ بىلەن بىچارىـغا ئولۇم شەربىتـىنى
ئىچكۈزۈپـتۇ. زاتۇد داۋاھـى ئۇلارنى باشلاپ، خەزىنە توپلانغان
جايـغا ئېلىـپ بېرىپـتۇ. ئۇ يەردە قېرىـنىڭ دىـگىنىدىنـمۇ كوپ
ھەسسە ئارتۇغراق قىممەتـباھا نەرسـلەر ۋە رەخـلەرنى تېپىپتۇ.
ماللارنى توپـلاپ، سانـدۇقلارغا قاچلاپـتۇ. خېچىرلارغا ئارتىشقا
تەييار قىپـتۇ. لېـكىن، تاماسىلـىنىڭ ئۇزىـدىنمۇ، ئاتىسىدىنـمۇ
دېرەك ئالالـماپـتۇ. زۇئۇلـماكان ئۇلارنى كۇتۇپ، ئۇ يەردە ئۇچ
كۇن تۇرۇپ قاپتۇ. توتىنچى كۇنى شەررىكان: "بىزدىن ئايرىلىپ
ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدىكىن؟ مېنىڭ پىكرىم:
بىز مۇشۇ بايـلىقـلارنى قولـغا كىرگۈزدۇق، ئەمـدى بۇ يەردىـن
قوزغالغىنىـمىز تۇزۇك" دەپـتۇ زۇئۇلـماكانـغا. "ھە، بىز شۇنـچە
بايلىقـلارنى قولـغا كىرگۈزگەنـدىن كېيىن،ــدەپتۇ زۇئۇلماكانمۇ
ئاكىسىغا،ــ ئەمدى تاماسلى بولامدۇ، يا باشقىسى بولامـدۇ، كىم
بولـسا مەيـلى، بۇ يەردە يۇز بەرگەن شۇنـچە قانـلىق ۋەقەدىن
كېيىن، بۇ ئىبادەتخانىغا كەلمەيدۇ. شۇنداق بولغاندىن كېيىن، خۇدا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىڭ بەرگىنىگە قانائەت قىلىپ، يولغا چۈشۈشىمىز كېرەك".
"ئەمدى بىز قوشتەنتىنەنى ئىشغال قىلىشقا ماڭغان ئەسكەرلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، تاغدىن چۈشەيلى" دېيىشىپتۇ باشقىلار. شۇنىڭ بىلەن، تاغدىن چۈشۈپتۇ. زاتۇد داۋاھى ھىلىسى بىلىنىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئۇلارنى ئۇ يەردىن چۈشۈرمەسلىككە كۆپ ئۇرۇنۇپتۇ. لېكىن، ئۇلارمۇ كونمەپتۇ. ئۇلار تاغدىن چۈشۈپ، ئىككى تاغ ئارىسىدىكى تار بىر جايغا بارغاندا، تاغ ئارىسىدا ئۇلارنى ماراپ كۈتۈپ ياتقان ئون مىڭ ئاتلىق ئەسكەر ئۇلارنىڭ ئالدى ۋە ئارقىسىدىن، يان تەرەپتىن ئوراپ، ھۇجۇم قىلىشقا باشلاپتۇ. نەيزىسىنى پاقىرىتىپ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئۆز تىللىرىدا نىملەرنىدۇ دەپ ۋاقىرىشىپ، جەڭگە كىرىشىپتۇ. شەررىكان، زۇئۇلماكان ۋە ۋەزىر دەندان قارىسا، بۇلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. "بۇلارغا بىز توغۇلىق كىم خەۋەر بەرگەندۇ" دەپتۇ زۇئۇلماكان ئاچچىقى بىلەن. "ھازىر تىل بىلەن سوزلىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس؛ قىلىچ، نەيزىنىڭ تىلى بىلەن سوزلىشىدىغان ۋاقىت،—دەپتۇ شەررىكان زۇئۇلماكانغا،—ئۆزىڭىزنى دادىل تۇتۇڭ! قەتئىيلىكنى قولدىن بەرمەڭ! چۈنكى، بۇ يەر ئىككى ئىشىكلىك ھويلىغا ئوخشاش. ئەرەپ ۋە ئەجەملىكلەر ئۇلۇغىنىڭ ھورمىتى، ئەگەر بۇ جاي شۇنداق تار بولمىغىنىدا، دۈشمەن ئەسكىرى ئون مىڭ ئەمەس، يۈز مىڭ بولسىمۇ كەشىنى توغرىلاپ قوياتتىم". "ئەگەر بۇنداق بولۇشىنى بىلگىنىمدە، ئوزەم بىلەن بەش مىڭ ئەسكەرنى بىللە ئېلىپ كېلەتتىم" دەپتۇ زۇئۇلماكان. "بۇ تار جايدا ئون مىڭ ئەسكىرىمىز بولغاندىمۇ پايدىسى تەگمەيتتى. ئىشىمىزنى خۇدانىڭ ئوزى ئوڭلىسۇن. مەن بۇ تار يەرنى ياخشى بىلىمەن. بۇ يەردە يوشۇرۇنىدىغان جايلار كۆپ. چۈنكى، بىز قوشتەنتىنەنى قورشاشتا،

شاھ ئۇمەر ئىبنى نوئمان بىلەن بىللە شۇ يەردە تۇرغانىمىز. بۇ يەردىن قاردىنمۇ سوغۇقراق سۇ ئېقىپ ئۆتىدۇ. تېز يۈرۈگلەر، نىسارالار قوزغۇلۇپ كوپىيىپ كېتىشىدىن ۋە بىزدىن بۇرۇن تاغ چوققىسىغا جايلىشىپ ئېلىشىدىن ئىلگىرى، تاغ توپىسىگە چىقىۋالايلى! چۈنكى، ئۇلار توپىدىن تاش ئېتىشلىرى مۇمكىن. ئۇ چاغدا ھالىمىز قىيىن بولىدۇ» دەپتۇ ۋەزىر دەندان. ئۇلار تار جىلغىدىن چىقىشقا ئالدىراپتۇ. «مۇنچە قورقماسلىقلارمۇ بولىدۇ!—دەپتۇ قىبرى،—چۈنكى، سىزلەر ئۆزىڭىزلەرنىڭ جېنىنى خۇداغا ھەدىيە قىلغانمۇ؟! مەن يەر ئاستىدا ئون بەش يىل كىشەن بىلەن ياتتىم. خۇدا سالغان بۇ كۈلپەتلەرگە نارازىلىق بىلدۈرگىنىم يوق! تەگرى تائالا يولىدا جان پىدالىق بىلەن جەڭ قىلىڭىزلار! ئۆلسىڭىزلەر شېھىت بولىسىزلەر، جەننەتتىن ئورۇن ئالىسىزلەر. ئۆلتۈرگىنىڭىز-لەر غازىلىق شەرىپىگە ئىگە بولىسىزلەر ئەمەسمۇ؟!...» بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ غەملىرى تارقاپ، دىللىرى توختاپ، ئىرادىسى مۇستەھكەملىنىپتۇ. شۇ چاغدا، نىسارالار يەنە ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم باشلاپتۇ. شەررىكان ۋە زۇئۇلماكان ھالاكەتتىن يۈز ئۆرۈپ، قاتتىق جەڭگە كىرىشىپتۇ. زۇئۇلماكانمۇ ئادەملەرنى ھەيران قالدۇر-غىدەك دەرىجىدە، ئالدىغا توغرا كەلگەن باتۇرلارنى ساناپ ۋە ئىلغاپ تۇرماي، لاختۇرۇپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. بىر پەستە، ھىساپسىز دۈشمەنلەرنى قىرىپتۇ. قارىسا، لەنىتى زاتۇد داۋاھى دۈشمەنلەرنى ئۇرۇشقا قىزىقتۇرۇپ ئىشقا سېلىۋاتقان، قورققان-قاچقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىۋاتقان ئىكەن. ئۇ، ئەسكەرلىرىگە «شەررىكاننى ئۆلتۈرۈڭلار!» دېگەندەك ئىشارەت قىپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەررىكانغا بىرىنىڭ كەينىدىن-بىرى ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋېرىپتۇ. شەررىكانمۇ ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى ئۆز ۋاقتىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتاپ
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

رەت قىلىپ، قىلىچ بىلەن جاۋاپ بېرىۋېرىپتۇ. شەررىكان بۇ ھەلبىنى سوپىنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتىدىن دەپ تونۇپتۇ. "نىمە ئۈچۈندۇر، ئۇلار ماڭا يۈزمۇ-يۈز توغرا كېلەلمەي ياكى توغرا كېلىپ مەن بىلەن ئېلىشالماي، ئارقىسىغا داجىيدۇ؟ مەندىكى بۇ قۇۋۋەت ۋە غەيرەت ھېچبىر گۇمانسىز شۇ سوپىنىڭ دۇئاسىنىڭ خاسىيىتى بولسا كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، مەنمەن دېگەنلىرىمۇ مېنى كورۇشى بىلەن نىمە ئۈچۈن ئارقىغا چېكىنىدۇ؟" دەپ ئويلاپتۇ. پۈتۈن كۈن بويى ئۇرۇشۇپتۇ. كەچ كىرگەندە، تىنىمسىز كۆرەش زەربىسىدە ئېزىلىپ، ھېرىپ-چارچاپ، ئىبادەتخانا يېنىدىكى بىر غارغا قايتىشىپتۇ. ئۇلاردىن شۇ كۈنى قىرىق بەش كىشى قازا قىپتۇ. بىر يەرگە يىغىلىپ، ھېلىقى سوپىنى ئىستەپتۇ. قارىسا، ئۇنىڭدىن دېرەك يوق. بۇ ھال ئۇلارغا ئېغىر تۇيۇلۇپتۇ. "شېھىت بولغان بولسا كېرەك" دەپتۇ بەزىلەر. "ۋەز-نەسىھەتلەرنى ئىشقا سالغىنىنى كورگەن ئىدىم" دەپتۇ شەررىكان، شۇ چاغدا زاتۇد داۋاھى نىسارالارنىڭ يىگىرمە مىڭ ئەسكىرىنىڭ باشلىغىنىڭ كاللىسىنى كوتىرىپ كىرىپتۇ. بۇ ئەسكەر باشلىغى ئوتوپ كەتكەن ئالدامچى ۋە ناھايىتىمۇ زالىم ئىكەن. ئۇنى تورك ئەسكەرلىرىدىن بىرى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئولتۇرگەن ئىكەن. نىسارالار باشلىقلىرىغا بىر مۇسۇلماننىڭ قىلغان بۇ مەردانە ھەركىتىنى كورۇپ ئۇلارنىڭ بۇ تورك باتۇرىغا بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلغان ۋە ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلاشقان ئىكەن. قېرى زاتۇد داۋاھى بۇ جەڭنى كوزىتىپ تۇرۇپ، بۇ يەردىكىلەر ئىشلىرىنى تۈگىتىپ باشقا ياققا بۇرۇلغاندا، مەيداننىڭ بوش قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، بۇ باشلىقنىڭ كاللىسىنى ئۇزۇپتۇ. ئۇنى شەررىكان، زۇئۇلماكان، ۋەزىر دەنداننىڭ ئالدىغا كوتىرىپ ئېلىپ كېلىپ

تاشلاپتۇ. شەھرىستان ئۇنى كۆرۈپ ھۆرمەت ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. "ئەي ئۇلۇغ سوپى، خۇدا سىنىڭ يۈزۈڭنىڭ نۇرى بىلەن بىزنىڭ كۆزىمىزنى روشەن قىلدى. سىنى ساق-سالامەت كۆرگىنىمىز ئۈچۈن خۇداغا شۈكرى" دەپتۇ.

"مەن بۇگۈنكى غازاتتا خۇدادىن شېھىتلىك مەرتىۋىسىنى تىلىگەن ئىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزەمنى كاپىرلارنىڭ چېرىكلىرى ئۈستىگە تاشلىغان ئىدىم. لېكىن مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىشىم بىلەن ئۇلار مەندىن قاچتى، قورقتى. سىزلەر تارقالغاندا مېنىڭ پىغانىم ئورلىدى. كۇپپارلارنىڭ باشلىقلىرىغا قاراپ ھۇجۇم قىلدىم. بۇ ئۆزىنى مىڭ ئاتلىق باتۇرغا تەڭ قىلمايتتى. قىلىچ بىلەن بوينىغا ئۇرۇپ كاللىسىنى تېنىدىن ئايرىپ يەرگە يۇمىلاتتىم. كاپىرلارنىڭ بىرەرسىمۇ ماڭا يېقىن كېلەلمىدى. ئۇنىڭ بېشىنى كوتەرگىنىمچە سىزلەرنىڭ ئالدىڭىزلارغا كەلدىم" دەپتۇ قىرى.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى. شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



توقسان يەتتىنچى كېچە

—ئەي بەختلىك شاھ،—دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

قىرى سوپى سوزىنى شۇنداق دەپ داۋاملاشتۇرۇپتۇ. "دىلىرىڭىزنى كاپىرلارغا قارشى بولغان غازاتقا رىغبەتلەندۇرۇش، شۇ ئىشىڭىزلار بىلەن بەندىلەرنىڭ تەڭرىسىنىڭ رازىلىغىنى قولغا كەلتۇرۇشىڭىزلەر ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ سىزلەرنىڭ ئالدىڭىزلارغا ئېلىپ كەلدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەگەر ماقۇل كۆرسىڭىزلەر، سىزلەر بۇ يەردە ئۇرۇشنى داۋام قىلدۇر-
سىڭىزلار، مەن بۇ كاپىرلارنى تامامەن قىرىپ تۈگىتىش ئۈچۈن
قوۋستەنتىنىگە بېرىپ، قوۋستەنتىنىگە بېسىپ كىرىش ئالدىدا تۇرغان
ئەسكەرلىرىڭىزدىن سىزلەرگە ياردەم ئۈچۈن يەنە يىگىرمە مىڭ
كىشىنى ئېلىپ كەلسەم دەيمەن" دەپتۇ. "بۇ يەردىن چىقىپ ئۇلار-
نىڭ ئارىسىدىن قانداق قىلىپ ئۆتۈپ كېتىسەن ئەي سوپى،
ھەممە تەرەپلەرنى كاپىرلار قورشاپ ئالغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟"
دەپتۇ شەررىكان. "خۇدا مېنى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن غايىپ
قىلىدۇ. ئۇلار كۆزلىرىنى ئېچىپ قاراپ تۇرۇپمۇ مېنى
كۆرمەيدۇ. كۆرگەنلىرىمۇ ماڭا قارشى تۇرۇشقا پېتىنالمايدۇ.
خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن ھازىر غايىپ بولىمەن دىسەم،
غايىپ بولىمەن. خۇدانىڭ ئۆزى مېنى دۈشمەندىن ساقلايدۇ"
دەپتۇ قېرى. "توغرا دېدىڭ ئەي سوپى، مەن بۇ
ئەھۋالنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندەك بولدۇم، ئەگەر شۇنداق
نىيىتىڭ بولسا، كەچ كىرىشى بىلەن ماڭغىن. شۇنداق قىلساڭ سىز
ئۈچۈنمۇ ناھايىتى ياخشى" دەپتۇ شەررىكان. "ھازىرلا ماڭىمەن.
ئەگەر سەنمۇ مەن بىلەن بىللە يۈرۈپ، ھېچكىمگە كۆرۈنمەي بېرىشنى
خالىساڭ، ئورنىڭدىن تۇر! ئۇكاڭ زۇئۇلماكان بارماقچى بولسىمۇ
مەيلى! لېكىن، ئۇنىڭدىن ئارتۇق بىرەر كىشىنى ئېلىپ ئۆتۈشكە
تېخى مېنىڭ كارامىتىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. چۈنكى، ئەۋلىيا-
لارنىڭ سايىسىمۇ ئىككىدىن ئارتۇق كىشىنىڭ قارىسىنى يوشۇرال-
مايدۇ" دەپتۇ زاتۇد داۋاھى. "مەن بۇ يەردىكى ھەمرالىرىمنى
تاشلاپ كەتمەيمەن. لېكىن، ئۇكام زۇئۇلماكان سەن بىلەن بېرىش-
نى خالىسا، ئىختىيارى. مەن ئۇنىڭ بۇ تار قورغاندىن سەن بىلەن
بىللە قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىشىگە قارشى ئەمەسمەن،—دەپتۇ شەررى-

كان، — ئەگەر ئۇكام ۋەزىر دەندانىنمۇ ياكى باشقا بىرەر كىشىنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى خالىسا، مەيلى، ئىختىيارى ئۆزىدە. بۇ ئەبلەخلەرگە قارشى جەڭ ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بىزگە كومەككە ئون مىڭ كىشى ئەۋەتسۇن.» ئۇلار بۇ ھەقتە خېلىغىچە سوزلىشىپ، سوھبەتلىشىپ، ئاخىرى بىر قارارغا كېلىشىپتۇ. «ماڭا بىر ئاز مۇھلەت بېرىڭ. ئالدىدىن ئۆزەم بىر چىقىپ كورەي. نىسارالار ئويغاقمۇ ياكى ئۇخلاپ قالغانمۇ؟ بىلىپ كېلەي» دەپتۇ قېرى سوپى. «ئانداق بولسا، بىزمۇ سەن بىلەن بىللە چىقىمىز. خۇداغا تەۋەككۇل قىلىمىز» دېيىشىپتۇ ئۇلار. «مەن سىزلەرگە ياردەم قىلغاندىن كېيىن، سىلەرمۇ مېنى خىجالەتكە سېلىپ قينىماڭ-لار! مېنىڭ پىكرىمچە، ماڭا بىر ئاز ۋاقىت بېرىڭلار! مەن چىقىپ ئەھۋالنى ئېنىقلاپ كېلەي!» دەپتۇ قېرى. «مەيلى بېرىپ قارىغىن. لېكىن، يىراق كېتىپ قېلىپ بىزنى ساقلىتىپ قويما! بىز ساڭا قاراپ تۇرىمىز» دەپتۇ شەررىكان. زاتۇد داۋاھى تاشقىرى چىقىپتۇ. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، شەررىكان ئۇكىسى زۇئۇلماكانغا: «ئەگەر بۇ قېرى سوپى كارامەت ئىگىسى بولمىسا، بۇ زالىم، قانخور ئەسكەر باشلىغىنى ئۆلتۈرەلمىگەن بولاتتى. شۇ ئىشنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئەۋلىيالىق كارا-مىتىنىڭ خاسىيىتىنى كورسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ، بۇ باشلىقنى ئۆلتۈرۈش بىلەن نىسارا ئەسكەرلىرىنىڭ شانلىق دەبدەبىسىنى سۇندۇردى. چۈنكى، بۇ، ئوتتۇپ كەتكەن مەككار ۋە ناھايىتى رەھىمسىز ئىدى، دېگەننى ئاڭلىغانمەن» دەپتۇ. ئۇ، ئالدامچى قېرىنىڭ ساقتا كارا-مەتلىرىنى تازا قىزىق سوزلىشىپ ئولتۇرغاندا، زاتۇد داۋاھى قايتىپ كىرىپ كەپتۇ. ئۇلارنى كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشقا ئۈندەپ سوزلەپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار سوپىغا مىننەت-دارلىق بىلدۈرۈپتۇ. ئۇلار بۇ مەككارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالدامچىلىق ۋە ھىلىگەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ. "زامانىمىزنىڭ شاھى، زۇئۇلماكان قەيەردە؟" دەپ سوراپتۇ قىرى. "لەببەي" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ زۇئۇلماكان. "قېنى ئەمىسە، ئوزەڭ بىلەن ۋەزىر دەندانىنى ئالغىن! مېنىڭ ئارقامدىن قۇستەنتىنىيەگە قاراپ ماڭ!" دەپتۇ زاتۇد داۋاھى. ئۇ، تاشقىرىغا چىققاندا، نىسارالارغا ئوزىنىڭ ئىشلەتكەن ھىلىسىنى ئېيتىپ قويغان ئىكەن. ئۇلار ناھايىتى خۇرسەن بولۇشۇپتۇ. "باشلىغىمىزنىڭ ئورنىغا ئۇلارنىڭ شاھىنى ئولتۇرگەندىلا ئاندىن پۇخادىن چىقىمىز. چۇنكى، بىزدە ئۇنىڭدىن جاسارەتلىگىرەك كىشى يوق، — دەپتۇ قىرى ئۇلارغا، — مانا مەن ھازىر مۇسۇلمانلارنىڭ پادىشاسىنى ئېلىپ كېلىمەن. ئۇنى بىز قۇستەنتىنىيە شاھى ئەفرىدۇننىڭ ئالدىغا سوغات قىلىپ ئېلىپ بارىمىز." شۇنداق قىلىپ، قىرى سوپى زاتۇد داۋاھى شاھ زۇئۇلماكان بىلەن ۋەزىر دەندانىنى ئوزى بىلەن بىللە ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. قىرى ئالدىدا كېتىپ بېرىپ ئۇلارغا: "ئۇلۇغ خۇداغا سېغىنىپ مېڭىڭلار!" دەپتۇ. "خوپ!" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئۇلار. ئۇلار بىرلىشىپ مېڭىپتۇ. رۇم ئەسكەرلىرى سېپىلنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە يېتىپ بېرىپتۇ. كاپىر ئەسكەرلىرى ئۇلارغا تىكىلىپمۇ قارىماپتۇ. كورگەنلەرمۇ ھېچكىمنى كورمىگەندەك قىلىپ، ئۇلارغا قارشى ھېچقانداق ئىش ۋە ھەركەت، سوزمۇ قىلماپتۇ. چۇنكى، قىرى يۇقۇرىدا ئېيتقاندەك، بۇ ئىشنى ئالدىن-ئالا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىكەن. كاپىرلار ئەسكەرلىرىنىڭ ئىندىمەي قويۇشلىرىغا زۇئۇلماكان بىلەن ۋەزىر دەندان ھەيران قالغان بولسىمۇ، لېكىن: "ھەقىقەتەن بۇ كارامەت دىگەندەك ئىش. ھېچقانداق گۇمان يوقكى، بۇ سوپى خۇدانىڭ ئەڭ يېقىن بەندىلىرىدىن بىرى، زور ئەۋلىيادۇر. بۇ-ئەشۇ ئەۋلىيانىڭ شاراپىتى" دېيىشىپتۇ. "كاپىر ئەسكەرلىرىنى قارغۇ دەپ ئېيتىشقا

بولمايدۇ. بىز ئۇلارنى كورۈۋاتىمىز. ئۇلارنىڭ بىزنى كورمەسلىگى ئەۋلىيانىڭ كاراماتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس" دەپتۇ زۇئۇلماكان. شۇ يوسۇندا ئۇلار كاپىرلار ئارىسىدا، سوپىنىڭ كاراماتى بىلەن ئۇنىڭ تىنىمسىز ھالدا خۇداغا قىلغان ئىبادەتلىرى ھەققىدە سوزلەپ، ئۇنى ماختاپ مېڭىۋېرىپتۇ. بىر ۋاقىتتا تۇيۇقسىزلا كاپىرلار ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن قورشاپ ئاپتۇ. ئۇلارنى تۇتۇپ ئېلىپ: "ئىككىڭلاردىن باشقا، يەنە كىم بار؟"دەپ سوراق قىپتۇ نىسارالار. "ئارىمىزدا تۇرغان كىشىنى كورمەمسىزلەر؟" دەپتۇ ۋەزىر دەندان ئۇلارنىڭ سوئالىغا سوئال بىلەن جاۋاپ بېرىپ. "خۇدا ھەققى، راھىپلار ۋە ئەۋلىيالار ھەق-قى، بىز ئىككىڭلاردىن باشقا ھېچكىمنى كورمەيۋاتىمىز" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ نىسارالار. "خۇدا ھەققى، بۇ بالالار بىزگە ئوزىمىزنىڭ يامانلىغىدىن كەلدى.— دەپتۇ ۋەزىر دەندان — سوپىنىڭ خىزمىتىنى قىلالمىدۇق ۋە ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالالمىدۇق. شۇنىڭ ئۇچۇن بۇ بالاغا گىرىپتار بولدۇق".

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتىتى. شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.


توقسان سەككىزىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

"خۇدا ھەق-قى، بۇ بالا بىزگە ئوزىمىزنىڭ يامانلىغىدىن كەلدى" دەپتۇ ۋەزىر دەندان. نىسارالار ئۇلارنىڭ ئاياقلىرىغا كىشەن ساپتۇ. ئۇلارنى ساقلاشقا مەخسۇس ئادەملەرنى بەلگىلەپتۇ. ئۇلار يەنىلا قىرىنىڭ ھىلىسىنى چۈشەنمەي، ھەسرەتلىنىشىپ، بىر-بىرىگە "ئەۋلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يالارنى رەنجىتىش بىزگە يەتكەن ئەلەمدىنمۇ چوڭراق بالالارنى بېشىمىزغا ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن" دېيىشىپتۇ. شەررىكان شۇ كۈنى كەچتە يېتىپ، تاڭ ئاتقاندا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئەسكەرلىرى بىلەن قوزغىلىپتۇ. ئۇلار نسارالار بىلەن ئۇرۇشۇشقا ھازىرلىنىپتۇ. شەررىكان يىگىتلىرىگە كوپ نەرسىلەرنى ۋەدە قىلىپ، ئۇلارنى روھلاندۇرۇپتۇ. غەيرەت-لىرىگە قۇۋۋەت بېرىپتۇ. ئۇلار نسارالار تۇرغان جايغا قاراپ يۈرۈپ-تۇ. "ئەي مۇسۇلمانلار، بىزلەر شاھىڭىزلارنى ۋەزىرى بىلەن ئەسىر قىلىپ ئالدۇق. سىزلەرنىڭ ئىشىڭلار شۇلار بىلەن ئوخشاشلىق بولاتتى. ئەگەر ھىلىمۇ جەڭدىن قول يىغمىساڭلار، بىرىڭلارنىمۇ قالدۇرماي ھالاك قىلىمىز. تەسلىم بولساڭلار، بىزنىڭ يۇرتتىن چىقماسلىق، يۇرتىڭىزلارغا قايتماسلىق شەرتى بىلەن سىزلەرنى ئازات قىلىپ، يۇرتلىرىمىزغا قايتىمىز. بىز سىزلەرگە، سىزلەر بىز-گە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزمەسلىك ھەققىدە كېلىشىمىز. بۇ شەرتنى قوبۇل قىلىپ، پۈتۈمگە كېلىش - كەلمەسلىك ئىختىيارى ئۆزەڭلەردە؛ كەلمىسەڭلەر، ئىشىڭلار ئولۇم بىلەن تۈگەيدۇ. شۇنىمۇ بىلىڭلاركى، بۇ سوز بىزنىڭ ئاخىرقى سوزىمىز" دېيىشىپتۇ نسارالار. ئۇزاقتىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، شەررىكان ئۇكىسى زۇئۇلماكان ۋە ۋەزىرى دەنداننىڭ ئەسىرگە ئېلىنغانلىغىنى بىلىپتۇ. ئۇلاردىن قايغۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا ئېچىنىپتۇ، يىغلاپتۇ. تومۇرلىرى بوشاپ، ھالا-كەتكە جەزمە قىپتۇ. ئوزلىرىچە، ئۇلارنىڭ ئەسىر بولۇش سەۋەپ-لىرىنى ئويلاپتۇ: "سوپىغا بىرەر ئەدەپسىزلىك قىلغاندىمۇ؟ ئۇنىڭ پىكرىگە قارشىلىق قىلغاندىمۇ؟ نىمە ئەھۋال يۈز بەرگەندۇ؟" — دەپ-تۇ. ئاخىر ئۇلار كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلىشقا كىرىشىپتۇ. كوپلىگەن

دۈشمەنلەرنى قىرىپتۇ. شۇ كۈنى باتۇرلار ئىچىدىنمۇ قورقاقلار ئايرىلىپ چىقىپتۇ. قىلىچ بىلەن نەيزىلەر قانغا بويۇلۇپتۇ. ئۇ كاپىرلار شەررىكان ۋە ئۇنىڭ باتۇرلىرىغا ھەر تەرەپتىن، خۇددى شىرنىغا ئولاشقان چىۋىندەك توپلىشىپ، ھۇجۇم قىلىشىپتۇ. شەررىكان يىگىتلىرى بىلەن توختىماي، ئۇلارنىڭ دىۋە يۈرەك باتۇرلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېرىپتۇ. ئۆلۈمنى نەزىرىگە ئىلماي، راسا جەڭ قىلىشىپتۇ. ۋادىدا قانلار ئېرىق بولۇپ ئېقىپتۇ، يەرلەر ئۆلۈكلەر بىلەن تولۇپتۇ، باشلار سايىنىڭ تېشىدەك دوۋۋىلىنىپتۇ. كەچ كىرگەندە، ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى ئۆز جايلىرىغا قايتىشىپتۇ. شەررىكانىنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ ئۆز باشپانا جايلىرىغا قايتىپتۇ. ئۇلاردىن ناھايىتى ئاز كىشى قاپتۇ. ئۇلار خۇداغا ۋە قىلىچلىرىغا سېغىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ باتۇرلىرىدىن شۇ كۈنكى جەڭدە ئوتتۇز بەش كىشى ئۆلۈپتۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ قىلىچ، نەيزىلىرىدىن بىر نەچچە مىڭلاپ ئاتلىق ۋە پىيادە نىسارا ئەسكەرلىرى ئەجەل مەيلىرىنى ئىچىپتۇ. شەررىكان ئادەملىرىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى كۆرۈپ: "ئەمدى بىزنىڭ ئىشىمىز قانداق ئاخىرلىشار؟" دەپ يىگىتلىرىگە مەسلىھەت ساپتۇ. "خۇدانىڭ خالىغىنىچە بولار!" دېيىشىپتۇ ئۇلار. ئەتىسى شەررىكان يىگىتلىرىگە شۇنداق دەپتۇ: "ئەمدى جەڭگە چىقساق، بارىمىز ساق قالمايمىز. چۈنكى، بىز ناھايىتى ئازغىنە كىشى قالدۇق. سۈيىمىزمۇ ناھايىتى ئاز قالدى. مېنىڭ خىيالىمغا مانا بۇنداق بىر پىكىر كېلىدۇ: قىلىچلىرىمىزنى يالىڭاچلاپ، نەيزىلىرىمىزنى دۈشمەن كۆكسىگە، ئوقيالىرىمىزنى ئۇلارنىڭ پېشانىلىرىغا توغرىلاپ، شۇ غارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرىمىز. ھۇجۇم قىلغانلارغا شۇ يەردىن زەربە بېرىپ قايتۇرىمىز. مېنىڭچە، سوپى قولغا چۈشمىگەن ئوخشايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇ، ئەگەر بېرىپ خەۋەر قىلسىلا، تېزدىن بىزگە ياردەم ئۈچۈن ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن كېلىدۇ. چۈنكى، نىسارالار باشقىلارنى ئەسىرگە ئالغاندا، ئۇنى كورمەي قالغان بولۇشى مۇمكىن.» «بۇ پىكىر ناھايىتى توغرا!» دېيىشىپتۇ قالغان يىگىتلەر. شەررىكاننىڭ يىگىتلىرى سىرتقا چىقىپ، غارغا كىرىدىغان جاينىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورۇنلۇشۇپ ئاپتۇ. غارغا كىرىشكە ئۇرۇنغان ھەر بىر نىسارانى شۇ يەردىن پايلاپ تۇرۇپ ئۇجۇقتۇرۇشقا باشلاپتۇ. كەچكىچە دۈشمەننىڭ ئالدىنى شۇ يوسۇندا توسۇپ جەڭ قىپتۇ. ئۇلارنىڭ غارغا بوسۇپ كىرىشكە يول قويماي ئېلىشىپتۇ. كەچ بوپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى. شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



توقسان توققۇزىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ. — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

كەچ بوپتۇ. شاھزادە شەررىكاننىڭ يېنىدا پەقەت يىگىرمە بەشلا كىشى قاپتۇ. «بۇ قايغۇلۇق كۈنلەر قاچان تۈگەيدىكىن؟ مۇسۇلمانلار بىلەن جەڭ قىلىۋېرىپ، جېنىمىزدىن جاق تويدۇق» دېيىشىپتۇ نىسارالارنىڭ بەزىلىرى بىر-بىرى بىلەن سوزلەشكەندە. «قوزغولۇڭلار! مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم باشلايمىز. ئۇلاردىن پەقەت يىگىرمە بەش كىشىلا قالدى. ئەگەر كۈچىمىز يەتمىسە، ئوت قويۇپ ياندۇرىمىز، — دەپتۇ ئۇلاردىن بىرى، — ئەگەر تەسلىم بولسا، ئەسىر ئالىمىز. كىم بۇ ھۇجۇمدىن باش تارتسا، ئۇنى باشقىلارغا ئىبرەت

قىلىش ئۈچۈن تۇتۇرۇق قىلىپ كويدۇرىمىز. مۇسا پەيغەمبەرمۇ ئۇنىڭ روھىغا شاپائەت قىلمايدۇ".

ئۇلار غارنىڭ ئىشىگىگە ئوتۇن ئېلىپ كېلىپ، ئوت تۇتاشتۇرۇپتۇ. شەررىكان بىلەن ئۇنىڭ يىگىتلىرى ئۇلۇمگە بەل باغلاپ: "تۇتۇنغە بۇرۇختۇم بولۇپ ئۆلگەندىن تەسلىم بولغان ياخشىدۇر" — دەپ، تەسلىم بولۇشۇپتۇ. نىسارا ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىغى: "ئۇلار تەسلىم بولۇشتى. ئەمدى ئۇلارنى تۇتۇنغە بۇرۇختۇم قىلىپ ئۆلتۈرۈپ قويغاننىڭ پايدىسى يوق. ئۇلارنى شۇ ھالدا تىرىك تۇتۇپ باغلاپ، پۇتلىرىغا كىشەن سېلىپ، شاھ ئەفرىدۇن بىلەن شاھ ھەردۇپنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارساق، بىز ئۈچۈن چوڭ ئابروي ئەمەسمۇ؟ شاھ بۇلارنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئۆزى نېمىنى خالىسا شۇنى قىلسۇن" دەپتۇ ئەسكەرلىرىگە. "بۇ توغرا پىكىر، شۇنداق قىلايلى!" دەپتۇ ئۇنىڭ يېنىدىكىلەر. ئۇلار ئەسىرلەرنىڭ ئايىغىغا كىشەن سالپتۇ. ئۇلارنى قوغداشنى مەخسۇس قاراۋۇللارغا تاپشۇرۇپتۇ. كەچ بولۇپ، بۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، نىسارالار ئۆزئارا كوڭۇل ئېچىش، ئويۇن ـ كۈلكە بىلەن كېچىنى قارشى ئاپتۇ. شاتلىق بەزمىسىنى كورۇپ، تۈرلۈك تاماقلارنى ھازىرلاپ كەيپ سۇرۇشۇپتۇ. ئىچىملىكنى كوپ ئىچكەنلىكى ئۈچۈن، ھەممىسى ھوشىنى يوقىتىپ، كاللىپاي بولۇپ يىقىلىپ يېتىپتۇ. شەررىكان، زۇئۇلماكان، ۋەزىر دەندان ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرى زەنجىر بىلەن باغلاپ قويۇلغان ئىكەن. شەررىكان ئۇكىسى زۇئۇلماكانغا قاراپ: "ھەي ئۇكام بۇ يەردىن قانداق قىلىپ قۇتۇلىمىز؟" دەپ سوراپتۇ. "قەپەزگە چۈشكەن قۇشلارنىڭ كۈنىگە قالدۇق. خۇدا ھەققى، قانداق قۇتۇلۇشنى بىلمەيمەن!" دەپتۇ زۇئۇلماكان. شەررىكان ناھايىتى غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ ناھايىتى ئاچچىقلانغانلىغىدىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىمىنى ئىچىگە ئېلىپ، ئۆپكىسىنى ھاۋاغا تولدۇرۇپتۇ. ئاندىن چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ، بار كۈچى بىلەن ھەركەتلەنگەن ئىكەن، زەنجىر ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ، كىشەندىن قۇتۇلۇپ، توپتوغرى باش گۈندىپاينىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدىن كىشەنلەرنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ، زۇئۇلماكان، ۋەزىر دەندان ۋە باشقا باتۇر يىگىت-لەرنىڭ كىشەنلىرىنى ئېچىپ، ئۇلارنى بىكار قىپتۇ. ئۇكىسى زۇئۇلماكان ۋە ۋەزىر دەندانغا قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت سالپتۇ. "گۈندىپايلارنىڭ باشلىقلىرىدىن ئۈچ كىشىنى ئولتۇرىمىز. ئۇلارنىڭ كىيىمىنى كىيىپ ئېلىپ، رۇملۇقتەك ياسىنىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىمىز. بىرەر كىشى بىزنى پايقىمايدۇ. ئاندىن ئەسكەر-لىرىمىز يېنىغا قايتىمىز"—دەپتۇ شەررىكان ئۆز پىكرىنى بىلدۈرۈپ. "بۇ پىكىرگە قوشۇلۇش قىيىن، ئۇلارنى ئولتۇرسەك، بوغۇزلانغاندا خىقىرغىنىدىن بىرەر كىشى تويۇپ ئويغىنىپ قالسا، ئىشىمىز بۇزۇ-لىدۇ. ئۇ چاغدا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئويغىنىپ كېتىدۇ. ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ قالسا، بىزنى تۇتۇپ، قىساس ئۈچۈن ئولتۇرىدۇ. ئەڭ ياخشىسى — بىز ئۆزىمىزنى قۇتقۇزغىنىمىزچە چىقىپ قاچايلى!" ھەممىلىرى شۇ پىكىرگە قوشۇلۇپتۇ. بىر ئاز ماڭغان ئىكەن، ئاتلىرىنى باغلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئۇخلاپ ياتقان بىر بولۇم ئەسكەرلەرگە توغرا كەپتۇ. "ھەممىمىز شۇ ئاتلاردىن بىردىن ئېلىشىمىز كېرەك" دەپتۇ شەررىكان. ئۇلار يىگىرمە سەككىز كىشى ئىكەن. يىگىرمە سەككىز ئاتنى ئاپتۇ. بۇلارنىڭ بەختىگە خۇدا مەس نىسارالارغا ئۇلۇكتەك ئۇيقۇ بېرىپتۇ. شەررىكان دەرھال ئۇلارنىڭ نەيزە، قىلىنچ، قالقانلىرىنى يىغىپ ئاپتۇ. ئۆزلىرىگە يەتكىدەك قوراللار بىلەن قوراللىنىپ، غەنىمەت ئېلىشقان ئاتلىرىغا مىنىشىپ، يولغا

چۈشۈپتۇ. نىسارالار شەررىكاننىمۇ ۋە باشقا بىرەر كىشىنىمۇ "زەنجىرنى ئۈزىدۇ، كىشەننى ئاچىدۇ" دەپ ئويلىمىغان ئىكەن. ئەسىرلىكتىن قۇتۇلۇپ چىققان شەررىكان ئۆز باتۇرلىرىغا قاراپ: "خۇدا بىزنى ھالاكەتتىن قۇتقازدى. ئەمدى قورقۇنۇچلۇق ئەھۋال يوق. لېكىن، مەندە يەنە يېڭى بىر پىكىر پەيدا بولدى، ئۇنى ئۆزەمچە توغرا پىكىر دەپ ھېسابلايمەن" دەپتۇ. "قانداق پىكىر؟" دەپ سوراپتۇ ھەمرالىرى. "ھەممىمىز تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىمىز. ۋاقىراپ: 'ئاللاھۇ ئەكبەر' دەپ تەكبىر ئېيتىمىز. ئاندىن كېيىن يەنىمۇ يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن: 'مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى كەلدىلەر، ئەي نىسارالار، ھەممەڭلار ئۆزەڭلارغا گور ۋە كېپەنلىك تەييارلاڭلار' دەپ داۋراڭ سالىمىز. نىسارالار قورقۇپ تارقىلىدۇ، ئۆزئارا ۋەھىمگە چۈشىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەس. مەسلىكتە بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئۇيقۇ ئارىلاش 'مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى بىزنى ھەر تەرەپتىن قورشاپ ئالغان ئىكەن' دەپ ئويلاپ، بىر-بىرلىرى بىلەن ئېلىشىپ، ئۇقۇشماي جەڭ قىلىشىدۇ. بىزمۇ بۇ تەرەپتىن ئۇلارنى قىلىچقا تۇتىمىز. تاڭ ئاتقىچە ئۇلارنى راسا باپلايمىز" دەپتۇ شەررىكان. "بۇ پىكىر توغرا ئەمەس، ئەڭ ياخشىسى شۇكى، بىز بىرەر ئېغىز سۆز قىلماي، ئەسكەرلىرىمىز تەرەپكە قاراپ ماڭىمىز، — دەپتۇ زۇئۇلماكان، — ئەگەر بىز 'ئاللاھۇ ئەكبەر' دەپ تەكبىر ئېيتىپ ۋاقىرىساق، ئۇلار ئويغۇنۇپ، كەينىمىزدىن قوغلاپ كېلىپ، قورشاپ ئالسا، بىرەرىمىزمۇ ئامان قالمايمىز". خۇدا ھەققى، "ئۇلار ئويغانسىمۇ بىز ئۈچۈن ئانچىلا خەتەرلىك ئەمەس. مېنىڭ سۆزۈمگە كىرىڭلار" دەپتۇ شەررىكان.

ھەممىسى رازى بولۇشۇپ، تاغ ئۈستىگە چىقىشىپتۇ ۋە: "ئاللاھۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەكبەر!" دەپ يۇقىرى ئاۋازدا تەكبىر ئېيتىپتۇ. تاغۇ-تاشلارمۇ بۇ ئاۋازغا يۇقىرى سادا بىلەن ئەكس جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ. ھەممە يەرنى تەكبىر ئاۋازى "ئاللاھۇ ئەكبەر!" قاپلاپ كېتىپتۇ. نىسارالار ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ، مەسلەر ئارا ئالاقزادىلىق باشلىنىپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



بىر يۈزىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

ئۇلار تاغ ئۈستىدىن ۋاقىراپ: "ئاللاھۇ ئەكبەر!" دەپ تەكبىر ئېيتىشىپتۇ. تاغۇ-تاشلار ئەكس سادا بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ. مەس نىسارالاردا ئالاقزادىلىق باشلىنىپتۇ. "دۈشمەنلەر بىزگە كېچىلىك ھۇجۇمنى باشلىغان ئىكەن. بىزنى شەرمەندە قىلما، ئەي ئەيسا!" دەپ قورالىنىپ، قاراڭغۇ كېچىدە بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپتۇ. ئۇلار بىر-بىرىنى شۇنداق قىرىشىپتۇكى، ئۇلۇكلەر دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ سانىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. پەقەت تاڭ ئاتقاندىلا، ئۇلار ئۆزلىرى بىر-بىرىنى قىرغانلىقىنى، ئارىلىرىدا بىرمۇ مۇسۇلمان ئەسكىرى يوقلۇقىنى سېزىپتۇ. ئۇلار ھوشىنى تېپىپ، ئەسىرلەرنى ئىستەشكە كىرىشىپتۇ. قارىسا، ئەسىرلەردىن بىرمۇ كىشى قالمىغان. كىشەنلەر پاچاقلانغان ھالدا تۇرغان. "بۇ ئىشلارنى قىلغان قولىمىزدىن قاچقان ئەسىرلەر ئىكەن. ئۇلار ئۇزاپ كەتمەستە، ئارقىسىدىن قوغلاڭلار! ئۇلارغا ئۆلۈم شەرۋىتىنى

ئىچكۈزۈڭلار! ئۇلاردىن چۆچىماڭلار! قورقماڭلار! ئۇلار ئاز، كۈچسىز، دەرمانسىز، ئاچ!“ دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ نىسارالار باشلىغى. ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىپ، ئەسىرلەرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ مېڭىپتۇ. ئارىدىن كوپ ئۆتمەي، ئۇلارغا يېتىشىپ ئاپتۇ. شەررىكان، زۇئۇلماكان ۋە باشقىلارنى قورشاپ ئاپتۇ... زۇئۇلماكان قورشاۋدا قالغىنىنى پەملەپ قاتتىق خاپا بوپتۇ. ”ئىش مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك بولدى، — دەپتۇ ئۇ ئاكىسىغا ۋە باشقىلارغا، — ئەمدى ئۇلارغا قارشى باتۇرلۇق ۋە جان پىدالىق بىلەن جەڭ قىلىشتىن باشقا چارە يوق“. شەررىكان سوزلىمەسلىكنى ماقۇل كورۇپ، لام-جىم دىمەپتۇ. زۇئۇلماكان تاغ ئۈستىدىن ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەپ تەكبىر ئېيتىپ، پەسكە قاراپ مېڭىپتۇ. باشقا باتۇرلارمۇ تەڭلا ”ئاللاھۇ ئەكبەر!“ دەپ چوقان كوتۇرۇشۇپ، غەيرەت بىلەن جەڭگە يۈرۈش قىپتۇ. شەررىكان بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرىمۇ تەكبىر ئېيتىشىپ، نىسارالارغا تىغ سېلىشقا باشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىدىن يەر تەۋرىگۈدەك ھالەتكە كەپتۇ. نىسارالارنىڭ ئەسكەرلىرى تاغنىڭ باغرىغا تارقىلىپتۇ. مۇسۇلمانلار غەيرەت بىلەن ئۇلارنى قوغلاپ، جەڭ قىلىشقا كىرىشىپتۇ. يەتكەن يەردە ئۇلارنىڭ باشلىرىنى تەنلىرىدىن جۇدا قىلىپتۇ. شۇ چاغدا، ھەممە تەرەپتىن تەڭلا يەنە: ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دىگەن تەكبىر ئاۋازى كەپتۇ. شەررىكان ۋە زۇئۇلماكاننىڭ باتۇرلىرى بۇ ئاۋازدىن روھلىنىپ، يېڭىۋاشتىن جەڭگە كىرىشىپتۇ. ئۇلار تا كەچ كىرگىچە ئۇرۇشۇپ، نىسارالارنى قانغا بوياپ، كوپ چىقىمدار قىپتۇ. كەچ كىرگەندە، ئۇرۇش توختاپتۇ. پۈتۈن تۈننى ئۇلار خوشاللىق بىلەن ئوتكۈزۈپتۇ. تاڭ ئاتقاندىلا، ئۇلار دەيلەم ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىغى رۇستەم،

تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى بەھرامنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن يىگىرمە مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ كەلگەن ئىكەن. ئاتلىقلار زۇئۇلماكاننى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى بىجا كەلتۈرۈپتۇ. "مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى، نىسارالار نەسلىنىڭ ھالاكىتىگە خوش بولۇڭلار!" دەپتۇ زۇئۇلماكان ئۇلارغا. ئۇلار بىر-بىرىنى قازانغان مۇۋەپپىقىيەتلىرى ۋە قىيامەت كۈنى كېلىدىغان نەتىجىلىرى بىلەن تەبرىكلىشىپتۇ.

ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىكەن: ئەمىر بەھرام، ئەمىر رۇستەم، ھاجىپلار بايراقلىرىنى باشلىرىدا لەپىلدىتىپ، ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە قۇستەنتىنىيەگە يېتىپ كېلىپ قارىسا، نىسارالار مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنىڭ كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ، بارلىق كۈچى بىلەن ۋە قولىدا بار پۇلى بىلەن قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرغان، پۈتۈن شەھەر خەلقىنى مۇداپىئەگە ئۇيۇشتۇرغان، ھەممە تەرەپكە ئەسكەر جايلاشتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. رۇملۇقلار ئات تۇۋىقىدىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن چاڭلار، ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇپ كىشنەشلىرى، قورال-ياراقلارنىڭ تاراڭ-تۇرۇڭ ئاۋازلىرى، تەكبىرنىڭ ھەيۋەتلىك ساداسى، قۇرئان ئوقۇپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئاۋۋازلىرىنى يىراقتىن ئاڭلاپتۇ. ئۇلارغا بۇنداق پۇختا تەييارلىق قىلىشنى ھىلىگەر دەللە، ئالدامچى، ئۇچىغا چىققان جاسۇس زاتۇد داۋاھى بۇيرىغان ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار چوڭ-كىچىك، ئەر-خوتۇن، بالا-چاقىلىرى بىلەن تاشقىن دېڭىزدەك ھەركەتكە كېلىپ، يەر يۈزىنى بوش قويمىغان ئىكەن. ھاجىپ بۇنى كۆرۈپ، تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى بەھرام، دەيلەم ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى رۇستەمگە مۇنداق دەپتۇ: "ئەي ئەمىرلەر، دۈشمەن ئەس-

كەرلىرى ناھايىتى كوپ، ئۇلارنىڭ تەييارلىقلىرىمۇ ناھايىتى پۇختا.
خۇددى دېگىمىز دولقۇنىدەك ئۇركەشلەپ تۇرۇپتۇ. بۇنى مەن
دېمىسەممۇ ئۆزەڭلار كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر. ھەقىقەتەنمۇ ئۇلار بىز-
دىن يۈز ھەسسە كوپ. بىرەر جاسۇس بىزنىڭ ئارىمىزدا شاھىمىز
زۇئۇلماكان ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى شەررىكان، ۋەزىر دەندانىلارنىڭ
يوقلىغىنى ئۇلارغا خەۋەر قىلغان بولۇشىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق
ئەمەس. بۇ نەرسە بىز ئۈچۈن دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ خەۋپە-
دىنمۇ كۈچلۈكرەك بېسىم كەلتۈرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سان-
ساناقسىز ئەسكەرلىرى بىلەن بىزنى تەھلىكىگە سالىدۇ. بىزنىڭ
ھەممىمىزگە قىلىچنىڭ بىسىنى، نەيزىسىنىڭ ئۇچىنى توغرىلايدۇ.
ئۇ ھالدا، بىزنىڭ بىرەر كىشىمىزنىڭ قېچىپ قۇتۇلۇشى ناتايىن.
ئەڭ ياخشىسى شۇكى، ھەر ئىككىڭلار ئون مىڭدىن يىگىرمە مىڭ
ئاتلىق ئەسكەرنى ئېلىپ مەترۇخا ۋادىسىغا، مەترۇخا چىمەن-
زارلىقىغا بۇرادەرلىرىمىزنى ئىستەپ بېرىشىڭلار لازىم. ئەگەر
بۇ سۆزۈمگە ئۇنىمساڭلار، بىز چوڭ زىيان تارتىمىز. زىياننىڭ
ئالدىنى ئېلىپ، ئۇلارنى نىسارالارنىڭ توسۇپ قويۇشىدىن قۇتقۇ-
زۇشنىڭ چارىسىنى قىلىشىمىز لازىم. مېنىڭ بۇ گېپىمگە ئۇنىمىساڭ-
لار، زورلىمايمەن. ئەمما، كېيىنكى مالامەت گەپلەردىن قۇتۇلىمەن.
بارغاندىمۇ ناھايىتى تېزلىك بىلەن بېرىپ قايتىشىمىز كېرەك.
چۈنكى، ئېھتىياتكارلىق ئەڭ ياخشى مەسلىھەتتۇر". ئەمىرلەر بۇ
پىكىرنى قوبۇل قىپتۇ. ئىككى ئەمىر يىگىرمە مىڭ ئاتلىق ئەس-
كەرنى ئېلىپ يولغا چۈشۈپتۇ. داۋان ئېشىپ، تاغدىن ئۆتۈپ،
توختىماي يول بېسىپ، مەزكۇر چىمەنزار داڭلىق ۋادىغا يېتىپ
بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنىڭ سەۋەپلىرى مانا شۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىكەن.

ئەمدى، قېرى دەللە زاتۇد داۋاھىغا كەلسەك، شەررىكان، زۇ-ئۇلماكان ۋە ۋەزىر دەندانلارنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ، نىسارالار قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇ ھىلىگەر بوزۇق، ئاتقا مىنىپ نىسارالارغا شۇنداق دەپتۇ:"مەن مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى ئارقىسىدىن يېتىپ بارىمەن. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ھىلە قۇراشتۇرۇپ چىقىمەن. چۈنكى، ئۇلار قۇستەنتىنىيەگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن كەتكەن. ئۇلارغا يارى-دوستلىرى تامامەن قىرىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىتىمەن. ئۇلار بۇ گەپنى ئاڭلىسا، بېشى قېيىپ ھەر تەرەپكە تارقايدۇ. باش-پانا ئىستەپ كېتىدۇ. بىر-بىرلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلىدۇ. مەن بۇ ھالنى قۇستەنتىنىيە شاھى ئەفرىدۇنغا ۋە ئۇغلۇم رۇم پادىشاسى ھەردۇپقا يەتكۈزىمەن. ئۇلار مۇسۇلمانلارغا قارشى ئاتلىنىپ چىقىپ، بىرەرسىنىمۇ قالدۇرماي قىرىپ تاشلايدۇ". شۇ پىكرىنى ئېيتقاندىن كېيىن ئۇ، يولغا چۈشۈپتۇ. پۈتۈن تۈن بويى ئات ئۈستىدە يۈرۈپتۇ. تاڭ ئاتقاندا، ئۇ، رۇستەم بىلەن بەھرام ئەسكەرلىرىنى كۆرۈپتۇ. زاتۇد داۋاھى پانا بىر جاينى تېپىپ كىرىپ، ئېتىنى يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى چىقىپ بىر ئاز يۈرۈپتۇ. چۈنكى ئۇ: "مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى قۇستەنتىنىيە ئۇرۇشىدىن يېڭىلىپ قاچقان بولسا كېرەك" دەپ ئويلاپتۇ. ئۇلار يېقىنلىشىپ كەلگەندە، ئۇ، ئەسكەرلەرگە ئىنچىكىلەپ قارىسا، يېڭىلگەن كىشىلەردەك ئەمەس. بايراقلىرىغا دىققەت بىلەن تىكىلىپتۇ. بايراقمۇ پەسكە ئېگىلمىگەن. قېرى بۇلارنىڭ يېڭىلمىگەنلىكىنى، شاھلىرى ۋە بۇرادەرلىرى ئۈچۈن خاتىرجەمسىزلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشقا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، ئۇلار تەرەپكە

خۇددى شەيتاندەك ئالدىراپ چىپىپتۇ. ئۇلار غا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇزىنى ئاغرىق، ھالسىز قىياپەتكە سېلىپ تۇرۇپ، "شەيـ-تانلار ئەۋلادى بىلەن قىلىدىغان جەڭگە ئالدىراڭلار! ئەي شەپقەت ۋە مەرھەمەت ئىگىلىرىنىڭ ئەسكەرلىرى" دەپتۇ ئۇ ۋاقىراپ. بەھرام قىرى دەللىنى كورۇپ، ئىتىنى ئۇنىڭغا يوگۇرتۇپتۇ. ئۇ، قىرىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، قىرى ئۇزىنى يەرگە ئېتىپ، ئومىلەپ كېلىپ، يەرنى سۇيۇپ، يۇزىگە توپا چېچىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار بۇ قىرىنى بۇ ھالدا كورۇپ: "ئەي خۇدانىڭ دوستى! قانداق خوش-خەۋەرلەر بار؟" دەپ سوراپتۇ. "يامان ئەھۋاللار ۋە دەھشەتلىك ئىشلار توغرىسىدا سورىمايلا قوي! — دەپتۇ لەنىتى قىرى، — دوستـ-لىرىمىز مەترۇخا ۋادىسىدىكى بايلىقنى قولغا كىرگۇزگەندىن كېيىن، قۇستەنتىنە تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، سىلەرگە يېتىشىپ ئالماقچى بولۇپ يولغا چىققان ئىدى. توساتتىن ئىسارالارنىڭ پالاكەتلىك تۇرۇغىنى چاچقۇچى ئەسكەرلىرى ئۇلار غا قارشى چىقتى، — كېيىن مەككار قىرى ئۇلارنى يەنىمۇ ئارتۇغراق تەشۋىشكە سېلىش ئۇچۇن، — ئۇلارنىڭ كوپچىلىگى ئىسارالار چېرىكلىرى بىلەن بولغان جەڭدە شېھىت بولدى. پەقەت يىگىرمە يەتتە كىشى تىرىك قالدى" دەپتۇ. "سەن ئۇلاردىن قاچان ئايرىلدىڭ؟" دەپ سوراپتۇ بەھرام. "بۇگۇن شۇ كېچە" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ قىرى دەللە. "خورما ياغىچىدىن ياسالغان ھاسىغا تايىنىپ يۇرۇپمۇ، شۇنچە ئۇزاق يوللارنى بېسىپسەن. ھېچقانداق گۇمان يوقكى، ساڭا ئوخشاش ئەۋلىيالار-نىڭ ئالدىدا يولنىڭ ئۇزۇنلىغى ھېچقانچە گەپ ئەمەس" دەپ بەھرام ئېتىغا مىنىپتۇ. بەھرام ھىلىگەر، ئالدامچى ۋە ھادامزادە بۇ قىرىنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ، بوشۇشۇپ قاپتۇ ۋە ھەيرانمۇ بوپتۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

"لاھەۋلى ۋالاقۇۋەتى، ئىللا بىللاھى، ئەلىيۇل ئەزىم" دەپ ئوقۇپتۇ. ئۆزىچە "ئەپسۇس، ئەمگەكلىرىمىز زايا بولغان، شاھىمىز ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئەسىر ئېلىنغان بولمىغىدى؟" دەپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار يەنە يول يۈرۈپتۇ. يولنىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئاخىر سەھەر ۋاقتىدا ۋادىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ كوزلىرى زۇئۇلماكان ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى شەررىكانغا، ۋەزىر دەندانغا چۈشۈپتۇ. قارىسا، ئۇلار غەيرەت بىلەن جەڭ قىلىشىۋاتقان. شەررىكان بىلەن ئۇنىڭ يار-دوستلىرى نىسارالارنى ئۆزۈك ھالقىسىدەك ئوراپ ئالغان. ئۇلارنىڭ ۋاقىراپ قىچقىرىشلىرىدىن نىسارا باشلىقلىرى، باتۇرلىرى قاچقىلى جاي تاپالماي قالغان. بۇلارنىڭ غەزىۋىدىن تاغلارمۇ يېرىلىشقا ئازلا قالغان. ئەينى شۇ چاغدا، ئۇلارمۇ يېتىپ كېلىپ، نىسارالارغا قارشى تەكبىر بىلەن جەڭگە كىرىشىپتۇ. كەچتە جەڭدىن يېنىپ، تاغ باغرىغا جايلىشىپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، ئۇلار زۇئۇلماكان، شەررىكان، ۋەزىر دەندان ۋە ئۇلارنىڭ باشقا ھەمرالىرى بىلەن كورۇشۇپتۇ. شەررىكان ئۇلارغا غاردا بولغان ۋەقەنى سوزلەپ بېرىپتۇ. ئۇلارمۇ بۇ ئىشتىن ھەيران بوپتۇ. "قوۋ-تەنتەنىگە تېزراق قايتىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ ئۇ يەردە ياخشى دوستلىرىمىز قالدى. ئەگەر بىز ۋاقتىدا يېتىپ بارمىساق، ئۇلار-نىڭ پىكرى-خىيالى بىزدە بولۇپ قالىدۇ" دېيىشىپتۇ ئۇلار. شۇ سوز بىلەن ئۇلار يەنە يولغا چىقىشىپتۇ. زۇئۇلماكان ئۇلارنى غەيرەت ۋە شىجائەتكە ئۈندەپ، بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

شەرەپلەر ساڭا بولسۇن ئەي ئۇلۇغ زات،
دەرىغ تۇتماي ئىشىمغا قىل ئىلتىپات.
غېرىپلىق يۇرتىدا ئوستۇم مۇساپىر،

قولۇمنى تۇت، مۇساپىرغا بولۇپ پىر.

قانتىڭغا ئېلىپ قىلغىن ھىمايە،
غەمنى يەڭدىم، بەخت بولدى ماڭا دايە.
ئۆزەڭ بەردىڭ ماڭا بايلىق ـ پاراۋان،
ھىساپسىز نازۇ ـ نىمەت ھەم تاجۇ، دەۋران.

زەپەر شاملىرىنى بەردىڭ قولۇمغا،
بىلىم نۇرىنى چاچتىڭ يولۇمـغا.
ماڭا تەختۇ ـ بەختنى بەرگەن ئۆزەڭسەن،
قىلىپ ئېھسان غەيرەتنى بەرگەن ئۆزەڭسەن.

ۋەزىر بەردىڭ ماڭا ئوتكۇر، ئېقىللىق،
مېنى خەۋپتىن خالاس ئەتتىڭ قىلىپ يېقىنلىق.
سېنىڭ قىلغان ئىلتىپاتىڭ چەكسىز ناھايەت،
رۇملۇقلار بېشىغا سالدۇق قىيامەت.

قىزىل قانغا بويالدى ئۇستى ـ باشى،
ئىلىگە قاچتى غەمكىن، كوزدە ياشى.
ئاۋال قورقۇپ، دىلىم بولدى خىرە ـ كىر،
كېيىن ياۋغا ئېتىلدىم، بولۇپ گويا شىر.

ھۇجۇم بىرلە قىلدىم تۇپراق ئارا پەس،
ئەجەلدىن مەي ئىچۇردۇم بولدىلەر مەس.
ئىگىلەپ ئالدۇق ئۇلارنىڭ بايلىغىنى،
شەھەر، قەلئە، يەر، سۇ، يايلىغىنى.

كېلىپ بىر سوپى ياردەم قىلدى شۇدەم،
كارامىتى بىرلە ئاۋات بولدى ئۇلكەم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دۈشمەنلەردىن ئېلىندى ئۆچىمىزمۇ،
ئۇنىڭ شوھرىتىدىن ئاشتى كۈچىمىزمۇ.

سېپىمىزدىن كېمەيدى بىر قانچە پالۋان،
ئۇلارنى قارشى ئالسۇن جەننەتۇ-رىزۋان.
كېلىڭلار غازىلار، بولايلى بىز جەم،
نىسارالار كوزىگە تار بولسۇن ئالەم.

شاھ زۇئۇلماكان شېئىرنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاكىسى شەررىكان ئۇكىسىنى يېڭى غەلىبە بىلەن تەبرىكلەپتۇ. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپتۇ. كېيىن ئۇلار قولغا چۈشكەن غەنىمەتلىرىنى ئېلىپ، خوشال-خوراملىق بىلەن قۇستەنتىنىيەدە قالغان ئەسكەرلىرىگە قوشۇلۇش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



بىر يۈز بىرىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

كېيىن ئۇلار ئەسكەرلىرى ئارقىسىدىن قۇستەنتىنىيەگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. قېرى زاتۇد داۋاھى بەھرام ۋە رۇستەم ئەسكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئېتىنى يوشۇرۇپ قويغان جايىغا بېرىپتۇ. ئۇنى قايتىدىن مىنىپ، ئالدىراپ-تېنەپ قۇستەنتىنىيەنى قورشاپ تۇرغان مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى قېشىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئېتىدىن چۈشۈپ، ھاجىپ تۇرغان چېدىرنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ھاجىپ ئۇ دەل-

لىنى كورۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ: "خوش كېلىپسىز، ئەي ئۇلۇغ سوپى" دەپ، ئەھۋال سوراپتۇ. كېيىن قانداق ۋەقەلەر يۈز بەرگەن-لىكىنى سوزلەپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. قېرى كىشىنى ۋەھىمىگە سالغۇچى، يالغان-ياۋىداق گەپلەرنى سوزلەپ كېلىپ: "مەن ئەمىر رۇستەم ۋە باتۇر بەھراملار ئۈچۈن قاتتىق قايغۇرىمەن. ئۇلار بىلەن يولدا ئۇچرۇشۇپ، ئۇلارنى شاھ تەرىپىگە يولغا سالدىم. ئۇلارنىڭ سانى ئاران يىگىرمە مىڭ ئىكەن. ئىسارالار بولسا ئۇلاردىن كوپ. شۇ سائەتتىن باشلاپ، پۈتۈن ئەسكەرلىرىڭىزنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن بېرىشىڭىزنى سورايمەن. بولمىسا، ئىسارالار ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ تىرىك قويماي هالاك قىلىدۇ..." دەپتۇ خىتاپ قىلىپ. هاجىپ بىلەن ئۇنىڭ ئادەملىرى قېرىدىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، كوڭلى يېرىم بوپتۇ. ھەممىسىنىڭ كوزىگە ياش كەپتۇ. "خۇدادىن مەدەت سوراپ، چىداملىق بولۇشىڭىز لازىم. بۇ ئىشتا، سىزلەر مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئۇممەتلىرى، ئاتا-بوۋىلە-رىڭىزغا تەقلىت قىلىشىڭىزلار لازىم. شېھىت بولغانلارغا خۇدا جەن-نەتنى ۋەدە قىلغان. ھەممە كىشى ئولىدۇ. لېكىن، ئولگەندىن كېيىن جەننەتتە بولۇش ساۋاپتۇر. غازاتتا ئولگەن كىشى ئەلۋەتتە شۇ ساۋاپقا يېتىشىدۇ. غازاتتىن قېچىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن نومۇس-لۇق ئىش" دەپتۇ زاتۇد داۋاھى. هاجىپ قېرىنىڭ سوزىنى ئاڭ-لاپ، ئەمىر بەھرامنىڭ ئۇكىسىنى قىچقىرتىپتۇ. ئۇمۇ ناهايىتى كېلىشكەن باتۇر ۋە قامەتلىك، قورقۇمسىز ئىكەن. ئۇنى ئەمىرى تۇركەش دەپ ئاتايدىكەن. تۇركەشكە ئەڭ ئىشەنچلىك تاللانغان ئون مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى ئېلىپ ئاكىسىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن يولغا چۇشۇشنى بۇيرۇپتۇ. تۇركەش تاللانغان ئەسكىرى بىلەن شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆنى يولغا چىقىپ ماڭغىنىچە مۇسۇلمانلارغا يېقىنلىشىپتۇ. تاڭ
ئاتقاندا، شەررىكان ئۇزاقتىن كوتىرىلگەن چاڭ-توزاننى كورۈپتۇ.
ئۇ ئەسكەرلىرىدىن ئەنسىرەپتۇ. "ئەگەر بۇ كېلىۋاتقان ئەسكەرلەر
مۇسۇلمانلار بولسا، بىزنىڭ غەلىبە قىلىشىمىز چوقۇم؛ ئەگەر نىسارا-
لار بولسا، ئۇ چاغدا ئەھۋال يامان. نېمە بولسا مەيلى، تەقدىرنى
ئۆزگەرتىپ كەتكىلى بولمايدۇ" دەپتۇ. كېيىن شەررىكان ئۇكسى
زۇئۇلماكاننىڭ يېنىغا كەپتۇ: "ھېچ نەرسىدىن قورقما! مەن
سېنى ئۆزەمنىڭ جېنى بەدىلىگە بولسىمۇ، ھالاكەت گىرداۋىغا
تاشلاپ قويماي قوغدايمەن! بۇ ئەسكەرلەر ئۆز ئادەملىرىمىز
بولسا، ئەلۋەتتە زور مەرھەمەتتۇر. نىسارالار بولسىمۇ، ئۇلار
بىلەن كۆرەش قىلىشىمىز لازىم بولىدۇ. مەن ئۇلۇشتىن بۇرۇن بسوپە-
نىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ، جامالىنى كورۈشنى خالايتتىم" دەپتۇ.
ئۇلار شۇ سوز ئۈستىدە تۇرغاندا، چاڭ-توزان ئىچىدىن مۇسۇل-
مانلارنىڭ بايراقلىرى كورۈنۈپتۇ. "ئىشلىرىڭلار قانداق؟" دەپ
سوراپتۇ شەررىكان ئۇلار بىلەن كورۈشكەندىن كېيىن. "ساق-
سالامەتمىز، بىز پەقەت سىزلەردىن ئەنسىرەپ كەلدۇق" دېيىشىپتۇ
ئۇلار. تۇركەش ئاتتىن چۈشۈپ، شەررىكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ
تازىم قىپتۇ. "زۇئۇلماكان، ۋەزىر دەندان، رۇستەم ۋە بەھرام-
لارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ئەي ئۇلۇغ شاھزادەم" دەپتۇ شەررىكانغا
قاراپ. "ھەممىسى ساق-سالامەت، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز توغرىسىدا
سىزلەرگە كىم خەۋەر قىلدى؟" دەپ سوراپتۇ شەررىكان تۇركەشتىن.
"سوپى،—دەپتۇ تۇركەش سوزىنى داۋام قىلىپ،—ئۇنىڭ ئېيتىشىچە،
مېنىڭ ئاكام بەھرام ۋە رۇستەملەرنى يولدا كوروپ، ئۇلارنى
سىزگە ئەۋەتكەن ئىكەن؛ 'نىسارالار ناھايىتى كوپ بولۇپ،

ئۇلارنى قورشاپ ئالغان' دېگەن ئىدى. بۇ يەردە مەن تامامەن ئۇنىڭ ئەكسىنى كورۈۋاتىمەن. سىزلەر غەلىبە قىلىپسىزلەر". "سوپى سىزلەرنىڭ قېشىڭىزلارغا قاچان باردى؟ ۋە نىمە مىنىپ باردى؟" دەپ سوراپتۇ شەررىكان تۇركەشتىن. "ئېيتىشلىرىچە، پىيادە بارغانلىغى مەلۇم" دەپتۇ تۇركەش. "ھېچقانداق شەك يوقكى، ئۇ، خۇدانىڭ يۈۋاش-مومىن بەندىسى ۋە ھەقىقى ئەۋلىيادۇر، — دەپتۇ شەررىكان.— قېنى، ئۇنىڭ ئوزى قەيەردە؟". "بىز ئۇنى شۇ يەردىكى ئەسكەرلەر ئارىسىدا قالدۇردۇق. ئۇ ئادەملەرنى كاپىرلارغا قارشى ئەستايىدىللىق بىلەن غازات قىلىشقا دەۋەت قىلماقتا" دەپتۇ تۇركەش. شەررىكان تۇركەشتىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خوش بوپتۇ. مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى ۋە سوپىنىڭ سالامەتلىكىنى بىلىپ، شەررىكان خۇداغا شوكرىلەر قىپتۇ. ئۇلگەنلەرگە خۇدانىڭ مەرھەمىتىنى سوراپ دۇئا قىپتۇ. "مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تەقدىردە يېزىلغان ئىشلار" دەپتۇ ئۇ ئوزىچە. كېيىن ئۇلار ئاتلىنىپ يولغا چۇشۇپتۇ. بىر ئاز يۈرگەندىن كېيىن، بىردىنلا ھاۋادا توزان كوتۇرۇلۇپتۇ. چاڭنىڭ قويۇقلىغىدىن ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ. ئات تۇۋاقلىرىنىڭ زەربىسىدىن يەرلەر تىترەپتۇ. "نىسارالار مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنىڭ كۈچىنى قىرقىغان بولمىسا، دەپ قورقىمەن. چۇنكى، بۇ توزاڭ يېپىلماستىن كوك يۈزىنى قاپلىدى" دەپتۇ شەررىكان. بىر دەمدە چاڭنىڭ ئىچىدىن كىچىككىنە قارا داغ كورۈنۈپتۇ. يېقىنلاشقاندا قارىسا، ئۇ، كىتاپخانلارغا مەلۇم ۋە مەشھۇر بولغان سوپى ئىكەن. ئادەملەر ئۇنىڭ قولىنى سۇيۇپتۇ. "ئەي ھورمەتلىك زات ئۇممەتلىرى، ئەي قاراڭغۇ زۇلمەت مەشئەلىنىڭ نۇرلىرى، — دەپ ۋاقىراپتۇ ئۇ،— نىسارالار مۇسۇلمانلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھىلە قىلدى. مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى ئارقىسىدىن بېرىڭلار! ئۇلارنى بەدبەخت كاپىرلارنىڭ چاڭگىلىدىن تېز قۇتقۇزۇڭلار. مۇسۇلمانلار ئۆز چېدىرلىرىدا تېچ ئولتۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۇلار باستۇرۇپ كەلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىرىنى غەم باستى».

سوپىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شەررىكانىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، دىلىنى ئەلەمنىڭ قاتتىق قوللىرى مۇجۇپتۇ. نىمە قىلىشىنى بىلمەي، ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپتۇ. شەررىكان، زۇئۇلماكان، ۋەزىر دەندان بىر-بىرلەپ كېلىپ، سوپىنىڭ قولىنى سۆيۈپتۇ. «خۇدا ھەققى، شۇ سوپىدىن مېنىڭ دىلىم يىرگىنىدۇ، — دەپتۇ ۋەزىر دەندان، — مەن ئۇتۇپ كەتكەن مانا شۇنداق خۇدا پەرەسلەردىن بۇزۇقچىلىقتىن باشقا بىرەر ياخشىلىقنى كورمىگەنمەن. ئۇنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىڭلار. ئۆزەڭلەرنىڭ يولى بىلەن مېڭىپ ئۆزەڭلەرنىڭ بۇرادەرلىرىنى ئىستەڭلەر. چۈنكى، بۇ سوپى دۇنيانى يارات-قۇچى تەڭرىنىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغانلاردەك تۇرىدۇ. مەن بىر نەچچە قېتىم بۇ يەرلەردە شاھ ئومەر ئىبنى نۇئمان بىلەن بىللە غازاتتا بولدۇم. كوپ ۋەقەلەرنى بېشىمدىن كەچۇردۇم. لېكىن، بۇنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى، ئېيتىپ يۈرگەن ۋەقەلىرىنى كورمىگەنمەن». «بۇ بولمىغۇر پىكرىڭنى تاشلا! ئۆزى قىلىچ ۋە نەيزىنىڭ ئىچىدە يۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنى جەڭگە كىرىشكە قانداق تەرغىپ قىلغىنىنى كورمىدىڭمۇ؟ — دەپتۇ شەررىكان ئۇنىڭغا، — ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەلسە-كەلمەس سۆزلەرنى قىلما! غەيۋەت ئەر كىشى ئۈچۈن ئەڭ يامان نومۇسلۇق ئىشتۇر. ئۇنىڭ دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ھەركەتلىرىنىمۇ كورگىن. خۇدا ئۇنى دوست تۇتمىغاندا، شۇنچە ئازاپلار بىلەن قىيناپ، شۇنچە ئۇزۇن ئارىلىقنى

ئۇنىڭغا يېقىن قىلمايتتى". شۇنىڭدىن كېيىن شەررىكان سوپىغا مىنىش ئۈچۈن نۆۋبىيە خېچىرلىرىدىن بىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇنى ئېلىپ كېلىپ: "بۇ خېچىرغا ئۆزەڭ مىنگىن. ئەي پاك دىل سوپى" دەپتۇ قېرىغا.

قېرى خېچىرنى قوبۇل قىلماپتۇ. مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن. ئۆزىنى خۇداغا يەنمۇ سېغىنغان سوپى قىلىپ كۆرسۈتۈپ، خېچىرغا مىنىشتىن باش تارتىپتۇ. ئۇلار سوپىنىڭ بۇ مىكرى ـ ھىلىلىرىنى سەزمەپتۇ. بۇنىڭغا ئوخشىغان سوپىلار توغرىسىدا بىر شائىر مۇنداق دېگەن ئىكەن:

بىيىتىمگە يېتەي دەپ، كۈندە روزا تۇتتى،
خالى جايدا تاپقاننى كېلىغا ئىلغماي يۇتتى.
پېشانىسىنى يېغىر قىپ، تىنماي ئوقۇپ نامازنى،
مەقسىدىگە يەتكەندە ئۇ خۇدانى ئۇنتۇتتى.

سوپى خۇددى لوقما ئىزلەپ يەپ يۈرگەن ھىلىگەر ـ قۇۋ تۈلكىدەك، ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەر ئارىسىدا، چۆل ـ دەشتلەردە كېزىپ يۈرۈپ، كىشىلەرنى كورسە ئۈنلۈك قۇرئان ئوقۇپتۇ، تەسۋى سېرىپتۇ. شۇنداق يۈرۈپ، ئۇلار بىلەن بىللە مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى يېنىغا يېتىپ بېرىپتۇ. شەررىكان قارىسا، مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى مەغلۇبىيەتكە يۈز تۇتقان. ھاجىپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا ئىنتىلەۋاتقان، مۇسۇلمانلار بىلەن نىسارالار ئەسكەرلىرىنىڭ ئارىلىرىدا قىلىچ ئوينىۋاتقان ھالدا تۇرغان.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

—ئەي بەختلىك شاھ، —دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.


بىر يۈز ئىككىنچى كېچە

ھاجىپ ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشقا ھەركەت قىلىۋاتقان ئىكەن. نىسارالار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىدا قىلىچ ئوينىۋاتقان ئىكەن. مۇسۇلمانلارنىڭ يېڭىلىۋاتقانلىقىغا سەۋەپ بولغان مەككار زاتۇد داۋاھى بەھرام ۋە رۇستەملەرنىڭ ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن شەررىكان ۋە زۇئۇلماكاننىڭ يېنىغا ماڭغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. يوقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، ئۇلارنى ۋەھىمىگە سېلىپ، ئەمىر تۇركەشنى ئەسكەرلىرى بىلەن ماڭدۇرۇپتۇ. ئۇ، بۇ ئىشلارنى ئۇلارغا كۆيۈنگەنلىكىدىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، بولۇپ تاشلاپ، پاراكەندىچىلىك سېلىش ئۈچۈن قىپتۇ. كېيىن ئۇ، قۇستەنتىنىيەگە قاراپ مېڭىپتۇ. رۇم باتۇرلىرىغا قاراپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋاقىراپ تۇرۇپ: "قورغاننىڭ ئۈستىدىن تۆۋەنگە ئاغامچا تاشلاڭلار! مەن ئۇنىڭغا مانا بۇ خەتنى چىگىپ بېرىمەن، سىلەر ئۇنى شاھىڭلار ئەفرىدۇن ۋە ئوغلۇم رۇم شاھى ھەردۇپقا يەتكۈزۈڭلار! ئۇلار شۇ خەتنى ئوقۇسۇن. شۇنىڭغا قاراپ ئىش قىلسۇن" دەپ ۋاقىراپتۇ. نىسارالار ئاغامچا تاشلاپتۇ، ئۇ ئاغامچىغا تۆۋەندىكى سۆزلەر يېزىلغان خەتنى چىگىپتۇ: "ئۇلۇغ بەختسىز ۋە بۈيۈك تەشۋىشلىك زاتۇد داۋاھىدىن، شاھ ئەفرىدۇنغا ۋە ئوغلۇم شاھ ھەردۇپقا يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، مەن سىزلەر ئۈچۈن مۇسۇلمان-

لارنى هالاك قىلىش توغرىسىدا كوپ ھىلىلەر قىلدىم. ئېچىلىنىپ، كوڭلۇڭلەرنى توق تۇتۇڭلار! ئۇلارنىڭ شاھلىرى زۇئۇلماكان، شەررىكان ۋە ۋەزىر دەندانىنى ھەمرالىرى بىلەن بىللە ئەسىر قىلىپ ئالدىم. ئۇلار ھازىر مېنىڭ قولۇمدا. كېيىن ئۇلارنىڭ ئەسكەر-لىرى قالغان يەرگە كېلىپ، باشلىقلىرىنىڭ ئىشلىرى ھەققىدە ئۇلارغا تەشۋىشلىك خەۋەرلەرنى يەتكۈزدۇم. ئۇ قايغۇلۇق خەۋەر-لەرنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ روھى چۈشتى، غەيرىتى بوشاشتى. تومۇرلىرىنىڭ ئۇرۇشى سۇسلاشتى. مەن ھازىر قۇستەنتىنىيەنى قورشاپ تۇرغان مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنىڭ ئىچىدىمەن. ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىدىن بەھرام، رۇستەم ۋە تۇركەش باتۇرلىرىنى ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ ئۈتتۈز مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرلىرى بىلەن شاھ-لىرىنىڭ قېشىغا ماڭدۇردۇم. شۇنداق قىلىپ، بۇ يەردە سىلەرنى قورشاپ تۇرغان مۇسۇلمانلارنىڭ ناھايىتى ئازلا ئەسكىرى قالدى. ئۇلارنىڭمۇ ئەھۋالى ئانچە ياخشى ئەمەس. ئەمدى سىلەر تېزلىك بىلەن ئۇلارغا قارشى پۈتۈن كۈچىڭلارنى توپلاپ جەڭگە چىقىڭلار. چېدىرلارغىچە باستۇرۇپ كىرىپ ھۇجۇم قىلىڭلار! بىرەرسىنىمۇ تىرىك قالدۇرماي، قىرىپ تاشلاڭلار! ھەزرىتى ئەيسا سىلەرگە مەدەت قىلسۇن! مېھرى-شەپقەت قىلسۇن! بەخت يۇلتۇزۇڭلار كۈلۈپ چاقناپ تۇرۇپتۇ. ھەزرىتى ئەيسادىن ئۇنىڭ قەۋملىرىگە قىلغان بۇ خەيرخالىقىم ئۈچۈن ئۈمىدىم چوڭ!» خەت ئەفرىدۇنغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئەفرىدۇن ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تېپىپ شاتلىنىپتۇ. شۇ زامانلا زاتۇد داۋاھىنىڭ ئوغلى رۇم شاھى ھەردۇپقا كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنى تەكلىپ قىلىپ كەپتۇ. ئەفرىدۇن ھەردۇپقا خەتنى ئوقۇپ كورۇش ئۈچۈن بېرىپتۇ. رۇم شاھى ھەردۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەتنى ئوقۇپ، ناھايىتى خوش بوپتۇ ۋە: "ئانامنىڭ قىلغان ھىلە-لىرىنى كورا! بۇ، بىزنى قىلىچنىڭ بىسى ۋە نەيزىنىڭ ئۇچىدىن قۇتقازدى. ئۇنىڭ كورۇنۇشى قورقۇنۇچلۇق كۇنلەرنىڭ خەۋپ-خەتەرلىرىنى يېڭىكلىتىدۇ" دەپتۇ ئۇ كېرىلىپ. "ئەيسا بىزنى ئاناڭ-نىڭ مىكىرلىرى ۋە قاباھەتلىك، خىلمۇ-خىل ھىلىلىرىنىڭ مۇيەسسە-دىن ھەردايىم مەھرۇم قىلمىسۇن". ئەفرىدۇن شاھ بۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ، باتۇرلىرىغا ۋە ئەسكەر باشلىقلىرىغا شەھەرنىڭ تاشقىرىسىغا چىقىش توغرىسىدا جار سېلىشقا پەرمان بېرىپتۇ. بۇ خەۋەر پۈتۈن قوستەنتىنىگە تارقىلىپتۇ. نىسارالار ۋە بۇتقا چوقۇنغۇچىلارنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ غازاتقا ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار قىلىچلىرىنى قىنىدىن چىقىرىپ، كۇپرۇلۇق سوزلىرىنى ۋە خۇراپى ئېتىقاتلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، قىچقىرىشىپتۇ.

بۇلارنىڭ ئەلپازىنى كورۇپ، ھاجىپ: "رۇملۇقلار بىزگە يېقىنلىشىپ كەلمەكتە. ئۇلار ئارىمىزدا شاھىمىزنىڭ يوقلىغىنى بىلگەن ئوخشايدۇ. ئېھتىمال، ئۇلار مۇشۇ يۇرۇشلىرىدە بىزگە ھۇجۇم قىلىپ قويۇشلىرىمۇ مۇمكىن. ھالبۇكى، كوپلىگەن ئەسكەر-لىرىمىز، ئاتاغلىق باتۇر ۋە ئەمىرلىرىمىز زۇئۇلماكان تەرەپكە كەتتى" دەپتۇ ئۇزىچە. كېيىن، ناھايىتى يامان دەرىجىدە غەزەپ-لىنىپ: "ئەي مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى، ئەي دىنىنىڭ مۇستەھكەم ھىمايىچىلىرى! قاچىسىڭىزلار ئورۇنسىز يامان نام بىلەن ھالاك بولىسىزلەر. چىدامىلىق بولۇپ، غەيرەت بىلەن جەڭ قىلىسىڭىزلار غەلىبە قىلىسىزلەر. شىجائەتلىك بولۇش دېگەن سوز چىدامىلىق بولوش دېگەن سوزدۇر. خۇدانىڭ ئوزى ئىشمىزنى يېنىكلەتسۇن. خۇدانىڭ ئوزى سىلەرگە غەلىبە بەرسۇن. خۇداغا سېغىنىڭلار.

خۇدانىڭ ئۆزى سىزلەرگە رەخمەت نەزىرى بىلەن باقسۇن" دەپتۇ ھاجىپ ئەسكەرلىرىگە. بۇ سۆز بىلەن مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى روھلىنىپتۇ. ئۇلار تەرەپ-تەرەپتىن: "ئاللاھۇ ئەكبەر!"دەپ تەكبىر ئېيتىشقا باشلاپتۇ. قۇرئاننىڭ سۈرىلىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇشۇپ، نىسارا-لار بىلەن جەڭ قىلىشقا باشلاپتۇ، قىلىچ ۋە نەيزىلەر ئىشقا چۈشۈپ-تۇ، ئەجەل تۇگمىنى پىقىراپتۇ، تۈز ۋە چوڭقۇرلاردا قان ئېقىشقا باشلاپتۇ. دىن راھىپلىرى ۋە مەخسۇس ئىبادەتخانا باشلىقلىرى ئۆزىگە خاس كىيىملەرنى كىيىپ، بەللىرىنى كەمەر بىلەن باغلاپ، بۇتلىرىنى كوتۈرۈپ، خىزمەت ئىشلىشىپتۇ. مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى تەگرىگە سېغىنىپ، تەكبىر ئېيتىشىپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن قۇرئان ئوقۇپ، جەڭگە كىرىپتۇ. شۇ يوسۇندا كەچكىچە قىلىچ ۋە نەيزى-لىرىنى ئىشقا سېلىپ جەڭ قىلىشىپتۇ. ئاخىرى، بۇت پەرەستلەر مۇسۇلمانلارنى ئوراپ ئاپتۇ. ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ كىشىلىرى ئېتىدىن چۈشمەي، خۇدادىن مەدەت تىلەپ، جەڭ قىلىۋېرىپتۇ. ئادەملەر ئارىلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇرۇش قىزىپ، ئادەملەردىن قورقۇش يوقاپتۇ. باتۇرلار ئاتلىرىدىن ئۇچۇپ چۈشۈپ، يەرگە ئېغىناپتۇ. يەرلەر ئۆلۈكلەر بىلەن تولغىچە، ئۆلۈم قازىسى ئۆز ھوكمىنى يۈرگۈزۈپتۇ. مۇسۇلمانلار ئارقىغا چېكىنىپتۇ. رۇملۇقلار بەزى چېدىرلارنى ئىگەل-لەپتۇ، بەزى جايلارنى تازىلاشقا كىرىشىپتۇ. مۇسۇلمانلار قېچىشقا ئىمكانىيەت ھازىرلاپتۇ. شۇ ئارىدا شەررىكان ئەسكەرلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار بايراقلىرىنى كوتۈرۈشۈپ يېتىپ كەپتۇ. ئۇ، يېنىغا زۇئۇلماكان، ۋەزىر دەندان، ئەمىر بەھرام، ئەمىر رۇستەم ۋە تۈركەش باتۇرلارنى ئېلىپ، جەڭ مەيدانىغا كىرىپتۇ. نىسارالار بۇلارنى كورۇپ، ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ. ئاسماننى چاڭ-توزان،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

زىمىننى قان ـ جەسەت، نالە ـ پەريات، ۋەھىمە، ئىڭگراشلار قاپلاپتۇ.
مۇسۇلمانلار ئۇزلىرىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرى بىلەن تېپىشىپتۇ، تونۇشۇپتۇ، كورۇشۇپتۇ. شەررىكان ھاجىپ بىلەن كورۇشۇپتۇ. ھاجىپ شەررىكاننىڭ چىداملىقلىغى، ماختاشقا ئەرزىگىدەك باتۇرلۇغىغا بارىكاللا ئېيتىپتۇ. شەررىكانمۇ ئۇنى كورسەتكەن خىزمىتى بىلەن تەبرىكلەپتۇ. مۇسۇلمانلار غەيرەتكە كېلىپ، يېڭى غەلبە ئۇچۇن بېلىنى باغلاپتۇ.

نىسارالار ئايەتلەر يېزىلغان مۇسۇلمان بايراقلىرىنى كورۇپ، باشلىرىنى كوتۇرەلمەپتۇ. ئۇلار ئوزلىرىنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ يېڭى كۈلپەتلەردىن قايغۇرۇپتۇ. دىن ھىمايىچىلىرى، يۇھان، مەريەمنىڭ راھىپلىرى ئوزىنىڭ ئۇلۇقلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ خاتىرىسى ئۇچۇن قويۇلغان بۇتلىرىنى تىلغا ئېلىپ، مەدەت سورۇشۇپتۇ. ئۇلار روھسىزلىنىپ، ئۇرۇشقا جۇرئەتسىزلىك قىلىپ، قوللىرىنى تۇزۇگرەكمۇ كوتىرەلمەي قاپتۇ، ھالسىزلىنىپتۇ، ئۇرۇشتىن كوڭلى قېلىپ بوشۇشۇپتۇ. ئۇلار ئولۇمنى ئوزلىرىنىڭ بوينىغا ئاپتۇ. شاھ ئەفرىدۇن رۇم شاھى ھەردۇپىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قاتتىق چوچىغان، تەشۇىشتە قېلىپ ئۇرۇشتىن چارچىغان، روھى چۈشكەن بولسىمۇ، يەنە بىر قېتىم سەپ تارتىپ، شاھ ھەردۇپىنى ئوڭ قاناتقا، ئوزىنى چەپ قاناتقا، باتۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ جەڭ قىلماقچى بوپتۇ. مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىمۇ، بارلىق كۈچى جەم بولغىنى ئۇچۇن، ئالاھىدە تەييارلىق كورۇپتۇ. شەررىكان ئۇكىسى زۇئۇلماكانغا قاراپ: "ئەي زامانىمىزنىڭ شاھى! ھېچقانداق گۇمان يوقكى، نىسارالار بىزگە قارشى بارلىق كۈچىنى بىرلەشتۇردى ۋە تەرتىپكە سالدى. بۇ بىز-

نىڭ كۆتكەن مەقسىدىمىزنىڭ ئەينى ئۆزىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئىچىدىكى قورقۇمسىز، ئالا باتۇرلىرىنى ئالدىغا ئېلىشىمىز زۆرۈر. چۈنكى، ئەقىل-تەدبىر بىلەن ئىش كۆرۈپ جەڭ قىلىش—ھاياتلىق ۋە تۇرمۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر" دەپتۇ. زۇئۇلماكان شەررىكانغا: "نېمە قىلماقچىسەن، ئەي توغرا پىكرىنىڭ ئىگىسى؟" دەپتۇ.

"مەن نىسارا ئەسكەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىنى نىشانلاپ، ئوتتۇرىدا تۇراي، ۋەزىر دەندان چەپ قاناتتا تۇرسۇن، سەن ئوڭ قاناتتا تۇرغىن، ئەمىر بەھرام ئوڭ قاناتتا—سېنىڭ يېنىڭدا، رۇستەم سول قاناتتا—ۋەزىر دەنداننىڭ يېنىدا، قالغان باتۇرلار سەپنىڭ ئارقا يانلىرىدا، بايراق ئاستىلىرىدا تۇرسۇن!" دەپتۇ شەررىكان. زۇئۇلماكان ئاكىسىنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ. شۇ ۋاقىتتا بىردىنلا قىقاس-سۈرەن كۆتىرىلىپتۇ. ئەسكەرلەر قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىشىپتۇ. رۇم باتۇرلىرى ئىچىدىن خېچىر مىنگەن بىرسى بولارغا يېقىنلىشىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ مىنگەن خېچىرى جەڭ كۈنلىرى باتۇرلارنى ئوقيادىن قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ قاچىدىغان يورغىلاردىن ئىكەن. ئۈستىگە كەشمىردە توقۇلغان جەيناماز يېپىلغان. خېچىرنى مىنگەن كىشى ئاپپاق ساقاللىق، ناھايىتى كېلىشكەن، سالاپەتلىك بىر قېرى ئىكەن. ئۇ، ئۈستىگە ئاق نەپىس رەختتىن كىيىم كەيگەن ئىكەن. ئۇ، مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى سېپىنىڭ ئالدىغا كەلگىچە، خېچىرىنى يورغىلىتىپ، خۇددى ئوق ئىلاندەك يېتىپ كەپتۇ. شەررىكاننىڭ ئالدىدا توختاپ: "مەن شاھ ئەفرىدۇننىڭ ئەلچىسىمەن. ئەلچىنىڭ ۋەزىپىسى ئىشنى ۋە سۆزنى جايىغا توغرا يەتكۈزۈپ قىلىشتۇر. رۇخسەت قىلسىڭىز، ماڭا ئامان-



لىق بەرسىڭىز، سىزگە خەت تاپشۇرىمەن" دەپتۇ ئۇ.

"ھەربىلەر قىلىچلىرىدىن قورقما! جەڭ نەيزىلىرىنىڭ ئۇچىدىن چوچۇما! قورقساڭ، چوچۇساڭ، ئۆز ۋەزىپەڭنى تولۇق ئادا قىلالمايسەن، مەن ساڭا ئامانلىق بەردىم" دەپتۇ شەررىكان. كەلگەن ئەلچى راھىپلاردەك بوينىغا ئېسىۋالغان بۇتىنى قولىغا ئېلىپ، خېچىرىدىن چۈشۈپتۇ، شەررىكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ بۇتىنى ئالدىغا قويۇپتۇ. خۇددى رۇخسەت سورىغاندەك، ئۆزى شاھزادە شەررىكانغا ئېگىلىپ تازىم قىپتۇ. "نېمە سۆزۈڭ بار؟ نېمە ئېلىپ كەلدىڭ؟" دەپ سوراپتۇ زۇئۇلماكان. "مەن شاھ ئەفرىدۇننىڭ ئالدىدىن كەلگەن ئەلچىمەن. مەن شاھقا بۇ نىسارالار گۇرۇھىنى جەڭدىن توختىتىش ۋە خۇدانىڭ بەندىلىرىنىڭ قىرىلىشىنى تۈگىتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدىم. قان تۆكۈشنى توختىتىش، ئىككى تەرەپ باتۇرلىرىنىڭ ھالاكەتتىن ساقلىنىشىنىڭ ساۋاپلىقىنى چۈشەندۈردۈم، شاھ رازى بولدى ۋە سىزگە: مەن ئۆز جېنىمنى ئەسكەرلىرىمنىڭ جېنى ئۈچۈن پىدا قىلدىم. ئەمدى مۇسۇلمانلار شاھىنىڭ ئوغلى شەررىكانمۇ ئۆز جېنىنى ئەسكەرلىرى جېنىنىڭ ئورنىغا بېغىشلىسا، ئىككىمىزلا مەيدانغا چۈشۈپ جەڭ قىلساق، ئۇ مېنى ئۆلتۈرسە، مېنىڭ ئەسكەرلىرىم ئۇرۇشنى داۋام قىلدۇرۇشقا غەيرەت قىلمايدۇ. مەن ئۇنى ئۆلتۈرسەم، مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىمۇ بىز بىلەن ئۇرۇشۇپ بىھۇدە قان تۆكمىسە، ئىش ئىككىمىز بىلەن تۈگىسە دەيدۇ" دەپتۇ. "ئەي راھىپ، مەن بۇنىڭغا رازىمەن. مەن ئۇنىڭ تىلىگى بويىچە جەڭ مەيدانىغا چۈشىمەن. مەن—مۇسۇلمانلارنىڭ، ئەفرىدۇن—نىسارالارنىڭ باتۇرى، ئەگەر ئۇ مېنى ھالاك قىلسا، ئۇ، بۇ ئۇرۇشتا يەڭگەن بولىدۇ. ئۇ چاغدا

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىگە ئۆز جايلىرىغا قايتىشتىن باشقا چارە قالمايدۇ. ئەي راھىپ! سەن ئۇنىڭغا بىرىپ ئېيتقىن! جەڭ ئەتەلىككە بولىدۇ. بىز بۈگۈنلا سەپەردىن كەلدۇق. چارچىدۇق، ھاردۇق. دەم ئالغاندىن كېيىن، ئارمانىمۇ قالمايدۇ. گۇمانىمۇ پەيدا بولمايدۇ" دەپتۇ شەررىكان. راھىپ خوش بولۇپ قايتىپتۇ. ئۇ، شاھ ئەفرىدۇن ۋە رۇم شاھى ھەردۇپىنىڭ ئالدىغا بىرىپتۇ. ئاڭلىغان سوزلىرىنى بايان قىپتۇ. شاھ ئەفرىدۇن بۇ خەۋەردىن ناھايىتى سۆيۈنۈپتۇ. ئۇنىڭ غەم-ئەلەملىرى تارقىلىپتۇ. "مەن ئەتىلىككە مەيدانغا چۈشسەم، مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇلۇغ باتۇرى شەررىكاننى ئەلۋەتتە يېڭىمەن. قىلىچ بىلەن چاپىمەن، نەيزە بىلەن سانچىمەن. ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن. شۇنىڭ بىلەن شاھ ئۆمەر ئىبنى نوئماننىڭ يەنە بىر ئىزىنى يوقىتىمەن. بۇنى كورگەن مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى ئاجىزلىشىدۇ، روھى چۈشىدۇ، ھەيۋىسى سىنىدۇ"— دەپتۇ شاھ ئەفرىدۇن ئۆز-ئۆزىگە. بۇنى ئاڭلاپ، زاتۇد داۋاھى ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى خەتنى بىرىپ: "ئۇ—باتۇرلارنىڭ باتۇرى، پالۋانلارنىڭ زورى ۋە غورۇرى. شەررىكاننى يېڭىش ئانچە ئاسان ئەمەس" دەپ، ئۇنى چوچۇتۇپتۇ. شاھ ئەفرىدۇنمۇ مەشق قىلىشتا يېتىشكەن، باتۇرلارنى ھەرقانداق يول بىلەن، مەسلەن، تاش ئېتىش، ئوق ئېتىش، نەيزە سانچىش، قىلىچ بىلەن چېپىش قاتارلىق ماھارەت بىلەن ھالاك قىلىشنى ئۆگەنگەن ۋە چىدامىلىق بىلەن مەشق قىلغان ئىكەن. ئۇ، جەڭ ۋاقتىدا قوراللىرىنى ئىشلىتىشكە ماھىر ئىكەن. ئۇنىڭ قوراللىرى مۇكەممەل ۋە تولۇق بولۇپ، ھىچقانداق ئىغىرچىلىق ۋە پالاكەتلەردىن قورقمايدىكەن. شەررىكانىنىڭ يەكمۇ-يەك جەڭ قىلىشقا رازىلىق

بەرگىنى توغرىسىدىكى خەۋەرنى راھىپتىن ئاڭلاپ، شاھ ئەفرىدۇن ئۇزىنى تۇتالـماي، قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ يۈرگىـدەك ئەھۋالـغا چۈشۈپتۇ. ئۇ، خوشلۇغىنى زادىلا باسالماي قاپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۇزىگە ئىشەنچى زور بولۇپ، شۇ كۈنگىـچە ھىچكىم ئۇزىـگە تەڭ كىلەلمىگەنلىكىـدىن پەخىرلىنىدىـكەن. ئۇزىمۇ كۈرەشـنى ياخشى بىلىدىكەن. ىسارالار كىچىنى خوشاللىقتا ئوتكۈزۈپتۇ، ئىچىملىـك ئىچىشىپتۇ. تاڭ ئاتقىچە چوڭ بەزمە قىلىشىپتۇ. تاڭنىڭ ئىتىشى بىلەن ئاتلىقـلار يالتىراق قىلىـچ، ئۇچ قىرلىق ئوتكۈر نەيزىلىرى بىلەن ئوقيالىرىنىڭ ئۇچىنى پاقىرىـتىپ چىقىشىپ، سەپلىرىـنى تولـدۇ- رۇپتۇ. ھەر ئىككى تەرەپ مەيدانىغا كىلىپ، سەپلىرىنى راسـلاپ، جەڭنى كۈتۈشۈپ تۇرۇپتۇ.

شۇ چاغدا بىردىنلا مەيدانىغا نەسىللىك ئاتنى مىنگەن، ئۇرۇش قورالـلىرى بىلەن تولۇق قوراللانـغان بىر باتۇر كىرىـپ كەپـتۇ. بۇ باتۇر ئۇستىـگە ئەڭ ئىـغىر ۋە ئەڭ دەھشەتلىـك جەڭـلەرگە مولچەرلەپ تەييارلانغان پولات ساۋۇت ۋە پولات كىيىم كەيـگەن ئىـكەن. ئۇنىڭ كوكـرىگىـگە قىمـمەتـباھا تاشـلاردىن ياسالغان ئەينەك ئورنۇتۇلغان ئىكەن، قولىدا پەرەڭلەرنىڭ ئاتاغلىق ئۇستى- لىرى ئىشلىـگەن قىلىچ، ئوتكۈر نەيزە بار ئىكەن. ئۇ، يۈزىـدىن نىقاپنى ئاپتۇ ۋە: "مىنىڭ كىملىگىمنى بىلگەنلەر ئۇچۇن ئىسمىمنى ئاتاپ سوزلەش ئارتۇقچە، بىلمىگەنلەر تىزلىك بىلەن بىلىپ ئالسۇن. قەيسەر شاھ ئەفرىدۇن دىگەنمەن" دەپتۇ ئۇ مەغرۇر بىر قىياپەتتە. تىخى شاھ ئەفرىدۇننىڭ سوزى تۈگىمەيلا، بىر نەچچە مىڭ دىنارغا ئەرزىگىدەك تورۇق ئاتقا مىنگەن بىر باتۇر مۇسۇلمانلار سىپىـدىن ئاجراپ چىقىپ، مەيدانىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ، مەرۋايىت ۋە باشقا قىممەتباھا

www.uyghurkitap.com

تاشلار قادالغان قوراللارنى ئاسقان، ئېسىل ۋە ئەڭ قىممەتلىك گوھەر قادالغان كەمەرىدە جەڭ كۈنلىرىدە قىيىن ئىشلارنى ئاسانلاش- تۇرغۇچى مەشھۇر ھىند قىلىچى بار ئىكەن، ئۇ، سەپتىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ چىقىشى بىلانىلا، ھەممە باتۇرلار كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. "ئەي مەلئۇن! ئۆلۈم ساڭا يار بولسۇن! تېخى سەن مېنى قىزغىن كۈرەشكە چىداشلىق بېرەلمەيدىغان باتۇرلارغا ئوخشۇتۇپ، تېزلىك بىلەن ئۆزەڭنى ماڭا بىلدۈرمەكچى بولدۇڭمۇ؟" دەپ ۋاقىراپتۇ شەررىكان ئەفرىدۇنغا. كېيىن ئۇلار بىر-بىرلىرىگە ھۇجۇم قىلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ جەڭدىكى ھەركەت- لىرى خۇددى بىر-بىرىگە ئۇرۇلغان ئىككى تاغ ياكى ئىككى دېڭىز دولقۇنىدەك، كىشىلەر كۆزىنى ئالاق-جالاق قىپتۇ. ئۇلار بىردەم يىراقلىشىدىكەن، بىردەم يېقىنلىشىدىكەن. ئۇلارنىڭ بىر- بىرى بىلەن توقۇنۇشلىرى ۋە ئايرىلىشلىرى، گايى كېلىپ يەنچىپ تاشلىغىدەك غەزەپ بىلەن ئېلىشىشلىرى، ھۇجۇم قىلىشىشلىرى، گايى بىر-بىرىدىن چېكىنىشلىرىنى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەر ۋە باتۇرلىرى كۆزىنى ئۈزمەي تاماشا قىلىشىپتۇ. بەزىلەر: "شەررىكان يەڭدى!..." دېسە، يەنە بەزىلەر: "ئەفرىدۇن يەڭدى..." دېيىشى- دىكەن. بىر ۋاقىتتا ئارىدىن گەپ-سۆز كۆتۈرۈلۈپ، ھېچقانداق تاۋۇش چىقماي قاپتۇ. چۈنكى، ئاسمان يۈزى قارىيىپ قۇياش پېتىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا شاھ ئەفرىدۇن شەررىكانغا ئەرەپ تىلىدا مۇنداق دەپ ۋاقىراپتۇ: "ئەيسا ۋە مەريەم ھەققى، دىنىمىز ھەققى، سەن كۈچلۈك باتۇر ۋە جەڭگىۋار پالۋان ئىكەنسەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە سەن يەنە ئالدامچى ئىكەنسەن! ھەركىتىڭ ياخشى ئادەملەر ھەركىتىگە ئوخشىماي- دىكەن. ئىشىڭمۇ ماختىغىدەك ئەمەس. سېنىڭ كۈرەش قىلىشىڭ

ھەقىقى پالۋانلارنىڭ كۆرەش قايىدىلىرىگە خىلاپ، ئەينە، ساڭا باشقا بىر ئات ۋە باشقا قورال ـ ياراق ئېلىپ كەلدى. سەن ئۇنى مىنىپ، يېڭى قوراللار بىلەن قوراللىنىپ، مەن بىلەن يەنە كۆرەشمەكچىمۇ؟ شۇنداق قىلىش باتۇرلارنىڭ شەنىگە توغرىمۇ؟ دىنىم ھەقىقى، سەن بىلەن بولغان كۆرەشتە مەن ناھايىتى ئېزىلدىم. قىلىچ ۋە نەيزىلىرىڭنىڭ زەربىسى مېنى چارچاتتى. ئەگەر مەن بىلەن كۆرەش قىلىشنى خالىساڭ، ئېتىڭنىمۇ، قوراللىرىڭنىمۇ يەڭگۈش- لىمە. شۇ چاغدىلا، سېنىڭ ھەقىقى پالۋانلىغىڭ مەلۇم بولىدۇ». شەرىكان بۇ سوزنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپتۇ. يۈزىنى ئارقىسىغا ئۇرۇپ، دوستلىرىغا قاراپ، ئات ۋە قوراللىرىنى يەڭگۈشلىمەس- لىك توغرىسىدا ئىشارەت قىلماقچى بوپتۇ. قارىسا، ئارقىسىدا ھېچكىم ۋە ھېچنەرسە ئېلىپ كېلىشكىنى يوقلۇغىنى كورۇپتۇ. ئۇ، ھىلىگەر لەنتى ئەفرىدۇنغا ئالدانغانلىغىنى بىلىپ، ئۇزىنى ئوڭشى- غىچە ئوتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەفرىدۇن ئۇنىڭغا ناھايىتى تېزلىك بىلەن نەيزە سانچىپتۇ. مۇسۇلمانلار ۋە نىسارالار قىقاس- سۈرەن كوتۇرۇپتۇ. شەرىكان يۈزىنى ئورىشى بىلەن نەيزە كېلىپ ئۇنىڭ كوكرىگىگە تېگىپتۇ. بېشى ئىگەرگىچە ئىگىلىپ چۈشۈپتۇ. شەرىكانىنىڭ كوكرىگى كەڭ ۋە تولۇق ئىكەن. نەيزە ئۇنىڭ كوكرەك قەپىزىنى يېرىپتۇ. ئۇ، قاتتىق ۋاقىراپ، ھۇشسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ. ئۇنىڭ يىقىلغانلىغىنى كورگەن ئەفرىدۇن شاھ شەرىكانىنى «ئولدى» دەپ ئويلاپ، شاتلىقتىن ئوزىنى تۇتالماي، نىسارالارغا قاراپ، مەغرۇرلۇق بىلەن ۋاقىراپتۇ. نىسارالار خوش بولۇشۇپ، مۇسۇلمانلار قايغۇلىنىپتۇ. زۇئۇلماكان ئاكىسىنىڭ ئاتتىن يىقىل- غىدەك ھالغا كېلىپ ئىگىلىۋاتقانلىغىنى كورۇپ، باتۇر ۋە پالۋانلارنى ئەۋەتىپتۇ. نىسارالارمۇ مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئات سالىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورلىقى
www.uyghurkitap.com

ھەر ئىككى تەرەپ توقۇنۇشۇپتۇ. ئەسكەرلەر بىر-بىرى بىلەن ئارىلىشىپ، گىرەلىشىپ، كىرىشىپ كېتىپتۇ. ئۆتكۈر نەيزە، قىلىچلار، باتۇر بىلەكلەر ئىشقا چۈشۈپتۇ. ئەزرائىلنىڭ بازىرى قىزىپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



بىر يۈز ئۈچىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

زۇئۇلماكان مەلئۇن ھىلىگەر شاھ ئەفرىدۇنىنىڭ نەيزە بىلەن ئاكىسى شەررىكاننىڭ كوكسىگە ئۇرغىنىنى كورۇپ، ئۇنى "ئولدى!" دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئاكىسىنىڭ قېشىغا باتۇرلارنى ئەۋەتىپتۇ. "شەررىكانغا ئەڭ يېقىن تۇرغان كىشى ۋەزىر دەندان ۋە تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ ئەمىرى بەھرام ئىكەن. ئۇلار شەررىكاننىڭ قېشىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇ، ئاتتىن 'يىقىلاي' دەپ قالغان ئىكەن. باتۇرلار شەررىكاننى دەرھال قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنى ئىككى يېنىدىن يۆلەپ، قولتۇقلاپ ئاپتۇ. ئۇكىسى زۇئۇلماكاننىڭ ئالدىغا شەررىكاننى ئەشۇ-ھالدا ئېلىپ كەپتۇ. ئۇنى مەخسۇس خىزمەتچىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزلىرى جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. جەڭ قىزىپ كېتىپتۇ. نەيزىلەرنىڭ ئۇچلىرى سۇنۇپ، قىلىچلارنىڭ بىسلىرى يېنىپ، قالقانلار ماكچىيىپ، گەپ-سوزلەر توختاپتۇ. كىشىلەر كوزىگە ئېرىقتىكى سۇدەك ئېقىۋاتقان قان، ئۇزۇلۇپ چۈشۈۋاتقان باش، دومىلاپ ياتقان جەسەتلەردىن باشقا نەرسە كورۇنمەپتۇ.

قىلىچ بىلەن قالقانىدىن ئوق ئۇچقۇنىلىرى چاچىراپ چىقىپتۇ. شۇ ھالدا يېرىم كېچىگىچە جەڭ بولۇپتۇ. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ چارچاپتۇ. جەڭدىن قايتىشقا بۇيرۇق بېرىلىپتۇ. ھەر بىر تەرەپ ئوز چېدىر-بارگاھلىرىغا قايتىشىپتۇ. نىسارالار شاھ ئەفرىدۇن يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا يەر سۈيۈپتۇ. راھىپلارمۇ، دىن باشلىقلىرىمۇ ئۇنى شەررىكان ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسى بىلەن تەبرىكلىشىپتۇ. شاھ ئەفرىدۇن قۇستەنتىنىيەگە كىرىپ، تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا رۇم شاھى ھەردۇپ كىرىپتۇ. "ئەيسا قولۇڭنى كۈچلۈك، ئومرۇڭنى ئۇزۇن قىلدى. ئىلاھىم، ئۇ سەندىن ياردەم قولىنى تارتمىسۇن. خۇدا ئانام زاتۇد-داۋاھىنىڭ سېنىڭ ھەققىڭدە قىلغان دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى. ئەمدى مۇسۇلمانلار بىزگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. چۈنكى، ئانام ئېيتقان-دەك، شەررىكان ئۇلارنىڭ باتۇرلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى، ئەڭ ئۇلۇغى ئىدى" — دەپتۇ. "ئەتە ئۇزۇل-كېسىل بىر تەرەپ بولىدىغان كۈنى، — دەپتۇ شاھ ئەفرىدۇن، — ئەتە مەن جەڭ مەيدانىغا كىرىپ، زۇئۇلماكانىنى مەن بىلەن جەڭ قىلىشقا قىچقىرىمەن. ئۇنى ئولتۇرسەم، مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى جەڭ مەيدانىدىن يۈزىنى ئورۇپ، ئارقىسىغا قاراپ قاچىدۇ." زۇئۇلماكانمۇ ئوز چېدىرىغا قايتىپ كىرىپ، ھېچ نەرسىگە قارىماي، ئاكىسىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، ئۇنىڭ دەم ئېلىشىنى ياخشىلاشنى تاپىلاپتۇ ۋە ئوزىمۇ ئۇ يەردىن ئاكىسىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئۇنى ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا كورۇپتۇ. شەررىكانىنى داۋالاشقا ئىنتىلىپ، كېڭىشىش ئۈچۈن ۋەزىر دەندانىنى، ئەمىر رۇستەمىنى، ئەمىر بەھرامىلارنى قىچقىرتىپتۇ. ئۇلار يېتىپ كېلىشىپتۇ. ئۇلارغا تىۋىپلارنى، تېڭىق-

www.uyghurkitap.com

چىلارنى قىچقىرىش زورۇرلىگىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. "بۇنداق باتۇر زا-
مانىمىزدا دۇنياغا ئىككىنچى قېتىم كەلمەيدۇ" دېيىشىپتۇ ئۇلار. ئۇلار
پۈتۈن تۈننى كىرپىك قاقماي، كوز يۇمماي، ئۇنىڭ يېنىدا ئويغاق
ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزۈپتۇ. تاڭ ئاتار ۋاقتىدا، بۇلارنىڭ قېشىغا سوپى
كىرىپ كەپتۇ، ئۇمۇ يىغلاپتۇ. زۇئۇلماكان ئۇنى كورۇش بىلەن
ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. سوپى ياردارنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ، قۇرئان-
دىن بەزى ئايەتلەرنى ئوقۇپتۇ، دەم سېلىپ ھۈرۈپتۇ. تاڭ ئاتقىچە
ئۇلار قىمىرلىماستىن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشۇپتۇ. بارغانسېرى
شەررىكاننىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىپ كوزىنى ئېچىپتۇ، تىلى سوزگە
كىرىشىپتۇ. شاھ زۇئۇلماكان بۇ ئەھۋالنى كورۇپ سۈيۈنۈپتۇ.
"بۇ كارامەت سوپىنىڭ دۇئاسىنىڭ خاسىيىتىدىن بولدى" دەپتۇ
شاتلىنىپ. "سالامەتلىك بەرگىنى ئۈچۈن خۇداغا شۈكرى، ياخشى
تىلىگىڭىز ۋە ياردىمىڭىزلار ئۈچۈن سىزلەرگە رەھمەت — دەپتۇ
شەررىكان ئوزىگە زور بېرىپ تۇرۇپ، — مەن خېلى ياخشىمەن.
ماڭا ئۇ مەككار مەلئۇن ھىلە قىلدى. ئەگەر شۇ مىنۇتتا چاقماق
تېزلىكىدە ئوزەمنى ئوڭشاپ ئالالمىغان بولسام، نەيزە كوكرىكىمە-
دىن تېشىپ ئوتۇپ كېتەتتى،" بىر ئازدىن كېيىن ئۇ: "مۇسۇلمان-
لارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟" — دەپ سوراپتۇ. "ئۇلارنىڭ ھەممىسى
سىنىڭ ئۈچۈن ئېچىنىپ يىغلايدۇ" — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ زۇئۇلماكان.
"مەن ساقىيىمەن، ھازىر ياخشىمەن، — دەپتۇ شەررىكان،
كېيىن، — سوپى قەيەردە؟" — دەپ سوراپتۇ، سوپى ئۇنىڭ بېشىدا
قاراپ تۇرغان ئىكەن. "بېشىڭىزدا ئولتۇرۇپتۇ" — دېيىشىپتۇ. شەررىكان
ئۇنىڭغا قايرىلىپ قاراپ، قولىنى سۈيۈپتۇ. "ئەي بالام! سەۋرىلىك
بول! سەۋرى قىلساڭ، خۇدا ساڭا چوڭ ياخشىلىق بېرىدۇ.

مۇشەققەتنى قانچىلىك كوپ تارتساڭ، شۇنچىلىك كوپ راھەتكە يېتىشىسەن"— دەپ قېرى دۇئا قىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا، مۇسۇلمانلار يەنە جەڭ مەيدانىغا بېرىپ، سېپىنى رۇسلاپتۇ، نىسارالارمۇ جەڭگە ھازىرلىنىپ، جەڭ مەيدانىغا كەپتۇ. مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى جەڭ مەيدانىغا قاراپ يۈرۈش بىلەن قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپتۇ. ھەممىسىنىڭ كوزى جەڭ مەيدانىدا، "بۇگۈن جەڭگە كىم بۇرۇن كىرىدىكىن؟ كىم-كىمنى يېڭىدىكىن؟" دىگەن ئويدا تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا، زۇئۇلماكان ئەفرىدۇن بىلەن يەكمۇ-يەك تۇرۇپ جەڭ قىلماقچى بولۇپ، ئېتىنى مەيدانىغا قارىتىپ ماڭماقچى بوپتۇ. ۋەزىر دەندان بىلەن ئەمىر رۇستەم ۋە ئەمىر بەھراملار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: "ئەي شەھەرىيار ئالەم، سېنىڭ ئورنۇڭدا بىز مەيدانىغا چۈشۈپ غازات قىلايلى! سەن ئەسكەرلىرىمىزگە باش بولۇپ بايراق ئاستىدا تۇرۇپ بەرگىن!..." دەپ سورىشىپتۇ. "بەيتۇلھەرەم ۋە ئابى زەمزەم ھەققى،— دەپتۇ زۇئۇلماكان،— بۇ ئەبلەققە قارشى جەڭ مەيدانىغا ئوزەم چۈشمىسەم ۋە ئۇنى ھالاك قىلمىسام تىنچىمايمەن". زۇئۇلماكان شۇ سوزلەرنى ئېيتىپ، قىلىچ ئوينىتىپ، نەيزىۋازلىق قىلىپ، مەيدانىغا ئات سېلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ماھارىتىنى كورۇپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ باتۇرلىرى، پالۋانلىرى ۋە ئەسكەر باشلىقلىرى، ئەسكەرلىرى ھەيران بولۇشۇپتۇ. زۇئۇلماكان نىسارالار سېپىنىڭ ئوڭ قانىتىغا بېرىپ، تىغ سېلىپ ئىككى باتۇرنى، سول قانىتىغا ئات سېلىپ بېرىپ، نەيزە بىلەن ئۇرۇپ يەنە ئىككى باتۇرنى ھالاك قىپتۇ ۋە مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا يېنىپ بېرىپ: "قېنى، ئۇ، ئەفرىدۇن دىگەن ھىلىگەر مەلئۇن، مەن بۈگۈن سەن بىلەن جەڭ قىلماقچىمەن. ئەگەر باتۇر بولساڭ،

بۇگۈنمۇ جەڭ مەيدانىغا چۈش. كىمنىڭ ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان، ھەقىقى پالۋانلىغىنى سىناپ كورىمىز"—دەپ ۋاقىراپتۇ مەغرۇر ھالدا. ئەفرىدۇن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، روھى چۈشكۈن بىر ھالغا كەپتۇ. شۇ چاغدا، زۇئۇلماكان ئۇنى يەنە مەيدانغا قىچقىرىپ: "ئەي، ھىلىگەرلەرنىڭ شاھى! مەككار مەلئۇن، سەن تونۇگۈن مېنىڭ ئاكامنى ھىلە بىلەن ئۆلتۈرۈشنى قەستلەپ، ياردار قىلغان ئىدىڭ؟! بۈگۈن كورۈنمەيسەنغۇ؟ نەگە يوقالدىڭ؟ مەيدانغا چۈش! بۇ مەيداندا يا سەن مېنى ئۆلتۈرىسەن، يا مەن سېنى يەر بىلەن يەكسان قىلىمەن" دەپ، قاتتىق ۋاقىراپتۇ. قولىدا ئۆتكۈر قىلىچ پاقىراپ كوزنى چېقىپ تۇرغان، ئاستىدا ناھايىتى كېلىشكەن چاققان ئات ئويناپ تۇرغان ئىكەن. بۇ قارا ئات ھەققىدە شائىر شۇنداق دېگەن ئىكەن:

كوز قىرىڭنى تاشلىساڭ ئۇچار بۇ ئاغماق،
بۇ ئاتنىڭ مەقسىدى تۇلپاردەك ئۇچماق.
رەڭگى تۈندىن قارا، ئايىغى يەڭگىل،
كىشنىشى خۇددى چېقىلغان چاقماق.

ئاۋازىن ئاڭلىغان ھۇشىدىن كېتەر،
دۈشمەنلەر كورسە قاچىدۇ يىراق.
كوزلىگەن مەنزىلگە بۇرۇن يەتكۈزەر،
يېتەلمەس تېزلىكتە ئۇنىڭغا چاقماق.

زۇئۇلماكان بىلەن ئەفرىدۇن بىر-بىرىگە غەزەپ بىلەن ھۇجۇم قىلىشىپتۇ. ھەر بىرى دۈشمىنىنىڭ زەربىسىدىن ھۇشيارلىق بىلەن ساقلىنىپ، ئۆزىنىڭ ھۇنىرىنى كورسىتىپتۇ. گايى بىر-بىرلىرىگە ھۇجۇم قىلىشىپ تىغ سېلىشىپ. گايى بىر-بىرىدىن ئايرىلىپتۇ.

بۇلارغا تىكىلىپ قارىغۇچىلارنىڭ كۆزلىرى قاراۋېرىپ تېلىپتۇ. نەتىجە كۈتكۈچىلەرنىڭمۇ سەۋرىلىرى تۈگەپتۇ. شۇ چاغدا زۇئۇلما-كان بار ئاۋاز بىلەن ۋاقىراپ، ئەفرىدۇنغا ھۇجۇم قىپتۇ. شىددەت بىلەن قىلىچ ئۇرۇپ، كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. نىسارالار بۇنى كورۇپ، زۇئۇلماكان ئۈستىگە ئات چاپتۇرۇپتۇ، زۇئۇلماكانمۇ مەيداندا ئۇلار بىلەن قىزغىن جەڭ قىپتۇ. قىلىچ ۋە نەيزە قالقانلار ئۈز ئىشلىرىنى ئادا قىپتۇ. ئادەملەر قېنى سەلدەك ئېقىپتۇ. مۇسۇلمانلار: "ئاللاھۇ ئەكبەر!" دەپ تەكبىر ئېيتىپتۇ. "لائىلاھە ئىللەللاھۇ"دەپ ئىمان كەلتۈرۈشلەر، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا سالاۋات ئېيتىشلار بىلەن جەڭ قىزىپ كېتىپتۇ. "شاھ ئۆمەر ئىبنى نوئمان ۋە ئۇنىڭ باتۇر ئوغلى شەررىكاننىڭ قىساسىنى ئېلىڭلار! ئۇرۇڭلار!" دەپ قاتتىق ۋاقىرىشىپتۇ. ۋەزىر دەندان تۇرۇكلەرگە: "ئۇرۇڭلار، بۇ ئەبلەخلەرنى!" دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. جەڭ تازا قىزىپتۇ. جان ئالغۇچىنىڭ بازىرى چىقىپتۇ. رۇملۇقلارنىڭ ئارقىغا قاراپ قېچىشتىن باشقا چارىسى قالماپتۇ. ئۇلار بىر-بىرىگە: "قاچ! قاچمىساڭ ھالاك بولىسەن!" دېيىشىپ قۇيرۇغىنى تىكىپتۇ. ئەللىك مىڭدىن ئارتۇق نىسارا شۇ كۈنكى جەڭدە ھالاك بوپتۇ. ئۇنىڭدىن جىقراق كىشى ئەسىرگە چۈشۈپتۇ. كوپ كىشىلەر شەھەر دەرۋازى-سىدىن كىرىشتە قىسىلىپ-دەسسىلىپ، ئات ئايىغىدا قېلىپ ھالاك بوپتۇ. رۇملۇقلار يۈز بەرگەن بۇ پالاكەتنى كورۇپ، شەھەر دەرۋا-زىسىنى تاقاپتۇ. مۇسۇلمانلار غەلىبە ۋە شانۇ-شوھرەتلەر بىلەن ئولجىلىرىنى ئېلىشىپ، ئۆز چېدىرلىرىغا قايتىشىپتۇ.

زۇئۇلماكان جەڭ مەيدانىدىن يېنىپ كېلىپ، ئېتىدىن چۈشۈپلا ئاكىسىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. ئۇنىڭ ئەھۋالى خېلىلا ياخشىلانغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىكەن. ئۇنىڭغا شىپالىق بەرگەن خۇداغا شۈكرى-سانالار ئوقۇپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا يەرنى سۆيۈپتۇ. ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ كېلىپ، سالامەتلىك تىلەپ، ئۇنى يېڭى غەلىبە خەۋەرلىرى ۋە ئەفرىدۇننىڭ زۇئۇلماكان قولىدا مەيداندا ھالاك بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلەپتۇ. "بىز بۇ سوپىنىڭ شاراپىتىدىن، ئۇنىڭ خۇداغا يەتكەن دۇئاسىنىڭ خاسىيىتىدىن دۈشمەنگە غالىپ كەلدۇق ۋە غەلىبە قىلدۇق. ئۇ، پۈتۈن بىر كۈن مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرۇپ، مېنىڭ سالامەتلىكىمنى، سىزلەرنىڭ غەلىبە قىلىشىڭىزلارنى تىلەپ دۇئا قىلدى"—دەپتۇ شەرركان.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



بىريۈز توتىنچى كېچە

—ئەي بەختلىك شاھ، —دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى:

"ئۇ، پۈتۈن كۈن بويى مېنىڭ يېنىمدا سىلەرنىڭ غەلىبە قىلىشىڭلارنى تىلەپ دۇئا قىلىپ ئولتۇردى، قېنى ئېيتقىنا ئۇكام، سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلار قانداق بولدى؟ ئۆزەڭ نىمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟ مەن سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىمىز ئۈستىدىن ئومۇمى غەلىبە قازانغىنىڭلارنى ئاڭلاپ خوش بولدۇم. ئۆزەم تېتىكلىشىپ، روھى ھالىتىم ياخشىلىنىپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى يەنە ئاڭلىغۇم بار!"—دەپتۇ شەرركان زۇئۇلماكانغا قاراپ. زۇئۇلماكان ھىلىگەر لەنىتى ئەفرىدۇننى مەيدانغا يۈزمۇ-يۈز جەڭگە قىچقىرىپ،

شۇ يەردە هالاك قىلغانلىقىنى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلىرىگە يۈزلەن-
گەن غەلىبىنى قىسقا قىلىپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. شەررىكان ئۇنى
ماختاپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ، غەلىبىسى ئۈچۈن تەبرىكلەپتۇ.
ئۆزىنى سوپى قىلىپ كورسىتىپ ئۆلتۈرگان زاتۇد داۋاهى ئەفرىدۇن-
نىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاش بىلەن، رەڭگى سارغىيىپ،
يۈرىكى سېلىپ كوزلىرىگە جىق ياش تولۇپتۇ. لېكىن ئۇ، بۇ "سى-
رىنى" تېزلا يوشۇرۇپتۇ. مۇسۇلمانلارغا يۈزلەنگەن بۇ غەلىبىنىڭ
خەۋىرىنى ئاڭلاپ ناهايىتى شاتلانغانلىقىدىن كوزلىرىگە ياش ئېلىپ
يىغلىغىنىنى ئېيتىپتۇ. "ئەيسا ھەققى، ــدەپتۇ قېرى ئۆز-
ئۆزىگە، ــ ئەمدى مەن ئۇنىڭ ئۈچىنى شەررىكاندىن ئېلىپ،
ئۇكىسىنىڭ يۈرىكىنى ئۇرتىمىسەم، ئالەمدە ياشىغىنىمنىڭ نام-
نىشانىسىنى قالدۇرمىسام، ئۆلسەممۇ كوزۇم ئوچۇق كېتىدۇ.
جىگەر پارەم، نىسارا دىنىنىڭ تۈۋرىكى ۋە يولەنچۈكى. بۇتقا
چوقۇنغۇچىلارنىڭ ھىمايىچىسى ئوغلۇم شاھ ئەفرىدۇننى ئۆلتۈرۈپ،
مېنى كويدۈرگىنىگە ئوخشاش، زۇئۇلماكاننىڭمۇ يۈرىكىنى كاۋاپ
قىلىپ، كوزىنى ياشلىمىسام، ماڭا بۇ تىرىكلىك هارام بولسۇن!"
لېكىن قېرى بۇ ئويلارنى ئۇلاردىن يوشۇرۇپتۇ. ۋەزىر دەندان،
هاجىپ، زۇئۇلماكان شەررىكاننىڭ يېنىدا تىۋىپ ۋە تېڭىقچىلار
بىلەن ئۇنىڭ جاراھىتىنى ياخشىلاپ تېزراق ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشكە
تىرىشىش توغرىسىدا سوزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا تەييارلانغان
دارىلارنى ئىچكۈزۈپتۇ. كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللىشىپتۇ. شەر-
رىكان ئۆزىنىڭ خېلىلا ياخشى بولۇپ كېلىۋاتقىنىنى ئۇلارغا
ئېيتىپتۇ. ھەممىلىرى بۇ گەپتىن سۆيۈنۈپ، خوش بولۇشۇپتۇ.
بۇ ۋەقە ۋە خەۋەرنى پۈتۈن ئەسكەرلەرگە بىلدۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەسكەرلەر: "شەررىكان يەنە بىزگە باشچىلىق قىلىدىكەن..." دەپ خوش بولۇشۇپ، بىر-بىرلىرىنى تەبرىكلىشىپتۇ. شەررىكان يېنىدىكىلەرگە قاراپ: "بۈگۈن سىزلەر غازات قىلدىڭىزلار، چارچىغانسىزلەر. ئۆز ئورۇنلىرىڭىزغا قايتىپ دەم ئېلىڭىزلار"— دەپتۇ. ئۇلار: "خوپ!"— دەپتۇ، ھەممىلىرى ئۆز چېدىرلىرىغا قايتىشىپتۇ. شەررىكانىنىڭ قېشىدا پەقەتلا بىر-ئىككى كۆتكۈچى خادىم، قېرى سوپى زاتۇد داۋاھىلا قاپتۇ. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، شەررىكان قېرى سوپى بىلەن بىر ئاز سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۇخلاپ قاپتۇ. خىزمەتچىلەرمۇ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇلار چارچىغانلىقى ئۈچۈن خېلى قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۆيدە زاتۇد داۋاھىنىڭ بىر ئۆزى ئويغاق ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ، شەررىكانغا قارىسا، بىر ئوبدان شېرىن ئۇيقۇدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان. قېرى تۈكسىز مايمۇندەك قىياپىتى بىلەن شەررىكانىنىڭ ئايىغى ئۈستىگە سەكرەپ ئۆتۈپتۇ. ئاندىن يېنىدىن ئۆتكۈر، تاشقا چاپسا شارتتىدە كېسىپ ئىككى پارچە قىلىدىغان، زەھەردە سۇغۇرۇلغان خەنجەرنى چىقىرىپ، يېنىپ چۈشۈپ، شەررىكانىنىڭ بېشى تەرىپىگە ئۆتۈپتۇ. شۇ خەنجەرنى شەررىكانىنىڭ بوينىغا بار كۈچى بىلەن سېلىپ، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇخلاۋاتقان خىزمەتچىلەرنىڭ بېشىغا بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئويغىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرىنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. شەررىكانىنىڭ چېدىرىدىن چىقىپ، شاھ زۇئۇلماكانىنىڭ چېدىرىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ يەردىكى قاراۋۇللارنىڭ ئويغاقلىقىنى كۆرۈپ، ۋەزىر دەنداننىڭ چېدىرىغا قاراپ مېڭىپتۇ. بېرىپ قارىسا، ۋەزىر دەندان قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭمۇ كۆزى قېرى سوپىغا چۈشۈپتۇ.

"ياخشى كېلىپسىز، ئەي پەرھىزكار سوپى"— دەپتۇ ۋەزىر ئۇنىڭغا ۋە قېرىغا ئورۇن كۆرسىتىپ، چېدىرنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرۇشنى تەكلىپ قىپتۇ. ھېلىگەر قېرى سوپى ۋەزىر دەنداندىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ھاياجانلانغان كىشىدەك ھەركەت قىلىپ: "تېخى ھازىرلا مېنى ئەۋلىيالاردىن بىرى قىچقىرىپ ئاۋاز بەرگەن ئىدى. مەن دەرھال شۇلارنىڭ قېشىغا بارمىسام بولمايدۇ" دەپ، ئارقىسىغا قايرىلىپتۇ. "قېنى، بۇ نەگە بارىدىكىن؟ ھازىرلا مەن بۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ كورەيچۇ؟" دەپتۇ ئۇ ئوز-ئوزىگە. ئۇمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، يوشۇرۇن ھالدا، مەككار قېرىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. مەككار قېرى ۋەزىر دەنداننىڭ ئوز ئىزىغا چۈشكەنلىكىنى سېزىپ قېلىپ، ئارقىسىغا قاراپ ۋەزىرنى كورۇپتۇ. ئۇ، "ئەگەر ۋەزىرگە بىر ھىلە ئىشلەتمىسەم، ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىم مۇمكىن؟" دېگەن ئويغا كېلىپ: "ئەي ۋەزىر! مەن ھازىر سىزگە ئېيتقىنىمدەك، ئەۋلىيانىڭ سوزىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا كېتىپ بارىمەن. ئەگەر سىزنىڭمۇ كورۇشۇش نىيىتىڭىز بولسا، بۇ بەكمۇ ياخشى ئىش، شۇنداق بولسىمۇ، ئاۋال مەن بېرىپ كورۇشۇپ، سوزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، سىزنىڭ كورىشىشىڭىز ئۈچۈنمۇ رۇخسەت سوراپ كورەي. ماقۇل كورسە، مەن قايتىپ كېلىپ، سىزنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا باشلاپ باراي. ئەۋلىيادىن رۇخسەتسىز سىز مەن بىلەن بىللە بارماڭ. ئۇلار بۇنى بىلسە، ماڭا غەزەپ قىلىدۇ"— دەپتۇ. ۋەزىر دەندان ئۇنىڭدىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئوزىنى كورۇپ قالغىنىغا خىجىل بوپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن ئارتۇقچە سوزلىشىپ تۇرماي، توپتوغرا ئوزىنىڭ چېدىرىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇخلىماقچى بولۇپ يېتىپتۇ، لېكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆيىقىسى كەلمەپتۇ. نىمە ئۈچۈلدۈر، دۈنيا ئۇنى يۇتۇپ كېتىۋاتـ
قاندەك ۋەھىمە بېسىپتۇ. كۆڭلىگە تۈرلۈك خىياللار كەپتۇ. ئاخىرى
ئورنىدىن تۇرۇپ، چېدىرىدىن يەنە چىقىپتۇ ۋە: "شەررىكانىنىڭ
قېشىغا باراي. ئۆيىقۇم كەلگىچە ئۇنىڭ بىلەن سوزلىشىپ ئولتۇراي"—
دەپتۇ-دە، شەررىكانىنىڭ چېدىرىغا قاراپ مېڭىپتۇ. شەررىكانىنىڭ
چېدىرىغا يېتىپ كېلىپ قارىسا، ھەممە يەر قان، خىزمەتچىلەرنىڭ
بېشى ئېلىنغان. ئۇزىنى تۇتالماي، ۋاقىراپ تاشلاپتۇ.

بۇ ئاۋازدىن ئۇخلاۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئويغىنىپ كېتىپتۇ.
ئادەملەر ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئالدىراپ كېلىشىپتۇ ۋە قان ئېقىۋاتـ
قان جەسەت، ئۈزۈلگەن باشلارنى كورۇپتۇ. دادۇ-پەريات قىلىشىپ،
چېدىرنى بېشىغا كىيىشىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا، شاھ زۇئۇلماكان ئويغىنـ
نۇپتۇ. ئۇ، ئۇزىنى ئوڭشاپ نىمە ۋەقە بولغانلىقىنى سوراپتۇ.
"شەررىكان ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى خىزمەتچىلىرىنى ئولتۇرۇپتۇ"—
دەپتۇ ئادەملەر ئۇنىڭغا. زۇئۇلماكان ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.
يۇگۇرگىنىچە بېرىپ، ئاكىسىنىڭ چېدىرىغا كىرىپتۇ. قارىسا، ئۇ يەردە
ۋەزىر دەندان "ۋاي دات" سېلىپ يىغلاپ ئولتۇرغان. ئۇنىڭ
ئالدىدا شەررىكانىنىڭ بېشى ئۈزۈلگەن جەسىدى تۇرغان. شاھ
بۇنى كورۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ، يەرگە يىقىلىپتۇ. بىر دەمدە بۇ
خەۋەر پۈتۈن ئەسكەرلەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. ھەممىلا يەرنى يىغا-زارى
قاپلاپتۇ. چېدىرغا كىرگەن كىشىلەر زۇئۇلماكان ھوشىغا كەلگىچە
ئۇنىڭغا قارىشىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ، ھوشىغا كېلىپ شەررىكانغا قاراپتۇ.
ئۇزىنى توختىتالماي، قاتتىق ئۈن تارتىپ يىغلاپتۇ. ۋەزىر دەندان،
ھاجىپ، ئەمىر بەھرام، رۇستەم، تۈركەشلەرمۇ ھوكرەپ يىغلاپتۇ.
"بۇ ئىشنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى بىلمەمسىزلەر؟! نىمە ئۈچۈن
دۈنيانىڭ ئىشلىرىدىن قول ئۈزگەن سوپى ھازىر بۇ يەردە

يوق؟! ئۇ قېنى؟!..." دەپ سوراپتۇ زۇئۇلماكان.
شاھتىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ: "خۇدا ھەققى، بۇ ئەلەملىك ھادىسىنى پەقەت شۇ ئىپلاس شەيتاندىن باشقا ھېچكىم قىلمىغان. ئاۋالدىن ئاخىر دىلىم ئۇنىڭغا قارا ئىدى. ھەددىدىن ئارتۇق تائەت-ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىپلاس ۋە مەككارلىقلىرىنى مەن كوپ كورگەن ئىدىم"—دەيتۇ ۋەزىر دەندان شاھ زۇئۇلماكانغا. كېيىن ئۇ، زاھىدتىن ئوزى كورگەن گۇمانلىق ئىشلارنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئىزىنى قوغلاپ يۈرۈپ كۈزەتمەكچى بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ۋەزىرگە ئەۋلىيالارنى شېھى كەلتۈرۈپ يول بەرمىگەنلىكىنى دەپتۇ. ئادەملەر يىغى-زارى قىپتۇ. بۇزۇق، ئەبلەخ نىسارا دەللىسىنىڭ قولىغا چۈشۈشىنى خۇدادىن تىلەپ دۇئا قىپتۇ. كېيىن شەررىكانىنى كېپەنلىككە ئوراپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ، تاغنىڭ ئېتىكىگە يەرلىك قېزىپ كومۈپتۇ. ئۇنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىنى، باتۇرلىقىنى، مەرتلىكىنى، ئالىجاناپلىقىنى ئەسلىشىپتۇ، يىغلىشىپتۇ.
قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.

—ئەي بەختلىك شاھ،—دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.
شەررىكانىنى كېپەنگە ئوراپ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، تاۋۇتقا سېلىپ ئاپىرىپ تاغ باغرىغا كومۈپتۇ. ئۇنىڭ ياخشى خۇي-پەيلىنى، ئالىجاناپلىقىنى، باتۇرلىقىنى ئەسلەپ يىغلىشىپتۇ.



بىر يۈز بەشىنچى كېچە

مەلئۇن زاتۇد داۋاھى بۇ ھىلە-مىكىرلەردىن كېيىن، جايىغا قايتىپ بېرىپ، قولىغا قەلەم

ۋە قەغەز ئېلىپ، شۇنداق دەپ بىر پارچە خەت بىزىپتۇ: "زاتۇد داۋاھى تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارغا يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، مەن شەھەرلىرىڭىزگە باردىم. ھىلە-مىكىرلەر بىلەن بېشىڭلارغا بالايى-كۈلپەتلەرنى سالدىم. ئەڭ ئاۋال شاھ ئۇمەر ئىبنى نوئماننى ئۆز ئوردىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆلتۈردۈم. تاغ باغرىدىمۇ كۆپ كىشىڭىزلەرنى ئالداپ ھالاك قىلدىم. ھىلە-مىكىر ۋە ئالدامچىلىق بىلەن سىلەردىن ئەڭ ئاخىردا ئۆلتۈرگەن كىشىم شەررىكان ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى بولدى. ئەگەر ۋاقىت يار بېرىپ، شەيتان ياردەم قىلغان بولسا ئىدى. زامانىنىڭ شاھى زەۇئۇلماكاننى ۋە ۋەزىر دەندانىنىمۇ ئۆلتۈرەتتىم. سىزلەرگە ئۆزەمنى دۇنيادىن قول ئۈزگەن سوپى قىلىپ كۆرسۇتۇپ، ھىلە-نەيرەڭ بىلەن سىلەرنى مايمۇن قىلىپ ئويناتتىم. بۇنىڭدىن كېيىن تېچلىق ئىستىسىڭىزلەر، دەرھال ئۆز شەھەردىڭىزلەرگە قايتىڭىزلار! ئەگەر ھالاك بولۇشقا رازى بولسىڭىزلار، شۇ يەردە تۇرۇۋېرىڭلار! لېكىن بۇ يەردە بىرنەچچە يىللاپ تۇرغان بىلەنمۇ، مەقسىدىڭلارغا يېتەلمەيسىزلەر!" خەتنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئۈچ كۈن شاھ ئەفرىدۇنغا قارىلىق تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. كېيىن بىر مىڭ بېشىنى قىچقىرتىپ، خەتنى ئوقياغا باغلاپ مۇسۇلمانلار تەرىپىگە قارىتىپ ئېتىشنى بۇيرۇپتۇ. كېيىن بۇتخانىغا كىرىپ، ئەفرىدۇننى ياتلاپ يىغلاپتۇ. ئالدىغا ئۇچرىغانلا كىشىگە: "زەۇئۇلماكاننى ۋە باشقا پۈتۈن مۇسۇلمان ئەمىرلىرىنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن" دەپ داۋراڭ سېپتۇ.

مۇسۇلمانلار شەررىكاننىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرۇپ، ئۈچ كۈنگىچە قارىلىق تۇتۇپتۇ، غەم-ئەلەم بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. تۆتىنچى

كۈنى شەھەر ئىچىدىن رۇملىق مىڭ بېشىنىڭ مۇسۇلمانلار تەرىپىگە قارىتىپ ئاتقان ئوقياسىنى كۆرۈپتۇ. شاھ زۇئۇلماكان ۋەزىر دەندانغا بۇيرۇپ، ئېتىلغان ئوقيانى ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ پەيكانىغا باغلانغان خەتنى كۆرۈپتۇ. شاھ ۋەزىرگە خەتنى ئوقۇشنى بۇيرۇپتۇ. خەت ئەرەبچە يېزىلغان بولۇپ، ۋەزىر خەتنى ئوقۇپتۇ. خەت ئوقۇلۇپ تامام بولغاندىن كېيىن، زۇئۇلماكاننىڭ كۆزلىرىگە ياش تولۇپتۇ. زاتۇد داۋاھىنىڭ ھىلىگەرلىكىدىن نەپ-رەتلىنىپ، غەزەپ بىلەن يىغلاپ تاشلاپتۇ. "قانداق قىلىپ ئۇ مەككار قېرى بىزنى ئىككى قېتىم ئالداپ كەتتى. ئەزىبرايى خۇدا، مەن ئۇنى تۇتۇپ جىنسى ئەزاسىغا قورغۇشۇننى ئېرىتىپ قۇيىمسام، زىندانغا سېلىپ قەپەزدىكى قۇشقا ئوخشاش زارلىتىپ سايراتمىسام، ئازاپلاپ قىيناپ، چېچىدىن باغلاپ قۇستەنتىنە دەرۋازىسىغا ئېسىپ ئۆلتۈرمىسەم، بۇ يەردىن ئارمان بىلەن كېتىمەن"— دەپ، يەنە ئاكىسى شەررىكاننى ئەسلەپ يىغلاپتۇ. مەككار زاتۇد داۋاھى نىسارالار يېنىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئىچىدە قىلغان ئىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار شەررىكاننى ئۆلتۈرگەن زاتۇد داۋاھىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن، ناھايىتى چوڭ شاتلىق بەزمىسى ئۆتكۈزۈپتۇ. مۇسۇلمانلار شەررىكاننىڭ ھازىسىنى ئېچىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، قۇستەنتىنە دەرۋازىسىغا قاراپ يۈرۈش قىپتۇ. زۇئۇلماكان ئاكىسى شەررىكاننى بىردەممۇ ئېسىدىن چىقارماي، كۆز ياشلىرى بىلەن ئەسلەپتۇ. ئۇ، شۇ سەۋەپتىن، ناھايىتى ئورۇقلاپ، بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قاپتۇ. بۇنى بايقىغان ۋەزىر دەندان بىر كۈنى زۇئۇلماكاننىڭ قېشىغا كىرىپ شۇنداق دەپتۇ: "ئەي شاھ، قايغۇلارنى تاشلا! كۆڭلۈڭنى تېچلاندۇرغىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com

ئاكاڭ شەرىكانىنىڭ ئەجىلى يېتىپ قازا تاپتى. بۇنىڭغا ئارتۇقچە قايغۇرۇشنىڭ پايدىسى يوق. ئۆزەڭنى توختات! ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى رىۋاجلاندۇر! بۇ ھەقتە شائىر شۇنداق دېگەن:

بولماس ئىشنى جىدەللىشىپ قىلالمايسەن،
بولار نەرسە ئۆزى پەيدا بولار ھامان.
جاھىللارنى ياخشى يولغا سالالمايسەن،
دىللىرى غەم-قايغۇغا تولغان يامان.

يىغاڭنى قوي! سەۋرى قىل! چىداملىق بول! دىلىڭنى خوش تۇت! مۇستەھكەم ئىرادىلىك بول!" "ئەي ۋەزىر، ئاتام ۋە ئاكامنىڭ ئۆلۈمى، شەھرىمىزدىن، تۇغۇلغان يېرىمىزدىن، ئېلىمىزدىن يىراقلاشقانلىقىمىز دىلىمنى يارىدار قىلدى. يۇرتىمىزدىكى خەلقىمىزنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى؟ بۇ يەرگە بىز بىلەن تىرىك كېلىپ، ئورۇشتا ۋاپات بولغانلارنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرى بىزدىن نىملەرنى كۈتىدۇ، دېگەننى ئويلاپ، بىئارام بولىمەن"—دەپتۇ زۇئۇلماكان. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ۋەزىر دەندان ۋە باشقىلار يىغلىشىپتۇ. بىر قانچە ۋاقىتقىچە قۇستەنتىنە دەرۋازىلىرىنى قورشاپ يېتىشىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا شاھ ئەمىرلىرىدىن بىرى باغدادتىن "شاھ زۇئۇلماكاننىڭ خوتۇنى ئوغۇل تۇغدى"—دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزۈپ كەپتۇ. زۇئۇلماكاننىڭ ئاچىسى نۇزھەتۇززاماننىڭ ئۇنىڭغا "كانى ماكان" دەپ ئىسىم قويغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. "لېكىن، بۇ بالىدا بىر خىل ئەجەپلىنەرلىك خىسلەت بار"—دېگەن سۆزنىمۇ ئېيتىپتۇ. شۇنىڭغا قاراپ، ئۇنىڭدىن ئاللاقانداق چوڭ ئىشلارنى كۈتۈۋاتقانلىقىنىمۇ يەتكۈزۈپتۇ. خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچى زۇئۇلماكانغا ئاچىسى نۇزھەتۇززاماننىڭ يازغان خېتىنىمۇ تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. ئۇ خەتتە مۇنداق دەپ

يېزىلغان ئىكەن: "ئالىملارغا، خىتىپلارغا ھەر نامازدىن كېيىن سىز-لەرنى دۇئادا يات قىلىپ تۇرۇشلىرىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىۋاتىمەن. بىزنىڭ ھەممىمىز ساق-سالامەت، ئوبدان تۇردۇق. شەھىرىمىزدە بۇيىل يېغىنگەرلىك ياخشى بولدى. سىزنىڭ يېقىن دوستىڭىز گۈلەخ-چىنىڭمۇ كۆڭلى خوش ياشاپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ خىزمىتىگە مەخسۇس قۇللارنى قويدۇق. لېكىن ئۇ، سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى بىلەلمەي ئاۋارە. ئۇ، پات-پاتلا سىزنى سېغىنىپ سورايدۇ ۋە سالام ئېيتىپ تۇرۇدۇ. بىزمۇ سىزلەرنىڭ غەلىبە بىلەن قايتىشىڭىزلارنى ئۈمىت قىلىمىز". زۇئۇلماكان خەتنى ئوقۇپ خوش بولۇپ، شۇنداق دەپتۇ: "ئەمدى مېنىڭ ئارقاممۇ مۇستەھكەم بولدى. چۈنكى، خۇدا-يى تائالا ماڭىمۇ 'كانى ماكان' ئىسىملىك بىر ئوغۇل بالا بېرىپ، مېنىڭ كەينىمدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. مېنىڭمۇ نامىم ۋە ئىزىم قالىدىغان بولدى".

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



بىريۈز ئالتىنچى كېچە

—ئەي بەختلىك شاھ، —دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

"ئەمدى مېنىڭمۇ باغرىم پۈتۈن بولدى. 'كانى ماكان' ئىسىملىك بىر ئوغۇلغا ئىگە بولدۇم. قايغۇ-ئەلەملىرىم پېنىكلەشتى. ئاكام شەررىدكان ئۇچۇن نەزىر قىلىپ بىز بىلەن بىللە كەل-گەن غېرىپ-مىسكىنلەرگە سەدىقە بېرىمەن ۋە خەتمە-قۇرئان ئوقۇتىمەن"—دەپتۇ زۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

ئۆلماكان. "بۇنى ناھايىتى ياخشى ئويلاپسىز" ــ دەپتۇ ۋەزىر دەندان. شۇنىڭدىن كېيىن، زۇئۇلماكان ئەسكەرلىرىگە ئۆزىنىڭ چېدىرىنى بوتكەپ، ئاكىسىنىڭ قەۋرىسىنىڭ يېنىغا تىكىشنى بۇيرۇپتۇ. چېدىر تىكىلىپتۇ. ھەممە ئەسكەرلەرمۇ چېدىر ئەتراپىغا، قەۋرە چورىسىغە توپلىنىپتۇ. زۇئۇلماكان مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى ئىچىدىكى قارىيلارنى يىغدۇرۇپتۇ. قۇرئان تالاۋەت قىلىش باشلىنىپ، غېرىپ، پېقىر، مىسكىنلەرگە نەزىر ئاش تارتىلىپتۇ. قەۋرە ئۈستىدە ھوكمەت ئوقۇش باشلىنىپتۇ. شاھ زۇئۇلماكان چېدىرىدىن چىقىپ، ئاكىسى شەررىكانىنىڭ قەۋرىسىگە كەپتۇ. خۇشبۇي نەرسىلەرنى كويدۇرۇپ، ئىسرىق ساپتۇ. ئاكىسىنى ئەسلەپ يىغلاپ تۇرۇپ، شۇ شېئىرلارنى ئوقۇپتۇ:

كەتتى ئالەمدىن قىلىپ بىزنى يېتىمۇ ـ ناتىۋان،
بىر جىگەر پارە ئىدى، مېنىڭ بېشىمغا سايىۋان.
مەن پەلەكنىڭ قىلمىشىدىن بىخەۋەر، غاپىل ئىدىم،
بۇ مۇسىبەتكە مېنى قىلدى دۇچار، ئۇ ناگىھان،
ئاھ... مەندەك ھېچكىشى غەمخورىدىن ئايرىلمىسۇن،
ئەي مۇسۇلمانلار جۇدالىق ھەسرىتى بەكمۇ يامان.

* * *

بارچە يىغلار كەينىدىن ئۇنى ئەسلەپ بىھىساپ،
دادى ـ پەريات، نالە ـ غەمدىن شۇ دەم تۇتۇلدى ئاپتاپ.
تۇر تاغىدا مۇسانىڭ موجىزىسىنى ئەسلىتىپ،
ھەر كىشىنىڭ دىلىغا چۇشتى شۇ دەم يۇز ئىزتىراپ.

ئۇنىڭ قەۋرى بىزنىڭ كوكسىمىزدىن قېزىلدى،
شۇنىڭ ئۇچۇن، بۇ كوزلەر تىنماي يىغلار، دىل خاراپ.

رادىۋا تېغىدەك موردە كوتۇرۇپ يۈرەر خەلق دەپ،
تىرىك تۇرغان چېغىڭدا ئويلىمىدىم ماھىتاپ.
دەپنى قىلىندىڭ سەن گويا يۇلتۇزنى يەرگە كومگەندەك،
كورۇلمىگەن ھېچقاچان بۇ ھادىسە ئەي ئەرباپ.

ئەي تۇپراقتا ياتقانلار، ئۇنى دەرھال تېپىڭلار!...
چۈنكى، چاچار نۇر ئۇنىڭ گورى بولۇپ ئاپتاپ.
تىرىلدۈردى قايتىدىن ئۇنى گويا ماختاشلار،
ئۇ ئەمدى ئارىمىزدا ئولمەس، تىرىك بار ھېساپ.

زۇئۇلماكان شېھرىنى تۇگىتىپ، ئۇزىنى توختىتالماي، يەنە ھوگرەپ يىغلاپتۇ. ئۇنىڭغا شۇ يەردە تۇرغانلارمۇ قوشۇلۇپ يىغلاپتۇ. شۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ ئىچىدىن ۋەزىر دەندان ئايرىلىپ چىقىپ، قەۋرە ئۇستىگە كېلىپ، ئۇزىنى توختىتالماي، قەۋرىنى قۇچاغلاپ تۇرۇپ يىغلاپتۇ ۋە يىغلاپ تۇرۇپ، شۇ شېھرىنى ئوقۇپتۇ:

ئارىمىزدىن كەتتى شۇ دەم سۇلتانى ئالەم ھەي دەرىخ،
تارتمىدى بىزدەك ئەلەم ئەۋلادى ئادەم ھەي دەرىخ.
بۇ ۋاپاسى يوق جاھاندا كوپ ئىكەن زۇلمى-جاپا،
كەتتى تاشلاپ دوستلىرىنى شاھزادەم ھەي دەرىخ.
ئوتتى بىر-بىرلەپ جاھاندىن شاھ، گاداي، باي قالمىدى،
ئوز قوينىغا ئالدى تۇپراق، تۇتتى ماتەم ھەي دەرىخ.

* * *

بۇ پانى دۇنيانى تاشلاپ كېتىپسەن باقىغا سەنمۇ؟!...
ئىتىپسەن كوپلەر ئوتكەن بۇ يولنى ئىختىيارسەنمۇ؟...
بۇ يەردىن كەتتىڭ خاتىرجەم، كوڭۇل شات، دىلدا يوق قورقۇش،
ئۇ يەردە بەختلىك سەن يەنە ئەستىن چىقارسەنمۇ؟...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھىمايە ئەيلىدىلىق دۈشمەن ئوقىدىن بىزنى ھەر جەڭدە،
ئىنايەت قىلىپ بىزگە بېشىمىزنى سىلارسەلمۇ؟...

خۇدايىم ئەرشى ـ ئەلادىن ئاتا قىلغاي ساڭا جەننەت،
جامالىنى نىسىپ قىلسا، بىزنى ئەسكە ئالارسەنمۇ؟...
سىنىڭچۈن دىللىرى كويگەن ئەمەسمەن بىر ئوزەم يالغۇز،
يىراقلىق ئوتىدا ياندى شەرق، غەرب ۋە خۇراسانمۇ!...

ۋەزىر دەندان شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ، قاتتىق يىغلاپتۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش يېپى ئۈزۈلگەن مەرۋايىتتەك توكۇلۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، شەررىكانىنىڭ يېقىن دوستلىرىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالىجاناپ خۇلقىنى، مەرتلىكىنى، باتۇرلىقىنى ئەسلەپ، قەۋرىنى قۇچاغلاپ تۇرۇپ، شۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

يەرگە كىردى بۇ كەرەملىك قوللىرىڭ، ئىھسان قېنى؟!...
ساڭا ئوخشاش بۇ بەدەنگە كۈچ بىلەن دەرمان قېنى؟!...
كوز يېشىم يازدى يۈزۈمگە يۈزمىڭ ۋاراقلىق بىر كىتاب،
كارۋانلار يولدا قالدى، باشلاپ ماڭار سۇلتان قېنى؟!

يۈز، زاڭاقىمغا كوكۇل سىرىنى سىزدى بۇ يىراق،
باق!... يەنە! ئەسلەپ سېنى يىغلىمىغان بىر جان قېنى؟!...
مەن ئەگەر كوزۇم يېشىنى يەنە ئېقىتسام باشقىغا،
دىل كويۇپ ئاقسۇن كوزۇم قىينالمىغان ۋىژدان قېنى؟!

ئۇ كىشى شېئىرنى ئوقۇپ تۈگۈتۈپ بولغاندىن كېيىن، زۇئۇئۇلماكان، ۋەزىر دەندان، شەررىكانىنىڭ دوستلىرى، ئەمىرلەر، قەۋرە ئەتراپىدا تۇرغانلار ۋە بارلىق ئەسكەرلەر يېڭىۋاشتىن دادى ـ پەرياد قىلىشىپ يىغلىشىپتۇ. كېيىن ئۇلار ئولگەنلەر ھەققىدە دۇئا

قىلىپ، ئۆز چېدىرلىرىغا قايتىشىپتۇ. زۇئۇلماكان ۋەزىر دەندان بىلەن بىرنەچچە كېچە-كۈندۈزگىچە جەڭ ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلىشىپتۇ. بۇندىن كېيىنكى جەڭنى قانداق ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا كېڭىشىپتۇ. زۇئۇلماكاننىڭ قايغۇ-ئەلەمى يېنىكلەمەپتۇ. بىر كۈنى ئۇ، ۋەزىر دەنداننى قىچقىرىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ: "مېنىڭ كۆڭلۈم ۋاپادار ئادەملەر، شاھلار ۋەقەلىرى ۋە ئىشقى-مۇھەببەت ئەسەرلىرى توغرىسىدا ھىكايە ئاڭلاشقا ئىنتىلەۋاتىدۇ، چۈنكى، بۇنداق ھىكايە كۆڭلۈمنى بىرئاز كۆتىرىشى، كۆز ياشلىرىمنى توختۇتۇپ، روھىمنى تىتىكلەشتۇرۇشى، قايغۇ-ئەندىشىلەردىن ئازراق بولسىمۇ قۇتۇلۇشقا ياردەم بېرىشى مۇمكىن دەپ ئويلايمەن". "ئوتكەن ۋاپادار كىشىلەر، شاھلار ۋەقەسى، ئاشىق-مەشۇقلەرنىڭ ئاجايىپ ھىكايىسىنى ئاڭلاش بىلەن غەم يېنىكلىشىدىغان بولسا، ئۇ، ئاسان ئىش. بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ. مەرھۇم ئاتاڭ شاھ ئومەر ئىبنى نوئمانغىمۇ مەن ھايات چېغىمدا قانچە كېچىلەپ شۇنداق ئاجايىپ ھىكايىلارنى سۆزلەپ بېرەتتىم. سۆيگۈ-مۇھەببەت ھەققىدىكى شېئىرلارنىمۇ ئوقۇپ بېرەتتىم. ۋاقتىم بولۇپ مەن ئۇنىڭ يېنىدا بولسام، ئۇ، مېنىڭ شېئىر، ھىكايەمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، كۆڭلىدىكى غەم-ئەندىشىلىرىنى باساتتى. بۇ ئاخشاممۇ مەن سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكى غەملىرىڭنى تارقىتىش ئۈچۈن، 'ئاشىق-مەشۇق'لەر چۆچىكىدىن بىرىنى ئېيتىپ بېرەي"—دەپتۇ ۋەزىر دەندان. زۇئۇلماكان ۋەزىر دەنداندىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ھېچ ئىشقا قول ئۇزاتماي، كەچ كىرىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپتۇ. تېخى قاراڭغۇ چۈشمەستىنلا زۇئۇلماكان شامدانلارغا شام قويدۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رۇپ ئۇنى ياندۇرۇپتۇ. لەززەتلىك ۋە قۇۋۋەتلىك تاماقلار، شىرنىلىكلەر ھازىرلاشنى بۇيرۇپتۇ. چېدىر ئىچىگە ئەتىرلەرنى سېپىپتۇ. خىزمەتچىلەر شاھ پەرمانىنى تولۇغى بىلەن ئادا قىپتۇ. زۇئۇلماكان ۋەزىر دەندانغا كىشى ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىر دەندانمۇ شاھ ھۇزۇرىدا ھازىر بوپتۇ. كېيىن بۇ ئولتۇرۇشقا ئەمىر بەھرام، ئەمىر رۇستەم ۋە ھاجىپ، ئەمىر تۇركەش باشلىق كىشىلەرنىمۇ قىچقىرتىپتۇ. ئۇلارمۇ يېتىپ كېلىشىپتۇ. شاھ زۇئۇلماكان ۋەزىر دەندانغا قاراپ: "كەچ بولۇپ، تۈن قارا پەردىسىنى ئۈستىمىزگە يايدى. بىزگە ۋەدە قىلغان ئاجايىپ چوچەكنى ئاڭلاشنى كۈتۈپ تۇرۇپتىمىز"—دەپتۇ. "خوپ!"—دەپتۇ ۋەزىر دەندان.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



بىر يۈز يەتتىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

زۇئۇلماكان ۋەزىر دەندانغا قاراپ: "ئەي ۋەزىر، كەچ بولۇپ تۈن قارا پەردىسىنى ئۈستىمىزگە يايدى. بىزگە ۋەدە قىلغان ئاجايىپ چوچەكنى باشلىشىڭنى سورايمەن"—دەپتۇ.

"خوپ!—دەپتۇ ۋەزىر،—ماڭا بىر قىسسە مەلۇم. ئۇ، ئاشىق-مەشۇقلەر، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچىلار ۋە ئۇلارنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن ئاجايىپ-غارايىپ ۋەقەلەر توغرىسىدا ھىكايە قىلىپ دىلدىكى تەشۋىشنى تارقاتقاندەك ۋە يۈسۈپ پەيغەمبەرنىڭ ئاتىسى

ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا چۈشكەندەك، ئېغىر قايغۇ-ئەلەملەرنىمۇ تارقىتىدۇ."

## تاجىلمۇلۇك قىسسىسى

— ئەي پادىشاھىم، بۇرۇنقى زاماندا ئىسپىھان تاغلىرىنىڭ ئارقىسىدا بىر شەھەر بار ئىكەن. ئۇنى مەدىنە تۇلخىزىرا—كوكلەمزار شەھەر — دەپ ئاتايدىكەن. بۇ شەھەرنىڭ بىر پادىشاسى بار ئىكەن. ئۇنى سۇلايمان شاھ، دەپ ئاتايدىكەن. ئۇ، ئادالەت پەرۋەرلىكتە تەڭدىشى يوق، ئىنساپ بىلەن ئىش قىلىدىغان، ئوچۇق يۈزلۈك، مۇلايىم سوزلۇك، ھەمىشە پۇخرالىرىنىڭ ھال-ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ، دادىغا يېتىپ، رازى قىلىپ تۇرىدىغان، ساخاۋەتلىك، كېلىشىملىك كىشى ئىكەن. ئۇنىڭ ئالدىغا ھەر تەرەپتىن ئەلچىلەر ۋە يولۇچىلار، سودىگەرلەر، ساياھەتچىلەر كېلىپ تۇرىدىكەن. شۇ-نىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭ شوھرىتى ھەممە شەھەر ۋە مەملىكەتلەرگە تارقالغان ئىكەن. ئۇ، ئۇزاق زامان ئوز تەختىدە تىچ ۋە شادى-خوراملىق بىلەن دەۋر سۇرۇپتۇ. لېكىن ئۇ تېخى ئويلەنمىگەن ئىكەن. ئۇنىڭ ياخشىلىقتا ئوزىگە يانداشقان، ئەخلاقلىق، خۇلۇق ۋە كەمتەرلىكتە شاھتىن قېلىشمايدىغان، سېخىلىقتىمۇ ئۇنىڭ ئوزىگە ئوخشاش بىر ۋەزىرى بار ئىكەن. كۇنلەردىن بىر كۇنى شاھ ئۇ ۋەزىرىنى ئوزىنىڭ ئالدىغا قىچقىرىپتۇ. "ئەي ۋەزىرىم، — دەپ سوز باشلاپتۇ شاھ، — خوتۇنسىز، بالا-چاقىسىز، يالغۇزلىقتا دىلىم بەكمۇ ئېزىلدى، سەۋرىم قالمىدى. يىگىتلىك دەۋرىم بويتاقلىقتا ئوتتى. ياشلىغىم بىھۇدە كېتىۋاتىدۇ. خەلقلەر ۋە ئەمىرلەر ئۇستە-

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

دىن ھوكۇم سۈرگۈچى مىنىڭدەك شاھ ئۇچۇن، بۇلداق كۈن كە-
چۇرۇش توغرا ئەمەس. ئۇلار بولسا ئۆز ئورۇنلىرىغا، كىلەچەك-
تىكى ئىزلىرىغا ئۆز ئەۋلادىنى قالدۇرۇش بىلەن شاتلىنىدۇ ۋە
ماختىنىدۇ. مەن بولسام بۇنىڭدىن مەھرۇم. پەيغەمبىرىمىز: ’ئويلىنىپ
نەسىل قالدۇرۇڭلار! مەن قىيامەت كۈنى نەسىل قالدۇرغانلار.
سىزلەر بىلەن پەخىرلىنىمەن‘ دىگەن. دۇنيانىڭ نىمىتى، شان-
شوھرىتى ياخشى بالا بىلەن ئىكەن. مەن پۇخرالىرىمنى باللىرى
بىلەن كورگىنىمدە خىجىل بولىمەن. كوڭلۇم يېرىم بولىدۇ. چۇنكى.
مەن ئۇلارنىڭ پادىشاسى. مەندە ئەقەللى بىرمۇ بالا يوق. بۇ غەم
ئاقىۋەت مىنى كاردىن چىقارغۇسى. بۇنىڭغا سەن نىمە دەيسەن.
بىرەر يول كورسەت.“ شاھتىن بۇ سوزنى ئاڭلىغان ۋەزىرىنىڭ كوزى
ياشقا لىق تولۇپتۇ. ”بۇ مەسلىدە مىنى سوزلەشتىن، پىكىر ۋە
مەسلىھەتتىن خالاس قىل، ئەي ئۇلۇغ شاھ! — دەپتۇ ۋەزىر، —
چۇنكى، بۇ ئىشتا بىرەر كىشىگە بولۇپمۇ سىنىڭدەك بىر شاھقا
مەسلىھەت بىرىشتىن ئاجىزمەن. كونىلار بۇنى ’ئومۇر سودىسى‘
دەپ بىكار ئىيتمىغان. ئاقىۋىتى ياخشى بولمىسا، بۇ مەن ئۇچۇن
زور تەڭلىك. بەلكىم سەن بۇ ئىشنى بىرەر كىنىزەك ئىلىش بىلەن
ھەل قىلارسەن“. ”ئەي ۋەزىر، — دەپتۇ شاھ، — كىملىگىنى، تىگى-
تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلمەي، كىنىزەك سېتىپ ئىلىش بىلەن
بۇ ئىشنى تۈگىتىش شاھلار ئۇچۇن مۇۋاپىق ئىش ئەمەس. چۇنكى،
كىنىزەكنىڭ تىگى-تەكتى پەس بولسا، ئۇنىڭدىن بولغان بالىمۇ
زالىم، مۇناپىق، قانخور بولىدۇ. كىنىزەك بىر پاتقاق يەرگە ئوخ-
شاشتۇر. كىشى پاتقاق يەرگە تىرىغان ئۇرۇقتىن ياخشى ھوسۇل
ئالالمايدۇ. شۇنداقلا، تىگى-تەكتى نامەلۇم كىنىزەكتىن بولغان

بالا ھىچقاچان ئاتىسىنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئىشىنى داۋاملاش-تۇرمايدۇ، يامانلىقتىن قايتمايدۇ. مەن كېنىزەك سېتىپ ئېلىپ، بۇنداق يامان ئاقىۋەتلىك ئىشلارغا سەۋەبكار بولۇشنى، ئاخىرى لەنەت ۋە نەپرەتلەرگە كومۇلۇپ قېلىشنى خالىمايمەن. چىرايىدا مەشھۇر، ئەسلى نەسەبى ئېنىق بىرەر مۇسۇلمان شاھنىڭ يېقىم-لىق، ئەدەپلىك، چىرايلىق بىرەر قىزىنى كورستىشىڭنى سوراي-مەن. ئەگەر ماڭا نەسەبى ئۇلۇغ، ھوسنى تولۇق بىرەر مۇسۇلمان شاھنىڭ قىزىنى كورسەتسەڭ، ئۇنى تەڭرى رىزاسى بويىچە، قازى ۋە گوۋاھلار ئالدىدا نىكاھلاپ ئالىمەن". "ئەگەر تىلىگىڭ شۇ بولسا، سەن چوقۇم مەقسىدىڭگە يېتىسەن، نىيىتىڭ ئورۇنلىنىدۇ" دەپتۇ ۋەزىر. "قېنى قانداق ۋە قانداق قىلىپ؟" دەپتۇ شاھ. ۋەزىر مۇنداق دەپتۇ: "ئاق شەھەر شاھى زۇھەر شاھنىڭ شۇنداق بىر قىزى بار" دەپ ئاڭلىغانمەن. ئۇنىڭ تەرىپىنى تەلتوكۇس ئېيتىشقا تىل ئاجىز كېلىدىكەن. قامەتلىرى كېلىشكەن، كىيىك كوز، قوشۇما قاش، بىر كورگەن كىشى ئۇنىڭدىن كوزىنى ئالالمايدىكەن. ھەر قانداق كىشىنى ئۇ، بىر قارىشى بىلەنلا ئەسىر قىلىۋېتىپ قويىدىكەن. بۇ ھەقتە شائىر شۇنداق دېگەن ئىكەن:

سەرۋى قەددى گۇل ئۇنىڭ بىلىدە نازۇك كەمەر،
دىلبىرى شىرىن زوۋاندۇر، لىۋىدىن تامغاي شەكەر.
ئاي يۈزىنى كىمكى كورسە ئاشىقى شەيدا بولۇر،
نۇرىدىن، خىجىل كۈن، ئاي، ئۇ ئەگەر قىلسا نەزەر.

* * *

قامىتىنى كورۇپ خىجالەت بولدى سەرۋى بوستان،
يۈزىنى كورۇپ قۇياش، ئاي تۇتۇلدى شۇ ھامان.

لەۋلىرى، قەن ۋە ھەسەلنى داغدا قويدى ھەر زامان،
چىشلىرى سەپ ـ سەپ سەدەپتەك دۇررى ـ گوھەردىن نىشان.
ئۇل پەرىنىڭ ھوسنىنى جەننەت ئەھلى كورمىگەن،
ھور ـ غىلمان جان پىدا قىلىغاي قارا كوزگە شۇ ئان.

ئىشقىدا ئولگەن كىشىلەر سانىغا يەتمەس ھىساپ،
كىم ئۇنىڭ ئىشقى يولىغا كىردى تەسلىم قىلدى جان.
ۋەسلىسىز ماڭا ئولۇم بىرلە باراۋەر بۇ ھايات،
تىرىك تۇرۇپ ئايرىلىش يۈزمىڭ ئولۇمدىنمۇ يامان.

ۋەزىر قىزنىڭ تەرىپىنى شۇ شېىر بىلەن تۈگۈتۈپ: "مېنىڭ پىكرىم دۇنيا ئىشلىرىدىن تەجرىبىسى بار، كوپ قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن كەچۇرگەن، مۇئامىلىگە ئۇستا. ئاتىسىنى ماقۇل قىلىپ، قىزىنى ساڭا نىكاھلاشقا كوندۇرەلەيدىغان بىر كىشىنىڭ ئەلچىلىككە بارغىنى تۈزۈك. ئۇندىن باشقا يىراق ـ يېقىنلاردا ئۇنىڭغا تەڭ ـ لىشەلەيدىغان قىز يوق. ئۇنىڭ گۈزەل يۈزى ساڭا شاتلىق بېغىشلايدۇ. ئۇلۇغ تەڭرىمۇ سېنىڭدىن رازى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇدرىتى يەتكەن كىشىلەرگە ئويلىنىشكە ئەمر قىلغاندۇر. پەيغەمـ بەرنىڭ بۇيرۇغى سۈننەتتۇر". شاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، شاتلىنىپ روھى كوتۈرۈلۈپتۇ. كوڭلى ئېچىلىپ، قايغۇ ـ ئەلەملىرى تارقاپتۇ. شۇ چاغدا شاھ ۋەزىرگە قاراپ: "ئەي ۋەزىر، بۇ ئىشنى سېنىڭدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئەپلىيەلمەيدۇ. ھۇشيارلىغىڭ ۋە ئوز ئارتۇقچىلىق ـ لىرىڭ بىلەن پەقەت سەنلا بۇ ئىشنى ئوز جايىدا ئادا قىلالايسەن. ئۇنىڭغا ئەلچى بولۇپ سەن بار. ئىشلىرىڭنى تەييارلا. ماختاش بىلەن كوڭلۈمنى قىزىقتۇرغان قىزنى قولىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن،

سەپەرگە هازىرلىنىپ ئەتىسىدىن قالماي يولغا چىق! ئۇنى ئۆزەڭ بىلەن بىللە ئېلىپ كېلەلمىسەڭ، بۇ يەرگە كەلمە ۋە قارىما!" دەپتۇ. "خوپ!" دەپتۇ ۋەزىر، ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، دەم ئاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە بېرىپ، شاھلارغا لايىق قىممەتلىك گوھەر ۋە باشقا ئۈزى يىنىك، باھاسى ئېغىر، ئاز ئۇچرايدىغان نەرسىلەرنى ئەرەپ ئاتلىرى ۋە تەرىپلەشكە كىشىنىڭ تىلى ئاجىز كەلگىدەك ھەر خىل نەپىس كىيىملىكلەرنى خەزىنىدىن ئېلىپ، ساندۇقىغا قاچىلاپ، سوغات ئۈچۈن راسلاپ، ئۇلارنى توگە ۋە خېچىرلارغا ئارتىپتۇ. يۈز تىللا كەمەرلىك قۇل، يۈز ساھىپجامال كېنىزەك ۋە بىرقانچە خىزمەتچى قوغدىغۇچىلارنى ئۆزىگە ھەمرا قىلىپ، يولغا چۈشۈپتۇ. يولبويى بايراقلار باشلىرىدا يەلپۈنۈپ، جىلۋە قىپتۇ. شاھ ئۇنىڭغا ناھايىتى تېز قايتىشنى تاپىلىغان ئىكەن. ئۇ، كەتكەندىن كېيىن، شاھ كېچە ـ كۈندۈز شۇ قىز ئىشقىدا يېنىپتۇ. ۋەزىرمۇ مولچەرلىگەن شەھەرگە بىر كۈنلۈك يول قالغىچە تاغ ئېشىپ، قىر بېسىپ، تۈن ـ كۈن دېمەي يول يۈرۈپتۇ. ئاخىر بىر دەريانىڭ لېۋىگە كېلىپ قونۇپتۇ. ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن بىرىنى قىچقىرىپ، بۈرۈنىراق زۇھەر شاھ ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ كېلىش خەۋىرىنى يەتكۈزۈشنى بۇيرۇپتۇ. "خوپ!" دەپ خەۋەرچى يولغا چۈشۈپتۇ. خەۋەرچى شەھەرگە كىرىپ بارغان ۋاقتىدا، شاھ كوكۇل ئېچىش ئۈچۈن شەھەر دەرۋازىسى يېنىدىكى بىر باغچىغا چىقىپ دەم ئېلىپ ئولتۇرغان ئىكەن. يولۇچىنى كورۇپ، ئۇنىڭ باشقا يۇرتتىن كېلىۋاتقان كىشى ئىكەنلىكىنى سېزىپتۇ. باغچا ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز راۋاقتا تۇرۇپ ئۇنى ئالدىغا ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇپتۇ. خەۋەرچى كېلىپ شاھ ھۇزۇرىغا ئىسپىھان تاغلىرى ـ

چىمەنزارلىقلىرىنىڭ ئىگىسى ئۇلۇغ شاھ سۇلايماننىڭ ۋەزىرى كېلە-ۋاتقىنىنى ئېيتىپتۇ. زۇھەر شاھ ئوچۇق چىراي بىلەن: "قېنى مەر-ھەمەت!" دەپ، خەۋەرچىنى ساراي تەرەپكە باشلاپتۇ. "سەن ۋەزىردىن قاچان ئايرىلغان ئىدىڭ؟!" دەپ سوراپتۇ زۇھەر شاھ خەۋەرچىدىن. خەۋەرچى: "×" دەريا قىرغىقىدا ئايرىلغان ئىدىم. ئۇمۇ ئەتىلىككە بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ!" دەپ، خۇدادىن ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ زىيادە بولۇشىغا، يۇرتىنىڭ دايىما گۈللىنىشىگە، ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا مەدەت قىلىشىنى تىلەپ دۇئا قىپتۇ. زۇھەر شاھ ئۆزىنىڭ ۋەزىرىنى ئالدىغا قىچقىرىپ، ئۇنىڭغا سۇلايمان شاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئەڭ يېقىن ساراي ئەرباپلىرىنى ۋە ئورۇنباسارلىرىنى بىللە ئېلىپ، ۋەزىرنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىقىشىنى بۇيرۇپتۇ. خەۋەرچى كەتكەندىن كېيىن، سۇلايمان شاھنىڭ ۋەزىرى يېرىم كېچىگىچە دەريا قىرغىقىدا تۇرۇپ، كېيىن شەھەر تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئەمدىگىنە تاڭ ئېتىپ، قۇياش ھەر تەرەپكە نۇرىنى چېچىشقا باشلىغاندا، شەھەرگە بىر نەچچە چاقىرىم يول قاپتۇ. يىراقتىن شەھەر ۋە ئۇنىڭ مەنزىرىسى كۆرۈنۈپتۇ. شۇ چاغدا زۇھەر شاھنىڭ ۋەزىرى، ساراي باشلىقلىرى ۋە بىر قانچە ساراي ئەمەلدارلىرى ئۇنى قارشى ئېلىپ ئالدىغا چىقىپتۇ. ۋەزىر بۇ قارشى ئېلىشتىن ئۆز نىيىتىگە يېتىشكىنىنى سېزىپتۇ. ئۇلار بىر-بىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ، ھال-ئەھۋال سورۇشۇپتۇ. كېيىن ئۇلارنى قارشى ئالغۇچىلار باشلاپ، شاھ سارىيىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. يەتتە بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپتۇ. ئۇ يەر شاھ قەسرىگە يېقىن بولغىنى ئۈچۈن، ئاتلىرىدىن چۈشۈپتۇ. ۋەزىر بىلەن راۋاقتا يەتكىچە پىيادە

بېرىپتۇ. راۋاقنىڭ تورىدە پىل سۆڭەكلىرىدىن قىلىنغان ھەر تۈرلۈك قىممەتلىك تاشلار بىلەن بېزەلگەن تەخت. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئالتۇن چېكىلگەن كوك ئەتلەس ياستۇقلار تۇرغان ئىكەن. تەخت ئۈستىگە يەنە تۈرلۈك قىممەتلىك تاشلار، گوھەرلەر قادالغان پەردە ئېسىلغان ئىكەن. زۇھەر شاھ ئەنە شۇ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان، ساراي ئەھلىلىرى ئۇنىڭ خىزمىتىگە قول باغلاپ تەييار تۇرغان ئىكەن. ۋەزىر، زۇھەر شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ يەرنى سۆيۈپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



بىر يۈز
سەككىزىنچى كېچە

—ئەي بەختلىك شاھ،—دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

ۋەزىر زۇھەر شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ يەرنى سۆيۈپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا ئەڭ ئوتكۈر سوزمەنلىك سەنئىتىنى ئىشقا سېلىپ شۇ شېئىرلارنى ئوقۇپتۇ:

ئادالەت بىرلە قىلغاچ زۇلۇمنى خار،
جاھان ئەھلى سەن بىلەن قىلۇر ئىپتىخار.
ھېچ ئانا توغمىدى سېنىڭدەك ئوغۇل،
تۇرالماس سەن بىلەن نوشىرۋان① قاتار.

① نوشىرۋان — ئىران سۇلالىلىرىنىڭ ئۈچىنچىسى، ئادىللىقتا نام چىقارغان كىشى، بۇنى ئەردشىر دەپمۇ ئاتايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىشقىدۇر ئەلنى پاراۋان توق قىلىش،
مىسالدۇر ئېلىمدە يوقلىغى ناله ـ زار.
سېخىلىقتا ھاتەم① يېتەلمەس ساڭا،
دەۋرىمىز سەن بىلەن ئىرۇر بەختىيار.

تېرىپسەن ئىلمۇ ـ ھىكمەتتىن ئورۇق،
ئۇنىڭ شولىسى ئەلنى يورۇتار.
سېنىڭدىن رازىدۇر، چوڭ ـ كىچىك خەلق،
ئومۇر سۈر، شۇلا رىنىڭ بەختىگە نامدار.

* * *

كېلىشكەن قامىتى نازۇك ئىگىلدى،
كەرەمدىن مۇنلەر قومدەك توكۈلدى.
ئەسىر قىلدى ھەركىمنى قىيا بېقىشتا،
ئەپسۇن كۆچىسىز، جادۇ ئاجىز بۇ ئىشتا.

دىگىن: غەيبەتچىلەرگە قەتئى قىلىپسەن،
سۆيگۈنۈمدىن بىر دەممۇ ئاجرىماسمەن.
جاپاكار دىلىمغا سالسىمۇ غەم،
ئۇنى ياتلار دىلىم ھەرقاچان ـ ھەر دەم.

كېتىپتۇر ئۆيىقىغا تاشلاپ مېنى ئۇ،
پەقەت سەن مەن بىلەن ھەر جايدا بىرغۇ.
ماڭا لۇتپى ئەيلەپ خوپ قىلدىڭ ئىھسان،
بېرىپ مەنمۇ ساڭا پىدا قىلاي جان.

بولەك ھېچ قىسمىغا بىل تاقىتىم يوق،

① ھاتەم ــ يەمەننىڭ تەي قەبىلىسىدىن چىققان ئاتاغلىق سېخى-مەرت.

زۇھەر شاھ قىسسىدىن بولدى دىلىم توق.
ئەگەر كورسەڭ ئۇنىڭ ئۇنى بىر بىقىشنى،
ئەلەمدىن پاك قىلۇر كورگەن كىشىنى.

تىلەپ ئومرىنى دۇئا قىلساڭ مۇقەررەر،
كوتەرگەي خەلقى قول ساڭا باراۋار.

ۋەزىر بۇ ئاجايىپ شېئىرنى تۈگەتكەندىن كېيىن، زۇھەر شاھ ئۇنى يېنىغا قىچقىرىپتۇ. ئۇنىڭغا ناھايىتى زور مەرھەمەت كورسىتىپ، ئوز يېنىغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇچۇق چىراي، سەممىي ھالدا تاڭ ئاتقىچە ئۇنىڭ بىلەن سوھبەت قىپتۇ. كېيىن دەستىخان سېلىپ تۈرلۈك-تۈمەن تاماقلار، نازۇ-نېمەتلەر تارتىلىپتۇ. ئۇلار تويغىچە يېيىشىپتۇ. كېيىن دەستىخان يىغىلىپ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى تارقىلىپتۇ. زۇھەر شاھ يېنىدا پەقەت شاھقىلا يېقىن بىر نەچچە كىشى قاپتۇ. شۇ چاغدا ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ شاھقا يەنە مەدھىيە ئوقۇپتۇ. ئالدىدا يەرنى سۆيۈپ تۇرۇپ، شۇ سوزلەرنى قىپتۇ: "ئەي ئۇلۇغ شاھ، ساخاۋەتلىك جاناپ، مەن ساڭا دايىملىق سائادەت ۋە تۈگىمەس بەخت-ئىقبال تىلەپ، مۇھىم بىر ۋەزىپە بىلەن ئىسپىھان تېغى كوكلەمزار يايلاقلىرىنىڭ ئىگىسى، ئادالەتلىك پۇخراپەرۋەر شاھىمىز سۇلايمانغا قىزىڭىزنى سوراپ كەلدىم. شاھ سىزگە ھېساپسىز سوغىلار ۋە قىممەتلىك تارتۇقلارنى ئەۋەتتى. ئۇ، سىزگە كۈيوغۇل بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ ھەقتە سىزنىڭ پىكرىڭىزنىمۇ ئاڭلاشقا ئىنتىلىمەن" دەپتۇ، سوزىنى تۈگىتىپ، شاھتىن جاۋاپ كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. زۇھەر شاھ بۇ سوزنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئەدەپ يۈزىسىدىن ئۇمۇ يەرنى سۆيۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇلتۇرغانلار, شاھنىڭ ۋەزىرگە كۆرسەتكەن بۇ ئىلتىپاتلىرىغا ھەيران بولۇشۇپتۇ. شاھ ئۇلۇغ تەڭرىگە شۈكرىلەر ئېيتىپتۇ. "مەن بۇنىڭغا نىمە دەيتتىم. ئەي ئۇلۇغ ۋەزىر، ئەي ھورمەتكە لايىق زات، دەپتۇ. شاھ تۇرغان يېرىدە ئولتۇرماي ئورە تۇرۇپ، شاھ سۇلايمانغا غايىبانە تازىم قىپتۇ ۋە — بىز ئۆزىمىزنى شاھ سۇلايماننىڭ پۇخرا- لىرى قاتارىدا ھېساپلايمىز. ئۇنىڭ بىلەن موناسىۋەتتە بولۇش، ئۇنىڭ ماڭا كويۇغول بولۇشى مەن ئۈچۈن شەرەپ ۋە ئابرويدۇر. مەن بۇ سوزنى جان ـ دىلىم بىلەن دەۋاتىمەن. قىزىم ئۇنىڭ كېنىزەكلىرى قاتارىدىكى بىر چورىدۇر. مېنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تىلىكىم، ئۇ بىزگە ھەمىشە يول كۆرسەتكۈچى ۋە مەدەتكار بولسۇن". كېيىن شاھ گۇۋا ۋە قازىلارنى قىچقىرتىپتۇ. قازى ۋە گۇۋالار، شاھ سۇلايمانغا زۆھەر شاھنىڭ قىزىنى نىكاھلاش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ۋەزىرىنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكىنىگە گۇۋا بولۇشۇپتۇ. زۆھەر شاھ سۇلايمان شاھقا قىزىنى نىكاھلاشقا شاتلىق بىلەن يەنە بىر قېتىم رازىلىق بىلدۇرۇپتۇ. قازى خۇتپە ئوقۇپ ئۇنىڭ ھەققى مېھرىنى ۋە نىكاھ قىلىنغانلىقىنى كورستىپ، خەت يېزىپ موھرىنى بېسىپ تەستىقلاپ، ئۇلارنىڭ قوش قېرىشلىرىنى تىلەپتۇ. دۇئا قىپتۇ. قازى نىكاھ خېتىنى شاھ بىلەن ۋەزىرگە بېرىپتۇ. شۇ چاغدا ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ زۆھەر شاھقا ئېلىپ كەلگەن ئېسىل سوغات ۋە قىممەتباھا تارتۇقلارنى ئېلىپ كىرىپتۇ. ئۇلارنى زۆھەر شاھقا تەقتىم قىپتۇ. زۆھەر شاھ سوغات ۋە تارتۇقلارنى قوبۇل قىلىپ ئالغاندىن كېيىن، قىزىنىڭ يول تەييارلىقىنى ھازىرلاشقا بۇيرۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىرنى ھۆرمەتلەپ كۈتۈپتۇ. بۇ زىياپەتكە چوڭ ـ كىچىك ھەممىنى تەكلىپ قىپتۇ. بۇ توي مۇراسىمى خوشال ـ

خوراملىق بىلەن ئىككى ئايغىچە داۋام قىپتۇ. كوز كورگەن، كوڭۇل تىلىگەن، دىلنى قاندۇرغۇچى ھەر بىر ئورپ ـ ئادەتكە تولۇق رىايە قىلىنىپتۇ. بۇ ۋاقىت ئىچىدە كېلىن ۋە كويوغۇل ئۇچۇن كېرەكلىك ھەممە نەرسە تەييارلىنىپتۇ. ھازىرلىق تۈگىگەندە زۇھەر شاھ تاشقىرىغا چېدىر تىكىشنى بۇيرۇپتۇ. شەھەر تاشقىرىسىغا چېدىر تىكىپ ماللارنى ساندۇقا قاچىلاپتۇ. رۇم ۋە تۈرك قىزلىرىدىن سېتىپ ئېلىنغان كېنىزەك، چورە، دىدەكلەرنى خىزمەتكە بەلگۈلەپتۇ. شاھ قىزىغا ئەڭ نازۇك زىننەت ئەسۋاپلىرى ۋە قىممەتلىك تاشلارنى سوغات قىلىپ بېرىپتۇ. قىزىل ئالتۇن ۋە تۈرلۈك قىممەتباھا تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن مەپە ياسىتىپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن ئاتلارنى قوشتۇرۇپتۇ. بۇ مەپە چىرايلىق قەسىرنىڭ گۈمبىزىگە، ئىرەم باغلىرىنىڭ گۈلخانىسىغا ئوخشا، ئۇنىڭ ئىگىسى بولغان ۋە ئىچىدە ئولتۇرغان قىز جەننەتنىڭ ھۆرلىرىگە ئوخشىغىدەك ھالەتتە ئىكەن. قىزنى ماڭدۇرغاندىن كېيىن، ماللارنى ئېگىپ توگە ۋە خېچىرلارغا ئارتىپ ئۈچ چاقىرىم يەرگىچە زۇھەر شاھ ئۆزى ئۇلارنى ئۇزۇتۇپ كەپتۇ. كېيىن ئۇ قىزى ۋە ۋەزىر ھەم ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن خوشلۇشۇپتۇ. خوشال ـ خوراملىق بىلەن ئۆز سارىيىغا قايتىپ كەپتۇ. ۋەزىر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى، زۇھەر شاھ ۋە ئۇنىڭ قىزىنى ئۇزۇتۇپ چىققانلار بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، توختىماي يول يۈرۈپ، داۋان ئېشىپ، مەنزىل بېسىپ، ئۆز يۇرتىنى نىشانلاپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

ۋەزىر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شاھ قىزى بىلەن توختىماي يول يۈرۈپ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، ئۇز شەھرىگە ئۈچ كۈنلۈك يول قالغاندا. خان ئاغىچا قىزنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈ- بىر يۈز توققۇزىنچى رۈش ئۈچۈن شاھقا كىشى ئەۋەتىپتۇ. خەۋەرچى كېچە ئالدىراپ يولغا چۈشۈپتۇ. شاھ ھۇزۇرىغا يېتىپ كىرىپ ئاغىچا قىزنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى سۇلايمان شاھقا يەتكۈزۈپتۇ. شاھ سۇلايمان سۆيۈنۈپ خەۋەرچىگە باش - ئاياق كىيىم - كېچەك. شاھانە تون بېرىپتۇ. كېلىۋاتقان قىز ۋە باشقىلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قارشى ئېلىشقا چىقىدىغان تاللانغان ئەسكىرى قىسمىغا يېڭىۋاشتىن ئەڭ ياخشى كىيىم - كېچەكلەرنى كەيگۈزۈپتۇ. ئۇلارنى بايراقلىرىنى كۆتىرىپ، كەلگەن- لەرنىڭ ئالدىغا چىقىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇلار بۇيرۇقنى ئورۇنداپ يولغا چىقىپتۇ. جارچى شەھەردە ئاغىچا قىزنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىقمىغان بىرەر ئايال، بىرەر قېرى، بىرەر چورى، بىرەر دىدەك ۋە بىرەر كېنىزەكنىڭ قالماسلىقىنى، ھەممىسىگە ئاغىچا قىزنىڭ ۋە ۋەزىرنىڭ ئالدىغا چىقىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. چوڭ- كىچىك ھەممە ئاغىچا قىزنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن كوچىغا چىقىپتۇ. ئەمەلدارلار بو ئىشتا شاھقا ياردەم قىلىپ خىزمەت كۆرسىتىپتۇ. قىزنى قاراڭغۇ چۈشكەندىلا ئاندىن سارايغا ئېلىپ كىرىشنى مەسلىھەت قىلىشىپتۇ. ساراي خىزمەتچىلىرى كوچىلارنى

زىننەتلەشكە، ئۇزلىرى كوچىدا تۇرۇپ، قىز بىلەن ۋەزىرنى كۈتۈپ ئېلىشقا ئالدىراپتۇ. كوچىلارغا ئىراقنىڭ شامدانلىرىنى ئورنۇتۇپ، مىسىرنىڭ شاملىرىنى يېقىپتۇ. تۈرك ئىپپارلىرىنى چېچىپتۇ. ئاغىچا قىزنىڭ يېنىدا مەخسۇس قىز كېنىزەكلەر، چورىلەر چورىدەپ تۇرۇپ، ئۇنى يامان كوزلەردىن قوغداپ كېلىشىپتۇ. قىز ئاتىسى تەقدىم قىلغان قىممەتباھا كىيىملەرنى كەيگەن ئىكەن. ئۇ يېتىپ كېلىش بىلەن شاھنىڭ مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلىرى، ئۇنى ئوك ۋە سولدا مۇھاپىزەت قىلىپ سارايغا ئېلىپ كىرىشىپتۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋەزىرنىمۇ كۈتۈپ ئېلىپ ھورمەت بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىرىپتۇ. ناغرا - كارناي، سۇنايلارنىڭ ئاۋازلىرى، داقا - دۇمباقلارنىڭ سادالىرى يەتتە قەۋەت ئاسمانغا كوتىرىلىپتۇ. ئۇنى كورۇش ئۈچۈن كوچىغا چىقمىغان ھەرقانداق ئىشتىكى كىشىنىڭ بىرەرسىمۇ قالماپتۇ. تۈرك كىيىكى ئىپپارلىرىنىڭ ھىدى ھەر تەرەپنى قاپلاپتۇ. ئاتلار كىشنىشىپ بەيگىگە چۈشكەندەك چېپىشىپتۇ. نەگىلا قارىماڭ ۋە قاياققىلا بارماڭ، ئۇ يەردە توي تەنتەنىسى قىزىپتۇ، ئۇلار شۇنداق سەلتەنەت بىلەن ساراي دەرۋازىسىغىچە يېتىپ كېلىشىپتۇ. قۇللار مەپىنى خاس ھۇجرىغىچە كوتىرىشىپ ئېلىپ كېلىشىپتۇ. قىز-نىڭ قىممەتباھالىق جابدۇقلار بىلەن زىننەتلەنگەن كىيىمى بىلەن ئايدەك يۈزى ھەممە تەرەپنى كۈن نۇرىدەك يورۇتۇۋېتىپتۇ. چىرايلىق زىننەتلەنگەن جازىلار ھەر تەرەپكە شولا چېچىپتۇ. مەھرەملەر قەسىرنىڭ يولىنى ئېچىپ تۇرۇشۇپتۇ. قىز مەپىدىن چۈشۈپ كېنىزەكلەر ئوتتۇرىسىدا يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى ئايدەك جىلۋىلىنىپتۇ. ئۇ، قىممەتلىك جاھازىلار بىلەن زىننەتلەنگەن ئويگە كىرىپ، ئېسىل گوھەرلەر بىلەن بىزەلگەن مەرمەر تەختكە چىقىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

ئولتۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىغا شاھ كىرىپ كەپتۇ. قىزنى كۆرۈپ كۆڭلىدە مېھرى ۋە مۇھەببەت ئويغۇنۇپتۇ. قىز بىلەن شاھ بىر ياستۇققا باش قويۇپ بىرىنچى كېچىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇ بىرىنچى كېچىدىلا قىزنىڭ بويىدا قاپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ شاھنىڭ كۆڭلىنى ئېزىپ كېلىۋاتقان غەم-غۇسسىلىرى تارقىلىپتۇ. شاھ بىرئاي دىگەندە ئۆزىنىڭ مەھكىمىسىگە چىقىپ تەختىگە ئولتۇرۇپتۇ. توققۇز ئاي ئۆتكىچە ئۇ ئۆز تەختىدە ئولتۇرۇپ ھوكۇم سۈرۈپتۇ. توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت، توققۇز مىنۇت ۋاقىت ئۆتۈپ قىزنى تولغاق تۇتۇپتۇ. تاڭ ئاتقاندا قىزنىڭ كۆزى يورۇپتۇ. شاھ سۇلايمان ئوغۇللۇق بوپتۇ. بوۋاق ناھايىتمۇ چىراي-لىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن قانداقتۇ بەخت-سائادەتنىڭ بەلگۈلىرى چىقىپ تۇرۇپتۇ. شاھ سۇلايمان خوتۇنىنىڭ ئوغۇل تۇققانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خوش بوپتۇ. خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچىگە چوڭ ئىنئاملار بېرىپتۇ. ناھايىتى بەك شاتلانغانلىقىدىن شۇ زامانلا بالى-نى كۆرۈشكە بېرىپتۇ. يېڭىلا دۇنياغا كەلگەن مېھماننى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭ پىشانىسىغا سۆيۈپتۇ. ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھەيران بولۇپ تاماشا قىپتۇ. شۇ چاغدا شائىرنىڭ بۇ شېئىرنىڭ توغرىلىقىغا تەن بېرىپ ئۇنى ئوقۇپتۇ:

بۇ يىگىت ئۈچۈن ياراتقان خۇددى يۇلتۇزنى خۇدا...
شۇنىڭ بىلەن ئاسمانغىمۇ بېرىپتۇ زىننەت مۇتلەقا.

"بۇ ئۇلۇق قورغاننى ساقلا!" دەپ ئەۋەتكەن شىرىنى،
بۇ يىگىت كەلدى خوشال قىلدى بارچە ئېلىنى...

تەشرىپىدىن شاھ سۆيۈندى، بەك قۇۋاندى تەختمۇ...

كەلمەسكە كەتتى دەرت ـ ئەلەم، بىللە كەلـدى بەختىمۇ...

نەيزىسى ئۇتكۇرلۇشۇپ دۇشمەننى بەربات ئەيلسۇن!...
دوستلىرىنى كۈلدۈرۈپ يۇرتنى ئاۋات ئەيلسۇن!...

ئاجرىتىڭ ئانا سۈتىدىن سىز ئۇنى ئەي دايىلەر،
ئالتۇن بوشۇكتە تەۋرىتىڭ تىلەپ ئۇنىڭغا غايىلەر.

دۇشمەن قىينى بولۇر بۇنىڭغا ياخشى ئىچىملىك، سۈت، ئوزۇق.
قويمسۇن ئەل ـ يۇرت ئىچىدە زادى دۇشمەن ۋە بۇزۇق.

سۈت ئانىلىرى بالىنىڭ كىندىكىنى كېسىپ كوزىگە سۈرمە سۈرتۈپ، ئېسىل يوگەكلەرگە يوگەپتۇ. شاھ سۇلايمان ئۇنىڭغا تاجىلمۇلۇك دەپ ئات قويۇپ، ئات تويى قىلىپ بېرىپتۇ. شاھزادىنى بەخت ئويىدە ئالتۇن بوشۇككە بولەپ نار سۈتى بىلەن تەربىيىلەپتۇ. ئارىدىن ئايلار ۋە يىللار ئوتۇپ بار يەتتە ياشقا كىرىپتۇ. شاھ سۇلايمان ئالىملار ۋە دانىشمەنلىرىنى قىچقىرتىپتۇ. ئوغلىغا، خۇشخەت ۋە ئىلمى ھىكمەت ۋە ئىلمى ئەدەپ ئۇگۇتۇشنى بۇيرۇپتۇ. بىر نەچچە يىلغىچە ئۇلار بۇ بالىغا بۇ بىلىملەرنى ئۇگۇتۇپتۇ. تەلىم بېرىپتۇ. شاھ ئوغلىنىڭ بۇ بىلىملەرنى مۇكەممەل ئۇگەنگەنلىكىگە قانائەت ھاسىل قىلىپ، ئۇنى ھەربى بىلىملەرنى ئۇگەتكۇچى مۇئەللىمگە تاپشۇرۇپتۇ. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ يېشى ئون توتكە كىرىپتۇ. ئۇ كوچىلاردا كورگەنلەرنىڭ ھەۋىسى كەلگۇدەك، ئەقلى ھەيران قالغۇدەك چىراي ۋە بوي بىلەن ئوسۇپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



بىر يۈز ئونىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

سۇلايمان شاھنىڭ ئوغلى تاجىلمۇلۇك ئۆز دەۋرىدىكى سەنئەتكارلارنى ۋە قۇرداشلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئاتتا چېپىش ۋە باشقا ھەربى ماھارەت كۆرسىتىش ھۈنىرىنى تولۇق ئىگەللەپتۇ. ئۇ، ھەربى كۆرەكتە زامانىسىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئاپتۇ. ئۇنىڭ توغرىسىدا بىر شائىر شۇنداق دەپ شېئىر يازغان ئىكەن:

كىم بولۇر، ئاي يۈز يىگىت، بىزنى شەيدا ئەيلىگەن.
قايسى قۇدرەت قولى بۇ، بۇنى زىبا ئەيلىگەن.
كىمكى كۆرسە ئۇنى بىر، ئۆمرى مەجنۇن بولغۇسى،
تەختىدىن ۋاز كەچتۈرۈپ شاھنى گادا ئەيلىگەن.

* * *

ئۇنى كۆرۈپ خۇشبۇي بىلەن شۇ دەم بولدۇم ئۆزەم بىھۇش،
يېڭى نودا چىمەندىن ھىد بېرىپ قىلدى دىلمنى خوش.
مەي ئىچمەي تۇرۇپ مەستمەن، بۇنىڭغا سىز ئەجەپلەنمەڭ،
يۇتۇپ ئاغزىمنىڭ سۈيىنى مەن بولۇپتۇر يەنە بىھۇش.

جاھاندا بار گۈزەللىكنىڭ بارى ئاڭا يىغىلغاندۇر،
ئىلىنغاندۇر تۇزاقىغا كۆڭۈللەر بولۇپ بىر قۇش.
ئەگەر دۇنيادىلا بارمەن، ئۇنىڭ يادى بىلەن شاتمەن،
مۇبادا ئۆلسەم بىلىڭلەر، ئۇنىڭ ھىجرانىدا كەتتىم خوش.

تاجىلمۇلۇك ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە، ئاناردەك ئىگەك-

لىرىگە رەيھان كوكىدەك موي قونۇپتۇ. ئۇنىڭ ئەنسەر نوقۇتىدەك خالى ئۇنىڭغا يەنە ئالاھىدە چىراي بېغىشلاپتۇ. شائىرنىڭ بۇ ھەقتە يازغان شۇ شېرى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك باپ ئىكەن:

چىمەن ئۇستىگە قونغاندەك رەيھانىدىن بىر نەچچە تال،
ھۇسنىگە يارىشىپتۇ، چىراي قوشۇپ بۇرۇت ـ ساقال.
مېنى چاكار قىلدى ئۇنىڭ خۇددى نوقۇتتەك زىنىغى،
يېڭى ئېچىلغان غۇنچىدەك كورۇندى كوزۇمگە بۇ ھال.

* * *

ئىككىنچى يۇسۇپ ئۇ، كورگەن چىرايدا،
كورۇنۇپ قالدى بۇگۇن بۇ جايدا.
دىققەت بىلەن ھۇسنىگە سالساڭ نەزەر،
ئىشقى ئەھلىنى قىلار ئوزىگە شەيدا.

باشقا بىر شائىر مۇنداق دەپ شېئىر يازغان ئىكەن:

ھەر نەرسىنىكى كورگەن بۇ كوز،
"بارچىسىدىن ئارتۇق قارا كوز".
قىزىل مەڭزىدە قارا خالى،
كورگەننى بېھۇش قىلۇر جامالى.

يەنە بىر شائىر مۇنداقمۇ دىگەن:

دۇنيادا ھەممىنى كورگەن بۇ كوز،
ئۇنىڭ بېقىشىدەكنى كورمىگەن تېخى.
ھۇسنىگە چىراي، مەڭزىگە زىننەت،
قوشىدۇ گۇزەل قاپقارا خېلى.

تاجىلمۇلۇك چوڭ بولغانسېرى ئۇنىڭ ھوسنى ـ جامالى تېخىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېشىپتۇ. ئۇنىڭغا دوست ۋە ئاغىنىلار پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلاشقان ھەر بىر كىشى ئاتىسىدىن كېيىن ئۇنىڭ شاھ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلاپتۇ. بەزىلىرى ئۇنىڭغا ئەمىر بولۇشقا بەل باغلاپتۇ. بەزىلىرى ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى شەھەرلەرگە ھاكىم بولۇشقا ئۈمىد باغلاپتۇ. تاجىلمۇلۇك شىكارغا قىزىقىپ قاپتۇ. شىكار قىلىشنى بىرەر سائەتمۇ توختىتالمايدىغان ھالغا كەپتۇ. سۇلايمان شاھ "دەشتى ـ سەھرالاردىكى يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ئوغلۇمغا زىيان يەتمىگەيدى؟" دەپ، ئۇنى شىكار قىلماسلىققا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، تاجىلمۇلۇك دادىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى تاجىلمۇلۇك ئۆز قۇللىرىغا ئون كۈنلۈك ئوزۇق تەييارلاشنى بۇيرۇپتۇ. خىزمەتچىلىرى بۇيرۇقنى ئادا قىپتۇ. شاھزادە ئۆزىنىڭ ئادەملىرى بىلەن يەنە شىكارغا مېڭىپتۇ. ئۇلار تۈن كېچە ـ كۈندۈز شىكار قىلىپ يۈرۈپ، بىر يايلاققا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ يەردە شوخ كىيىكلەر ۋە تۈرلۈك ئوۋ ھايۋانلىرى كۆپ ئىكەن. دەرەخلەردە مېۋىلەر پىشىپ يېتىشكەن، ئېرىقلاردا ھەسەلدەك شېرىن، مۇزدەك سوغۇق، زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلار شىرىلداپ ئېقىۋاتقان ئىكەن. تاجىلمۇلۇك ئادەملەرگە: "تورنى كەڭراق يېيىڭلار! ھالقىنى ئۈزۈنراق قويۇڭلار! ھالقىنىڭ بېشىدا ئۇچرىشىمىز" دەپتۇ ۋە بىر بولۇم ئوۋچىلارنى ئىتلىرى بىلەن شىكارغا ماڭدۇرۇپتۇ. ئادەملەر بۇيرۇقنى بېجىرىپ، تورنى كەڭ يېيىپتۇ. تورغا ھەرخىل ياۋايى ھايۋانلار، كىيىكلەر كېلىپ كىرىپتۇ. ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ۋاقىراشلىرى، ئاللاقانداق ئاۋاز بىلەن خىرقىراپ ـ چىقىراشلىرى، ئات ئالدىدا چېپىپ يۈرۈشلىرى، ئوۋچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپتۇ. شۇ چاغدا، شىكارغا ئۇگۇتۇلگەن

ئىت، شۇڭقار، بۈركۈت، لاچىنلار، قارچىغىلارنى قويۇپ بېرىپتۇ. مەرگەنلەر يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ جېنى چىققىدىغان يەرنى نىشانلاپ، ئوقىقا تۇتۇشقا كىرىشىپتۇ. هالقىنىڭ ئاخىرىغا يەتمەيلا، كۆپلىگەن هايۋانلارنى ئېتىپ توپلاپتۇ، قالغانلىرى قېچىپتۇ. تاجىلمۇلۇك سۇ بويىدا ئاتتىن چۈشۈپ، ئولجىلارنى يىغىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇلارنى تەقسىم قىلىپ، بىر بولۇمىنى ئاتىسى سۇلايمان شاهقا ئەۋەتىپتۇ. قالغانلىرىنى سارايدىكىلەرگە ۋە ھەمراھلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىپتۇ. شۇ كېچە شۇ يەردە تۈنەپتۇ. تاڭ ئاتقاندا، ئۇلارنىڭ يېنىغا چوڭ بىر كارۋان كېلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇلار ئارىسىدا قۇللار، كېنىزەكلەر، چۆرىلەر، دىدەكلەر ۋە ئۇلارنىڭ خوجايىنلىرى، باشقا سودىگەرلەر بار ئىكەن. ئۇلار مۇشۇ يەردە تۈنىمەكچى بولۇشۇپتۇ. ئۇلارنى كۆرۈپ، تاجىلمۇلۇك ئۆز يېقىنلىرىدىن بىرىنى ئۇلارنىڭ كىملىكىنى، نىمە ئۈچۈن بۇ يەرگە چۈشكەنلىكىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. بارغان كىشى ئۇلارغا: "سىلەر كىملىكىڭلەرنى تېزراق چۈشەندۈرۈڭلار!" — دەپ خىتاپ قىپتۇ. "بىز سودىگەرلەرمىز، مەنزىلىمىز يىراق، شاه سۇلايمان ۋە ئۇنىڭ مەرھەمىتىگە سېغىنىپ، دەم ئېلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە چۈشتۇق. بىز سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا چۈشكەنلەرنىڭ هاياتىغا ۋە ساق-سالامەت دەم ئېلىشىغا ئوكايلىق بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىمىز. شاه سۇلايمان ئوغلى تاجىلمۇلۇككە قىممەتلىك ماللاردىن سوغات ئېلىپ كەلگەنمىز" — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئۇلار. خەۋەرچى شاهزادە يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئاڭلىغان سوزىنى بايان قىپتۇ، كورگەنلىرىنى تامامەن تولۇق سوزلەپ بېرىپتۇ. "ئەگەر مەن ئۈچۈن ئۇلار بىرەر نەرسە ئېلىپ كەلگەن بولسا، مەن ئۇنى هازىر شۇ يەردە كورمىسەم،

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com

شەھەرگە قايتمايمەن" دەپ، ئىتتىغا مىنىپ يولغا چىقىپتۇ. قۇللارمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن شاھزادىنى قوغداپ مېڭىپتۇ. تاجىلمۇلۇك كارۋانلارغا يېقىنلاشقاندا، سودىگەرلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تۈگىمەس ـ پۈتمەس بەخت ـ سائادەت تىلەپ، ئەبەدى ئىززەت ـ ھۆرمەت كۆرۈشى ئۈچۈن دۇئا قىپتۇ. سودىگەرلەر، گو-ھەر ۋە زەرلەردىن جىيەك تۇتۇلغان چېدىر تىكىپتۇ. ئۇنىڭ رەختى قىزىل ئەتلەس ئىكەن. ئولتۇرۇش ئۈچۈن يىپەك گىلەملەر بىلەن قاپلانغان، زۇمرەتلەر ئورنىتىلغان شاھانە ئورۇندۇقلارنى تەييارلاپ قويۇپتۇ. تاجىلمۇلۇك تەكلىپ قىلىنغان شۇ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. قۇللار ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇشۇپتۇ. تاجىلمۇلۇك سودىگەرلەرگە ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى كۆرسىتىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇلار ماللىرىنى ئېلىپ كېلىشىپ كۆرسىتىپتۇ. تاجىلمۇلۇك بۇ مال-لارنى كۆرۈپ چىقىپ، ئۆزىگە ياقىدىغانلىرىنى تاللاپ، پۇلىنى ئۇلارنىڭ ئېيتقان باھاسى بويىچە تولۇغى بىلەن تۆلەپتۇ. ئىتىنى مىنىپ، ئۆزىنىڭ چۈشكەن يېرىگە قايتىپ كېتىش ئۈچۈن مېڭىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ، كارۋانلار ئارىسىدا چىرايلىق ۋە ناھايىتى كېلىشكەن، پىشانە ۋە يۈزلىرى ئايدەك يورۇق، لېكىن يۈزىدىن سۆيۈملۈكىدىن يىراقلاشقانلىق، ئەلەمدىن سارغايغان، ئايرىلىش دەردىدىن يۈرىكى كاۋاپ بولغانلىق ئالامىتى چىقىپ تۇرغان بىر يىگىتكە كۆزى چۈشۈپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.

— ئەي پەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.



بىر يۈز ئون بىرىنچى كېچە

تاجىلمۇلۇك سودىگەرلەر ئارىسىدا يار ئوتىدا كويگەن يىگىتنى كورۈپتۇ. قارىسا، ئۇ، كوزلىرىدىن ياش توكۈپ تۇرۇپ، بۇ شېئىرلارنى ئوقۇپتۇ:

ۋاھ دەرىخا، مەن ئەجەپمۇ ياردىن بولدۇم يىراق،
قاچتى ئۇيقۇ، راھىتىم، كويدۇردى شۇ دەردى پىراق.
يارسىز، دىلدارسىز، ئالەمنى كەزدىم مەن غېرىپ،
جاننى ئالسا رازىدىم، قىلمىسا مېنى سىناق.

* * *

پىراقىڭ ھەددىدىن ئېشىپ، غەم-ئەلەم چەكسىز سوزۇلدى يار،
كېچە-كۈندۈز ئىككى كوزۈمدىن ياش ئورنىغا قان ئاقار.
قايسى كۈنكىم مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ بولدۇم يىراق،
ئۇنىڭدىنمۇ ئۇمىدىم ئۈزۈلگەندەك بولدى مىڭ قاتار.
ئايا دوستۇم ئۇنىڭ بىرلەن ۋىدالاشقىلى بەر ئىمكان،
ئۇنىڭ بىر سوزىنى ئاڭلاپ شىپا تاپقاي دىلى بىمار.

يىگىت شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئەھۋالى تاجىلمۇلۇكنى ئەجەپلەندۈرۈپتۇ. يىگىت ھوشىغا كېلىپ، يەنە شۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ھېچبىر ئەلەم ھىجرى دەردىدىن ئەمەسكى بەك يامان،
ئىشقى ئوتىنىڭ تۈتۈنىدىن تۇتۇلغاي بۇ ئاسمان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەر كىشى ھىجرانغا تاقەت ئەيلىسە مەن ئاڭا قۇل،
مەندىكى تاقەت ئۇنىڭدەك سەۋرىگە كونمەس ھامان.
بۇ جۇدالىق ئالىمىدە ياخشىلىق مەن كورمۇدۇم،
بۇ ھاياتىم ئوتتى شۇنداق ياردىن تاپماي نىشان.

• • •

ساقلىنىڭ، سالماڭ نەزەر قىشى قارانىڭ قاشىغا،
كىم ئىلىنسا تورىغا، ئۇ، قەس قىلار ئوز جانىغا.
كوزلىرى نەلەردىدۇر، ئۇ ئوكتۇر ئوتكۇرلىكىن،
جەڭ ئارا ئوتكۇر بولات، تەڭ ئەمەس قالقانىغا.
بەرمىگىن كوڭۇل ئۇنىڭ شىرىن سوزىگە ئالدىنىپ،
چۇنكى بۇ سوز زەھەردۇر ئىدراكىنىڭ ئىمكانىغا.

دىلبىرىم نازۇك بەدەن پوستى شايىدىن نىپىز،
تەگسە قولۇڭ بولغۇنۇر شۇ زامان ئوز قانىغا.
دۇنيادا خۇشبۇي ئاتالغان ئەڭ پۇراقلىق ئەترىمۇ،
تەڭ كېلەلمەيدۇ ئۇنىڭكى قەددى گۇل رەيھانىغا.

يىگىت بۇ شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ، يەنە "ئاھ" تارتىپ، ھۇشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. تاجىلمۇلۇك بۇ ئەھۋالدىن ئىنتايىن ئەجەپلىنىپتۇ-ئېتىدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. يىگىت ھۇشىغا كېلىپ قارىسا، شاھنىڭ ئوغلى تاجىلمۇلۇك بېشىدا قاراپ تۇرغان-ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا يەرنى سۆيۈپتۇ-"نېمىشقا سەن بىزگە ئوزەڭنىڭ مېلىنى كورسەتمىدىڭ؟!" — دەپتۇ تاجىلمۇلۇك ئۇنىڭغا. "مېنىڭدە سىزگە كورسەتكىدەك بىرەر نەرسە يوق، ئەي شاھزادەم" — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ يىگىت. "بار نەرسەلىرىڭنى كورسىتىپ، ئوز ئەھۋالىڭ توغرىسىدا بىزگە مەلۇمات

بەرگىن. چۈنكى، مەن سېنىڭ كوزۈڭنى ياشلىق، دىلىڭنى ئەلەم-لىك كورۈۋاتىمەن. ئەگەر بىرەرسىدىن ئازاپلانغان بولساڭ، سېنى ئۇ زۇلۇمدىن ئازات قىلاي. قەرزدار بولساڭ، قەرزىڭدىن خالاس قىلاي. سېنىڭ ئەھۋالىڭنى كورۈپ، دىلىم ۋەيران بولدى"—دەپتۇ تاجىلمۇلۇك ۋە قۇللىرىنى ئورۇندۇق ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. پەل سۈڭگىدىن ئىشلىنىپ، ئالتۇن ئارىلاشتۇرۇلغان، تۇرلۇك رەختلەر بىلەن يېپەك يىكەنداز سېلىنغان بىر ئورۇندۇقنى ئېلىپ كېلىپ قويۇپ بېرىپتۇ. تاجىلمۇلۇك ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، يىگىتنى گىلەمگە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. "قېنى ماللىرىڭنى كورسەت!"—دەپتۇ شاھزادە يىگىتكە. "ئەي شاھزادەم، مېنىڭ ماللىرىمنى ئاغزىڭغا ئالما! ئۇلار سېنىڭ كورۇشىڭگە ئەرزىمەيدۇ"—دەپتۇ يىگىت. "ئەلۋەتتە كورسەتكىنىڭ ياخشى!"—دەپتۇ تاجىلمۇلۇك. كېيىن قۇللىرىدىن بىرىگە يىگىتنىڭ ماللىرىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇنىڭ ماللىرىنى تېپىپ ئېلىپ كېلىشكىنىنى كورۇپ، يىگىتنىڭ كوزىگە لىق ياش كەپتۇ، ئۇ يىغلاشقا باشلاپتۇ. قاتتىق "ئاھ!......" تارتىپ، شۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ھەر بالا كىم يەر يۈزىدە بارلا بولسا ماڭا دوس،
ھەر قازا كىم ئالەم ئىچرە بولسا ماڭا ئاشنا.
بۇ بالالار بىلەن قازالار ماڭا خۇدادىن كەلمىدى،
مەن تىلەپ تاپتىم ئۇنى مەقسىدىم بولدى ئادا.

* * *

قەسەم بولسۇن كوزلىرىنىڭ قارىسىغا،
نازۇك تالدەك قەددىنىڭ يارىشىغا.
سوزى بىلەن، ئىما، نازۇ ئىشارەت خۇلقى،
جاننى ئېلىپ يەنە سالۇر جانانىسىغا؛

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەندىن ئازاپ كورۇش مۇمكىن ئەمەس،
مەن سادىقمەن سەندەك يارنىڭ قارشىغا.

كېيىن يىگىت ماللىرىنى ئېچىپ، بىر ـ بىرلەپ ئېلىپ، تاجىلمۇلۇككە كورسىتىپتۇ. ئۇلار ئارىسىدا مىڭ تىللالىق كۇمۇش ياقا تۇتقان بىر ئەتلەس تونىمۇ ئېچىپ كورسىتىپتۇ. تونىنى يايغاندا، ئىچىدىن بىر بولاق نەرسە يەرگە يۇمىلاپ چۇشۇپ كېتىپتۇ. يىگىت ئالدىراش ئېلىپ، ئۇنى قولتۇغىغا قىستۇرۇپتۇ ۋە يوشۇرۇپتۇ. پۇتۇن بارلىغىنى ئۇنتۇلۇپ، شۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

بۇ ئېزىلگەن جان قاچان سەندىن تاپار روھى شىپا،
سىنىڭ ۋەسلىڭدىن ماڭا يۇلتۇز يېقىن ئاسمان ئارا.
قىلدى ھىجرانۇ ـ ھىرسلىق بۇ كوڭۇلنى خەستە ھال،
ۋەدىلە بىرلەن بۇ ئومۇر بولدى ئوتەر ئەي بىۋاپا.

مەن سىنىڭدىن بەك يىراق، سەنمۇ ماڭا ئەمەس يېقىن،
بەرمىگەي ۋەسلىڭ ھاياتلىق ئارلىق بولدى بالا.
نە ئادالەت سەندە بار، نە رەھمى شەپقەت ساڭا يار،
رىغبىتىڭ بارمۇ يەنە، بولارمۇ دىل سەندىن رىزا.

يولدىن ئازدىم دەربەدەر، ئىشقىڭدا سەرگەردان بولۇپ،
ئەمدى تاپماقا ئۇمىدىم يوق، مەن ئولۇمنى مۇتلەقا.
كېچە ـ كۇندۇز "ئاھ!" چېكىشتىن باشقا ئىش يوقتۇر يانا،
گايى ھۇشلۇق، گايى ھۇشسىز كورگۇنۇم دەردى بالا.

تاجىلمۇلۇك يىگىت ئوقۇغان شېئىرنى ناھايىتى زوقمەنلىك بىلەن ئاڭلاپتۇ. ئۇ، بۇنىڭ سەۋەپلىرىنى بىلەلمەي، بىردەم نويلۇنۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. يىگىتنىڭ تونىنىڭ ئىچىدىن چىققان ئوراغلىق

تۇگۇنچەكنى يوشۇرغىنىدىن ئەجەپلىنىپ: "بۇ نېمە؟!" — دەپ سوراپتۇ. "بۇ نەرسىنىڭ ساڭا كېرىكى يوق، ئەي شاھزادەم — دەپتۇ يىگىت تاجىلمۇلۇككە — مەنماللىرىمنى پەقەت شۇ نەرسە سەۋەبىدىن ساڭا كورسەتمىگەن. بۇنى مەن ساڭا كورسۇتەلمەيمەن". "مەن بۇ تۇگۇنچەكنى ئەلۋەتتە كورۇشۇم لازىم" — دەپتۇ شاھزادە.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



بىريۇز ئون ئىككىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

"مەن ئەلۋەتتە بۇ تۇگۇنچەكنى كورۇشۇم كېرەك" — دەپتۇ تاجىلمۇلۇك. يىگىت قولتۇغى ئاستىدىن ھېلىقى تۇگۇنچەكنى چىقىرىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا "ئاھ!" تارتىپ يىغلاپتۇ. خېلى جىق "ئاھ!..." چېكىشتىن كېيىن، شۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئۇچ خىل ئاپەت ماڭا ھەمىشە بولدى يار،
غېرىپلىق بىرلە ئىشقى پۇرقەت قىلدى مېنى خار.
غەم ۋە كۇلپەت ئىچىدە ئوتتى كۇنۇم،
كېچىدە ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرىمەن بىقارار.
قىلدى تەنھالىق خاراپ، كەلمىدى رەھمى ماڭا،
بۇ ئەلەملەردىن جۇنۇنمەن، يۇرىكىم ئاغرىپ تۇرار.

• • •

خۇشتارىم سۆكمەڭ مېنى. قۇلاقنى بەدى بىغانى دەپ،
بىلمەستۇق بۇ جاننى قاپسى بىر ئۆلكىنىڭ ئىنسانى دەپ.
يۈز ئۆرسەڭ مەن غېرىبنىڭ ھالىغا رەھمى قىلىڭ.
بۇ يېڭىلارغا سەۋەب سۆيگىنىڭ ھىجرانى دەپ.
كەلسە يار بېشىغا تىغ، ئاسراپ ئاڭا تۇتتۇم بېشىم،
شۇ بېشىغا ھۆرمەت قىلىڭ. يارنىڭ قالغانى دەپ.

بىلمىدىم مەن قايسى لايدىن بولغان ئىكەن بىنايىم،
ئۇرلۇغىدىن ئۆيلىمىگىنىم، سىز ئۇنى نۇر كانى دەپ.
ئۇلگۈزۈمدە سىز ئۇنتۇتماڭ مەن كىمنى سىجارىسى.
ئەسلەپ قويۇڭ شۇنچە ئەلەمگە جىسمىنى بىر جانى دەپ.

يىگىت شېئىرنى توختاتتى. ئاخىرىدىكى ئۈچ غەزەلنى خېلىلا پەرىشان كۆرۈندى. "بۇ ئوتتۇرىدىكى قاراپ [illegible]

[illegible]

يىگىتنىڭ ۋەقەسىنى بىلىش ھەۋىسى كۈچىيىپتۇ. "بۇ كىيىكلەر ئىگىسى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ۋەقەنى سۆزلە!"—دەپتۇ ئۇ يىگىتكە قاراپ.

## ئاشىق ۋە مەشۇق ھىكايىسى

ئاتام چوڭ سودىگەرلەردىن بىرى ئىدى، —دەپتۇ يىگىت ھىكايىسىنى باشلاپ، —ئۇنىڭ مېنىڭدىن باشقا پەرزەندى يوق ئىدى. تاغامنىڭمۇ يالغۇز بىر قىزى بار بولۇپ، مەرھۇم تاغام ھايات ۋاقتىدا ئاتام بىلەن ۋەدىلەشكەن ئىكەن ۋە بىزنى بىر-بىرىمىز بىلەن ئۇزلىرىچە چېتىپ قويۇشقان ئىكەن. ئەمما تاغام ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ھەر ئىككىمىزلا بىزنىڭ ئۆيىمىزدە تەربىيىلەندۇق. مەن ئۆسۈپ بالاغەتكە يېتىشتىم. ئۇمۇ بويىغا يەتتى. ئۇنى مەندىن، مېنى ئۇنىڭدىن ئايرىشتى. ئاتام بىلەن ئانام مەسلىھەتلىشىپ: "ئەزىزەنى ئەزىزغا بېرەيلى!" دېيىشىپ، شۇ يىلى بىزنىڭ تويىمىزنى قىلىشنى توختام قىلىشتى. ئاتام توي ھازىرلىقىنى كورۇش بىلەن تۇتۇشتى، شۇنىڭدىن كېيىن تاغامنىڭ قىزى بىلەن بىر ئورۇندا ياتىدىغان بولدۇق. بىز بىر-بىرىمىزنى ياخشى كورگەن بىلەن يەنىلا كوڭلىمىز بۇرۇنقىدەك توغرا ئىدى. شۇڭا بىر-بىرىمىزدىن قاچمايتتۇق. تاغامنىڭ قىزى ماڭا قارىغاندا زىرەك، ھۇشيار ۋە بىلىملىك ئىدى، دادام توي ھازىرلىقىنى كورۇپ بولدى. ئىش پەقەت ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا نىكاھ خۇتبىسىنى ئوقۇپ پەتتە يېزىلىشقا بېرىپ تاقالدى. ئاتام نىكاھنى جۇمە نامىزىدىن كېيىن قىلىشنى قارار قىلدى. تونۇش-بىلىش، قېرىنداش-

ئۇرۇقلار ۋە يار ـ دوستلار تويغا تەكلىپ قىلىندى. جۈمە كۈنى مېھمانلار ئولتۇرىدىغان ئۆي سۇ سېپىپ سۈپۈرۈلدى، تازىلاندى. زىننەتلەندى. تاملارغا ئالتۇن گۈللۈك گىلەملەر تارتىلدى. مېھمانلار ئۈچۈن كۆرپىلەر سېلىندى. ھەممىنى تەق قىلىپ قويۇشتى. ئادەملەر جۈمە نامىزىدىن يېنىپ كېلىشلىرى كېرەك ئىدى. ئاتام رىشالە ۋە باشقا شىرىنلىكلەرنى تەييارلىدى. نىكاھ خۇتبىسى ئوقۇش بىلەن نىكاھ خېتى يېزىلىشلا قالدى، خالاس. ئاتام مېنى ھامامغا ئەۋەتتى، ئارقامدىن كىيىملەر ئەۋەتتى. ھامامدىن چىقىپ ئۇلارنى كەيدىم. كىيىملەرگە خۇشبۇي ئەتىرلەر سېپىلگەن ئىدى. ھەممە تەرەپنى ئەتىرنىڭ خۇشبۇي ھىدى باستى. يۈرگۈنۈمدە يېقىملىق ئەتىر ھىدى پۇرايتتى. جۈمە نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە بارماقچى بولدۇم. يولدا بىر دوستۇمنى تويغا تەكلىپ قىلىش ئېسىمگە چۈشتى. جۈمە نامىزىغا بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنى تويغا ئېيتىپ قويۇش نىيىتىدە، ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدىم. ھاياجان بىلەن مېڭىپ، ئومرۇمگە كېلىپ كىرىپ باقمىغان بىر كوچىغا كىرىپ قالدىم. ھامامدىن چىقىپلا يېڭى كىيىملەرنى كەيگىنىم ئۈچۈن تەرلەپ كەتكەن ئىدىم، تەر ئاقاتتى. خۇشبۇي ھىدلار ھەر تەرەپكە تارقىلاتتى. بىر ئاز دەم ئېلىش ئۈچۈن قولياغلىقىمنى تىكىمگە سالغىنىم ئۈچۈن، تەرنى سۈرتكىدەك بىرەر نەرسە قالمىغان ئىدى، تەرنى كىيىمىمنىڭ ئېتىكى بىلەن سۈرتمەكچى بولدۇم. بىردىنلا يېنىمغا ئاق قولياغلىق پەيدا بولۇپ قالدى. قەيەردىن پەيدا بولغىنىنى سەزمەيلا قالدىم. ئۇ، يېقىملىق ـ يۇمشاق شامالدىن ياخشىراق، ھەرقانداق ئاغرىققا شىپالىق بېغىشلايدىغان دەرىجىدە كۆركەم ئىدى. قولۇمغا ئېلىپ، بۇ قولياغلىقنىڭ قەيەردىن كەلگەن-

لىگىنى بىلىش ئۈچۈن، يۇقۇرىغا قارىدىم. كوزۇم كىيىكنىڭ ئىگەسىنىڭ كوزىگە چۈشتى. ئۇ، بۇ سۈرەتنى سالغۇچى ئىدى.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



بىريۈز ئون ئۈچىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

قولىياغلىقىنىڭ قەيەردىن چۈشكەنلىگىنى بىلىش ئۈچۈن يۇقۇرىغا قارىدىم. كوزۇم كىيىكنىڭ ئىگىسىنىڭ — سۈرەتنى سىزغۇچىنىڭ كوزى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ قىز پەرەنجە بىلەن دەرىزىدىن قاراپ تۇراتتى. كوزۇم ئۇنىڭدىن چىرايلىق ۋە گۈزەلرەك ئايالنى تېخى كورمىگەن ئىدى. قىسقىسى ئۇ، شۇنداق كوركەم ئىدىكى، ئۇنى ماختاشقا، تەرىپلەشكە تىلىم ئاجىز. مېنىڭ قارىغىنىمنى كورۇپ، بارمىغىنى ئاغزىغا ئېلىپ، لېۋىگە تەككۈزدى. كېيىن ئوتتۇرا بارمىغى بىلەن كورسەتكۈچ بارمىغىنى بىر-بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ كوكرىگىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدى. بېشىنى دەرىزىدىن ئىچكىرى ئېلىپ، دەرىزىنى يۈزۈمگە ياپتى، ئوزى غايىپ بولدى. نەزىرىمدە ئۇنىڭ ئايدەك جامالى قالدى. دىلىم كويۇۋاتقاندەك بولدى. ئۇ، شۇ بىر قاراشتا ئەقلىمنى ئوغرىلاپ، ئوزەمنى گاڭگىرىتىپ قويدى. نىمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم. قىلغان ئىشارەتلىرىنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ چۈشۈنەلمەيتتىم. ئىككىنچى قېتىم دەرىزىگە قارىدىم. ئۇ، يېپىغلىق ئىدى. كۈن پاتقىچە شۇ يەردە كۈتۈپ تۇردۇم. ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com

يەنە بىر كورۈشكە تەشنا ئىدىم. ئەمما ئادەم ئەمەس، "شىرىنقىدە" قىلغان بىر ئاۋازمۇ بولمىدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ قارىدىم. ھىچ نەرسە كورۈنمىگەندىن كېيىن، قولياغلىقنى ئېچىپ قارىدىم. ئۇنىڭدىن ئەترە پۇرىغى گۇپۇلدەپ چىقىپ تۇراتتى. پۇتۇن ۋۇجۇدۇمنى شاتلىق قاپلاپ، ئوزەمنى جەننەتتىكى ھۇرلەردىن بىرى بىلەن ئۇچراشقاندەك ھىس قىلدىم. كېيىن قولياغلىقنى ياپتىم. ئارىسىدىن ناھايىتى نېپىز بىر قەغەز يەرگە چۇشتى. قەغەزنى ئاچقان ئىدىم، ئۇنىڭدىن كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى ئاللاقانداق بىر يېقىملىق پۇراق چېچىلدى، ئۇنىڭغا قارىسام، تۆۋەندىكى شېئىرلار يېزىلغان ئىكەن:

چاچلىرىڭغا ئېسىلغان يۈزلەرچە دىلرىبالىق،
ئەقلىمنى ئورىدى يۈزمىڭچە مۇپتىلالىق.
مەن ئىستەيمەن ساڭا دىلدىن غۇلام بولۇشنى،
يەتكۈزمىسۇن خۇدايىم بىزلەرگە ھىچ جۇدالىق.

* * *

جانانىمغا خەت يېزىپ ئىشقىمنى بايان قىلدىم،
كوڭلۇمدەك نازۇك بۇ خەتنى ئەرمۇغان قىلدىم،
بۇ خەتنىڭ ئېلىپىنى نازۇك دىمىگىن يار مىم،
نازۇك جەسەد ئەھدىنى مەن ئۇندا ناھان قىلدىم.
"ئاشىق كىشىنىڭ قەددى ئاجىز-نازۇك بولۇر" دەپ،
كوپ ئاڭلىغان بۇ خەتتە مەن شۇنى نىشان قىلدىم.

شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ قولياغلىقنى قىزىقىپ كوردۇم. ئۇنىڭ يەنە بىر چېتىگە شۇ شېئىرلار يېزىلغان ئىكەن:

يۈزۈڭ قىبلە مەن ئۇچۇن دىلىم ساڭا موشتاقتۇر،
سەن بولمىساڭ بۇ جاھان مېنىڭ ئۇچۇن دوزاقتۇر.

مېھرىم بىلەن جېنىمنى بېرەي ساڭا ئەي دىلدار،
ئىشەنمىسەڭ يېرىپ كور، يۈرۈگۈم ئېرىپ ئاقار.

* * *

ئۇ كاتىپ يېزىپتۇر ئاجايىپ بىر خەت،
كاتىپلار ئارا ئۇ نەقەدەر خۇشخەت.
رەيھان سۈيى بىلەن يازغان يۈزىگە،
ئىككى مىسرانى نازۇك تەبىەت.
كۆن كورسە ھوسنىنى ئۆيۈتۈپ قالار،
شەكلى ئوخشايدۇ سەرۋىگە پەقەت.

ياغلىقنىڭ ئىككىنچى يۈزىگە مانا بۇ شېىرلار يېزىلغان ئىكەن:

ئىشقى ئوتى يۈرەككە ياقتى بىر گۈلخان،
دىدارىڭغا قانمىسام چىقمايدۇ بۇجان.

خۇشبۇي ئەتىرە بىلەن يازغان شېىردا مۇنداق دەپتۇ:

بۇندا مەن كوردۇممەن ئاجايىپ ئەھۋال،
ئالمىنىڭ كىندىگىدەك ياراشقان ئاڭا.
يۈزىگە ئورناشقان ئۇنىڭ زىنىغى،
مەڭزىگە تېرىقتەك قونغان ئىككى خال.

مېنى ئولتۇرمەكچى مەستانە كوزى،
كىيىكتەك يىراقتىن قىيا بىر قاراپ.
مەيمۇ مېنى بۇنداق مەس قىلمىغان،
زاڭىقىدىن مەسمەن، ئىچمەستىن شاراپ.

قولياغلىقتا يېزىلغان شېىرلارنى ئوقۇپ، دىلىمد
چوغ پەيدا بولدى، مېھرىم ئاشتى، ھىرىسلىغىم كۆ
ياغلىق بىلەن خەتنى ئېلىپ ئويۇمگە ياندىم

لېكىن ئۇنىڭغا يېتىشىش ئۈچۈن قانداق چارە-ئامالالارنى قىلىشنى بىلمەيتتىم. شۇ ئوي بىلەن يېرىم كېچىدە ئاران ئويىگە كىردىم. تاغامنىڭ قىزى يىغلاپ ئولتۇرغان ئىكەن. مېنى كۆرۈپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، سالام بەردى. كىيىمىنى يەشىۋېتىپ، كېچىكىپ كېلىشىمنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. "ساراي كىشىلىرى، سودىگەرلەر ۋە باشقىلار يىغىلدى. قازى ۋە گۇۋاالار كەلدى، تاماق يېدى. ئۇزاق سۆزلىشىپ نىكاھ قىلىش ئۈچۈن سېنى كۈتۈپ ئولتۇردى. سېنىڭ كېلىشىڭدىن ئۈمىت ئۈزۈلگەندىن كېيىن تارقالدى. ئاتاڭ بۇ ئىشقا ناھايىتى ئوكۇندى. 'يەنە بىر يىل ئۆتمىگىچە نىكاھ قىلدۇرمايمەن' دەپ قەسەم ئىچتى. ئويلاپ كۆر! ئاتاڭ بۇ توينىڭ زىياپىتى ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ دۇنياسىنى چىقىم قىلغان ئەمەسمىدى؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭ؟ شۇ ۋاقىتقىچە نېمىشقا يېتىپ كەلمىدىڭ؟ نەلەردە يۈردۈڭ؟ نېمىشقا كېچىكتىڭ؟"— دېدى. "مەندىن ئۆتكەن ئىشنى سەن سورىما! ئەي تاغامنىڭ قىزى ئەزىزە!"— دېدىم. كېيىن ئۇنىڭغا قولياغلىق ۋەقەسىنى ئېيتىپ بەردىم. ئەزىزە قولياغلىق بىلەن خەتنى ئېلىپ، ئۇنىڭدا يېزىلغان شېئرى پارچىلارنى ئوقۇپ كۆردى. كۆزىدىن يېپى ئۈزۈلگەن مونچاقتەك توختىماي ياش ئاقتى. ئۆزىنى ئۇتۇپ، شۇ شېئرنى ئوقۇدى:

سەنەملەرگە سالساڭ مۇبادا نەزەر،
سېنى يىغلىتىپ ئۇ يۈرەر بىخەۋەر.
ئاۋال ناز بىلەن ئەسىر قىلدۇ،
كېيىن جاپا سېلىپ پېقىر قىلدۇ.

• • •

كم دىسە ئىشقى ئاۋالدا ئىختىيار ساڭا،
ئېيتقىن: "ئىختىيارلىق يوق ئىشقىدا" دەپ ئاڭا.
ھەممە زورلۇق ئىشقىدا، ئەمما يوق شەرمەندىلىك،
بۇ ھەقىقەتتۇر ئۇنى تەستىقلىغان ئالەم يانا.

ئىشقىدىن جاپا يەتسە تىنىڭغا سەنمۇ ئويلىغىن،
ئېيتسەڭ قىيناق ئەمەس بۇ زۇلۇم ئارام ماڭا.
بۇ يۈرەك دەردىمۇ ياكى يارىمنىڭ ئۇرغىنىمۇ؟
يا قىساسمۇ، ياكى بەختىم، نەپىسى قوزغالغانمۇ يا؟

نە بالادۇر بېشىمغا، نە داۋادۇر دىلىمغا؟
مەن بۇلارنى ئويلىيالماي بولدى ئەقلىممۇ غۇۋا.
بىل مۇھەببەت دەۋرى، بايرام بولۇر ھەر كىشىگە،
گۈزەل يۈزلەر ياشناپ كۈلۈپ دىيىشەر كورگىن مانا.
ھەممە پەسكەشلىك كىرىدىن ئىشقى بىزنى پاكلىدى،
بەس كىشىلەر قەلبىدىن سۆيگىنى قىلدى ئادا.

ئۇ شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ ماڭا: "ئۇ، ساڭا قانداق ئىشارىلارنى قىلدى؟" دەپ سورىدى تاغامنىڭ قىزى ئەزىزە. "ئۇ ماڭا سوز قىلمىدى. پەقەت بارماقلىرىنى لېۋىگە تەككۈزدى، كېيىن ئۇنتۇرا بارمىقىنى، كورسەتكۈچ بارمىقىغا جۈپلەشتۈردى، يەرگە ئىشارەت قىلىپ، بارماقلىرىنى كوكسىگە باستى. بېشىنى ئىچكىرى ئېلىپ دەرىزىنى ياپتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنى كورمىدۈم. لېكىن ئۇ، ئوزى بىلەن مېنىڭ يۈرۈگۈمنى بىللە ئېلىپ كەتتى. كۈن پاتقىچە مەن شۇ يەردىن قىمىرلىماي، ئۇنى يەنە بىر قېتىم دەرىزىدىن كورۇشنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم. كۈن پاتقاندا ئۇنىڭدىن

ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. مانا مېنىڭ كۆرگۈنۈم،
ۋاقتىدا كېلەلمەسلىگىمنىڭ سەۋەبى. مەن سەندىن بۇ ئىشىمغا
كومەك سورايمەن"—دېدىم. ئۇ، بېشىنى كوتىرىپ، ماڭا تەلمۈرۈپ
قارىدى. "ئەي تاغامنىڭ ئوغلى،—دېدى ئۇ،—ئەگەر سەن ماڭا
كوزۈڭنى ئويۇپ بەر دېسەڭمۇ، مەن سېنىڭ دېگىنىڭنى قىلىپ بېرە-
مەن. ھەرقانداق ئىشىڭغا كومەكلىشىمەن. ئۇنىڭمۇ مەقسىدىگە
يېتىشى ئۈچۈن تىرىشىپ كورىمەن. ئەمما شەرتىم شۇكى، سەن
مېنى تاشلىمايسەن"—دېدى. مەن رازى بولدۇم. ئۇ يەنە: "ئۇمۇ
ساڭا كويۈپ قاپتۇ. سەنمۇ ئوزەڭنى بېرىپ قويۇپسەن"—دېدى
ئەزىزە. "ئۇنىڭ ئىشارەتلىرىنى قانداق چۈشۈنۈش مۇمكىن؟"—
دېدىم مەن ئۇنىڭغا قاراپ. "بارماقلىرىنى لىۋىگە تەككۈزگىنى—
سېنى مەن سويدۇم ۋە ياخشى كورۈپ كويۈپ قالدىم دېگىنى،
ساڭا يېتىشىشنى ئىشارەت قىلغىنى. قولياغلىق ئاشىقلارنىڭ مەشۇق-
لارغا، شۇنداقلا، مەشۇقلارنىڭمۇ ئوز ئاشىقلىرىغا ئوزىنىڭ ياخشى
كورگەنلىگىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئەۋەتىدىغان تىل ئەلچىسى ۋە
يۈرەك سالىمىنىڭ بەلگۈسى. قەغەز ئۇنىڭ جېنى تەرىپىدىن ساڭا
بېغىشلانغان ئىشارەت. ئىككى بارمىغىنى كوكسىگە قويغىنى—
ئىككى كۈندىن كېيىن شۇ يەرگە كەل! سېنىڭ كېلىشىڭ بىلەن دىلىم-
دىن غەم كوتۈرۈلسۇن دېگىنى. ئەي تاغامنىڭ ئوغلى بىلىپ قوي!
ئۇ، ساڭا تامامەن كويۈپ قالغان. سېنىڭ ئىشقى-ئوتۇڭ ئۇنى كويدۈ-
دۈرگەن. ئۇنىڭ ئىشارەتلىرى توغرىسىدا مېنىڭ پىكرىم شۇ،
مېنىڭ ئويىدىن سىرتقا چىقىشىم مۇمكىن بولسىدى، سىزلەرنى
ناھايىتى تېزلا بىر-بىرىڭىزلارغا قوشۇپ قوياتتىم..."—دېدى
ئەزىزە. تاغامنىڭ قىزىنىڭ ئىشارەتلەرگە بەرگەن تەبىرىنى ئاڭلاپ،



سوزلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈردۈم. ئوزەمگە-
ئوزەم: "ئىككى كۈن كۈتىمەن" دېدىم. تاغامنىڭ قىزى ئەزىزەنىڭ
قېشىدا گايى ئۇنىڭ تىزىغا، گايى ياستۇققا بېشىمنى قويۇپ، ئىككى
كۈننى ئويغاق، تەسلىكتە ئوتكەزدىم. كوڭلۈم تاماقمۇ تارتمىدى.
شىرنىلىكلەردىن قىلىنغان ئىچىملىكلەرمۇ تىلىمغا تېتىمىدى. ئۇ،
مېنى روھلاندۇرۇپ: "ئوزەڭنى دادىل تۇت! غەيرەتلىك بول!
ئەقلىڭنى چاچما! ھوشىڭنى يىغ، بوشاشما!"—دەيتتى.
قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى
توختاتتى.


بىر يۈز ئون توتىنچى كېچە

—ئەي بەختلىك شاھ،—دەپ داۋام قىپتۇ
شەھرىزاد ھېكايىسىنى.
يىگىت ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىپ،
شاھزادە تاجىلمۇلۇككە شۇنداق دەپتۇ: ئارىدىن
ئىككى كۈن ئوتتى. تاغامنىڭ قىزى ئەزىزە
ماڭا: "ئوزەڭنى دادىل تۇت! كوڭلۈڭنى ئاچ،
بوشاشما!... ۋاقتىڭنى خوش ئوتكۈزۈشكە
تىرىش. كىيىمىڭنى ياخشىلاپ كەي، ۋەدىگە
مۇۋاپىق يولغا چۈش!"—دېدى. ئوزى ئورنىدىن تۇرۇپ
كىيىمىمنى كەيدۈردى، ئەتىرە سەپتى ۋە ماڭا مەدەت
بەردى. كوڭلۈمنى ئوستۇرۇپ، غەيرەتلەندۈردى. مەن يولغا
چۈشۈپ مولچەرلىگەن ۋاقىتتا مەنزىلگە يېتىپ باردىم. بىر
دۇكاننىڭ يېنىدا بىر ئاز ۋاقىتقىچە كۈتۈپ ئولتۇردۇم. بىردىن
دەرىزە ئېچىلدى. ئۇنى كورۈش بىلەن بىھوش بولۇپ يىقىلدىم.

هۇشمغا كېلىپ ئەقلىمنى يىغدىم. ئوزەمنى دادىل تۇتۇشقا تىرىشىپ باقتىم. ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭغا قارىدىم، يەنە هۇشۇم-دىن كەتتىم. كوزۇمنى ئېچىپ قارىسام، ئۇنىڭ قولىدا ئەينەك بىلەن قىزىل قولياغلىق تۇرۇپتۇ. مېنى كورۇپ ئۇ، يېڭىنى تۇردى. بەش بارمىغىنى يايدى. بەش بارمىغىنى كوكسىگە قويدى. قوللىرىنى ئاسمانغا كوتەردى. ئەينەكنى دەرىزىدىن تاشقىرىغا چىقاردى. قىزىل قولياغلىقنى قولىغا ئالدى. كېيىن ئىچكىرىگە كىردى. قايتىپ كېلىپ، ئەينەكنى كوچىغا ئۇچ قېتىم چىقاردى. كېيىن ئۇنىمۇ قايتۇرۇپ ئالدى. ياغلىقنى سىلكىپ قېقىپ، بېشىنى دېرىزىنىڭ ئىچىگە ئالدى. ماڭا هېچ نەرسە دېمەي، دەرىزىنى ياپتى. مېنى هەيرانلىقتا قالدۇرۇپ، كوزدىن غايىپ بولدى. ئۇنىڭ ئىشارەتلىرىنىڭ مەنىسىگە چۈشەنمەي، هەر خىل پىكىرلەرگە پېتىپ ئولتۇردۇم. شامغىچە ئۇنى كۈتتۇم. شۇ يەردە مىدىرلىماي ئولتۇردۇم. يېرىم كېچە بولاي دېگەندە ئويۈمگە قايتتىم. تاغامنىڭ قىزى ئەزىزە يۈزىنى بىلىگىگە قويۇپ، تامغا قاراپ يىغلاپ ئولتۇ-رۇپ، شۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

كوزۇمدىن ئاقىدۇ ياش ئورنىغا قان،
ماڭا زۇلۇم ئەيلەپ يىغلاتتى زامان.
كوزۇمدىن غايىپ بولدى نىگارىم،
پەلەكنى ئورتىدى بۇ ئوتلۇق پىغان.

* * *

تەنە ئىشتىسەمۇ سېنى دەپ تارتىمەن دەرتنى نىگار،
قامىتىڭ تۇپتۇز سېنىڭ دىلىڭ نىچۇك تاپماس قارار؟!
بىر قاراش بىرلە ئېلىپ قەلبىمنى كەتتىڭ ئوغرىلاپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قالدى مەندە ئىشقى دەردى يوق ئۆزەمدە ئىختىيار.

قاپقارا تۈرك كۆزىدەك، كۆزدە تىكىلەڭ جان ئېلىپ،
قان چىقارماي ئۆلتۈرۈرسەن ئۆتكۈر قىلىچ سەن زۇلپىقار.
بىرلا كۆڭلەكنى كۆتۈرۈشكە تەندە يوقتۇر كۈچ ـ قۇۋۋەت،
يۈكلىدىڭ ئىشقى يۈكىنى بۇ قۇرۇق جىسمىمغا يار.

سۈيگۈنۈمنىڭ بېقىشى جېنىمغا ئاپەت كەلتۈرۈر؟
باشقىلار دەر: "مەن ئۈچۈن يىغلىمايمۇ زار ـ زار.
قەلبىڭ مېنىڭ قەلبىمدەك بولسا دەيتتىڭ مېنىمۇ؛
قامىتىڭنى قامىتىمدەك نازۇك ياراتتى روزىگار..."

كۆپ غەزەپلىك يۈزلۈرۈڭنىڭ پاسبانى كۆزلۈرۈڭ،
ھەم قاراۋۇل قاشلىرىڭدا ھېچ ئادالەت يوق نىگار.
"يۇسۇپكىلا گۈزەللىك يار" دىگەن ئىكەن بۇرۇنقىلار،
سېنى بىر كۆرگەن دىگەي "يۈز يۇسۇپنىڭ ھۆسنى بار!..."
مەن رەقىپلەر ئالدىدا سەندىن يىراق قاچماقچىمەن،
چۈنكى كۆز تەككەي ساڭا جانىنى بەرسەم ئاشكار!...

ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئاڭلاپ، دەرت ئۈستىگە دەرت قوشۇلدى، قايغۇ ـ ئەلەملىرىم كۈچەيدى. دىلىم يېڭىۋاشتىن يارىلاندى. ھوشسىزلىنىپ، ئۇينىڭ بىر بۇرجىگىگە يىقىلدىم. تاغامنىڭ قىزى ئەزىزە ئورنىدىن تۇرۇپ، مېنىڭ يېنىمغا كەلدى. كىيىملىرىمنى سالدۇردى. يەڭلىرى بىلەن كۆزلىرىمنى سۈرتتى. مەندىن بولغان ۋەقەنى سورىدى. ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بەردىم. "ئەي تاغامنىڭ ئوغلى ئەزىز، ــ دىدى ئۇ، ــ

سەن بۇ ئىشارەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىڭمۇ؟!" "ياق! — دېدىم مەن، — ھېلىغىچە ئويلاپ بىلەلمىدىم". ئۇنداق بولسا، — دېدى تاغامنىڭ قىزى ئەزىزە، — ئۇنىڭ بەش بارمىغىنى كۆرسەتكىنى "يەنە بەش كۈندىن كېيىن شۇ يەرگە كەل!" دېگىنى. ئەينەكنى كۆرسىتىپ، بېشىنى دەرىزىدىن چىقارغىنى ۋە قىزىل ياغلىقنى كۆرسەتكىنى "سەن مېنى شۇ دۇكاندىكى بوياقچى يىگىتنىڭ يېنىدا كۈتۈپ تۇر! سېنىڭ قېشىڭغا مېنىڭ ئەلچىم بارىدۇ" دېگىنى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ يۈرۈگۈمگە بىر پارچە چوغ چۈشتى. "سەن ئۇنىڭ قىلغان ئىشارەتلىرىگە ناھايىتى توغرا تەبىر بەردىڭ، ئەي، تاغامنىڭ قىزى ئەزىزەم، چۈنكى، ئۇ يەردە ھەقىقەتەنمۇ بوياقچىلىق قىلىدىغان بىر يەھۇدى يىگىت بار" دېدىم مەن. كۆزلىرىم ياشقا لىق تولدى. "ئۆزەڭنى دادىل تۇت! روھسىزلانما! چۈنكى، كىشىلەر ئىشق يولىدا بىرقانچە يىللاپ ئازاپ تارتىدۇ. ئامراقلىقنىڭ ئوتىغا بەرداشلىق بېرىدۇ. سەن تېخى ئارىدىن بەش كۈن ئۆتمەستىن 'ئاھ..' 'ئۇھ' دەپ، ئۆزەڭنى يوقىتىپ يىغلايسەن" دېدى ۋە شېرىن سۆزلىرى بىلەن ماڭا تەسەللى بەردى. مېنى خاتىرجەم قىلىشقا كىرىشتى. تاماق ئېلىپ كەلدى. يېمەكچى بولۇپ بىر كاپام ئاغزىمغا سالدىم، لېكىن تامىقىمدىن ئۆتمىدى. يېيىشتىن، ئىچىشتىن، ھەممە ئىشتىن قالدىم. ئۇيقىدىن كەچتىم. رەڭگىم سارغىيىپ، چىرايىم ئۆزگەردى. چۈنكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىشق بالاسىغا گىرىپتار بولمىغان ئىدىم. قىسقىسى، تېخى مەن ھېچ نىمىنى كۆرمىگەن بوز يىگىت ئىدىم. سۆيگۈ ئوتىنىڭ ھارارىتىدە يۈرىكىمنى قىزىتمىغان، سۆيگۈ-ئامراقلىق ئۇچقۇنلىرىدا پۇچىلانمىغان ئىدىم. ئۇنى تېتىمىغان ئىدىم. بۇ

هادىسە مېنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى قېتىملىق ئىش ئىدى. قىينىلىپ ناھايىتى سىقىلدىم. تاغامنىڭ قىزىمۇ مېنىڭ قىينىلىۋاتقانلىقىمنى كورۇپ ئېزىلدى. ئۇ، ماڭا ئاشىق ـ مەشۇقلەر ئەھۋالىنى ھېكايە قىلىپ بېرىپ، ماڭا ئارام بەرگەندەك بولاتتى. تا ئۇخلىغىچە ئاڭلىغان ۋە ئوقۇغان تۈرلۈك ۋەقەلەرنى سوزلەپ بېرىپ، مېنى غەمدىن خالى قىلاتتى. مەندىن خاتىرجەم بولالماي، كىرپىك قاقمايتتى. مەن بەزىدە ئازراق ئۇخلاپ كوزۇمنى ئاچسام، ئۇنى بېشىمدا ئويغاق ھالدا كورەتتىم. كوزلىرىدىن تىنماي ياش ئاقاتتى. شۇ يوسۇندا بەش كۈننى ئاران ئوتكەزدىم. تاغامنىڭ قىزى ئەزىزە ئورنىدىن تۇردى. سۇ ئىسسىتىپ مېنى سوۋۇنلاپ يۇدى. كىيىملىرىمنى كەيگۈزدى. "ئەمدى ۋەدىلىك جايىڭغا ماڭ! خۇدا تىلىگىڭنى بەرسۇن، مەقسىدىڭگە يەتكۈزسۇن!"ــ دېدى. كوچىغا چىقتىم. كوچا بېشىغىمۇ يېتىپ كەلدىم. شۇ كۈنى شەنبە بولۇپ، يەھۇدى بوياقچى يىگىتنىڭ دۇكىنىغا قۇلۇپ سېلىنغان ئىكەن. مەن ئۇ يەردە كېلىدىغان ئەلچىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم. ناماز ئەسىر بولدى. كۈن پېتىپ قاراڭغۇ چۈشتى. شۇ چاغدىمۇ ياردىن ھېچ بىر دېرەك بولمىدى. ئوزەمدىن ئەنسىرەشكە باشلىدىم. "بۇ يەر تىنىمسىز يەر بولسا، بىر ئوزەم يالغۇز ئولتۇرسام قانداق بولىدۇ؟"ــ دېگەن ئويغا كەلدىم. ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئويگە قاراپ ماڭدىم. خۇددى مەس كىشىلەردەك سەنتىرەكلەپ ئويگە يەتتىم. ئىچكىرى كىرىپ قارىسام، تاغامنىڭ قىزى ئەزىزە بىر قولى بىلەن تامغا قېقىلغان قوزۇقنى تۇتۇپ، بىر قولىنى كوكسىگە قويۇپ، ئاستا نەپەس ئېلىپ تۇرۇپ، "ئاھ" ئۇرۇپ، يۇمشاق ئاۋاز بىلەن شۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

ئىككىمىزنىڭ بىرىشكەن ۋەدىمىز شۇنداقمىدى؟
مېنى تاشلاپ ئۆتقا سەن، باشقىنى قىلدىڭ نىگار.
كوزلىرىمدىن توختىماي توپان سۈيىدەك ياش ئاقار،
رەھمە قىلىپ ئوتتىن ئالغىن، كويمىسۇن جانىم بىكار.

• • •

قېرىنداشلار، يۈز ئورىگەن بەدنۇى قىز ئىشقى زورە
ئۇ سەھرادا سەرسان يۈرەر، دۇنيا ئۇنىڭغا قارادۇر.
كورۇپ قالسا كارۋانلار باغرىدىن گۇلخان بىرەر،
بەرگەن سۈيى كوز يېشىدۇر، ناھايىتى ئاچچىق، بەكمۇ شور.
ئەمما ئۇنىڭ شۇ سۈيگىسى مېنىڭ ئىشقىمدەك ئەمەس،
مېنىڭ سۈيگۈم ئالدىدا ئۇ تېخى خام غورىدۇر.

قىز شېرىنى تۇگىتىپ ماڭا قارىدى. كوز ياشلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتتى. ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. "ئەي تاغامنىڭ ئوغلى، خۇدا سېنى ئىشقىڭ چۇشكەن كىشىگە يەتكۈزسۇن، — دېدى ئۇ سوزىنى داۋام قىلىپ، — نىمىشقا سەن بۇ كېچە سۈيگىنىڭنىڭ يېنىدا قالمىدىڭ؟ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ ئارزۇيۇڭغا قانمىدىڭ؟..." ئەي شاھزادەم، مەن بۇ سوزنى ئاڭلاپ تۇرالمىدىم. غەزىۋىم كېلىپ، ئەزىزەنىڭ كوكسىگە كېلىشتۈرۈپ بىرنى تەپتىم. ئۇ، ئارقىسىغا ئاغدۇرۇلۇپ يەرگە يىقىلدى. بېشىنىڭ ئۇدۇلىدىكى مىق بېشىغا تېگىپ، پېشانىسىدىن قان ئاقتى...

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىر يۈز ئون بەشىنچى كېچە

—ئەي بەختلىك شاھ، —دەپ داۋام قىپتۇ شەھەرىزاد ھېكايىسىنى.

ئەزىز: ئەي شاھزادەم، —دەپ داۋام قىپتۇ ھېكايىسىنى، —قارىسام، پېشانىسىدىكى مىق تەككەن يەردىن قان ئاقماقتا. ھېچ نەرسە دىمەي، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، لاتا كويدۇرۇپ، كۆلىنى قان ئېقىۋاتقان يەرگە باستى. ئۇستىدىن روملى بىلەن باغلىدى. گىلەمگە ئاققان قاننى ھېچ نەرسە بولمىغاندەك قىلىپ تازىلاپ سۈرتتى. كېيىن يېنىمغا كېلىپ ماڭا قاراپ كۈلدى. مۇلايىملىق بىلەن: "ئەي تاغامنىڭ ئوغلى، —دېدى ئۇ، —ئەزىبرايى خۇدا، مەن بۇ سوزنى، سېنىڭ سۈيگىنىڭنى مەسخىرە قىلىپ دىگىنىم يوق. بېشىم ئاغرىپ، قان ئالدۇرماقچى بولۇپ يۈرگەن ئىدىم. بۇ بانا بىلەن مەن شۇ مەقسىدىمگە يەتتىم. ھازىر بېشىمنىڭ ئاغرىغىنىمۇ يوقالدى. پېشانەممۇ يېنىكلەپ قالدى. قېنى ئەمدى، بۈگۈن ئاراڭلاردا بولۇپ ئوتكەن ئىشلىرىڭدىن مېنى خەۋەردار قىل!" مەن ئۇنىڭغا بۈگۈن ئۇچرىغان ئوڭۇشسىزلىقلارنى سوزلەپ بەردىم. ئاخىردا يىغلىدىم. "ئەي تاغامنىڭ ئوغلى، —دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، —خوش بول! مەقسىدىڭگە يېتسەن. ئارزۇلىرىڭ ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى رازىلىقنىڭ ئالامىتى. بۈگۈن ساڭا كورۇنمىگىنىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ، سېنى سىناپ كورمەكچى بولغان. قانچىلىك چىدامىلىق ئىكەنلىكىڭنى، ئىشقىڭغا سادىق ئىكەنلىكىڭنى ئىمتىھان قىلماقچى بولغان. ئەتىلىككە

يەنە سەن شۇ يەرگە بار! ئۇنىڭ قىلغان شەرەتلىرىگە دىققەت قىل! شاتلىق كۈنلىرىڭ يېقىنلىشىپ، قايغۇلۇق تۈنلىرىڭنىڭ تۈگەيدىغان ۋاقتى يېقىن". ئۇ، ماڭا تەسەللى بېرىپ، ئۆزەمنى تۇتۇپ ئېلىشقا ئۈندىگەنىدى، قايغۇم ئېشىپ، ئەلەم بىلەن غەزىپىم تېشىپ، يىغلىنىم ئۇرلىدى. ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ، ماڭا تاماق ئېلىپ كەلدى. قاچىنى نىشانلاپ بىرنى تەپتىم. قاچا سۇنۇپ، تاماق يەرگە چېچىلدى. ئۇ، ماڭا قاراپ: "ئاشىقلار دىۋانە كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىمۇ تاماقنى خالىمايدۇ. ئۇلاردا ئۇيقىنىڭ ئەززىتىمۇ بولمايدۇ" — دېدى تاغامنىڭ قىزى ئەزىزە. كۆزلىرىدىن ئېقىپ تۇرغان ياش بىلەن يۇرۇپ، قاچىلارنىڭ پارچىلىرىنى تەردى. ئاش توكۇلگەن يەرنى تازىلىدى. كېيىن مېنى تۈرلۈك ھېكايىلار بىلەن روھلاندۇرۇشقا باشلىدى. خۇدادىن ئەتىگەنرەك تاڭ ئاتقۇزۇشنى تىلىدىم. تاڭ ئېتىپ، قۇياش نۇرىنى چاچقان ھامان يولغا چۈشتۈم. تەرلەپ-تەپچىرەپ، شۇ كوچىغا يېتىپ باردىم. دۇكاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. تۇيۇقسىز دەرىزە ئېچىلدى. قىز بېشىنى چىقاردى. ئۇ، كۈلۈپ قويۇپ، كۆزدىن غايىپ بولدى. بىر ئازدىن كېيىن، بىر قولىغا ئەينەك، غەلۋىر، ئۇنىڭ ئىچىدە سەۋزە، ئىككىنچى قولىغا شامدان ئېلىپ كەلدى. دەسلەپ ئەينەكنى قولىغا ئالدى. غەلۋىرگە سېلىپ باغلاپ، ئۇيگە تاشلىدى. كېيىن چاچلىرىنى يايدى. بىردەم شامداننى غەلۋىرنىڭ ئۈستىگە قويدى. كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ دەرىزىنى ياپتى. كۆزۈمدىن غايىپ بولدى. بىرەر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىدى. ئۇنىڭ بۇ سىرلىق شەرەتلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئالامەتلىرىدىن كۆڭلۈم ياندى، دىلىم ئۆرتەندى، ئامراقلىقىم كۆچەيدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كوزۇم نەملىك، دىلىم غەملىك ئويگە قايتتىم. تاغامنىڭ قىزى يۈرىكىمنى يەرگە يېقىپ، كويۇپ-پىشىپ، يىغلاپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ، كۆڭدەشلىك ئوتىدا كۆيەتتى. لېكىن، ئۇزىنىڭ دىلىدىكى سىرلىرىنى، ماڭا بولغان مۇھەببىتىنى ماڭا سەزدۈرمەسلىككە ئۇرۇناتتى. چۈنكى ئۇ، مېنىڭ ئىشقىمنى ۋە بۇ ئىشقى يولىدىكى دىۋانىلىغىمنى مەندىن ياخشى چۈشۈنەتتى. مەن كىرگەندە، ئۇ، ناھايىتى ئېچىنارلىق بىر ئەھۋالدا تۇرۇپ، شۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

زۇلۇم بىلەن ماڭا سەن جاپانى راۋا كوردۈڭ،
ئىشقىڭدا ئازاپلاشنى دەردىمگە داۋا كوردۈڭ.
سەۋرى قاچىسى تولدى، ئومرۇممۇ تامام بولدى،
جاپاسى بار، ۋاپاسى يوق، سۈيگۈممۇ هارام بولدى.

* * *

ئوغۇرلاپ كوڭلۇمنى سەن مەندىن يوشۇردۇڭ باغرى تاش،
ئەشۇ سائەتتىن بېرى يوقالدى ئارام، قاتتى باش.
سەن بىلەن مەن بىر بولۇپ بىردەممۇ خوۋلۇق كورمۇدۇم،
سەندىن ئايرىلدىم ئاخىر مەن، كوزلىرىمدىن ئاقتى ياش.

ئۇ، شېئىرنى تۇگۇتۇپ، ماڭا قارىدى. كوز ياشلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتتى، يېنىمغا كەلدى. لېكىن، ئۇزىنىڭ مۇھەببىتى توغرىسىدا سوزلەشكە جۇرئەت قىلالمىدى. بىرقانچە ۋاقىت جىم تۇردى. كېيىن: "ئەي تاغامنىڭ ئوغلى، قېنى ئېيتقىنا، بۇگۈن نىمە ئىشلار بولدى؟"— دەپ سورىدى. پۈتۈن ئەھۋالنى سوزلەپ بەردىم. "سەۋرى قىل! يارغا يېتىشىسەن. مەقسىدىڭگە يېتىدىغان ياخشى سائەت-ۋاقىتنىڭ ئاز قاپتۇ،— دىدى ئۇ،— ئەينەكنى

غەلۋىرغا سالغىنى ’كۆن ئۆلتۈرغىچە سەۋرى قىل!‘ دىگىنى. چاچلە-رىنى يايغىنى ’تۈن قارا پەردىسىنى يايغاندا‘ دىگىنى، غەلۋىر-دىكى سەۋزە ۋە گۈللەر ’ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى باغچىغا كەل!‘ دىگىنى. شام ۋە شامدان ’باغچىغا كىرگەندە، قەيەرگە شام يېقىل-غان بولسا، شۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇر، مېنى كۈت، سېنىڭ ئىشقىڭ مېنىڭ جېنىمنى ئالدۇ!‘ — دىگىنى". تاغامنىڭ قىزىنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى شاتلانغانلىغىمدىن، ئۆزەمنى تۇتالماي، ۋاقىراپ كەتتىم. "قاچانغىچە قۇرۇق ۋەدە قىلىسەن؟ مەن مەقسىدىمگە يېتىشەلمەيۋاتىمەن. سېنىڭ بۇ ئىشارەتلەرنى چۈشەندۈرۈشلىرىڭ-دىن مەن توغرا بىر پىكىر كورمەيۋاتىمەن" — دەپ غەزەپلەندىم. تاغامنىڭ قىزى ئەزىزە كۈلدى. "پەقەت شۇ بۈگۈنكى كۈن ئاخىر-لاشقىچە — كۈن ئولتۇرۇپ كەچ بولغىچە — سەۋرى قىل! خالاس. كۈن پېتىپ، تۈن قارا پەردىسىنى يېيىش بىلەنلا مەقسىدىڭگە يېتىشىسەن. بۇ سوز يالغان ئەمەس" — دەپ، تۆۋەندىكى ئىككى پارچە شېئىرنى ئوقۇدى:

سەۋرى قىلغىن ئازغىنا، ھىجرىڭ بولۇر ئەمدى تامام،
سەن يېتەرسەن مەقسىدىڭگە، شۇ كېچە ھاسىل كالام.
دىلبىرىڭنىڭ ۋەسلىگە يەتكەندە سەن ئاشىق يىگىت،
يەتكۈزگىن ئۇنىڭغا سەنمۇ بۇ غېرىبىڭدىن سالام.

* * *

مەرتىۋەڭ ئاشماقتا كۈندىن ـ كۈن سېنىڭ،
غەم ئۆيىدىن سەن يىراق بولدۇڭ ئامان.
بەختلىكلەرگە ئاسان، يەڭگىل بولۇر،
بەختسىزگە مۈشكۈل بۇ ئىش ھەرقاچان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كېيىن يېنىمغا كېلىپ، شېرىن-تاتلىق سۆزلەر بىلەن مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئېچىشقا ئۇرۇندى. لېكىن، ماڭا تاماق يېيىشنى تەكلىپ قىلىشقا پېتىنالمىدى، ئاچچىقلىنىشىمدىن ئەندىشە قىلدى. كېيىمىنى يېشىپ تۇرۇپ: "ئەي تاغامنىڭ ئوغلى، — دېدى ئۇ، — يېنىمغا ئولتۇرغىن. زېرىكىپ قالماسلىقىڭ ئۈچۈن بەزىبىر نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرەي. خۇدا خالىسا، كەچ بولغاندا، ئەلۋەتتە، سۆيگىنىڭنىڭ يېنىدا بولىسەن!" مەن ئۇنىڭغا قارىدىم. كەچ بولۇشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتتۈم. "ئەي خۇدا، تېزراق كۈننى قايتۇرۇپ، قاراڭغۇنى بالدۇرراق يەتكۈز" دەپ، توختىماي ئىلتىجا قىلاتتىم. قاراڭغۇ چۈشكەن ھامان، تاغامنىڭ قىزى ئەزىزە قاتتىق يىغلىدى. نۇقۇت دانىسىدەك تازا خوتەن كىيگىنىڭ ئىپپارىنى بېرىپ تۇرۇپ، شۇنداق دېدى: "ئەي تاغامنىڭ ئوغلى، بۇ داننى ئاغزىڭغا سال! ئۇز سۆيگىنىڭ بىلەن كورۇشۇپ، مەقسىدىڭگە يەتكەندە، ئۇ، ئەلۋەتتە سېنىڭ خاھىشىڭغا رازى بولىدۇ. شۇ چاغدا بۇ شېئىرنى ئۇنىڭغا ئوقۇپ بەرگىن" — دەپ بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

خۇدا نامى بىلەن سىزگە سوئالىم بار ئەي ئاشىقلار،
مۇھەببەت راۋا كورسە، ياش مەشۇققە كوپ جەۋرى،
ئىگىپ قويسا كەمەلەكتەك ئۇنىڭ قەددىنى ھەم ئەگرى،
مەرھەمەت قىلىپ ئېيتىڭ، ئۇ ئەمدى نىمە قىلسۇن؟!...

ئۇ، مېنى سۆيۈپ تۇرۇپ، بۇ شېئىرنى شۇ قىزنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ كوڭلى خوش ۋاقتىدا ئۇنۇتماي ئوقۇشۇمنى ئىلتىماس قىلدى. "خوپ!" — دېدىم. كەچقۇرۇن كوچىغا چىقىپ، باغچىغا

يېتىپ باردىم. باغچىنىڭ ئىشىگى ئوچۇق ئىكەن. ئىچكىرى كىر-
دىم. يىراقتىن يېنىپ تۇرغان شام كورۇندى، ئۇنىڭغا قاراپ
ماڭدىم. يېقىن بېرىپ قارىسام، ناھايىتى زىننەتلىنىپ، نەقىشلەر
بىلەن گۈمبەز چىقىرىپ چىرايلىق ئىشلەنگەن بىنا ئىكەن. ئۇنىڭدا
پىل سۆڭەكلىرى ۋە ئەبنۇس (ئاج) ياغاچلىرىدىن ئىشلەنگەن
ئەگمىلىك بىر ئورۇندۇق بار ئىكەن. ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە
ئالتۇن - كۈمۈشتىن گۈل چېكىلگەن، ھەر تۈرلۈك نەپىس رەختلەر
سېلىنغان، ئەگمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈمۈشتىن ياسالغان چوڭ
شامداندا شام يېنىپ تۇرۇپتۇ. بىنانىڭ ئوتتۇرىسىغا، ئەتراپلىرىغا
تۈرلۈك - تۈمەن نەقىشلەر ئويۇلغان. ئالدىدا بىر كول بار ئىكەن.
كولنىڭ لېۋىدە ناھايىتى كېلىشكەن سۇپا بولۇپ، ئۇنىڭغا دەستىخان
سېلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ يىپەك پەردە يېپىلغان. بىر چەتتە
بىلۇردىن ياسالغان مەي ئايىغىدا تولغان شاراپ بار ئىكەن. ئۇنىڭ
ئەتراپىدا تېخىمۇ نازۇك ئىشلەنگەن، ئۈستى يېپىغلىق پەتنۇسمۇ
بار ئىكەن. دەستىخاننى ئاچتىم. ئۇنىڭدا ھەر تۈرلۈك مېۋىلەر،
ئالما، ئۈزۈم، ئانار، قاق ۋە باشقا قۇرۇق يەل - يېمىشلەرنىڭ
ھەممە خىلىدىن بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدا ھەر تۈرلۈك
خۇشپۇراقلىق گۈللەر، قىزىلگۈل، ئەتىرگۈل، يېسمۇق گۈلى،
سىرىن، نەرگەس، ئالتۇن، رەنا، سەبدەل گۈللىرىمۇ بار ئىدى.
بۇلارنى كورۇپ، ھەيران قالدىم ۋە بەكمۇ شاتلاندىم. غەم-
غۇسسىلىرىم تارقالدى. لېكىن ئۇ يەردە ھېچكىم يوق ئىدى.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى
توختاتتى.

www.uyghurkitap.com

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.



بىر يۈز ئون ئالتىنچى كېچە

يىگىت ھېكايىسىنى داۋام قىلدۇرۇپ كېلىپ شۇنداق دەپتۇ: بۇ جايىنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم. غەم-ئەلەملىرىم تارقىدى. بىراق بۇ يەردە يا ئادەم، يا باشقا بىرەر جانلىق نەرسە يوق ئىدى. ئۇ يەردە بولارنى ئىدارە قىلغۇچى بىرەر قۇلمۇ كۆرۈنمەيتتى. كېنىزەكمۇ يوق ئىدى. شۇ يەردە سۆيگىنىمنى كۈتۈپ تۇردۇم. تۈنىنىڭ خېلى قىسمى ئۆتتى، ئۇ كەلمىدى. ھەتتا تۈنىنىڭ ئىككىنچى قىسمى، ئۈچىنچى قىسمىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ، كۆرۈن-مىدى. غەم-غۇسسىلەر بىر تەرەپ بولغاندىن كېيىن، ئاچلىق مېنى ئازاپلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۆتى پىراقىدا خېلىدىن بېرى تۈزۈكرەكمۇ تاماق يېمىگەن ئىدىم. بۇ جايىنى كۆرۈپ، سۆيگە-نىمنىڭ ئىشارەتلىرى توغرىسىدا تاغامنىڭ قىزى ئەزىزەنىڭ بەرگەن تەبىرى ۋە چۈشەندۈرۈشلىرىگە ئىشىنىپ كۆڭلۈم تىنىغان ئىدى. ئاچلىق مېنى تېخىمۇ ئالدىراتتى. دەستىخاندىكى تاماقنىڭ مېزىلىك پۇراقلىرى ئىشتىيىمنى قوزغىدى. سۆيگىنىمگە يېتىشكە ئۈمىدىم ئېشىپ، بىرەر نەرسە يېيىشكە ئىنتىلدىم. دەستىخانغا يېقىن كېلىپ ئۇنى ئاچتىم. دەستىخاننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چىنە لىگەندە تۇرغان چۈجە كاۋىپىنى ئالدىم. ئۇنىڭ چۆرىسىدىكى تۈرلۈك-تۈمەن دارى، يېقىملىق كوكتات، ئىشتىھانى ئاچىدىغان ئاچچىق-چۈچۈك نەرسىلەر تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى توت لىگەننىڭ بىرسىدە

ھالۋا بار ئىدى. ئىككىنچىسىدە ئانار، ئۈچىنچىسىدە باقلاۋا①، تۆتىنچىسىدە قەتىبە② بار ئىدى. قەتىبە ئوتتەك ئىكەن. ئۇنىڭدىنمۇ ئازىراق يېدىم. بىر پارچە گۆش ۋە ئازىراق باقلاۋىنىمۇ يېدىم. كېيىن ھالۋىغا قول ئۇزاتتىم. ئۇنىڭدىنمۇ ئۈچ ـ تۆت قوشۇق يېدىم. چۆجە كاۋىپى بىلەن ئانىدىنمۇ يېدىم. قوسۇغۇم تويۇپ بېغىشلىرىم بوشىدى. قولۇمنى يۇيۇپ كېلىپ، ياستۇققا بېشىمنى قويغان ئىدىم، ئۇيقۇم كەلدى. بىرنەچچە كۈنلەردىن بېرى ئۇخلىيالماي يۈرگەنلىكىم ئۈچۈن، قاتتىق ئۇيقىغا كېتىپتىمەن. كۈن نۇرى يۈزۈمگە چۈشۈپ قىزىتقاندىلا ئاندىن ئويغاندىم. قارىسام قۇرسىقىمغا كومۇرنىڭ پارچىسى بىلەن تۇز قويۇپ قويغان ئىكەن. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، كىيىمىمنى قاقتىم. ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قاراپ، ھېچكىمنىمۇ كورمىدۇم. نەزەر سالسام، تېگىمدىكى پالازمۇ، بېشىمدىكى ياستۇقمۇ يوق. داق يەردە ئۇخلاپتىمەن. ئاۋال ھەيران بولدۇم، كېيىن ئاچچىقىم كەلدى. كوز ياشلىرىم تاراملاپ قۇيۇلدى. ئوز ئەھۋالىمغا ئېچىندىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئويۇمگە قايتىپ كەلدىم. كىرسەم تاغامنىڭ قىزى ئەزىزە قولىنى كوكسىگە قويۇپ، بۇ شېئىرنى ئوقۇپ تۇرۇپتۇ:

بى ۋاپا يار كەچتى مەندىن، بۇ كېچە بولدى يىراق،
بولدى غازاڭ بۇ بېغىم، بەخت قۇشى ئۇچتى بىراق.
بىگۇنا تاشلاپ مېنى كەتتى كۈندەش ئالدىغا.
رەشك ئوتىدا كويگىچە، دوزاقتا كويگەن ياخشىراق.

* * *

①② باقلاۋا، قەتىبە ــ شەرق ئەللىرىدە شىرنىلىكتىن قىلىنىدىغان تاماق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەلدى شۇ دەم دىمىغىمغا بىر ھاۋا،
دىلدا ئىشقى قۇشلىرى قىلدى ناۋا.
تاڭ شامىلى بىز تەرەپ تىزراق كىلىڭ،
ئىشقى بىلەن بىللە سائادەت ۋە جاپا.

گەر قۇچاغلاشسام سۆيەتتىم جان بىلەن،
ئىزلىرىڭنى كوزگە قىلاتتىم تۇتىيا.
كورمىسەم جاندىن ئەزىز دوستۇم سىنى،
ئالسا جاننى مەيلىدى تەندىن خۇدا.
ماگا ئوخشاش قەلبىدە ئىشقى ئوتى —
يانسا لاۋىلداپ بولار ماگا داۋا.

ئۇ مىنى كورۇپ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى. كوز ياشلىرىنى سۈرتتى. يىقىملىق سوزلەرنى قىلىپ ماگا يىقىنلاشتى: "ئەي تاغامنىڭ ئوغلى، خۇدا سىنى سۆيگىنىڭگە يەتكۇزۇپ، ساگا رەھمى قىلدى. مەن بولسام، سەندىن ئايرىلىپ قىلىپ ئازاپلاندىم. خۇدا سەندىن مىنىڭ قىساسىمنى ئالمىسۇن!" — دىدى ماگا قاراپ. زەھەر-خەندىلىك بىلەن كۇلدى. كىيىن ئەركىلەپ كىلىپ، كىيىمىمنى يەشتى. قىقىپ تازىلاپ، ئوز جايىغا قويدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇ، قانداقتۇ پۇراق سەزدى. "ئەزىبىرايى خۇدا، بۇ پۇراق سۆيگىنىسگە قوشۇلمىغان كىشىنىڭ ھىدى. ماگا سەن بولغان ۋەقەنى سوزلەپ بەر؟" دىدى ئۇ ماگا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ. مەن ئۇنىڭغا ئۇخلىغاندىن بۇرۇن ۋە كىيىن بولغان ھەممە ئىشنى ئىيتىپ بەردىم. ئۇ يەنە زەھەرخەندىلىك بىلەن كۇلۇپ تۇرۇپ، ماگا دىدى: "دىلىم غەزەپكە تولدى. ئىلاھىم سىنىڭ دىلىڭنى رەنجىتكۇچىلەرگىمۇ

ئۆلۈم بەرسۇن. بۇ خوتۇن ساڭا ھىلە قىلىپ ئارتۇقچە قىيىنچىلىق تۇغدۇردى. مەن ئۇنىڭ ساڭا يامانلىق قىلىپ قويۇشىدىن قورقىمەن. سەن ئۇنىڭ قويۇپ كەتكەن نەرسىلىرىنىڭ مەنىسىنى بىلدىڭمۇ؟"— دەپ سورىدى ئۇ. مەن: "ياق!"— دېدىم. ئەمدى تۈزغا كەلسەك، ئۇنىڭ مەنىسى شۇكى، سەن ئۇ يەردە ئۇخلىغان ئوخشايسەن. شۇڭا، سېنى تۈزسىز يەنى تەمسىز، تېتىقسىز كىشى، ئىشقى يوق ئادەم— دەپ ھېساپلىغان. سەن ئۆزەڭنى مەن ھەقىقى ئاشىق دەپ دەۋا قىلىسەن. لېكىن، ئۆيقىنىڭ ھەقىقى ئاشىقلار ئۈچۈن ھاراملىغىنى بىلمەيسەن. بۇنداقتا سېنىڭ ئاشىقلىق دەۋايىڭ يالغان بولۇپ يوققا چىقىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭمۇ سېنى سۆيىشى يالغان بولىدۇ. چۈنكى ئۇ، سېنى ئويغاتمىغان. ئۇنىڭ مۇھەببىتى راس بولسا، ئەلۋەتتە سېنى ئويغۇتاتتى. ئەمدى كومۇرگە كەلسەك، يالغاندىن ئاشىقلىقنى دەۋا قىلىپ، مۇھەببەت مەستانىسى بولغانلىغىڭ ئۈچۈن، خۇدا سېنىڭ يۈزۈڭنى، دىلىڭنى قارا قىلسۇن، دېگەن مەنانى بېرىدۇ. سەن ياشسەن، سەندىكى ھىممەت پەقەت يېيىش، ئىچىش، ئۇخلاشتىن ئىبارەت، دېگىنىدۇر. ئىشارەتلەرنىڭ مەنىسى مانا شۇ. خۇدانىڭ ئۆزى سېنى ئۇنىڭدىن قۇتقازسۇن. ئەزىزەدىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ئوزەمنى ئوزەم ئۇرۇشقا باشلىدىم. چۈنكى، بۇ سوزلەر ھەقىقەت ئىدى. قېنى ئۇتكەن ئاشىقلارنىڭ قايسى بىرى ئۇخلىغان؟... نوزەمگە ئوزەم ئازاپ سالدىم. تاماق يېدىم، ئۇخلۇدۇم. ئەمدى ئىش نېمە بىلەن توگىدى؟ دەيتتىم. كوز ياشلىرىم تىنىمسىز ئاقاتتى. "ماڭا سەن رەھىمە قىل، ئەي ئەزىزە، يول كورسەت! خۇدا ساڭىمۇ رەھىمە قىلسۇن، بولمىسا، مەن ئۆلۈپ كېتىمەن"— دېدىم تاغامنىڭ قىزىغا

يېلىنىپ تۇرۇپ. تاغامنىڭ قىزى مېنى ھەددىدىن ئارتۇق ياخشى كورەتتى.
قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



## بىريۈز ئون يەتتىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

يىگىت ھېكايىسىنى داۋام قىپتۇ. "ماڭا رەھمە قىلغىن. خۇدا ساڭمۇ رەھمە قىلسۇن. بولمىسا مەن ئولۇپ كېتىمەن." — دىدىم تاغامنىڭ قىزى ئەزىزەگە. ئۇ مېنى ھەددىدىن ئارتۇق ياخشى كورەتتى. "خوپ، — دىدى ئۇ، — ئەي، تاغامنىڭ ئوغلى. مەن ساڭا بىرنەچچە قېتىم ئېيتتىم. ئەگەر ماڭا ئۇيەدىن چىقىش ئىمكانىيىتى بولسا ئىدى، ئاللاقاچانلا سىزلەرنى بىر-بىرىڭىزلارغا قوشۇپ قويغان بولاتتىم. چۈنكى، بۇنداق قىلىش ساڭا خوشاللىق كەلتۇرەتتى. خۇدا خالىسا، سىلەرنىڭ قوشۇلۇشىڭلار ئۈچۈن كۈچۈمنى بىر سەرپ قىلاي! لېكىن، سەن مېنىڭ سوزۇمگە قۇلاق سېلىشىڭ، مېنىڭ دىگەنلىرىمنى قىلىشىڭ لازىم. بۈگۈن يەنە شۇ جايغا بارغىن. قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن باغچىغا كىرىپ، جايىڭنى تېپىپ ئولتۇر. لېكىن، ھېچ نەرسە يېمە. چۈنكى تاماقنى كوپ يېسەڭ ئۇيقۇ باسىدۇ. ئۇخلىماي، ئۇنى كۇت! ئۇ، كېچىنىڭ توتتىن بىر قىسمى ئوتكەندە، سېنىڭ قېشىڭغا كېلىدۇ. خۇدا سېنى ئۇنىڭ يامان نىيىتىدىن ساقلىسۇن!" — دىدى. ئۇنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ

سۇيۇندۇم. تېزراق قاراڭغۇ بولۇشنى خۇدادىن تىلەيتتىم. تاغام-نىڭ قىزى ئەزىزە مېنى يولغا سالىدىغان ۋاقىتتا: "ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرۇشۇپ بولغاندىن كېيىن، قايتارغا يېقىن مەن ئېيتقان شېرنى ئوقۇغىن"—دېدى. "خوپ!"—دېدىم. تاشقىرىغا چىقىپ، باغچا تەرەپكە قاراپ ماڭدىم، باغچىغا كىردىم. خۇددى بۇرۇنقىدەك ئورۇن راسلانغان ئىكەن. تاماق بىلەن ئىچىملىكلەر، گۈللەر ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى نازۇ-نېمەتلەرمۇ ئاۋالقىدەك، شامداندا شام يېنىپ تۇرۇپتۇ. ئۆيگە كىردىم، تاماقنىڭ مېزىلىك پۇراقلىرى گۇپپىدە دىمىغىمغا يېتىپ كەلدى. تاماققا بولغان ئارزۇ كۆچەيدى، يەنە يىگىم كەلدى. ھەرقانچە قىلىپ باقساممۇ، ئۆزەمنى تۇتالمى-دىم. دەستىخاننىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ، تاماقنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان لاتىنى ئالدىم. قورۇلغان چۆجىلەر، ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان توت لىگەندىكى تۇرلۇك ئوزۇقلار كوزۇمنى چاقناتتى. ھەممىسىدىن ئاز-ئازدىن يېدىم. بىر ئاز شىرىن-شەرۋەت ئىچتىم. بىر پارچە گوشمۇ يېدىم. شەرۋەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن قوسىغىمغا پاتقىچە ئىچتىم. ئۇيقۇ تۇتۇپ، كوزلىرىم يۇمۇلۇشقا باشلىدى. يەنە ياس-تۇقنى ئېلىپ بېشىمغا قويدۇم. "بۇ قېتىم ئۇخلىمايمەن، پەقەت ئارام ئېلىپ ئولتۇرىمەن"—دېدىم ئۆزەمگە. كوزلۇرۇم يۇمۇلۇپ-ئېچىلىپ تۇرۇپ، ئۇيقىغا كېتىپتىمەن. كۈن ئۇستۇمگە كېلىپ، ئۇنىڭ نۇرى مېنىڭ يۈزۈمنى قىزىتقاندىلا بىراق ئويغاندىم. قارى-سام، ئۇستۇمدە توپ ئويۇنى ئوينايدىغان ياغاچ، توپۇق سۆڭەك، خورما ئۇرۇغى، پىستە شاكىلى بار ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەردە ھېچ قانداق نەرسە يوق. بېشىمدىكى ياستۇقمۇ ئېلىپ كېتىلگەن. گويا بۇ يەردە ئادەم ياشىمىغاندەك ۋە ھېچ نەرسە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولمىغانىدەك تۇرۇپتۇ. مەن ئۇزەممۇ داق يەردە يېتىپتىمەن، ئاستىمدىكى كورپە - پالاسمۇ يوق. ئورنۇمدىن تۇرۇپ كىيىملىرىمنى قاقتىم. تاشقىرى چىقىپ، غەزەپلەنگىنىمچە ئويۇمگە كەتتىم. كىرسەم، تاغامنىڭ قىزى ئاھ ئۇرۇپ، يىغانى ئورلەپ، شۇ شېئىرنى ئوقۇۋاتقان ئىكەن:

بۇ پەلەكتىن كىمگە يەتتى مېھرىۋانلىق بىلمىدىم،
نەگە كەتتى مېھرى - شەپقەت شادىمانلىق بىلمىدىم.
بۇ جاھان كورسەتتى ھەر دەم، ھەر كىمگە مىڭ ئويۇن،
ماڭىمۇ ئوز سۆيگۈنۇم قىلدى نادانلىق بىلمىدىم.

* * *

مۇھەببەت يولىغا كىردىم، تېنىم زەرداپ، دىلىم قاندۇر،
كوز يېشىم يۇيدى يۇزۇمنى، تىنىمسىز بەلكى توپاندۇر.
سۆيگىنىمنىڭ باغرى تاش ۋە لېكىن ئوزى بەك شىرىن،
ئۇنىڭ ھەر بىر ئىشى ياخشى، ئۇنىڭ ھەر بىر سوزى جاندۇر.
تاغام ئوغلى ئىككى كوزۇم تېشىلدى، كوپ يىغلىغانلىقتىن،
دىلىمدا مۇڭلۇرۇم نۇرغۇن، تىلىم يولۇڭدا نالاندۇر.

مەن تاغامنىڭ قىزىنى ھاقارەتلەپ سوكۇشكە باشلىدىم. ئۇ، يىغلىدى. كېيىن كوز ياشلىرىنى سۇرتتى. يېنىمغا كەلدى. مېنى سۆيۇپ، باغرىغا تارتتى. مەن ئۇنىڭدىن قاچاتتىم. ئىش قىلىپ، ئۇزەمنى ئوزەم كايىتتىم. ”ئەي تاغامنىڭ ئوغلى، بۇ كېچىمۇ ئۇخلىغانلىغا ئوخشايسەن؟“ — دېدى ئۇ. ”ھە ... ئە ... — دېدىم مەن، — ئويغۇنۇپ قارىسام، ئۇستۇمگە توپىنى ئۇرۇپ ئويناېدىغان ياغاچ، توپۇق سۆڭەك، خورما ئۇرۇغى، پىستە شاكىلى قويۇپتۇ. كورگۇنۇم شۇ. بۇنىڭ نىمە ئۇچۇن شۇنداق قىلىپ قويۇلغىنىنى چۈشۈنەلمەي قايىتتىم. بۇلارنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىشىڭنى سورايمەن

ۋە بۇنىڭدىن كېيىن نىمە قىلىشىمنىڭ لازىملىقىنى، بۇ ئىشتا ماڭا يەنە ياردەم بېرىشىڭنى كۈتىمەن“ ــ دىدىم مەن يىغلىنىپ تۇرۇپ. ”خوپ!“ ــ دىدى ئۇ، ــ قوسىقىڭنىڭ ئۈستىگە توپ ئوينايدىغان ياغاچنى قويغىنى ”سەن ئىشقى ـ مۇھەببەت ئەھلى ئەمەس، توپ ئوينايدىغان كىچىك بالا ئىكەنسەن“ ــ دىگىنى. توپۇق سۆڭەك قويغىنى ”ئاشىقلارنىڭ ئىرادىسى سۆڭەكتەك قاتتىق، ئايۇپ پەيغەمبەردەك چىدامىلىق بولۇشى كېرەك. لېكىن سەن توپۇقتەك سىلىق، ئىش كورمىگەن ئوسمۇر بالىكەنسەن“ ــ دىگىنى. خورمىنىڭ ئۇرۇغى بولسا ”ئەگەر سەندە ئىشقىدىن بىرەر ئۇرۇقتەك نەرسە بولىدىغان بولسا، كوڭلۈڭ ئىشقى ئوتى بىلەن ياناتتى. چۈنكى، سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ ئوزى خۇددى خورمىغا ئوخشاش شىرىن، ئۇ كوڭۈلنى ئوزىنىڭ ئىسسىقى بىلەن قىزىتىدۇ. دىلىڭغا ئوت قويۇپ كويدۇرىدۇ ۋە ئۇيقىغا يول قويمايدۇ“ ــ دىگىنى. پىستە شاكىلىنى قويغىنى ”سېنىڭ تېنىڭ ـ پوستۇڭ ــ بۇ يەردە، جېنىڭ باشقا جايدا، سەن خۇددى مىغىزىدىن ئايرىلغان مۇشۇ پىستە شاكىلىدەك قۇرۇق گەۋدىسەن، مېغىزىڭ ـ جېنىڭ باشقا يەردە، ئوزەڭ ھازىر. دىلىڭ غايىپ. يىغىپ ئېيتسام بۇندىن كېيىن ئاشىقلىق دەۋاسىنى قىلما!“ ــ دىگىنى. بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ باغرىمدا ئوت ياندى. يۈرۈگۈم ئەلەم بىلەن ئېچىشتى. دات ـ پەريات قىلدىم. ”بىپەرۋالىق بىلەن ئۇخلاپ، بەختسىزلىككە يولۇقتۇم“ ــ دىدىم ئوز ـ ئوزەمگە. كېيىن ”ئەي تاغامنىڭ قىزى، ھاياتىمنىڭ ھىمايىچىسى، مېنىڭ مرادىمغا يېتىشىم ئۈچۈن بىرەر چارە تېپىشىڭنى سورايمەن“ ــ دىدىم مەن ئەزىنزەگە. ”ئەي ھورمەتلىك تاغامنىڭ ئوغلى، پىكىرلەر دىلىمدا چەكسىز. ئەمما ئۇنى سوزلەشكە قادىر ئەمەسمەن. بۇ كېچىمۇ يەنە شۇ يەرگە بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇخلىماسلىقتا، تاماق يىمەسلىككە ھەركەت قىلىپ كۆرگىن! ئۇخلىمىساڭلا، مەقسىدىڭگە يىتىشىسەن. مىنىڭ مەسلىھىتىم شۇ. باشقىچە ئىش قىلىش مۇمكىن ئەمەس"—دىدى. "خۇدا خالىسا، بۈگۈن ئۇخلىمايمەن. ئېيتقىنىڭ بويىچە ئىش قىلىمەن"—دىدىم. تاغامنىڭ قىزى ئورنىدىن تۇرۇپ، تاماق ئېلىپ كەلدى. "ئۇ يەردە يەنە تاماق يەپ قويماسلىق ئۈچۈن، بۇ يەردە قارنىڭنى تويغاز! يە، ئال! ئىچ!"—دىدى ئۇ، تويغىچە تاماق يىدىم. كەچ بولدى. ئۇ، ماڭا چىرايلىق كىيىملەرنى كەيگۈزدى ۋە ئۇچراشقى- ١
نىمدىن كېيىن ئەشۇ شېئىرنى ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىشىمنى تاپىلىدى. ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ، باغچىغا قاراپ ماڭدىم. بىناغا كىرىپ، باغچىغا قاراپ ئولتۇردۇم. كەچ كىرگەنسېرى ئۇيقۇم كېلەتتى. كۆزلىرىمنى بارماقلىرىم بىلەن ئۇگىلاپ ئاچاتتىم. باشلىرىمنى سىلكىپ قويۇپ، ئۇيقۇمنى قاچۇراتتىم. كۆلنىڭ لېۋىدىن سوغۇق سۇ ئېلىپ، يۈزلىرىمگە چاچاتتىم.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



بىريۈز ئون سەككىزىنچى كېچە

—ئەي بەختلىك شاھ،—دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

يىگىت شاھزادە تاجىلمۇلۇككە شۇنداق دەپتۇ: كۆزلىرىمگە ئۇيقۇ كەلسە، بارماق-لىرىم بىلەن ئۇگىلاپ، ئۇيقىنى قاچۇراتتىم. يۈزلىرىمگە سوغۇق سۇ سېپەتتىم، باشلىرىمنى سىلكىتەتتىم. ئۇخلىمىغانلىقىم ئۈچۈن قوسۇغۇم ئاچتى. تاماقنىڭ پۇرىقى ئىشتىھانى قوز-

غاپ، تاقەتسىزلەندۈرەتتى. دەستىخان يېنىغا باردىم. ئۇنىڭ-
دىن-بۇنىڭدىن، شۇ يەردە بارلىكى تاماقنىڭ ھەر بىرىدىن ئاز-
ئازدىن يەنە يېدىم. بىر پارچە گوشنى يەپ، ئىچىملىك قويۇلغان
قاچىغا قولۇمنى ئۇزاتتىم. "بىر ئاياق ئىچەي"—دېدىم ئۆز-ئۆزەمگە.
ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچىسىنى، ئۇچىنچىسىنى، ئاخىر كېلىپ
سانىمايلا ئىچتىم. ئىچكەنسېرى ئىچكۈم كېلىۋەردى. ئون ئاياقچە
شاراپ ئىچتىم. كەيپىم جايىغا چۈشتى. مۈردەدەك بولۇپ،
يەرگە يىقىلدىم. تاڭ ئاتقىچە ئويغانماي ئۇخلىدۇم. ئويغىنىپ
قارىسام، باغچىدا ئەمەس، ئاللاقانداق باشقا بىر جايدا يېتىپتە-
مەن. قوسىقىمغا بىر پىچاق ۋە بىر نەچچە تىيىن پۇل قويۇپتۇ.
بۇنىڭدىن ئەنسىرىدىم. ئۇلارنى ئېلىپ ئۆيگە قايتتىم. تاغامنىڭ
قىزى ئۆز-ئۆزىگە: "ئەزىمرايى خۇدا، مەن بۇ ئۆيدە خورلىنىمەن،
غەمكىنمەن. ماڭا يىغىدىن باشقا ياردەمچى يوق"—دەپ نالە قىلاتتى.
مەن ئۆيگە كىرىش بىلەن، ئوڭدامچە يىقىلدىم. پىچاق بىلەن
تىيىن پۇل يەرگە چۈشتى. ھۇشۇمدىن كېتىپتىمەن. ھۇشۇمغا
كېلىپ، كۆزۈمنى ئاچسام، تاغامنىڭ قىزى بېشىمدا يىغلاپ ئولتۇ-
رۇپتۇ. ئۇنىڭغا مەن بولغان ئىشنى ئېيتىپ بەردىم. "مەقسىدىمگە
يېتىشەلمىدىم"—دېدىم مەن. تاغامنىڭ قىزى كۆزۈمنى، غەملىك
دىلىمنى ئەلەملىك كۆرۈپ، ناھايىتى ئاچچىغلاندى: "ئەمدى مەن
ساڭا مەسلىھەت كۆرسىتىشتىن ئاجىزمەن. ئۇخلىماسلىقنى شۇنچە
تەۋسىيە قىلدىم. لېكىن، سەن مېنىڭ سوزۈمگە كوڭۈل بولمىدىڭ.
سوزۈم ساڭا تەسىر قىلمىدى"—دېدى. ئاندىن مەن: "پۇل بىلەن
بۇ ئوتكۈر پىچاقنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بەرگىن"—دېدىم ئۇنىڭغا
يېلىنىپ. "پارچە تىيىن پۇل بىلەن ئۇ كوزگە ئىشارەت قىلغان:

www.uyghurkitap.com

"ئوڭ كوزۇمنىڭ ھورمىتى، ئەگەر سەن بۇ نۆۋەت يەنە بۇ يەرگە كېلىپ ئۇخلاپ قالىدىغان بولساڭ، شۇ ئۆتكۈر پىچاق بىلەن بوغۇزلايمەن"—دېگىنى، بۇ ساڭا بىرەر زىيان سالمىغىدى، دەپ قورقىمەن. دىلىم غەملىك، ئىچىمدە كېپىم تولا. لېكىن ئۇنى سۆزلىيەلمەيمەن. "بۇنىڭدىن كېيىن بارغاندا ئۇخلىمايدىغان بولساڭ، شۇنىڭغا ئىشەنسەڭ بار. ھېچقانداق ۋاقىتتا تاماق يېمە. ئۇ يەردە تاماق يېمىسەڭ، ئۇخلىمىساڭلا مۇرادىڭغا يېتىشىسەن. ئەگەر بارغىنىڭدا، بۇرۇنقىدەكلا تاماق يەپ، ئىچكۈلۈك ئىچىپ ئۇخلايدىغان بولساڭ، بۇ نۆۋەت ئۇ سېنى چۇقۇم بوغۇزلايدۇ"—دېدى ئۇ. "نېمە قىلىشىم كېرەك؟ خۇدا رازىلىقى ئۈچۈن، شۇ كېچە ياردەم قىلىشىڭنى سورايمەن"—دېدىم مەن. "خوپ،—دېدى ئۇ،—سۆزۈمگە قۇلاق سالساڭ، مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئىش قىلساڭ، مەسلىھەت بېرىمەن، سەنمۇ مەقسىدىڭگە يېتىشىسەن". "سۆزلىرىڭنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايمەن، بۇيرۇقۇڭغا ئىتائەت قىلىمەن. ئەلۋەتتە سېنىڭ دېگىنىڭدەك ئىش قىلىمەن"—دېدىم. "بېرىش ۋاقتىڭنى مەن ئۆزەم ئېيتىمەن" دەپ مېنى ئۆز باغرىغا باستى. ئورنىغا ياتقۇزۇپ، مېنىڭ ئۇيقۇم كەلگىچە ئايىغىمنى تۇتۇپ ئۇگىلىدى. ئۆزى ئايىغىمدا ئولتۇردى. ئۇخلاپ قاپتىمەن. كەچ كىرگەندە ئويغاتتى، ئويغاندىم. قارىسام، بېشىمغا ئۆتۈپ مېنى يەلپۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ، راسا يىغلاپتۇ، ھەتتا ئۇنىڭ كوز ياشلىرى كىيىمىنىمۇ ھول قىپتۇ، ئۇنىڭ كوزلىرىمۇ يىغىدىن قىزىرىپتۇ. مېنىڭ ئويغانغىنىمنى كورۈپ، كوزىدىكى ياشنى سۈرتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ، تاماق ئېلىپ كەلدى. تاماق يېمىدىم، تاماقتىن ئۆزەمنى تارتتىم. بۇنى كورۈپ ئۇ: "مېنىڭ دېگەنلىرىمنى قىل دېمىدىممۇ؟ قېنى قىلغىنىڭ؟"—

دەپ سورىدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قارشىلىق قىلماي، تويغىچە تاماق يېدىم. شېرىن شەرۋەت ئىچكۈزدى. ئاندىن قوللىرىمغا سۇ قۇيۇپ، لۇڭگە تۇتتى. ئۇستۇمگە ئەتىرە چاچتى. بىللە ئولتۇردۇق. ئۆزەمنى ناھايىتى تېتىك ھېس قىلدىم. قاراڭغۇ چۈشكەندە، كىيىملىرىمنى كەيدۇردى. "ئەي تاغامنىڭ ئوغلى، بۈگۈن تۈن بويى ئويغاق تۇر! ئۇخلىما! چۈنكى ئۇ، بۈگۈن كېچە پەقەت تۈن ئاخىرلاشقاندىلا چىقىدۇ. خۇدا خالىسا، بۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىسەن. لېكىن، مېنىڭ سوزلىرىمنى ئۇنتۇما! ئېسىڭدە چىڭ تۇت!" — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ تىنىمسىز يىغىسى دىلىمنى ئەزدى. "يەنە نىمىلەرنى قىلىشىم لازىم؟" — دەپ سورۇدۇم. "قايتار ۋاقتىڭدا يۇقۇرىدا ئېيتىلغان شېئىرنى ئوقۇغىن!" — دېدى ئۇ. كوچىغا چىقتىم. ناھايىتى خوش ئىدىم. باغچىغا قاراپ ماڭدىم. بىنانىڭ ئىچىگە كىرىپ، كولىنىڭ لېۋىدە ئولتۇردۇم. توق ئىدىم. كېچىنىڭ توتتىن بىر قىسمىغىچە ئويغاق ئولتۇردۇم. ماڭا بۇ كېچە خۇددى بىر يىلدەك تۇيۇلدى. كېچىنىڭ توتتىن ئۈچ قىسمى ئوتكىچىمۇ ئويغاق ئولتۇردۇم. خورازلار بىرنەچچە قېتىمدىن قىچقىرىشتى. قارنىم ناھايىتى ئاچتى. دەستىخانغا بېرىپ، يەنە كۈندىكىدەك ھەرخىل تاماقلاردىن تويغىچە يېدىم. يەنە بېشىم ئېغىرلىشىپ، ئۇيقۇ بېسىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا بىردىن يىراقتىن بىرنۇر كورۇندى. ئورنۇمدىن تۇردۇم. يۈز ۋە قولۇمنى يۇدۇم. ئۆزەمنى سەگەك تۇتتۇم. كوپ ۋاقىت ئوتمەي، قىز ئوندەك كېنىزەك بىلەن يېنىمغا كەلدى. ئۇ، ئالتۇن چەككەن كوك ئەتلەس كوينەك كەيگەن، خۇددى يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى ئايدەك نۇر چاچاتتى. شائىرنىڭ مۇنۇ شېئىرى بۇ قىزغا تامامەن ئۇيغۇن كېلەتتى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

•

ئىككى يۈزى تولغان ئايدۇر، كىيملىرى يەتتە رەڭ.
ئاغزى ئۇيىماق، غۇنچىدەك، ھەيران قالۇر ھور-پەرەڭ.
خۇيى-پەيلى كېلىشكەن، زىننەت بېرەر كوركىگە،
ئاشىقنى كويدۇرەر شەھلا كوزى چولپانغا تەڭ.

• • •

كوك ئەتلەسكە ئورالغان نازىنىن جىلۋە قىلار،
سۇمبۇل كەبى چاچلىرى خۇددى قۇندۇزدەك تورار.
ئېيتىن سورىسام دىدى:
— "كىم سورىسا تۇتاشقاي ئوت،
ئاشىقلارغا ئاتەشمەن، ساڭا ئېيتقىنىم بىكار."
مەن ئىشقىدا زارلىسام، تارتقان ئازاۋىمدىن ئاگاھ،
دىدى ئۇ:
— بۇ، باغرى تاشقا يەنە قانداق ئەرزىلىك بار؟
خۇدا، تاش باغرىدىنمۇ بۇلاق كوزى چىقارغان،
ئەگەر تاش بولسىمۇ باغرىڭ، سوزۇم ئاڭلا ئەي نىگار.

ئۇ مېنى ئويغاق كورۇپ كۇلدى. "بۇگۇن نىمە ئۇچۇن سېنى ئۇيقۇ باسمىدى؟ قانداق قىلىپ شۇ چاققىچە ئويغاق ئولتۇردۇڭ؟ تۇن بويى ئۇخلىماپسەن؟ بەس!... ئاشىق ئىكەنسەن! ئامراقلىق زوقى بىلەن كېچىلىرى ئۇخلىماسلىق ئاشىقلىقنىڭ بەلگۇسىدۇر" — دىدى ۋە كېنىزەكلىرىگە قاراپ كوزىنى قىستى، ئۇلار تارقالدى. قىز يېقىن كېلىپ، مېنى باغرىغا باستى، ئۇ يۈزۈمدىن، بۇ يۈزۈمدىن سۇيدى، مەنمۇ سۇيدۇم. توۋەنكى لېۋىمنى چىشلىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئۇستۇنكى لېۋىنى چىشلىدىم. كېيىن ئۇنى قول ئۇزۇتۇپ قۇچاغلىدىم. ئىككىمىز بىركىشىدەك بولدۇق. ئويناشتۇق، قىناشتۇق، قىچىغلاشتۇق، كۇلۇشتۇق، سۇيۇشتۇق ئاخىرى ھوشى-

مىزدىن كەتتۇق... شۇنداق قىلىپ، بۇ كېچە كوزلەرنى لەززەت بىلەن قاندۇرۇپ، نۇرلاندۇرغۇچى، دىللارنى شاتلاندۇرغۇچى كېچە بولدى. بۇنداق كېچىلەر ھەققىدە بىر شائىر شۇنداق دېگەن:

بۇ كېچە مەن يار بىلەن بىرگە بولۇپ ياتقان ئىدىم،
مەڭزىگە مەن يۈزلىرىمنى مېھرىم بىلەن ياققان ئىدىم.
ئۇرلىدى شەرقتىنمۇ كۈن، ئۇنىڭ يۈزىدىن ئالدى نۇر،
چىقتى قوينۇمدىن قۇياش، مەن ئاران تاپقان ئىدىم.

* * *

تاڭ ئاتمىسا دەر ئىدىم، كوزگە ئۇيقۇ كەلمىسە،
مەي بولامدۇ ئاياقلار دىلغا ئارام بەرمىسە.
يۈز يىلدا بىرلا كېلەر بۇنىڭدەك خوشال زامان،
شۋى قەدرىگە باراۋەر، سەن قىچارساڭ "ھە" دىسە.

تۈن بويى يېتىپ تاڭ ئاتقىچە بىللە ئۇخلىدۇق. قايتماقچى بولغان ئىدىم، ئۇ مېنى توختۇتۇپ: "ساڭا بىر نەرسە ئېيتىمەن"— دېدى.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



## بىر يۈز ئون توققۇزىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

يىگىت ھېكايىسىنى داۋام قىلىپ، شۇنداق دەپتۇ: تاڭ ئاتقاندا قايتماقچى بولغان ئىدىم. ئۇ مېنى توختۇتۇپ: "ساڭا مەن بىر نەرسە ئېيتىمەن ۋە بىر مەسلىھەتىم بار"— دېدى. قۇلاق سالدىم. قىز ياغلىقىنى يەشتى. ئۇنىڭ ئىچىدىن مانا شۇ پارچىنى ئېلىپ ئالدىمغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يايدى. مەن رومالغا نەقىش قىلىنغان بۇ كىيىكنىڭ رەسمىنى كورۇپ ھەيران قالدىم. ئۇنى ئالدىم. ھەر كېچە باغچىغا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشىمنى ئېيتتى. شۇنىڭغا كېلىشتۇق. ئۇنىڭ يېنىدىن چىقتىم. ناھايىتى خوش ئىدىم. ناھايىتى بەك سۆيۈنگەنلىگىمدىن، تاغامنىڭ قىزى قايتىشتا ئوقۇشقا بۇيرۇغان شېئرنى ئوقۇشنى ئۇنتۇلۇپ قاپتىمەن. كىيىك تەسۋىرى كەشتە قىلىنغان پارچىنى ماڭا بەرگەندە: "بۇ مېنىڭ سىڭلىمنىڭ قول ئىشى"— دېگەن ئىدى. "سىڭلىڭىزنىڭ ئىسمى نىمە!"— دەپ سورىغان ئىدىم. "ئىسمى نۇرۇلھۇدا، سەن بۇنى ئوبدان ساقلا!"— دېدى. ئۇنىڭ بىلەن خەيرلىشىپ ئويگە قايتتىم. خوشلۇغۇم ئىچىمگە پاتماي قالغان ئىدى. تاغامنىڭ قىزىنىڭ يېنىغا كەلسەم، ئۇ، ياتقان ئىكەن، ئەمما كوزلىرىدىن ياش ئورنىغا قان دەريا بولۇپ ئاقاتتى. مېنى كورۇپ ئورنىدىن تىك تۇردى، يېنىمغا كەلدى. كوكرەكلىرىمگە سۆيدى. "مېنىڭ ئېيتقان شېئرىمنى ئۇنىڭغا ئوقۇدۇڭمۇ؟"— دەپ سورىدى. "مەن بۇ كىيىكنىڭ رەسمىنى كوروپ ھۇشۇمدىن كېتىپ، ئۇنى ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن"— دەپ، بۇ پارچىنى ئالدىغا تاشلىدىم. ئۇ ئولتۇرۇپ، تاقەتسىزلىنىشكە باشلىدى. كوز ياشلىرى توختىماي ئېقىپ، يۈزىنى يۇياتتى. ئۇ شۇ شېئرنى ئوقۇدى:

رەسمى — ئادەت ۋە ۋاپا ئالەمدە ھەرگىز قالمىدى،
ۋەدىنى قىلماق ئادا ئادەمدە ھەرگىز قالمىدى.

* * *

ئەي ئايرىلىش ئىستىكۇچى ئالدىرىمىغىن دۇنيادا،
ئەسلىدە بىر ھىلىگەر ئالدامچىدۇر بۇ دەۋران.

ۋىسال كۈنى يار سۆيۈپ مەغرۇرلانىما، شاتلانىما،
قوشۇلۇشنىڭ ئاخىرىدا بار ئايرىلىش ۋە ھىجران.

شېرنى تۈگىتىپ: "ئەي تاغامنىڭ ئوغلى، بۇ پارچىنى ماڭا تەقدىم قىل!"— دېدى. مەن ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلدىم. ئۇ، ياغلىقنى ئالدى ۋە ئالدىغا يېيىپ رەسىملەرنى كوردى. مېنىڭ ئىش ۋاقتىم يەتكەندە، تاغامنىڭ قىزى: "ئەي ھورمەتلىك قارشى ئېلىنغان كىشى، يول بولسۇن، ئىشىڭغا ماڭ. لېكىن قايتار چېغىڭدا مەن ئۆگىتىپ قويغان شېرنى يەنە ئۇنتۇپ قالماستىن، ئۇنىڭغا ئوقۇغىن!"— دېدى. "ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇغىن"— دېدىم مەن. ئۇ، قايتىلاپ ئوقۇپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، باغچىغا قاراپ ماڭدىم. بىناغا كىرسەم، ئۇ مېنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىكەن. مېنى كورۇپ، ئورنىدىن تۇردى. قۇچاغلاپ سۆيۈپ، تىزىغا ئولتۇرغۇزدى. كېيىن يېيىشتۇق، ئىچىشتۇق. كوڭۇل ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاۋالقى كۈندىكىدەك بىللە ياتتۇق. تاڭ ئاتقاندا، ئۇنىڭغا تاغامنىڭ قىزى ئېيتىپ بەرگەن شۇ شېرنى ئوقۇدۇم:

خۇدا نامى بىلەن سىزگە سوئالىم بار ئەي ئاشىقلار،
مۇھەببەت راۋا كورسە ياش مەشۇققە كوپ جەۋرى،
ئىگىپ قويسا كەمەلەكتەك ئۇنىڭ قەددىنى ھەم ئەگرى،
مەرھەمەت قىلىپ ئېيتىڭ، ئۇ ئەمدى نېمە قىلسۇن؟!...

بۇ شېرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كوزلىرىدىن ياش ئاقتى. يىغلاپ تۇرۇپ شۇ شېرنى ئوقۇدى:

سىرىنى پىنھان تۇتۇپ، يۈرەكتە ساقلىغاي ھەر چاغ،
زۇلۇملارغا چىدار مەشۇق، بولۇپ دايىم ئوزى زىرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىشقىغا سەۋرە قىلماقتىن، يوشۇرماقتىن يەنە بولەك
چارە يوقتۇر ئۆزگىچە، شۇنى قىلماغلىق كېرەك.

تاغامنىڭ قىزىنىڭ ئارزۇسىنى ئورۇندىغىنىم ئۈچۈن، خوش بولۇپ، بۇ شېئىرنى ياتلاپ ئالدىم. ئۇنىڭ قېشىدىن چىقىپ، تاغامنىڭ قىزىنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئۇ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئانام ئۇنىڭ ئەھۋالىغا يىغلاپ، ياستۇغىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئىچكىرى كىرىشىم بىلەنلا، ئانام ماڭا ئاچچىغلىنىشقا باشلىدى. "تاغاڭنىڭ قىزىنى نىمە سەۋەپتىن يالغۇز تاشلاپ كېتىسەن؟ نىمە ئۈچۈن ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ھالىنى سوراپ، كېسىلىدىن خەۋەر ئالمايسەن؟ بۇنداق بىپەرۋالىقنى خۇدا راۋا كورەمدۇ؟" — دېدى. تاغامنىڭ قىزى مېنى كورۇپ، ياستۇقتىن بېشىنى كوتەردى. تۇرۇپ ئولتۇرۇش بىلەنلا: "مەن ئېيتقان شېئىرنى ئوقۇدۇڭمۇ؟" — دەپ سورىدى ئەزىزە. "ئوقۇدۇم، ئۇ شېئىرنى ئاڭلاپ، يىغلاپ تۇرۇپ باشقا بىر شېئىرنى ئوقۇدى. مەن ئۇنى ياتلاپ ئېلىپ كەلدىم" — دېدىم. ئەزىزە مەندىن ئۇنىڭ جاۋاۋىغا ئوقۇغان شېئىرنى ئوقۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى، مەن ئوقۇدۇم. ئۇ، ئاڭلاپ قاتتىق يىغلاپ، توۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇدى:

سەۋرى قىلىشقا ئورۇندى كورسىتىپ مەردانىلىق،
لېكىن ئىشقى بولدى ئاخىر، خەستە جانىنىڭ ئاپتى.
سەۋرى قىلماق، سىر يوشۇرماققا ئەمدى يەتمەس تاقتى.
مەشۇقى قانداق قىلىپ مۇشكۇلنى ئاسان ئەيلىگەي؟!...

ئاندىن تاغامنىڭ قىزى ئادەتتىكىدەك: "ئۇنىڭ قېشىغا بارغىنىڭدا بۇ شېئىرنىمۇ ئوقۇغىن" — دەپ تاپىلىدى. "خوپ!" — دېدىم مەن. ئادەتتىكىدەك كەچقۇرۇن باغچىغا قاراپ ماڭدىم. ئوتتۇرىمىزدا

بولۇپ ئۆتكەن كوڭۈللۈك ئىشلارنىڭ تەرىپىنى سوزلەشكە تىل، يېزىشقا قەلەم ئاجىزلىق قىلىدۇ. قايتىدىغان ۋاقتىتا يۇقۇرىدىكى شېئىرنى ئوقۇدۇم. بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كوزلىرىدىن ياش ئورنىغا قان ئاقتى. ئۇمۇ شۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

سەۋرى قىلماق، سىر يوشۇرماققا ئىلاجى بولمىسا،
ئىشقى ئەھلى ئىككىلەنمەي جېنىدىن كەچمەك كېرەك.
ئورتىنىپ پۇتكەن سىنىڭ تەندىمۇ يوقتۇر جېنىڭ،
جېنى يوق ئاجىز بۇ تەن ئىيتقىنا كىمگە كېرەك؟!......

مەن بۇ شېئىرنى ياتلاپ ئېلىپ ئويۇمگە قاراپ ماڭدىم. تاغامنىڭ قىزى ئەزىزەنىڭ يېنىغا كىرسەم، ئانام يەنىلا ئۇنىڭ ياستۇغى يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ تورۇسقا قاراپ بىھوش دىگۇدەك بىر ئەھۋالدا يېتىپتۇ. مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ، كوزىنى ئاچتى. "مەن ئوقۇغان شېئىرنى ئۇنىڭغا ئوقۇپ بەردىڭمۇ؟" — دەپ سورىدى ئۇ ئاستا. "ھەئە... ئۇ مېنىڭ ئوقۇغان شېئىرىمنى ئاڭلاپ، باشقا بىر شېئىر ئوقۇدى." — دەپ، ھېلىقى شېئىرنى تەكرارلىدىم. بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ، ئەزىزە يەنە ھوشىدىن كەتتى. ھوشىغا كېلىپ، توۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇدى:

سوزلىرىڭگە بوي سۇنۇپ، قىلماقچىمەن ئۇنى ئادا،
تەختى - بەختىمدىن جۇدا قىلغانىغا ئېيتىڭلار سالام!
مانا كەتتىم بۇ جاھاندىن ئىشقى رەسمى شۇ ئىكەن...
جاننى جانان ئىشقىدا بۇ زامان قىلدىم پىدا.

كەچ بولدى. ئادىتىم بويىچە باغچىغا قاراپ ماڭدىم. ئۇ، قىز مېنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئولتۇرۇشتۇق، ئىچىشتۇق، كوڭۈل ئېچىشتۇق، ئۇخلىدۇق، تاڭ ئاتتى. قايتىدىغان چېغىمدا،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاغامنىڭ قىزىنىڭ شېئىرىنى ئوقۇدۇم، شېئىرنى ئاڭلاپ، ئۇ ئايال پەريات بىلەن نالىزار قىلدى. رەڭگى ئۇچۇپ قېنى قاچتى. "ئەز بىرايى خۇدا، بۇ شېئىرنى ئوقۇغان كىشى ھازىر ئۆلدى!"— دېدى ۋە ھوڭرەپ يىغلىدى. كېيىن يەنە ماڭا قاراپ: "لەنەت ساڭا،— دېدى ئۇ ماڭا ۋاقىراپ،— بۇ شېئىرنى ئوقۇغان كىشى سېنىڭ نېمەڭ بولىدۇ؟"— دەپ سورىدى. "تاغامنىڭ قىزى بولىدۇ. ئىسمى ئەزىزە!"— دېدىم مەن ئۇنىڭغا. "يالغان ئېيتىسەن. ئەگەر ئۇ، تاغاڭنىڭ قىزى بولسا، قىز سېنى سۆيگەندەك، سەنمۇ ئۇنى سۆيەتتىڭ؟ سەن ئۇنىڭ قاتىلى سەن! سەن ئۇنى ئۆلتۈردۈڭ. خۇدا سېنىڭمۇ جېنىڭنى ئالسۇن!...ماڭا تاغاڭنىڭ قىزى ئەزىزە بىلەن بولغان ئىشلىرىڭنى بۇرۇنراق ئېيتقىنىڭدا، ساڭا مەن يېقىنمۇ يولىماس ئىدىم"— دېدى ۋاقىراپ. "ساڭا قانداق قىلىپ يېتىشىش توغرىسىدا ماڭا يول كۆرسەتكەن، سېنىڭ ئىشارەتلىرىڭنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنىسىنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ يېشىپ بەرگەن تاغامنىڭ قىزىمۇ مانا شۇ ئەزىزە ئىدى. مەن ساڭا پەقەت شۇنىڭ مەسلىھەتلىرى بىلەنلا يەتتىم"— دېدىم ئۇنىڭغا. "ئۇ بىزنىڭ ئىشىمىزنى بىلەمتى؟!"— دەپ سورىدى ئۇ مەندىن. "ھەئە..."— دېدىم مەن. "سەن ئۇنى ئون گۈلدىن بىرىنىمۇ ئېچىلدۇرماي ھالاك قىلدىڭ. خۇدا سېنىمۇ شۇنداق خاراپ قىلسۇن! بار، ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئال!"— دېدى ئۇ ئالدىراشلىق بىلەن. مەنمۇ چاققانلىق بىلەن يولغا چۈشتۈم. ئەھۋالىم خېلىلا پەرىشان ئىدى. ئۆزىمىزنىڭ كوچىسىغا كېلىپ، يىغا-زارىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئۆيگە كىرىپ: "نېمە ۋەقە بولدى؟!"— دەپ سورىدۇم. "ئىشىكنىڭ ئارقىسىدىن تاغاڭنىڭ قىزى ئەزىزەنىڭ ئۆلۈكىنى تاپتۇق!"— دېيىشتى. مەن ئىچكىرى

كىردىم. "بۇنىڭ ئۇۋالى سېنىڭ بويىنۇڭدا، خۇدا ئۇنىڭ قېنىنى سېنىڭدىنمۇ ئالماي قويماس"— دېدى ئانام غەزەپ بىلەن يىغلاپ، تۇرۇپ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



بىر يۈز يىگىرمەنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ،— دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

يىگىت شاھزادە تاجىلمۇلۇككە ھېكايىسىنى سوزلەپ، شۇنداق دەپتۇ: ئانام ماڭا، "بۇنىڭ ئۇۋالى سېنىڭ بويىنىڭدا، خۇدا بۇنىڭ قېنىنى سېنىڭدىن ئالماي قويماس. قۇرۇپ كەتسەن، ھەي سەندەك بالىنى!..."— دېدى ۋاقىراپ. ئاتام كەلدى، جىنازىغا ھازىرلىق كوردۇق. تاۋۇتقا سېلىپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ، مۇردىنى قەۋرىستانلىققا ئېلىپ چىقتۇق. ئۇنىڭ قەۋرىسى ئۈستىدە ئۈچ كۈنگىچە خەتمە-قۇرئان قىلىپ ئولتۇردۇق. كېيىن ئۆيگە كەلدىم. ئۇنىڭغا ئېچىناتتىم. ئانام يېنىمغا كىرىپ: "ھەي بەختى قارا، سەن ئۇنى نېمە قىلدىڭ؟ مەن ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ يېنىغا كىرسەم، ئۇ يىغلاپ ئولتۇراتتى. شۇ ھالدا ئۇنىڭ كۈندىن-كۈنگە ھالى يامانلىشىپ، چىرايى سارغىيىپ، قۇرۇق سۆڭەك بولۇپ قۇرۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭدىن سارغىيىشۋاتقانلىغىنىڭ سەۋەۋىنى سورۇدۇم. ئۇ ماڭا ھېچ نەرسىنى ئېيتمىدى، سىرىنى ئاچمىدى. سەن ئۇنى قانداق قىلىپ ئاشۇنداق داۋاسىز ئېغىر

دەرتكە سېلىپ قويدۇڭ. ئۇ، تولۇپ كېلىۋاتقان بىر غۇنچە ئىدى، ئېچىلماي تۇرۇپ غازاڭ بولدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى سوزلە؟! ئارىدا قانداق كوڭۈلسىز ئىشلار بولغان ئىدى؟!" — دېدى كوزىدىن ياش توكۈپ تۇرۇپ. "ھېچ نەرسە قىلغىنىم يوق!" — دەپ جاۋاپ بەردىم مەن. "خۇدا ئۇنىڭ قىساسىنى سەندىن ئالسۇن! ئۇ، ئولۇپ كەتكىچە سەن توغرىلىق ۋە ئوزى ھەققىدە ھېچ نەرسە دېمىدى، سىرىنى يوشۇردى. ئۇ، ئۇ دۇنياغا سەندىن ۋە مەندىن رازى بولغان ھالدا كەتتى. ئۇ، جان ئۇزىدىغان ۋاقىتتا مەن ئۇنىڭ قېشىدا ئىدىم. بىر سائەتلا بۇرۇن كوزىنى ئېچىپ: "ئەي مېھرى-ۋان ھاما، سەن ماڭا ئانا ئورنىدا ئىدىڭ. مەندىن رازى بول. مەن سەندىن رازىمەن. مېنىڭ قېنىمنى خۇدا ئوغلۇڭ ئەزىزدىن ئالمىسۇن، خۇدا ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۇرسۇن. ماڭا سالغان جەۋرى-جاپاسىنىڭ ئەجرى ئۇچۇن ئۇنىڭدىن قىساس ئالمىسۇن. خۇدا مېنى بۇ ئوتكۇنچى ئالەمدىن توغرا ۋە باقى دۇنياغا كەچۇردى" — دېدى. مەن: "خۇدا ساقلىسۇن قىزىم، ياشلىقىڭغا خۇدا رەھمى قىلسۇن" — دېدىم. ئۇنىڭدىن كېسەل بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى تۇرلۇك يوللار بىلەن سورىدۇم. ئۇ ھېچ نەرسە دېمىدى. پەقەت يېقىملىق ھالدا ئىللىققىنا كۇلدى. "ئەي ھاماچا، ئوغلۇڭ مەن ئولگەندىن كېيىن ئويگە كېلىدۇ. ئۇ، ئادەتتىكىدەك بېرىپ يۇرگەن جايىغا بارغىدەك بولسا، ئۇنىڭغا تاپىلاپ شۇنى ئېيتقىن: ئۇ يەردىن قايتار چېغىدا، كورۇشۇپ يۇرگەن كىشىسىگە: 'ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئۇلۇغ ئىشتۇر، ۋاپاسىزلىق كەچۇرگۇسىز جىنايەتتۇر!...' دىگەن سوزنى ئېيتسۇن. بۇ سوز مېنىڭ سېنىڭ ئوغلۇڭغا قىلغان مېھرىۋانلىقىمنىڭ ئىپادىسى ۋە ئاخىرقى ياردىمىمدۇر" — دەپ، ساڭا

بىرىش ئۇچۇن بىر نەرسە تاپشۇردى. سەن قاچان ئۇنى ئەسلەپ، پەريات قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن ياقاڭنى يىرتىدىغان ھالغا كەلگىنىڭدىلا، ئاندىن ئۇنى ساڭا بىرىشىمنى تاپىلىدى. ئۇ نەرسە مەندە، سەن قاچان شۇ ھالغا كەلگىنچە ئۇنى مەن ساقلايمەن، — دىدى ئانام. "نىمە ئىكەن، ئۇنى ماڭا كورسەتكىنا" — دەپ يىلىندىم. ئانام مىنىڭ سوزۇمگە كونمىدى. مەن ئوز خوشاللىغىم بىلەن ئاۋارە بولۇپ، تاغامنىڭ قىزىنىمۇ، ئۇنىڭ يىقىملىق سوزلىرىنىمۇ، پاجىئەلىك ئولۇمىنىمۇ ئۇنۇتۇدۇم. چۇنكى، پىكرى-خىيالىم سۇيگۇنۇم بىلەن بىللە ئىدى. كىچە-كۇندۇز ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشنى ئىستەيتتىم. كۇن ئەمدىلا ئولتۇرۇشى بىلەن باغچىغا قاراپ ماڭدىم. ئايال مىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۇتۇپ ئولتۇرغان ئىكەن. كۇتتۇۋىرىپ، تاقىتى تاق بولغانلىقتىن، پۇتۇن بەدىنى ئوت بولۇپ يانغان ئىكەن. مىنى كورۇپ، كوزلىرىگە ئىشەنمەي، مەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بوينۇمغا گىرە سىلىپ ئىسىلىپ تۇرۇپ، تاغامنىڭ قىزىنىڭ ۋەقەسىنى سورىدى. "ئۇ، ئولدى، بۇگۇن توت كۇن بولدى. ئۇنى يەرلىگىدە قويۇپ، دەپنە مۇراسىمىنىمۇ ئوتكەزدۇق" — دىدىم مەن. بۇ سوزنى ئاڭلاپ ئۇ، قاتتىق "ئاھ!..." تارتىپ، ياقىسىنى يىرتىپ يىغلىدى. "ئۇ ئولگەن، ئەمما ئوزىنىڭ ئەجىلى بىلەن ئولمىگەن، ئۇنى سەن ئولتۇرگەنسەن. مەن ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ قىلغان بۇ ياخشىلىقلىرى ئۇچۇن، ئۇنى مۇكاپاتلار ئىدىم. ئۇ ماڭا چوڭ ياردەم قىلدى، ساڭا يىتىشىشىمگە ياردەم بەردى. ئۇنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، بىز بىر-بىرىمىز بىلەن كورۇشەلمەس ئىدۇق. ئۇنىڭغا قىلغان بىلمىسىزلىگىڭگە ساڭا بىرەر مۇسىبەت كەلمىگەي، دەپ قورقىمەن" — دىدى ئۇ. "ئولەر ئالدىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەندىن رازىلىقىنى ئېيتىپ كەتكەن"— دېدىم مەن ئۇنىڭغا ۋە
ئەزىزەنىڭ ئانامغا ئېيتىپ بەرگەن ۋەسىيەت سۆزلىرىنى سۆزلە-
دىم. "ئاناڭنىڭ ئالدىغا بارغىنىڭدا، ئۇنىڭ ساڭا قالدۇرغان
نەرسىسىنى، خۇدا ھۆرمىتى، ئاناڭدىن ئىنقىلاپ سوراپ بىل"—
دېدى ئۇ. تاغامنىڭ قىزى ئەزىزەنىڭ جان ئۈزەر ئالدىدا ماڭا
يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئانامغا: "ئەگەر ئوغلۇڭ ئادىتى بويىچە بارىدى-
غان جايىغا بارسا، ئۇ يەردىن قايتىدىغان ۋاقتىدا، كورۇشۇپ
يۈرگەن كىشىسىگە: ۋەدىگە ۋاپا قىلىش— ئۇلۇغ ئىش، ۋاپاسىزلىق
كەچۈرگىسىز جىنايەتتۇر! دىگەن سۆزلەرنى ئېيتسۇن!"— دىگەنلى-
گىنى ئېيتتىم. "خۇدا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن. سېنىڭ ئۇنىڭغا
قىلغان بۇ ئىشىڭ ئۈچۈن، دىلىمدا ساڭا زىيان يەتكۈزۈشنى
ئويلىغان ئىدىم. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى مېنى ئۆز پىكرىمدىن
ياندۇردى. ئەمدى سېنى تەشۋىشكىمۇ سالمايمەن"— دېدى. ئۇنىڭ
بۇ سۆزىگە ھەيران قالدىم. "بىزنىڭ بىر-بىرىمىزنى ياخشى
كورۇپ ۋە بىللە بولۇپ قالغىنىمىزغا يۈز خاتىرە قىلماي، مېنى
نىمە قىلماقچى ئىدىڭ؟!"— دەپ سورۇدۇم مەن. "سەن مېنى
سۆيىسەن. لېكىن، ياشسەن، ساددا سەن. تېخى بىز ئاياللارنىڭ
ھىلە-ئويۇنلىرىمىزنى بىلمەيسەن. ئەگەر ئۇ، ھايات بولغاندا
ساڭا يول كورسەتەتتى. سېنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشاتتى
ۋە ياردەم بېرەتتى. ئەمدى سەن بىزگە ئوخشىغانلارنىڭ ھىچبىرى
بىلەن، مەيلى چوڭى بولسۇن، مەيلى كىچىگى بولسۇن، سۆزلەش-
مە! بۇنىڭغا ناھايىتى دىققەت قىل! ئۆزەڭنى ساقلا! سەن كۆپ
ساددا. خوتۇنلارنىڭ مىكىرلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرىنى تېخى
بىلمەيسەن. ساڭا يول كورسەتكۈچى ۋە يولۇڭنى تېپىپ بەرگۈچى

ئۆلدى. سېنى بىرەر بالاغا ئۇچراپ قالمىسا، دەپ قورقىمەن. ھالبۇكى، سېنى بالادىن ئاسرىغۇچى كىشى ئالەمدىن ئۆتتى. ئەگەر ئەمدى بالاغا يولۇقساڭ، ئۆمرۈڭ بويى ئۇنىڭدىن خالاس بولالمايسەن"— دېدى ئۇ ماڭا.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.

•



بىر يۈز يىگىرمە بىرىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ،— دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

يىگىت شاھزادە تاجىلمۇلۇككە ھېكايىسىنى سۆزلەپ كېلىپ، شۇنداق دەپتۇ: "تاغاڭنىڭ قىزى ئەزىزە بۇ دۇنيادىن پاك ئۆتتى. ئەمدى سېنىڭ بېشىڭغا چۈشكەن كۈلپەتتىن سېنى قۇتۇلدۇرغۇچى كىشى يوق. خۇدا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن. ئەگەر ئۇ يول كۆرسەتمىگەن بولسا، سەن ماڭا ھېچقاچان يېتىشەلمەيتتىڭ. ئەمدى مەن سېنىڭدىن بىر نەرسىنى ئىلتىماس قىلىمەن"— دېدى ئۇ. "خوپ، ئاڭلايمەن!"— دېدىم مەن. "مېنى تاغاڭنىڭ قىزى ئەزىزەنىڭ قەۋرىسىگە باشلاپ بارغىن. ئۇنىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭغا بېغىشلاپ قەۋرىسىنىڭ بېشىغا شېئىرلار يازىمەن"— دېدى ئۇ. "خۇدا خالىسا، ئەتىلىككە ئېلىپ باراي"— دەپ ۋەدە قىلدىم. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياتتىم. ئۇ، ھەر سائەتتە دېگۇدەك بىر ئىككى قېتىم: "ئەپسۇسكى، تاغاڭنىڭ قىزى ئەزىزەنى ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇنراق ماڭا تونۇشتۇرماپسەن؟!"— دەيتتى. "ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئۇلۇغ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com

ئىشتۇر، ۋاپاسىزلىق كەچۈرگۈسىز جىنايەتتۇر!"—دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە ۋە بۇ سۆز كىمگە قارىتىلغان؟—دەپ سورۇدۇم. ئۇ جاۋاپ بەرمىدى، تاڭ ئاتتى. ئورنىمىزدىن تۇردۇق. ئۇ مىڭ تىللالىق پۇلدانىنى ئېلىپ يېنىغا سالدى. "تۇرغىن ئەمدى مېنى ئۇنىڭ قەۋرىسىگە باشلاپ بارغىن. ئۇنىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلاي. قەۋرىسىگە شېئىرلار يازاي. ئۇنىڭ قەۋرىسى ئۈستىگە گۈل-لۈك گۈمبەز ياسىتاي. گۈمبەزنىمۇ شېئىر بىلەن زىننەتلەي. بۇندىن باشقا، ئۇنىڭ ھەققىگە سەدىقە بېرىپ، قۇرئان-تالاۋەت قىلدۇ-راي. بۇ تىللالارنى ئۇنىڭ پاك روھىغا ئاتاپ سەدىقە قىلاي!..."—دېدى ئۇ. "خوپ!"—دېدىم، يولغا چۈشتۇق. مەن ئالدىدا، ئۇ ئارقامدا مېڭىۋەردۇق. ئۇ، يولدا ئۇچرىغانلارغا سەدىقە بېرىپ مېڭىۋەردى ۋە: "شۇ سەدىقىنىڭ ساۋاۋىنى جان بەرگىچە ئۆزىنىڭ ئىشقىنى باشقىلاردىن يوشۇرۇپ، سىرىنى ئېيتماي ۋاپات بولغان قىز ئەزىزەنىڭ پاك روھىغا بېغىشلىدىم..."—دەيتتى. ئۇ، پۇلدانىدىكى تىللا تۈگىگىچە شۇنداق سەدىقە قىلدى. بىز گورىستانلىققا يەتتۇق. مەن ئۇنىڭغا ئاغامنىڭ قىزىنىڭ قەۋرىسىنى كورسەتتىم. ئۇ ئۆزىنى قەۋرە ئۈستىگە ئاتتى. ئۇزاققىچە "ھو" تارتىپ يىغلىدى. ئاندىن ئۇ يېنىدىن تاش ئويغۇچى ئۈشكە بىلەن تاشقا خەت يازىدىغان پولات قەلەمنى ئېلىپ، كىچىك بولقا بىلەن قەۋرىنىڭ بېشىدىكى تاشنىڭ بىر يۈزىگە، كوزلەرنى قاماشتۇرغۇچى ھۆسنى خەت بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ، شۇ شېئىرنى نەقش قىلىپ ئويدى:

كەتتى بىر گۈل گۈلىستاندىن، غۇنچە باغرى لىق-لا قان،
كەتتى ئامەت بۇ چىمەندىن، قالمىدى گۈل-دىن نىشان.
چەرخدىن سەن ياخشىلىقنى قىلمىغىن زادى ئۈمىت،

ۋاپادار يار جاپا تارتتى، ۋاپاسىز قالدى ئامان.

• • •

كونا بىر چار باغ ئىچىدە ماڭا كۆرۈندى بىر مازار،
قەۋرى ئەتراپى چىمەنلىك، ئۈستى شۇنداق لالىزار.
"كىمنىڭكى بۇ قەۋرە؟"— دىسە، بەردى يار شۇنداق جاۋاپ:
"بۇ لەھەت ئىچرە ياتۇر ئىشق ئەھلىدىن بىر خەستەزار."

ئۇندا ئۇ، مىسكىن، ساڭا قالدى بوستان باغلىرى،
سۆيگىنىڭ قۇربانسەن، تەگرى بولسۇن ساڭا يار!...
مىڭ نادامەت، ئىشق ئەھلىنىڭ تورى شۇ تۇپراقتىدۇر،
ئەل ئۇنۇتقاندۇر مازارى، ئۈيلىرى ۋەيرانە خار.
گەرقولۇمدىن كەلسە بۇ يەرنى قىلاتتىم باغ-باراڭ،
كوز يېشىمدا سۇغۇرۇپ، ئوستۇرەتتىم مەن ئانار.

ئۇ جىق يىغلىدى. ئاندىن ئاستا ئورنىدىن تۇردى. باغچىغا قاراپ ماڭدۇق. "ياراتقۇچىنىڭ نامىنىڭ ھورمىتى، مەندىن ھېچقاچان ئايرىلماسلىقىڭنى، سەندىن ئوتۇنۇپ سورايمەن"—دىدى ئۇ. "خوپ!"—دىدىم مەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ يېنىغا ھەر قانداق چاغدا ئۇز ۋاقتىدا بېرىپ تۇرۇشقا، ئازراقمۇ كېچىكمەي قالماسلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردىم. قاچانلا بارسام، ئۇ مېنى ھورمەتلەيتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ ئىززىتىنى قىلاتتىم. شىرىن سوزلەر بىلەن قارشى ئالاتتى. تاغامنىڭ قىزى ئەزىزەنىڭ ئانامغا ئېيتقان سوزلىرىنى سورايتتى. مەنمۇ ئېرىنمەستىن قايتا-قايتا ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرەتتىم. يەپ-ئىچىپ، ئويناپ-كۈلۈپ، ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ ئومۇر كەچۈردۇم. گەۋدىلىرىم تولۇپ سەمىردىم. غەم-ئەلەم، قايغۇ-كۈلپەتنىڭ ئەسرى مەندە زادىلا قالمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاغامنىڭ قىزىنىمۇ تامامەن ئۇنتۇدۇم. شۇ يوسۇندا راسا بىر يىل ئۆتتى. يىل بېشىدا ھاممامغا باردىم. تازىلىنىپ يۇيۇندۇم. ھاممامدىن چىقىپ، بىر ئاياق مەي ئىچتىم. كىيىمىمگە سېپىلگەن تۈرلۈك خۇشبۇي ئەتىرلەرنىڭ پۇرىقى بىلەن كەيىپ بولدۇم. دىلىم زامانىنىڭ ئويۇنلىرىدىن ۋە ھەرقانداق كوڭۇلسىز ھادىسىلەردىن خالى ئىدى. قاراڭغۇ بولۇشى بىلەن ئادەتتىكىدەك باغچىغا بېرىش ھەۋىسىم كۆچەيدى، مەس ئىدىم. قەيەر بىلەن مېڭىشىمنى بىلەلمەي، "زۇقە قۇننەقىپ" كوچىسىغا كىرىپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. شۇ كوچىدا كېتىۋاتقىنىمدا، بىر ئاز نېرىدا كېتىۋاتقان بوۋىگە كوزۇم چۈشتى. بوۋىنىڭ بىر قولىدا شام، ئىككىنچى بىر قولىدا تامغىلانغان بىر پارچە خەت بار ئىدى.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.


بىر يۈز يىگىرمە ئىككىنچى كېچە

—ئەي بەختلىك شاھ،—دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

يىگىت تاجىلمۇلۇككە ئۆزىنىڭ ھېكايىسىنى سوزلەپ كېلىپ، شۇنداق دەپتۇ: بوۋىنىڭ بىر قولىدا شام، ئىككىنچى قولىدا تامغىلانغان بىر پارچە خەت بار ئىدى. ئۇنىڭ كوزلىرىدىن ياش تاراملاپ ئېقىپ تۇرغان بولۇپ، شۇ شېئىرنى ئوقۇۋېتتى:

بۇ كېچە كوردۇمكى بىر چۈش: كوك يۈزىگە چىقتى ئاي،

ئۇ ئۇزىنىڭ ئۆرى بىلەن يەرنى قىلدى يوپ - يورۇق.
ئويغۇنۇپ، "تەبىرىدىن" مەن دىدىم: "يۈز ئايلىناي،
كەلگۈسى كەتكەن سەپەردىن خۇددى ئايدەك بىر ئۇلۇق"

* * *

سوزى شىرىن ئەلچى، ساڭا دەيمەن مەرھابا.
شۇ مۇبارەك قەدىمىڭ بىغىشلىدى قۇۋەت ماڭا.
ئېلىپ كەلدىڭ يارىمدىن ئەڭ قىممەتلىك خۇشخەۋەر،
ھەممىسگە يار بولسۇن، ماڭا بولغاندەك خۇدا.

مېنى كورۇپ: "خەت ئوقۇشنى بىلەمسەن؟!" — دەپ سورىدى بۇۋى. "بىلىمەن، قەدىرلىك ئاچا" — دىدىم. "ماڭا مۇشۇ خەتنى بىر ئوقۇپ بەرگىن!" — دەپ، قولىدىكى خەتنى ماڭا ئۇزاتتى، ئېلىپ ئوقۇدۇم. دەرەكسىز يوقالغان ئادەمنىڭ سۆيۈملۈك كىشلىرىگە يازغان سالام خېتى ئىكەن. خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلاپ، قېرى خوتۇن خوش بولدى. ماڭا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇزۇن ئومۇر تىلىدى، دۇئا قىلدى. "سەن مېنى غەمدىن - ئەلەمدىن ئازات قىلدىڭ. سېنىمو خۇدا بالالاردىن ۋە قازالاردىن ئازات قىلسۇن" — دىدى. خەتنى قولىغا ئېلىپ، بىر ئىككى قەدەم ماڭدى. مېنى زەھەردەك كىچىك تاھارەت قىستىدى، تىز چوكتۇم. ئىشتىنى تۈگۈتۇپ، كىيىم - كېچەكلىرىمنى تۈزەپ، يولۇمغا ماڭماقچى بولغان ئىدىم. بىردىنلا بۇۋى يېنىمغا قايتىپ كەلدى، قولۇمنى تۇتۇپ سۆيدى. "ئەينە شۇ ھويلا مېنىڭكى. توت قەدەم يۈرۈشتىن باش تارتماي، شۇ كورۇنگەن ئىشككىچە مەن بىلەن بىللە بارغىن. بۇنىڭ بەدىلىگە خۇدايىم ساڭا ياشلىق دەۋرىڭدىن كوپرەك بەھرىمەن قىلغاي، — دىدى قېرى ئايال، — بۇ خەتنى ماڭا ئوقۇپ بەرگەندەك،

قىزىمىغىمۇ بېرىپ ئوقۇپ بېرىشىڭنى سورايمەن. چۈنكى، بۇ خەتتىكى سۆزلەرنى ئۆز قۇلىقى بىلەن تولۇق ئاڭلىسا دەيمەن. مەن قېرىغان ئايالمەن. بۇ سۆزلەرنى ئۇنىڭغا تولۇقى بىلەن يەتكۈزەلمەيمەن، دەپ ئەنسىرەيمەن. مەن بىلەن بىللە بارغىن. خۇدا ئۆمرۈڭنى زىيادە قىلسۇن، رىزقىڭغا بەرىكەت بەرسۇن! نامازلىرىمدىمۇ دۇئا قىلاي!» — دېدى. «بۇ كىمدىن كەلگەن خەت؟» — دەپ سورىدۇم. «بۇ مېنىڭ ئون يىلدىن بېرى دەرىكى يوقالغان ئوغلۇمدىن كەلگەن خەت. ئۇ مال ئېلىپ، سودىگەرچىلىك قىلىپ سەپەرگە چىققان ئىدى. كۆپ زاماندىن بېرى ئۇنىڭدىن خەت ـ خەۋەر كەلمىگەن. بىز ئۇنىڭدىن ئۈمىدىمىزنى ئۈزۈپ، قازاسى يەتكەن ئىكەن دەپ ئويلىغان ئىدۇق. بىردىن بۈگۈن ئۇنىڭدىن شۇ خەت كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ بىر سىڭلىسى بار، ناھايىتى جىگەرلىك، جانلىق قىز. ئۇ، ئاكىسى كەتكەندىن بېرى، كېچە ـ كۈندۈز تىنىم تاپماي، يىغلاپ كەلگەن ئىدى. مەن ئۇنىڭغا «ئاكاڭ سالامەت ئىكەن» — دېسەم ئىشەنمىدى. «بىرەر خەت بىلىدىغان كىشىنى قىچقىرىپ، ئۆز ئالدىمدا ئوقۇتقىن، ئۆز قۇلۇغۇم بىلەن ئاڭلاي. بولمىسا، كۆڭلۈم تىنجىپ خاتىرجەم بولالمايمەن» — دېدى. دايىم گۇمانغا ئۆگەنگەن ئادەملەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزەڭمۇ بىلىسەن. شۇ خەتنى مەن بىلەن بىللە بېرىپ ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىش بىلەن بىزنى قايغۇدىن قۇتۇلدۇرغىن. ئەينە شۇ ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئوقۇساڭ، سىڭلىسى ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئاڭلايدۇ. كىشىنى ھاجەتتىن چىقىرىشنىڭ ئۆزى قانچىلىك ياخشى ساۋاپلىق ئىش ئىكەنلىكىنى ئۆزەڭمۇ ئوبدان بىلىدىغانسەن ياكى ئاڭلىغانسەن. مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەر ھاجىتىنى ئادا قىلغان كىشىنى خۇدا يۈز

خىل ئاپەتتىن ساقلايدۇ. پەيغەمبىرىمىز : "ھەر كىشى بىرەر ئادەمنى بۇ دۇنيانىڭ غېمىدىن ئازات قىلسا، خۇدا ئۇنى ئاخىرەتنىڭ غېمىدىن ئازات قىلىدۇ!" دىگەن. يەنە باشقا بىر كىتاپتا: "ھەر كىشى باشقا بىرسىنى بۇ دۇنيانىڭ غېمىدىن خالاس قىلسا، تەڭرى ئۇنىڭ قىيامەتتىكى يەتمىش ئىككى خىل ئازاۋىنى كوتۇرۇۋىتىدۇ" دىيىلىگەن. بىر-ئىككى قەدىمىڭنى ئاياپ، مېنىڭ ئۇمىدىمنى يەردە قويما!—دىدى بۇۋى. "خوپ! قېنى يول باشلا!"—دىدىم. بىر ئاز يۇرۇپ، چوڭ بىر دەرۋازىغا كەلدۇق. دەرۋازا قىزىل مىسلاز بىلەن زىننەتلەنگەن ئىدى. مەن دەرۋازا سىرتىدا تۇردۇم. بۇۋى ئەجەم تىلىدا بىرسىنى قىچقىردى. كوزنى ئېچىپ يۇمغىچىلىك ۋاقىت ئوتمەي، كوزى ئويناپ تۇرىدىغان شوخ بىر ئايال يېتىپ كەلدى. ئۇ قارىغان كىشىنىڭ ئەقلى-ھوشىنى ئوغرىلايدىغان قىز بولۇپ، شائىرنىڭ مۇنۇ شېرى ئۇنىڭغا توغرا كېلەتتى:

ئالىمنى ئوينىتىپ، كوزنى ھەيران ئەيلىدى،
كۆلدى كوڭلۇمنى ئۇتۇپ، مېنى ۋەيران ئەيلىدى.
ئالدى ئەقلىمنى ئوغرىلاپ، ئول پەرى بىر ناز بىلەن،
بىر قاراشتا كۆل قىلىپ، شۇنچە سەرسان ئەيلىدى.

* * *

كوكسىنى ئېچىپ،
ئەقلىمنى چېچىپ،
قىلدى ئاشىق ۋە ئەسىر ئۇ ئېيتقان غەزەل.
گايى كۆلۇپ قاقاھلاپ،
مەينى ئالدى ئويناقلاپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاشىقى دېدى:

— جاننى ئالغىن بېرى كەل!

ئۇنىڭ يوتىلىرى كېلىشكەن، يېڭى تورۇلگەن، ئاپپاق مەيدىسى ئوچۇق ئىدى. ئىككى قولىدا قىممەتلىك تاشلار قادالغان ئالتۇن بىلەيزۈك. بوينىغا كوزنى قاماشتۇرغۇچى ئېسىل تاشلار ئېسىلغان، قۇلاقلىرىدا سەنئەتكار-زەرگەرلەرنىڭ ماھارەتلىك قوللىرىدا ئىشلەنگەن ئالتۇن ھالقا تاۋلىنىپ تۇراتتى. بېشىدىكى رومىلىغا ئورنىتىلغان رەڭمۇ-رەڭ تاشلار ئاي يورۇقىدا يالتىراپ، كوزنى چاقنىتىپ تۇراتتى. كوڭلىگىنىڭ ئېتەكلىرى تېخى ھازىرلا بىرەر ئىشقا تەييارلانغاندەك قايرىلغان ئىدى. ئۇنى كورۇشۇم بىلەن مەسلىكىم كۆچەيدى، ئەقلىمدىن ئازدىم. ئۇمۇ مېنى كورۇپ: "ئەي ئانا، خەتنى ئوقۇپ بېرىشكە كەلگەن يىگىت شۇمۇ؟" — دېدى. "ھەئە...شۇ" — دېدى بوۋى. قىز خەتنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ، ماڭا ئۇزاتتى. قىزى بوۋى خوتۇنغا قارىغاندا ماڭا يېرىم غۇلاچ يىراقتا ئىدى. بىزنى دەرۋازا ئايرىپ تۇراتتى. خەتنى ئېلىش ئۇچۇن قولۇمنى ئۇزاتتىم، قولۇم يەتمىدى. ئىلگىرىلەپ بېرىپ قول ئۇزاتتىم. شۇ چاغدا بوۋى ئارقامدىن بېشى بىلەن تۇرتۇپ ئىتتەردى. بىر دەمدە ھويلىغا كىرىپ قالغىنىمنى ئوزەممۇ بىلمەيلا قالدىم. قولۇمدا خەت، ئوزەمنى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كوردۇم. قېرى بوۋى چاقماق تېزلىكىدە دەرۋازا ئىچىگە كىردى ۋە ئالدىراپ زەنجىرگە قۇلۇپ سالدى.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.

—ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.



بىر يۈز يىگىرمە ئۈچىنچى كېچە

سودىگەر يىگىت شاھزادە تاجىلمۇلۇككە ئۆز ھېكايىسىنى داۋام قىلىپ كېلىپ، شۇنداق دەپتۇ: قېرى چاقماق تېزلىگىدە ئىچكىرى كىرىپ، ئالدىراپ - تىنەپ ئىشىككە قۇلۇپ سالدى. ئايال مېنى ھويلىدا كورۇپ، يېقىن كېلىپ، مېنى كوكسىگە باستى. يەرگە ياتقۇزۇپ، كوكسىمگە چىقىپ ئولتۇردى. قوللىرى بىلەن قوسىغىمنى قاتتىق مىجىدى. ھۇشۇمدىن كېتىشكە ئازلا قالدىم. كېيىن ئۇ مېنى شۇنداق قاتتىق قۇچاقلىدىكى، ئۇنىڭ قولىدىن بوشۇنۇشنىڭ ئىمكانىيىتى قالمىدى. خوتۇن مېنى كوتۇرۇپ ئىچكىرىگە ئېلىپ كىردى. قېرى شام كوتۇرۇپ ئالدىمىزدا ماڭدى. يەتتە ئىشىكتىن ئوتۇپ، توت دەرىزىلىك چوڭ بىر ئويگە كىردۇق. ئوي شۇنچىلىك چوڭ ئىدىكى، ئاتلىقلار تارتىنماي مەشق قىلالايتتى. خوتۇن مېنى بوشۇتۇپ: "ئەمدى كوزۇڭنى ئاچ!" — دېدى. مەن ئۇنىڭ شۇنچىلىك سىقىشىدىن ھەيران ئىدىم. ئوي مەرمەردىن ئىشلەنگەن. ھەممە تەرەپ يىپەك گىلەملەر بىلەن زىننەتلەنگەن. كورپە - ياستۇقلار شۇنىڭغا لايىق قىلىنغان بولۇپ، يىپەك رەختلەر ۋە دۇخاۋىلار-دىن ئىدى. ئۇ يەردە سېرىق مىستىن ئىشلىنىپ، ئالتۇن يالىتىلغان تورلۇك قىممەتلىك تاشلار ئورنىتىلغان تەختمۇ بار ئىدى. ئىش قىلىپ، ھەممە تەرەپ شاھانە ئىدى. كورگەن كىشى: ھايھاي دېمەي قالمايتتى. شۇ چاغدا ئۇ، ماڭا قاراپ: "ساڭا ھاياتلىق كېرەكمۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يوقمۇ؟"ــ دېدى. "ئەلۋەتتە كېرەك!"ــ دېدىم مەن. ئۇ: "ئەگەر ھايات شېرىن بولسۇن دېسەڭ ۋە جېنىڭ كېرەك بولسا، مېنى نىكاھىڭغا ئالىسەن!"ــ دېدى. "مەن ساڭا ئوخشاشلار بىلەن نىكاھلىنىشتىن ئەيمىنىمەن"ــ دېدىم. "گېپىمگە كىرىپ ماڭا ئۆيلەنـسەڭ، جادۇگەر قېرىنىڭ قىزىدىن قۇتۇلىسەن!"ــ دېدى. "جادۇگەر قېرى دېگىنىڭ كىم ئۇ؟"ــ دەپ سورۇدۇم مەن ياندۇرۇپ. "بىر يىل توت ئايدىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە سەن. ئۇنى تېخىچە بىلمەمسەن؟! خۇدا ئۇنىڭغا ئۆلۈم بەرسۇن! ئەز بىرايى خۇدا، ئۇنىڭدەك ھىلىگەر خوتۇن دۇنيادا يوق. ئۇ سېنىڭدىن بۇرۇنمۇ قانچە كىشىلەرنى، بولۇپمۇ ئىش كورمىگەن يىگىتلەرنى كاردىن چىقارغان ۋە ئۆلتۈرگەن. ئۇنىڭ ئۇنداق يىگىتلەرگە قىلمىغىنى قالمىغان. ئۇنىڭ قولىدىن ھەرقانداق بالا ۋە ھەرقانداق قازا كېلىدۇ. ئۇ، ھەر قانداق ئىشنى قىلىدۇ. شۇنچە زامانلاردىن بېرى سېنى ئۆلتۈرمىگىنىگە ياكى بېشىڭغا بىرەر كۆلپەت سالمىغىنىغا ھەيرانمەن"ــ دېدى ئۇ كۆلۈپ. ئۇنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلاپ ئەجەپـلەندىم. "سەن ئۇنى قانداق بىلىسەن؟"ــ دەپ سورۇدۇمەن تېخىمۇ ئەجەپلەنگەن ھالدا. "مەن ئۇنى ئوبدان بىلىمەن. بىر زاماندىن بېرى ئۇز كىشىلىرىگە يەتكۈزگەن مۇسىبەتلىرى بىلەن ناھايىتى ياخشى بىلىمەن. لېكىن ئۇنىڭ ساڭا تېخىچە زىيان يەتكۈزمىگەنـلىگىگە ھەيرانمەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن، ئاراڭلاردا بولغان ۋەقەنى يىپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە ماڭا سوزلەپ بېرىشىڭنى سورايمەن"ــ دېدى ئۇ. مەن ئۇ خوتۇنغا، ئۇ ئايال بىلەن تاغامنىڭ قىزى ئەزىزە ۋە بىزنىڭ ئارىمىزدا بولۇپ ئوتكەن ھەممە ئىشنى باشتىن ـ ئاياق سوزلەپ بەردىم. تاغامنىڭ قىزىنىڭ ئۆلگىنىنى

ئاڭلاپ، ئۇ ناله ـ پەريات كوتەردى. "ئۇنىڭغا خۇدانىڭ ئوزى رەھمەت قىلسۇن، ساڭا سەۋرى ئاتا قىلسۇن،ــ دەپ يەغلىدى ئۇ، سۇيگۇ يولىدا خۇدا رىزاسى ئۇچۇنلا قۇربان بولغان. شۇنىڭ سەۋەبىدىن، خۇدا سېنى ھىلىگەر قېرىنىڭ قىزىنىڭ قولىدا سالا-مەت ساقلاپ كەلگەن. ئۇ، سېنى پاك جېنى بىلەن قوغدىمىغان بولسا، ئاللاقاچان ھالاك بولاتتىڭ! ئۇنىڭ ساڭا قىلىدىغان ھىلە ـ مىكىرلىرىدىن قورقىمەن. لېكىن سوز قىلالمايمەن، تىلىم شۇنىڭغا كەلگەندە ئاجىز. چۇنكى ئۇ شەيتانغا دەرس بېرىدىغان مەككار" دىدى ئۇ. "ئەزىبىرايى خۇدا، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بولۇپ ئوتكەن ئىشلارغۇ؟" دىدىمەن. ئۇ، بېشىنى توۋەن سېلىپ: "بۇ دۇنيادا تاغاڭنىڭ قىزىدەك ياكى شۇ ئەزىزەگە يېتىدىغان كىشى تېخى يوق. ئۇنداق ئادەم تېخىچە ئانىدىن تۇغۇلمىغان دىسىمۇ بولىدۇ!" ــ دىدى ئۇ. تاغامنىڭ قىزى ئەزىزە جان ئۇزىدىغان ۋاقتىدا ئۇنىڭغا: "ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئۇلۇغ ئىشتۇر، ۋاپاسىزلىق كەچۇرگىسىز جىنايەتتۇر! دىگەن سوزنى ئېيتىپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلغان" دىدىمەن. ئۇ، بۇ سوزنى ئاڭلاپ: "ئەي ئەزىز! سېنى قېرىنىڭ قىزىنىڭ ھىلە ـ مىكرىدىن پەقەت مۇشۇ سوزلا قۇتولدۇرۇپ قالغان. شۇ سوزنىڭ ھورمىتى ئۇچۇن ئۇ سېنى ئولتۇرمىگەن. تاغاڭنىڭ قىزى ھايات چېغىدىمۇ، ۋاپات بولغاندىمۇ سېنى قوغدىغان ۋە ئاسرىغان، ئەزىبىرايى خۇدا، بىر كۇن بولسىمۇ سەن بىلەن بىللە بولۇشنى مەن خېلىدىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىدىم. بۇگۇنگىچە ئۇنىڭ ھېچبىر ئىلاجى بولمىدى. ئاخىرى مۇشۇ ھىلە ئارقىلىق بۇگۇنلا مەن ئارزۇيۇمغا يېتىشتىم. سەنمۇ ساددىسەن. خوتۇنلارنىڭ مىكرىنى، قېرىلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئويۇنـلىرىنى تېخى بىلمەيسەن، خامسەن. سەن ئەمدى خاتىرجەم بولغىن. مەن ساڭا ئەزىزەنىڭ ئورنىدىمەن. سەنمۇ مېنى شۇنىڭ ئورنىـدا كورسەڭ بولىدۇ"ـــ دىدى ئۇ. "ئەزىبىرايىي خۇدا، مەن ھازىر نىمە قىلىشىمنى بىلمەيمەن"ـــ دىدىم. "خاتىرجەم بول! ئوزەڭنى خوش تۇت! ئولگەنلەرنىڭ روھى مەدەت قىلغان كىشىگە تىرىكلەرمۇ غەمخورلۇق قىلىدۇ. سەن چىرايلىق يىگىتسەن. مەن سەن بىلەن پەقەت شەرىئەت قانۇنىغا مۇۋاپىق قوشۇلۇشنى تىلەيمەن. كوڭلۇڭ تىلىگەن ھەر قانداق مال، ھەرقانداق كىيىمنى قاچان خالىساڭ شۇ چاغدىلا ھازىر قىلىمەن. سېنى ھىچ ۋاقىتتا خارلىمايمەن. مېنىڭ ھەممە نەرسەم مۇكەممەل. نېنىم پۈتۈن، داستىخىنىم ئوچۇق، ياغ بىلەن سۇ قاچىدا تۇرۇپتۇ. سەندىن ھىچ نەرسە ئالمايمەن. بۇ يەردە پەقەت ماڭا خورازنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ بەرسەڭلا بولىدۇ. سېنىڭدىن شۇنى تىلەيمەن". "خورازنىڭ خىزمىتى نىمە؟"ـــ دىدىم مەن. "خورازنىڭ نىمە قىلىدىغىنىنىمۇ بىلمەمسەن؟!"ـــ دىدى ئۇ قىز چاۋاك چېلىپ قاقاھلاپ كۇلۇپ. كېيىن: "ئەي ئانا، قېشىڭىدىكىلەرنى قىچقىرغىن!"ـــ دىدى. بىر دەمدە قېرى توت گۇۋا بىلەن كىرىپ كەلدى. توت شام يېقىلدى. گۇۋالار ماڭا سالام بەردى. ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ، رومال ئارتىپ، گۇۋالارنىڭ بىرىنى نىكاھ قىلىشقا ۋەكىل قىلدى. خوتۇن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى تويلۇغىنى، ھەققى مېھرىنى ئوز قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغانلىغىنى، مېنىڭ ئون مىڭ تىللا پۇلۇم ھازىر ئۇنىڭ قولىدا ئىكەنلىگىنى ئېيتتى".

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



بىر يۈز يىگىرمە تۆتىنچى كېچە

—ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

سودىگەر يىگىت شاھزادە تاجىلمۇلۇككە ھېكايىسىنى داۋام قىلىپ، شۇنداق دەپتۇ:

"خوتۇن گۈۋالار ئالدىدا بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى تويلۇق ۋە ھەققى مېھرىنى ئۆز قولىغا ئالغانلىغىنى، ھازىر ئون مىڭ تىللا پۇل ئۇنىڭ قولىدا ئىكەنلىگىنى ئېيتتى. گۈۋالارغا تېگىشلىك ھەقلىرىنى بېرىپ يولغا سالدى. خوتۇن ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى سالدى. جىيەكلىرىگە ئالتۇن ئۇقا تۇتۇلغان، نېپىز بىر كۆڭلەك بىلەن يېنىمغا كەلدى، قولۇمدىن تۇتتى. 'ھالالغا تارتىنىش يوق' دەپ ئورنىغا باشلىدى. ئۆزى ئېسىلىپ مېنى باغرىغا باستى. كېيىن زىل ئاۋازى بىلەن بىر قىچقىرىپ، كۆڭلىكىنى كوكسىگە كۆتەردى. مەن ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، ئۆزەمنى تۇتۇپ تۇرالمىدىم. ئۇ، 'ئاھ' ئۇراتتى، نازلىنىپ ياشسىز يىغلايتتى. ئەتىسىگىچە بىللە ياتتۇق. تاڭ ئېتىشى بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇ يەردىن چىقىپ كەتمەكچى بولدۇم. خوتۇن كۈلۈپ يېنىمغا كېلىپ: 'بارىكاللا ساڭا'. سەن بۇ يەرگە كىرىپ-چىقىشنى ھامامغا كىرىپ چىقىشقا ئوخشىغاندەك ئاسان چاغلامسەن؟ مېنى ھىيلىگەر قېرىنىڭ قىزىغا تەڭلەشتۈرمە! سەن بۇ پىكرىڭدىن ياڭ! ئۇ قۇرۇق خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئاخشامدىن باشلاپ، سەن شەرىئەت قايدىسىغا مۇۋاپىق، مېنىڭ ئېرىمسەن. ئەگەر مەس بولساڭ، ئېسىڭنى يىغ. سەن كىرگەن بۇ ئۆينىڭ ئىشىگى يىلدا بىر قېتىملا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېچىلىدۇ. پەقەت بىرلا كۈن ئوچۇق تۇرىدۇ. ئىشەنمىسەڭ،
چوڭ دەرۋازىغا بېرىپ قاراپ باق!" — دېدى ئۇ. بېرىپ
قارىسام، چوڭ دەرۋازا ئېچىلمايدىغان قىلىپ پۇختا مىقلاپ
تاشلانغان ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ: "نېمە ئۈچۈن
بۇنداق مىقلانغان؟" — دېدىم مەن سوئال نەزىرىم بىلەن قاراپ.
"ئەي ئەزىز، بىزدە بىر نەچچە يىلغا يەتكۈدەك گۈرۈچ، ياغ،
گۆش، قەن-گېزەك ۋە باشقا ئوزۇق-تۈلۈكلەر تولۇق بار.
دەرۋازا شۇ كېچىدىن باشلاپ پەقەت بىر يىلدىن كېيىنلا ئېچىلىدۇ.
سەن بۇ يەردىن بىر يىلدىن كېيىنلا چىقالايسەن" — دېدى ئۇ.
"لاھەۋلا، ۋەلاقۇۋۋەتى، ئىللا بىللاھى ئەلىيۇل ئەزىم" دېدىم مەن.
"ئەمدى سەن مەن ئېيتقان خورازنىڭ خىزمىتى بىلەن تونۇشتۇڭ.
ساڭا بۇ يەردە ئۇنىڭدىن باشقا ئىش يوق! بۇندىن كېيىن شۇ خو-
رازلىغىڭنى قىلىپ ياتماي، تاشقىرىغا چىقىشقا نىمىشقا شۇنچە ئال-
دىرايسەن. ئۇنىڭدىن ساڭا نىمە پايدا بار؟" — دەپ كۈلدى ئۇ.
مەنمۇ كۈلدۈم. ئۇنىڭ سوزلىرىگە ئىتائەت قىلىپ، شۇ يەردە
خورازلىق قىلىپ قالدىم. راسا بىر يىلغىچە ئۇ يەردە يەپ ئىچىپ،
خورازنىڭ ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلدىم. كۆڭلۈم شۇنىڭ بىلەن
ئۆتتى. بۇ ئارىلىقتا ئۇ، مەندىن قوساق كوتىرىپ تۇغدى، بالا
كوردۇم. يىل ئاخىرلاشتى. دەرۋازىنىڭ ئېچىلىش خەۋىرىنى
ئاڭلىدىم. بىر كۈنى دەرۋازا ئېچىلىپ، ئادەملەر ئۇن، گۈرۈچ
ۋە باشقا قەن-گېزەك قاتارلىق لازىملىقلىرىنى توشۇۋاتقانلىغىنى
كورۇپ، شەھەرگە چىقىش ئۈچۈن ھەركەت قىلدىم. "كەچكىرگىچە
سەۋرى قىل! قانداق كىرگەن بولساڭ، شۇنداق ۋە شۇ ۋاقىتتا
چىقىسەن" — دېدى ئۇ. كەچكىچە كۈتتۈم. كەچقۇرۇن قورقۇپ-

چوچۇپ، سىرتقا چىقىشقا ھازىرلاندىم. شۇ چاغدا خوتۇن يېنىمغا كېلىپ: "شۇ كۈنى كەچ ئىشىك يېپىلىپ دەرۋازا مىقلانغىچە قايتىپ كېلىشكە قەسەم ئىچمىگىچە سىرتقا چىقارمايمەن"— دېدى. مەن رازى بولدۇم. ئۇ ماڭا قۇرئان، قىلىچ ۋە تالاق خېتى نامى بىلەن قەسەم بەردى. ئۇنىڭ يېنىدىن قەپەستىن چىققان قۇشتەك ئېتىلىپ چىقىپ، باغچىغا قاراپ ماڭدىم. باغچە ئىشىكى بۇرۇنقىدەكلا ئوچۇق ئىكەن. ئاچچىغىم كەلدى: "مەن بۇ يەرگە كەلمىگىنىمگە بىر يىل بولدى. ۋاقىت كەچ، قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالدى، ئىمىشقا بۇ ئىشىك تېخى ئوچۇق. قىزنىڭ ئادىتى تېخىچە ئۆزگەرمەپتۇ. مەندىن كېيىن يەنە باشقا بىرەر كىشىنى تاپتىمۇ-يە؟ باقا كىرىپ كۆرەي، ھەقىقى ئەھۋالنى بىلەي"— دېدىم ئۆز-ئۆزەمگە. باغچىغا كىردىم ۋە بۇ يەردىن چىقىپ ئانامنى كۆرمەكچى بولدۇم.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



بىر يۈز يىگىرمە بەشىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

يىگىت تاجىلمۇلۇككە ئۆز ھېكايىسىنى سۆزلەپ كېلىپ، شۇنداق دەپتۇ: "باغچىدىكى بىنانىڭ ئىچىگە كىردىم. ھېلىگەر قېرىنىڭ قىزى بېشىنى تىزىغا قويۇپ، قولىنى ئىڭىكىگە تىرەپ ئولتۇرغان ئىكەن. قىزنىڭ رەڭگى سامانىدەك سارغايغان، كۆزلىرى ئوتۇقۇپ كەتكەن ئىدى. مېنى كۆرۈشى بىلەن: "ساق-سالامەت كۆرۈشكىنىمىز ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خۇداغا شۈكرى"ــ دېدى ئۇ ۋە ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى، خوشلۇغىدىن يىقىلدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆيۈلۈپ بېشىمنى تۆۋەن سالدىم. ئاندىن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئەركىلەپ تۇرۇپ سويدۇم. "بۈگۈن كېلىشىمنى بىلگەنمىدىڭ؟"ــ دەپ سورىدۇم مەن ئۇنىڭدىن. "بىلگىنىم يوق ئىدى، ــ دېدى ئۇ. ـ ئەزبىرايى خۇدا، بىر يىلدىن بېرى سېنى كۈتۈپ، كوكسۇلدىكىدەك تاماقـىمۇ يېمىدىم، ئارام بولغىدەك ئۆيقۇ كورمۇدۇم. سەن كەتكەندىن بېرى شۇ خىلدا كۈن كەچۈردۇم. ساڭا يېڭى كىيىم بەردىم، سەنمۇ ھامامدىن چىقىپلا كېلىشكە ۋەدە قىلغان ئىدىڭ؟ بىر كۈن، ئىككى كۈن، ئۈچ كۈن كۈتتۈم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق شۇنداق كۈتتۈم. سەن بىر كۈننى بىر يىلدا توشقۇزۇپ كەلدىڭ؟ ئاشىق شۇنداق بولۇشى كېرەكمۇ؟ نىمىشقا شۇنچە ۋاقىت ــ بىر يىل ــ ئون ئىككى ئايغىچە يوقاپ كەتتىڭ؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى سوزلىشىڭنى ئىستەيمەن"ــ دېدى ئۇ. ئۇنىڭغا ماڭا يولۇققان ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى سوزلەپ بەردىم. مېنىڭ ئۆيلەنگىنىمنى ئاڭلاپ رەڭگى ئوزگەردى. كېيىن ئۇنىڭغا: "شۇ كېچىلا كەلدىم. تاڭ ئاتماي تۇرۇپ' ئەلۋەتتە قايتىشىم كېرەك. ماڭا جاۋاپ بەرسەڭ، مەن ئوزرىلىكمەن"ــ دېدىم. "ساڭا شۇنچە ھىلىلەرنى ئىشلىتىپ تېگىشۋالغىنى، بىر يىل قاماپ قويۇپ قىيىنغىنى يەتمەسمىدى؟ پەقەت بىر كېچە ئاناڭ ياكى مېنىڭ يېنىمدا تۇرۇپ راھەتلىنىشىڭنى لايىق كورمەي تاڭ ئاتماي قايتىپ بېرىشىڭغا قەسەم ئىچكۈزسە. بىر كېچە ئوزىدىن يىراق كېتىشىڭگە چىدىمىسا، بۇنىڭغا نىمە دىسە بولىدۇ؟ بىر غىنچە تاشلاپ كەتكەن كىشىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە ۋاقىت بېرىپ ئويلاپمۇ كورمىسە، بۇ، باشقىلار ئۈچۈن خورلۇق ئەمەسمۇ؟

نىڭ قىزىغا خۇدا رەھمەت قىلسۇن. ئۇ بىچارە ھېچكىم كۆرمىگەن
كۆلپەتلەرنى كۆردى. ھېچكىم چىدىمايدىغان دەرت ـ ئەلەملەرگە،
كۆندەشلىك ئازاۋىغا چىدىدى. سېنىڭ جەۋرى ـ جاپايىڭنى تار ـ
تىپ، ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى قۇربان قىلدى. ئۇ، سېنى مەندىن
ھىمايە قىلدى. مەن سېنى كېلىدۇ، دەپ ئويلۇدۇم. كېلىش ـ
كېتىشنى ئۆز ئىختىيارىڭغا قويدۇم. بولمىسا، مەنمۇ سېنى قاماپ
قويۇشقا، ئەگەر گېپىمگە كىرمىسەڭ، ئۆلتۈرۈشكىمۇ كۈچۈم يېتەتتى“ ـــ
دېدى ۋە ھۆكىرەپ يىغلىدى. غەزىۋى ئۆرلەپ، ماڭا ئالىيىپ
قارىدى. ئۇنى بۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ، ئەزايى ـ بەدىنىمنى تىترەك
باستى. ئۇنىڭدىن قورقتۇم، تېپىرلايتتىم. ”ئۇنىڭغا ئۆيلۈنۈپسەن،
بالا تېپىپسەن. ئەمدى ماڭا سېنىڭدىن پايدا يوق. مەن بىلەن
ئەيشى ـ ئىشرەت قىلىپ ئويىنىيالمايسەن. پەقەت بويتاق يىگىتلا
مېنىڭ كۆڭلۈمگە يارايدۇ. ئۆيلەنگەن ئادەمنىڭ ماڭا كېرىكى يوق.
ئۇ ھىلىگەرگە ئۆيلەنگىنىڭ ئۈچۈن، مەن سېنىڭ ئەدىۋىڭنى بېرى ـ
مەن. ماڭىمۇ، ئۇنىڭغىمۇ يوق قىلىمەن“ ـــ دېدى ۋە يۇقۇرى ئاۋاز
بىلەن قىچقىردى. قەيەردىندۇر، ئۇنچە كېنىزەك پەيدا بولدى.
نىمە بولغىنىنى سەزمەيلا قالدىم. ئۇلار كېلىپ، بىر دەمدە مېنى
يەرگە باستى. ئۇلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا ياتقىنىمنى كۆرۈپ، ئۇ،
ئورنىدىن تۇردى، قولىغا پىچاق ئالدى. غەزەپ بىلەن كېلىپ
مەيدەمگە مىندى. ”سېنى قويىنى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلايمەن. بۇ
جازا مەن بىلەن تاغاڭنىڭ قىزى ئەزىزەگە سالغان جەۋرەڭنىڭ
ئالدىدا ھېچ نىمىگە ئەرزىمەيدىغان كىچىككىنە بىر چارە“ ـــ دېدى
ۋاقىراپ. كېنىزەكلەر ئايىغى ئاستىدا تۇپراققا مىلىنىپ ياتقىنىم،
توپەمدە ئۇنىڭ پىچاق تەڭلەپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ: ”كۆرىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆڭنۈم، يەيدىغان رىزقىم تۈگەپ، قازايىم تىكىلىپتۇ، ئەجىلىم يېتىپتۇ"— دەپ ئويلىدۇم. چۈنكى، ئۆلۈم كۆزۈمگە ئەينەكتەك كۆرۈنۈپ قالغان ئىدى.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسى توختاتتى.



بىر يۈز يىگىرمە ئالتىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

يىگىت تاجىلمۇلۇككە ئۆز ھېكايىسىنى داۋام قىلىپ كېلىپ، شۇنداق دەپتۇ: "كېنىزەكلەر ئايىغى ئاستىدا تۇپراققا سىلىنىپ ياتقىنىم، مەيدەمدە ئۇنىڭ پىچاق تەگلەپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ: "قازايىم تىكىلىپتۇ، ئەجىلىم يېتىپتۇ"— دەپ ئويلىدۇم. چۈنكى، ئۆلۈم كۆزۈمگە ئەينەكتەك كۆرۈنۈپ قالغان ئىدى. نىجاتلىق تىلەپ يېلىنغان ئىدىم، تېخىمۇ غەزەپلەندى. كېنىزەكلىرىگە مېنى باغلاشنى بۇيرۇدى. مېنى باغلاپ بولۇپ، يەنە ئۆگدامغا ياتقۇزدى. مەيدەمگە مىنىپ تۇرۇپ، بېشىمنى باستى. ئىككى كېنىزەك ئىككى پۇتۇمغا مىنىپ باستى. يەنە ئىككىسى قولۇمنى باستى. يەنە ئىككى كېنىزەككە مېنى جاي تاللاپ تۇرماي، توغرا كەلگەن يېرىمگە ئۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇلار ئاۋازىم بوغۇلۇپ، بېشىم ئايلانغىچە ساۋىدى. "پىچاق بىلەن بوغۇزلاش، بۇ تاياقتىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق ئىدى"— دېدىم ئۆز ـ ئۆزەمگە ئىچىمدە. شۇ چاغدا تاغامنىڭ قىزى ئەزىزەنىڭ: "خۇدا سېنى ئۇنىڭ قەھرىدىن ساقلىسۇن"— دىگەن سۆزىنى

ئەسلىدىم. زارلىنىپ يىغلىدىم. تاۋۇشۇم بوغۇلۇپ، نەپەس ئېلىشىم قىيىنلاشتى. ئۇ پىچاقنى تەگلەپ، كېنىزەكلىرىگە مېنى بوغۇزلاشنى بۇيرۇدى. شۇ چاغدا بىردىنلا، تاغامنىڭ قىزى ئەزىزەنىڭ: "ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئۇلۇغ ئىشتۇر، ۋاپاسىزلىق كەچۈرگۈسىز جىنايەتتۇر!"—دىگەن ۋەسىيتى مېنىڭ يادىمغا كەلدى. "ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئۇلۇغ ئىشتۇر، ۋاپا سىزلىق كەچۈرگۈسىز جىنايەتتۇر!"— دىدىمەن. بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ئۇ خوتۇن قاتتىق "ئاھ!..." تارتتى. ۋە يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن: "خۇدا ساڭا رەھمەت قىلسۇن! ئەي مەرھۇمە ئەزىزە، سەن تاغاڭنىڭ ئوغلىنى تىرىكلىگىڭدە ھىمايە قىلغىنىڭدەك، ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ھىمايە قىلىپ، ئولمەي سالامەت قېلىشىغا سەۋەبچى بولدۇڭ،—دىدى ماڭا قاراپ،—ئۇ ساڭا ۋاپا قىلغان ئىدى، سەن ئۇنىڭغا جاپا قىلدىڭ. ئۇ يەنە بالادىن سېنى ئاسرىدى. ئەزىبرايى خۇدا، سەن مانا شۇ سوزلەرنىڭ خاسىيتىدىن پىچاق يىيىشتىن قۇتۇلدۇڭ. لېكىن، مەن سېنى شۇنداق بوشۇتۇپ قويۇپ بەرمەيمەن. سېنى مەندىن ئايرىغان ھىلىگەر بۇزۇق بەھرى ئالالمىغىدەك ئىز قالدۇرماي قويمايمەن"—دىدى. كېنىزەكلىرىگە ئايىغىمنى ئاغامچا بىلەن باغلاپ تارتىشنى بۇيرۇدى. بەزىلىرىگە ماڭا مىنىپ ئولتۇرۇشنى بۇيرۇدى. كېنىزەكلەر بۇيرۇقنى ئورۇندىدى. ئۇ تازا تاۋا ئالغۇزدى. تاۋىغا ياغ قۇيدى. ئۇنىڭغا سۇرمە ئارىلاشتۇرۇپ، ئوتقا قويدى. بېشىم ئاللاقاچان ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. كېيىن مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ، كىيىمىمنى يەشتى. ئەرلىك جىنسى ئەزايىمنى چىگە بىلەن باغلاپ، كېنىزەكلىرىگە ئۇنى چىڭ تارتىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار تارتىشتى. مەن ئاغرىققا چىدىيالماي، ھۇشۇمنى يوقاتتىم. ئۇ قولىغا ئۇستىرا

ئېلىپ ئالتىمىنى كەستى. كېسىلگەن يەرنى داغلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىتىلغان ياغنى سۈركىدى. ھۇشۇمغا كېلىپ كوزۇمنى ئاچسام، قان توختىغان ئىكەن. بىر ئاياق شاراپ ئىچكۈزدى. "ھازىر بىر كېچىگە يېتەرلىك قىلغان خوتۇنۇڭنىڭ يېنىغا بار. ئۇ سېنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. سېنىڭ چېنىڭغا ئارا تۇرۇپ، ئامان ـ ئېسەن قېلىشىڭغا سەۋەبچى بولغان، ئوزىنىڭ سىرىنى يوشۇرۇپ، ئەلەم بىلەن ئالەمدىن ئوتكەن تاغاڭنىڭ قىزى ئەزىزەگە خۇدا رەھمەت قىلسۇن. ئەگەر شۇنىڭ ئەشۇ سوزلىرىنى تىلغا ئالمىغاندا، سېنى ئاللاقاچان بوغۇزلاپ تاشلايتتىم. مېنىڭ ھازىر سېنىڭ يۈزۈڭنىمۇ كورۇشكە تاقىتىم يوق. تۇر، تاغاڭنىڭ قىزىنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ، بۇ يەردىن كەت! سېنىڭ ماڭا كېرىكىڭ يوق. ئەمدى مەن ئوزەمگە كېرەكلىك نەرسىنى ئېلىپ قالدىم"ــ دەپ، ئارقامغا كېلىشتۇرۇپ بىرنى تەپتى، مەن يىقىلىپ چۈشتۇم. ئەتراپىمدا ھېچكىم قالمىغان ئىدى. يىقىلىپ ـ قوپۇپ، ئالچاڭلاپ ماڭدىم. مېڭىشىم ناھايىتى قىيىن ئىدى. ئاستا ـ ئاستا يۇرۇپ، خوتۇنۇمنىڭ ئۆيىگە يېتىپ باردىم. دەرۋازا تاقالمىغان ئىكەن. ئوزەمنى ئاران ئىچكىرىگە ئېلىپ، ھۇشۇمدىن كېتىپ يىقىلدىم. خوتۇنۇم چىقىپ كوتۇرۇپ، ئىچكىرى ئۆيگە ئېلىپ كىردى. مەن تېخىلا ھۇشسىز دىگىدەك ئىدىم. ئۇ، ئەھۋالىمنىڭ ئېغىرلىقىنى كورۇپ، ئورنۇمغا ياتقۇزۇپتۇ. ئۇ، مېنىڭ پىچىپ ئاختا قىلىنغىنىمنى ئېنىقلاپ بىلىپتۇ. مەن ھۇشۇمغا كەلسەم، خوتۇنۇمنىڭ قېشىدا ئەمەس، دەللالنىڭ قىزىنىڭ باغچىسىنىڭ ئىشىگىدە يېتىپتىمەن.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



## بىر يۈز يىگىرمە يەتتىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

يىگىت تاجىلمۇلۇككە ھېكايىسىنىڭ داۋامىنى سۆزلەپ كېلىپ، شۇنداق دەپتۇ: "ھۇشۇمغا كېلىپ قارىسام، خوتۇنۇمنىڭ ئۆيىدە ئەمەس، دەللالىنىڭ قىزىنىڭ باغچىسىنىڭ ئىشىكىدە يېتىپتىمەن. نالە-زار بىلەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. يىقىلىپ-قوپۇپ، ئۆمىلەپ يۈرۈپ، ئۆز ئۆيۈمگە كەلدىم. ئۆيگە كىرسەم، ئانام مېنى ئەسلەپ، يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. "قەيەردە ئىدىڭ. سەن راسلا مېنىڭ ئوغلۇممۇ؟ ياكى كۆزۈمگە كۆرۈنۈۋاتامسەن؟" — دېدى ئۇ. ئۇنىڭغا يېقىن بېرىپ، بوۋاق بالىدەك، ئۆزەمنى ئانامنىڭ قۇچىقىغا تاشلىدىم. ئانام ماڭا تىكىلىپ قاراپ، چىرايىمدىن ئاغرىقلىقىمنى بىلدى. شۇ چاغدا تاغامنىڭ قىزىنى ئەسلىدىم. ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى خاتىرىلىدىم. ئۇ مېنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. مەن بۇنى ئوبدان بىلەتتىم. شۇنى ئويلاپ يىغلىدىم، ئاناممۇ يىغلىدى. "ئەي ئوغلۇم، ئاتاڭ سېنى كۆرەلمەي ئالەمدىن ئۆتتى" — دېدى ئانام يىغلاپ. ۋۇجۇدۇمنى ئەلەم قاپلىدى. يىغلاۋېرىپ ھۇشۇم قالمىدى. كۆزۈمنى ئاچتىم. تاغامنىڭ قىزى ئەزىزە ئولتۇرغان جايلارنى كۆرۈپ، يەنىمۇ قاتتىقراق يىغلىدىم. ياقامنى يىرتىپ يەرگە ئېغىناپ، نالە قىلاتتىم. يېرىم كېچىگىچە شۇ يوسۇندا يىغلىدىم. "ئاتاڭنىڭ ئۆلگىنىگە ئون كۈن بولدى" — دېدى ئانام يەنە. "تاغامنىڭ قىزىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە مېنىڭ كۆڭلۈمگە

سىغمايدۇ. ئۇ مېنى ياخشى كۆرگەن ھالدا ئالەمدىن ئۆتتى. مەن ئۇنى قان يىغلاتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ كۆلپەتلەرنى تارتىشقا ھەقلىقمەن"— دېدىممەن خورلۇنۇپ. "قانداق كۆلپەتلەرنى تارتتىڭ؟"— دېدى ئانام مۆكلۈنۈپ. مەن بېشىمدىن ئۆتكەن بارلىق ۋەقەلەرنى يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە قالدۇرماي سۆزلەپ بەردىم. ئانام تولۇق ئاڭلاپ، ئۇزاق يىغلىدى. كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، تاماق ئېلىپ كەلدى. بىر ئاز تاماق يېدىم. كەچۈرمىشلىرىمنى قايتىدىن سۆزلەپ، پۈتۈن ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى ھېكايە قىلدىم. "ھېلىمۇ ياخشى تىرىك قاپسەن. ئۆلتۈرسە نېمە قىلالايتتىڭ"— دېدى ئانام ۋە ماڭا دارى - دەرمان ئېلىپ كەلدى، داۋالاشقا باشلىدى. كېسىلىم ياخشىلىنىپ، تامامەن ساقايدىم. "ئەمدى تاغاڭنىڭ قىزى ئەزىزە قويغان ئامانەتنى چىقىرىپ بېرىمەن. ئۇ سېنىڭكى بولىدۇ. ئۇ ماڭا: بۇ ساڭا ئامانەت، ئۇنى ئوغلۇڭغا ئۇ مېنى تازا ئەسلەپ قايغۇرغان، مەندىن باشقىسىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان چاغدىلا تاپشۇرۇپ بەرگىن— دەپ ۋەسىيەت قىلغان. مەن ئۇنىڭغا قەسەم بەرگەن ئىدىم. ھازىر مەن سەندە شۇ ھالەتلەرنى كۆرۈۋاتىمەن"— دەپ ئورنىدىن تۇردى، ساندۇقنى ئاچتى. ساندۇقتىن ئەنە شۇ كېيىك سۈرىتى بار لاتىنى ئالدى. بۇ ياغلىقنى بۇرۇن مەن تاغامنىڭ قىزى ئەزىزەگە تارتۇق قىلغان ئىدىم. بۇنىڭغا يېڭىدىن ئەزىزەنىڭ قەلىمى بىلەن شۇ شېئىرلار يېزىلغان ئىدى:

باغرى تاش ئەي دىلبىرىم، ئەمدى سەن قالغىن ئامان،
قىزغىنىپ مېھرىڭنى مەندىن ئەيلىدىڭ باغرىمنى قان.

مەن ساڭا قىلدىم ۋاپا يۇ، سەن ماڭا سالدىڭ جاپا،
بىر تەبەسسۇمنى ماڭا سەن كۆرمىدىڭ زادى راۋا.

ئۇن گۈلۈمنىڭ بىرسىمۇ بىر غۇنچە تۇزمەي توزىدى،
لەۋلىرىممۇ قالدى سادىق، ۋەدىسىنى بۇزمىدى.

مەن پىراقىڭنى يۇتۇپ، ھىجرىڭ بىلەن ئاقتى كوزۇم،
ساڭا كەلگەن دەرت ـ ئەلەمنى كوتۇرۇپ كەتتىم ئوزۇم.

بادە ئىچتىڭ غەيرى بىرلەن، ئويىنۇدۇڭ شامۇ ـ سەھەر،
جان كويەر باغرىڭ ئىدىممەن، ئالمىدىڭ مەندىن خەۋەر.

ماڭا قىلدىڭ بۇ جاھاننىڭ سۆيگىسىنى سەن ھارام،
مەن كېتەرمەن، سەن قالۇرسەن، ئىشق ئەھلىگە ئېيتقىن سالام!..

* * *

سالدىڭ كىمنىڭ سوزى بىلەن بېشىمغا زور ھىجران،
پىراق بىلەن چارچىغان ئاشىق باغرىدىن ئاققۇزدۇڭ قان.
مېنىڭ بېشىمغا مىڭ تۇرلۇك جاپالار سالغىنىڭ بىرلەن،
ھەر بىرى راھەت بولۇپ بەردى ماڭا ئارامى ـ جان.

ۋىسالىڭ ۋەدىسىن بەرگىن دىلىمغا دالدا بولسۇن ئۇ،
مۇھەببەتنى شۇنچە ئېغىر گۇمان قىلماس ئىدىم ھىچ ئان.
سېنىڭ بىر قارىشىڭ بىرلە، يۇرەككە ئىشق ئوتى كىردى،
مۇھەببەتكە ئەسىر بولدۇم، پىراقىڭ ئوتىغا قۇربان.

رەقىپلەر ئاھۇ ـ ۋاھىمنى كورۇپ رەھمى قىلدىلەر ماڭا،
كورۇپ سەنمۇ بۇ ھالىمنى قىلىپ شەپقەت مېنى قىزغان.
خۇدا ھەققى ئەگەر ئىشقىڭ كويىدا كوز يۇمار بولسام،
ئۇنۇتماسمەن سېنى ھەرگىز ئېتىڭ ئېيتىپ ئۇزەرمەن جان.

ئۇنىڭ بۇ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ ئوز ـ ئوزەمنى كاچاتلاپ قاتتىق يىغلىدىم. قولياغلىقىنى ئاچقان ئىدىم. ئۇنىڭ ئىچىدىن يەنە بىر پارچە قەغەز چۈشتى. قەغەزگە مۇنۇ سوزلەر يېزىلغان ئىكەن:

"ئەي تاغامنىڭ ئوغلى ئەزىز، سېنى ئۆز خۇنۇم ئۈچۈن كېلىدىغان جاۋاپكارلىقتىن قۇتۇلدۇردۇم. ماڭا سالغان جاپالىرىڭدىن ئۆتتۈم. مەن سېنىڭدىن رازى. ئىلاھىم سۆيگىنىڭگە مەڭگۈلۈك بولغىن. لېكىن ساڭا ئۇ، دەللال قىزىنىڭ قىزى بولغان ئىشەنگەن يارىڭدىن بىرەر مۇسىبەت كەلگۈدەك بولسا، ئۇنۇتقىنمۇ، باشقىسىغىمۇ قايتا مۇراجىئەت قىلما! يىغلىما! بېشىڭغا چۈشكەن كۈلپەتكە چىدىغىن. بەرداشلىق بول! ئەجەلىڭ يەتكەن بولسا ئاللاقاچان ئۆلۈپ كېتەتتىڭ! مېنىڭ قېنىم سېنىڭ ئالدىڭدا سوۋغىنى ئۈچۈن خۇداغا شۈكرى. ئەگەر مەن ھايات بولغان بولسام، مۇھەببەتنى قايىدىسى بىلەن ئۆز جايىغا يەتكۈزەتتىم. ئارماندا كەتتىم. مېنىڭ-دىن ساڭا سالام. كىيىك رەسمى سىلىنغان بۇ پارچىنى ئېھتىيات قىل! بىرەر يەرگە تاشلىما! ياخشى ئاسراپ ساقلا! سېنى كورەل-مەي قالغان كۆنلىرىمدە بۇ تەسۋىر ماڭا ئارام بېرەتتى ۋە ھەمرا بولاتتى. سەنمۇ ئۇنى ماڭا ئوخشاش ئوزەڭگە ھەمرا قىل!..."

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



بىر يۈز يىگىرمە سەككىزىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

يىگىت تاجىلمۇلۇككە ھېكايىسىنى داۋام قىلىپ كېلىپ شۇنداق دەپتۇ: "كىيىك رەسمى سىلىنغان بۇ پارچىنى ئېھتىيات قىل! بىرەر يەرگە تاشلىما! ياخشى ئاسراپ ساقلا! سېنى كورەل-مەي قالغان كۆنلىرىم بۇ تەسۋىر ماڭا ئارام بېرەتتى ۋە ھەمرا بولاتتى. سەنمۇ ئۇنى ماڭا

ئوخشاش ئوزەڭگە ھەمرا قىل! ئاخىر سەن بۇ رەسىمنى ئىشلىگەن كىشىگە يولۇقۇپ قالساڭ ئوزەڭنى ئۇنىڭدىن يىراق تۇت! ئۇنىڭ ساڭا يېقىنلىشىشىغا يول قويما! ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا ئويلەنمە. ئەگەر بۇ ئىشىڭنىڭ ھوددىسىدىن چىقالمىساڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرەر خوتۇنغا يېقىنلاشما! بۇ رەسىمنى ئىشلىگۈچى ئايال ھەر يىلى شۇنداق بىر رەسىم يارىتىدۇ. يەر يۈزىدىكى ئادەملەرنىڭ ھېچ بىرى ئىشلىيەلمىگەن بۇ سەنئەتنىڭ ئۈستىسى ئوزىنىڭ بۇ رەسىمى ئار-قىلىق شوھرىتىنى ھەر تەرەپكە تارقىتىش ئۈچۈن ئۇنى يىراق شەھەرلەرگە ئەۋەتىدۇ. سېنىڭ سۈيگىنىڭ ھىلىگەر قېرىنىڭ قىزىنىڭ قولىغا چۈشكەن بۇ رەسىمنى ئۇ، ئۇيالماستىن يالغان سوزلەپ ساڭا ئوخشاش ئادەملەرگە 'بۇ رەسىمنى مېنىڭ سىڭلىم ئىشلەيدۇ' دەپ كورسىتىشكە باشلىغان. خۇدا ئۇنىڭ سىرىنى ئاشكارا قىلسۇن، شەرمەندە قىلسۇن. بۇ سوزلەرنى سېنىڭدىن باشقا ھېچكىمگە ئېيتماس ئىدىم، ساڭىمۇ دىمەيتتىم. لېكىن مەندىن كېيىن كەڭ دۇنيامۇ ساڭا تار بولۇشى مۇمكىنلىگىنى ئويلۇدۇم. بۇ ماڭا ئايان ئىدى، شۇ چاغدا سەن ھەر يەرلەرگە بېرىپ كوڭۇل ئېچىشنىمۇ ئىستەيسەن. بۇ رەسىمنى ئىشلىگۈچى توغرىسىدا خەۋەر ئاڭلايسەن. سەندە ئۇنى تېپىپ كورۇشۇش ئارزۇسىمۇ ئويغىنىدۇ. شۇ ۋاقىتتا سەن مېنى يەنە بىر قېتىم ئېسىڭگە ئالسەن. بۇ رەسىمنى ئىشلىگۈچى قىز سۈيگىنىڭنىڭ سىڭلىسى ئەمەس، جازائىر ئارال-لىرىنىڭ پادىشاسىنىڭ قىزىدۇر". خەتنى ئوقۇپ مەزمۇنىغا چۈشەن-دىم. ئوزەمنى يىغىدىن توختىتالماي قالدىم. مېنىڭ يىغلىغىنىمنى كورۇپ، ئانامىمۇ مۇڭلۇنۇپ يىغلىدى. كەچكىچە شۇ ئەھۋالدا رەسىمگە تىكىلىپ تۇرۇپ يىغلىدىم. بىر يىلنى ئەنە شۇ ئەھۋالدا،

ئۆتكەزدىم. بىر كۈنى شەھرىمىزنىڭ مانا شۇ سودىگەرلىرى سەپەرگە تەييارلانغان ئىكەن، بۇنىڭدىن مەن خەۋەر تاپتىم. ئانام ماڭا شۇلار بىلەن بىللە سەپەر قىلىشنى مەسلىھەت بەردى. "كارۋانلار بىلەن قايتقىچە بىر يىل يۈرەرسەن، ئىككى يىلمۇ يۈرەرسەن. چۈنكى، ئادەملەرگە قوشۇلۇپ سەپەردە يۈرسەڭ، غەملىرىڭ تارقايدۇ. كوكسۇڭگە شاتلىق تولۇپ، كوڭلۇڭ ئېچىلىدۇ"—دەپ، مېنى سەپەرگە قىزىقتۇردى. بۇ مەسلىھەت ماڭا ياقتى. سەپەر ھازىرلىقلىرىنى تەييارلاپ، كارۋانلار بىلەن يولغا چىقتىم. يولدىمۇ كوزۇمدىن ياش قۇرىغىنى يوق. نەگە بارماي ۋە نەدە قونماي، نەدە تۇرماي، دەررۇ ئالدىمغا مۇشۇ رەسىمنى قويىمەن. كىيىككە قاراپ تاغامنىڭ قىزى ئەزىزەنى ئەسلەيمەن. كوڭلۇم بۇزۇلۇپ يىغلايمەن؛ چۈنكى ئۇ مېنى ھەددىدىن ئارتۇق ياخشى كورەتتى. چىن دىلىدىن سۆيەتتى. مەن ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلمىدىم. ئۇ مېنىڭ داغۇ-ھەسرىتىمدە ۋاپات بولدى. ئۇ ماڭا دائىم ياخشىلىق قىلىپ ياردەم بەرىسىمۇ، مەن ئۇنى ئازاپلايتتىم. كارۋانلار بىلەن بىللە شەھرىمگە قايتىپ كېتىپ بارىمەن، سەپەرگە چىققىنىمغا بىر يىل بولدى. بۇ ئارىلىقتا ئەلىمىم تېخىمۇ ئاشتى. بولۇپمۇ بىلۇر قورغانلىق جەزىرىلەردىن ئۆتكەندە غېمىم بەك ئاشتى، ئۇ يەر يەتتە جەزىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ يەرلەرنى شەھرىمان دىگەن شاھ ئىدارە قىلىدىكەن. ئۇنىڭ سەيدە دۇنيا ئىسىملىك قىزى بار ئىكەن. بۇنى بىلىدىغانلار ماڭا: "مانا بۇ كىيىكلەر رەسىمنى ئەنە شۇ قىز ئىشلەيدۇ. قولۇڭدىكى رەسىممۇ شۇنىڭ ئىشى"—دىيىشتى. بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنى كورۇشنى ئارزۇ قىلدىم. يولىنى تاپتىم، ئۇنىمۇ كوردۇم. لېكىن يېقىنلاشمىدىم. چۈنكى، مەن ئايالLar سېپىگە

قوشۇلۇپ كەتكەن ۋە ئەرلىكىمنى يوقاتقان ئىدىم. شۇڭا، ئۇنى كۆرۈش بىلانىلا قانائەت قىلدىم. ئۆز ھالىمغا يىغلاپ، خىيال دەرياسىغا غەرق بولدۇم. يولغا چىقتۇق، بۇ جەزىرىلەردىن يىراقلاشقانسىرى كۆزلىرىمدىن ياش توختىماي ئېقىشقا باشلىدى. دىلىمدىكى غەم ـ ئەلەملىرىممۇ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيمەكتە. تۈگىمەس ـ پۈتمەس بۇ دەرت ـ ئەلەملەر بىلەن ئۆز شەھرىمگە قايتىپ كېتىپ بارىمەن. لېكىن، ئانامنىڭ ئالدىغا ساق ـ سالامەت يېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا جان بېرىشىمگە ئىشەنمەيمەن. چۈنكى ئۆلۈم ماڭا يېقىنلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنمەكتە.“ يىگىت شۇ گەپلەرنى ئېيتىپ بولۇپ يەنە يىغلاپتۇ. رەسىمگە قاراپ ”ئاھ!...“ تارتىپ ھەسرەت چېكىپتۇ. كۆز ياشلىرى دەريادەك ئېقىپتۇ. يىغلاپ تۇرۇپ شۇ ئىككى شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

بارمۇ مەندە ئالەم ئەھلىگە لايىق بىر ياخشىلىق،
يا، ساۋاپلىق، ياخشى ئىش، ياخشى ئىز، ياخشى قىلىق.
تۈگىدى كۈچ ـ قۇۋۋىتىم ياشلىقىم بولدى تامام،
يۈرۈكۈم پۇچۇلۇنۇپ، بولدى خوشاللىق ھارام.
كەلسە مەيلى ماڭا ئۆلۈم، شۇ ماڭا ئارام بېرەر،
غەم ـ ئەلەملەردىن خالاسلىق ماڭا شۇنىڭدىن كېلەر.

• • •

كۆپ كىشىلەر دېيىشتى:
ــ كېلەر شاتلىق ۋاقتىمۇ،

فەزەپ بىلەن مەن دېدىم:

ــ تۈگىمەس بۇ قايغۇ ـ غەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئامبىرى

دىدىلەركى:

— ھەر ئەرسىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بار.

مەن دىدىمكى:

— بۇ سوزۇڭگە كورسەت دېلىلنى شۇ دەم.

مېنىڭ ھىكايەم — بۇ توكۇنىنىڭ سىرى ئەنە شۇ" — دەپتۇ سودىگەر يىگىت. تاجىلمۇلۇككە. شاھزادە تاجىلمۇلۇك يىگىتنىڭ ھىكايىسىغا ئەجەپلىنىپتۇ، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپتۇ. لېكىن، شۇ سۈرەتنى ئىشلىگەن سەيدە دۇنيا ئوزىنىڭ بۇ مەشھۇر سەنئىتى بىلەن شاھزادە تاجىلمۇلۇكنىڭ يۈرىگىگە ئىشقى ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.

## تاجىلمۇلۇك قىسسىسىنىڭ داۋامى

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

ۋەزىر دەندان شاھ زۇئۇلماكانغا ھىكايە ئېيتىپ بېرىشنى داۋام قىلدۇرۇپتۇ: "شاھزادە تاجىلمۇلۇك يىگىتنىڭ ھىكايىسىغا ئەجەپلىنىپتۇ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ. لېكىن، شۇ سۈرەتنى ئىشلىگەن سەيدە دۇنيا ئوزىنىڭ بۇ مەشھۇر سەنئىتى بىلەن شاھزادە تاجىلمۇلۇكنىڭ



بىر يۈز يىگىرمە توققۇزىنچى كېچە

يۈرىكىگە ئىشقى ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپتۇ. 'ئەي يىگىت، ھېچكىمنىڭ بېشىغا چۈشمىگەن ھادىسە سېنىڭ بېشىڭغا چۈشكەن ئىكەن. سەن ماڭا تېخى ھېچكىم سۆزلىمىگەن بىر قىسسىنى سۆز-لىدىڭ. بۇ تەقدىردە يېزىلغان ئىش' — دەپتۇ تاجىلمۇلۇك — ئەمدى مەن سەندىن يەنە بىر نەرسىنى سورايمەن". "مەرھەمەت، سوراڭ" — دەپتۇ سودىگەر يىگىت. "كىيىكنىڭ رەسىمىنى سىزغان سەنئەتكار قىزنى كۆرۈشنىڭ ئىمكانىيىتى بولدى. كۆردۈم، يېقىن-لاشمىدىم، دېدىڭ، شۇنداقمۇ؟!" دەپ سوراپتۇ تاجىلمۇلۇك. "ھەئە" دەپتۇ سودىگەر يىگىت. "سەن ئۇنى قانداق كۆردۈڭ؟" — دەپ سوراپتۇ تاجىلمۇلۇك. ئەي خوجام، مەن ئۇنى زور ھىيلىلەر بىلەن كۆردۈم. كارۋان بىلەن ئۇنىڭ شەھرىگە يېتىپ بارغان ئىدىم. سارايغا چۈشكەندىن كېيىن، مەن بۇلاردىن ئايرىلىپ تاشقىرى چىقىپ، باغچىلارنى كۆرۈپ، تاماشا ۋە سەيلى قىلىپ يۈردۈم. شەھەر ۋە ئۇنىڭ باغچىلىرىنى، دەل-دەرەخلىرىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ باغچىلىرىنى يەل-يېمىشلەر ئوراپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بېغىغا بىر قېرى باغۋەن قارايدىكەن. "بۇ كىمنىڭ بېغى، ئەي بوۋا؟" — دەپ سورىدۇم ئۇنىڭدىن. "شاھنىڭ قىزى سەيدەدۇنيانىڭ بېغى. بىز ئۇنىڭ قەسرى ئاستىدا تۇرىمىز. ئۇ چىمەنزارلارنى تاماشا قىلماق-چى بولغاندا، يوشۇرۇن ئىشىكنى ئېچىپ باغچىغا چىقىدۇ، باغچىنى ئايلىنىپ گۈللەرنى كۆرىدۇ ۋە پۇرايدۇ" — دېدى بوۋاي. "ئەي ھۆرمەتلىك بوۋا، ئۇ چىققىچە باغچىدا تۇرۇپ سەيلى قىلاي. ئۇ چىققاندا، مەن شۇ يەردە ئۇنىڭ جامالىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈمنى ئاچاي. شۇنىڭغا رۇخسەت قىلىشىڭنى سورايمەن" — دېدىم. "خوپ، مەيلى. لېكىن، دىققەت قىل! مېنى بالاغا قويما!" — دېدى بوۋاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەزى نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن. بوۋايغا بىرنەچچە تەڭگە پۇلمۇ بەردىم. بوۋاي خوش بولۇپ پۇلۇمنى ئالدى. ئىشىكنى ئېچىپ، مېنى ناھايىتى مەنزىرىلىك. ھاۋاسى يېقىملىق بىر يەرگە ئېلىپ باردى. لەززەتلىك مېۋىلەردىن ئېلىپ كەلدى. سەن بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن. مەن ھازىر كېلىمەن دېدى. ئۇززۇن ئۆتمەي، قىيما قىلىپ قورۇلغان گوش ئېلىپ كەلدى. بىز بىللە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭدىن تويغىچە يېدۇق. سەيدەدۇنيانىڭ يولىغا قاراپ، ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇردۇم. بىردىن يوشۇرۇن ئىشىك ئېچىلدى. "تۇر، يوشۇرۇن!"—دېدى باغۋەن ماڭا. مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئەپلىك بىر جايىنى تاپتىم ۋە شۇ يەرگە مۆكتۈم. بىر ئاختا قىلىنغان قارا قۇل ئىشىكتىن بېشىنى چىقاردى. "باغچىدا ھېچكىم يوقمۇ؟ ئەي باغۋەن؟"—دەپ سورىدى ئۇ. باغۋەن سالماق ئاۋاز بىلەن "يوق"—دېدى. "دەرۋازىغا قۇلۇپ سال، ئەي شېيخ"—دېدى قۇل بوۋايغا. بوۋاي باغ دەرۋازىسىغا قۇلۇپ سېلىپ تاقىدى. شۇ چاغدا سەيدەدۇنيا ئىشىكتىن چىقتى. مەن ئۇنى كورۇپ: "ئاي يەرگە چۈشكەنمۇ نىمە؟"—دېدىم ئۆزەمگە. مەندە چاقچاق كىشىنىڭ سۆيگىگە بولغان تەشنالىغىدەك كۈچلۈك بىر ئارزۇ، زور بىر ھەۋەس قوزغالدى. ئۇ بىر ئاز يۈرۈپ كىرىپ كەتتى، ئىشىگى تاقالدى. شۇ ۋاقىتتا مەن باغچىدىن چىقىپ، چۈشكەن يېرىمگە قاراپ ماڭدىم. ئۇنىڭغا يېتىشەلمەسلىكىمنى، ئۇنىڭ ئېرى بولالماسلىغىمنى بىلەتتىم. "ئەگەر مەندە ئەرلىك ھالەت بولغاندىمۇ، بۇ شاھنىڭ قىزى تۇرسا، مەن بىر سودىگەر تۇرسام، قانداق قىلىپ ئۇنىڭغا تەڭ بولالايمەن"—دېدىم ئۆز-ئۆزەمگە. ھەمرالىرىم يولغا چىققاندا مەنمۇ بىللە ئاتلاندىم. ئۇلار بىلەن بىللە شۇ شەھەرگە قاراپ ماڭدۇق.

بۇ يەرگە كېلىپ سىزنىڭ ھۇزۇرىڭىزدا تۇرۇۋېتىمىز دەپتۇ يىگىت. شاھزادە تاجىلمۇلۇكنىڭ خىيالىنى سەيدەدۇنىيانىڭ پىكرى ئىگەللەپتۇ. ئۇ، ئېتىغا مىنىپتۇ، ئەزىزنىمۇ ئۇزى بىلەن بىللە ھەمرا قىلىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قايتىپتۇ. ئەزىزگە مەخسۇس جاي تەيىنلەپ، ئۇنى كېرەكلىك نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەپتۇ. ئۇزى قەسرىگە قاراپ مېڭىپتۇ، كوزىدىن توختىماي ياش ئېقىپتۇ. "ئاڭلاپ ياخشى كورگەننى كوز بىلەن كورۇش — ئۇچرۇتۇش ئىستىگىنىڭ ئورنىنى باشقا ھېچقانداق نەرسە باسالمايدىغانلىغى ھەقىقەت ئەمەسمۇ؟" تاجىلمۇلۇك ئۇنى كورۇش ئۇچۇن ھەركەت قىلىش ۋە ئۇچرۇتۇش ئارزۇسىدا ياش توكۇپتۇ. ئاتىسى كىرىپ كەپتۇ، ئوغلىنىڭ كوزلىرى نەم، دىلى غەم بىلەن ئوركەشلەۋاتقانلىغىنى سېزىپتۇ. "نىمە ئۇچۇن رەڭگىڭنىڭ خوشلىغى ئۇچتى؟ نىمە ۋەقە بولدى؟ نىملەرنى بېشىڭدىن ئوتكەزدىڭ؟ ئەي ئوغلۇم!" — دەپ سوراپتۇ، سۇلايمان شاھ ئوغلى تاجىلمۇلۇكتىن. تاجىلمۇلۇك دادىسىغا سەيدەدۇنيانىڭ ھىكايىسىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۇنى كورمەي تۇرۇپ ياقتۇرۇپ قالغانلىغىنى بىرمۇ-بىر سوزلەپ بېرىپتۇ. ئاتىسى: "ئۇنىڭ شەھرى بىزدىن يىراقتا تۇرسا، جازائىر پادىشاسى بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاشىنىدارچىلىق ئالاقىسى بولمىسا، بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش تەس. سەن بۇ ھەۋىسىڭنى قوي! ئاناڭنىڭ سارىيىغا كىر!" — دەپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى www.uyghurkitap.com



بىر يۈز ئوتتۇزىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

ۋەزىر دەندان شاھ زۇئۇلماكانغا ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىپ، شۇنداق دەپتۇ: تاجىلمۇلۇكنىڭ ئاتىسى ئوغلىغا: "جازائىر شەھرى بىزدىن ئۇزاقتا. جازائىر پادىشاسى بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى يوق. بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش قىيىن. سەن بۇ ئارزۇيۇڭنى تاشلا! ئاناڭنىڭ سارىيىغا كىر. ئۇنىڭ ئالدىدا تولۇن ئايدەك بەش يۈز كېنىزەك بار. قايسىسىنى خالىساڭ، شۇنى ئال! ئەگەر ئۇلارمۇ ساڭا ياقمىسا، ھوسىندە سەيدەدۇنيادىن كوركەمراق بىرەر شاھ قىزىنى ئېلىپ بېرەي" — دەپتۇ. "كىمىكنىڭ رەسىملىرىنى ئىشلىگۈچى شۇ قىزدىن باشقىسىنى پەرىزات بولسىمۇ كۆڭلۈم ياقتۇرمايدۇ. ئەلۋەتتە، شۇنى ئالىمەن. بولمىسا، دۇنيانىڭ راھىتىنى تاشلاپ چۆل-دەشتلەرگە چىقىپ كېتىمەن. ئۇ يەردە بېشىمغا كەلگەننى كۆرىمەن. ئۆلسەممۇ ئۇنىڭ ئىشقىدا جان بېرىمەن" — دەپتۇ تاجىلمۇلۇك. "ئەي ئوغلۇم، ئۇنداق بولسا، سەن بىرئاز سەۋرى قىلىپ كۈتۈپ تۇرغىن. مەن ئۇنىڭ ئاتىسىغا بىر خەت يازاي. سېنىڭ ئاناڭنى ئالغان ئۇسۇلدا ۋەقەنى ھەل قىلاي. ئەگەر رازى بولمىسا، بېشى ئۇنىڭ ئالدىدا، ئايىغى مېنىڭ قېشىمدا تۇرغىدەك ھېساپسىز قوشۇن بىلەن كىشى ئەۋەتىپ، مەملىكىتىنى ئاستىن-ئۈستىن قىلاي!" — دەپتۇ شاھ. كېيىن ئۇ ئەزىزنى قىچقىرتىپتۇ. "سەن جازائىر يولىنى ياخشى بىلەمسەن؟" — دەپ

سوراپتۇ. "بىلمەن"— دەپتۇ ئەزىز. "ئانداق بولسا، مېنىڭ ۋەزىرىم بىلەن بىللە شۇ يەرگە بارسەن!"— دەپتۇ شاھ. "خوپ، ئەي پادىشاھى زامان"— دەپتۇ ئەزىز قوللۇق قىلىپ. كېيىن شاھ ۋەزىرىنى قىچقىرتىپتۇ. "ئوغلۇمنى ئويلەپ قويۇش توغرىسىدا پۇختىراق چارە تاپقىن. جازائىر جەزىرىلىرىگە قاراپ يولغا چىققىن. جازائىر شاھىنىڭ قىزىنى ئوغلۇمغا ئېلىپ بېرىشنى ئىشقا ئاشۇرغىن"— دەپتۇ شاھ. "خوپ!"— دەپتۇ ۋەزىر. تاجىلمۇلۇك ئۆز قەسرىگە كىرىپتۇ. ئۇنىڭ دەردى، "ئاھ...ۋاھ"لىرى بارغانسېرى ئېشىۋېرىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئىشقىدا بۇ شېئىرلارنى ئوقۇپتۇ:

يۈزلىرىڭنىڭ ئارزۇسى خىيالغا سالدى مېنى،
ۋەسلىڭنىڭ تەقەززاسى ئىنتىزار قىلدى مېنى.
ۋەسلىڭگە يېتىشمەكلىك ماڭا مۇبەسسەر بولغىچە،
تاقىتىمنى تۈگۈتۈپ، ھوسنۇڭگە زار قىلدى مېنى.

* *

يەر يۈزىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى،
يۈرۈگۈمدە سۆيگۈنىڭ زور ئوتى بار.
ئاھلىرىمنىڭ تۈتۈنى كوك يۈزىنى قاپلىدى،
ئەلەم بىلەن توختىماي كوزۈمدىن يېشىم ئاقار.

كېچىسى يۇلتۇزغا بولدۇم ئۆزەم پاسىۋان،
كىرپىك قاقماي ئەزانغىچە مەن بىدار.
يۈزلىرىمنى كوز ياشلىرىم يۇيىدۇ،
ھېچكىم قىلماس پىغانىمغا ئېتىۋار.
كوز ياشلىرىم ئوركەشلەيدۇ دەرىيادەك،
شۇ ئوركەشتە كېمىچىمەن بىقارار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ شېھىرنى ئىزقوپ تۇگەتكەندىن كېيىن، "ئاھ" تارتىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئاڭغا يېقىن، يىقىلىپ چۈشۈپ ياتقان يېرىدە ھوشىغا كېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. شاھ سۇلايمان ئوغلىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. قارىسا، تاجىلمۇلۇكنىڭ چىرايى ئۆزگەرگەن، يۈزى سارغايغان. ئوغلىنى بۇ ئەھۋالدا كورۇپ، تۇرلۇك ياخشى سوزلەر ۋە ۋەدىلەر بىلەن كوڭلىنى ياساپ قويۇپتۇ. شاھ ئۇ يەردىن چىقىپ ئەزىز بىلەن ۋەزىرنى يولغا سېلىش ھازىرلىغىنى كورۇپ، ئۇلارغا مەخسۇس سوغات ـ تارتۇقلارنى بېرىپتۇ. ئۇلار يولغا چىقىشىپتۇ. نەچچە كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، جازائىرغا يېتىپ بېرىپتۇ. دېڭىز قىرغىقىغا چۈشۈپ قونۇپتۇ. ۋەزىر شاھقا ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن كىشى ماڭدۇرۇپتۇ. چۈش ۋاقتىدا، ئۇلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن، ساراي باشلىقى، ئەمىرلەر بىر چاقىرىم يەرگىچە ئالدىغا چىقىپتۇ. قارشى ئالغۇچىلار بىلەن كورۇشكەندىن كېيىن، ئۇلار شاھنىڭ ئالدىغا سارايغا قاراپ مېڭىپتۇ. سارايغا كىرىپ تارتۇقلىرىنى تەقدىم قىلىشىپتۇ. ئەلچىلەر توت كۈن ئۇ يەردە تۇرۇپتۇ. بەشىنچى كۈنى ئەزىزنى ئېلىپ ۋەزىر شاھ ھوزۇرىغا كىرىپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا يەرنى سۆيۈپ، بۇ يەرگە كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئىزھار قىپتۇ ۋە سۇلايمان شاھنىڭ ئوغلىغا قىزىنى سوراپ كەلگەنلىكىنى ئىزھار قىپتۇ. ئۇنىڭ جاۋابىغا شاھ ئويلىنىپ قاپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ قىزى ئەركەك زاتىنى ياقتۇرمايدىكەن. شاھنىڭ بېشى قېتىپ، ئۇزاق خىيالغا چومۇپتۇ. بىر چاغدا شاھ بېشىنى كوتۇرۇپ، ساراي خىزمەتچىسىگە: "سەن بېرىپ مەلىكە سەيدەدۇنىياغا ۋەقەنى بايان قىل! بۇ ئىش ئۈچۈن سۇلايمان شاھنىڭ ۋەزىرى ئەلچىلىككە كەلگەنلىكىنى سوزلە!" —

دەپتۇ. ساراي خىزمەتچىسى شۇ ئاندىلا "خوپ!" — دەپ، مەلىكىنىڭ قېشىغا قاراپ مېڭىپتۇ. بىر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ كىشى قايتىپ كېلىپ: "ئەي ھۆرمەتلىك شاھى زامان، — دەپتۇ ئۇ، — مەن مەلىكە سەيدەدۇنيانىڭ ئالدىغا كىرىپ ۋەقەنى ئېيتقان ئىدىم. مەلىكە قاتتىق غەزەپلەندى. تاياق بىلەن ئۇرۇپ بېشىمنى يارماقچىمۇ بولدى. ئاران قېچىپ قۇتۇلدۇم مەلىكەم: ئەگەر داداڭ مېنى زورلاپ ئەرگە بەرسە، مەندەك بىر بىچارىنىڭ ئۇۋالىغا قالىدۇ. مەن ماڭا ئەر بولغۇچى كىشىنى ئۆلتۈرىمەن — دىدى". قىزنىڭ ئاتىسى ۋەزىر بىلەن ئەزىزگە: "سۇلايمان شاھقا بىزدىن سالام ئېيتىپ، ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇڭلار!" — دەپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.


بىريۈز ئوتتۇز بىرىنچى كېچە

شاھزامان ۋەزىر بىلەن ئەزىزگە: "سۇلايمان شاھقا بىزدىن سالام ئېيتىپ، ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇڭلار. قىزىم ئەرنى سۆيمەيدۇ" — دەپتۇ. ئۇلار ھېچقانداق نەتىجە قازىنالماي، يۇرتلىرىغا قايتىشىپتۇ. كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ ئۆز شەھەرلىرىگە يېتىشىپتۇ. شاھ ھوزۇرىغا كىرىپ ئەھۋالنى تولۇق بايان قىلىشىپتۇ. شاھ قوماندانغا ئەسكەرلەرنى غازاتقا ئاتلاندۇرۇشقا پەرمان بېرىپتۇ. شۇ چاغدا ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ: "ئەي ئۇلۇغ شاھ، سەن بۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلما! شاھـتا گۇنا يوق. ئۇنىڭ ئەسـكەرلىرى ئېخـمۇ گۇناسىز. گۇنا قىزىدا. ئۇ قارشىلىق كورسەتتى. مەن ۋەقەنى شاھقا ئېيتقان-دىن كېيىن، شاھ قىزىغا كىشى ئەۋەتتى. لېكىن قىز: 'ئاتام مېنى زورلاپ ئەرگە بەرسە، مەندەك بىر بىچارىنىڭ ئۇۋالىغا قالىدۇ. مەن ماڭا ئەر بولغۇچى كىشىنى ئولتۇرىمەن. كېيىن ئوزەمنىمۇ ھالاك قىلىمەن' — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ"— دەپتۇ ۋەزىر. شاھ ۋەزىرىنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قاپتۇ. ئوغلى تاجىلمۇلۇكتىن ئەنسىرەپتۇ. "ئەگەر ئۇرۇش قىلىپ، ئۇنى يېڭىپ قولغا چۈشۈرگىنىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئوزىنى ئولتۇرسە، بۇ ئەلۋەتتە پايدىسىز"— دەپ ئوغلىغا ۋەقەنى بىلدۈرۈپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ تاجىلمۇلۇك: "ئەي ئاتا، مەن بۇ يەردە ئۇنىڭسىز تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن. ئۇنىڭ يېنىغا بارىمەن، ئولگىچە ئۇنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ھەركەت قىلىمەن"— دەپتۇ. "ئۇنىڭ يېنىغا قانداق قىلىپ بارىسەن؟"— دەپتۇ شاھ سۇلايمان. "سودىگەر سۇرىتىگە كىرىپ بارىمەن!"— دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ شاھزادە تاجىلمۇلۇك. "ئۇنداق بولسا، ئوزەڭ بىلەن ۋەزىرنىمۇ، ئەزىزنىمۇ بىللە ئېلىپ بار!"— دەپتۇ شاھ ۋە خەزىنىدىن ئۇنىڭغا يەتكىدەك پۇل بېرىشنى ئەمر قىپتۇ. يۈزمىڭ تىللالىق مال ھازىرلىتىپ، ھەممىنى ئوغلىغا بېرىپتۇ. كەچ بولۇشى بىلەن تاجىل-مۇلۇك ئەزىزنى ئېلىپ، ۋەزىرنىڭ قەسرىگە بېرىپتۇ. شۇ كېچىنى ۋەزىرنىڭ قەسرىدە ئوتكۈزۈپتۇ. تاجىلمۇلۇكنىڭ ئەھۋالى بەكمۇ پەرىشان ئىكەن. ئۇنىڭغا تاماقمۇ ئېتىمايدىكەن، ئۇيقىمۇ كەلمەيدى-كەن. ئۇ تۇرلۇك خىياللارغا غەرق بولۇپ، ھەرخىل پىكىرلەرنى قىپتۇ. سۆيگىنىنىڭ زوقى-شوقى ئۇنى ھاياجانغا ساپتۇ. كوز ياشلىرىنى توختىتالماي، شۇ ئىككى شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئاي يۈزۈڭ تەشنالىغى يىغلاتتى مېنى زارىزار،
تەرىپىڭدىن كوزلىرىم يولۇڭغا بولدى ئىنتىزار.
يىغلىماقتىن باشقا ئىش يوقتۇر ماڭا شامۇ-سەھەر،
ياش ئورنىغا ئاقتى قان، تامچىسى ئالەمچە بار.

• • •

ئېيتىڭ دوستلار ھىجرىدىن كېيىن ۋىسال كۈنى كېلەمدۇ؟
مۇھەببىتىم شىددىتىدىن قىلدىم سىزگە شىكايەت.
بارام مەن تۈنلىرى، ھىجرىدىن ئۆيقۇ ھارام،
خىيالىڭ پىكرىمنى ئالدى، يۈزەڭ كورسەت ئىنايەت.

بۇ شېئىرلارنى ئوقۇپ تۈگۈتۈپ، قاتتىق يىغلاپتۇ. ئەزىزمۇ تاغىسىنىڭ قىزى ئەزىزەنى ئەسلەپ يىغلاپتۇ. ئىككىسى تاڭنى يىغا بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. كېيىن تاجىلمۇلۇك سەپەر كېيىمىنى كىيىپتۇ. ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ ۋەقەنى چۈشەندۈرۈپتۇ. ئانىسى ئۇنىڭغا ئەللىك مىڭ تىللا پۇل بېرىپتۇ. ساق بېرىپ، سالامەت قايتىشىنى ۋە سۆيگىنىگە يېتىشىشنى تىلەپ دۇئا قىپتۇ. خەيرلىشىپ ئۇ يەردىن چىقىپتۇ. ئاتىسى يېنىغا كىرىپ، يولغا چىقىش ئۈچۈن رۇخسەت بېرىشىنى سوراپتۇ. ئاتىسى ئوغلىغا ئاق يول تىلەپ رۇخسەت قىپتۇ ۋە ئەللىك مىڭ تىللا نەق پۇل بېرىپتۇ. تاجىلمۇ-لۇك ۋەزىر ۋە ئەزىز بىلەن بىللە باشقا خادىملارنى ئېلىپ، شەھەر تاشقىرىسىغا چىقىپ چوڭ چېدىرلارنى تىكتۈرۈپتۇ. ئۇ يەردە بىر كۈن تۇرۇپ، ھەممە ئىشلىرىنى تۈگەللەپ، يولغا چىقىپتۇ. بۇ ئارىدا تاجىلمۇلۇك ئەزىز بىلەن بىر تۇققاندەك چىقىشىپ كېتىپتۇ. شاھزادە ئەزىزگە قاراپ: "ئەي بۇرادەر، ئارىمىزدا بۇرادەرلىك مۇناسىۋىتى ئورنىدى. ئەمدى سەندىن ئايرىلىشمۇ تەس" دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاجىلمۇلۇكتىن بۇ سوزنى ئاڭلىغان ئەزىزمۇ: «مەندىمۇ شۇنداق پىكىر بار. بۇندىن كېيىن مەن سېنىڭ ئايىغىڭ ئاستىدا جان بېرىشكە ھازىرمەن. لېكىن دىلىم ئانامنىڭ ئەھۋالى بىلەن تەشۇىشتە» — دەپتۇ. «مەقسەتكە يېتىشسەك، ھەممە تەرەپتىن ياخشىلىق بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاناڭ ھەققىدىمۇ ئوبدان مەسلىھەت قىلىشىمىز» — دەپتۇ تاجىلمۇلۇك. ۋەزىر تاجىلمۇلۇكنى چىدامىلىق بولۇشقا، ئۇزىنى ساغلام تۇتۇشقا ئۈندەپتۇ. ئەزىزمۇ كورگەن - بىلگەنلىرىنى سوزلەپ بېرىپتۇ. ۋەزىر شاھزادىغا ئاجايىپ قىزىق ۋەقەلەرنى سوزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭ قايغۇسىنى يېنىكلىتىپتۇ. شۇ خىلدا ئۇلار توختىماي ئىككى ئاي يول يۈرۈپتۇ. تاجىلمۇلۇككە يول ناھايىتى ئۇزاق كورۇنۇپ، شۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

يولۇم يىراق، ئەلەم كوپتۇر دىلىمدا،
دىلىمدا بار مۇھەببەتنىڭ چىراغى.
ئۈمىدىمنىڭ، خىيالىمنىڭ ھىماۋى،
قەسەم بىلەن دەيدۇ:
— كوزنىڭ قاراغى.

مۇھەببەتنىڭ يۈكىنى مەن كوتەردىم،
بېرەلمىگەي ئاڭا چىداش قاپ تاغى.
ھاياتىمنىڭ خوجىسىسەن، جېنىسەن،
قەتلى قىلدىڭ، غازاڭ بولدى دىل باغى.
ۋىسالىڭ زوقى ئوتتەك يانىدى دىلدا،
شۇنداقمۇ تۈيۈلامدۇ يول يىراغى.

شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ، تاجىلمۇلۇك يىغلاپتۇ. ئەزىزنىڭمۇ

يۇرەك يارىلىرى — دەرتلىرى قوزغۇلۇپ، قوشۇلۇپ يىغلاپتۇ. بۇلار-نىڭ يىغىسى ۋەزىرنىڭمۇ كۆڭلىنى بۇزۇپتۇ: "ئەي شاھزادەم، كۆڭلۈڭنى تىنجىتىپ، كوز ياشلىرىڭنى توختاتقىن. پەقەت ياخشى-لىق ۋە خوشاللىقنى ئۆزەڭگە يولداش قىلغىن!" — دەپتۇ ۋەزىر. تاجىلمۇلۇك خىتاپ بىلەن: "ئەي ئەزىز، يولىمىز بەكمۇ سوزۇلۇپ كەتتى. ئېنىق ئېيتقىنا، بىز بارىدىغان شەھەرگە يەنە قانچىلىك يول قالدى؟" — دەپ سوئال قويۇپتۇ. "ئاز قالدى!" — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئەزىز. ئۇلار يولنى داۋام قىلىپ، ئۇيقىنى هارام قىلىپ، داۋان ئېشىپ، چول كېزىپ، بىر يەرگە يېتىپ كېلىپ، قونۇش ئۈچۈن چۈشۈپتۇ. چارچىغىنى ئۈچۈن دەم ئېلىپ ئۇخلاپتۇ. چۈش كورۇپتۇ، چۈشىدە شۇنداق ئىش كورۇپتۇ: تاجىلمۇلۇك سۆيگىنى بىلەن بىللە يۈرگىندەك، ئۇنى قۇچاغلاپ باغرىغا بېسىپتۇ. چوچۇپ ئويغىنىپ نىمە قىلىشنى بىلمەي، شۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئەزىز دوستلار مەن ئەقلىمدىن ئازدىم،
يۈرەكتە ئاشتى دەردىم مىڭ باراۋەر.
ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغان ئانادەك،
دىلىم كوپ تەلپۈنەر، ئاڭلاشقا خەۋەر.

شامال كەلسە يۈرتىڭىزدىن مەن تەرەپكە،
ئېلىپ كېلەر ئىللىقىنا جېنىمغا شېكەر.
سالام يوللاپ قالۇر مەن هەر سەپەر مەن،
شامالدەك ئۈچۈپ ئۆتسە بېشىمدىن كەپتەر.

تاجىلمۇلۇك شېئىرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ۋەزىر ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ: "ئوزەڭنى خوش تۇت، بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurktap.com

كوڭلۇڭنى بۇزما! يېشىڭنى توكمە. مەقسىدىڭگە ئەلۋەتتە يېتىسەن!"— دەپتۇ. ئەزىز ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، سەۋرى قىلىشقا ئۈندەپتۇ. ھەرخىل ھېكايىلار سوزلۇشۇپتۇ. يەنە يولغا چىقىپ، كېچە- كۈندۈزلەپ مېڭىپتۇ. شۇ خىلدا يەنە ئىككى ئاي ئوتۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قۇياش نۇرىدا بىر نەرسە يىراقتىن ئاقىرىپ كورۈنۈپتۇ. تاجىلمۇلۇك ئەزىزدىن: "ئاقىرىپ كورۈنگەن نىمە؟"— دەپ سوراپتۇ. "ئەي شاھزادەم، بۇ ئاق كورۈنگەن— قورغان. ئېرىقى تەرىپى— بىز كېتىۋاتقان شەھەر"— دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇ سوزنى ئاڭلاپ تاجىلمۇلۇك ناھايىتى خوش بولۇپتۇ. ئۇلار يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، شەھەرگە يېقىنلىشىپتۇ. شەھەرنى كورۇپ، تاجىل- مۇلۇك ناھايىتى سۆيۈنۈپتۇ، كوڭلىدىكى غەم- ئەلەملەر تارقىلىپتۇ. شەھەرگە ۋەزىر بىلەن ئەزىز ساياھەتچى سۈپىتىدە، تاجىلمۇلۇك سودىگەر سۈپىتىدە كىرىپتۇ. كارۋانلار چۈشىدىغان چوڭ سارايغا يېقىنلىشىپتۇ. "سەن چۈشكەن كارۋان سارىيى شۇمۇ؟!"— دەپ سوراپتۇ تاجىلمۇلۇك ئەزىزدىن. "ياق، بۇ بىز كەلگەندە چۈشكەن كارۋان سارىيى ئەمەس. ئۇ بۇنىڭدىن چوڭ ۋە ياخشىراق ئىدى"— دەپتۇ ئەزىز. "مەيلى بۇ يەردىن قايتماي، شۇ سارايغا چۈشەيلى"— دەپتۇ ۋەزىر. ئۇلار سارايغا چۈشۈپ، ئوزلىرىگە ۋە خىزمەتچىلىرى- گە ھوجرىلارنى ئاپتۇ، يۈكلىرىنى ئامبارغا كىرگۈزۈپتۇ. ئۇ يەردە توت كۈن دەم ئېلىشقاندىن كېيىن، ۋەزىر ئىجارىگە بىرەر چوڭ قورا ئېلىشقا مەسلىھەت بېرىپتۇ. كوڭلىگە باپ بىر كەڭ جاي— ھويلا تېپىپ، شۇ يەرگە جايلىشىپتۇ. ۋەزىر بىلەن ئەزىز تاجىلمۇلۇك- نىڭ ئىشى ئۈستىدە چارە ئىستەپ كېڭىشىپتۇ. تاجىلمۇلۇكنىڭ نىمە قىلىشنى بىلەلمەي ھەيران بولۇپ يۈرگىنىنى كورۇپ، ۋەزىر

ئويلاپ ـ ئويلاپ، تاجىلمۇلۇك ئۇچۇن بازاردا دۇكان ئېچىشنى، ئۇنىڭ شۇ دۇكاندا سودا يۈرگۈزۈشىنى لايىق كورۇپ، ئەزىز بىلەن بىللە تاجىلمۇلۇككە شۇنداق دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ: "بىز ئەگەر شۇ خىلدا ئوتتۇرسەك، كۇنلەر بىكار كېتىپ، مەقسەدىمىزگە يېتىشەلمەي، قۇرۇق قول قالىمىز. مەن بىر نەرسە ئويلىدۇم. خۇدا خالىسا، شۇ مەسلىھەت بويىچە ئىش قىلساق، ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولار." "ئويلىغىنىڭىز بويىچە ئىش قىلايلى. سىز ياش تەرەپتىن، تەجرىبە تەرەپتىن ئارىمىزدا چوڭسىز. بۇنىڭ ئۇستىگە، كوپ ئىشلارنى بېشىڭىزدىن ئوتكۇزگەن. بىلىملىك پىكىرگە بايسىز. قېنى مەسلىھىتىڭىزنى بىزگە ئېيتىڭ، بىز ئاڭلايلى!" — دەپتۇ ئۇ. "مەسلىھەت شۇكى، — دەپتۇ ۋەزىر ئۇلارغا، — تاجىلمۇلۇك، بىز ساڭا بازاردىن بىر دۇكان ئىستەيمىز. سەن دۇكاندا ئولتۇرۇپ سودا قىلىسەن. ھەممىگە — بايغىمۇ، كەمبەغەللىگىمۇ، كىچىككىمۇ، چوڭغىمۇ مال كېرەك. دۇكاندا ئولتۇرۇپ سودا قىلىشقا باشلىساڭ، خۇدا خالىسا، ئىشىڭ ئالغا باسىدۇ. بولۇپمۇ سەن — كېلىشكەن يىگىت. لېكىن ئەزىزنى يېنىڭدا مال ئېلىپ ـ بېرىپ تۇرىدىغان ياردەمچى ئورنىدا ساقلىشىڭ شەرت" — دەپتۇ ۋەزىر. بۇ مەسلىھەت تاجىلمۇلۇكنىڭ كوڭلىگە يېقىپ چۇشۇپتۇ. دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، قىممەتلىك سودىگەر كىيىملىرىنى كىيىپ، كوچىغا چىقىپتۇ. قۇللار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. دۇكانغا لازىملىق نەرسىلەرنى ئېلىش ئۇچۇن، تاجىلمۇلۇك قۇللىرىدىن بىرىگە مىڭ تىللا پۇل بېرىپتۇ. ئۇلار تىجارەتچىلەر رەستىسىگە كىرىپ بېرىپتۇ. سودىگەرلەر تاجىلمۇلۇكنىڭ ھوسنى ـ جامالىنى كورۇپ، ھەيران بولۇشۇپتۇ. بەزىلىرى ئەقلى ـ ھۇشىنى يوقۇتۇپ قويۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەزىلىرى: "بۇلار ئەلۋەتتە جەننەتنىڭ ھۆرلىرىدىن تۇغۇلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، دەرۋازىۋەنلەر جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئاچقاندا، ئۇلارنى ھۇشىدىن كەتكۈزۈپ قويۇپ، چىقىپ كەتكەن. دەرۋازىۋەن ھوشىدىن كېتىپ، بۇلارنى توسۇشنى ئۇنۇتقان"— دېيىشسە، ئايرىملىرى: "بۇلار پەرىشتە بولۇشى مۇمكىن!"— دېيىشىپتۇ. ئۇلار رەستىگە كىرىپ، بازار ئاقساقىلىنىڭ دۇكىنىنى سورۇشۇپتۇ. ئادەملەر ئۇنى كورسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشىپتۇ. ئۇلارنى ئاقساقالمۇ ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكىلەرمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قارشى ئاپتۇ. بولۇپمۇ ۋەزىرگە بەك ئىلتىپات قىلىشىپتۇ، ئىززەتلەپتۇ. ئۇ كورۇنۇشتىمۇ، سەۋلەتتىمۇ ئۇلۇغ سۈپەت كىشى ئىكەن. سودىگەرلەر بىر-بىرىگە: "بۇ ئىككى يىگىت بۇ كىشىنىڭ ئوغۇللىرى بولسا كېرەك"— دەپ پىچىرلىشىپتۇ. "قايسى بىرىڭىز ئاقساقال؟"— دەپ سوراپتۇ ۋەزىر ئۇلاردىن. ئۇلار ئاقساقالنى كورسىتىپ قويۇپتۇ. ۋەزىر ئۇنىڭغا نەزەر ساپتۇ. ئاقساقالنىڭ كورۇنۇشىمۇ سالاپەتلىك ئىكەن. ئۇنىڭ ئەتراپىدا قۇللار خىزمەت قىلىشۋاتقان ئىكەن. بازار ئاقساقىلى بۇلارغا چوڭ ھورمەت كورسۇتۇپ، ئوز يېنىغا تەكلىپ قىپتۇ. "خۇش كېلىپسىلەر ئەزىز مېھمانلار، ئورۇنداش بىلەن ئېيتىۋارىڭىزلارغا يېتىشىش مۇمكىن بولغان خىزمەتلىرىڭىزگە تەييارمىز"— دەپتۇ ئاقساقال ۋەزىرگە. "خىزمەت شۇكى،— دەپتۇ ۋەزىر،— مەن ياشىنىپ قالغان كىشىمەن. بۇ ئىككى يىگىت بىلەن ھەممە مەملىكەت ۋە شەھەرلەرنى ئايلىنىپ چىقتىم. ھەربىر چوڭ شەھەردە بىر يىلدىن تۇرۇپ، ئەتراپىنى تاماشا قىلدۇق، خەلقلىرى بىلەن تونۇشتۇق، دوستلاشتۇق. تەقدىر بىزنى سىزلەرنىڭ شەھرىڭىزلەرگە ئېلىپ

كەلدى. بۇ يەردە تۇرۇشنى خالاپ قالدۇق. يىگىتلەر بۇ يەردە تۇرۇپ، ھەممە يەرلەرنى كورۇپ، شەھەر ئادەملىرىدىن تەلىم ئېلىپ، ئالدى-بەردى، سودا-سېتىقنى ئۇگىنىۋېلىشلىرى ئۇچۇن، ياخشى يەردىن بىر دۇكان تېپىپ بېرىشىڭىزنى سوراي-مەن." ئاقسال: "ياخشى بولىدۇ!" — دەپ، يىگىتلەرنى كوزدىن كوچۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ قىياپەتلىرىنى كورۇپ، ھەددىدىن ئارتۇق سۇيۇنۇپتۇ. ئۇلارغا مېھرى چۇشۇپ، ناھايىتى ياخشى كورۇپ قاپتۇ. "دۇنيادا شۇنداق كېلىشكەن، چىرايلىق ئادەممۇ بار ئىكەن-ھە؟" دەپتۇ ئۇ ئوز-ئوزىگە. ئاقساقال ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە خۇددى قۇلدەك بەل باغلاپتۇ. دەرھال چېپىپ يۇرۇپ، دۇكان تېپىپ بېرىپتۇ. بۇ دۇكان بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ناھايىتى چوڭ ۋە ھەشەمەتلىك ئىكەن. رەستىدە ئۇنىڭ ئالدىغا ئوتىدىغان دۇكان يوق ئىكەن. مال قويىدىغان يەرلىرى پىل سوڭىكى ۋە ئابنۇس (ئاج) ياغاچلىرىدىن چىرايلىق قىلىپ ئىشلەنگەن ئىكەن. ئاقساقال دۇكاننىڭ ئاچقۇچىنى ۋەزىرگە تەقدىم قىلىپ تۇرۇپ: "قەدىمىڭىزنى خۇدا مۇبارەك قىلسۇن" — دەپتۇ. سودىگەر قىياپىتىدىكى ۋەزىر ئاچقۇچنى ئېلىپ، يىگىتلەر بىلەن بىللە ئويى تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. خىزمەتچى ۋە قۇللىرىغا بارلىق ماللارنى دۇكانغا يوتكەشنى بۇيرۇپتۇ. بۇ ماللارنىڭ ھەممىسى پۇتۇن بىر خەزىنىنىڭ ماللىرىغا تەڭ كەلگىدەك دەرىجىدە سۇپەتلىك ۋە يۇقۇرى باھالىق ئىكەن. ئۇلار شۇ كۇننى دۇكانغا مال تىزىش ۋە ئۇنى زىننەتلەش بىلەن ئوتكۇزۇپتۇ. كەچ بولغاندا ئۇخلۇشۇپتۇ. ئەتىسى ۋەزىر ئۇلارنى ھاممامغا چۇشۇرۇپتۇ. ئۇلار ھاممامدا يۇيۇنۇپ تازىلىنىپتۇ. ھەر ئىككى يىگىتمۇ ھوسنى-جامالدا تەڭدىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يوق بولۇپ چىقىپتۇ. بۇ ھەقتە شائىر شۇنداقمۇ دىگەن ئىكەن:

چىقىپ كەلدى ھامامدىن ئىككى بەرنا،
بىرى ئاي، بىرى كۈندەك چاچتى شولا.
تەرىپىگە ئاجىز كېلەر تىل ۋە قەلەم،
ھەقلىقتۇر ماختانسا شۇ كەڭرى دۇنيا.

* * *

سۇ بىلەن نۇردىن ياراتقان بۇ بەندىنى كائىنات،
بۇ بەدەنگە تەگسە ئىلكىڭ بەختمۇ قىلۇر ئىلتىپات.
كورسىتىپ غەيرەت، ھۈنەردە ئۈستىلىقنى سەن ئېنىق،
مۇشكىنى① ئەنبەر② دىن ئايرى، ئاق بەدەن تاپسۇن نىجات.

ئۇلار ھامامدىن چىقىشىپتۇ. بازار ئاقساقىلى ئۇلارنىڭ ھامامغا چۈشكەنلىكىنى ئاڭلاپ، يولدا كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. يىگىتلەر چىرايلىق كىيىملەردەك مېڭىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ مېڭىشى مۇڭلۇق شاخلاردەك كوزلەرنى چاقنىتىپتۇ. "ھەر دايىم ھامامدىن كۈلگۈللۈك بولسۇن، ئەي ئوغۇللىرىم" — دەپتۇ، ئاقساقال ئۇلارغا ئۇچرىشىپ. "بىز بىلەن بىللە ئۆيگە بېرىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمىز" — دەپتۇ تاجىلمۇلۇك، ھەر ئىككىسى ئېگىلىپ كورۇشۇپتۇ. ئۇلار ئاقساقالنى ئېلىپ ئۆيلىرىگە مېڭىپتۇ. ئۇنى ناھايىتى ھورمەتلەپ كۈتۈپتۇ. ئاقساقالنىڭ بۇلارغا بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ ئېشىپتۇ. كەچكىچە يەپ-ئىچىپ، خۇشچاقچاق بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. تاڭ ئاتقاندا يىگىتلەر دۇكان ئېچىشىپتۇ. دۇكان بەكمۇ ياسالغان ئىكەن. ھەممە تەرەپكە ئىپەك گىلەملەر سېلىنغان، ئوتتۇرىغا ھەر بىرى

---

① مۇشكى — ئىپار؛② ئەنبەر — بىرخىل خۇشبۇي پۇراق چاچىدىغان قارا ماددا.

مـىڭ تىلـلاغا تەڭ كېلىـدىـغان ئـىـكـكى ئورۇنـدۇق قويۇلـغان. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جىيەكلىرىگە ئالـتۇن ئورنىتىلـغان يىپەك گىلەملەر سېلىنغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرىـگە تاجىلـمۇلۇك، ئىك-كىنچىسگە ئەزىز كېلىپ ئولـتۇرۇپـتۇ. ئۇلارنىڭ ئوتـتۇرىسىدىكى گىـلەمگە ۋەزىر ئۆزىگە خاس ئورۇن ياسىتىپ جايلىشىپـتۇ. خىز-مەتـلىرىدە قۇلـلار قول باغـلاپ، سەپ تارتىپ تۇرۇپـتۇ. يېـڭى ئېچىلغان بۇ دۇكاننىڭ داۋرىڭى ھەر تەرەپكە تارقىلىپتۇ. ئادەملەر توپ ـ توپ بولۇشۇپ، كورگىـلى كېلىـشىپـتۇ. كەلـگەنـلەرنىڭ كوپلىرى مال ئېلىشىپتۇ. شەھەرنىڭ ھەممە يېرىگە تاجىلمۇلۇكنىڭ داڭقى كېتىپتۇ. كورگەن كىشىلەر ئۇنىڭ ھوسنى ـ جامالىنى تەرىپ-لىشىپـتۇ. شۇ يوسۇندا بىرنەچـچە كۈنلەر ئوتۇپـتۇ. مال ئالغۇچى خېرىدارلارمۇ، تاماشا قىلغۇچىلارمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋې-رىپتۇ. ۋەزىر تاجىلمۇلۇككە سىر ساقلاشنى ناھايىتى قاتتىق تاپىلاپتۇ. ئوزى ئويـگە كېتىپـتۇ. ئۇلارغا پايدىـلىق بىرەر ئىش ۋە چارە تېپىش توغرىسىدا ئىزدىنىپتۇ. ھەر خىل پىكىرلەرنى يۈرگۈزۈپتۇ. تاجىلمۇلۇك بىلەن ئەزىز ئوز ئارا سوزلىشىپ ئولتۇرۇپ: "سەيدە دۇنيانىڭ ئالدىدىن مال ئالغىلى بىرەر كىشى كېلىپ قالسا، ھەجەپ ئەمەس" ـــ دەپ ئۇمىت كۈتۈشۈپتۇ. تاجىلـمۇلۇك شۇ خىلـدا بىر نەچـچە كۈننى شىـرىن ئۇمىتـلەر بىلەن ئوتـكۈزۈپتۇ. پىـكرى ـ خىيالى سۆيگىنى بىلەن باغلانغىنى ئۈچۈن، ئۇخلىيالماپتۇ. كېيىنكى كۈنـلەردە ئۇ، يېيىش ـ ئىچىشتىنمۇ قاپـتۇ. كۈنـلەردىن بىر كۈنى تاجىلمۇلۇك دۇكىنىدا خىيال سۈرۈپ ئولـتۇرغان ئىـكەن. ئىكـكى كېنىزەك بىلەن بىر قېرى ئايال كىرىپ كەپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىـكايىسىنى توختاتتى.

www.uyghurkitap.com

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھەرىزاد ھېكايىسىنى.



بىريۈز ئوتتۇز ئىككىنچى كېچە

ۋەزىر دەندان شاھ زۇئۇلماكانغا دېدىكى: "بىر كۈنى تاجىلمۇلۇك دۇكىنىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئىككى كېنىزەك بىلەن بىر قېرى ئايال دۇكانغا كىرىپتۇ. قېرى ئايال تاجىلمۇلۇككە تىكىلگىنىچە قاراپلا قاپتۇ: "مانا قاش، ئەنە كۆز، نېمە دېگەن كېلىشكەن قەددى-قامەت، تولۇن ئايدەك يۈز. خۇدايا توۋا، ئەركىشىمۇ شۇنداق كېلىشكەن ۋە شۇنداق چىرايلىق بولىدىكەن-ھە؟ بۇ ئادەم ئەمەس، پەرىشتىنىڭ ئۆزى" — دەپتۇ ئۇ ئۆزىگە ئۆزى. خېلىغىچە شۇنداق تىكىلىپ تۇرۇپ ئاخىر شۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

مەن تۇغۇلغاندىن بېرى كۆرمىگەن سەندەك يىگىت،
سەن بىلەن تەڭلەشكىدەك دىلرەبا نەدىن تاپاي.
كۆلدى ئىقبال، باقتى تەلەي سەن بىلەن ماڭا شۇ دەم،
ئايلىناي، مىڭ ئايلىناي، كۆزلىرىڭدىن ئايلىناي.

شېئىرنى تۈگىتىپ، تاجىلمۇلۇككە يېقىن كەپتۇ. ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تازىم بىلەن سالام بېرىپتۇ. تاجىلمۇلۇك ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، ئورنىدىن تۇرۇپ، سالىمىنى ئىلىك ئاپتۇ. ئەزىزىمۇ ئۇنىڭغا تاجىلمۇلۇكتەك ھۆرمەت كۆرسىتىپتۇ. تاجىلمۇلۇك قېرى ئايالنى ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىلىپ، ياخشىراق ئولتۇرۇشقا ۋە دەم ئېلىشقا ئۈندەپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئەقلى ـ ھۇشۇم كەتتى باشتىن سىنى بىر كورگەن زامان،
مەيلى چىقسا زارلىمايمەن سەن ئۇچۇن تەندىنمۇ جان.

قىرى ئايال: "ئەي ئېقىللىق يىگىت، سىز شۇ شەھەرلىكمۇ؟"ـــ دەپ سوراپتۇ تاجىلمۇلۇكتىن. "بۇ شەھەرگە مېنىڭ تۇنجى قېتىم كېلىشىم. مەقسىدىم ــ بىر ئاز تاماشا قىلىپ كوڭۇل ئېچىش"ـــ دەپتۇ تاجىلمۇلۇك يېقىملىق ئاۋاز بىلەن. "شەھىرىمىزگە بۇرۇن كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە قارىغاندا، سەن نەچچە ھەسسە ئارتۇغراق ھورمەتكە ئىگىسەن. قېنى بىزگە لايىق قانداق ياخشى ماللىرىڭ بار؟ ماڭا ئەڭ نەپىس بىر كىيىملىك كورسەت. چۇنكى، گوزەل ۋە نازۇك كىشىلەر ئۇچۇن، ئەلۋەتتە ئوزىگە مۇناسىپ كەلگىدەك قىممەتباھا، نەپىس ۋە گوزەل كىيىم كېرەك"ـــ دەپتۇ قېرى ئايال. بۇ سوزنى ئاڭلاپ، تاجىلمۇلۇكنىڭ يۇرىكى گوپۇلدەپ ئۇرۇپ، ئويناپ كېتىپتۇ. بۇۋىنىڭ سوزى تۇگىمەيلا، ئەزىز تاجىلمۇلۇككە كوزىنى قىسىپ قويۇپتۇ. "مەندە شاھلارغا ۋە شاھلارنىڭ قىزىغا لايىق مال دېسىڭىزمۇ بار. سىز كىمگە مال ئالماقچىسىز؟ ئېيتىڭ؟ بىز شۇنىڭغا قاراپ. مۇناسىپ مال كورستەيلى!"ـــ دەپتۇ تاجىلمۇلۇك، بۇ گەپ بىلەن ئۇ، بۇۋىنىڭ سوزىنىڭ تېگىگە يەتمەكچى بولغاندەك قىلىپ. "شەھىرىمان شاھنىڭ قىزى سەيدەدۇنياغا باپ بىر كىيىملىك رەخ كورسەت!"ـــ دەپتۇ. سۇيۇملىگىنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، تاجىلمۇلۇك بەكمۇ سۇيۇنۇپتۇ. "ئەڭ ئەلا ماللاردىن كورسەتكىن!"ـــ دەپتۇ ئەزىزگە. ئەزىز تاجىلمۇلۇك يېنىغا شۇ كۇنلەردە كام تېپىلىدىغان ئەڭ ئېسىل ماللاردىن توپى بىلەن ئېلىپ كەپتۇ. "خالىغىنىڭىزنى، مۇناسىپ كورگىنىڭىزنى ئېلىڭ. بۇ ماللار بۇ يەردە مەندىن باشقا كىشىدە يوق."ـــ دەپتۇ تاجىلمۇلۇك بۇۋىگە. قېرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىلك تىللالىق مالنى ئايرىپ: "باھاسى قانچە؟" — دەپ سورىغان ئىكەن. "شۇ ئەرزىمەس نەرسە ئۈستىدە سىز بىلەن سودىلىشىپ ئولتۇرىمىزمۇ؟ بۇنىڭ باھاسى سىز بىلەن تونۇشقانلىقىمىزنىڭ شەرىپىگىمۇ ئەرزىمەيدۇ" — دەپتۇ تاجىلمۇلۇك. "ئىلاھىم كەسىپ كارىڭىغا بەرىكەت بەرسۇن. سەن نىمانچە خوش پېىلسەن، ئەي بەختى سائادەتلىك يىگىت. سىنىڭ قۇچىغىڭدا ئۇخلىغۇچى، سەن بىلەن بىللە بولغۇچى، سىنىڭ ئايدەك يۈزۈڭدىن لەززەتلەنگۈچى، ئۆزەڭدەك كوركەم مەلىكەڭنىڭ ھەقىقى ـ ھورمىتى بىلەن قەنسەمىيات قىلىپ تۇرۇپ ئېيتمەنكى، مەن ساڭا ئوخشاش شىرىن سوزلۇك، شەھلا كوزلۇك، ئاي يۈزلۇك كىشىنى تېخىچە كورمىگەنمەن" — دەپتۇ بۇۋى. تاجىلمۇلۇك كولۇپتۇ. "مەككار قېرى ئايال ئارقىلىق ئاشىق ـ مەشۇقلەرنى بىر ـ بىرىگە قوشۇپ ھاجەتتىن چىقارغۇچى تەڭرىم ساڭا شۇكرى" — دەپتۇ ئۇ ئۆزىگە. شۇ چاغدا "ئەي ئوغلۇم، ئىسمىڭ نىمە؟" — دەپ سوراپتۇ بۇۋى. "ئىسمىم تاجىلمۇلۇك" — دەپ جاۋاپ بىرىپتۇ يىگىت. "بۇ نام شاھلار ۋە شاھزادىلەرگە مۇناسىپ نام. ياخشى نامىڭ بار ئىكەن يىگىت. لېكىن، سەن سودىگەر كىيىمىدە، سودا ئورنىدا تۇرۇپسەن!" — دەپتۇ. "ئەي بۇۋى، بۇ ئوغۇل ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدا ھەممىدىنمۇ قەدىرلىك ۋە ئىززەتلىك. ئۇلار بۇنى ناھايىتى ياخشى كورگەنلىكىدىن ئۇنىڭغا شۇنداق ياخشى نام قويغاندۇر" — دەپتۇ ئەزىز. بۇۋى: "توغرا دىدىڭ ئوغلۇم. خۇدا سىزلەرنى يامان كوزلەردىن، كورەلمەسلەرنىڭ ھىلە ـ مىكىرلىرىدىن ئامان قىلسۇن!" دەپ، كىيىملىكلەرنى ئېلىپ يولغا چۈشۈپتۇ. كېتىپ بېرىپ، يىگىتنىڭ يۈزلىرى، كوركەم ۋە كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى، شىرىن

سوزلىرى بىلەن مەس كىشىلەردەك كەيىپ سۇرۇپ مېڭىپتۇ. ئۇ، ئەنە شۇ ئەھۋالدا سەيدەدۇنيانىڭ ئالدىغا كىرىپ: "ئەي مەلىكەم، مەن ساڭا دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان ئېسىل ۋە نەپىس بىر كىيىم-لىك رەخ ئېلىپ كەلدىم، مانا كور!"—دەپتۇ. "بۇنداق نەپىس كىيىملىكنى بىزنىڭ شەھىرىمىزدە تېخىچە كورمىگەنمەن"، "ئەي بوۋى"—دەپتۇ قىز بوۋىگە. "بۇنى ساتقۇچىنى دېمەمسەن، ئۇنىڭغا تەگلەشتۇرگىدەك يىگىتنى مەن پۈتۈن ئومرۇمدە كورمىگەنمەن. جەننەتنىڭ دەرۋازىۋەنى جەننەتنىڭ ئىشىگىنى ئاچقاندا ئۇنى كورمەي قالغان ياكى كورۇپ ئەقلىدىن ئازغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، جەننەتتىن چىقىپ كەلگەن يىگىت دېمەسلىككە ئىلاجىڭ بارمۇ؟ مەن سېنىڭ شۇ كېچە ئۇنىڭ بىلەن سوھبەتلىشىپ، قۇچىغىدا بولۇشۇڭنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئۇ يىگىت كورگەن كىشىنىڭ يۈرىگىنى ئوينىتىپ قويىدىغان دەرىجىدە چىرايلىق ۋە كېلىشكەن. بۇ مالىلارنى بىزنىڭ شەھىرىمىزگە ئويناپ كېتىش مەقسىدىدە ئېلىپ كەلگەن ئىكەن"—دەپتۇ بوۋى. بوۋىنىڭ سوزىگە سەيدەدۇنيا كۈلۈپتۇ ۋە: "خۇدا سېنىڭ جېنىڭنى ئالسۇن، ئەي پالاكەت قېرى. مىڭەڭ سۈيۈلۈپ، ئەقلىڭدىن ئېزىپسەن"—دەپ، كىيىملىكنى ئىككىنچى قېتىم قايتىلاپ قولىغا ئېلىپ كورۇپتۇ. بۇ رەخت ناھايىتى قىممەتلىك، ھەددىدىن تاشقىرى چىرايلىق ۋە نەپىس ئىكەن. قىزمۇ بۇنداق مالنى شۇ كەمگىچە تېخى ئۇچراتمىغان ئىكەن. "ئەزىبىرايى خۇدا، بۇ مال ھەقىقەتەن ئېسىل ئىكەن"—دەپتۇ سەيدە دۇنيا. "ئەي مەلىكە، بۇنىڭ مېلى ھەقىقەتەن سەن دېگەندەك شۇن-داق ئېسىل، ئەمما ئۇنىڭ ئىگىسىمۇ شۇنداق تەڭداشسىز گۈزەل. ئەگەر بۇنىڭ ئىگىسىنى كورسەڭ، يەر يۈزىدە تېخى بۇنداق كور-

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتابى
www.uyghurkitap.com

كەم يىگىتنىڭ يوقلۇقىغا ئۆزەڭمۇ قايىل بولسەن"— دەپتۇ بۇۋى. "ئۇنىڭ نېمە ھاجىتى بار ئىكەن. سوراپ كۆرمىدىڭىزمۇ؟ بىزمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلالىتتۇق"— دەپتۇ سەيدەدۇنيا بۇۋىگە. "پاراسەتلىك، چىچەن قىز سەن، ئەي مەلىكەم، دۇنيادا ھاجەتسىز كىشى بولامدۇ؟ ھەرقانداق ئادەمنىڭمۇ بىرەر ھاجىتى بولىدۇ، ئەلۋەتتە"— دەپتۇ بۇۋى. "ئۇنىڭ يېنىغا بارغىن، مەندىن سالام دېگىن. مۇبارەك قەدىمىڭىز بىلەن شەھىرىمىزنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇردىڭىز. سىزنىڭ قانداق ھاجىتىڭىز بار؟ ئۇنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرەمىز دېگىن"— دەپتۇ سەيدەدۇنيا. بۇۋى: "خوپ!"— دەپ شۇ ئاندىلا ئورنىدىن چىقىپ، تاجىلمۇلۇكنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. تاجىلمۇلۇك بۇۋىنى كۆرۈش بىلەن ناھايىتى خوش بوپتۇ. ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆز يېنىدىن جاي كۆرسىتىپتۇ. بۇۋى ئولتۇرۇپ، دېمىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن، سەيدەدۇنيانىڭ سالام بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىنى تاجىلمۇلۇككە ئېيتىپ بېرىپتۇ. تاجىلمۇلۇك بۇۋىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، دىلى سۆيۈنۈپ، روھى تېتىكلىشىپتۇ، خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قاپتۇ. "ئەمدى مېنىڭ تىلىگىم ھەل بولىدىغان بولدى، مەن تىلىگىمگە يېتىدىغان بولدۇم"— دەپتۇ ئىچىدە ئۇ. "مەلىكىگە خەت يېزىپ بەرسەم، ئۆز قولىغا بېرىپ، جاۋابىنى ئېلىپ كېلىپ بېرىش سىزگە ئېغىر كەلمەسمۇ؟"— دەپتۇ ئۇ بۇۋىگە. "يازغىن ئوغلۇم، تىرىشىپ كۆرىمەن"— دەپتۇ بۇۋى. "ماڭا قەغەز، قەلەم، سىيا بېرىڭ!"— دەپتۇ ئۇ ئەزىزگە. ئەزىز ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەييار قىلىپ بېرىپتۇ. تاجىلمۇلۇك قەلەمنى قولىغا ئېلىپ، قەغەز يۈزىگە شۇ شېئىرنى يېزىپتۇ:

ئەي سەنەم بەكمۇ ئۇزۇن يوللارنى باستىم سەن ئۇچۇن،
دەشتى ـ سەھرا، تاغ ئېشىپ كەلدىم بۇ يەرگە سەن ئۇچۇن،
ھاجىتىم شۇ: مېھرىڭ بىلەن ۋەسلىڭنى لۇتپى ئەيلىسەڭ،
يەنە تارتسام رازىمەن دەردى ـ بالانى سەن ئۇچۇن.

* * *

ئۇمىت مەكتۇبىنى يېزىپ ئەۋەتتىم ساڭا ئەي جانان،
ھىكايە ئەيلىگەي بۇ خەت، يامان قىينار مېنى ھىجران.
بىرىنچى مىسرادىلا بۇ خەستە جانىمغا تۇتاشتى ئوت،
ئىككىنچى مىسراسى سالدى ۋەسلىڭدىن قەلبىمگە زور تۇغيان.

ئۇچىنچىدە ھاياتىمدىن ئۇمىت ئۈزدۇم، كۆچۇم كەتتى.
بولدى تۆتىنچى مىسرادا جېنىم بىلگىن ئىشقىڭغا قۇربان.
بەشىنچىدە ئۇچۇق كەتتى كۆزۈم ھوسنۇڭنى كورەلمەي،
ئالتىنچىدە تەلپۈندۇم، كېلەر دەپ ياخشى كۈن قاچان؟

شېرىنىڭ تىڭگە قويغان ئىمزاسىغا: "بۇ خەت سويگۇ ئەسىرى، ئىشتىياق زەنجىرىگە باغلانغان، پىراق ئوتىدا كويگەن، ئارىلىق ئازاپلىرىنى تارتىپ مەشۇقىغا يېتىشىشكە يول تاپالمىغان، غېرىپ ۋە سەرگەرداندىن" — دەپ يېزىپتۇ. كوزلىرىدىن ئاققان ياشنى توختىتالماي، يەنە ئىككى پارچە شېرىنى قوشۇپ قويۇپتۇ:

يۈزۈڭنىڭ نۇرى ھاياتىمغا جان،
ھىجرىڭدۇر ئاپەت ماڭا ئەي جانان.
ئىشقىڭ ئوتىدا دايىم كويەرمەن،
ئورتىدى كوكنى مەن تارتقان پىغان.

* * *

خەت يازدىم، دىلدا ئەلەم، كوزدە ياش،
ياخشى نىيەت دايىم كوڭلۇمگە يولداش.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ساڭا يەتمىش ئارزۇسىدا،
قايغۇ ـ كۈلپەتكە بېرىمەن چىداش.

خەتنى چىرايلىق قاتلاپ، تامغىسىنى بېسىپ، بوۋىگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ ۋە: "مانا بۇ خەتنى سەيدەدۇنياغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، جاۋاۋىدىن بىزنى خەۋەردار قىلىشىڭىزنى سورايمەن" ــ دەپتۇ تاجىلمۇلۇك. "خوپ!" ــ دەپتۇ بوۋى خەتنى قولىغا ئېلىپ. "سۆيگۈ ئىشلىرىغا بېغىشلىغان قەدىمىڭىز ئۈچۈن، ئەرزىمىگەن بۇ پۇلنى ئېلىپ مېنىڭ كۆڭلۈمنى خوش قىلىڭ" ــ دەپ تاجىلمۇلۇك ئۇنىڭغا ئىككى مىڭ تىللا پۇل بېرىپتۇ. بوۋى پۇلنى ئېلىپ تاجىلمۇلۇككە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ. ئورنىدىن تۇرۇپ، سەيدەدۇنيانىڭ تېيشىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا كىرگەندە: "قېنى قانداق ھاجەتلەرنى ئېيتتى؟ بىز ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ ھاجىتىدىن چىقىرىمىز!" ــ دەپتۇ سەيدەدۇنيا. "ماڭا ئۇ بىر پارچە خەت يېزىپ بەردى. ئىچىگە نىمىلەرنى يازغىنىنى بىلمەيمەن" ــ دەپتۇ بوۋى خەتنى مەلىكىگە ئۇزۇتۇپ تۇرۇپ. سەيدەدۇنيا خەتنى ئېلىپ ئوقۇپتۇ. مەزمۇنىنى بىلىپ غەزەپلىنىپتۇ. "مەن كىم؟ ئۇ كىم؟ ئۇيالماي ماڭا شۇنداق خەت يېزىپتۇ ـ ھە؟ ــ دەپ يۈزلىرىنى تاتلاپتۇ، ــ ئەزبىرايى خۇدا، ئەگەر خۇدادىن قورقمىسام، ئۇنى دۇكىنىنىڭ ئالدىغا ئاستۇراتتىم". "شۇنچىلىك غەزەپلەنگىدەك گەپ بارمىكەن؟ نىمە دەپتۇ؟ خاپا بولغانمۇ؟ ياكى كىيىملىك رەختنىڭ پۇلىنى سورىغانمۇ؟!" ــ دەپ سوراپتۇ بوۋى سەيدەدۇنيادىن. "ئېيىپ سەندە، ئەي قاقۋاش قېرى، ــ دەپتۇ مەلىكە ۋاقىراپ، ــ بۇ خەتتە ئۇنداق سۆزلەر يوق! بۇ خەتنى ئىشقى ـ مۇھەببەت توغرىسىدا يازغان.

بۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ كاساپىتىڭدىن بولدى. بولمىسا ئۇ مېنى قەيەردىن بىلىدۇ؟ بۇنداق سوزلەرنى يېزىشقا قانداق جۇرئەت قىلىدۇ؟!" "ئەي مەلىكەم، سەن ئۆزەڭ ئالى قەسىردە ياشايسەن. سېنىڭ ئالدىڭغا ئادەم ئەمەس، قۇشمۇ ئۇچۇپ كىرەلمەيدۇ. بەس، شۇنداق ئىكەن، بۇ سوزلەرگە خاپا بولۇشنىڭ، قايغۇرۇشنىڭ نىمە ھاجىتى بار؟ ئۆزەڭ شاھ قىزىسەن. تۇلكىنىڭ ئەركىلەپ قۇيرۇق ئۇيىنىتىشىدىن ساڭا نىمە زىيان كېلىدۇ؟ مەن خەتكە نىمە يازغىنىنى بىلمەي ئېلىپ كەلگەنمەن. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزەڭنى كايىتىپ ئاچچىغلانغانىڭ پايدىسى يوق. مېنىڭ پىكرىم: ئۇنىڭ خېتىگە ئەلۋەتتە جاۋاپ يېزىشىڭ، ئۇنى ئۇلۇم بىلەن قورقۇتۇشۇڭ، بۇ بىھۇدە ئۇرۇنۇش ۋە ئارتۇقچە گەپلەرنى قىلىشتىن توختىتىشىڭ زورۇر. شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئېسىنى يىغىپ، باشىباشتاقلىقتىن ئۆزىنى تارتىدۇ. ئىككىنچى بۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ" — دەپتۇ بۇۋى. "مەن خەت يازسام، ئۇنىڭغا يەنە جاۋاپ يېزىپ يۇرمىگىدى دەپ قورقىمەن" — دەپتۇ سەيدەدۇنيا. "بۇ قورقۇتۇش، ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن كېيىن، ئۇنىڭ سەندىن ئۇمىدى ئۇزۇلىدۇ. ئۇ، بۇ پىكرىدىن قايتىدۇ!" — دەپتۇ بۇۋى. "قەغەز، سىيا ۋە قەلەم ئېلىپ كەل!" — دەپ بۇيرۇپتۇ سەيدەدۇنيا. بۇۋى دەرھال بۇ نەرسىلەرنى ھازىر قىپتۇ. سەيدەدۇنيا شۇ شېئىرنى يېزىپتۇ:

"ئىشقىدىن ئۇيقۇم يوقالدى" — دەپتۇ لاپ ئۇرغان كىشى،
"ۋەسلى ئۇمىدى بولمىسا، ئولەر ئىدىم" — دەپتۇ ھامان.
ئويلا، ئەي نادان، بارمۇ ئايغا يەتكەن بىر كىشى،
كىم ئۇ، ئايغا يەتكەن؟ قاچان ئۇنى كورگەن زامان؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كوپ خەتەرلىكتۇر بۇ يول، ئومرۇڭ ئازاپتا ئوتمىسۇن،
مەسلىھەت شۇ، قايت بۇ يولدىن، قايتمىساڭ ھالىڭ يامان.
سەن ئەگەر بۇ سوزلىرىمنى قايتۇرار بولساڭ يانا،
ئۇندا مەندىن رەھمى-شەپقەت كۇتمە، قالمايسەن ئامان.

ئاي بىلەن كۈننى ياراتقان تەڭرى نامىغا قەسەم،
قايتمىساڭ بۇ نىيىتىڭدىن، مەن قىلارمەن قەستى جان.
بىر دەرەخكە مىقلاتۇرىمەن، شۇندا بىلەرسەن مېنى،
ئەمدى بۇ ئىشتىن تارت تىلىڭنى، بولمىسا ئوچكەي زۇۋان.

سەن ئوزەڭ كىمسەن، ماڭا تەڭ كېلەلمەيسەن يانا،
تۈلكە بولساڭ بۇ زىمىندا، مەن ئېرۇرمەن ئارسلان.
توۋە قىلغىن بۇ خىيالىڭغا يانا سەن تېز تېخى،
يوقسە كەتكەي دولىتىڭ، قالمىغاي جېنىڭ ئامان.

مەلىكە خەتنى پۈكلەپ بۇۋىگە بېرىپتۇ: "بۇنى ئۇنىڭغا تاپ-شۇرۇپ، بۇنداق مەنىسىز سوزلەرنى يېزىشتىن ئوزەڭنى تارت! دەپ ئېيت!"—دەپتۇ سەيدەدۇنيا. بۇۋى: "خوپ!"—دەپ خەتنى ئېلىپ، ئوز ئويىگە قاراپ مېڭىپتۇ. تاڭ ئېتىشى بىلەن بۇۋى توپ-توغرا تاجىلمۇلۇكنىڭ دۇكىنىغا قاراپ مېڭىپتۇ. تاجىلمۇلۇكمۇ ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغان ئىكەن. بۇۋىنى كورۇش بىلەن كوڭلى ئېچىلىپ، تېپىرلاپ قاپتۇ. بۇۋى يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭ ھورمىتى ئۇچۇن تاجىلمۇلۇك ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئوز يېنىدىن جاي كورسىتىپتۇ. بۇۋى ئولتۇرۇپ، يېنىدىن خەتنى چىقىرىپ تاجىل-مۇلۇككە بېرىپتۇ: "بۇنى ئوقۇغىن. سەيدەدۇنيا خېتىڭنى ئوقۇپ، غەزەپلەندى. لېكىن، مەن ئۇنى ھەر خىل گەپلەر بىلەن ئەيۋەشكە

كەلتۈردۈم، غەزنۇسىنى پەسلەتتىم، ئۇنى كوندۇردۇم. كوڭلى يۇمشاپ، ساڭا بۇ جاۋاپ خەتنى يازدى". تاجىلمۇلۇك بۇۋىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئەزىزگە ئۇنىڭ خىزمىتى ئۇچۇن مىڭ تىللا پۇل بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. تاجىلمۇلۇك خەتنى ئېچىپ ئوقۇپ، ناھايىتى قاتتىق يىغلاپتۇ. ئۇنىڭ يىغىسىنى كورۇپ، بۇۋىسىنىڭ رەھمى كەپتۇ. بۇنىڭ يىغىسىنى يەنە ئاڭلاشقا تاقىتى يەتمەي: "خەتنى ئېچىپلا قاتتىق يىغلىدىڭ. ئېيتقىنا. ئۇ ساڭا شۇنچىلىك يىغلىغىدەك نىمە گەپ يېزىپتۇ؟"—دەپ سوراپتۇ بۇۋى. "خەتتە ئۇ، مېنى بوغۇزلاش بىلەن قورقۇتۇپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭغا قايتا جاۋاپ خەت يازماسلىقنى ئاگاھلاندۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ئاگاھلاندۇرۇشىدىن قورقۇپ خەت يېزىشنى توختاتقىنىمدىن ئولگىنىم ياخشى"—دەپتۇ تاجىلمۇلۇك. "سەن جاۋاپ خەت ياز. ئۇمۇ ئوزىنىڭ بىلگىنىنى قىلسۇن. ياش جېنىڭ كامالەتكە يەتسۇن. مەنمۇ جېنىمنىڭ بېرىچە ھەركەت قىلىمەن. ھەرقانداق قارشىلىقنى يېڭىپ، سېنى چوقۇم مەقسىدىڭگە يېتىشتۇرۇش يولىدا جان تىكىپ ماڭىمەن. يا ئۇ مېنىڭ جېنىمنىمۇ ئالىدۇ، يا مەن سېنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ، ئۇنى سېنىڭ قولۇڭغا بېرىمەن"—دەپتۇ بۇۋى. "قىلغان بۇ ياخشىلىقلىرىڭ ئۇچۇن خىزمىتىڭگە تەييارمەن: سەن ئادەملەرنى توغرا يولغا سېلىشقا تەجرىبىلىكسەن. ھىلە-مىكرى ئىشلىرىغا ئالىمسەن. ساڭا ھەرقانداق قىيىن ئىش ئاسان. خۇدا ھەر ئىشقا قادىر، ئۇ ساڭا ياردەم بېرىدۇ"—دەپتۇ تاجىلمۇلۇك، قولىغا قەغەز-قەلەم ئېلىپ، ئالدىغا سىيانى قويۇپ، مۇنۇ شېئىرلارنى يېزىپتۇ:

بى ۋاپالىق ئۇزۇغىنى چاچمىغىن،
ئاشىقىڭدىن يۈزنى ئورۇپ قاچمىغىن.

باغرى تاشلىق قىلمىغىن ئەي يار ماڭا،
جەۋرى - جاپا سالغىچە، جاننى بىر يول ئالغىنا.

قىل كەرەم مەندەك غېرىپ بىچارىغا،
رەھىملىك كەلسۇن يۇرىكى ملىڭ پارىغا.
ھىجرىلىك بىلەن مەن يەنە ئاۋارىمەن،
گايى يوق، بەزى جاھاندا بارىمەن.

• • •

"ئۆلتۈرىمەن" — دەپتۇ مىنى يارۇ - جىنىم،
ئۆلسەم ئارام تاپار بۇ خەستە جىنىم.
ھىجراندىن ئۆلمەكلىك ئاشىققا راھەت،
ئۆلسەم ئورۇنلىنار تىلەك - ئارمىنىم.

مەنمۇ قولۇڭدا غېرىپ ئەسىر مەن،
رەھمى ئەيلىگىز بىر، ئارامى جىنىم.
ھىچ گۇنا ئەمەس ھورلەرنى سۆيمەك،
سىزمۇ كېچىرىڭ بىر تامچا قىنىم.

يىگىت ئەلەم بىلەن شېئىرنى تۈگىتىپ، "ئاھ!" تارتىپ قاتتىق يىغلاپتۇ. بۇۋىنىڭمۇ كوڭلى يۇمشاپ يىغىغا قوشۇلۇپتۇ. كېيىن بوۋى خەتنى ئېلىپ: "ئۆزەڭنى دادىل تۇت! خاتىرجەم بول. مەقسىدىڭگە يەتكۈزىمەن" — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



بىريۈز ئوتتۇز ئۈچىنچى كېچە

—ئەي بەختلىك شاھ،— دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

بوۋىسىنىڭ تاجىلمۇلۇككە رەھمى كەپتۇ. ئۇنىڭغا قاراپ: "دادىل بول ئوغلۇم، كۆڭلۈڭنى ئوچۇق تۇت! روھۇڭنى چۈشۈرمە! مەقسىدىڭگە ئەلۋەتتە يەتكۈزىمەن"—دەپتۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ خەتنى ئېلىپ سەيدەدۇنيا تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. سەيدەدۇنيا تاجىلمۇلۇكنىڭ بىرىنچى خېتىگە تېخىچىلا ئاچچىغلىنىپ غەزىۋىنى باسالماي ئولتۇرغان ئىكەن. بوۋاي كىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا تاجىلمۇلۇكنىڭ ئىككىنچى خېتىنى بېرىپتۇ. ئۇ تېخىمۇ تېرىكىپ: "مەن ساڭا، ئۇ مەندىن ئۈمىت ئۈزمەي يەنە خەت يازىدۇ؟ دەپ ئېيتمىدىمۇ؟"—دەپ ۋاقىراپتۇ. "شۇ قۇرۇق خەتتىن نېمە ئۈمىت چىقىدۇ، ئۇ سېنى نېمە قىلالايدۇ؟"—دەپتۇ بوۋاي. "سەن ئۇنىڭ قېشىغا ھازىر بارغىن. ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن يەنە خەت يازىدىغان بولساڭ بويىنۇڭ ئۈزۈلىدۇ، دەپ چۈشەندۈرۈپ قويغىن"—دەپتۇ سەيدەدۇنيا. "ئۇنى سېنىڭ سۆزۈڭ قورقۇتمىسا، مېنىڭ سۆزۈم قورقۇتالمايدۇ. شۇ سۆزلەرنى سەن يازغىن، مەن ئېلىپ باراي"— دەپتۇ بوۋاي. سەيدە دۇنيا قولىغا قەغەز-قەلەم ئېلىپ، شۇ شېئىرلارنى يېزىپتۇ:

جۈرئىتىڭنى قوي يىگىت، قىلمىغىن بۇزۇق خىيال،
شەپەرەڭنىڭ كۈن نۇرىنى كۆرۈشى قۇرۇق خىيال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارزۇ قىلسا تۇمۇچۇق قارچىغىنىڭ سوھبىتىن،
ئاجرىيالماس چاڭگىلىدىن، تاپقۇسى ئومرى زاۋال.

* * *

ئەي، ۋىسال ئىزلەپ يېتەلمەي، يولنى يوقاتقان ئەقلى كەم،
بۇ بەختلىك يولدا جىنىڭغا قىلمىغىن سەن كوپ ستەم.
ئويلىسام، بىلمەكچەن ئاسماندا يۇلتۇز سانىنى،
سەن يېتىشمەكچى بولۇپسەن كوكتە تولغان ئايغا ھەم.

سەن ۋىسالىمغا يېتىپ، كوكسۇمگە باش قويماقچىمۇ؟!...
قايسى بىر جۇرئەت بىلەن بۇ يولغا قويدۇڭ سەن قەدەم؟!...
تەگرى ھەققى بۇ يولۇڭدىن قايت، قوزغىما مەندە غەزەپ!
بېشىڭدىكى چېچىڭ ئاقارغاي، ساڭا مەن قىلسام ئەلەم.

سەيدەدۇنيا خەتنى پۇكلەپ بۇۋىگە بېرىپتۇ. ئۇ، خەتنى ئېلىپ، ئالدىراپ يولغا چۇشۇپتۇ. تاجىلمۇلۇك بۇۋىنى كورۇش بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ: "خۇدا مۇبارەك قەدىمىڭىزنى توختاتمىسۇن!" — دەپتۇ. "مانا خېتىڭىزنىڭ جاۋابى" دەپتۇ بۇۋى تاجىلمۇلۇككە. تاجىلمۇلۇك خەتنى ئېچىپ ئوقۇپ، قاتتىق يىغلاپتۇ. "قېنى ئەمدى بىر جاللات ئوتتۇرىغا چىقىپ مېنى ئولتۇرسە ياكى ماڭا ئولۇم تىلىگەن كىشى ئوزى كېلىپ مېنى ئولتۇرۇپ، غەم-قايغۇدىن خالاس قىلسا. ماڭا بۇگۇنكىدەك ئەھۋالدىن ئەشۇ ئولۇم ياخشى ئىدى" — دەپتۇ تاجىلمۇلۇك. ئاندىن ئۇ قولىغا قەغەز-قەلەم ئېلىپ، شۇ شېئىرنى يېزىپتۇ:

ئەي سەنەم قورقاتمىغىن ئولۇم بىلەن،
بېشىمنى تۇتۇپ بېرەي قولۇم بىلەن.

خەنجىرىڭدىن بۇ يۈرەك تاپقاي ئارام،
دەرت ـ ئەلەمدىن قىل خالاس مېنى تامام.
بۇ سوزۇڭدىن قايتقىن ئەي ھورلىقا،
سەن ئۇچۇن بىرجان ئەمەس، مىڭ جان پىدا.

* * *

مەن ئاشىقىڭمىز، ئىشقى دېڭىزىدا ئۇزەرمەن غاقىراپ،
مەن يېرىم جانمەن ماڭا سالماڭ يەنە جەۋرى ـ جاپا.
جېنىم تىنىمدىن چىقىشقا تەييار تۇرار سىزگە قاراپ،
رەھمە ئەتكەيسىز ماڭا بىر كورسىتىپ مېھرى ـ ۋاپا.

تاجىلمۇلۇك خەتنى قاتلاپ، بوۋىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ تۇرۇپ: "سىزنى جاپالىق ئىشقا سېلىۋاتىمىز، ئەپۇ قىلىڭ!..." دەپتۇ ۋە ئەزىزنى بوۋىگە مىڭ تىللا بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. "بۇ خەت يا ئۇنىڭغا بۇتۇنلەي يېتىشىشكە ياكى ئالاقىنى تامامەن ئۇزۇشكە ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن" ــ دەپتۇ تاجىلمۇلۇك. "ئەي ئوغلۇم، مەن ساڭا پەقەت ياخشىلىقتىن باشقا نەرسىنى تىلىمەيمەن. مېنىڭمۇ مەقسىدىم ئۇنى ساڭا يەتكۇزۇش ۋە قوشۇشتۇر. سەن كېچىنى يورۇتقۇچى ئاي بولساڭ، ئۇ تۇننى ھەيدىگۇچى قۇياشتۇر. ئەگەر مەن سىلەرنىڭ بېشىڭلارنى قوشالمىسام، ئۇنداق ھاياتتىن ماڭا ئولۇم ياخشى. مەن ئاتمىش ياشقا كىردىم. مېنىڭ بارلىق ھۇنىرىم ئاشىق ـ مەشۇقلەرنى تېپىشتۇرۇش، بېشىنى قوشۇشقا بېغىشلانغان. ھېچكىم قول سالالمىغان ئىشلارنى قىلىپ، مەن ـ مەن دېگەن ئاشىق ـ مەشۇقلارنى بىر بىرىگە قوشقانمەن. ئەمدى سىلەر ئىككى ئاشىقنىڭ بېشىنى بىر يەرگە، بىر ياستۇققا جەم قىلالمىسام، بۇ مەن ئۇچۇن بەكمۇ ئۇيات ئىش" ــ دەپتۇ تاجىلمۇلۇككە تەسەللى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بېرىپ، كۆڭلىنى ياساپ خوشلۇشۇپتۇ. ئازراق مېڭىپ، خەتنى چېچى-
نىڭ ئارىسىغا بېكىتىپ، سەيدەدۇنيانىڭ ئالدىغا كىرىپ بېرىپتۇ
ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ: "خىلىدىن بېرى يۈيالمىدىم. ئۇنى
تاراشقا ۋاقتىم يەتمىدى. بېشىم قىچىشۋاتىدۇ. سىركىمۇ
يا باشقا بىر نەرسىمۇ بارغا ئوخشايدۇ. ئېغىر كەلمىسە، بېشىمغا بىر
قاراپ قويساڭ. مەن خوش بولۇپ قالاتتىم"—دەپ بېشىنى قاشلاپتۇ
بۇۋى. سەيدەدۇنيا بۇۋىنىڭ بېشىنى باقماقچى بولۇپ، چاچلىرىنى
يايغان ئىكەن. چېچىنىڭ ئارىسىدىن بىر خەت چىقىپتۇ. سەيدە
دۇنيا ئۇنى ئېلىپ: "بۇ نىمە خەت؟"—دەپ سوراپتۇ بۇۋىدىن.
سودىگەر يىگىتنىڭ دۇكىنىغا سېنىڭ خېتىڭنى ئېلىپ بارغاندا،
ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىدىم. شۇ يەردە ئىلىنىپ قالغان بولسا
كېرەك. ماڭا بەرگىن. مەن ئۇنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بېرىپ، ئۆز
قولىغا بېرەي"—دەپتۇ بۇۋى. سەيدەدۇنيا خەتنى بەرمەي ئېچىپ
ئوقۇپتۇ. مەزمۇنىغا چۈشىنىپ: "ئەي قاقۋاش قېرى، بۇ سېنىڭ
قىلغان ھىلەڭ ئەمەسمۇ؟—دەپتۇ بوغۇلۇپ—ئەگەر مېنىڭ سۈت
ئانام بولمىغىنىڭدا، ئەدىۋىڭنى بېرەتتىم. بۇ سودىگەرنىڭ ئوغلى
مېنىڭ بېشىمغا بىر بالا بولدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە سەن
سەۋەپچى بولدۇڭ! بۇ سودىگەرنىڭ ئوغلى قەيەردىن كەلگەن.
بۇنىڭدىن باشقا كىشى ماڭا بۇنچىلىك جۈرئەت بىلەن ئېغىز ئاچال-
مىغان. بۇ ئىشلارنىڭ ئادەملەر ئارىسىغا تارقىلىپ، سۆز-چۆچەك
بولۇشىدىن قورقىمەن. يەنە شۇنىسىمۇ باركى، ئۇ، شاھزادىلاردىن
ئەمەس. تەبىكى، مېنىڭ تەڭ-تۇشۇممۇ ئەمەس"—دەپتۇ. بۇۋى
ئۇنىڭ يېنىغا يېقىنلاپ بېرىپ: "سېنىڭ شوھرىتىڭ ۋە ئاتاڭنىڭ
ھەيۋىسىدىن ئەيمىنىپ، ھېچكىم بۇنداق سۆزنى قىلمىغىنى راس.

شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇنىڭغا جاۋاپ يازغىنىڭ ياخشى"— دەپتۇ بوۋى. "ئاتامدەك شاھنىڭ غەزىۋىدىن قورقماي، بۇ سوزلەرنى يېزىشقا ئۇ شەيتان قانداق جاسارەت قىلدى؟ ئۇنى نىمە قىلىش كېرەك؟ ئولۇمگە بۇيرۇي دىسەم، ئۇنىڭ قىساسىدىن قورقىمەن. شۇنداق ئوز ھالىغا قويۇپ بېرەي دىسەم، ئۇ، يەنىمۇ ھەددىدىن ئاشىدۇ"— دەپتۇ سەيدەدۇنيا. "يەنە خەت ياز، سېنىڭ خېتىڭ بىلەن ئۇ، بۇ ئىشتىن چېكىنسە ھەجەپ ئەمەس!"— دەپتۇ بوۋى. سەيدەدۇنيا قولىغا قەغەز-قەلەم ئېلىپ، مۇز شېرنى يېزىپتۇ:

ھەر كىشى پەرۋانىدەك ئۇرسا شامغا، ئوزىنى
- دىگىن ئاگا:
— كويدۇرەر ئوت، بارمىغىن ئەسلا يېقىن،
رەھمە قىلغىن جېنىڭغا، ئوزەڭنى ئوتقا ئۇرمىغىن،
ئايىماس سېنى ئەجەل بۇنى ئوبدان ئويلىغىن.

* * *

ھەددىڭدىن تولا ئاشتىڭ، ئەي ئىنسان،
ئېقىلسىزلىق سېنى يېگىپتۇ ئاسان.
شېر يېزىپ تالدۇرۇپ مەن قولۇمنى،
قاچانغىچە كورستىمەن يولۇڭنى.

قۇرۇق سوز ۋە ئارزۇدىن يانمىدىڭ،
ياخشى سوزگە قۇلاقنى بىر سالمىدىڭ.
بۇ سىرنى يوشۇردۇم ئەلدىن كوپ قېتىم،
"سۆيگۈڭنى قايتۇرۇپ ھەم ئالغىن!..." دىدىم.

يەنە ئېغىز ئېچىپ قىلساڭ بىرەر سوز،
جېنىڭمۇ ساق قالماس، ئاندىن ئۈمىت ئۈز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كوپ ئەمەس، ئاز قالدى سېنىڭ ئەجىلىڭ،
تۇپراققا يەم بولار ئەزىز بەدىنىڭ.
قېرىنداش، ئۆرۈغۈڭ بىلمەي قالدۇ،
جاھىللىق جېنىڭنى قويماي ئالدۇ.

سەيدەدۇنيا خەتنى قاتلاپ بۇۋىگە ئۇزۇتۇپتۇ. بۇۋى تاجىلمۇلۇكنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ، خەتنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. تاجىلمۇلۇك خەتنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ تاش يۈرەك ئىكەنلىكىنى سېزىپتۇ، ئۇنىڭغا يىتىشەلمەيدىغانلىقىغا كوزى يېتىپتۇ. ئۇ ۋەقەنى ۋەزىرگە ئېيتىپ، بىرەر مەسلىھەت بېرىشىنى سوراپتۇ. "ئەمدى ئۇنىڭغا خۇدانىڭ غەزىۋىنى تىلەپ خەت يېزىشتىن باشقا چارە يوق" — دەپتۇ ۋەزىر. تاجىلمۇلۇك ئەزىزگە قاراپ: "دوستۇم، سەن ئۇنىڭغا بىلگىنىڭچە ماھارەت كورسىتىپ، مېنىڭ نامىمدىن بىر پارچە خەت يازغىن" — دەپتۇ. ئەزىز قولىغا قەغەز-قەلەم ئېلىپ، شۇ شېئىرنى يېزىپتۇ:

غېرىپ ئاشىقىڭغا بىر نەزەر قىل!
ئاشىقلار كوز يېشىدىن سەن ھەزەر قىل!
مېنى كويدۇردى ھىجران ئوتى، يار،
ۋەسلىڭ شارابىغا مەن يەنە خۇمار.

ماڭا باغرىڭنى سەن قىلمىغىن تاش،
ئۇنىڭسىز ماڭا جەۋرى-زۇلۇم ئاش.
ھەزەر قىل، ئەي سەنەم، ئاھى سەھەردىن،
مېنىڭ ئاھىم چىقار جاندىن-جىگەردىن.

بەش ماشايىخقا سىغىندىم، ماڭا نىجاد بەر خۇدا،
ماڭا قىلسا كىم ستەم، ئۇنىڭغا بەرگىن زور بالا.
ساڭا مەلۇم، بۇ جىنىم ئازاپتا قالدى بەك ئېغىر،
سۆيگىنىم تاش بېغىركەن، بېشىمغا سالدى ماجرا.

بىھساپ - چەكسىز جاپالارغا چىدايمەن ئۆلگىچە،
سەندىن ئۆزگە يوق مۇرەببىم، يولنى كورسەتكىن ماڭا.
كېچە - كۈندۈز ئىشتىياقىڭنى ئۇنتۇلاي دىگەن ئىدىم،
لېكىن ئۇ چىقماس ئېسىمدىن، ئورنۇشۇپتۇ جان ئارا.

سەن كىشىلەرگە ئۇۋال قىلىشتىن ئەسلا يانمىدىڭ،
مىنى سۆيگۈ لەززىتىدىن قويدۇڭ قۇرۇق، ئەي ھورلىقا.
بۇ ھاياتىمنىڭ لەززىتى، ئارامى سەندە ئىدى.
بولغان ئىدىم سىنى دەپ، ئەل - يۇرتۇم دوستىن جۇدا.

ئەزىز خەتنى توگىتىپ، تاجىلمۇلۇككە بېرىپتۇ. شاھزادە ئوقۇپ ئەجەپلىنىپتۇ، خەتنى قاتلاپ بۇۋىگە بېرىپتۇ. بۇۋى ئۇنى خەتنىڭ ئىگىسى سەيدەدۇنياغا يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ. سەيدەدۇنيا خەتنى ئېلىپ ئوقۇپ، ھەددىدىن ئارتۇق غەزەپلىنىپتۇ. "بۇ تەشۋىشلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭ كاساپىتىڭدىن بولدى"—دەپ، كېنىزەكلىرىنى قىچقىرىپ: "بۇ ھىلىگەر شۇم قېرىنى تۇتۇپ يىقىتىڭلار، ئۇرۇڭلار، ئاياقلىرىڭلار بىلەن تېپىڭلار!"—دەپتۇ. ئۇلار بۇۋىنى يىقىتىپ تېپىپ، ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. بۇۋى ھوشىدىن كېتىپتۇ. ھوشىغا كېلىپ، تاشلانغان يېرىدىن تۇرۇپ، ئاستا - ئاستا ئومىلەپ مېڭىپ، ئوزىنىڭ ئويىگە كېتىپتۇ. تاڭ ئاتقىچە ئويىدە يېتىپتۇ. سەھەر تۇرۇپ، تاجىلمۇلۇكنىڭ دۇكىنىغا قاراپ مېڭىپتۇ. تاجىلمۇلۇككە

بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى تولۇق سوزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ، يىگىتنىڭ كوڭلى بۇزۇلۇپتۇ. بۇۋىگە ئۇزرە ئېيتىپ: "بىز ئۇچۇن سىنىڭ بېشىڭغا چۈشكەن بۇ كۈلپەت ئەلۋەتتە ئېغىر. لېكىن تەقدىرنىڭ ئويۇنىغا چارە يوق" — دەپتۇ. "خاتىرجەم بول! كوڭلۇڭنى بۇزما! سېنى ماڭا ئازاپ بەرگەن ئۇ ھاكاۋۇر بىلەن بىر ئىلاجى قىلىپ قوشۇپ قويماي ئارام تاپمايمەن" — دەپتۇ بۇۋى. "ئۇنىڭ ئەرلەرگە بۇنچىلىك ئوچ بولۇشىغا ۋە غەزەپلىنىشىگە سەۋەپ بولغان نەرسە نىمە؟" — دەپ سوراپتۇ تاجىلمۇلۇك. "ئۇيىقىدا كورگەن چۈشى سەۋەپ بولغان. ئۇ، شۇ چۈشىنى كورگەندىن كېيىن، شۇنداق بولۇپ قالدى!" — دەپتۇ بۇۋى. "ئۇنىڭ كورگىنى قانداق چۈش ئىكەن؟" — دەپ سوراپتۇ تاجىلمۇلۇك. "كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ، ئۇخلاپ ياتقان ئىكەن. چۈشىدە ئۇۋۋچىنى كورۇپتۇ. ئۇ، تور يېيىپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا دان چاچقان ۋە ئوزى بىر دالدىدا ئولجا كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭ تورىغا ناھايىتى كوپ قۇشلار توپلانغان ۋە تورنىڭ ئىچىگە كىرگەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر چىشى ۋە بىر ئەركەك كەپتەرمۇ بار ئىكەن. ئەركەك كەپتەر تورغا ئىلىنىپ قاپتۇ ۋە توردىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن تىپىرلاپتۇ. بۇنى كورگەن باشقا كەپتەر ۋە قۇشلار ئۇچۇپ كېتىپتۇ. چىشى كەپتەرمۇ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئەتراپنى ئايلىنىپ، قايتىدىن تورغا يېقىنلىشىپتۇ. ئۇۋۋچىنىڭ كورمىگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، تۇزاقتىكى ئەركىكىنىڭ قېشىغا كەپتۇ. تۇمشۇغى بىلەن تورنىڭ يىپىنى قىرقىپ، ئەركىكىنىڭ ئايىغىنى بوشۇتۇپتۇ. ئۇۋۋچى بۇنى سېزىپ قېلىپ، تورغا قاراپ يۈگۈرگەندە، ئۇلار تەڭلا ئۇچۇپ ئاسمانغا كوتۇرۇلۇپتۇ. ئارماندا قالغان ئۇۋۋچى كېلىپ قارىسا، تورنىڭ يىپى قىرقىلغان. تورنى

ئۇلاپ، قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ، ئەتراپىغا دان چېچىپ، ئۇزى دالدىدىكى ئورنىغا قايتىپتۇ. يېڭى ئولجىسىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ھەممە قۇشلار ئۇچۇشۇپ قايتىپ كېلىشىپتۇ. بۇ نۆۋەت بىر چىشى كەپتەر تورغا ئىلىنغان ئىكەن، ئۇ، قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغاندا، قالغان قۇشلار بىلەن بىللە ئەركەك كەپتەرمۇ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. قايتىپ كەلمەپتۇ. چىشىسىنى قۇتقازماپتۇ. ئوۋچى كېلىپ، چىشى كەپتەرنى قولىغا ئېلىپ، بوغۇزلاپ سويۇپتۇ. سەيدەدۇنيا بۇ چۈشىدىن قورقۇپ چوچۇپ ئويغىنىپتۇ. ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق ۋاپاسىز بولىدىغان بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن ۋاپاسىز ئەرلەرنىڭ ئۆزىنىمۇ، يۈزىنىمۇ كۆرمىگەيمەن. ئىسمىنىمۇ ئاتىمىغايمەن، دېگەن قارارغا كەپتۇ" — دەپتۇ بۇۋى. تاجىلمۇلۇك بۇنىڭ سۆزىنى بولۇپ: "ئۇنىڭ يۈزىنى بىر كۆرمەي ئۆلسەم، كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ. بىر ھىلە قىلىپ، ئۇنى ماڭا كۆرسەت،" دەپتۇ بۇۋىگە. "ئۇنىڭ قەسرى يېنىدا باغچا بار. سەيدەدۇنيا ھەر ئايدا بىر قېتىم يوشۇرۇنچە شۇ باغچىغا ئايلىنىش ئۈچۈن چىقىدۇ، سەيلە قىلىدۇ، كۆڭۈل ئاچىدۇ. بۇ نۆۋەتتىكى چىقىشىغا يەنە ئون كۈنلا قالدى. چىقىدىغان ۋاقتىدا، ساڭا خەۋەر قىلاي! باغچىغا چىققىن ۋە شۇ يەردە ئۇچراشقىن. ئۇ سېنى كۆرسە، ھۆسنى-جامالىڭغا قىزىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ساڭا مۇھەببىتى چۈشسە ئەجەپ ئەمەس. چۈنكى، مۇھەببەت ھەر ئىككى تەرەپتىن بولمىسا بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مرادىڭغا يېتىپ قېلىشىڭمۇ مۇمكىن. چۈنكى، يېتىشىشنىڭ ۋاستىسى مۇھەببەت، مۇھەببەت ياخشى كۆرۈشتىن باشلىنىدۇ. باغچە — كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئوبدان جاي" — دەپتۇ بۇۋى. "خوپ!" —

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەپتۇ تاجىلمۇلۇك. ئۇلار بۇۋىنى ئېلىپ يولغا چۇشۇپتۇ. ۋەزىرنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. تاجىلمۇلۇك بىلەن ئەزىزنىڭ ھەمرالىقىدا ئۇلار-نىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۆيلىرىنى كورۇپ قايتىپتۇ. شۇ چاغدا تاجىلمۇلۇك ئەزىزگە قاراپ: "ئەي بۇرادەر، سەن مېنى دەپ كوپ مۇشەققەتلەرنى يېگىپ، بۇ يەرگە بىللە كەلدىڭ. مېنىڭ قايغۇلىرىمغا شېرىك بولدۇڭ. ئەمدى بۇ دۇكاننىڭ ماڭا ھاجىتى يوق. دۇكاننى پۈتۈن ماللىرى بىلەن ساڭا بەردىم" — دەپتۇ. ئەزىز ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئېلىپ، رەخمەت ئېيتىپ، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ. ئاندىن ئۇلار ئۆزئارا سوزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. تاجىلمۇلۇك ئەزىزنى گەپكە سېلىپ، ئۇزىنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىسىنى يەنە بىر قېتىم سوزلەپ بېرىشىنى سوراپتۇ. ئۇ، ئۇزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى قايتا سوزلەپ بېرىپتۇ. ئاندىن ئۇلار ۋەزىرنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. بۇۋىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سوزلەپ بېرىپ، ۋەزىردىن بۇ ئىشقا چارە-تەدبىر سوراپتۇ. "قېنى تۇرۇڭلار! بۇۋىنىڭ پىكرى توغرا، باغقا بارىمىز، — دەپتۇ ۋەزىر، — باغنى كورىمىز". ھەممىسى ياخشى كىيىنىپ يولغا چۇشۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇچچە قۇل كۆزىتىپ مېگىپتۇ. باققا يېتىپ بېرىپتۇ، ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان دەرەخلەر ھەرتەرەپكە شاخ ئايرىپ، باغنى قاپلىغان؛ ئېرىقتا كۈمۈشتەك ئاق، ھەسەلدەك شېرىن، مۇزدەك سوغۇق سۇ تولۇپ ئېقىۋاتقان. ئىشىك ئالدىدا ئاقساقال باغۋەن ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇلار باغۋەننىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىپتۇ. ئۇ ئىلىك ئېلىپ جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ. ۋەزىر ئۇنىڭغا يېنىدىن يۈز تىللا پۇل ئېلىپ بېرىپ: "بۇ مۇساپىر مېھمانلارغا شەھەرنى كورسىتىپ يۈرۈمەن. يېيىش ئۇچۇن بىزلەرگە بىرنەرسە ئېلىپ كېلىشىڭىزنى سورايمەن" —

دەپتۇ. باغۋەن پۇلنى ئېلىپ: "ئىچكىرى كىرىڭلار، تارتىنماڭلار! ھەممە تەرەپتە ۋە خالىغان جايدا ئۆزەڭلەرنىڭكىدەك يۈرۈشكە ۋە ئولتۇرۇپ دەم ئېلىشقا بولىدۇ. مەن ھازىر سىلەرگە تاماق ئېلىپ كېلەي. بىر ئاز كۈتۈپ تۇرۇڭلار! سەيلە قىلىڭلار!"—دەپ، بازارغا قاراپ مېڭىپتۇ. ۋەزىر، تاجىلمۇلۇك، ئەزىز ۋە قۇللار باغچىغا كىرىپتۇ. بىر ئاز ئولتۇرۇپتۇ. باغۋەن قورۇلغان گوش بىلەن نان ئېلىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى قويۇپتۇ. تاماق يەپ، قوللىرىنى يۇيۇپتۇ. ئۇياق-بۇياقتىن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. "بۇ باغ ئۆزىڭىزنىڭمۇ ياكى ئىجارىگە ئالغانمۇ؟"—دەپ سوراپتۇ ۋەزىر باغۋەندىن. "بۇ باغ ئۆزەمنىڭ ئەمەس، ئىجارىگە ئالغان باغمۇ ئەمەس. شەھرىمان شاھنىڭ قىزى سەيدەدۇنيانىڭ باغچىسى. مەن ئۇنىڭ باغۋىنى"—دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ باغۋەن. "ئايلىغىڭىز قانچە؟" دەپ سوراپتۇ ۋەزىر. "بىر تىللا"—دەپتۇ جاۋاپ بېرىپ باغۋەن. ۋەزىر ئەتراپىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ كۆزى يوقۇرىدىكى ئالى راۋاققا چۈشۈپتۇ. راۋاق كونا ئىكەن. "بىر ئىش قىلاي، بىزدىن يادىكار بولۇپ قالسۇن"—دەپتۇ ۋەزىر باغۋەنگە. "نېمە ئىش قىلماقچىسىز؟!"—دەپ سوراپتۇ باغۋەن ۋەزىردىن. "مانا بۇ ئۈچ يۈز تىللانى ئېلىڭ!"—دەپتۇ ۋەزىر باغۋەنگە. باغۋەن بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا: "خالىغان ئىشىڭىزنى قىلىڭ!"—دەپ پۇلنى ئاپتۇ. "شۇ جايدا بىر ئىش كۆرسىتىمەن"—دەپتۇ ۋەزىر. كېيىن ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ. كېچىنى ئۆتكۈزۈپ، تاڭ ئېتىشى بىلەن ۋەزىر ئەڭ ماھىر نەققاش، رەسسام ۋە سۇۋاقچى ئۇستىلارنى چاقىرتىپتۇ. ئۇلارغا زۆرۈر بولغان تۈرلۈك لازىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەرسىلەرنى ھازىرلاپ بېرىپتۇ. ئۇلارنى باشلاپ باغچىغا قاراپ مېڭىپتۇ. باغچىغا كىرىپ، راۋاقنىڭ دەرۋازىلىرىنى زىننەتلەشكە، ھەر تۈرلۈك نەقىشلەرنى ئويۇشقا بۇيرۇپتۇ. راۋاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوۋچى تەرىپىدىن يېيىلغان تورغا قۇشلارنىڭ كېلىپ چۈشكىنىنى، ئۇلاردىن بىر كەپتەر تورغا ئىلىنغىنىنى، ئىككىنچى تەرەپكىمۇ خۇددى شۇنداق بىر كۆرۈنۈشلۈك رەسىمنى سىزىشقا، لېكىن بۇ تەرەپتىكى تورغا ئىلىنغان كەپتەرنىڭ بوغزىغا ئوۋچى پىچاق تەڭلەپ تۇرغىنىنى سىزىشنى بۇيرۇپتۇ. يەنە بىر تەرەپكە تورغا چۈشكەن چىشى كەپتەرنىڭ ئەركىكىنى قارچىغا قارماپ ئېلىپ، ھالاك قىلىشقا ئۇرۇنغىنىنى، لېكىن ئەركەك كەپتەرنىڭ چىشىسىغا تەلپۈنۈپ، ئۇنى قۇتقۇزالمىغانلىقىغا ئېچىنۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر كۆرۈنۈشنى سىزىشنى بۇيرۇپتۇ. بۇ ئىشلارنى تۈگىتىپ، ئۇلار باغۋەن بىلەن خۇشلىشىپ، ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ. ئۆيىگە كېلىپ، سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. تاجىلمۇلۇك ئەزىزدىن كۆڭۈل يېرىملىغىنى يېنىكلىتىپ، يۈرەك ئوتىنى پەسلىتىدىغان شېئىر ۋە غەزەللەر ئوقۇپ بېرىشنى سوراپتۇ. ئەزىز خۇش بولۇپ، قولىغا ساز ئېلىپ شۇ شېئىرلارنى ئوقۇپتۇ:

كەل ئەي سازەندە قولۇڭغا ساز ئېلىپ چالغىن مۇقام،
ئاشىق ئۈچۈن ئۇشاق مۇناسىپ، سەن ئۇنى چالغىن تامام.
بولغان ئىدىم ئۆز شەھرىمدە ئەلنىڭ كۆزى شاھزادىسى،
يات شەھەردە مەن غېرىپ سۆيگىگە برلدۇم غۇلام.

سورىسىڭىز ھالىمنى مېنى ئىشق ۋەيران ئەيلىدى،
تاجۇ-تەختىمدىن كېچىپ مەن ئۇيقىنى قىلدىم ھارام.

يۈز تۈمەن غەم قاپلىدى، يوق يۈرەكنىڭ تازىسى،
تالڭ شامىلى ئېيت خەۋەر ياكى يارغا بەر سالام!

* * *

ئوتكەن ئاشىقلارمۇ تارتقان غەم-ئەلەمنى بارچىسى،
ئەمدى مېنىڭ بېشىمغا چۈشتى، شۇڭا دىلىم يارىدار.
گەر مېنىڭ كوز ياشلىرىمدا ئۈزۈشنى ئىستەر بولسىڭىز،
قانچە قېيىقلار تۈگەر، كوزۈمدە ياش دەرياسى بار.
سۈيگۈ ئاشىقلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كورەي دېسەڭ،
گەۋدەمگە باق، رەڭگىمنى كور، شۇ يېتەرلىك ئەي نىگار.

كوزىدىن ئاقىقان ياش توختىماي تۈرۈپ، يەنە بۇ شېرنى ئوقۇپتۇ:

سۈزۈك تاماق كىيىك كوزنى كورمەي،
دۇنيا لەززىتىنى ئازراقمۇ كوردۇم دېمەڭلار.
ھەسەل تىلىدىن قەن-ناۋات شورىماي،
ھوزۇرلاندىم دېگەن دەۋا يالغاندۇر.

مۇھەببەتنىڭ ئەسلى باردۇر مەناسى،
ئۇنى بىلەر پەقەت ئاشىق بولغانلار.
ئۇنى سوراڭ كېچە-كۈندۈز يارنى ئىزلەپ،
كىم دەشتى-سەھرا-چولدە بولغاندۇر.

سۈيگۈ دەردىنى خۇدا ئالمىسۇن دىلىدىن،
مېنى بۇ لەززەتتىن قويمىسۇن قۇرۇق.
كېچىلەردە كوزگە ئۇيقۇ بەرمىسۇن،
پەقەت ئىشقى راھىتى جانۇ-جانانىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېيىن ئۇ، سازنى باشقا بىر ئاھاڭغا يۆتكەپ، بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئىبنى سىنا "قانۇنى"دا دىگەندۇر،
ئاشقلارغا دورا — چالغۇ ۋە راۋاپ
ياكى بىرەر سۆيگىنىدەك گۈزەل يار،
بەرگەي ئاڭا ۋىسالىدىن مەي - شاراپ.
سىناپ كوردۇم تەجرىبەمدىن توغرىكەن،
ئىبنى سىنا "قانۇنى"دا ئېيتقان جاۋاپ.

ئەزىز شېئىرنى ئۇگىتىپ، سازىنى توختۇتۇپتۇ. تاجىلمۇلۇك ئۇنىڭ شېئىر ۋە غەزەللىرىدىكى پىكىر، نازۇك تۇيغۇ، ھېسسىيات، ئوخشۇتۇشلاردا كوڭلىدىكىنى ئېيتقىنىغا ھەيران بوپتۇ. "غەمەلىرىمنى خېلىلا يېنىكلەتتىڭ!..." دەپتۇ ئۇ. ۋەزىر: "قەدىمقى ئادەملەرنىڭ قىسمىتى، تەقدىرى ئاڭلىغۇچىنى ھەيران قالدۇرىدۇ"—دەپتۇ. "ئەنە شۇنداق نازۇك پىكىردىكى شېئىرلار ئېسىڭگە كەلسە، بىزگە ئوقۇپ بەرسەڭ، بىز جان دەپ ئاڭلايتتۇق"—دەپتۇ تاجىلمۇلۇك ۋەزىرگە. ۋەزىر بۇ شېئىرنى ئاھاڭغا سېلىپ ساز بىلەن ئوقۇپ بېرىپتۇ:

مەن ئاۋال ساڭا تارتۇقلار بىلەن يىتىشنى ئويلىغان،
كۆلۈپ گۈلدەك ئېچىلغان يۈزلەر ئىشقىڭنىڭ باھاسى دەپ.
يولۇڭدا دىل ئۇنۇتقاندۇر قۇربان بولغان ئۇلۇغلارنى،
خاتا قىلدىم مەن ئاساندۇر بۇ ئىشقىڭنىڭ داۋاسى دەپ.

يەنە كوردۇم يۈرەك كويگەن كىشىڭگە ئەيلىدىڭ ئىھسان،
بېرەرسەن ئاڭا تارتۇقلار، شۇدۇر دىل مۇددىئاسى دەپ.

چۈشەندىم يېتىپ بولماس ئىكەن ساڭا قىلىپ خىيال،
قاناتىم ئاستىغا باشنى بېكىتتىم، شۇ جازاسى دەپ.
ماڭا ئىشقى ئۆيىدۇر بۇ ھەمىشە شۇندا قالغايمەن،
مەڭگۈ بۇندا قالغايمەن كوڭۇلنىڭ باشپاناسى دەپ.

بۇلار بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. بۈۋىگە كەلسەك، ئۇ، ئۇز ئۆيىدە يېتىۋېلىپ، سەيدەدۇنيانىڭ قېشىغا بارماي قويۇپتۇ. سەيدەدۇنيا بۈۋىنى ئالماي باغچىسىغا تاماشىغا چىقمايدىكەن. بۈۋىگە كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ كوڭلىنى ئاپتۇ، چىرايلىق سوزلەر بىلەن ئالداپتۇ. "مەن باغچىغا سەيلىگە چىقىشنى خالايمەن. باغچىنىڭ دەرەخلىرىنى كورۇپ، گۇللىرىنى پۇراپ، كوڭۇل ئېچىشنى ئارزۇ قىلىمەن"—دەپتۇ سەيدەدۇنيا بۈۋىگە. "خوپ! لېكىن مەن ئۆيۈمگە بېرىپ كىيىممىنى ئالماشتۇرۇپ كېلىشىم لازىم"—دەپتۇ بۈۋى. "بارغىن، كوپ كېچىكمەي، تېزراق كەل-گىن"—دەپتۇ سەيدەدۇنيا. بۈۋى ئۇنىڭ ئالدىدىن چىقىپ، تاجىلمۇلۇكنىڭ ئۆيىگە قاراپ چېپىپتۇ. "ئەڭ ياخشى كىيىملىرىڭنى كەي. باغچىغا يېتىپ بار! باغۋەنگە سالام بېرىپ، بىر يەرگە يوشۇ-رۇنغىن"—دەپتۇ بۈۋى تاجىلمۇلۇككە. "خوپ!"—دەپتۇ تاجىل-مۇلۇك. بۈۋى ئۇنىڭغا قىلىنىدىغان ئىشارەت بەلگۈلىرىنى ئۇختۇ-رۇپتۇ. بۈۋى بۇ يەردىن چىقىپ، ئالدىراپ-تىنەپ ئۆيىگە بېرىپ، كىيىمنى يوتكەپ، سەيدەدۇنيانىڭ قېشىغا يېتىپ بېرىپتۇ. بۈۋى كەتكەندىن كېيىن، ۋەزىر بىلەن ئەزىز تاجىلمۇلۇكنى كىيىندۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىدىكى بىر قۇر كىيىمى شاھانە بولۇپ، باھاسى بەش مىڭ تىللاغا يېتىدىكەن. بېلىگە ھەر تۇرلۇك قىممەتلىك تاشلار ئورنىتىلغان ئالتۇن كەمەرنى باغلاپتۇ. كېيىن بىرلىشىپ باغچىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قاراپ مېڭىپتۇ. باغچا ئىشىكىدە ئاقساقال باغۋەن ئولتۇرغان ئىكەن. باغۋەن ئۇلارنى كورگەن ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىززەت-ھورمەت بىلدۈرۈپ، باغنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپتۇ. شاھ قىزىنىڭ بۈگۈن باغچىغا چىقىشىدىن خەۋەرسىز قالغان باغۋەن: "كىرىپ باغچىنى تاماشا قىلىڭ!"— دەپتۇ تاجىلمۇلۇككە. تاجىلمۇلۇك باغچىغا يالغۇز كىرىپ، بىر ئاز ئولتۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا، تۇيۇقسىزدىن سۇرلۇك تاۋۇش ئاڭلىنىپتۇ. تېخى ئۇنى ئېنىقلاپ بولغىچە، بىر قانچە قۇللار، كېنىزەكلەر يوشۇرۇن ئىشىكتىن چىقىپ كېلىشىپتۇ. باغۋەن ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كورۇپ، يۈگۈرگىنىچە تاجىلمۇلۇكنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ. "ئەي خوجام، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ شاھ قىزى باغچىغا چىقىپ قالدى!"— دەپتۇ ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ تاجىلمۇلۇككە. "ساڭا زىيىنىم تەگمەيدۇ، مەن بىرەر جايىنى تېپىپ يوشۇرۇنىمەن"— دەپتۇ تاجىلمۇلۇك. باغۋەن ناھايىتى ئېھتىيات قىلىشنى تاپىلاپتۇ ۋە ئوزىنىڭ يولىغا كېتىپتۇ. شاھنىڭ قىزى كېنىزەكلىرى ۋە بۇۋى بىلەن باغچىغا كىرگەندە، بۇۋى: "بۇ كىشىلەر بىزنىڭ ئالدى-ئارقىمىزدا يۈرگەندە سەيلە قىلغىلىمۇ، مەقسەتكە يەتكىلىمۇ بولمايدۇ"— دېگەننى ئويلاپتۇ. "مېنىڭ خىيالىمغا بىر پىكىر كېلىدۇ"— دەپتۇ شاھ قىزىغا. "سوزلە!"— دەپتۇ سەيدەدۇنيا. "بۇ باغچىدا شۇ خادىملارنىڭ ساڭا نىمە كېرىكى بار؟ ئۇلار بىلەن بىللە يۈرگەندە، يايراپ ياشنىيالمايسەن. ئۇلارغا جاۋاپ بەرگىن. بىرئاز ئېچىلىپ-يېيىلىپ راھەتلەن"— دەپتۇ بۇۋى. سەيدەدۇنيا: "توغرا دېدىڭ!"— دەپ، ئۇلارنى ئوزىدىن يىراقلاشتۇرۇپتۇ. ئۇ، بىر ئاز ئوزى يالغۇز يۈرۈپ سەيلە قىپتۇ. باغچا ئۇنىڭ جامالىدىن گۈزەللەشكەندەك بولۇپ كېتىپتۇ. بۇ ھەقتە

شائىر شۇنداق دىگەن ئىكەن:

يار چىقتى قەسرىدىن گۈلزارىغا،
قوندى ھوسنى لالە - گۈل رۇخسارىغا.

بۇلبۇل كورۇپ ئۇنى خوشال قىلدى ناۋا،
باغ ئىچىنى قاپلىدى خۇشبۇي ھاۋا.

ئۇلگە ئالدى ئاغزىدىن غونچە كورۇپ،
قانغا تولدى باغرى بىردىن ئۇزگۇرۇپ.

يۇزىنى كورۇپ قۇياش بولدى خىجىل،
ئالمىسى شۇنداق ياراشقان بەك ئىسىل.

باغ ئارا قويدى قەدەم ھەريان بىقىپ،
شولىسى چۇشتى سۇغا ئايدەك ئىقىپ.

ئەسلىتەر قىيغان قەلەمنى قاشلىرى،
تولغىنار ئىلانغا ئوخشاش چاچلىرى.

ئالدى راھەت ئايغىدىن ھەر چىمەن،
سەيلە قىلدى ئايلىنىپ باغ گۈلبەدەن.

تاجىلمۇلۇك زەۋق بىلەن تاماشا قىپتۇ، قاراپ تويماپتۇ. ئۇنىڭ كوزلىرى، يۇزى، ئاغزى، لىۋى، چىچمۇ قايسى بىرى ئۇزىنى جەلپ قىلىۋاتقانلىغىنى بىلەلمەپتۇ. سەيدەدۇنيا بۇنى كورمەپتۇ ۋە سەزمەپتۇ. بۇۋى سەيدەدۇنيانىڭ پىكرىنى چالغىتىپ، ئۇنى ۋەزىر نەقىش قىلدۇرغان راۋاق تەرەپكە باشلاپ كەپتۇ. سەيدە دۇنيا تامغا قىلىنغان نەقىش ۋە سۇرەتنى قىزىقىپ كورۇپتۇ، تاماشا قىپتۇ. رەسىمدىكى قۇشلار، ئوۋچى ۋە تورغا ئىلىنغان كەپتەر ئۇنىڭ خىيالىنى پۇتۇنلەي ئۇزىگە تارتىۋاپتۇ. "خۇدايا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تووا، بۇلارنىڭ ھەممىسى چۈشۈمدە كورگەن نەرسىلەرغۇ؟! قۇشلار، ئۇۋچى، تور، ھەممىسى شۇغۇ؟!" — دەپ ئەجەپلىنىپتۇ. "ئەي ئىنىكئانا، مەن ئەرلەرنى يامان كورۇپ، ئۇلاردىن قاچاتتىم. ئۇلارنى ۋاپاسىز دەيتتىم. لېكىن بۇ يەردە ئۇۋچىنىڭ توردىن ئەركەك كەپتەرنىڭ قۇتۇلغىنىنى، چىشىسىنىڭ توردا قالغىنىنى، ئەركەك كەپتەرنىڭ چىشىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىنتىلگىنىدە، قارچىغىنىڭ ئۇنى تۇتۇپ ھالاك قىلغىنىنى كوردۋاتىمەن. ئەگەر قارچىغا ئۇنى تۇتۇپ ئالمىغاندا، ئۇمۇ چىشىسىنى قۇتقۇزۇشى تۇرغان گەپ ئىكەن" دەپتۇ. بۇۋى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىمىغاندەك قىلىپ: "بالام، ئەركەك دەيسەن، چىشى دەيسەن! نىمىنى سوزلەۋاتىسەن؟" — دەپ ئۇزىنى بىلمەسلىككە سېپتۇ ۋە ئۇنى گەپكە تۇتۇپ، تاجىلمۇلۇك يوشۇرۇنغان جايغا باشلاپ كەپتۇ. بۇۋى تاجىلمۇلۇككە راۋاق دەرۋازىسى ئاستىدىن يۇرۇشكە ئىشارەت قىپتۇ. سەيدەدۇنيانىڭ كوزى قامەتلىرى كېلىشكەن، چىرايلىق يىگىتكە چۈشۈپ قاپتۇ. يىگىتنىڭ ھوسنى-جامالى سەيدەدۇنيانى ئوزىگە تارتىپتۇ. "بۇ چىرايلىق يىگىت كىم؟ ئەي ئانا؟!" — دەپ سوراپتۇ ئۇ. "مەنمۇ بىلمەيمەن. پىكرىمچە، بىرەر شاھنىڭ شاھزادىسى بولسا كېرەك! ئۇنىڭ ھوسنى-جامالىنىڭ تەڭدىشى يوق، قامىتىنىڭ كېلىشكەنلىكى كورۇنۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ، مۇشۇ ھوسنى بىلەن كورگۈچىلەرنىڭ يۇرىگىگە ئوت تۇتاشتۇرۇدۇ" — دەپتۇ بۇۋى. سەيدەدۇنيا يىگىتكە دەسلەپكى قاراشتىلا ئوزىنى ئالدۇرۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئىشقىغا گىرىپتار بولغانلىقىنى سېزىپتۇ. بۇۋىگە قاراپ، شۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئىشقىدىن يىراق تۇتاتتىم مەن ئوزەمنى ھەر زامان،

بىر يىگىتنىڭ مېھرى چۈشتى، ئۇرلىدى دىلدىن پىغان.

"ئەي ئانا، بۇ يىگىت ھەقىقەتەن گۈزەل ئىكەن!" دەپتۇ ئۇ، تاجىلمۇلۇكتىن كۆزىنى ئۈزەلمەي. "توغرا دىدىڭ سەيدەم" — دەپتۇ بۇۋى قىزغا. كېيىن تاجىلمۇلۇككە ئۇ يەردىن يىراقلىشىش توغرىسىدا ئىشارەت قىپتۇ. ئۇنىڭمۇ كۆڭلىدىكى ئىشقى ئوتى يېڭىۋاشتىن ئۇرلەپتۇ. بۇ يەردىن كېتىش ئېغىر بولسىمۇ، بۇۋىنىڭ ئىشارىتىگە قارشىلىق كۆرسىتەلمەي، باغۋەن بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ. ۋەزىر بىلەن ئەزىزگە بۇۋىنىڭ باغدىن كېتىش ئىشارىتىنى بەرگەنلىكىنى، جېنىنى مەلىكىنىڭ يېنىدا قويۇپ، ئۆزىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار تاجىلمۇلۇكنى سەۋرى قىلىشقا ئۈندەپتۇ. "ئەگەر باغدىن چىقىپ كېتىش زورۇر بولمىغاندا، بۇۋى بۇ ئىشارەتنى قىلماس ئىدى" — دەپ، ئۇنى خاتىرجەم قىپتۇ. شاھزادىنى شاھ قىزى سەيدەدۇنيا چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن پىكرى شاھزادىگە يىتىشىش بولۇپ قاپتۇ. "مېنى ئۇنىڭغا سېنىڭدىن باشقا كىشى قوشالمايدۇ!" — دەپتۇ سەيدەدۇنيا بۇۋىگە. "خۇدايا توۋا، بۇرۇن سەن ئەركەك كىشىنى ياخشى كۆرۈش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلاشتىنمۇ قاچاتتىڭ. ئەمدى قانداقچە بۇ يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭ؟ مەيلى، مەن ساڭا شۇنى ئېيتايكى، سەن تازا جايىنى تېپىپ ئاشىق بوپسەن! ئۇ ساڭا، سەن ئۇنىڭغا تازا باپ. گۈلى-گۈلىگە، خىلى-خىلىغا توغرا كەپتۇ دىگەن مانا شۇ..." — دەپتۇ بۇۋى. "سۆيۈنچى ئۈچۈن، ساڭا مىڭ تىللالىق كىيىم-كېچەك ۋە پۇل بېرىمەن. ئۇنى ماڭا يېقىنلاشتۇرۇشقا

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياردەم قىلا بولمىسا، ئۇنىڭ ئىشقىدا ئۆلۈپ كېتىمەن"—دەپتۇ سەيدەدۇنيا. "سارىيىڭغا كىر. سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى قوشۇشقا ھەركەت قىلىپ كۆرىمەن. ئىشىڭلارنى ياخشى تاماملاشقا جېنىمنىڭ بېرىچە كۈچ چىقىرىمەن"—دەپ بوۋى شۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئۇ يىگىتنى ئىستىگەيمەن سەن ئۈچۈن،
بۇ تېپىشماقنى يېشەيمەن سەن ئۈچۈن.

بوۋىنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، سەيدەدۇنيا سارىيىغا يېنىپتۇ. بوۋى تاجىلمۇلۇكنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپتۇ. تاجىلمۇلۇك بوۋىنى كۆرۈش بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئالاھىدە ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن بوۋىغا سالام بېرىپتۇ، ئۆزىنىڭ يېنىدىن جاي كۆرسىتىپتۇ. "مەسىلە كۆڭۈلدىكىدەك ھەل بولدى، ئىش كۆزلىگىنىمىزدىكىدەك تۈگىدى"—دەپتۇ بوۋى. "قاچان كۆرۈشىمىز؟"—دەپ سوراپتۇ تاجىلمۇلۇك تاقەتسىزلىك بىلەن. "ئەتە"—دەپ قىسقىلا جاۋاپ بېرىپتۇ بوۋى. تاجىلمۇلۇك بوۋىغا مىڭ تىللالىق كىيىم-كېچەك تەقدىم قىپتۇ ۋە قولىغا مىڭ تىللا پۇل بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەزىز پۇلنى بېرىپتۇ. بوۋى ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ، سەيدەدۇنيانىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. مەلىكە بوۋىنى كۆرۈپ، تەلپۈنۈش بىلەن بۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئەي سۇلايماننىڭ قۇشى، بارمۇ ئۇل ياردىن خەۋەر؟
ئېيتقىنا يۇمشاق شامالدەك بويى گۈلناردىن خەۋەر.

سەيدەدۇنيا بوۋىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: سۆيگۈنۈم توغرىسىدا بىرەر ياخشى خەۋەر بارمۇ؟"—دەپ سوراپتۇ. "ئۇ يىگىتنىڭ قەيەردە

تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ كەلدىم. ئەتىلىككە ئۇنى سېنىڭ يېنىڭغا ئېلىپ كىرىمەن“ — دەپتۇ ئۇ. سەيدەدۇنيا خۇشلۇقىدىن، سۆيۈنچە ئۈچۈن ئۇنىڭغا مىڭ تىللالىق كىيىم - كېچەك بىلەن مىڭ تىللا پۇل بېرىپتۇ. بۇۋى بىر كۈندە ئىككى مىڭ تىللاغا ئىگە بولۇپ، ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ. تاڭ ئېتىشى بىلەن بۇۋى تاجىلمۇلۇكنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭغا ئاياللار كىيىمىنى كەيگۈزۈپتۇ. ئۇنى شۇ كىيىم بىلەن ئۆيىدە بىردەم ماڭدۇرۇپ كۆرۈپتۇ. كېيىن بېشىغا رومال سېلىپ: ”ئەمدى، مېنىڭ ئارقامدىن ئالدىرىماي، قەدىمىڭنى بىر - بىرلەپ يۆتكەپ، سول پۇتۇڭنى سەل ئىلگىرىرەك تاشلاپ ماڭ! سوزلۇكچىلەرنىڭ يۈزىگە قارىما!“ — دەپ كوچىغا چىقىپتۇ ۋە سەيدەدۇنيانىڭ قېشىغا مېڭىپتۇ. تاجىلمۇلۇك ئۇنىڭ ئارقىسىدىن، بۇۋى كۆرسەتكەندەك قىلىپ، ئايالچە چېكىپ دەسسەپ مېڭىپتۇ. بۇۋى يۈز بېرىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ھادىسىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ چوچۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، يولبويى نىمىلەرنى قىلىش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرۇپ مېڭىپتۇ. ئۇلار شاھ قەسرى ئالدىغا يېتىپ كېلىشىپتۇ. شەھرىمان شاھ قەسرىنىڭ دەرۋازىسى كۆرۈنۈشى بىلەن بۇۋى ئايال سۈرىتىدىكى تاجىلمۇلۇككە قايتىدىن: ”دىلىڭنى خاتىرجەم قىل! قورقما! ئالدىرىما! قاچان ساڭا: قېنى كىر قىزىم — دىسەم، تېز يۈرۈپ، سەھنىگە كىرگىن. چەپ قولدىكى بىر نەچچە ئىشىكلىك سارايغا كىر. بىر چەتتىن ساناپ ئالتىنچى ئىشىكنى ئېچىپ ئىچكىرى كىر! سېنى سۆيگۈنۈڭ شۇ يەردە كۈتۈپ تۇرىدۇ!“ دەپتۇ بۇۋى. ”سەن قەيەرگە بارىسەن بۇۋى؟“ دەپ سوراپتۇ تاجىلمۇلۇك بۇۋىدىن. ”مەنمۇ ھېچ قەيەرگە بارمايمەن. مۇبادا باش دەرۋازىۋەن مېنى توختۇتۇپ



گەپ سوراپ قالسا، بىر ئاز كېچىكىمەن“ — دەپتۇ بۇۋى. ئۇلار شۇ خىلدا يۈرۈپتۇ. تاجىلمۇلۇك بۇۋىنىڭ ئارقىسىدا ئىكەن. ئۇلار باش دەرۋازىۋەن ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ، بۇۋىنىڭ ئىزىدىن كېلىۋاتقان كېنىزەك سۈرىتىدىكى ئايالنى كۆرۈپ: ”بۇ كىم؟ كىمنىڭ قېشىغا كىرىدۇ؟ نىمە ئىشى بار؟“ — دەپ سوراپتۇ. ”بۇ كېنىزەكنىڭ كىيىم تىكىش ھۈنىرى بار ئىكەن. سەيدەدۇنيا بۇنى چورىلىككە سېتىۋالماقچى. شۇنىڭ ئالدىغا كىرىدۇ!“ — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ بۇۋى. ”مەن بۇنداق گەپنى بىلمەيمەن. شاھنىڭ بۇيرۇغىغا مۇۋاپىق، ھەرقانداق كىشىنى ئۆزەم تەكشۈرمىگىچە ساراي ئىچىگە كىرگۈزمەيمەن!“ — دەپتۇ باش دەرۋازىۋەن.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



بىريۈز ئوتتۇز
توتىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

”مەن بۇنداق گەپنى بىلمەيمەن. شاھنىڭ بۇيرۇغىغا مۇۋاپىق ھەرقانداق كىشىنى ئۆزەم تەكشۈرمىگىچە ساراي ئىچىگە كىرگۈزمەيمەن“ — دەپتۇ باش دەرۋازىۋەن بۇۋىگە. بۇۋى غەزەپلىنىپتۇ. ”سەن ئېقىللىق ۋە ئەدەپلىك كىشى ئىدىڭغۇ؟ ئېسىڭنى يىدىڭمۇ؟ بۇ ئىشنى سەيدەدۇنياغا ئېيتسام، ئۇ سېنىڭ ئەدىۋىڭنى بېرىدۇ! ھوشۇڭ بىلەن بول! بىلىپ سۆزلە! ماڭا يەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلساڭ ئۇ چاغدا مەندىن يامانلىما!“ — دەپ ئارقىسىدىكى تاجىلمۇ-

لۈككە قاراپتۇ ۋە كوزىنى قىسىپ قويۇپ: "قېنى ئالدىمغا ئوت. ئىچكىرى كىر قىزىم" — دەپتۇ بوۋاي شاھزادىگە. تاجىلمۇلۇك لاچىن-دەك ئىچكىرى كىرىپ دىۋانغا يېتىپتۇ. باش دەرۋازىۋەن سوز قىلالماي قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. تاجىلمۇلۇك بەش ئىشكنى بىلىپ، ئالتىنچىسىنى ساناپ، ئىچكىرى كىرىپتۇ. سەيدەدۇنيا ئۇنىڭ يولىغا كوز تىكىپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇنى كورۇشى بىلەنلا تونۇپ، كوكرىگىگە بېسىپتۇ. بۇمۇ ئۇنى ئىشتىياق بىلەن قۇچاغلاپتۇ. بىرئازدىن كېيىن ئۇلارنىڭ يېنىغا بوۋاي كىرىپ كەپتۇ. سەيدە دۇنيا كېنىزەكلىرىنى ئوزىدىن چەتلىتىپ بوۋىگە گۈزەتچىلىك ۋەزىپىسىنى بېرىپتۇ. قىز بىلەن يىگىت بىر-بىرى بىلەن قوشۇ-لۇپتۇ، سۆيۈشۇپتۇ، ئوينۇشۇپتۇ. تاڭ ئاتقىچە بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. تاڭ ئاتقاندا سەيدەدۇنيا ئوينى قولۇپ-لاپ ئوزى باشقا بىر ئويگە چىقىپتۇ. ئۇ يەردە كېنىزەكلىرىنى قوبۇل قىپتۇ. بىردەم ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئىش تاپشۇرۇپ، ئەرز-شىكايەتلىرىنى ئاڭلاپ، بىر تەرەپ قىپتۇ. يەنە بىرئاز ۋاقىت ئادىتى بويىچە ھېچ نەرسە كورمىگەن كىشىدەك ئولتۇ-رۇپتۇ. كېيىن ئۇ: "بۈگۈن يالغۇز ئولتۇرۇپ دەم ئالىمەن، مېنىڭ قېشىمغا ھېچكىم كىرمىسۇن" — دەپ، كېنىزەكلىرىنى ئوزىنىڭ ئويلىرىگە چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇپتۇ. كېنىزەكلىرى تارقالغاندىن كېيىن، بوۋاي ئۇلارغا تاماق ئېلىپ كەپتۇ. يەپ-ئىچىپ، ئۇلار يەنە تاڭ ئاتقىچە بىرىنچى كۈندىكىدەك، شات-خۇرام ۋاقىت ئوتكۇزۇپتۇ. شۇ يوسۇندا بىر ئاي ۋاقىت ئوتكۇزۇپتۇ.

ئەمدى بىز ۋەزىر بىلەن ئەزىزگە كېلەيلى. ئۇلار تاجىلمۇلۇك-نىڭ شاھ قىزىنىڭ سارىيىغا كىرىپ ئۇزاق ۋاقىت چىقماي تۇرۇپ

قالغانلىقىنى كۆرۈپ، خاتىرجەمسىزلىنىپتۇ. «ئۇنى قولىغا چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك ...» — دەپ ئويلاپ قورقۇشۇپتۇ. «ئەگەر ئۇ راستلا قولىغا چۈشۈپ قالغان بولسا، بىز قانداق قىلىمىز؟ ئەي ئاتا!...» — دەپ سوراپتۇ ۋەزىردىن ئەزىز. «بۇ ئىش شۇنداقلا بولغان بولسا، بىز ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ يوقۇتۇش بولىدۇ. ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ ۋەزىر، — بىز تېزلىك بىلەن بۇ يەردىن قوزغۇلۇپ، شاھ سۇلايماننىڭ قېشىغا بېرىشىمىز، بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى ئۇنىڭغا تولۇق بىلەن بايان قىلىشىمىز لازىم. بولمىسا، بىز ئۇنىڭ ئۇۋالىغا قالىمىز. ئۇ بىزدىن رەنجىيدۇ ۋە غەزەپلىنىدۇ.»

ئۇلار شۇ زامات مال-مۈلكىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆز شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. كېچە-كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ، قىر ئېشىپ، سايىنى بېسىپ، دەريا كېچىپتۇ. ئاخىرى شاھ سۇلايماننىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئوغلىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى ۋە كېيىن شاھ قىزىنىڭ قېشىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ نىمە بولغانلىقىنى بىلەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. شاھ سۇلايماننىڭ بېشىغا تاغ يىقىلغاندەك بولۇپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كېتىپتۇ، غەزىۋى ئۆرلەپتۇ. شۇ ھامان غازات ئۈچۈن جار سېلىشقا بۇيرۇپتۇ. شەھەر تاشقىرىسىغا ئەسكەرلەر توپلۇنۇشقا باشلاپتۇ. توپلانغان قوشۇنلار ئۈچۈن، چېدىرلار تىكىلىپتۇ. ئەسكەرلەر تامامەن يىغىلغىچە، شاھمۇ دولەت ئىشىنى ئۆزى ئۈچۈن تىكىلگەن چېدىردا تۇرۇپ يۈرگۈزۈپتۇ. شاھنىڭ ئادىللىقى ۋە غەمخورلۇقىغا ئىگە بولغان ھەم ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەن قايغۇنىڭ ئېغىرلىقىنى چۈشۈنۈپ يەتكەن خەلق ئۇنىڭغا ئېچىنىپ، نىمە تەلەپ قىلسا شۇنى تەييار قىلىپ بېرىپتۇ. يىغىلغان ئەسكەرلىرىگە شاھ ئۆزى باشچى بولۇپ،

ئوغلى تاجىلمۇلۇكنى ئىستەپ يولغا چىقىپتۇ.
شاھ قىزى سەيدەدۇنيا بىلەن تاجىلمۇلۇك ئەيشى-ئىشرەتتە
يېرىم يىلنى بىللە ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇلارنىڭ بىر-بىرلىرىگە بولغان
مۇھەببىتى بارغانسېرى ئېشىپ بېرىپتۇ. ئۇلار بىر-بىرىنى بىردەم
كۆرمىسە تۇرالمايدىغان، ئازراق ئايرىلىشقا چىدىمايدىغان دەر-
جىگە يېتىپ بېرىپتۇ. بولۇپمۇ تاجىلمۇلۇكنىڭ سەيدەدۇنياغا
بولغان مۇھەببىتى كۈن ھەتتا سائەت ساناپ كۈچىيىپتۇ، پىكرى-
خىيالى پەقەت سەيدەدۇنيادا بولۇپ قاپتۇ. "ئەي كۆڭلۈمنىڭ
ئارامى، — دەپتۇ تاجىلمۇلۇك سەيدەدۇنياغا، — سېنىڭ يېنىڭدا
تۇرغانسېرى ئىشقىم ئارتىپ ساڭا بولغان مۇھەببىتىم كۈچىيىپ
كېتىپ بارىدۇ. مەن مەقسىدىمگە پۈتۈنلەي يەتكىنىمدىن ئەنسى-
رەيمەن" "يەنە نىمىنى خالايسەن؟ ئەي كۆزۈمنىڭ قارىچۇغى،
جېنىمنىڭ ئۆزۈغى، سېنىڭ تەلىۋىڭ نىمە؟ قۇچاغلىشىش ۋە
سۆيۈشتىن باشقا يەنە نىمە قالدى؟ كۆڭلۈك نىمىنى خالىسا شۇنى
قىل!" — دەپتۇ سەيدەدۇنيا. "مېنىڭ مەقسىدىم باشقا نەرسە
ئەمەس. ئۆز ئەھۋالىمنى، سىرىمنى ۋە بۇ يەرلەردە يۈرۈشۈمنىڭ
سەۋەبىنى ساڭا بىلدۈرۈشنى خالاشتىن ئىبارەت. مەن ئەسلى
سودىگەرمۇ ۋە ئۇنىڭ ئوغلىمۇ ئەمەس، شاھزادىمەن. ئاتامنىڭ
ئىسمى سۇلايمان شاھ. بىر ۋاقىتتا سېنى ماڭا سوراپ، ئاتام سېنىڭ
ئاتاڭغا ئۆزىنىڭ ۋەزىرىنى ئەلچىلىككىمۇ ئەۋەتكەن. ئۇلار كېلىپ،
ئاتاڭ ئارقىلىق ۋەقەنى ساڭا يەتكۈزگەندە، سەن رازى بولمىغانسەن.
ئاتاڭ ئىلاجىسىز، ئاتامنىڭ ئەلچى بولۇپ كەلگەن ۋەزىرىنى
ئۆزرە بىلەن ياندۇرغان — دەپ، ئارىلىرىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى
تولۇغى بىلەن سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە، — "ئەمدى مەن يۇرتۇمغا قايتسام،



ئاتام سېنىڭ ئاتاڭغا قايتىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ سېنى سورىسا،
سەنمۇ رازىلىقىڭنى دىسەڭ. ھەر ئىككى تەرەپ شەرىئەت قانۇنىغا
مۇۋاپىق، شاھانە توي قىلىپ نىكاھلانساق" — دەپتۇ. بۇ سۆزنى
تاجىلمۇلۇكتىن ئاڭلاپ، سەيدەدۇنيا ئارتۇقچە خوش بوپتۇ.
چۈنكى، ئۇمۇ، شۇ پىكىردە ئىكەن. ئۇلار شۇ پىكىرگە كېلىشىپ،
ئۇخلۇشۇپتۇ. شۇ كۈنى ئۇلار پاراغەت ئۇيقىسىدا كۈن چىققىچە
ئۇخلاپتۇ. شۇ ۋاقىتتا شەھرىمان شاھ ئۆز سارىيىدا دۆلەت ئىشى
توغرىسىدا كېڭەش ئۆتكۈزۈۋاتقان ئىكەن. ۋەزىرلەر، ئەمىرلەر
ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئىكەن. شۇ چاغدا زەرگەرلەر ئاقساقلى خېلى چوڭ
گوھەر سېلىنغان بىر قۇتىنى كۆتىرىپ كىرىپ، شاھنىڭ ئالدىغا
قويۇپتۇ. شاھنىڭ ئالدىدا قۇتىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن گوھەر
ئورنىتىلغان بىر زىننەت تۇمارىنى ئاپتۇ. ئۇنىڭ باھاسى يۈزمىڭ
تىللاغا باراۋەر ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، قۇتا ئىچىدە يەنە لەئەل،
ياقۇت قاتارلىق ئېسىل تاشلارمۇ بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن قالسا،
بۇنداق چىرايلىق ۋە سەنئەتلىك قۇتا باشقا شاھلارنىڭ ھېچ
بىرسىنىڭ خەزىنىسىدە يوق ئىكەن. ھەددىدىن ئارتۇق ھۈنەر
ۋە سەنئەت ئىشلىتىپ ياسالغان بۇ قۇتا بىلەن زىننەت تۇمارى
ۋە باشقا ئېسىل تاشلارنى كۆرگەن شەھرىمان شاھ ھەيران بوپتۇ.
زەرگەرلەر ئاقساقلىنى باشلاپ كىرگەن باش دەرۋازىۋەنگە قاراپ،
شاھ: "ئەي كاپۇر، بۇنى سەن ئېلىپ بېرىپ، سەيدەدۇنياغا
تاپشۇرۇپ بەر!" — دەپتۇ. باش دەرۋازىۋەن قۇتىنى ئېلىپ،
سەيدەدۇنيانىڭ قەسرىگە كىرىپتۇ. قارىسا، ئىشىككە قۇلۇپ
سېلىنغان، ئىشىك يېنىدا بۇۋۋى ئۇخلاپ ئولتۇرغان. "شۇ ۋاقىتقىچە
ئۇخلامسىزلەر؟!" — دەپتۇ باش دەرۋازىۋەن كاپۇر بۇۋۋىگە ۋاقىراپ

ئالسىپ. بۇۋى بۇ ئاۋازدىن چوچۇپ ئويغۇنۇپ قارىسا، ئالدىدا باش دەرۋازىۋەن كاپۇر تۇرغان. ئۇنىڭ بىلەن جىدەللەشكىنى ئىسىگە كىلىپ ئۇ، تەشۋىشكە چۈشۈپتۇ. "توختاپتۇر كاپۇر، مەن ساڭا ھازىر ئاچقۇچنى ئىلىپ كىلەي"— دەپ، ئۇنىڭ ئالدىدىن چىقىپ، قورقۇنچ بىلەن پانا ئىزلەپ قىچىپتۇ. باش دەرۋازىۋەن بۇۋىنىڭ قورقۇپ كەتكەنلىگىنى، ئۇنىڭ قايتىپ كەلمەسلىگىنى سىزىپتۇ. لىكىن، نىمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىغىنى چۈشۈنەلمەي، گۇمانى كۈچىيىپ، كۈتۈپ تۇرماستىن، ئۇزىنىڭ يىنىدىكى ئاچقۇچ بىلەن ئىشىكنى ئىچىپ، ئىچكىرى كىرىپتۇ. قارىسا، سەيدەدۇنيا بىر چىرايلىق يىگىت بىلەن بىر ئورۇندا يىتىپ ئۇخلاۋاتقان. بۇنى كورگەن باش دەرۋازىۋەن ھەيران بولۇپ، شاھ ئالدىغا قايتىش ئۈچۈن ئارقىسىغا يانغان ئىكەن. سەيدەدۇنيا ئويغۇنۇپ قاپتۇ. باش دەرۋازىۋەننى كورۇش بىلەن ئۇنىڭ رەڭگىدە قان قالماپتۇ: "ئەي دەرۋازىۋەنلەرنىڭ باشلىغى كاپۇر، خۇدا يوشۇر-غاننى سەنمۇ كورمەسكە سال!"— دەپتۇ. "مەن شاھتىن ھىچ نەرسىنى يوشۇرالمايمەن!"— دەپتۇ ئۇ ۋاقىراپ، ئالدىراپ-تىنەپ ئىشكتىن چىقىپ، قولۇپىنى سېپتۇ ۋە شاھ ئالدىغا قايتىپ بىرىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا يەرنى سۆيۈپتۇ. "قۇتىنى قىزىمغا تاپشۇرمىدىڭمۇ ئەي كاپۇر؟"— دەپ سوراپتۇ شاھ دەرۋازىۋەندىن. "يوقسۇ شاھىم، قۇتا مانا مىنىڭ قولۇمدا تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنى بىرەلمەي قايتۇرۇپ ئىلىپ كەلدىم. مەن ھازىرغىچە سىزدىن ھىچقانداق سىرنى يوشۇرمىغان،— دەپتۇ ئۇ،— سەيدەدۇنيانىڭ يىنىدا چىرايلىق بىر يىگىتنى كوردۇم. مەن بارغاندا ئۇلار بىر ئورۇندا ئۇخلاۋاتقان ئىكەن". دەرۋازىۋەنلەرنىڭ باشلىغى كاپۇرنىڭ سوزى ئاياقلاشماي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ، شاھ ئۇلارنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇلارنى ئېلىپ كېلىشىپتۇ. "بۇ قانداق گەپ؟!" — دەپ سوراپتۇ شاھ غەزەپلىنىپ. ئۇ، ئۇز قولىغا دەررە ئېلىپ، تاجىلمۇلۇكنى ئۇرۇشقا بۇيرۇماقچى بولغان ئىكەن. سەيدەدۇنيا ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئۇزىنى تاشلاپ، بويىنىنى تۇتۇپ بېرىپ: "ئۇرماقچى بولساڭلار، مانا مېنى ئۇرۇڭلار! ئولتۇرۇشنى خالىساڭلار، ئالدى بىلەن مېنى ئولتۇرۇڭلار!" — دەپتۇ ئاتىسىغا. شاھ سەيدەدۇنيانى كايىپ، قوللارغا مەلىكىنى ئۇز قەسرىگە ئاپىرىپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ. كېيىن ئۇ، تاجىلمۇلۇككە قاراپ: "لەنەت ساڭا، ئەي يىگىت، ئۇزەڭ كىمسەن؟ ئاتاڭ كىم؟ مېنىڭ قىزىمغا قول تەككۇزۇشكە قانداق جۇرئەت قىلدىڭ؟" — دەپ سوراپتۇ شاھ. "مەن شاھزادىمەن. ئاتامنىڭ ئىسمى سۇلايمان شاھ. مېنى ئولتۇرۇشكە، ئازاپلاشقا ئالدىراپ كەتمە. بولمىسا ئۇزەڭ ھالاك بولىسەن. مەملىكىتىڭگە ئېغىر قىرغىنچىلىق كېلىدۇ، دولىتىڭ خاراپ بولىدۇ. ئۇ چاغدا پۇشماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالىسەن" — دەپتۇ تاجىلمۇلۇك. "نېمە ئۇچۇن پۇشايمان قىلىدىكەنمەن؟" — دەپ سوراپتۇ شاھ. "ماڭا قەست قىلساڭ، ئاتام ئاڭلاپ، پىيادە ئاتلىق ئەسكەرلىرى بىلەن سېنىڭ ئۇستۇڭگە باستۇرۇپ كېلىدۇ. مانا شۇ چاغدا، ئەلۋەتتە، ئالدىراپ قىلغان ئىشىڭغا پۇشايمان قىلىسەن" — دەپتۇ تاجىلمۇلۇك. شەھرىمان شاھ تاجىلمۇلۇكتىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئولتۇرۇش ۋە ئارتۇقچە ئازاپلاشقا ئالدىراپ كەتمەسلىكىنىڭ مۇھىملىقىنى چۇشۇنۇپتۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ سوزىنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ بولغىچە، پۇتىغا كىشەن سېلىپ زىندانغا تاشلاشقا قارار قىپتۇ. شۇ چاغدا: "مېنىڭ پىكرىمچە، بۇنى تېزلىك بىلەن

ئۆلتۈرۈپ، شاھ قىزىغا ھۇجۇم قىلغانلارنىڭ كۆرىدىغىنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھەممىگە كۆرسىتىش لازىم"ــ دەپتۇ شەھرىمان شاھنىڭ بىر ۋەزىرى. شاھ جاللاتنى قىچقىرىپ، تاجىلمۇلۇكنىڭ سۆزىگە قارىماي، بېشىنى ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ. جاللات تاجىلمۇلۇكنىڭ قولىنى ئاغامچا بىلەن باغلاپتۇ. لېكىن، بۇ پەرماننى دەرھال ئورۇنلاشنى جاللات سۇسلۇق بىلەن ئارقىغا سوزۇپتۇ. چۈنكى ئۇ شاھزادىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ئېتىۋار بېرىپ، ئىشنى ئارقىغا ‑سوزۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن شاھ غەزەپلىنىپ: "بۇنى ئۆلتۈرۈشنى يەنە قاچانغىچە ئارقىغا سۆرىسەن. بۇنىڭ بېشىنى تېز ئالمساڭ، ئۆزەڭنىڭ بېشىنى ئالىمەن"ــ دەپتۇ. جاللات پالتا تۇتقان قولىنى ئېگىز كۆتىرىپ. تاجىلمۇلۇكنىڭ بويىنغا چاپماقچى بوپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



بىرىۇز كۆزلۈك بەشىنچى كېچە

ــ ئەي بەختلىك شاھ،ــ دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

جاللات پالتا تۇتقان قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تاجىلمۇلۇكنىڭ بويىنغا چاپماقچى بوپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا تۇيۇقسىزلا ناھايىتى ۋەھىملىك ئاۋازلار ئاڭلىنىپتۇ. شاھ جاللاتقا: "ئالدىرىما، قولۇڭنى تارت!"ــ دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ. ئۇ ۋەقەنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئەۋەتكەن كىشىسى قايتىپ كېلىپ، ۋەقەنى شاھقا

تووەلدىكىدەك بايان قىپتۇ: "شىددەت بىلەن كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرنى كوردۇم. ئۇلار خۇددى ئوركەشلەپ ئېقىۋاتقان دېڭىز دولقۇنىدەك يامراپ كېلىۋېتىپتۇ. ئاتلىقلارنىڭ زەربىسىدىن يەرلەر تىترىمەكتە. لېكىن، ئۇلارنىڭ نىمە ئۇچۈن بۇنداق ئالدىراش كېلىۋاتقانلىغىنىڭ سەۋەۋىنى بىلەلمىدىم." شاھ تىپىرلاپ قاپتۇ، تاجۇ-تەختىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپتۇ: "ئەسكەرلىرىمىزدىن ھېچكىم بۇ كېلىۋاتقانلارغا قارشىلىق كورسەتمىسۇن، — دەپ بۇيرۇپتۇ شاھ. كېيىن ۋەزىرگە قاراپ، — بۇلار نەدىن كەلدى؟ بۇ يېقىن ئارىدا ياكى يىراق شەھەرلەردە بولسۇن، بىزنىڭ دۈشمەنىمىز يوق ئىدىغۇ؟ — دەپتۇ. شاھنىڭ سوزى تۈگمەيلا، ھاجىپ ئەلچىلەرنى باشلاپ ئېلىپ كىرىپتۇ. ئۇلار شاھنىڭ يېنىغا يېقىن كەپتۇ. بۇ ئەلچىلەرنىڭ ئارىسىدا سۇلايمان شاھنىڭ ۋەزىرى بار ئىكەن. ۋەزىر ئاۋال شاھقا تازىم قىپتۇ. شاھ ئۇلارنىڭ ھورمىتى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇلارغا ئوزىنىڭ يېنىدىن جاي كورسىتىپتۇ. ئاندىن كېلىشىنىڭ سەۋەۋىنى سوراپتۇ. ۋەزىر قەددىنى رۇسلاپ: "يېرىڭىزگە كەلگەن شاھ بۇرۇنقى ۋە ئوتمۈشىنىڭ پادىشاھلىرىغا زادىلا ئوخشىمايدۇ" — دەپتۇ ۋەزىر. "كىم ئۇ؟" — دەپ سوراپتۇ شەھرىمان شاھ. "بۇ كىشى ئادىللىغى ۋە پۇخرا پەرۋەرلىكى بىلەن ھورمەتكە ئىگە بولغان، ھەر يەردە مەشھۇر، كەڭ كوكلەمزار يايلاقلارنىڭ ئىگىسى، ئىسپىھان تاغلىرىنىڭ خوجىسى سۇلايمان شاھتۇر. ئۇ، ئىنساپ ۋە ئادالەتنى سۆيگۈچى، جەۋرى-زۇلۇملارنى يەكسان قىلغۇچىدۇر. ئۇنىڭ ئوغلى — كوز قارىچۇغى، ھاياتىنىڭ تومۇرى سىنىڭ شەھرىڭدە. ئەگەر ئۇ سالامەت بولسا، مۇددىئا ھاسىل، ئۇ، ساڭا مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر يوقالغان ياكى ئۇنىڭغا بىرەر زىيان يەتكەن بولسا، مەملە-
كىتىڭ خاراپ بولۇپ، تۇپرىقى كوككە سورۇلىدۇ. يەرلىرىڭ،
شەھەرلىرىڭ قارغا-قۇزغۇنلارغا ماكان بولىدۇ. شاھنىڭ تاپشۇرۇقى
شۇ"-دەپتۇ ۋەزىر. ئەلچىدىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، شاھ ۋە ھەممىگە
چۈشۈپتۇ. مەملىكىتى، ئەل-يۇرتىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپتۇ.
ساراي ئەھلى، ۋەزىرلەر ۋە ئەمىرلەرنى يىگىتنى دەرھال ئېلىپ
كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. تاجىلمۇلۇك جاللاتنىڭ قولىدا رەڭگى سارغايغان،
قېنى قاچقان ھالدا تۇرغان ئىكەن. ئۇشتۇمتۇت ئەلچىنىڭ كوزى
ئۇنىڭغا چۈشۈپ قاپتۇ. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بولۇپ، ئەلچە-
لەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئايىغىغا ئوزىنى تاشلاپتۇ. ئاياق قول-
لىرىنى يېشىپتۇ. تاجىلمۇلۇك كوزىنى ئېچىپ، ئاتىسىنىڭ ۋەزىرى
ۋە بۇرادىرى ئەزىزنى كورۇپتۇ. خوشلۇقىدىن ھوشىدىن كېتىپ
يىقىلىپتۇ. شەھرىمان شاھ بۇ ئىشتىن ھەيران قاپتۇ. شۇنچە نۇرغۇن
ئەسكەرلەرنىڭ شۇ يىگىت ئۈچۈن كەلگىنىنى بىلىپ، ئۇنىڭدىن
ناھايىتى قورقۇپتۇ. تاجىلمۇلۇكنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ پىشا-
نىسىدىن سۇيۇپتۇ، كوزلىرىنى ياشلاپتۇ: "ئەي ئوغلۇم، مېنى
كەچۈرگىن، مەندىن ئوچ ئالما! قېرىلىقىمنى ھورمەت قىل! ئەل
يۇرتۇمنىڭ تېچلىقىغا ياردەم قىل!"-دەپ يالۋۇرۇپتۇ. تاجىلمۇلۇك
ئۇنىڭ قولىنى سۇيۇپتۇ. "تەشۋىشلەنمەڭ، زىيان تارتمايسىز.
مېنىڭ نەزىرىمدە، سىز ماڭىمۇ ئاتا. لېكىن، سۇيۇملۇكۇم سەيدە
دۇنياغىمۇ زىيان يەتكۇزمەسلىككە ۋەدە بېرىڭ!"-دەپتۇ تاجىلمۇلۇك.
"ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمە. ئۇ، سېنىڭ كېنىزىكىڭ. ئۇ، ساق ۋە
سالامەت"-دەپتۇ شەھرىمان شاھ. ئاندىن ئەلچى بولۇپ كەلگەن
سۇلايمان شاھنىڭ ۋەزىرىگە ئۇزرە ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭ كوڭلىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com

ئېلىپ، بۇ سىرنى سۇلايمان شاھقا ئېيتماي، مەخپىي تۇتۇشقا ئۇندەپتۇ. ئۇلارغا كۆپ سوغاتلارنى تەقدىم قىپتۇ. ئەمىرلەرگە تاجىلمۇلۇكنى هاماممغا ئېلىپ بېرىشقا، مەخسۇس كىيىملەر كەيدۈرۈشكە ئەمر قىپتۇ. تاجىلمۇلۇكنى هاماممغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا شاهانە كىيىملەر كەيدۈرۈپتۇ. ئۇ يەردىن قايتۇرۇپ كېلىپ شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. شەھرىمان شاھ ۋە ئۇنىڭ سارايدىكى بارلىق ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپتۇ. تاجىلمۇلۇك ۋەزىر بىلەن ئەزىزگە ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى هېكايە قىلىپ بېرىپتۇ. "ئۇزاق ۋاقىتقىچە دېرىگىڭ بولمىغىنى ئۈچۈن، بىز سېنىڭ هاياتىڭدىن ئەنسىرەپ، ئاتاڭنىڭ ئالدىغا قايتتۇق، ۋەقەنى ئېيتتۇق. ئاتاڭ شۇ ئاندىلا ئەسكەرلىرىنى ئاتلاندۇردى. بىزمۇ بىللە بۇ شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق. كەلگىنىمىزگە يارىشا، خۇشاللىق بىلەن يۈز كۆرۈشۈش نېسىپ بولدى"—دېيىشىپتۇ ۋەزىر بىلەن ئەزىز. "مېنىڭ ئۆلگىر ئاخىر شاتلىقىم سىلەرنىڭ سەۋەبىڭلاردىن بولدى"—دەپتۇ تاجىلمۇلۇك. بۇلار بۇ يەردە سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندا، شەھرىمان شاھ سەيدە دۇنيانىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. قارىسا، ئۇ قايغۇرۇپ، قىلىچىنىڭ دەستىسىنى يەرگە، ئۇچىنى كۆكسىگە تىرەپ، ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئالدىدا تۇرغان ئىكەن. "ئەلۋەتتە، ئۆزەمنى ئۆلتۈرىمەن. سۆيگىنىمدىن كېيىن قېلىپ ياشىغىنىڭ نېمە پايدىسى؟"—دەۋاتقان ئىكەن. ئاتىسى ئۇنى شۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ، ۋاقىراپ: "ئەي قىزىم، بۇ رايىڭدىن قايت! قېرى ئاتاڭغا ۋە شەھەر خەلقىغە رەھىم قىل! ئاتاڭدىن ئۆتكەن خاتالىقنى كەچۈر!"—دەپتۇ ۋە يۈز بەرگەن ۋەقەنى قىزىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. سەيدە دۇنياغا شاھ سۇلايماننىڭ

ئوغلی تاجىلمۇلۇككە ئويلىنىش تىلىكىنى ئېيتقانلىقىنى، بولۇپ ئۆتكەن ئىش ئۇچۇن قايغۇرماسلىقىنىڭ زورۇرلىكىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. مەلىكە كۇلۇپ: "بۇ شاھزادە مېنىڭ تەلىۋىمدە. ئەگەر سەن ۋەزىر-نىڭ سوزى بىلەن ئۇنى ئولتۇرسەڭ، ئۇنىڭ ئاتىسى سېنى ئىككى تەڭگىلىك تاختايغا مىخلايدۇ، دېگەن ئەمەسمىدىم، ئەي دادا"-دەپتۇ. "ئەي قىزىم، ئاتاڭغا رەھمە قىل! خۇدا ساڭمۇ رەھمە قىلسۇن"- دەپتۇ شاھ. "تېزلىك بىلەن شاھزادىنى مېنىڭ يېنىمغا ھازىر قىلىڭ"- دەپتۇ سەيدەدۇنيا. شاھ تاجىلمۇلۇك يېنىغا بېرىپ، ئاستاغىنا سەيدەدۇنيانىڭ سوزىنى ئۇنىڭغا ئاڭلىتىپتۇ. تاجىلمۇلۇك دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، مەلىكە سەيدەدۇنيانىڭ قېشىغا كەپتۇ. سەيدەدۇنيا ئاتىسىنىڭ ئالدىدا ئۇنى قۇچاغلاپ سۆيۈپ، مېنى سېغىندۇردۇڭ!"- دەپتۇ. ئاندىن ئاتىسىغا قاراپ: "كىم چىرايىدا بۇنىڭ ئالدىغا ئوتەلەيدۇ؟ بۇ- شاھ ئوغلى، بۇ شاھزادىدەك گۇزەل جاھاندا يەنە بارمۇ؟"- دەپتۇ. شەھرىمان شاھ قىزىنىڭ قەسرىدىن قايتىپ چىقىپ، ئۇلار كىرگەن ئوينىڭ ئىشىگىگە ئوزى قۇلۇپ ساپتۇ. ئاندىن تاجىلمۇلۇكنىڭ دادىسىنىڭ ۋەزىرى ۋە باشقا ئەلچىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. ئۇلارغا شاھ سۇلايماننىڭ ئوغلى تاجىلمۇلۇك ئوز سۆيگىنىنىڭ قېشىدا تېچ ۋە شاد-خورام ھايات كەچۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، شەھرىمان شاھ سۇلايمان شاھنىڭ ئەسكەرلىرىگە ۋە ئادەملىرىگە ئوزۇق-تۇلۇك ھازىرلاشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇ، ئوزى يۇز توگە، يۇز قۇل، يۇز كېنىزەك، يۇز چورە ھازىرلاپ، شاھ سۇلايمانغا تارتۇق قىپتۇ. ئوزىمۇ ساراي ئەھلى، ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر بىللە بىلەن شاھ سۇلايماننىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. سۇلايمان شاھ ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاڭلاپ، قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقىپتۇ. شاھ ئوغلى تاجىلمۇلۇك ۋەقەسىنى ۋەزىر ۋە ئەزىزدىن ئاڭلاپ، ئوغلىنىڭ سۆيگىنىگە يېتىشكەنلىكىدىن خوش بوپتۇ. سۇلايمان شاھ شەھىرىمان شاھ بىلەن قۇچاغلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئۆزىنىڭ يېنىغا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇلار بىر-بىرى بىلەن سوزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. كېيىن تاماق تارتىلىپتۇ. ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، قىممەتباھا كىيىملەر كەيگەن تاجىلمۇلۇك كىرىپ كەپتۇ. ئاتىسى ئۇنى كۆرۈش بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. شاھتىن كېيىن باشقىلارمۇ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. "گۇۋالار ئالدىدا ئوغلۇمغا قىزىڭنى نىكاھ قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن" — دەپتۇ سۇلايمان شاھ شەھىرىمان شاھقا. "خوپ!" — دەپ، گۇۋا ۋە قازىلارغا كىشى ماڭدۇرۇپتۇ. ئۇلار كەلگەندىن كېيىن، نىكاھ خۇتبىسى ئوقۇلۇپ، نىكاھ خېتى يېزىلىپتۇ. شەھىرىمان شاھ قىزىغا قىممەتباھالىق زىننەت ئەسۋاپلىرىنى تەقدىم قىپتۇ. تاجىلمۇلۇك ئاتىسىغا ئەزىزنى كۆرسىتىپ: "بۇ يىگىت مېنىڭ ھۆرمەتلىك قەدىردان ئاغىنەم بولۇشقا مۇناسىپ ئىش قىلدى. ئۇ ماڭا نۇرغۇن ياردەملەرنى بەردى. مەن بىلەن بىللە سەپەرلەردە بولدى. مەقسىدىمگە يېتىشىم ئۈچۈن جان كويدۇرۇپ ئىشلىدى. بۇ ئىشتا كوپ قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن كەچۈردى، كۆلپەتلىرىمگە شېرىك بولدى. تاقەتسىزلىك قىلغان چاغلىرىمدا ئېغىر بولۇشقا ئۈندىدى. ئىككى يىلدىن بېرى ئۆز شەھرىدىن يىراقتا. ئۇنىڭ شەھرى بىزگە يېقىن. بۇنىڭغا بىر ئاز مال تەييارلاپ بېرىپ، ئۆز يۇرتىغا ماڭدۇرساق. بىزدىنمۇ كوڭلى خوش بولۇپ قايتسا" — دەپتۇ. "بۇ پىكرىڭ توغرا" — دەپتۇ ئۇنىڭغا ئاتىسى. كېيىن ئۇلار ئەزىزگە قىممەتباھا

ماللاردىن يۈز توگىلىك مال ھازىرلاپتۇ. ئۇنى توگىلەرگە ئارتىپتۇ. تاجىلمۇلۇك بۇ ماللارنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىپتۇ. "بۇلار ــ دادام ۋە مېنىڭ ساڭا قىلغان ئەرزىمەس سوغىمىز. ساڭا مەن جېنىمنى بەر-سەممۇ، ساڭا بولغان قەرزىمنى تۈگىتەلمەيمەن. مېنىڭ ۋە ئاتامنىڭ بۇ ئازغىنا يوللىغىمىزنى كۆپكە تاۋاپ قىلىپ ئېلىپ، مەندىن رازى بولۇشۇڭنى سورايمەن" ــ دەپتۇ تاجىلمۇلۇك. ئۇلار شاھلار ۋە دوستلار بىلەن خوشلۇشۇپتۇ. تاجىلمۇلۇك ئاتىقا مىنىپ، ئەزىزنى ئۈچ چاقىرىم يەرگىچە ئۇزىتىپ چىقىپتۇ. "ئەگەر مېنىڭ ئانام بولمىغاندا ئىدى، سېنىڭدىن بىر قەدەممۇ ئاجرىماس ئىدىم. ماڭا خەت يېزىشنى ئۇنۇتۇما! سالامەتلىكىڭدىن خەۋەردار قىلىپ تۇر-غىن" ــ دەپتۇ ئەزىز تاجىلمۇلۇككە. ئەزىز يول يۈرۈپ، ھارماي-تالماي ئۆز شەھرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئانىسى ئۇينىڭ ئوتتۇرىسىغا قەۋرە ياسىتىپ، دايىم ئۇنى زىيارەت قىلىدىكەن. ئەزىز ئۆيگە كىرگەندىمۇ، ئانىسى چېچىنى يېيىپ، شۇ قەۋرىگە يولەنگىنىچە ياش تۆكۈپ ئولتۇرۇپ، مۇنۇ شېئىرلارنى ئوقۇۋېتىپتىكەن:

ئەي پەلەك شۇنچە زۇلۇم قىلدىڭ ماڭا،
دەردى-غەمدىن ئالەمنى تار قىلدىڭ ماڭا.

بىر نەپەس شاد بولغۇنۇم ئېسىمدە يوق،
خەستە كۆڭلۈم بەك ئېزىلدى دىل سۇنۇق.

خوش-خۇرام ئولتۇرمۇدۇم ئوغلۇم بىلەن،
پۈتتى ئۆمرۈم ئوغۇل دېغىدا غەم بىلەن.

بۇ تىرىكلىكتىن ماڭا ياخشى ئۆلۈم،
تەلىيىمنىڭ شۇملىغىدىن سولدى گۈلۈم.

• • •

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

ئەي قەۋرى ساڭا كىرىپ تۇگىدىمۇ كوركى ئۇنىڭ،
قېنى ئالەمنى روشەن قىلغان يۈزىنىڭ نۇرلىرى.
قۇياشىنمۇ، گۈلنىمۇ يوشۇرۇپسەن قوينۇڭغا،
ئۇنىمۇ يۇتتۇڭمۇ سەن، يوق تولۇن ئاي نۇرلىرى.

كېيىن ئۇ، ئۇتلۇق بىر "ئاھ" تارتىپ شۇ شېىرنى ئوقۇپتۇ:

قەۋرى ئارىلاپ يۈرۈپ سالام بېرىپ ئۆتتۇممەن،
ئەمما ئۇلارنىڭ قەۋرى بەرمىدى ماڭا جاۋاپ.
دىدى سۆيۈملۈكۈم:
— سىزگە جاۋاپ بېرەيمەن،
قېرىنداش ئۇرۇقلاردىن ئايرىلىپ باغرىم كاۋاپ.
بىر سىقىم تۇپراق بولدۇم، ھوسنۇم-چىرايىم يۈتتى،
يەر باغرىدا ياتىمەن، بار-يوقۇم بولدى خاراپ.

شېىرنى تۈگۈتۈپ قارىسا، ئوغلى ئەزىزمۇ قولاق سېلىپ يىغلاپ تۇرغان ئىكەن. ئانىسى ئوغلىنى كورۇش بىلەن ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئەزىز ئۇنىڭغا سۇ پۈركۈپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. ئانىسى ھوشىغا كېلىپ، ئوغلىنى كوكرىگىگە بېسىپتۇ. دېرەكسىز يوقاپ كېتىشىنىڭ سەۋەۋىنى سوراپتۇ. ئەزىز بېشىدىن ئوتكەنلەرنى بىر-بىرلەپ سوزلەپ بېرىپتۇ. تاجىلمۇلۇكنىڭ يۈز توگە مال ھەدىيە قىلغانلىغىنىمۇ ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئانىسى ئوغلىنى كورگىنىگە خۇرسەن بوپتۇ. تاجىلمۇلۇكنىڭ ھەدىيىسىگە ئەزىزنىڭ ئانىسى غايىبانە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ دۇئا قىپتۇ. ئەزىز ئانىسىنىڭ يېنىدا، بەختى قارا دەللالنىڭ قىزى قىلغان ئىشىدىن قايغۇغا پېتىپ، ئورە تۇرغىنىچە قېتىپ قاپتۇ......

تاجىلمۇلۇك سۆيگىنى سەيدەدۇنيانىڭ يېنىغا كىرىپتۇ، كوڭۈل

ئېچىشىپتۇ. شەھرىمان شاھ قىزى سەيدەدۇنيانى ئېرى تاجىلمۇلۇككە قوشۇپ، قۇدىسى سۇلايمان شاھ بىلەن بىللە يولغا سېلىشقا ھازىرلىنىپتۇ. يول تەييارلىقلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، يۈكلىرىنى ئارتىشىپ يولغا چۈشۈپتۇ. شەھرىمان شاھ ئۇلارنى ئۈچ كۈنلۈك يەرگىچە ئۇزۇتۇپ بېرىپتۇ. سۇلايمان شاھ شەھرىمان شاھنى زور بىلەن شەھرىگە قايتىشقا كوندۇرۇپتۇ. شەھرىمان شاھ ئۆز شەھرىگە قايتىپ كەپتۇ. سۇلايمان شاھ يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، داۋان ئېشىپ، مول يۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ شەھرىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇلارنى شەھەر ئاھالىسى شەھەرنى زىننەتلەپ قارشى ئاپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



بىر يۈز ئوتتۇز ئالتىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

سۇلايمان شاھ ئوغلى بىلەن مەلىكىنى ئېلىپ، كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، تاغ داۋانلار ئېشىپ، چۆل-باياۋانلار كېزىپ، دەريا كېچىپ، ئۆز شەھرىگە كەپتۇ. ئۇلارنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ئۇقۇپ، شەھەر ئاھالىسى شەھەرنى زىنننەتلەپ، ئالدىغا چىقىپ قارشى ئاپتۇ. سۇلايمان شاھ ئۆز تەختىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. تاجىلمۇلۇك ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپتۇ. سۇلايمان شاھ ئۆزى بىلەن بىللە بارغانلارغا سان-ساناقسىز ئىنئاملارنى بېرىپتۇ. شەھەر خەلقىغە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يېڭىۋاشتىن توي ـ تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ. تۇتقۇنلارنى ئازات قىلىپ قويۇپ بېرىپتۇ. بۇ توي ـ تاماشا ۋە باشقا كۆڭۈل ئېچىشلار راسا بىر ئاي داۋام قىپتۇ. سەيدەدۇنيانىڭ ھوسنىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن، ناھايىتى نۇرغۇن ئايالالار يىغىلىپتۇ. لېكىن كۆرگەنلەرنىڭ ھېچ بىرى ئۇنىڭ ھوسنىنى كۆرۈپ تويماپتۇ. توي ـ تاماشا بارغانسېرى قىزىپتۇكى، سويىماپتۇ. ئاخىرى تاجىلمۇلۇك ئاتا ـ ئانىسىدىن دۇئا ـ پاتىھە ئېلىپ، سەيدەدۇنيانىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. ئۇلار ئۆمۈر بويى شۇنداق شىرىن ـ لەززەتلىك دەۋر سۈرۈپ، ھايات كەچۈرۈپتۇ.

# پادشاھ ئۆمەر ئىبنى نوئمان ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىنىڭ داۋامى

ۋەزىر دەندان ھېكايىسىنى تۈگەتتى. زەۋئۇلماكان ئۇنىڭغا بۇ ھېكايىسى ئۈچۈن ئالاھىدە "بارىكاللا!..." — دېيىپتۇ ۋە: شاھلار قېشىدا ئەڭ ياخشى مۇلاھىزىلار بايان قىلغۇچى ۋە توغرى يول كۆرسەتكۈچى سەندەك ۋەزىر، دانا مەسلىھەتچى كام بولسا بولمايدۇ" — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن توت يىل ئۆتۈپتۇ. شۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار قوشۇنلىرىنى قامال قىلىپ تۇرۇشۇپتۇ. يۇرتلىرىنى سېغىنىپ، ئۆزۈنغا سوزۇلغان بۇ قورشاشتىن ئەسكەرلەرمۇ ناھايىتى زېرىكىپتۇ. زەۋئۇلماكان ئەمىر بەھرام، ئەمىر رۇستەم، ئەمىر تۈركەشلەرنى قىچقىرىپ: "بىز بۇ يەرگە شاھ ئۆمەر ئىبنى نوئماننىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدۇق. شۇنچە زامان قورشاپ يېتىپمۇ مەقسىدىمىزگە يېتەلمىدۇق. ئۇنىڭ ئەتۇر-سىچە، بىر غېمىمىز ئىككى بولدى، قايغۇمىز كۆچەيدى. دادام ئۆمەر ئىبنى نوئماننىڭ مۇسىبىتى ئۈستىگە ئاكام شەررىكاننىڭ مۇسىبىتى كېلىپ قوشۇلدى. بىز بۇ يەردە ئۇنىڭدىن ئايرىلدۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ ھىلىگەر قېرى زاتۇد داۋاھىدىن كەلدى. ئۇ، دادام ئۆمەر ئىبنى نوئماننى ئۆز يۇرتىدا ھالاك قىلدى. ئانام سۇفىيەنى ئېلىپ قاچتى. بۇلار يېتىشمىگەندەك، بىزگە كوپ ھىلىلەر قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىزنى غەپلەتتە قويۇپ، ئاكام شەررىكاننى خىزمەتچىلىرى بىلەن پاجەلىك تۇردە بوغۇزلاپ قاچتى. بىزگە ئېغىر جۇدالىق ئازاۋىنى يۈكلىدى. مەن بۇلارنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن قەسەم قىلغان ئىدىم. بۇ ھەقتە سىزلەرنىڭ يەنە قانداق پىكىر ۋە مەسلىھەتلىرىڭىز بار. مەن سىزلەردىن جاۋاپ كۈتۈپ تۇرۇۋېتىمەن"— دەپتۇ مەسلىھەت سورۇنىدا ئولتۇرغانلارغا قاراپ. ئولتۇرغانلار بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جاۋاپنى ۋەزىر دەندانىغا ھاۋالە قىپتۇ. ۋەزىر دەندان ئورنىدىن تۇرۇپ، شاھ زۇئۇلماكاننىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. "ئەي زامانەمىزنىڭ شاھى، — دەپتۇ ئۇ، — مېنىڭ پىكرىمچە، بۇ يەردە تۇرىۋەگىنىمىزنىڭ پايدىسى يوق. ۋەتىنىمىزگە قايتىشىمىز لازىم. ئۆز يۇرتىمىزدا دەم ئېلىپ، ئەسۋاپ ۋە ياراقلىرىمىزنى تولۇقلاپ، ياخشى ھازىرلىق كۆرۈپ كېلىپ، بۇ بۇتقا چوقۇنغۇچىلارنىڭ كۆچىگە قارشى غازات قىلىشىمىز كېرەك". "بۇ پىكىر ناھايىتى ياخشى. ئادەملەر ئۆي-جايلىرىنى سېغىنىپ قېلىشتى. ئائىلە ۋە بالا-چاقىلىرىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. مەنمۇ ئوغلۇم كانى ماكاننى ۋە ئاكامنىڭ قىزى قۇززىيەپاكاننى كۆپ سېغىندىم. ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى بىلگۈم كېلىدۇ"— دەپتۇ زۇئۇلماكان. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى سۆيۈنۈپتۇ. ۋەزىر دەندانغا ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە سالامەتلىك، بەخت تىلەپ دۇئا قىلىشىپتۇ. شاھ زۇئۇلماكان ئەسكەرلىرىگە ئۈچ كۈندىن كېيىن قايتىش توغرىسىدا خەۋەر قىلىشقا پەرمان بېرىپتۇ. ئۇلار سەپەر ھازىرلىقلىرىنى كۆرۈش ئىشىغا كىرىشىپتۇ. توتىنچى كۈنى ناغرا-كارناي، داپ-دۇمباقلار چېلىپ، بايراقلارنى ئېلىپ يولغا چۈشۈپتۇ. ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا ۋەزىر دەندان، ئوتتۇرىسىدا زۇئۇلماكان، ئۇنىڭ

يېنىدا ھاجىپ بىللە يولغا چۈشۈپتۇ. بۇلار كىچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، باغدادقا يېتىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ يېنىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ، ئادەملەر خوش بولۇشۇپتۇ، غەم ـ ئەلەملىرى كوتىرىلىپتۇ، ئەمىرلەر ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ. شاھمۇ ئۆز قەسرىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئوغلى كانى ماكاننىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. ئۈچ يىللىق جەڭ، توت يىللىق قورشاشتىن كېيىن ئۆز ئۆيىگە كىرگەن شاھ يەتتە ياشقا كىرگەن ئوغلىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ، ئاتقا مىنىشنى ئۆگەنگەن ئىكەن. شاھ زۇئۇلماكان بىر ئاز دەم ئېلىپ، ئوغلى كانى ماكان بىلەن ھاممامغا چۈشۈپتۇ. ھاممامدىن قايتىپ كېلىپ، تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. ۋەزىر دەندان ئۇنىڭ يېنىدا، ۋەزىرلىق ئورنىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئەمىرلەر ۋە باشقا ساراي ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ خىزمىتىدە تۇرۇپتۇ. زۇئۇلماكان مۇساپىر بولۇپ ئاغرىپ قالغاندا كوپ ياردەملەرنى قىلغان دوستى گۇلەخچىنى قىچقىرتىپتۇ. گۇلەخچى كەلگەندە، ئۇنىڭ ھورمىتى ئۈچۈن، شاھ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۆزىنىڭ يېنىدىن جاي كورسىتىپ، ھورمەتلەپتۇ. زۇئۇلماكان ۋەزىرگە ئۆزى مۇساپىر بولۇپ ئاغرىپ قالغان چېغىدا گۇلەخچىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارمۇ بۇ كىشىگە ھورمەت قىلىشىپتۇ. گۇلەخچى يەپ ـ ئىچىپ، ئىشلىمەي بىغەم يېتىۋەرگەنلىكى ئۈچۈن، سەمىرىپ كەتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ گەردىنى پىلنىڭ بويىنىدەك، قوسىقى خۇددى دارپىل دېگەن جانىۋارنىڭ قارنىدەك يوغان كېلەڭسىز بىر تۇسكە كىرگەن ئىكەن. ئۇ، ناھايىتىمۇ بىغەم بولۇپ، غادىيىۋالغان ئىكەن. ئۇ، شاھ زۇئۇلماكاننى باشقىچە ئېسىل كىيىملەردە كۆرۈپ تونۇماي قاپتۇ. شاھ ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، تىكىلىپ سالام بېرىپتۇ ۋە: "بىر

دەمدىلا مېنى ئېسىڭدىن چىقاردىڭمۇ، ئەي بۇرادەر؟"— دەپتۇ ئۇنىڭغا. گۈلەخچى زۇئۇلماكانغا قايتىدىن تىكىلىپتۇ. تىكىلىپ قاراپ، ئاران تونۇپتۇ. ئۇ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە: "ئەي دوستۇم، سەن قانداق پادىشا بولۇۋالدىڭ؟"— دەپتۇ شاھقا. زۇئۇلماكان بۇنىڭ گېپىگە كۈلۈپتۇ. ۋەزىر دەندان ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ، ۋەقەنى چۈشەندۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ: "بۇ شاھ بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇن سېنىڭ ئۇكاڭ ۋە دوستۇڭ ئىدى. ئەمدى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ پادىشاسى بولۇپ قالدى. ئەمدى سەن ئۇنىڭدىن كۆپ ياخشىلىقلارنى كۆرىسەن. "ئەمدى سەن كۆڭلىڭدىكىنى ئېيت"— دېسە، سەن ئەلۋەتتە چوڭ نەرسىلەرنى سورا. شاھ سېنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلىدۇ، ھەددىدىن ئارتۇق قەدىرلەيدۇ، سەن نىمىنى سورىساڭ شەرتسىز بېرىدۇ. ئېھتىياتلىق بول! ئەرزىمىگەن نەرسىنى سوراپ، كۈلكىگە قالما!"— دەپتۇ. "مەن سورىغان نەرسىنى بەرمەيدۇ ياكى بېرىش قولىدىن كەلمەيدۇ دەپ ئويلايمەن" دەپتۇ گۈلەخچى. "نىمىنى سورىساڭ شۇنى بېرىدۇ. نىمىنى خالىساڭ شۇنى قىلىدۇ"— دەپتۇ ۋەزىر دەندان. "مەن ئەلۋەتتە دىلىمدىكى مۇددىيىمنى سورايمەن: چۈنكى ئۇنى مەن ھەركېچە چۈشۈمدىمۇ كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. ئۇنتۇپ قالماي دەپ، ياتلاپمۇ يۈرۈۋاتىمەن. خۇدادىن مۇشۇ نەرسىنى تىلەپ كېلىۋاتىمەن"— دەپتۇ گۈلەخچى. "خاتىرجەم بول! ئەزبىرايى خۇدا، سەن دەمەشقنىڭ سۇلتانلىقىنى سورىساڭمۇ بېرىدۇ. ئۇ، سەندىن ھېچ نەرسىنى ئاياپ تۇرمايدۇ"— دەپتۇ ۋەزىر. شۇ ۋاقىتتا گۈلەخچى ئورنىدىن قوزغۇلۇپتۇ، قول باغلاپ تۇرۇپتۇ. زۇئۇلماكان ئۇنىڭغا ئولتۇرۇشنى ئىشارەت قىپتۇ. لېكىن ئۇ، ئولتۇرماي، يەنىلا قول باغلاپ تۇرۇپتۇ ۋە: "بۇرۇن مەن

سىنىڭ يېنىڭدا سوھبەتلىشەتتىم، ئولتۇراتتىم ۋە ئىغناپ ياتاتتىم. ئەمدى سەن ئالدىڭدا باشقىلار قول باغلاپ تۇرىدىغان چوڭ كىشى بولۇپ قاپسەن. باشقىلار ساڭا قول باغلاپ تۇرسا، مەن قانداقمۇ ئولتۇراي. مېنىڭمۇ قول باغلاپ تۇرغىنىم ياخشى ئوخشايدۇ"— دەپتۇ گۈلەخچى شاھ زۇئۇلماكانغا. "سەن مېنىڭ هايات قېلىشىمغا سەۋەپ قىلغان كىشى. بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى مۇناسىۋەت يەنە شۇ بۇرۇنقىدەك بولۇشى كېرەك. چۈنكى، سەن ماڭا قېرىنداشلارچە غەمخورلۇق قىلدىڭ. سېنىڭ ياخشىلىقلىرىڭنى كوپ كوردۇم. بۇ قىلغان ۋاپادارلىغىڭ مەڭگۈ يادىمدىن چىقمايدۇ. شۇنىڭ بەدىلىگە مەندىن نىمىنى سورىساڭ شۇنى بېرىمەن. قانداق ئارزۇ- يۇڭ بولسا، سورا. ئاۋال خۇدادىن سورا، ئاندىن مەندىن سورا، تارتىنما"— دەپتۇ شاھ زۇئۇلماكان. "مەن سورىغان نەرسىنى بەرمەسلىگىڭدىن قورقىمەن، ئەي ئالىجاناپ شاھ"— دەپتۇ گۈلەخچى. "قورقما! سورا!"— دەپتۇ شاھ. "سورىغىنىمنى بەرمەيسەن. مەن شۇنىڭدىن قورقىمەن"— دەپتۇ گۈلەخچى يەنە. "ئەزىبرايى خۇدا، ئەگەر شۇ مەزگىلدە ماڭا قاراشلىق پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يېرىمىنى سورىساڭمۇ بولۇپ بېرەتتىم"— دەپتۇ شاھ زۇئۇلماكان. "قورقۇۋاتىمەن"— دەپتۇ گۈلەخچى قايتا. "قورقما! نىمىدىن قورقىسەن؟"— دەپتۇ شاھ زۇئۇلماكان. "سورىغان نەرسەمنى بېرىش قولۇڭدىن كەلمەي قېلىشتىن قورقىمەن"— دەپتۇ گۈلەخچى. شاھ زۇئۇلماكاننىڭ ئاچچىغى كەپتۇ. "ئەي گۈلەخچى دوستۇم، سەن قاچان مەندىن بىرەر نەرسە سورۇدۇڭ. مەنمۇ قاچان بۇ نەرسىنى بېرىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ دەپ، سورىغىنىڭنى بەرمەي قويدۇم!"— دەپتۇ شاھ زۇئۇلماكان. "ئانداق بولسا پۈتۈن قۇددۇس شەھرىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھامامنىڭ باشلىغى قىلىپ تەيىنلىشىگىنى سورايمەن" — دەپتۇ گۆلەخچى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، شاھمۇ ۋە سارايدىكى بارلىق ئەمەلدارلارمۇ قاقاخلاپ كۈلۈشۈپتۇ. كېيىن شاھ كۈلكىسىنى توختىتىپ: "بۇنىڭدىن باشقا نەرسىنى سورىغىن!" — دەپتۇ. "مانا مەن ھەللا سورىغان نەرسىنى بىرىش قولۇڭىدىن كەلمەيدۇ" — دىگەن ئەمەسمىدىم. ئاخىر مېنىڭ دىگىنىمدەك بولدىغۇ؟ — دەپتۇ گۆلەخچى، — ئەگەر قۇددۇس ھامامىلىرىنىڭ باشلىقلىغىنى بىرەلمىسەڭ، ماڭا دەمەشىق ھاماملىرىنىڭ چوڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى بىرىشىڭنى سورايمەن" — دەپ، ئۆزىنىڭ تەلىۋىنى قايتىلاپتۇ گۆلەخچى. شاھ باشلىق سارايدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئېغىناپ كۈلۈشۈپتۇ، كۈلكىدىن ئۆچەيلىرى ئۈزۈلۈشكە ئازلا قاپتۇ. ۋەزىر دەندان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ ئۇنى نوقۇپتۇ. گۆلەخچى ۋەزىر دەندانغا بۇرۇلۇپ قاراپ: "سەن كىم؟ نىمە قىلىۋاتىسەن! مېنى نوقىغىدەك مەن ساڭا نىمە گۇنا قىلدىم. ئۆزلىرىڭلار چوڭ نەرسىنى سورا، شاھ دىگىنىڭنى بىرىدۇ دىيىشتىڭلار. مېنىڭ ئۈچۈن گۆلەخچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، بىر شەھەردىكى ھامام باشلىقلىرىنىڭ چوڭى بولۇش كىچىك ئىشمۇ؟ بۇنى بەرمىسەڭلا، مەن ئۆز يۇرتۇمغا قايتىپ بىرىپ، ۋاقتىدا بۇرۇنقى ھامامنىڭ ئوتىنى قالاپ، كۈلىنى تارتىدىغان گۆلەخچىلىق ۋەزىپەمنى تېپەۋالاي!" — دەپتۇ ۋاقىراپ. شاھ زۇئۇلماكان ئۇنىڭ قىزىقچىلىق قىلىۋاتقانلىغىنى سېزىپ، بىردەم جىم تۇرۇپتۇ. كېيىن: "قىلغان ياخشىلىغىڭغا لايىق چوڭراق بىر نەرسە سورا؟!" — دەپتۇ شاھ. "ئاكاڭىنىڭ ئورنى — دەمەشىقنىڭ سۇلتانلىغىنى سورايمەن" — دەپتۇ گۆلەخچى. "خۇدا ساڭا بەردى. مەنمۇ سېنىڭ سورىغىنىڭنى

بەردىم"ــ دەپتۇ زۇئۇلماكان. مىرزىسىغا گۈلەخچىنى دەمەشقنىڭ سۇلتانى قىلىپ تەيىنلەش توغرىسىدا پەرمان يېزىشنى بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر دەندانغا ئۇنى دەمەشققە كۆزىتىپ ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر دەندان: "خوپ!" دەپ، سەپەر تەييارلىقىنى قىلىشقا كىرىشىپتۇ. شۇ چاغدا، شاھ زۇئۇلماكان ئولتۇرغانلارغا قاراپ: "كىم مېنى دوست تۇتسا، گۈلەخچىگە ھەدىيە ۋە سوغا تارتۇق قىلسۇن!"ــ دەپتۇ. شاھ ئۇنىڭغا "سۇلتان زەبۇلكان"ــ دەپ ئىسىم بېرىپتۇ. "مۇجاھىت" دىگەن لەقەمنىمۇ قويۇپتۇ. ئۇزى يېڭىدىن ياساتقان تەختنى سوغات قىپتۇ. ئۇلار پۈتۈن سەپەر تەييارلىقلىرىنى تۈگۈتۈپ بىر ئايدىن كېيىن، ۋەزىر دەندان بىلەن بىللە خەيرلىشىش ئۈچۈن، شاھ زۇئۇلماكاننىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. شاھ زۇئۇلماكان ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، پۇخرالىرىغا مەرھەمەتلىك، ئادىل ۋە ئوچۇق قوللۇق بولۇشنى، ئۇلارنىڭ ئىشنى ئادالەت بىلەن سوراشنى تاپىلاپتۇ. ئۇنىڭغا يەنە، ئىككى يىلدىن كېيىن بولغۇسى ئۇرۇشقا ھازىرلىق كۆرۈپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ. سۇلتان زەبۇلكان شاھ زۇئۇلماكان بىلەن خەيرلىشىپ يولغا چىقىپتۇ. شاھ زۇئۇلماكاننىڭ تەكلىۋى بىلەن، مۇجاھىت لەقەم ۋە زەبۇلكان ئىسمىدا ئاتىغى چىققان دەمەشقنىڭ سۇلتانى تارتۇق قىلىنغان قۇل ۋە كېنىزەكلىرى بىلەن مال دۇنياسىنى ئېلىپ، ۋەزىر دەنداننىڭ ھەمراھلىقىدا دەمەشققە قاراپ ماڭغاندا، شاھ زۇئۇلماكان، ھاجىپ، ئەمىر بەھرام، ئەمىر رۇستەم ۋە ئەمىر تۇركەش قاتارلىق بارلىق دولەت ئەرباپلىرى ئۈچ كۈنلۈك يەرگىچە ئۇزۇتۇپ كەپتۇ. ئاندىن ئۇلار قايتىدىن خوشلۇشۇپ يولغا چۈشۈپتۇ. ئۇزۇتۇپ چىققۇچىلارمۇ قايتىشىپتۇ. سۇلتان

زەبۇلكان ئۆز ئادەملىرى بىلەن كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، دەمەشققە يېتىپ بېرىپتۇ. دەمەشققە يېقىندىن سۇلتان بولغان زەبۇلكانىنىڭ خەۋىرى قۇشلار ئارقىلىق دەمەشق ئاھالىسىگە ئاللاقاچان يېتىپ كەلگەن ئىكەن. ئۇلار: "شاھ زۇئۇلماكان دەمەشققە مۇجاھىت لەقەملىك، زەبۇلكان ئىسىملىك سۇلتان تەيىنلەپتۇ" دېيىشىپ، ئۇنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئۇلگۇرتۇپ شەھەرنى زىننەتلەپتۇ. خەلقنىڭ ھەممىسى دىگىدەك ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، خوشال ـ خورام قارشى ئاپتۇ. سۇلتان زەبۇلكان شەھەرگە كىرىپ، يېڭى تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. ۋەزىر دەندان ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ۋەزىرلەر، ئەمىرلەر ئورنىنى، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. دەمەشق ئەمىرلىرى كىرىپ، ئۇنى زىيارەت قىلىشىپتۇ، يېڭى ۋەزىپىسى بىلەن مۇبارەكلەپتۇ، قۇتلۇقلاپتۇ. سۇلتان زەبۇلكان ئۇلارنى سەممىيەت بىلەن قوبۇل قىلىپ، كىيىم ـ كېچەك تەقدىم قىپتۇ. كېيىن ئۇ، خەزىنىنى ئېچىپ، پۇللارنىڭ بىر قىسمىنى چوڭ ـ كىچىك ئەسكەرلىرىگە تارقىتىپ بېرىپتۇ. سۇلتان زەبۇلكان ئادالەت بىلەن يۇرت سوراشقا كىرىشىپتۇ. سۇلتان زەبۇلكان شاھزادە شەررىكانىنىڭ قىزى قۇززىيە پاكانىغا دادىسىدىن قالغان نەرسىلەر بىلەن بىللە، ئۆزىمۇ قىممەتلىك رەختلەردىن تارتۇقلار تەييارلاپ، ۋەزىر دەندانغا بېرىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئۆزىگىمۇ قىممەتلىك ماللاردىن تارتۇقلار تەقدىم قىپتۇ. پۇل تەقدىم قىلغان ئىكەن، ۋەزىر دەندان قوبۇل قىلماپتۇ. "سەن يېڭىلا سۇلتان بولدۇڭ، ئۆزەڭگە لازىم بولۇپ قالار، كېيىن بىز سەندىن ئالدىمىزدا بولىدىغان شەرەپلىك جەڭلەر ئۈچۈن پۇل تەلەپ قىلىمىز. بۇ پۇلنى شۇنىڭغا ساقلا!" ـــ دەپ ياندۇرۇپتۇ.



www.uyghurkitap.com

ۋەزىر دەندان سەپەر ھازىرلىقلىرىنى تەييارلاپ، ئاتقا مىنىپتۇ. قۇززى پاكاننىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان ئونىچە قۇل-كېنىزەكنىمۇ بىللە ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. سۇلتان مۇجاھىت ۋەزىرنى دەمەشىقتىن خېلى يەرگىچە ئۇزۇتۇپ بىللە كەپتۇ. كېيىن خەيرلىشىپ قايتىپتۇ ۋە بولغۇسى غازات ئۇچۇن قورال-ياراق ھازىرلاشقا كىرىشىپتۇ. ۋەزىر دەندان كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، رۇھباغا كەپتۇ. ئۇ يەردە دەم ئېلىش ئۈچۈن قونۇپتۇ. ئۇ يەردىن يولغا چىقىپ، باغدادقا يېتىپ كەپتۇ. ۋەزىر دەندان ئۆزىنىڭ ساق-سالامەت يېتىپ كەلگەنلىكى ھەقىقىدە شاھ زۇئۇلماكانغا خەۋەرچى ماڭدۇرۇپتۇ. شاھ زۇئۇلماكان ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن شەھەر سىرتىدا ئۇچرىشىپتۇ. ۋەزىر دەندان شاھ زۇئۇلماكانىنى كۆرۈش بىلەن، ئاتتىن چۈشۈپ مېڭىشقا ھەركەت قىلغان ئىكەن. شاھ زۇئۇلماكان ئۇنى ھورمەتلەپ، بۇ ئىشتىن توختىتىپتۇ. ۋەزىر دەندان يېنىغا كەلگەندە، ئۇنىڭدىن سۇلتان مۇجاھىتنىڭ ئەھۋالىنى سوراپتۇ. ۋەزىر ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئاكىسى شەررىكاننىڭ نەرسىلىرىنى بىللە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. زۇئۇلماكان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ سۆيۈنۈپتۇ. "ئۆيىمىزگە قايتىپ، سەپەر ھاردۇغىنى چىقىرىڭ، بىر ئاز دەم ئېلىڭ، راھەتلىنىڭ. ئۈچ كۈندىن كېيىن مېنىڭ قېشىمغا كىرىڭ!" دەپتۇ شاھ زۇئۇلماكان ۋەزىر دەندانغا. ۋەزىر ئۇنىڭ مەرھەمىتىگە قۇللۇق ئېيتىپ، ئۆز ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. شاھ ئۆز قەسرىگە كىرىپ، ئاكىسىنىڭ قىزى قۇززى پاكانىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ، سەككىز ياشقا كىرگەن ئىكەن. زۇئۇلماكان ئۇنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپتۇ. ئاكىسى شەررىكاننى ئەسلەپ، كۆزىگە لىق ياش ئاپتۇ. ئاكىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىزىغا ھەرخىل كىيىملەرنى، قىممەتلىك زىننەت جابدۇقلىرىنى تارتۇق قىپتۇ ۋە سۈت ئانىلىرىغا ئۇزىنىڭ ئوغلى كانى ماكان بىلەن بىر ئۆيدە تەربىيە قىلىشىنى تاپشۇرۇپتۇ. ئۇلار ئۇز زامانىسى-نىڭ ئەڭ ئېقىللىق، ئەڭ باتۇر كىشىلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ ۋە ساغلام ئۇسۈپتۇ. قۇززى پاكان تەدبىرلىك، ئىشنىڭ ئاخىرىنى ئويلىغۇچى زىرەك بولسا، كانى ماكان ناھايىتى سېخى، لېكىن ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىمايدىغان بولۇپ ئۇسۈپتۇ. ئىككىسى-نىڭ بىرى ئون ياشقا قەدەم قويغان بولسا، يەنە بىرى ئون بېشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ. قۇززى پاكان ئات مىنىشكە چىۋەر بولۇپ، تاغىسىنىڭ ئوغلى كانى ماكان بىلەن يايلاقتا ئات چېپىشىپ ئويناشقا باشلاپتۇ. ئۇلار ئون ئىككى ياشقا تولغىچە قىلىچ چېپىش، نەيزە سانچىش ۋە ئات ئۈستى مەشقلىرىنى ئۇگۇنۇپتۇ. كېيىن شاھ ئۇلارغا ھەربىي تەلىم بېرىشنى توختىتىپتۇ. يېنىغا ۋەزىر دەنداننى چاقىرىپ: "مەن بىر ئىشنى ئويلىدۇم. سېنىڭ ئاڭلاپ پىكىر بېرىشىڭنى ئىستەيمەن" — دەپتۇ. "قانداق ئىش" — دەپتۇ ۋەزىر. "ئوغلۇم كانى ماكاننى كوزۇمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا ئۇز ئورنۇمغا شاھ قىلىپ قويماقچىمەن. تاكى مەن ئۇلگىچە، ئۇزەم غازاتتا ئەسكەرلەر ئالدىدا تۇرۇپ جەڭ قىلماقچىمەن. سېنىڭ بۇ ھەقتە پىكرىڭ قانداق؟" — دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر دەندان شاھ ئالدىدا تۇرۇپ تازىم قىلىپ: "ئەي ئۇلۇغ شاھ، بۇ پىكرىڭ ئەلۋەتتە توغرا. لېكىن، بۇ ھازىر ئىككى تەرەپتىن مۇۋاپىق ئەمەس. بىرى شۇكى، ئوغلۇڭ كانى ماكان تېخى ياش؛ ئىككىنچىسى شۇكى، ئادەتتە ئۇزى ھايات تۇرۇپ ئورنىغا ئوغلىنى شاھ قىلغان كىشى ئۇزاق ياشىمايدۇ" — دەپتۇ ۋەزىر دەندان. "ئەي ۋەزىر، مەن

ئۇنىڭ ئۆزىنى شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزمايمەن. شاھلىقنى ئۇنىڭغا
مىراس قىلىپ بېرىپ، ھاجىپنى ئۇنىڭ ئورنىغا قويىمەن. ئۇ،
ئۆز ئادىمىمىز بولۇپ قالدى، ھەدەمگە ئۆيلەندى. ئۇ، مېنىڭ
تۇققۇنۇم ئورنىدا، ئۇنى سەن ئاكام شەررىكانىنىڭ ئورنىدا كور-
سەڭ“ — دەپتۇ شاھ. ”خالىغىنىڭنى قىل! بىز بۇيرۇقنى ئورۇن-
دىغۇچى“ — دەپتۇ ۋەزىر دەندان. شاھ ھاجىپ ۋە باشقا ساراي
ئەمەلدارلىرىنى قىچقىرتىپتۇ. ”سىزلەر بىلىسىزلەركى، ئوغلۇم كانى
ماكان زامانىمىزنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن باتۇرى بولۇپ ئۆسمەكتە.
ھەربى مەشقلەردە، قىلىچۋازلىقتا، نەيزىۋازلىقتا، ئوقيا ئېتىشتا
ئۇنىڭ بىلەن تەڭلەشكىدەك كىشى يوق. مەن ئۇنى سىزلەرگە
ئۆز ئورنۇمغا شاھ قىلىپ تەيىنلەيمەن. ئۇ كىچىك بولغىنى
ئۈچۈن، چوڭ بولغىچە، ھاجىپ ساراي باشلىغىنى ئۇنىڭغا ۋەسى
قىلىپ تەيىنلەيمەن“ — دەپتۇ. ”ئەي شاھىم، سىزنىڭ بۇلاقلىرى-
ڭىزدىن سۇئىچىپ تەربىيىلەنگەنمەن“ — دەپتۇ ھاجىپ. ”ئوغلۇم
كانى ماكان بىلەن ئاكامنىڭ قىزى قۇززى پاكانىنى بىر-بىرىگە
چېتىپ قويماقچىمەن. بۇنى ئۆز ۋاقتىدا ئاكاممۇ ئارزۇ قىلغان“ —
دەپتۇ شاھ زۇئۇلماكان ھاجىپقا. ئاندىن بۇ ئىشقا مەجلىس
ئەھلىنىڭ گۇۋا بولۇشىنى ئېيتىپتۇ. ئوغلىغا تەرىپلەپ تۈگەتكىلى
بولمايدىغان ھېساپسىز قىممەتبا ماللارنى تارتۇق قىپتۇ. ئاندىن
شاھ شۇ كۈنكى يىغىنغا قاتناشقانلارغا ئۆز لايىغىدا ئىنئاملار
بېرىپتۇ. ئوردىدىكى ئىشنى تۈگۈتۈپ، ھەدىسى نۇزھەتۇززاماننىڭ
ئالدىغا كىرىپتۇ. بۈگۈنكى ئىشتىن ئۇنى خەۋەردار قىپتۇ. نۇزھە
تۇززامان خوش بولۇپ: ”ھەر ئىككىسمۇ مېنىڭ ئۆز بالام.
ئۇلارنىڭ بەختىگە خۇدا سىزنى ئامان قىلسۇن! دۇنيا تامام

بولغىچە ياشاڭ!" ــ دەپتۇ. "كۆزۈمنىڭ ئوچۇقلىغىدا كۆڭۈل خاھىشىنى ئادا قىلدىم. ئەي ئاچا، مەن دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن تويدۇم. ئوغلۇمنى ئۆز ئورنۇمدا قويدۇم. ئوغلۇمنىمۇ، ئاكامنىڭ قىزىنىمۇ، ئوغلۇمنىڭ ئانىسىنىمۇ ساڭا تاپشۇردۇم. سېنى خۇداغا تاپشۇردۇم. ئەمدى مەن سىلەردىن خاتىرجەم بولدۇم" — دەپتۇ زۇئۇلماكان. ئۇ، ئۆزى خۇددى ئەتىگە ئۆلۈپ كېتىدىغان كىشىدەك، ھاجىپنى كورگەنلا يەردە ھەدىسى نۇزھەتۇززامانغا، ئوغلىغا، قۇززى پاكانغا، ئايىلىغا غەمخورلۇق قىلىشنى تاپىلايدىكەن. شۇ ئارىدا ئۇ، ھاممامغا كىرىپ چىقىپ، شامالداپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ، بىر نەچچە كۈنگىچە ياستۇقتىن باش كوتە-رەلمەي قاپتۇ. ھاجىپ ھوكۇمەت ئوردىسىدا دولەت ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈپتۇ. ئارىدىن بىر يىل ئوتكەندە، زۇئۇلماكان ئوغلى كانى ماكاننى ۋەزىر دەندان بىلەن قىچقىرتىپتۇ. "ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ ئۇ، كانى ماكانغا، — بۇ ۋەزىر دەندان مەندىن كېيىن ساڭا ئاتا بولىدۇ. مەن بۇ پانى دۇنيادىن باقى دۇنياغا كېتىمەن. بۇ دۇنيادىن مىرادىم ھاسىل بولدى. لېكىن، دىلىمدا بىر ئارمان قالدى. خۇدا خالىسا، ئۇنى سېنىڭ ئۆز قولۇڭ بىلەن ئادا قىلىشىڭغا ئىشىنىمەن". "ئۇ قانداق ئارزۇ ئىدى ئەي ئاتا؟" ـ دەپ سوراپتۇ كانى ماكان. "بوۋاڭ شاھ ئومەر ئىبنى نوئماننى، تاغاڭ شاھزادە شەررىكاننى ھىلە-مىكىر بىلەن ھالاك قىلغان قېرى مەككار زاتۇد داۋاھىدىن ئۇلارنىڭ قىساسىنى ئېلىپ ئولۈپ كېتىش كوڭلۇمدىكى ئارمىنىم ئىدى. مەندىكى شۇ ئارمان ئۆز پېتى مەن بىلەن كېتىدىغان بولدى. خۇدا ساڭا مەددەت بەرسە، ھەممە-دىن بۇرۇن شۇ قېرىدىن قىساس ئېلىپ، شۇ نومۇسنى گەدىنىڭدىن

ساقىت قىلىشنىڭ زورۇر. لېكىن ئۇ قېرىنىڭ ھىلە-مىكرىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىل! بۇ توغرىدا ۋەزىر دەنـدان بىلەن كېڭـەشىپ ئىش قىل! ئەزەلـدىن بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ سۆيىنىـدىغان يولەنچۈكى پەقەت مۇشۇ كىشىدۇر"ــ دەپتۇ زۇئۇلماكان. "خوپ!"دەپتۇ كانى ماكان. كېيىن زۇئۇلماكاننىڭ كوزلىرىدىن ئۇزۇلمەي ياش ئېقىپتۇ. ئۇنىڭ كېسىلى بارغانـسېرى ئېغىرلـىشىپتۇ. مەملىكەتـنىڭ پۈتۈن ئىشلـىرى ھاجىپـقا قاپـتۇ. شۇ يوسۇنـدا يەنە بىر يىل ئوتۇپتۇ. زۇئۇلماكان ھامان كېـسەل بىلەن يېتىپـتۇ. توت يىلغـىچە ئۇنىڭ كېسىلى ياخشى بولماپتۇ. ھاجىپ مەملىكەتنى ئىدارە قىلىۋېرىپتۇ. ھەممە ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشىپـتۇ. شاھزادە كانى ماكانـنىڭ ئىشى دايـىم ئاتـتا ئويـناش، نەيـزە سانـچىش، قىلىچ چېـپىش، ئوقـيا ئېـتىش بوپـتۇ. قۇززى پاكانـمۇ خۇددى شۇنداق، ئەتىدىن كەچكىچە كانى ماكان بىلەن بىللە ئات ئويۇنى قىلىپ، قىلىچـۋازلىق، نەيـزىۋازلىق مەشـقىنى قىلـىپ يۈرۈپـتۇ. قۇززى پاكان كەچـقۇرۇندىلا ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىدىـكەن. كانى ماكانمۇ شۇ تەخلىتتە كەچقۇرۇن ئويىگە قايتىدىكەن. ئويىگە كىرگەن چېغىدا، ئانىسىنىڭ ئاتىسىنىڭ ياستۇغـى ئۈستىدە يىغلاپ ئولتۇر-غىنىنى كورۇپ، تاڭ ئاتقىچە ئاتىسىنىڭ يېنىدا بوپتۇ. تاڭ ئېتىشى بىلەن، ئادىتى بويىچە، يەنە قۇززى پاكان بىلەن بىللە ئاتـلىنىپ يايلاقـقا مەشقـقە مېڭىپـتۇ. زۇئۇلـماكانـنىڭ كېـسلى سوزۇلۇپ كېتىپتۇ. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، مۇنۇ شېىرلارنى ئوقۇپتۇ:

بۇ جاھان ئەھلى جاھانغا ئىككى ئىشنى قىلدۇ،
گاھ ئۇلارنى شاد قىلىپ، گايى باغرىن تىلدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يىغلىماق، كۈلمەك ھەمىشە بۇ جاھانغا باقىدۇر،
بەزىدە قان يىغلىسا، بەزى شاراپقا ساقىدۇر.

• • •

كەتتى كۈچ ـ قۇۋەت تېنىمىدىن، ئۆتتى دەۋرانىم مېنىڭ،
ھەمدىمىم رەنجۇ ـ مەشەققەت، مەجرۇھ ئۆزۈم، دەردىم تولا.
شانلىق كۈنلەردە كىشىلەر ئىچرە ئىززەتلىك ئىدىم،
خاھىشىمنى ھەر زامان قىلار ئىدى تولۇق ئادا.

ئەمدى كورگىن پىكرى-زىكرىم ھەممىسى ئوغلۇمدادۇر،
دەر ئىدىم:
— كوزۇم يۇمۇلماستا بولسا ئوغلۇم پادىشا.
ئۇ، ئېتىپ دۈشمەنگە ئوق، نەيزە قىلىچ، قالقان بىلەن،
ئېلىپ قىساس دۈشمەنلىدىن سالسا بېشىغا زور بالا.

مەن مانا ئىش بىلەن سوزگە يارامسىز ياتىمەن،
ماڭا قايتا جان ئاتا قىلمىسا مەيلى خۇدا.
رازىمەن ئىككى جاھاندا بەرسە ئوغلۇم بەختىنى،
ھەم مەدەت قىلىپ غازاتتا دۈشمىنىمدىن ئاسرىسا.

شېبىرىنى ئوقۇپ بولۇپ، بېشىنى ياستۇققا قويۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. چۈشىدە بىر ئاقساقال نۇرانە ئادەم ئۇنىڭغا: ”خوش بول! ئوغلۇڭ شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىدۇ. ئادەملەر ئۇنىڭغا بوي سۇنۇپ، مېھرىۋانلىق قىلىدۇ“ دەپتۇ. ئۇ، سۆيۈنۈپ ئويغۇنۇپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن، زۇنۇنلاماكان جان ئۈزۈپتۇ. باغداد ئاھالىسىنىڭ بېشىغا چوڭ مۇسىبەت چۈشۈپتۇ. ھەممە كىشى ئۇنىڭغا ماتەم تۇتۇپ قايغۇرۇپ يىغلاپتۇ. ئاردىن بىر قانچە ۋاقىت ئۆتكەندە، بۇ قايغۇ-

ئەلەملەر ئاستا ـ ئاستا كىشىلەر كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلۈپتۇ. گويا بۇ يەردە ھېچقانداق چوڭ مۇسىبەت بولمىغاندەك بولۇپ، خەلق ئۇنىمۇ ئۇنتۇلۇپتۇ. كانى ماكانىنىڭ ئەھۋالى ئۆزگۈرۈپتۇ. ھاجىپمۇ ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىشتىن قولىنى يىغىپ، كىشىلەرنى كۈشكۈر-تۈپ، ئانا ـ بالا ئىككىسىنى چەتتىكى بىر ئۆيگە كۆچۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇ ئەھۋالغا كانى ماكانىنىڭ ئانىسى چىدىيالماي، بەك قايغۇرۇپتۇ: "مەن ھاجىپنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىشنى سۈرۈشتۈرىمەن" ــ دەپتۇ ئۇ ئۆزىگە ئۆزى؛ ئورنىدىن تۇرۇپ، شاھلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋات-قان ھاجىپنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ھاجىپ ئۆز ئۆيىدە ئىكەن. ئۇ نۇزھەتۇززامانىنىڭ يېنىغا كىرىپ: "ئۆلگەنىنىڭ دوستى يوق ئىكەن. دۇنيا تۇگىگىچە ئۆمۈر كۆرۈڭ. مەڭگۇ ئېيىپسىز دەۋرى سۈرۈڭ. بۇيرۇغىڭىز خەلققە دايىم يۈرۈپ تۇرسۇن. بىزنىڭ ئىززەت ۋە ھۆرمىتىمىزنى، بايلىق ۋە تۇرمۇشىمىزنى ئەلۋەتتە ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنسىز. لېكىن، بۈگۈن بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئۆزگەرگەن. زامان بىزگە دۈشمەنلىك كۆزى بىلەن قاراشقا باشلىدى. مەن سىنىڭ ئالدىڭغا چوڭ ئۈمىتلەر بىلەن كەلدىم. ئەركىشى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خوتۇنلىرى، قىزلىرى خورلى-نىدىكەن. سەن ئۇكاڭنىڭ سوزىنى ئۆز قۇلىغىڭ بىلەن ئاڭلىغان ئىدىڭ" ــ دەپ، يىغلاپ تۇرۇپ، شۇ شېىرنى ئوقۇپتۇ:

ئەي پەلەك بىرنى قىلىپسەن پادىشا،
مىڭنى قان يىغلىتارسەن غەم ئارا.

تېگى پەسكە يار بولۇپ قىلدىڭ ئۇلۇق،
ياخشىلارنى ئەيلىدىڭ نادىن قۇرۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يامانلارغا ياخشىلىق ياراشمىغاي،
كىم ئاڭا بەرسە مەددەت زار قاخشىغاي.

• • •

ئەجەپ ۋەقەلەر كورسۇتتۇش ئۆچۈن،
ئۆلۈم دالالىتى بارچىغا يېتەر.
كەتكەن ئۆمرىمىز ھىچ يېنىپ كەلمەس،
دولەتمۇ بىللە كەتكەندەك بەدەر.

بۇ دۇنيا بىكەتتۇر يولۇچى ئۆچۈن،
بەخت بۇلغىلى سېلىنغان زەھەر.
دۇنياغا نامدار ئۇلۇغ زاتلارنى،
دۇنيادىن ئۈزۈتتۈش شۇنچىلىك خەتەر.

نۇزھەتۇززامان بۇ سوز ۋە شېرلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇكىسى زۇئۇلماكاننى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى كانى ماكاننى قايغۇ بىلەن ئەسلەپتۇ. ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: ”ھازىر مەن توق، سەن پېقىرسەن. كوڭلۇڭ بۇزۇلۇپ، دىلىڭ ئۈزۈلۈپ، يۈكۈڭ ئېغىرلاشتى. بىز زىيان تارتىشتىن قورقۇپ، بۈگۈنگىچە سېنى يوقلىماي قويدۇق. بىزگە بۇ دولەت ئىنىمنىڭ غەمخورلۇغى بىلەن كەلگەن. بىز بۈگۈنكى كۈنگە ئېرىشىنىڭ خاسىيىتىدىن يېتىشكەن. سىلەرنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىڭلارنى بىلمىسەك، تۇزىنى يەپ تۇزلىغىنى چاققان بولىمىز. ئويىمىزنىڭ تورى، قولىمىزدىكى بار-يوقىمىزنىڭ ھەممىسى سېنىڭكى. قايغۇرما!“ — دەپتۇ. ئۇنىڭغا قىممەتلىك كىيىملەر كەيگۈزۈپتۇ، مەخسۇس ساراي بەلگۈلەپتۇ. ئۇكىسىنىڭ ئوغلى كانى ماكانغىمۇ شاھا نە تون تەقدىم قىپتۇ. ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە مەخسۇس كېنىزەكلەر تەيىنلەپتۇ. كانى ماكان يىغىۋاشتىن ئانىسى

بىلەن بىللە تېچ، توق ۋە پاراۋان كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئارىدىن بىر قانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، نۇزھەتۇززامان ئېرىگە يىغلاپ تۇرۇپ، ئۇكىسى زۇئۇلماكاننىڭ خوتۇنى ۋە بالىسى كانى ماكاننىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىرچىلىقلارنى ئېيتىپتۇ. "ئەگەر سەندىن كېيىن، بىزنىڭمۇ ئەھۋالىمىزنىڭ قانداق بولۇشىنى بىلىشنى خالىساڭ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كور! ۋە ئۇنىڭدىن ساۋاق بىلەن ئىبرەت ئال!" — دەپتۇ ئۇ ئېرىگە. ھاجىپ نۇزھەتۇززامانغا قاراپ: "ئانداق بولسا، ئۇنىڭغا ھورمەت قىل! كوڭلىنى ئېلىپ تېچلاندۇرغىن" — دەپتۇ خوتۇنىغا.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



بىريۈز ئوتتۇز يەتتىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

نۇزھەتۇززامان ئېرىگە ئۇكىسى زۇئۇلماكاننىڭ خوتۇنىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتقىنىدا، ئۇ: "ئۇنداق بولسا، ئۇنى ئىززەت قىل! پۈتۈن كېرەكلىك نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەپ، كوڭلىنى ئال! ئۆزىنى تېچلاندۇرغىن" — دەپتۇ خوتۇنى نۇزھەتۇززامانغا. كانى ماكان بىلەن ئۇنىڭ تاغىسى شەررىكاننىڭ قىزىمۇ چوڭ بولۇشۇپتۇ. يېشى ئون بەشكە كېلىپ، ئىككىسى ئىككى مۆلىك شاختەك كېلىشكەن، چىرايى ئىككى تولۇن ئايدەك تولۇپتۇ. قۇززى پاكان ئۇزىنىڭ كېلىشكەن قامىتى، كىشىنى ھەيران قىلغىدەك قاش-كوزى،

www.uyghurkitap.com

ھەر كىمنى بىر قاراشتا بىقىندۇرۇپ ئۇزىگە تارتقۇچى ھەركىتى بىلەن، زامانىسىنىڭ كوزىگە كورۇنگەن، كام تېپىلىدىغان قىزلىرىدىن بولۇپ قاپتۇ. شائىرنىڭ كوكرەكلىرى كېلىشكەن قىزلارنى ماختاپ يازغان توۋەندىكى ئىككى پارچە شېئىرى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئوبدان باپ كېلىدىكەن:

ئۇنىڭ لەئەل لېۋى ئاجايىپ شاراپ،
ئۇزۇم شىرنىسىدىن بىرىدۇ دېرەك.
كوكرىكى ئالمىدەك تۇرار پاقىراپ،
تەرىپىگە ئاجىز كىلۇر ھەر قانداق زېرەك.

* * *

بىر كورۇشتە ئالدى ئەقلىمنى مىنىڭ
ئول پەرىنىڭ كوكرىكى ۋە يۇزلىرى.
كېچىسى يىغلاتتى مىنى زارلىتىپ،
كۇندۇزى جېنىمنى ئالدى كوزلىرى.

خۇدا ئۇنىڭغا پۇتۇن قىزلاردا بولىدىغان زىننەت ۋە چىرايلىق- گۇزەل ھوسۇننى ئايىماي بەرگەن ئىكەن. قامىتى نازۇك سەرۋى شاخلىرىنى ئۇيالدۇرسا، گۇل ئۇنىڭ يۇزى ئالدىدا خىجالەتتىن باش كوتىرەلمەيدىكەن. ئىغىز ۋە لېۋىنىڭ لەززىتى ئالدىدا شاراپ شەرمەندە بولىدىكەن. گۇزەللەر ئۇنى كورسە، رەشكى قوزغۇلۇپ، ئوزلىرىنى يوشۇرىدىكەن. قۇززى پاكانىنى كورگەن كىشىنىڭ قەلبى يايراپ كېتىدىكەن. بۇ ھەقتە شائىر شۇنداق دىگەن ئىكەن:

ئۇنىڭ خۇلقى — ئېتىۋارى ياخشى،
سۇرمىسىز كوزى خۇمارى ياخشى.

ئاشىقنىڭ يۈرىكىنى پارە قىلغان،
كوز قارىشى تىغ زۇلپىقارى ياخشى.

كانى ماكانمۇ ھوسنى ـ جامالدا نادىر ئىكەن. گەۋدىسى تولۇق. كوزلىرى ئوتكۇر ئىكەن. ھوسنى ـ جامالدا تەڭداشلىرىدىن يۇقۇرى بولغىنى ئۈچۈن، ھەر قانداق تاش يۈرەكلەرمۇ ئۇنى كورگەندە دىللىرى ئېرىپ، ئىختىيارسىز تىكىلىپ قاراپ قالىدىكەن. ساقال ـ بۇرۇتلىرى يېڭىدىن خەت تارتىپ، ئۇنىڭ ھوسنىگە قويۇپ قويغاندەك ياراشقان ئىكەن، بۇنىڭ تەرىپى توغرىسىدا كوپلىگەن شېئىرلار يېزىلغان ئىكەن:

ساقال ـ بۇرۇتى خەت تارتقان،
ھوسنىگە ـ ھوسن قوشقان.
بىر كورگەنلەر يەنە بىر ـ
كورۇش ئۈچۈن قاراشقان.

• • •

ئۇ تېخى ياش، بۇرۇتى ئەمدىگىنە خەت تارتقان،
ساقاللىرى ھوسنىگە ياراشقان ـ قوشقان جامال.
ھوسنىگە نەزەر سالساڭ، تىرىك قويماس سېنى ئۇ،
كوز قارىشى جاننى ئالۇر، كىرپىكى ئوقيا مىسال.

بۇ ھەقتە باشقا بىر شائىر مۇنداق دەپ يازغان ئىكەن:

مەشۇق نەزىرى ئۇنىڭ يۈزىگە،
چۈمۈلە ئىزىدەك قارا ئىز سالغان.
لاۋىلداپ قىزارغان گۈلدەك زاڭاقلار،
قانداق قۇل بولمىسۇن ئۇنى كورگەنجان.

www.uyghurkitap.com

ھېيت كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، قۇززى پاكان كېنىزەكلىرىنىڭ ئارىسىدا خۇددى يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى ئايدەك جىلۋىلىنىپ، باغدادنىڭ ھېيتكاسىغا بېرىپتۇ. ئۇ يەردىن يېنىپ، بەزىبىر يېقىن-لىرىنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپتۇ. ساراي ئاياللىرى ۋە ئۇنىڭ كېنىزەك-لىرىمۇ ئۇنى ئوراپ، ئوتتۇرىغا ئېلىپ ھېيتلىشىپتۇ. ئۇنىڭ ھۆسنى-جامالى نۇر چېچىپ، گۈل يۈزىگە قونغان نوقۇتتەك خېلىدىن گۈزەللەر رەشك ئەيلىشىپ قالىدىغان، ئاق گۈل غۇنچە-لىرى ئاغزىغا ھەيران قالىدىغان دەرىجىدە كوركەم بوپتۇ. كانى ماكان ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپتۇ. ئاخىر، ئۆزىنى تۇختىتىپ، يۈرىكىنى بېسىپ، دادىل تۇرۇپ، شۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

سۆيگۈ قىلغايمۇ تەبەسسۇم، ھىجران تۈنىنى تۈگۈتۈپ،
ئايرىلىشتىن پارچىلانغان دىل قاچان تاپقاي شىپا.
بىلمىدىم ماڭا نېسىپ قىلغايمۇ يارنىڭ ۋەسلىنى،
بولسا بىللە بىركېچە، تاپار ئىدىم دەرتكە داۋا.

* * *

ساڭا بەردىم مەن دىلىمنى،
سەن ماڭا سالغىن نەزەر.
ئاشىقىڭغا رەھىم قىلغىن،
شۇنچە قىلغانىڭ يېتەر.

ئاتا-بوۋام ساڭا ئايان،
قۇل ئەمەستىم مەن بۇرۇن.
مەن بولاي سېنىڭ قۇلۇڭ،
سەن ماڭا ئاچقىن قويۇن.

قۇززى پاكان بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئاچچىغلىنىپتۇ: "سەن بۇ شېئىرلارنى ماڭا قارىتىپ ئوقۇدۇڭ. بۇنىڭ بىلەن مېنى كىشىلەر ئارىسىدا شەرمەندە قىلماقچىمۇ؟ ئەگەر يەنە شۇنداق سوزلەرنى تەپ تارتماي قىلىدىغان بولساڭ، ئەزىبرايى خۇدا، باغداد ۋە خوراسان شاھى بولغان ھاجىپقا ساڭا جازا بېرىش توغرىسىدا شىكايەت قىلىمەن" ــ دەپ تەنە قىپتۇ. كانى ماكان غەزەپلىنىپ، ئۇز سارىيىغا قايتىپتۇ. قۇززى پاكانمۇ ئۇز قەسرىگە قايتىپ كىرىپ، تاغىسىنىڭ ئوغلى كانى‌ماكانىنىڭ ئەدەپسىزلىكى ھەققىدە ئانىسى نۇزھەتۇززامانغا شىكايەت قىپتۇ. "ئەي قىزىم، ــ دەپتۇ ئانىسى، ــ ساڭا ئۇ يامانلىق قىلىشنى ئويلىمىغاندۇر. ئۇمۇ يىتىم، كوڭلى سۇنۇق. بۇ سوزنى سەن ھېچكىمگە ئاغزىڭدىن چىقارما! مۇبادا بۇ سوز شاھنىڭ قۇلىغىغا يەتكۇدەك بولسا، شاھ ئۇنى قاتتىق رەنجىتىدۇ. شاھ ئۇنىڭ ئومرى گۇلىنى قىرقىدۇ. چۇنكى، سېنىڭ ئوگەي ئاتاڭ بولغان بۇ شاھ تەخت ئىگىسى بولغان كانى ماكاننى كوزىدىن يوقۇتۇشنىڭ باناسىنى تاپالماي يۇرىدۇ." باغدادتا كانى ماكان بىلەن قۇززى پاكانلارنىڭ بىر ــ بىرىنى ياخشى كورىدىغانلىغى ھەققىدە تېز ئارىدا كەڭرى سوز ــ چوچەك تارقىلىپتۇ. بۇ گەپلەر سوز توشىغۇچى ئاياللار ئارىسىدا ئېغىزدىن ــ ئېغىزغا ئوتۇپ، تارقىلىپ كېتىپتۇ. كانى ماكانىنىڭ دىلى ئاغرىپتۇ. سەۋرى توگەپتۇ. ئۇنىڭ پىكرى ــ خىيالى قۇززى پاكاندا بولۇپ قاپتۇ. خەلقتىن سىرىنى يوشۇرالماپتۇ. پىراق ئەلەملىرىنى ئازلىتىشنى ئىزلەپ، قۇززى پاكانغا ئېغىز ئېچىشنى، ئۇزىنىڭ ئىشقى ــ مۇھەببىتىنى بىلدۇرۇشنى ئويلاپتۇ. لېكىن كوڭلى رەنجىشتىن تەپ تارتىپ، شېئىر ئوقۇپتۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇياتتىن زەردىسى قايناتقان سەنەم،
پاك قەلبى، غەزىۋى قورقاتتى مېنى.
دەرتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پىچاق زەربىگە،
چىدىغان ئاغرىقتەك تىرلغاتتى مېنى.

• • •

ئەي سەنەم بولدۇم جامالىڭغا ئەسىر،
سەن ئېنىسەن، مەن ئىرۇرمەن بىر پېقىر.
سەن غېنى، ئەمما ساخاۋەت سەندە يوق.
مەن پېقىر مەن، سەۋرى ـ قانائەت مەندە يوق.
غەملىرىم كوپتۇر، ساڭا دېمەس تىلىم.
دەرت ـ ئەلەمگە تولدى كوكسۇم ھەم دىلىم.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.


بىر يۈز ئوتتۇز

ـــ ئەي بەختلىك شاھ، ـــ دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

ھاجىپ شاھ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى باغداد خەلقى "ساسان شاھ" دەپ ئاتاپتۇ. ساسان شاھ كانىماكاننىڭ قۇززى پاكانغا ئاشىقلىغىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇلارنى بىر قەسىردە تۇرغۇزغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، خوتۇنى سەككىزىنچى كېچە نۇزھەتۇززاماننىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. "ئوت بىلەن پاخالنىڭ بىر يەردە بولۇشى ناھايىتى خەۋپلىك. ئەرلەر خوتۇنلىرىغا ئىشىنىۋەرمەسلىكلىرى كېرەك. كانى ماكان بالاغەتكە

يېتىپ ئاشتى. ئۇنى ئەمدى بالا دەپ قاراش كۈلكۈلۈك. ئۇنى بۇ يەردىكى ئاياللار قېشىغا كىرىشتىن، قىزىڭنى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشتىن، ئەرلەر ئارىسىدا يۈرۈشتىن قايتۇرۇشۇڭ كېرەك. چۈنكى، قىزىڭغا ئوخشاش بويىغا يەتكەن كىشى پەردە ئىچىدە بولۇشى لازىم"— دەپتۇ ئۇ. "خوپ، ئەي ئېقىللىق شاھ" دەپتۇ نۇزھەتۇززامان. تاڭ ئاتقاندا، ئادىتى بويىچە، كانى ماكان ھاممىسى نۇزھەتۇززاماننىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ. نۇزھەتۇززامان سالامنى ئىلىك ئېلىپ، جاۋاپ قايتۇرۇپ بولۇپ، "ساڭا ئېيتىدىغان بىر سوزۇم بار"— دەپتۇ. "قانداق سوز؟"— دەپ سوراپتۇ كانى ماكان. "قۇززى پاكاننى ياخشى كورۇپ قالغىنىڭنى شاھ ئاڭلاپتۇ. شاھ ئۇنى سەندىن ئايرىشنى بۇيرۇدى. بۇندىن كېيىن قۇززى پاكانغا ئىش ۋە سوزۇڭ بولسا، ئۇنى مەن ئارقىلىق ئېيت! ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن كورۇشمەن دەپ ئاۋارە بولما!" دەپتۇ نۇزھەتۇززامان. بۇ سوزنى ئاڭلاپ، كانى ماكان ھاممىسىغا قارشى بىرەر سوز ئېيتالماپتۇ. ئانىسى ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ھاممىسىدىن ئاڭلىغان گەپلەرنى سوزلەپ بېرىپتۇ. "بۇ گەپلەرنىڭ چىقىشىغا ئوزەڭ سەۋەپچى بولدۇڭ. سېنىڭ قۇززى پاكاننى ياخشى كورۇشۇڭنى ھەممە كىشى بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بەرگەن ئاش-نېنىنى يەپ، قىزىغا ئاشىق بولساڭ، بۇ ئىش ئۇلار ئۇچۇن ئەلۋەتتە ئېغىر كېلىدۇ"— دەپتۇ كانى ماكاننىڭ ئانىسى. "ئۇنى مەندىن باشقا كىم ئالالايتتى؟ ئۇ مېنىڭ تاغامنىڭ قىزى ئەمەسمۇ؟ باشقىلار-دىن كورە، ئۇنىڭغا مەن، ماڭا ئۇ مۇناسىپ ۋە لايىق"— دەپتۇ كانى ماكان. "تىلىڭنى يىغ. سېنىڭ بۇ سوزۇڭ شاھ ساسانىنىڭ قۇلىغىغا يەتكۈدەك بولسا، ئۇ ۋاقىتتا سەن قۇززى پاكاندىن

پۈتۈنلەي قۇرۇق قالىسەن. دەرت ئۈستىگە كۆلپەت يۈكلەپ، ئۆزەڭنى يوقىتىسەن. بۈگۈن بىزگە كەچلىك تاماقنى ئەۋەتمىدى. ئەگەر بۇ يەردىن قوغلاپ چىقارسا، ئۇ چاغدا بىز ئېغىر كۈنگە قالىمىز. ھەتتا ئاچ ۋە يالىڭاچ قېلىپ، نام ۋە نىشانسىز ئۆلۈپ كېتىشىمىزمۇ مۇمكىن“ — دەپتۇ غەزەپ بىلەن كانى ماكاننىڭ ئانىسى. ئانىسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، كانى ماكاننىڭ دەرت-ئەلەمى كۆچىيىپتۇ. كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپ، مۇنۇ شېئىرلارنى ئوقۇپتۇ:

ئەسسەھەتچى ماڭا ئۆزەڭ كۆپ سۆزلىمە،
ھەم ئۆزەڭگە رەنجى كۆلپەت ئىزلىمە.
ئاشىقلاردا ئەقىل بىلەن ھوش بولامدۇ؟
ئەسسەھەتنى ئۇلار سەندەك خوش كۆرەمدۇ؟
ئاشىقلارنىڭ قۇلىقىغا كىرمەس سۆزۈڭ،
ئىشقى ئوتىن ئۆچۈرەلمەس، ئوتمەس سۆزۈڭ.

* * *

ماڭا كۆپ تەنە-مالامەت قىلمىغىن،
ئاللاقاچان دىلىم بولغان مۇپتىلا.
مەندىن يەنە سەۋرى-تاقەت كۈتمىگىن،
دىلىم بولغان سەۋرى-تاقەتتىن جۇدا.

تەنىلەرگە مەن قىلماستىن ئېتىۋار،
پەقەت ئۇنىڭ ۋەسلىنى قىلدىم مۇددىئا.
زورلۇق بىلەن ئۇنى مەندىن ئايرىدى،
پاسىق ئەمەس، ئىشقىمغا تەگرىم گۇۋا.

سۆگەكلىرىم ئىشتىسە ئۇنىڭ نامىنى،
قۇشتەك ئۇچۇپ ئورلىگەي قىلىپ ساما.

تەنە قىلغۇچىلارغا ئېيتقىن تاغام،
قىزىڭغا ئاشىقمەن تەگرىم گۇۋا.

شېھىرنى ئوقۇپ تۈگۈتۈپ، ئانىسىغا: "ئانا، ھامماچام ۋە ساراي ئاھالىسى ئارىسىدا ماڭا جان ساقلىغىدەك جاي قالمىدى. سارايدىن چىقىپ، شەھەر ئەتراپلىرىدا ياشايمەن" — دەپتۇ كانى ماكان. شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇ، سارايدىن چىقىپ، شەھەر ئەتراپىدىن بىر بوش ئۆينى تېپىپ جايلىشىپتۇ. لېكىن، ئانىسى ئوغلىنى "ئەلىمگە چىدىماي شۇنداق دېگەن بىلەن، مېنىڭدىن ئايرىلىپ كەتمەيدۇ. مېنى تاشلاپ يىراققا كەتمەي، قايتىپ كىرىدۇ" — دەپ ئويلاپتۇ. كانى ماكانىنىڭ ئانىسى ھەر كۈنى ئۆزى ۋە كانى ماكان ئۈچۈن ئۈچ ۋاقىت تاماقنى شاھ ساسانىنىڭ ئاشخانىسىدىن ئېلىپ كېلىدىكەن. بىر كۈنى قۇززى پاكان كانىماكانىنىڭ ئانىسى بىلەن ئۇچرۇشۇپ قاپتۇ. "ئەي يەڭگە، ئوغلىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداق؟" — دەپ سوراپتۇ. "ئۇنىڭ كۆزى نەملىك، دىلى غەملىك، مېھرى دەريا، ئۇ، سىنىڭ مۇھەببىتىڭ ئوتىدا كويۇپ ياناماقتا" — دەپتۇ كانى ماكانىنىڭ ئانىسى. قۇززى پاكان يىغلاپتۇ. "مەن ئۇنى ياراتماي، يامان كۆرۈپ ئۇزاقلاشمىدىم، بەلكى دۈشمەنلەردىن ئېھتىيات قىلىپ يىراقلاشتىم. بىزنىڭ ئارىمىزدا بولغان ئىش شۇ ئىدى. بولمىسا، مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم ئۇنىڭكىدىن بىر نەچچە ھەسسە ئارتۇق. ئۇنى مېنىڭ تىلىم ئىپادىلەپ بېرىشتىن ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ دىلى-تىل سىرلىرىنى بۇنچىلىك تېز ئاشكارە قىلمىغان بولسا، ئاتام بىزگە بۇنداق مۇئامىلە قىلمىغان بولاتتى، كورۇشۇشنى چەكلىمەيتتى. كۈنلەر بىر خىل تۇرمايدۇ، ئۆزگۈرىدۇ. ھەربىر ئىشقا سەۋرى قىلىش — ئەڭ ئۇلۇغ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىش. بىزنى بىر-بىرىمىزدىن يىراقلاشتۇرغان تەگىرىنىڭ يەنە يېقىنلاشتۇرۇشىمۇ كۈچى يېتىدۇ، دەپ ئۈمىت قىلىمەن"—دەپ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ تۇرۇپ، شۇ شېئىرلارنى ئوقۇپتۇ:

رەنجىمە دىل غەملەردىن بۇمۇ بىر كۈنى تۈگەر،
ۋەسلى بايرىمى كېلىپ بىزنىمۇ يوقلاپ ئۆتەر.
كىم كۆرۈپتۇ بۇ جاھاندا ۋەسلىنى ھىجرانسىز؟..."
تىكىنى يوق گۈللەرنى باغ ئارا كۆرگەنمۇ سىز؟!...

* * *

ئاھ... تاغامنىڭ ئوغلى خۇددى سېنىڭدەك،
يالقۇنلىغان ئىشقى ئوتى مەندىمۇ بار.
مەن يوشۇردۇم سىر تۇتۇپ ئەلدىن ئۇنى،
سېنىڭ ئىشقىڭ بارچىغا بولدى ئاشكار.

كانى ماكانىنىڭ ئانىسى قۇززى پاكاندىن بۇ سۆز ۋە شېئىرنى ئاڭلاپ، دىلى ئېچىلىپتۇ. ئۇ يەردىن چىقىپ، ئۆيگە كېلىپ قارىسا، ئوغلى كانى ماكان ئانىسىنى سېغىنىپ يوقلاپ كەلگەن ئىكەن. ئۇنى كۆرۈپ، بارلىق ئەلەملىرىنى ئۇنتۇلۇپ، قۇززى پاكاندىن ئاڭلىغان سۆزلەرنى ئوغلى كانى ماكانغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، شۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

مېنى چوچۇتالماس مالامەت سۆزى،
پىنھان سىرلىرىم بولدى بارچىغا ئاشكار.
مەن ئارزۇ قىلغان يۈز مەندىن ئۇزاقتا،
ئۇ چوڭقۇر ئۇيقىدا مەن دائىم بىدار.

ئايلار، كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ. كانى ماكان ئىشقى ئوتىدا كۆيۈۋېرىپتۇ. يېشى ئون يەتتىگە كىرىپ، ھۆسنى گۈزەللىشىۋېرىپتۇ.

بەزى كېچىلەردە ئۇيقىسى قېچىپ: "قاچانغىچە مەقسىدىمگە يېتىشەل-
مەي، پىراق ئوتى يالقۇنىدا كويىمەن. كەمبىغەللىكتىن باشقا
ئېيىۋىم يوق. ئەزىبىرايى خۇدا، بۇ يەردە ماڭا ئىچى كويىدىغان بىر
كىشى يوق ئىكەن. بۇ شەھەردىن يەنە چىقىپ كېتىپ، تاغۇ-
دەشتلەرنى كېزىشىم، بۇ ئەلەمىلەردىن بىر يولىلا قۇتۇلۇشۇم
كېرەك"- دەپتۇ ۋە ئۆز-ئۆزىگە كېيىن شۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

قوي جېنىمغا كوپ ئېچىنما، مەيلى باغرى بولسا قان،
ئۇنىڭغا پەرقسىز، بولسا خار، ھەممىسىدىن ئايرىلغان.
كوز يېشى مەۋزۇ بولۇر، دىل سىرىدىن ئاچسا باپ،
سەن مېنى قىلغىن ئەپۇ، كوڭلۇم بولۇر چوڭ داستان.

چىقش ئۇچۇن قىلسا رۇخسەت بېھىشنىڭ ساقچىسى،
شۇ تاغامنىڭ قىزى جەننەت ھورىدەك كەلگەي شۇ ئان.
كىم ئۇنىڭ شەھلا كوزىگە قورقماستىن سالسا نەزەر،
كوزلىرىنىڭ شەمشىرىدىن تاپمىغاي ھەرگىز ئامان.

قوغلىنىشقا ئۇچرىدىممەن، رەھمى-شەپقەت كورمىدىم،
مەن كېزەرمەن دەشتى-سەھرا رىزقى ئىزلەپ بۇ زامان.
كەڭ ئىدىر، چەكسىز دالا، چوللەر كېزەرمەن، تون ۋە كۈن،
بىر زامان شات بولسا دەپ، رەنجىگەن بۇ خەستە جان.

ئىشقى يولىدا جەڭ قىلىمەن، دۈشمەن بىلەن مەردانىدەك،
تەڭلىشەلمەس ماڭا بۇ جەڭلەردە ھېچبىر پەھلىۋان.
تېزلا قايتۇرمەن سەپەردىن، شات-خورام ۋە باي بولۇپ،
شۇ نىگارىم ئۇچۇن، رەقىپ باغرىغا سالغايمەن پىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كانى ماكان يالاڭ ئاياق، يېڭى كالتە كوڭلەك كىيىپ، كونا سەللىنى ئوراپ، قاتقان ناننى ئېلىپ، ئويىدىن چىقىپ، قاراڭغۇدا يولغا چۈشۈپتۇ. باغداد دەرۋازىسىغا بېرىپ، دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈپتۇ. دەرۋازا ئېچىلىشى بىلەن شەھەردىن بىرىنچى بولۇپ سىرتقا چىققان كىشى كانى ماكان بوپتۇ. ئۇ، سەھرالاردا بېشى قايغان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. قوسىغى ئاچ، ئۇسساپ لەۋلىرى قۇرىغان هالدا كېتىپ بېرىپ، بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

مەن يۈرەرمەن پىراقىڭدا ئەي نىگار دىل خۇن بولۇپ،
دەشتى سەھرانى كېزەرمەن ئاشىقى ـ مەجنۇن بولۇپ.
دەت ـ ئەلەمگە مۇپتىلا قىلدى مېنى ھىجران تىغى،
بۇ سەۋەپتىن ئاقتى يېشىم، ئۇركەشلىدى دولقۇن بولۇپ.

كانى ماكان شېئىرنى تۈگىتىپ، يىغلاپ باياۋانغا قاراپ مېڭىپتۇ. كەچ بولغاندا، ئانىسى ئۇنى ئىستەشكە باشلاپتۇ، ھېچ قەيەردىن تاپالماپتۇ. كەڭ دۇنيا ئۇنىڭغا يىغلىۋاشتىن تار بولۇپ تۇيۇلۇپتۇ. ھېچ نەرسە ئۇنى سۆيۈندۈرەلمەپتۇ. ئىرىقىدە قىلسا، ھولۇقۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ يولىغا تەلپۈنۈپ قاراپتۇ. بىر كۈن ئۆتۈپتۇ، ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ، ئۈچ كۈن... ئون كۈن ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭدىن دېرەك بولماپتۇ. يۈرىكى ئېزىلىپ يىغلاپتۇ. "ئەي يالغۇزۇم، كوزۇمنىڭ قارىچۇغى، سەندىن ئايرىلىپ قىلىپ، غەم ـ ئەلەملىرىم ھەددىدىن ئاشتى. ئايرىلىش دەردى مېنى خاراپ قىلدى. ئەمدى مەن سېنى قايسى تەرەپتىن ئىزلەي ۋە قايسى تەرەپكە قاراپ قىچقىراي. سېنىڭ كېلىشكەن بويۇڭنى قايسى شەھەر ئوز قوينىغا ئالدى؟..." ــ دەپ پەريات قىلىپ، بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

كوزلىرىمگه نۇر بېرەتتى سېنىڭ مۇبارەك يۈزلۈرۈڭ،
مىسكىن ئاناڭغا كورمۇدۇڭ مېھرى - شەپقەتنى راۋا.
ئاجىزۇ - بىچارە ئىدىم، ئەمدى بولدۇم مەن غېرىپ،
كورمۇدۇم مەن بۇ جاھاندا دەۋرى - دەۋراندىن ۋاپا.

• • •

مەن دىگەندىم كەتسىڭىز جان قىينىغى ئارتۇر يانا،
جېنىمىزغا ئايرىلىشنىڭ ياسى ئوق ئاتۇر يانا.
ئۇزلىرى چىلك مىنىشىپ، ئىگەردىن ئىرغىتتى مېنى،
قىينىلىپ ئۇلسۇن دىيىشىپ، قۇم ئۇستىگە تارتۇر يانا.

كەچ قاراڭغۇسى قۇلاققا كىردى كەپتەر نالىسى،
بوينىغا دۇرلەر ئىلىنغان، "جىم..." دەپ ئۇگەتۇر يانا.
ماڭا سالغانىڭغا ئوخشاش سالغىن قاپاغىڭنى جىم،
ئويلىماسەن كىم ئاياق - تىرناقنى بوياتۇر يانا.
سۈيگۈم تاشلاپ كېتىپ، قايغۇ - ئەلەم تارتتىم خېلى،
شۇنچە قايغۇنى ماڭا يۈك قىلىپ ئارتۇر يانا.

ئۇ. يىيىش - ئىچىشنىمۇ تەرك ئېتىپتۇ. يىغىسى، دادى - پەريا-دى ئېشىپتۇ. كوز ياشلىرىنى كورگەن كىشىلەرنىڭ كوڭلى بۇزۇلۇپ، رەھمى كەپتۇ. ئۇنىڭ ئەلەملىرى پۈتۈن ئادەملەرگە ۋە شەھەرلەرگە مەلۇم بوپتۇ. ئادەملەر ئوز ئارا: "نۇرى چەشمەڭ (كوزنۇرۇڭ) قېنى، ئەي غېرىبە؟... ئوز ۋەتىنىدىن ئۇزاقتا كانى ماكانىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟ ئۇنىڭ دادىسى ئاچنى تويغۇزۇپ، يالىڭاچقا كىيىم بەرگەن، ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ، ھەممىگە ياردەم قىلغان ئەمەسمىدى؟" — دىيىشىپتۇ. كانى ماكانىنىڭ يوقالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر شاھ ساسانىڭمۇ قۇلىغىغا

يېتىپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



بىريۈز ئوتتۇز توققۇزىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

ئەمىرلەر ئارقىلىق كانى ماكاننىڭ ۋەقەسى شاھ ساساننىڭ قولىغا يېتىپتۇ. "ئۇ، شاھى مىز زۇئۇلماكاننىڭ ئوغلى، شاھ ئومەر ئىبنى نوئماننىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئۇ، ۋەتىنىنى تاشلاپ، غېرىپ بولۇپ يۈرۈپتۇ دەپ ئاڭلىدۇق،" — دېيىشىپتۇ ئۇلار. ئەمىرلەردىن شاھ ساسانى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، قايغۇرۇپتۇ. زۇئۇلماكاننىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئەسلەپ، ئويلۇپتۇ. ئۇنىڭ بالىسىنى تەربىيە قىلىش توغرىسىدا شاھنىڭ قىلغان تاپشۇرۇقلىرىنى ئېسىگە ئاپتۇ. كانى ماكانغا ئېچىنىپ: "باشقا شەھەرلەرنى ئىستەش كېرەك" — دەپ ئويلاپتۇ ۋە شۇنىڭدىن كېيىنلا ئەمىر تۇركەشنى قىچقىرىپ، كانى ماكاننى ئىزلەش ئۈچۈن، يۈز ئاتلىق باتۇرنى قوشۇپ ماڭدۇرۇپتۇ. ئەمىر تۇركەش ئون كۈن يۈرۈپ، قايتىپ كەپتۇ. "بىرەر يەردىن خەۋىرىنى ئۇقالمىدىم، ئىزىنىمۇ تاپالمىدىم" — دەپتۇ ئەمىر تۇركەش. شاھ ساسانى قاتتىق خاپا بوپتۇ. كانى ماكاننىڭ يوقالغانلىقىغا يىگىرمە كۈن توشۇپتۇ. ئانىسى بەك تاقەتسىزلىنىپ، ئولتۇرۇش، قوپۇشنى بىلمەي قاپتۇ. كانى ماكان باغدادتىن چىققان كۈنى قاياققا مېڭىشىنى ۋە نېمە قىلىشىنى بىلمەي ھەيران

بوپتۇ. ئۇن كۈن سەھرادا كېزىپ يۈرۈپ، بىرەر جاننى ياكى بىرەر ئاتلىقنى ئۇچرىتالماپتۇ. بىرەر پىيادىنىمۇ ئۇچرىماپتۇ. ئۆيىسى قېچىپ، كېچە-كۈندۈز ھەر خىل خىياللاردا يۈرۈپتۇ. كۈن ناھايىتى ئىسسىپ كەتكەن چاغلاردا، بىرەر دەرەخنىڭ ئاستىدا سايىداپتۇ. قېرىنداش-ئۇرۇقلىرىنى ئويلاپتۇ. ئۆي-جايلىرىنى ئەسلەپتۇ. گىميا يەپ، ساي سۇلىرىنى ئىچىپ كۈن كەچۈرۈپتۇ. ئۇ، تىنماي يۈرۈپتۇ. ھارغاندا ئولتۇرۇپ دەم ئاپتۇ. ئۇ بىر يولدىن ئۆتۈپ، ئىككىنچى يولغا چىقىپتۇ. ئۇ يولدا ئۈچ كۈن يۈرۈپ، تۆتىنچى كۈنى يۇمران چوپلەر كورپە بولۇپ، يېيىلىپ ياتقان بىر كەڭرى يايلاققا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ يەردە توپىدىن شاقىراپ چۈشۈۋاتقان بىر شاقىراتما بار ئىكەن. شاقىراتمىنىڭ قىرغاقلىرىمۇ تۈز جاي بولۇپ، كوپكوك مايسىدەك ئوتلار ئۆسۈپ، چىرايلىق تۈسكە كىرگەن ئىكەن. كانى ماكان ئاتىسىنىڭ شەھرى باغدادنى ۋە ئانىسىنى ئەسلەپ، سېغىنىپ بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

نەگە كەتتى ئۇ كۈنۈم؟ ئۇ چاغدا مەن خۇرسەن ئىدىم،
نەدە قالدى غېرىپ ئانام؟ مەن ئەزىز پەرزەند ئىدىم.
قېنى شەھرىم؟ قېنى جايىم؟ قېنى ئۇرۇق-تۇققۇنۇم؟
قېنى يارىم؟ مەن ئۇنىڭ ئىشقىغا دىلبەر ئىدىم.

* * *

"قايتىمەن" دەپ مەن ئۆيۈمدىن چىققان ئىدىم يارلار،
قايسى كۈن قايتىشقا پۇرسەت كىلۇر ئەي دىلدارلار.
دىلغا جايلاپ سۆيگىنى كەتتىم ئۆيۈمدىن مەن يىراق،
ئۆتكەن ئىشنى قايتۇرۇپ بولماس قىلىپ مىڭ زارىلار.

ئۇ، شېئىرنى توگۈتۈپ، ئوت-چوپلەردىن يەپتۇ. تاھارەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېلىپ، ناماز ئوقۇپتۇ. كۈن بويى شۇ يەردە دەم ئېلىپ يېتىپتۇ. كەچ بولغاندا، ئۇخلاشقا يېتىپتۇ. يېرىم كېچىدە بىر ئادەمنىڭ تاۋۇشىنى ئاڭلاپ، ئويغىنىپتۇ. ئاڭلىسا، ئۇ كىشى بۇ شېئىرلارنى ئوقۇپتۇ:

باھار كۈنلىرىدە ھەركىم يۈرەر ئۆز دىلبىرى بىلەن،
گۈلۈستاننى كېزەر ھەر كىم ئۆز لېۋى شېكىرى بىلەن.
يارسىز قالدىم يىراقتا، تۈرلۈك ئەلەم ـ كۈلپەتتىمەن.
تەلىيىمۇ بۇ سەۋەپتىن بولدى خۇن ـ جىگىرى بىلەن.

* * *

نىگارىڭ يۈزىنى كورمەك،
ئۇنىڭ ئىشقى بىلەن كويمەك.
كۆلۈپ تۇرسا ئەسىر بولماق،
ھاياتنىڭ ئەسلى مەناسى.

ئۇ، سۇرەتكە چوقۇندىلەر،
يىتەلمەستىن ئوكۇندىلەر،
تىز چوكۈپ ئوتۇندىلەر،
بەرەھمەنلەر تاۋاناسى.

سۆيگىنىدىن جۇدا بولماق،
ئايرىلىپ ئادا بولماق،
بۇلاردىن ياخشىدۇر ئولمەك،
بولمىسا يار پەرۋاسى.

زاماندىن كەتسە بىداتلىق،
نېسىپ قىلسا ئەگەر شاتلىق،

قولۇمغا كەلسە ئازاتلىق،
كېلۇر ئاشىقنىڭ شەيداسى.

گۈل ئېچىلسا باھار چاغى،
خۇشبۇي بولسا ھەر ياغى،
كۆلۈپ ـ ياشنار ئۈمىت باغى،
ئاشار دىلنىڭ تەمەنناسى.

تۇر، ئورنۇڭدىن ئەي مەيخور،
سائادەت يارلىرىنى كور،
ئۇزۇم قېنىدىن كەيىپ سۇر،
تۇگەر كوڭۇلنىڭ غەۋغاسى.

بۇ شېئىرلارنى ئاڭلاپ، كانىماكاننىڭ قايغۇسى ئېشىپتۇ، يىغانى تېشىپتۇ، كوز ياشلىرى دەريادەك ئېقىپتۇ. كوڭلىگە ئوت تۇتاشقاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ، شېئىر ئوقۇغان كىشىنى ئىزلەپ مېڭىپتۇ. قاراڭغۇدا ھېچكىمنى كورەلمەي، ھەيران بوپتۇ. سەھرانىڭ توۋەن تەرىپىدىكى دېڭىز قىرغىقىغا يەتكەندە، شۇ ئاۋاز ئىگىسى يەنە "ئاھ!..." ئۇرۇپ، بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

قۇل بولايمەن چاچلىرى ئەترە بويلۇق يارغا،
جانىنى پىدا قىلسام ياراشقاي نازىنىن دىلدارغا.
بىلمىدىم بۇ ئايرىلىشنىڭ ئاخىرى بار قانچە كۈن؟
مەن قاچان يېتىشەرمەن كوزلىرى خۇمارغا.

* * *

ئەگەر سەنمۇ قىينىلىپ سۆيگۈ سىرىنى يوشۇرساڭ،
كوزۇڭدىن توكۇلسە ياش، شۇنىڭدىن ئاشكارە بولغاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مېنىڭ بىلەن سۆيۈملۈكۈم ئارىسىدا ئەھدى ـ پەيمان بار،
شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆڭلۈم ئاڭا ھەمىشە ئىنتىزار بولغاي.

دىلىمدا ئارمىنىم بار، ئۇلۇغ توپان ۋە يا گۈلخان
ئەگەر بىر ئۇچقۇنى چۈشسە، كۆيۈپ جان بىقارار بولغاي.
ئۆزۈكلۈك يىلى ئۈز ئەھدىنى ھېلىمۇ ئويلىسا كاشكى،
ئۇنىڭ ئەھدى ــ مېنىڭ بەختىم، ئۇ چاغدا پايە ـ دار بولغاي.

ئۇزاپ كەتكەن يېقىن كۈنلەر يەنە قايتىپ كېلەمدىكىن؟
شۇ چاغدا بىزگە سوھبەت كۈن ۋە تۈنلەپ ئىختىيار بولغاي.
دېدى:
ــ ئىشقىم بىلەن ياندىڭ، مېنىڭ ئىشقىم گادايسەن!
دېدىم:
ــ ئىشقىڭدا قانچە دىل كۆيۈپ، پەرۋانەۋار بولغاي.

خۇدا كۆرسەتمىسۇن ھېچقايسى كوزگە ئۇنىڭ ھۆسنىنى،
ئۇنىڭ ۋەسلىگە يەتكەندە قاراڭغۇ روزىگار بولغاي.
شېرىن جاندا ئىلان زەھرى بىلەن تولغانا ھەر كىشى،
ئەزىز جانىڭغا مەلھەم دىلبىرىڭ لەيلىسى بار بولغاي.

كانى ماكان بۇ شېئىرنى ئوقۇغان كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، "ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئاشىق بولسا كېرەك" ــ دەپ ئويلاپتۇ. ئۇنىڭ يۈزىنى كورەلمەي قايتسا، ئەلەم بولىدىغانلىغىنى ئەسلەپتۇ. "ئۇنى تاپسام، دەردى ـ غېمىمىزنى بىر ـ بىرىمىزگە ئېيتىشىپ، ھەسرەتلەشسەك؛ ئادەم ئايىغى تەگمىگەن بۇ يەرلەردە بىر ـ بىرىمىزگە ياردەملىشىپ يۈرسەك" ــ دەپتۇ ئۇ ئۆزىگە ئۆزى. قاتتىق يوتۇلۇپ قويۇپ: "ئەي قاراڭغۇ كېچىلەردە دەھشەت پەيدا قىل-

غۇچى كىشى، ماڭا يېقىن كەل! قايغۇلىرىڭنى سوزلە، كوڭلۇڭنى بوشات! چۈنكى، ساڭا ياردىمىم تېگىپ قالار"— دەپتۇ ۋاقىراپ. "ئەي شېھرىمنى ئاڭلاپ قىچقىرغان كىشى، ساڭا بىرەر زىيان يەت. مەستىن بۇرۇن ئۆزەڭنى ئاشكارە قىل! باتۇرلاردىنمۇ سەن؟ ئادەممۇ سەن؟ جىنمۇ سەن؟ نىمە سەن؟ مەن بۇ چولدە يىگىرمە كۈندىن ئارتۇق كېزىپ يۈرۈپ، ھېچكىمنى ئۇچراتمىغان ۋە بىرەر ئاۋازنىمۇ ئاڭلىمىغان ئىدىم"— دەپتۇ ئۇ كانى ماكانىنىڭ قىچقىرغىنى ئاڭلاپ. كانى ماكان بۇ سوزنى ئاڭلاپ ھەيران بوپتۇ. "بۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى مېنىڭكىگە ئوخشايدۇ. مەنمۇ بۇ يەرلەردە يىگىرمە كۈندىن بېرى كېزىپ يۈرىمەن. شۇنچە يۈرۈپ، بىرەر كىشىنىمۇ كورگىنۇم يوق! بىرەر ئاۋازنىمۇ ئاڭلىمىغان ئىدىم"— دەپتۇ ئۆزىچە. "جىنلاردىن بولساڭ، تېزچىنا ئۆز يولۇڭغا كەت! ئادەم بالىسى بولساڭ، تۈن كېتىپ تاڭ ئاتقىچە سەۋرى قىل!"— دەپتۇ تونۇش ئەمەس كىشى. كانى ماكان تاڭ ئاتقاندا قارىسا، ئۇ بىر بەدىۋى ئىكەن. ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ سالام بېرىپتۇ. ئۇ ئىلىك ئېلىپ، جاۋاپ بېرىپتۇ. لېكىن، كانى ماكانىنىڭ ياشلىغىغا، كىيىم-كېچەك-لىرىنىڭ يىرتىقلىغىغا قاراپ، ئۇنى كوزىگە ئىلماپتۇ. "ئەي يىگىت، ئەرەپنىڭ قايسى قەبىلىسىدىنسەن؟ بۇ قاراڭغۇ كېچىلەردە بۇ يەردە چوگىلەپ يۈرۈشۈڭنىڭ سەۋەۋى نىمە؟ نىمە ئىزلەپ يۈرىسەن؟ ياكى سەنمۇ باتۇرلاردىنمۇ؟ چۈنكى، قورقۇمسىز باتۇرلار كېچىلىرى قورقماستىن چولنى كېزىدۇ، چولدە يۈرىدۇ. كېچىسى ماڭا پەقەت دىۋە يۈرەك باتۇرلار، ئالى نەسەپ قەھرىمانلارلا سوزلىرىنى ئېيتىشقا پېتىنالايدۇ. سەنمۇ شۇنداق سوزنى ماڭا سوزلىدىڭ. ئەمدى جېنىڭ مېنىڭ قولۇمدا. لېكىن، ياشلىغىڭغا رەھىم قىلىپ،

ئۇزەمگە قوشۇۋالاي، خىزمىتىمنى قىل!"—دەپتۇ بەدنۋى. خېلى دۇرۇس شېىر ئوقۇغان كىشىنىڭ بۇ قوپال سوزىدىن كانى ماكان ھەيران قاپتۇ، ئۇنىڭ تېىرە تاراقلاتقىنىغا ھاڭ-تاڭ بوپتۇ. ئۇنىڭمۇ ئاچچىقى كېلىپ: "ئەي ئەرەپلەرنىڭ ئۇلۇغى—دەپتۇ مەغرۇر ھالدا،—مېنىڭ ياشلىقىمنى سوزلىمەي قوي! خىزمىتىمنى قىلىسەن!—دېگەن پالۋانلارچە سوزنى تاشلا! سەن ئۇزەڭنىڭ كېچىسى بۇ يەرلەردە شېىر ئوقۇپ يۇرۇشۇڭنىڭ سەۋىۋىنى سوزلە؟" "ئەي قۇل، مەن شام ئەرەپلىرى قەبىلىسىدىنمەن. رۇماھ ئىبنى ھۇمامنىڭ ئوغلى ساباھىدۇرمەن. تاغامنىڭ نەجمە ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىدى. ئۇ، كورگەنلەرنى ئەسىر قىلاتتى، ھوسنىدە تەنھا ئىدى. ئاتام ئولۇپ كەتكەندىن كېيىن، تاغامنىڭ ئويىدە تەربىيەلەندىم. تاغام قىزىنى مەندىن يوشۇردى. ئەرەپ ئەرباپلىرىغا. قەبىلىمىزنىڭ باشلىقلىرىغا بېرىپ ئەرز قىلدىم. ئۇلار مېنىڭ ئۇچۇن تاغامنىڭ قىزى نەجمىنى سورىدى. تاغام ئۇلاردىن ئۇيالغىنىدىن قىزىنى بېرىشكە رازىلىق بىلدۇردى. لېكىن ئۇ، ماڭا چامام يەتمەيدىغان ئېغىر تويلۇق سالدى: ئەللىك ئات، ئەللىك توگە، ئون قۇل، ئون كېنىزەك، ئەللىك توگە بۇغداي ۋە ئەللىك توگە ئارپا تەلەپ قىلدى. تاغامنىڭ تويلۇقنى بۇنداق ئېغىر سېلىشتىكى غەرىزى قىزىنى ماڭا بەرمەسلىك ئىدى. بەرمەس قىزنىڭ تويلۇقى ئېغىر دېگەندەك ئىش قىلغىنى ئۇچۇن، بېشىم قايدى. توپ-توغرا شامدىن ئىراققا كەلدىم. يىگىرمە كۇندىن بېرى بۇ يەردە ئەگىپ يۇرۇپ، سەندىن باشقا كىشىنى كورگىنىم يوق. ئەمدى: باغدادقا بارىمەن. ئۇ يەردىن چىققان سودىگەرلەر يولىنى توسۇپ، ئۇزلىرىنى ئولتۇرىمەن، ماللىرىنى ئالىمەن، توگىلىرىنى

ئالدىمغا سېلىپ ھەيدەپ كېتىمەن—دەپ ئويلاۋاتىمەن،—دەپتۇ
ساباھى،—شۇ نىيەتتە ساڭا يولۇقتۇم، ئوزەڭ قەيەردىنسەن؟!"
"مېنىڭ سەرگۈزەشتەممۇ سېنىڭكىگە ئوخشايدۇ. بىراق مېنىڭ تارت-
قان كۈلپىتىم سېنىڭكىدىن ئېغىر. چۈنكى، تاغامنىڭ قىزىنىڭ يەنە
بىر ئاتىسى بار. ئۇ—پادىشا. ئۇنىڭ بۇ ئاتىسى سەن ئېيتقان
بۇنداق ماللارغا مۇھتاج ئەمەس، بۇنداق نەرسىلەرگە ئۇ قاراپمۇ
قويمايدۇ"—دەپتۇ كانى ماكان. "سېنىڭ يا ئەقلىڭ كام، ياكى
مۇھەببەت ئارقىسىدا يۈرۈپ، خاتىرەڭ ئاجىزلىشىپ، مۇھەببەت
سەۋدايىسى بولۇپ قالغانسەن. تاغاڭنىڭ قىزى قانداق قىلىپ شاھ
قىزى بولسۇن. سەندە شاھ ئەۋلادىغا لايىق بىرەر ئالامەت يوق.
ئوزەڭ تامامەن بىر پېقىر ئادەم كورۈنىسەن"—دەپتۇ ساباھى زاڭلىق
قىلىپ. "بۇ يەردە ئەجەپلەنگىدەك بىرەر ئىش يوق. كىشى بىر
خىلدا تۇرمايدۇ. قويمۇ بىر تېرىنىڭ ئىچىدە مىڭ سەمرىپ، مىڭ
ئورۇقلايدۇ. ئەگەر مېنىڭ كىملىگىمنى بىلىشنى خالىساڭ، باغداد
ۋە خۇراسان يەرلىرىنىڭ ئىگىسى، شاھ ئومەر ئىبنى نوئماننىڭ
نەۋرىسى، شاھ زۇئۇلماكاننىڭ ئوغلى كانى ماكان دىگەن يىگىت
مانا مەن بولىمەن. زامان مېنى خورلىدى. شاھ ساسان ئاتامنىڭ
تەختىگە ئولتۇردى. ھېچكىمگە ئوزەمنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن،
باغدادتىن كېچىسى يوشۇرۇن ھالدا بېشىمنى ئېلىپ چىقتىم.
يىگىرمە كۈندىن بېرى شۇ يەرلەردە كېزىپ يۈرىمەن. مەنمۇ
سېنىڭدىن باشقا كىشىنى كورمۇدۇم. سېنىڭ سەرگۈزەشتەڭمۇ
مېنىڭ سەرگۈزەشتەمگە ئوخشاش. ئېھتىياجىڭمۇ مېنىڭ ئېھتىياجىمغا
تەڭ ئىكەن"—دەپتۇ كانى ماكان. ساباھى كانى ماكاندىن بۇ سوزنى
ئاڭلاش بىلەن: "بۇ قانداق بەخت-ھە؟—دەپ ۋاقىراپتۇ،—

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىيىتىمگە يەتتىم. ماڭا سەندىن ئارتۇق دۆلەت كەلمەيدۇ. كىيىمىڭ يىرتىق بولسىمۇ، ئۆزەڭ شاھزادە ئىكەنسەن. ھېچ بىر ۋاقىتتا قەۋمى - قېرىنداشلىرىڭ سېنى تاشلاپ قويمايدۇ. ئەگەر تۇرغان جايىڭنى بىلسە، ماللىرىنى سېنىڭ يولۇڭغا سەرپ قىلىدۇ. قېنى ئالدىمغا چۈش! قەدىمىڭنى يوغان تاشلا!" "سەن ئۇنداق قىلما! ئەي ئەرەپلەرنىڭ باشلىقى. ئەۋلادىم مېنى بىر تىللا ئەمەس. بىر تەڭگىگىمۇ ئالمايدۇ. مەن پېقىر كىشىمەن، ھېچ نەرسەم يوق. بۇ خىيالىڭدىن يان! مېنى ئۆزەڭگە ھەمرا قىل! بۇ يەردىن چىقىپ نېسىۋە ئىزلەيلى! بىرەر جايدىن ئۇلارنىڭ ھەققى مېھرى پۇلىغا لايىق غەنىمەت تاپساق، مەقسىدىمىزگە سەرپ قىلىپ، تاغىلىرىمىز-نىڭ قىزىغا يېتىشىشكە ئۇرۇنۇپ كورەيلى!" — دەپتۇ كانى ماكان. ساباھى غەزەپلىنىپتۇ: "ھەي ھارام ئۆلگۈر، سەن مېنىڭ ئالدىمغا چۈش، تېگى پەس. ئۇنۇمساڭ، ھازىر قاتتىق ئازاپلايمەن" — دەپتۇ ئۇ. كانى ماكان كۈلۈپ قويۇپ: "نىمە ئۈچۈن سېنىڭ ئالدىڭغا چۈشۈپ ماڭىمەن. سەندە ئىناپ دېگەن نەرسە بارمۇ؟ كىمنىڭ باتۇر ياكى قورقۇنچاق ئىكەنلىگىنى مەيداندا چۈشۈپ سىنايمىز. ئېيىپسىز كىشىنى ئەسىرگە چۈشكەنلەردەك خورلاپ ھەيدەشكە ئەرەپلەردىن ئۇيالمامسەن؟" — دەپتۇ كانى ماكان. "ئۆزەڭ كىچىك-كىنە بولساڭمۇ، گېپىڭ يوغان ئىكەن — دەپتۇ ساباھى زەھەرلىك كۈلۈپ، — بۇ گەپلەر مەيدان كورگەن مەرتلەرنىڭ گېپى، چوڭ باتۇرلارنىڭ قىلىدىغان سوزى". "ھازىر ئىناپ شۇكى، — دەپتۇ كانى ماكان، — ئەگەر سەن مېنى ئەسىر قىلىپ، ئۆزەڭگە بوي سۇندۇرۇشنى خالىساڭ، قورال - يارىغىڭنى تاشلا! كىيىملىرىڭنى سال، مەيدانغا چۈش، ئىككىمىز چېلىشىمىز. كىم يەڭسە، شۇ

خالىغىنىنى قىلسۇن! يېڭىلگىنى ئۇنىڭغا سوزسىز بويسۇنسۇن!".
"كورەڭلىگىنىڭ بېشىغا ئۇلۇم ئېلىپ كېلىدۇ"— دەپتۇ ساباھى، قورال-لىرىنى يىغىشتۇرۇپتۇ، كىيىملىرىنى ساپتۇ. كانى ماكانىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۇمۇ ساباھىغا يېقىنلىشىپتۇ. ئىككىسى چېلىشىپتۇ. ساباھى كانى ماكانىنىڭ كۇچىنى سېزىشكە باشلاپتۇ. قارىسا ئۇ، خۇددى تومۇر-چى ئامبۇردا مىخ تارتقاندەك قارماپ تارتقىدەك. ساباھى ئۇنىڭ ئاياقلىرىنىڭ مەزمۇت ئىكەنلىگىنى سىناپ كورۇپتۇ. ئۇنىڭ ئاياق-لىرى ناھايىتى مۇستەھكەم توۋرۇكتەك چىڭ تۇرغىدەك. ساباھى ئۇمىتسىزلىنىپتۇ. يېڭىلىش خەۋپى كوزىگە كورۇنۇپ قالغانلىقتىن، ئەپسۇسلىنىشقا باشلاپتۇ. "قورال كۇچى بىلەن يەڭمىسەم بولمى-غىدەك"— دەپ ئويلاپتۇ ئۇ. ئۇزىچە كانى ماكان ئۇنى سىلكىپ-سىلكىپ سىقىشقا باشلاپتۇ. ساباھى قوسىغىنىڭ يېرىلىشىدىن قور-قۇپ: "قولۇڭنى تارت، ئەي يىگىت"— دەپتۇ. كانى ماكان ئۇنىڭ سوزىگە قۇلاق سالماپتۇ. يەردىن كوتۇرۇپ ئېلىپ، دەريا تەرىپىگە قاراپ مېڭىپتۇ. "ئەي ئۇلۇغ پالۋان، سەن مېنى قاياققا ئېلىپ بارىسەن؟ نىمە قىلىسەن؟" دەپ ۋاقىراپتۇ ساباھى. "ئاشۇ دەرياغا تاشلايمەن. ئۇ سېنى دەجلىگە ئېقىتىپ بارىدۇ. دەجلە دەرياسى سېنى دېڭىزغا ئېلىپ بارىدۇ. دېڭىز پىرات دەرياسىغا ئېلىپ بارىدۇ. پىرات دەرياسى بولسا، سېنى ئوز شەھرىڭگە ئېلىپ بارىدۇ. قېرىنداشلىرىڭ كورۇپ، سېنىڭ باتۇرلۇغۇڭغا قايىل بولىدۇ، مەرتلىگىڭنى، سېنىڭ چىن مۇھەببەت يولىدا سۇغا چۇشۇپ، ئېقىپ ئولگىنىڭنى بىلىدۇ"— دەپتۇ كانى ماكان. "ئەي سەھرانىڭ باتۇرى، يامانلارنىڭ ئىشىنى قىلما! گوزەللەر مەلىكىسى تاغاڭنىڭ قىزىنىڭ ھورمىتى، مېنى ئازات قىلغىن!"— دەپتۇ ساباھى.

كانى ماكان مەشۇقىنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، ئۇنى يەرگە دەسسىتىپ
قويۇپ، ئازات قىلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ساباھى بوشاپلا، قىلىچ-
قالقانلىرىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئۇلارنى قولىغا ئېلىپ، كانى ماكاننى
قانداق ئۇسۇل بىلەن ئالداپ قولغا چۈشۈرۈش، قايسى يول بىلەن
ئەسىرگە ئېلىش توغرىسىدا خىيال سۈرۈپتۇ. كانى ماكان ئۇنىڭ
قاراشلىرىدىن بۇ پىكرىنى سېزىپتۇ. "كۆڭلۈڭگە نىمە كەلگەنلىكىنى
بىلىمەن. قىلىچ-قالقانغا يۈگۈرگىنىڭدىن نىيىتىڭنى بىلگەنمەن.
كۈرەش قىلىشقا كۈچۈڭ ئاجىز كەلدى، چېلىشىشقا قولۇڭ قىسقىلىق
قىلدى. ماھارىتىڭمۇ، جاسارىتىڭمۇ يېتىشمىدى. ئەگەر ئات ئوينى-
تىپ، قىلىچ سالغىنىمدا، ئاللاقاچان ئۆلگەن بولاتتىڭ. ئەمدى
كۆڭلۈڭدە ئارمان قالمىسۇن ئۈچۈن، مەن ساڭا يەنە شۇنداق تەك-
لىپنى بېرەي: قالقىنىڭنى ماڭا بەر، قىلىچىڭ بىلەن ھۇجۇم قىل!
يا سەن مېنى ئۆلتۈر، يا مەن سېنى يوقىتاي!" — دەپتۇ كانى
ماكان. ساباھى قالقىنىنى كانى ماكانغا ئىرغىتىپ بېرىپ، قىلىچ
بىلەن ھۇجۇم باشلاپتۇ. كانى ماكان قالقان بىلەن ئۆزىنى قوغ-
داپتۇ. ساباھى: "ئۇنى ھازىرلا ئۆرۈپ يىقىتىمەن" دەپ قىلىچ
چاپىدىكەن. لېكىن، قىلىچى كانى ماكانغا تەگمەيدىكەن. كانى
ماكان ئۇنىڭغا قورال ئىشلەتمەيدىكەن. چۈنكى، ئۇنىڭ يېنىدا
جەڭ قورالى يوق ئىكەن. پەقەتلا ساباھى تاشلاپ بەرگەن قالقان
بىلەن ئۆزىنى قوغدايدىكەن. ساباھى كانى ماكاننى قولى تالغىچە
ئايىماي قىلىچ بىلەن چېپىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. لېكىن، ھېچ نىمە
قىلالماپتۇ. كانى ماكان ئۇنىڭ ھارغىنىنى، قولىنىڭ ئىشقا يارى-
مايۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ. بىرلا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى قىلىچى بىلەن
قۇچاغلاپ ئاپتۇ. سىلكىپ-سىلكىپ، كۆتۈرۈپ ئېلىپ، يەرگە

ئۇرۇپتۇ. ئاغدۇرۇپ دۇم قىلىپ، قىلىچىنىڭ بىغى بىلەن چەمبەر چەس قىلىپ باغلاپتۇ. ئايغىدىن تۇتۇپ، سورىكىنىچە دەريا نەرەپكە قاراپ مىڭىپتۇ. "مىنى نەگە ئىلىپ بارىسەن، ئەي زامانىنىڭ باتۇرى، ئەي جەڭ مەيدانىنىڭ پەلۋانى"— دەپتۇ ساباھى يىلىنىپ. "بايا دىگىنىمدەك قىلىپ سىنى دەرياغا تاشلايمەن. ئۇ سىنى يۇرتۇڭغا ئاپىرىپ قويىدۇ. قىرىنداش-ئۇرۇقلىرىڭ سىنى كورۇپ، خوش بولۇپ، غەمدىن قۇتۇلىدۇ. سەنمۇ مۇساپىرچىلىقنىڭ مۇشەققىتىدىن قۇتۇلۇپ، تاغاڭنىڭ قىزىنى ئىلىشتىن كىچىكمەيسەن، ئارام تاپىسەن"— دەپتۇ كانى ماكان. ساباھى داتلاپ يىغلىغىنىچە: "مىنى بوشات! مەن سىنىڭ ئەبەدى قۇلۇڭ بولاي"— دەپ يالۋۇرۇپتۇ ۋە زارلاپ تۇرۇپ، بۇ شىىرلارنى ئوقۇپتۇ:

ياخشى ئەخلاق سەندە بار،
ماڭا يامانلىق قىلمىغىن.
مەن يامانىمەن، قولىغا چۈشتۈم،
سەن يامانلىق قىلمىغىن.

ياخشىلىق ساڭا مۇناسىپ،
گەرچە بولسامۇ يامان.
مەن يامانغا ياخشىلىق قىل،
ھەرگىز يامانلىق قىلمىغىن.

* * *

ئانا يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ، بولدۇم ئۇزاق سەرگەردان.
بىلمىگەندىم ئۇلۇشۇمنى غىرىپلىقتا بى نىشان.
مەن ئولەرمەن، يىغلىشىپ قوۋمۇ-قىرىنداشىم قالۇر.
بىلەلمىگەي قەيەرلەردە مەن ئولۇپ كەتتىم ھامان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەپسۇسكى، نىگارىمنىڭ ۋەسلىگە مېنى يەتكۈزمەي،
قاباھەت بۇ ئۆلۈمنى بېشىمغا سالدى دەۋران.

كانى ماكانىنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كەپتۇ. سەمىمى دوست ۋە ھەقىقى ھەمرا بولۇشقا ۋەدە ئېلىپ، ئۇنى بوشىتىپتۇ. ئۇ بوشىنىپ، كانى ماكانىنىڭ قولىنى سۆيمەكچى بولغان ئىكەن، كانى ماكان ئۇنىڭغا يول قويماپتۇ. ساباھى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەرەپ خۇرجۇنىدىن ئۈچ ئارپا نېنى ئېلىپ كېلىپ، كانى ماكانىنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ، مۇزدەك سوغۇق بۇلاق سۈيى بىلەن نان يەپتۇ. ئاندىن تاھارەت ئېلىپ بىللە ناماز ئوقۇپتۇ. قېرىنداش - ئۇرۇقلىرىدىن تارتقان دەرت - ئەلەملىرىنى، زاماننىڭ تەتۈرلىكىدىن كۆرگەن ئېغىر كۈنلىرىنى سۆزلىشىپ ھەسرەتلىشىپتۇ. "ئەمدى نەگە بارىسەن؟" — دەپتۇ كانى ماكان ساباھىغا. "سېنىڭ يۇرتۇڭ باغدادقا بارىمەن. خۇدا تويلۇققا لايىق ماللارنى پېشانەمگە يازغىچە، شۇ يەردە تۇرىمەن!" — دەپتۇ ساباھى. "ئاق يوللۇق بول!" — دەپتۇ كانى ماكان ساباھىغا، ئاندىن باغدادنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. بەدىۋى ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، باغداد تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. كانى ماكانمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ: "ئەي خۇدا، بۇ ئەھۋالدا، ئاچ - يالىڭاچ، ئۆز يۇرتۇمغا قانداق قايتىپ بارىمەن، بۇ ئەھۋالدا قايتىش ئەلۋەتتە ئۇيات. خۇدانىڭ ئۆزى ئىشىمنى ئوڭلا!" — دەپتۇ ئۆز - ئۆزىگە. دەريا بويىغا كېلىپ، تاھارەت ئاپتۇ، ناماز ئوقۇپتۇ. ئاندىن بېشىنى سەجدىگە قويۇپ: "ئەي خۇدا، يامغۇر ياغدۇرۇپ تاغۇ - تاشلار ئارىسىدىكى قۇرۇت - قوڭغۇزلارغا رىزقى بەرگۈچى ئۇلۇغ تەڭرىم، ئۆز قۇدرى-

تىگـىنى ۋە مەرھەممتىگىنى مەندىن ئايىما!"— دەپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا، چەپكە سالام بېرىپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى پەرىشان، نىمە قىلىشنى بىلمەي ئولتۇرغان ئىكەن. بىردىنلا يىراقتىن، كوزىگە ئاتنىڭ تىزگىن بېغىنى بوش قويۇپ كېلىۋاتقان بىر ئاتلىق كىشى كورۇنۇپتۇ. كانى ماكان ئۇنى كۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئوتۇپ، ئاتلىق كىشى كانى ماكاننىڭ قېشىغا يېتىپ كەپتۇ، تۇلۇمدىن ئېقىۋاتقان سۇدەك ياش توكۇپ تۇرۇپ: "ئەي ئەرەپ-لەر باشلىقى-دەپتۇ ئۇ،-يېرىم ئىشارەت بىلەن،—ئولمەستىن بۇرۇن، مېنى ئۇزەڭگە دوست دەپ قوبۇل قىل! گەرچە يارىدار-لار ئۇچۇن سۇ ئىچىش قىيىن بولسىمۇ، بولوپمۇ جان ئۇزۇش ئالدىدا تەشنالىقنى قاندۇرۇش ئېغىر بولسىمۇ، سەن ماڭا ياردەم قىلىپ سۇغا قاندۇرغىن، ساۋاپلىق ئىش قىلغان بولىسەن. ئەگەر تىرىك قالسام، سېنى غەمدىن خالاس قىلىمەن. ھەرقانداق ھاجە-تىڭ بولسا ئۇنىڭدىن قۇتقۇزۇشقا تىرىشىمەن. سەن مېنىڭدەك ئادەمنى تاپالمايسەن. قازا قىلغۇدەك بولسام، نىيىتىڭگە يارىشا بەختىيار بولغىن". بۇ يولۇچى مىنگەن ئات تەرىپىگە تىل ئاجىز كەلگىدەك ئېسىل ئات ئىكەن. ئاياقلىرى سەنئەتكارانە ئىشلەنگەن مەرمەر تۇۋرۇكنى ئەسلىتىدىكەن. ئاتلىقنىڭ كورۇنۇشى كانى ماكاننى قىزىقتۇرۇپتۇ. "بۇنىڭغا تەڭ كەلگىدەك ئات ھېچ قەيەردە يوق"— دەپ ئويلاپتۇ ئۇ ئوزىچە. ئاندىن ئۇ ئاتلىققا قولىدىن كېلىشىچە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇنى كوتۇرۇپ ئاتتىن چۈشۈ-رۇپ، بىر يۇتۇم سۇ ئىچكۈزۈپتۇ. بىر ئاز نەپسىنى رۇسلىغىچە، يۈزلىرىنى سۇ بىلەن يۇيۇپتۇ. ئۇ ئوزىگە كېلىشكە باشلىغاندا: "سېنى كىم بۇ ھالغا سالدى؟"—دەپ سوراپتۇ ئۇنىڭدىن. "توغرى-

www.uyghurkitap.com

سىنى ئېيتاي — دەپتۇ ئاتلىق كىشى، — مەن ئات ئوغرىسىمەن.
مېنىڭ كېچە - كۈندۈز قىلىدىغان ئىشىم شۇ. ئۆزەمنىڭ ئىسمىم
غەسسان، بۇ ئاتنىڭ ئىسمى قاتىل بولۇپ، لەقىمى مەجنۇن. بۇنىڭ
رۇم شاھىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، قۇستەنتىنىيەگە باردىم.
بۇنى قولغا چۈشۈرۈشنى مولچەرلەپ، سارايغا كىرگەن ئىدىم. سارايـ
دىن زاتۇد داۋاھى ئىسىملىك بىر قېرى خوتۇن چىقتى. ئۇ يەردە
بۇ قېرىدىن ھورمەتلىك كىشى يوق ئىكەن. ھەممىلا يەردە ئۇنىڭ
پەرمانى ھوكۇم سۈرىدىكەن. بۇ ئاتنى شۇ قېرى خوتۇن مىنىدىكەن.
ئاتنى بېقىش ئۈچۈن، مەخسۇس ئون قۇل ئۇنىڭ ئارقىسىدىن
يۈرىدىكەن. قېرى خوتۇن باغداد شاھى ساسان بىلەن كېلىشىم
تۈزگىلى ماڭغان ئىكەن. ئاتنى ئوغرىلاش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ
ئىزىدىن قالماي، مەنمۇ پۈرسەت ئىستەپ ماڭدىم. لېكىن قاراۋۇللار
دايىم سەگەك بولغىنى ئۈچۈن، ئىلاجىنى قىلالمىدىم. ئاخىرى
ئۇلار بۇ يەرگە يېقىن يېتىپ كېلىشتى. "باغدادقا ساق - سالامەت
كىرىپ كەتمىگىدى" — دەپ ئەنسىرىدىم. شۇ يەردە بىر ئىلاجىنى
قىلىشنىڭ كويىغا چۈشتۈم. بىردىنلا ئاسماننى چاڭ - توزان قاپـ
لىدى. توزاننىڭ ئىچىدىن ئەللىك ئاتلىق باتۇر چىقىپ كەلدى.
ئۇلار سودىگەرلەرنىڭ يولىنى توسىغۇچى يول توسارلار ئىكەن. ئۇلار
بۇ قېرىنىڭ ئالدىنى توسۇشقا چىققان ئىكەن. ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى
جەڭدە ھەرقانداق باتۇرنى كېپىنەكتەك ئويۇنغا سالغۇچى قەھرىـ
داش ئىسىملىك كىشى ئىكەن".

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى
توختاتتى.



بىر يۈز قىرىقىنچى كېچە

—ئەي بەختلىك شاھ،— دەپ داۋام قىپتۇ. شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

كانى ماكانغا يارىدار شۇنداق دەپتۇ: "قەھرىداش ئۇزىنىڭ ئادەملىرى بىلەن قىرى خوتۇنىنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالدى. بىرلا ۋاقىراپ، بىر دەقىقە (سكۇنت) دەك ۋاقىت ئۇتمەي، ئۇن قۇلنىمۇ، قىرى دەللىنىمۇ ۋە قاراۋۇللىرىنىمۇ قوشۇپ باغلىدى. ئۇلارنى تاشلاپ، ئاتنى ئېلىپ يوللىرىغا قايتىشتى. "ئەتتەك، مەن مەقسىدىمگە يېتەلمىدىم، مېھنىتىم بىكار كەتتى. ئاتنى، ماردلاپ يۈرۈپ تارتقان جاپالىرىم شامالغا سورۇلدى"— دېدىم ئۇز-ئۇزەمگە. كېيىن ئىشنىڭ ئاخىرىنى كۇتتۇم. قىرى ئۇزىنى باغلاقتا كورۇپ يىغلىدى. ئۇلار ماڭغاندا: "ئەي ئۇلۇغ باتۇر. ئەي بۈيۈك قەھرىمان! ئاتنى ئالغىنىڭ يەتمەمدۇ؟ مېنى. قۇللارنى ۋە قاراۋۇللارنى نىمىشقا باغلىدىڭ؟"— دەپ، تۇرلۇك يۇمشاق گەپ بىلەن كوز يېشى قىلىپ، قەھرىداشنى ئالدىدى. باتۇرغا ئات ۋە باشقا ھەدىيىلەرنى ئۇزى رازى بولۇپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى. قەھرىداش ئۇلارنى ئازات قىلدى ۋە قويۇپ بەردى. ئاتتىن كوزۇمنى ئۇزەلمەي، ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭدىم. ئۇ ئۇز ئادەملىرى بىلەن ئات ۋە باشقا ئولجىلىرىنى ئېلىپ يولغا چۇشتى. شۇ يەرگىچە ئىزىدىن كەلدىم. ئاخىر ئېپىنى تېپىپ، ئاتنى ئوغۇرلۇدۇم. ئاتقا مىندىم. بىر قامچا ئۇرغىنىمدا، ئۇلار سېزىپ قالدى، ئالدىمنى توستى؛ ھەر تەرەپتىن كېلىپ، ئەتراپىمنى ئورىدى. ئوقيا ئېتىپ،

نەيزە سانچىپ، ھۇجۇم قىلىشتى. ئات ئالدىدىن كېلىشكىمۇ، ئارقىسىدىن كېلىشكىمۇ يول قويمىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن مېنى ئېلىپ چىقتى. ئېتىلغان ئوقيالار كوچكەن يۇلتۇزدەك غۇيۇلداپ ئۆتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئوقيالىرى بىلەن زەخىملەندىم. ئۈچ كۈندىن بېرى ئات ئۈستىدىمەن، تۇز تەمىنى تېتىپ كۆرمىدىم. ئۇخلىيالمىدىم. كۈچ-قۇۋۋىتىم كەتتى، دۇنيادا ھايات قېلىشقا ئىشەنچىم قالمىدى. سەن ماڭا رەھىم قىلدىڭ، ياردەم بەردىڭ. ئۆزەڭ ئاچ-يالىڭاچ كۆرۈنىسەن. لېكىن، يۈزۈڭدىن ئۇلۇغۋارلىق چىقىپ تۇرۇدۇ. ئۆزەڭ كىمسەن؟ بۇ يەرگە قەيەردىن كەلدىڭ؟ قاياققا ماڭدىڭ؟"—دەپ سوراپتۇ يارىدار كانى ماكاندىن. "مەن شاھ ئۆمەر ئىبنى نوئماننىڭ نەۋرىسى، شاھ زۇئۇلماكاننىڭ ئوغلى كانى ماكان دېگەنمەن، ئاتام ئۆلدى، مەن كىچىك قالدىم. يېتىملىكتە تەربىيىلەندىم. ئاتامدىن كېيىن، تەختكە بۇزۇق نىيەت، شۇم تەبىئەت بىر كىشى ئولتۇردى"—دەپ كانى ماكان ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى باشتىن-ئاياق سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئات ئوغرىسىنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كەپتۇ. "ئالى نەسەپلىك كىشى ئىكەنسەن. تېخى سەن ياش، خېلى كۆپ ئىشلارنى قىلىسەن. زاماننىڭ ئۇلۇغ باتۇرلىرىدىن بولۇپ تونۇلۇشۇڭ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. مېنى بۇ ئاتتا يۇرتۇمغا ئاپىرىپ قويساڭ، كۆپ ھۆرمەت كۆرەتتىڭ. بۇ دۇنيا ئۆچۈنمۇ ساۋاپ ئىش قىلغان بولاتتىڭ. مىجەزىم يوق، ئەگەر يولدا ئۆلسەم، ئاتنى سەن ئال! بۇ ئاتقا كىشىلەر ئارىسىدا سەندىن لايىقراق ئادەم يوق"—دەپتۇ يارىدار. "ئۆشنەمگە ئارتىپ كوتىرىشكە توغرا كەلسىمۇ، مەن شۇنىڭغا رازىمەن. ئەگەر ساڭا ئۆز ھاياتىمنى بېرىشكە توغرا كەلسىمۇ، مەن شۇنىڭغا رازىمەن.

ئەگەر سېنىڭ ھاياتىڭنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ھەر نەرسىگە دۇچ كەلسەم مەيلى. مەن ئۇنىڭدىن قاچمايمەن. مۇھتاجلارغا ياردەم بەرگۈچى، قايغۇلىرىڭغا شېرىك بولغۇچىلار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانمەن. خۇدا ئۈچۈن بىر ياخشىلىق قىلىش يەتمىش خىل كۈلپەتتىن ئاسرايدۇ، دېگەن گەپ بار" — دەپتۇ كانى ماكان. ئاندىن ئۇ ياردارنى ئاتقا يۆلەپتۇ. خۇداغا تەۋەككۇل قىلىپ يولغا چىققماقچى بولغان ئىكەن، ياردار: "بىرئاز توختا!" — دەپتۇ-دە، كوزلىرىنى يۇمۇپ، قولىنى دۇئاغا ئېچىپتۇ. تەكبىر-سالاۋات ئېيتىپتۇ، كېلىمە شاھادەتنى ئوقۇپتۇ. جان ئۈزۈش ۋاقتىنىڭ قىستاپ كەلگەنلىگىنى سېزىپ، يۇمشاق ئاۋاز بىلەن بۇ شېئىرنى لار ئوقۇپتۇ:

ۋادىرىخا مەن كېتەرمەن،
بىۋاپا دۇنيا قالۇر.
قۇرۇق قول ئوتەرمەن
قان يىغلىشىپ باللا قالۇر.

دايىما خەۋپكە سالاتتىم،
"مەن-مەن" دېگەن بايلارنى،
مەن بۈگۈن كوردۇم مانا،
ئاخىر ئولىمەي كىم قالۇر.

دۇنياغا مەغرۇر بولمىغىن،
مەندەك كىشىنى قاخشىتىپ.
سەندىنمۇ، مەندەك ئاخىر،
بەرگەن ئامانەتنى ئالۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

• • •

ھەممىنى بىزار قىلدىم مەن ھەممە يەرلەرنى كېزىپ،
ئۆمۈر ئۆتكەزدىم پاراۋان، ھەر ۋاقىت مەينى ئىچىپ.
ئات ئوغۇرلاشتەك يامان ئىشلارنى قىزىتماق ئۈچۈن،
بوسۇپ ئوتتۇم ھەر توساقنى، قانچە دەريانى كېچىپ.

ئات ئوغۇرلاش بولدى ئىشىم، كوپ گۇناھىم بار مېنىڭ،
كىم ئاڭلىسا ئىشلىرىمنى، قىلدى ھەزەر ئاتتىن كېچىپ.
زايە كەتتى ئەمگىكىم ھەم ئارزۇيۇمغا قانمىدىم،
ئوغۇرلىغان ئاتقا مىنىپ، بۆركۈت بولۇپ كەتتىم قېچىپ.
ئاخىرى يۈزمىڭ نادامەتلەر بىلەن كەتمەكتىمەن،
كورمىگەندەك دۇنيادا ھېچ نەرسىنى كوزنى ئېچىپ.

شېىرنى تۈگىتىپ، كوزىنى يۇمۇپتۇ. ئاندىن بىر "ئاھ..." تار-تىپ، جان ئۈزۈپتۇ. كانى ماكان ئۇنى شۇ يەرگە كومۇپتۇ. ئاندىن كېلىپ، ئاتنىڭ بېشىنى سىلاپتۇ. شاھ ساسانى ئاتخانىسىدىلا ئەمەس، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى يەرلەردىمۇ بۇنداق ئاتنى كورمە-گەنلىكىنى ھىس قىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ باغداد يولىدا باغدادتىن چىقىپ كېلىۋاتقان بىر توپ كارۋاننى كورۇپتۇ. كانى ماكان يولغا چىقىپ، ئۇلارغا يولۇقۇپتۇ. ئۇلار كانى ماكانغا، ئۇ، باغدادتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بولغان ئىشلارنى شۇنداق خەۋەر قىپتۇ: ۋەزىر دەندان شاھ ساسانىغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپتۇ. ئەسكەرلەرنىڭ يېرىمى ۋەزىر دەندان تەرەپكە ئوتۇپ: "بىزگە كانى ماكان كېرەك، باشقا شاھ كېرەك ئەمەس" — دەپ قەسەميات قىلىشىپتۇ. ۋەزىر دەندان ئەسكەرلەردىن سادىق بولۇشنى تەلەپ قىپتۇ. ھىندىستاندىكى ئاراللارغا، قارا تەنلىكلەر مەملىكىتىگە

كىشى توپلاشقا كېتىپتۇ. ئۇ يەردە ئۇنىڭغا دېگىز تولقۇنىدەك ھېساپسىز ئەسكەرلەر كېلىپ قوشۇلۇپتۇ. ۋەزىر دەنداننىڭ يىققان ئەسكەرلىرى باغدادقا قارشى يۈرۈش قىلىشقا ۋە پۈتۈن مەملىكەتنى بويسۇندۇرۇشقا، قارشىلىق كورسەتكەنلەرنى ئۆلتۈرۈشكە ئەھدى قىلىپ: "تاكى كانى ماكاننى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا شاھ قىلىپ ئولتۇرغۇزمىغىچە قىلىچىنى قىنىغا سالماسلىق"قا قەسەم قىلىشىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، شاھ ساسانى قايغۇغا غەرق بوپتۇ. پۈتۈن مەملىكەتتىكى چوڭ-كىچىك ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە قارشى ئىكەنلىگىنى چۈشىنىپتۇ. غېمى ئارتىپتۇ، دەرت-ئەلەمگە پېتىپتۇ. خەزىنىنى ئېچىپ، ئەمەلدارلارغا پۇل تارقىتىپ بېرىپتۇ ۋە كانى ماكان قايتىپ كەلسە، چىن يۈرىگىدىن مېھرىۋانلىق قىلىپ، ئەسكەر باشلىغى قىلىپ تەيىنلەشنى نىيەت قىلغانلىغىنى بىلدۈرۈپتۇ. بۇ چارە بىلەن ئۇ ۋەزىر دەنداننى ياققان ئوتنىڭ ئۇچقۇنلىرىنى ئوچۈرمەكچى بوپتۇ. كانى ماكان سودىگەرلەردىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، شۇ زامانلا ئالدىراشلىق بىلەن باغدادقا قاراپ مېڭىپتۇ. شاھ ساسانى ئۆز تەختىدە قايغۇغا چوكۈپ ئولتۇرغان ئىكەن. كانى ماكاننىڭ قايتىپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزۈپتۇ. شاھ ساسانى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەن دەرھال سارايدىكى بارلىق ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر ۋە باشقا ساراي ئەمەلدارلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىشقا چىقىرىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان باغداد ئاھالىسىمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، يولىغا گىلەم سېلىپ كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. قۇللار ۋە كېنىزەك-لەرمۇ ئۇنىڭ ئانىسىغا خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئۇنى خاتىرجەم ۋە خوشال قىپتۇ ھەم سۆيۈنچى ئېلىشىپتۇ. ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىققان ساراي ئەمەلدارلىرى ۋە خەلق ئۇنى يولدا كورۇشى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئات ـ ئۇلاقلىرىدىن چۈشۈپ، پىيادە بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ كورۇشۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئېتىنى چورىدەپ، چۆلۆۋۈرىدىن يېتىلەپ، ئوردىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. ئانىسى ئۇنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ھېساپسىز خوش بولۇپ، ئالدىراپ يېتىپ كېلىپ، ئوغلىنى قۇچاغلاپ تۇرۇپ، پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ. شۇ چاغدا كانى ماكان ئانىسىغا: "ئەي مېھرىۋان ئانا، رۇخسەت قىلساڭ، مېنىڭ ئالدىمغا دولەت ئەرباپلىرىنى تارتۇقلار بىلەن چىقارغان، ماڭا مەرھەمەت قولىنى سوزغان تاغام شاھ ساسانىنىڭ قېشىغا بېرىپ سالام بەرسەم" ــ دەپتۇ. دولەت ئەرباپلىرىمۇ شاھ ساسانىغا كانى ماكانىنىڭ ساق ـ سالامەت كېلىپ، ئانىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىپتۇ. كانى‌ماكان مىنىپ كەلگەن ئاتنى كورگەن ساراي ئەمەلدارلىرى ھەيران قېلىپ: "بۇنداق ئاتنى تېخى ئادەم بالىسى مىنىپ باقمىغان" ــ دەپ ماختاپ، شاھ ساسانىنى تاقەتسىزلەندۇرۇپتۇ. بۇ سوزنى ئاڭلىغان شاھ ساسانى كانى‌ماكانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ. كانى‌ماكان شاھ ساسانىنىڭ ھورمىتى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تازىم قىلىپ، قولىنى سۆيۈپتۇ. مىنىپ كەلگەن ئاتنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىپتۇ. شاھ ئۇنىڭغا: "ياخشى كەپسىز، ئويۇمنىڭ تورى سىزنىڭكى. ئوغلۇم كانى‌ماكان، ئەزىبرايى خۇدا، سىز غايىپ بولغاندا، دۇنيا مېنىڭ كوزۇمگە تار بولۇپ كورۇنگەن ئىدى. ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگىنىڭىز ئۈچۈن خۇداغا شۈكرى" ــ دەپتۇ. كانى ماكانمۇ شاھ ساسانىغا خۇدانىڭ رەھمىتىنى تىلەپ دۇئا قىپتۇ. كېيىن شاھ ساسانى "قاتىل" دەپ ئاتالغان مەجنۇن لەقەملىك بۇ ئاتنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئەزەر ساپتۇ ۋە شۇ ھامان ئۇنى تونۇپتۇ. بۇ ئاتنى

شاھزادە شەررىسكان ۋە كانىماكاننىڭ ئاتىسى شاھ زۇئۇلماكان بىلەن رۇمغا غازاتقا بارغاندا ھەردۇپ شاھنىڭ ئاستىدا كورگەنلە-گىنى ئېيتىپتۇ. "ئەگەر ئاتاڭغا شۇ ئات نېسىپ بولغاندا، ئاتاڭ ئۇنىڭ بەدىلىگە مىڭ ئات دىسىمۇ بېرەتتى. ئاتاڭ ئارزۇ قىلغان بۇ ئاتنى سەن مىنىپ كەپسەن. مانا شۇ ئات بىلەن ئاتاڭ شاھ زۇئۇل-ماكاننىڭ خاندانىنىڭ شان-شوھرىتىمۇ بىللە قايتىپ كەلدى. مەن بۇ ئاتنى ھەدىيە ئورنىدا قوبۇل قىلىپ ئېلىپ، ئۇنى يەنە ئوزەڭگە تارتۇق قىلدىم. ھەممىمىزنىڭ ئىچىدە، ئۇ ئاتقا ئەڭ لايىغىراغى سەن. چۈنكى، سەن مەرتلەرنىڭ ئۈلگىسى"—دەپتۇ شاھ ساسانى كانى ماكانغا. شۇ سوزدىن كېيىن، شاھ ساسانى كانى ماكانغا شاھانە كىيىم-كىچەك تەقدىم قىپتۇ ۋە ئاتلار ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇنىڭغا سارايدىن ئەڭ چوڭ قەسرنى تەقدىم قىپتۇ. كانى ماكانغا شانۇ-شەۋكەت ۋە شاتلىق تىلەپ قايتىپ كېتىپتۇ. شاھ ساسانى ئۇنىڭغا نۇرغۇن پۇل ئەۋەتىپتۇ، ئۇلۇغلاپ ھورمەت كورستىپتۇ. ئۇ بۇ ئىشلارنى ۋەزىر دەنداندىن قورقۇپلا قىپتۇ. كانىماكان ئۇنىڭ بۇ غەرىزىنى بىلمەي، ناچار تۇرمۇشنىڭ ۋە خورلىنىشنىڭ تۈگىگەنلىگىنى شاھ ساساننىڭ "ئىنساپقا كېلىپ قىلغان ئىلتىپاتلىرىدىن"—دەپ چۈشۈنۈپتۇ. ئۇ، شاھ ساسانى بىلەن بولغان بۇ ئۇچرۇشۇشتىن كېيىن، ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ: "ئەي مېھرىۋان ئانا، تاغامنىڭ قىزى قۇززى پاكاننىڭ ئەھۋالى قانداق؟"—دەپ سوراپتۇ. "ئاھ بالام، سېنىڭ دەردىڭدە ھەممە نەرسە يادىمدىن چىققان. سۇيگۇنىڭ توغرىسىدا ئويلۇمۇدۇم. چۈنكى، ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا بىزنى كورۇشتۇرمەيدىغان توساق بار"—دەپتۇ ئانىسى. "ئەي مېھرىۋان ئانا، ئەمدى سەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىگەن توساق يوق. سەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ماڭا بىر كۆرۈنۈشنى مېنىڭ نامىمدىن ئىلتىماس قىلغىن. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇبارەك دىدارىنى بىر قېتىم ماڭا كۆرسەتسە، بۇ سوغات بىلەن مېنىڭ دىلىمدىكى قالغان غەم-غۇسسىلار تارقىلىدۇ" — دەپتۇ كانىماكان ئانىسىغا يېلىنىپ. "ئۇلارنىڭ ھەممىسى شاھ ساسانىنىڭ بىزنىڭ بويىنىمىزنى ئېگىش ئۈچۈن قىلغان ئىشى. مەن بېشىمنى ئېگىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارمايمەن. سەنمۇ ئۆزەڭنى غەمكە قويغۇچىلاردىن يىراق بول! مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ بۇ سۆزلىرىڭنى ئېيتمايمەن" — دەپتۇ ئۇلاردىن نارازى بولۇپ. ئانىسىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۇ، بىر ئاز ئويلۇنۇپتۇ. ئاندىن ئانىسىغا ئات ئوغرىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى: زاتۇد داۋاھى دىگەن قېرى دەللىنىڭ باغدادقا كېلىپ، شاھ ساسانىنىڭ ئالدىغا كىرمەكچى بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىپ ئېلىش توغرىسىدا قىلغان ھەركىتىنى، يولدا ئۇنىڭ قەھرىداش تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ، مال-مۈلكىدىن ۋە ئاستىدىكى ئاتتىن ئايرىلىپ قايتىپ كەتكەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ بېرىپتۇ. "تاغام شەررىكان بىلەن بوۋام شاھ ئۆمەر ئىبنى نۇئماننى شۇ قېرى ئۆلتۈرگەن ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىپ، بىزنىڭ شەنىمىزگە چۈشكەن داغنى يۇيۇشۇم كېرەك" — دەپ ئىرادە بىلدۈرۈپتۇ. كېيىن ئانىسىنىڭ يېنىدىن چىقىپ، سەئىدانە ئىسىملىك ئوردىدىكى دەللە قېرىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. ئۇنىڭغا تاغىسىنىڭ قىزى قۇززى پاكانىغا سۆيگۈ-مۇھەببىتىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى كۆندۈرۈشنى ئىلتىماس قىپتۇ. قېرى دەللە: "خوپ!" — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. كانىماكان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ،

سارايغا ــ ساسانىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، قىزنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. كانىماكانىنىڭ ئۇنىڭغا ئېيتقان سۆزلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. قۇززى پاكانىنىڭ كۆڭلى ئېرىپتۇ. كېيىن ئۇ يەردىن چىقىپ، كانىماكانىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە: "قۇززى پاكان ساڭا سالام ئېيتتى. يېرىم كېچە بولۇشى بىلەن ئۇ سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا كېلىشكە ۋەدە بەردى"ــ دەپ خەۋەر قىپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



بىر يۈز قىرىق بىرىنچى كېچە

ــ ئەي بەختلىك شاھ، ــ دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

قېرى كانى ماكانىنىڭ ئالدىغا قايتىپ كېلىپ، قۇززى پاكانىنىڭ ئۇنىڭغا يوللىغان سالىمىنى ئېيتىپ، يېرىم كېچىدە كانى ماكانىنىڭ ئالدىغا كېلىشكە ۋەدە بەرگىنىنى خەۋەر قىپتۇ. كانى ماكان ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپ، يېرىم كېچە بولاي دېگەندە، ھارغىنلىق يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. قۇززى پاكان يېرىم كېچىدە قارا يىپەك رومالنى ئارتىپ، كانىماكانىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ قارىسا، ئۇ ئۇخلاپ ياتقان ئىكەن. ئۇنى ئۇيقىدىن ئويغۇتۇپتۇ: "'مەن سېنى سۆيگەنلىكىمدىن ئۇيقۇنى ئۆزەمگە ھارام قىلدىم' ــ دەپ يوغان گەپ قىلاتتىڭ. سەن ئۆزەڭگە ھارام قىلغان قايسى ئۇيقۇ ئۇ؟ مەن كىرگەندە سەن ھېچ نېمىدىن خەۋىرى يوق كىشىدەك خاتىرجەم ئۇخلاپسەنغۇ؟" ــ دەپ سوراپتۇ. كانىماكان ئەقلى ـ ھۇشىنى يىغىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

"ئەي مەلىكەم، قەلبىمنىڭ ئارزۇسى، چۈشۈمدە بولسىمۇ سېنى بۇرۇنراق كورەرمەنمىكىن دىگەن ئارزۇ بىلەن كوزۇمنى يۇمغان ئىدىم"— دەپتۇ كۈلۈپ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قىززى پاكان ئۇنى كايىپ، يېقىملىق سوزلەر بىلەن بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئىشقى ئەھلى ئۇيقىنى قىلماس ھەۋەس،
ئاشىق كىشى يارنى دەر، ئۇيقۇ دىمەس.
كىمكى ئاشىق، ئۇيقىدىن بولغاي يىراق،
بولمىسا، كۆل قىلدۇ دەردى-پىراق.

* * *

"ئىشقى يولىنى مۇشەققەت بىلەن،
باستىم" دەپ ئوقۇيەن شۇئار.
مۇھەببەتكە بولساڭدىك سادىق،
بولار ئىدىڭ تۈنلىرى بىدار.
شۇنى بىلگىن تاغامنىڭ ئوغلى،
ئاشىق كىرپىك قاقماي ئۆلتۈرار.

بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ، كانى ماكان ئۇيۇلۇپتۇ. خىجىللىقتىن كوزىدىن ياش قۇيۇلۇپتۇ. تاڭ ئېتىپ كۈن چىققىچە ئىككىسى جۇدالىق ئەلىمىدىن، غەمكىنلىك ۋە تەشنالىقتىن شىكايەت قىلىشىپتۇ، مۇڭدۇشۇپتۇ، قۇچاغلىشىپتۇ، بىر ئورۇندا يېتىشىپتۇ. كۈن چىققاندا، كانىماكان بىر نەچچە قېتىم چوڭقۇر "ئۇھ" تارتىپ، شۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

مۇيەسسەر بولدى ۋەسلى يار بۇ كېچە،
يورۇتتى دىلىمنى نۇرى دىدار بۇ كېچە.

ئېچىلدى غۇنچىدەك بۇ كوڭلۇم مېنىڭ،
كەتتى قايغۇ، بولدى بەختىيار بۇ كېچە.
يار يېنىمدا ياتتى خۇددى چولپاندەك،
ھىجران تۈننى قىلدى خار بۇ كېچە.

• • •

يىللار ئۆتتۈپ، كەلدىڭ يېتىپ ئەي يارىم،
چىشلىرىڭدىن ئۈلگە ئالسۇن ئۈنچە ـ مارجان.
سۈيۈپ لېۋىڭ، تۇتسام نازۇك بېلىڭدىن،
يۈزۈڭ بەردى يۈزۈمگە نۇر، تەنگە جان.
قىنىدىن چىققان قىلىچتەك پاقىراپ،
تاڭ شەپىقى ئارىمىزغا سالدى ھىجران.

كانىماكان بۇ شېئىرلارنى ئوقۇپ بولغاندا، قۇززى پاكان ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، ئۆز قەسرىگە قايتىپتۇ. قۇززى پاكان بۇ سىرنى كېنىزەكلىرىدىن بىرىگە ئېيتقان ئىكەن. ئۇ، كېنىزەك بۇ خەۋەرنى ناھايىتى چاققانلىق بىلەن شاھ ساسانغا يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ. شاھ ساسانى غەزەپلىنىپتۇ. قىلىچ يالىڭاچلاپ قۇززى پاكانىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلماقچى بولغان ئىكەن. بۇنىڭ ئۈستىگە قۇززى پاكانىڭ ئانىسى نۇزھەتۇززامان كىرىپ قاپتۇ. "ئۇنىڭغا تەگمە، ئەگەر بىرەر ۋەقە يۈز بەرسە، خەلق ئىچىدە گەپ ـ سۆزگە قالىمىز، سېنىڭ مۇتىھەملىكىڭ ئاشكارە بولىدۇ، باشقا شاھلار ئالدىدا تاپا ـ تەنىگە قالىسەن. كانىماكان خېلى ھالال يىگىت، نومۇسلۇق بالا. ئېيىپ بولىدىغان، يەرگە قارايدىغان ئىشنى ئۇ ھەرگىزمۇ قىلمايدۇ. ئالدىرىما، سەۋرى قىل! چۈنكى، ۋەزىر دەنداننىڭ ھەممە شەھەرلەردىن كوپلەپ ئەسكەر

يىغىپ كېلىپ، سېنى يېقىتىپ، كانىماكاننى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا شاھ قىلماقچى بولۇپ يۈركىنى ساراي ئەھلىگە ئايان. بۇ ئىشنى پۈتۈن باغدادلىقلار بىلىدۇ"—دەپتۇ. "ئەزىبىرايى خۇدا، مەن ئۇنى بىر بالاغا دۇچار قىلايكى، يەرگىمۇ كىرىپ كېتەلمىسۇن، ئاسمانغىمۇ چىقىپ كېتەلمىسۇن. مەن ئۇنى "مەملىكىتىمنىڭ ئاھالىسى يولەپ ئورنىدىن تۇرغۇزمىسۇن"—دەپ ئاسراپ، تۇرمۇشىنى ياخشىلىغان ئىدىم. ئەمدى ئۇنىڭ نىمە بولغىنىنى كورسەن!"—دەپتۇ شاھ. ئۇ، نۇزھەتۇززاماننى شۇ يەردە قالدۇرۇپ، مەملىكەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، ھوكۇمەت مەھكىمىسىگە چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ ۋەقەنىڭ ئەتىسىگە كانىماكان ئانىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ: "مەن سودىگەرلەرنىڭ يولىنى توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىشقا، ئۇلارنىڭ ئاتلىرى، ماللىرى، قۇللىرىنى، كېنىزەك-چورىلىرىنى، دىدەكلىرىنى ئالدىمغا سېلىپ ھەيدەپ كېلىپ، مال توپلاشقا نىيەت قىلدىم. شۇنداق قىلىپ، دۇنيانى كوپەيتىپ، ئەھۋالىمنى ياخشىلاپ، تاغام شاھ ساساننىڭ قىزى قۇززى پاكاننى ئۇنىڭدىن سورايمەن"—دەپتۇ. ئانىسى: "ئەي ئوغلۇم، بۇ ئىش بىزنىڭ شەنىمىزگە توغرا كەلمەيدۇ. ئادەملەرنىڭ ماللىرىمۇ ئىگىسىز، قوغدىغۇچىسىز بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ ماللارنى ئالىمەن دىسەڭ، قىلىچ ۋە نەيزە ئىشلىتىپ، شىر ۋە ئارسلانلارنى بىردەمدە يىقىتىشنى بىلىدىغان كىشىلەر بىلەن كۈرەش قىلىشىڭغا توغرا كېلىدۇ"—دەپتۇ ئۇنىڭغا جاۋاپ ئورنىدا سوزلەپ. كانىماكان: "تاكى مەقسىدىمگە يەتمىگىچە سوزۇمدىن يانمايمەن. بۇ يولدا يا مېنىڭ بېشىم كېتىدۇ، يا مەن مەقسىدىمگە يېتىمەن"—دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، كانىماكان قېرى دەللە سەئىداننىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى قۇززى پاكانغا توي-

لۇق ۋە ھەققى مېھرىنى تەييارلاش ئۈچۈن سەپەرگە چىقماقچى بولغانلىقتىن خەۋەردار قىلىپ جاۋاپ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. قېرى: "خوپ!" — دەپ، قۇززى پاكاننىڭ قېشىغا كېتىپتۇ ۋە يېرىم كېچىدە ئۇنىڭ كانى ماكاننىڭ ئالدىغا كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى خوشخەۋەرنى ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كانى ماكان يېرىم كېچىگىچە ئۇيقۇسىزلىق بىلەن تاقەتسىز ھالدا كۈتۈپتۇ. ئەندىشە بىلەن ئىشىككە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغاندا، تۈننى يېرىپ چىققان تولۇن ئايدەك قۇززى پاكاننىڭ: "بۇگۈن شۇكەمگىچە ئۇخلىماي ئولتۇرۇپسەن. بۇ جېنىم ساڭا پىدا بولسۇن" — دەپ كىرىپ كەلگەنلىگىنى بايقىماي قاپتۇ. كانى ماكان ئۇنىڭ ھورمىتى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ: "ئەي قەلبىمنىڭ ئارزۇسى، ساڭا يۈزلەنگەن ھەممە بالالارغا مېنىڭ جېنىم سەدىقە بولسۇن" — دەپتۇ. كېيىن بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئەي مەلىكەم مېنى قىلدى زارۇ - گىريان ئىشقىڭىز،
ئارىغا چۈشۈپ جۇدالىق قىلدى ھەيران ئىشقىڭىز.
ئاي يۈزۈڭىز يادى بىرلەن بولدى يۈرەك لەختە قان،
مەن غېرىپنىڭ دىلىنى قىلدى ۋەيران ئىشقىڭىز.

سىزدىن ئۈمىت ئۈزمىگەيمەن چۈشسىمۇ بېشىمغا تىغ،
قايتىدىن چوللەرگە تاشلاپ قىلسا سەرسان ئىشقىڭىز.
سىز ئۈچۈن تارتقان جاپا — مەن ئۈچۈن راھەت بولۇر،
تەشنا يۈرەكنى قاندۇرۇپ، قىلغايمۇ مېھمان ئىشقىڭىز.

ئۇ شېئىرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يىگىمدىن سەپەرگە چىقىشىنىڭ تەييارلىغىنى قىلىۋاتقانلىغىنى، بۇ سەپەردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىككى ئادرېسى

كۆتكەن مەقسىدىنى قۇززى پاكانغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. قۇززى پاكانىنىڭ كۆزىدىن ياش توختىماي ئېقىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ، كانى ماكان: "ئەي تاغامنىڭ قىزى، يىغلىما! مەن ئارىمىزغا جۇدالىق ئۇتىنى سالغان جاھاندارنىڭ ئۆزىدىن بىر-بىرىمىزنى يەنە قوشۇشنى تىلەيمەن" — دەپتۇ. ئاندىن ئىككىسى پات-يېقىندا كۆرۈشۈشنى تىلەپ، خەيرلىشىپتۇ. كانى ماكان سەپەر تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ، ئانىسىنىڭ ئالدىغا خوشلاشقىلى كىرىپتۇ. ئانىسى بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ خەيرلىشىپتۇ. ھوجرىسىغا كىرىپ، قىلىچىنى ئېسىپتۇ، سەللىسىنى ئوراپتۇ. قاتىل ئىسىملىك ئېتىنى مىنىپ، شەھەر كوچىسىغا چىقىپتۇ. شۇ تۇرقىدا، ئۇمۇ ئون توت كېچىلىك تولۇن ئايدەك تۇننى يورۇتۇپتۇ. باغدادنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ، ساباھى بىننى داباھىغا يولۇقۇپتۇ. ساباھى ئۇنى كۆرۈپ، يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ ئېتىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈپتۇ. كانى ماكان ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئاپتۇ. ساباھى: "ئەي بۇرادەر، سەن بۇ ئاتقا ۋە بۇ خىل ئېسىل كىيىملەرگە قايسى يول بىلەن يېتىشتىڭ؟ مەن تېخى شۇ قىلىچ بىلەن قالغاندىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئىگە ئەمەسمەن!" — دەپ سوراپتۇ. كانى ماكان: "ئۇۋچى ئۆزىنىڭ نىيىتىگە يارىشا ئولجىغا يېتىشىدۇ. سەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، بىر سائەت ۋاقىت ئۆتمەيلا، ماڭا بەخت يار بولدى. سەن مەن بىلەن بىللە يۈرۈشنى خالامسەن؟ نىيىتىڭنى خالىس قىلساڭ، شۇ سەھرادا بىللە يۈرسەك!" — دەپتۇ كانى ماكان. "ئۆزەمنى سېنىڭ قۇلۇڭ دەپ ھېساپلايمەن" — دەپتۇ ساباھى. كانى ماكاننىڭ ئالدىغا چۈشۈپ مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ قىلىچ بېغى بويىنىدا، خۇرجۇن، قالقىنى مۈرىسىدە ئىكەن. شۇنداق

قىلىپ، ئىككىسى توت كۈن سەھرا كېزىپتۇ. ئۇۋلىغان كىيىك گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەپ، بۇلاق سۇيىنى ئىچىپتۇ. بەشىنچى كۈنى ئىگىز بىر دۆڭگە يېتىشىپتۇ. دۆڭنىڭ ئىگى يايلاق بولۇپ، توگە، قوي، قارا مال، ئاتلار توپ ـ توپى بىلەن يايلاپ يۈرگەن ئىكەن. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، قوزى، تايلاق، موزاي، تايلارمۇ قىيىق ئېتىشىپ، جىبىشىپ ـ ئويناپ يۈرگەن ئىكەن. كانى ماكان بۇلارنى كورۇپ، سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ. ئۇرۇش قىلىپ، ئۇ ماللارنى تارتىۋالماقچى بوپتۇ. "كەل ساباھى، ئىگىلىرى تاشلاپ كەتكەن بۇ ماللارنى ئولجا قىلىپ ئالساق، ئىككىمىزنىڭ ھاجىتىگە ياراپ قالسا ھەجەپ ئەمەس" ــ دەپتۇ. ساباھى بۇ گەپنى ئاڭلاپ: "ئەي خوجام، بۇلارنىڭ ئىگىلىرى كۈچلۈك، ئۇلاردا ئاتلىق ۋە پىيادە ئۇرۇش قىلالايدىغان پالۋانلار بار. ئۇلار بىلەن تەڭلىشىمىز دىگەن بىلەن، بىز ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالساق، ئوزىمىز ھالاكەتكە ئۇچرايمىز" ــ دەپتۇ. كانى ماكان ئۇنىڭ بۇ سوزىگە كۈلۈپتۇ. ئۇنىڭ قورقۇنچاقلىغىنى بىلىپ، ئۇنى شۇ جايدا قويۇپ، ئوزى ماللارنى ھەيدەپ مېڭىش ئۈچۈن، دۆڭدىن پەسكە چۈشۈپتۇ ۋە بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

نوئمان خاندانىمەن، قىلاي قەسەمىيات،
قىلغايمىز بىز دۈشمەننى بەربات.

بولسا ئالدىمدا ئوت پۈركىگەن جەڭ،
ئۇنىڭغا بولۇمىز مىسالى لەھەڭ.

تېز ئۇخلار بىز بىلەن ياشىغان قىشلاق،
گادايلىق يۈزىنى كورمىگەي شۇنداق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

ئىشەنچىم كامىل، مېنىمۇ بىغەم —
قىلدۇ ھەممىنى ياراتقان ئىگەم.

شېھرىنى ئوقۇپ بولۇپ، كانى ماكان مەس بوغرىدەك ماللارغا ھۇجۇم قىپتۇ. توگە، قارا مال، قوي ۋە ئاتلارنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ ماڭغان ئىكەن، يوغان قىلىچ ۋە ئۇزۇن نەيزە كوتەرگەن قوللار پەيدا بوپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر باشلىغى بولۇپ، ئۇ ئۇرۇش ۋە ھۇجۇم قىلىشتا كۈچلۈك، نەيزە ۋە قالقان تۇتۇشقا ئۇستا، قىلىچ سېلىشقا ماھىر ئىكەن. ئۇ، كانى ماكانغا ھەيۋە قىلىپ: "بۇ ماللار كىمنىڭكى ئىكەنلىكىنى بىلسەڭ، بۇ ئىشنى قىلماس ئىدىڭ! بۇنىڭ رۇملۇقلارغىمۇ، چېركەسلەرگىمۇ تەۋە ئەمەسلىكىنى بىلىپ قوي! بۇ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى قورقماس پالۋانلار بولۇپ، ھەممىسى يۈز كىشىدىن ئىبارەت ئاتلىقلار. بۇلار ھېچبىر پادىشاغا بويسۇنمايدۇ. بۇلارنىڭ ياخشى بىر ئېتىنى ئوغرى ئېلىپ قاچتى. بۇلار شۇ ئاتنى تېپىپ قولغا كىرگۈزمىگىچە بۇ جايدىن قوزغالمايدۇ. بۇلار شۇنىڭغا كېلىشىپ، قەسەم قىلىشقان" — دەپتۇ. كانى ماكان ئۇنىڭدىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ: "سىزلەر ئىستەپ يۈرگەن ياخشى ئات مانا مېنىڭ تىگىمدىكى ئات شۇ. ئۇ، مېنى سىزلەر بىلەن جەڭ قىلىشقا ئېلىپ كەلدى. ئەمدى ھەممەڭلەر ماڭا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، كۈچ كورسىتىڭلار" — دەپ، ئاتنىڭ قولىغا ۋاقىراپ، دىۋىدەك گۈكىرەپ، ئاتلىقلارغا ھۇجۇم قىپتۇ. توغرا كەلگىنىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ، نەيزە بىلەن سانچىپ ھالاك قىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىككىنچى، ئۇچىنچى، تۇتىنچى پالۋانلىرىمۇ ئولۇپتۇ. شۇ چاغدا، ئاتلىق قوللارنىڭ ھەممىسى بىردىنلا كانى ماكانغا ئوملۇشۇپ ھۇجۇم قىپتۇ. كانى ماكان ئۇلارغا: "ئەي

هارامزەدىلەر، بۇ ماللارنى مېنىڭ ئالدىمغا سېلىپ بېرىڭلار! بول-
مىسا، مەن نەيزەمنى قېنىڭلار بىلەن بويايمەن" — دەپتۇ. قۇللار
ماللارنى تاشلاپ قېچىپتۇ. بۇنى كورگەن ساباھى خوشلىغىدىن تېرە-
سىگە سىغماي، هايهاي سېلىپ ۋاقىراپ، دوگدىن پەسكە چۈشۈپتۇ
ۋە كانىماكانىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. دەل شۇ چاغدا، بىردىنىلا چاڭ
كوتىرىلىپ ئۇنىڭ توزاڭلىرى ئالەمنى يېپىپتۇ، ئاسماننى قاپلاپتۇ.
چاڭنىڭ ئىچىدىن يىرتقۇچ ئارسلانلاردەك يۈز ئاتلىق پالۋان
چىقىپ كەپتۇ. ساباھى ئۇلارنى كورۇپ، دوڭگە قاراپ قېچىپتۇ.
ئۇ: "مەن ئۆيۈن-كۆلكىدىن باشقا نەرسىگە باتۇر ئەمەسمەن" —
دەپتۇ. هېلىقى يۈز ئاتلىق پالۋان كانى ماكاننى هەممە تەرەپتىن
قورشىۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى كانىماكانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
"ماللارنى قاياققا هەيدەپ ماڭدىڭ ئەي يىگىت؟!" — دەپ سوراپتۇ.
كانىماكان ئۇنىڭغا: "جەڭگە تەييارلان. بۇ ماللارنى ئالغۇچىنىڭ
جەڭگىۋار شىر، ئۇلۇغ باتۇر، ئوتكۇر قىلىچى بار پالۋانلىغىنى بىلىپ
قوي!" — دەپتۇ. كانىماكاننىڭ بۇ سوزىنى ئاڭلىغان پالۋان ئۇنىڭغا
تىكىلىپ قاراپتۇ. ئۇنىڭ غەيرەتلىك بىر شىر ئىكەنلىگىنى، يۈزى ئون
توت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك ئىكەنلىگىنى كورۇپتۇ. بۇ پالۋان مۇشۇ
ئەتراپتىكى يۈزدەك پالۋاننىڭ باشلىغى بولۇپ، ئىسمى قەهرىداش
ئىكەن. بۇ كىشى كانىماكاننىڭ يېتىشكەن باتۇرلا ئەمەس، بەلكى
خۇددى ئۇزىنىڭ مەشۇغى پاتىنىدەك چىرايلىق ئىكەنلىگىنى بىلىپتۇ.
پاتىن ياش ئاياللارنىڭ ئىچىدە ئەڭ گۈزەل بولۇپ، تەڭرى ئۇنىڭغا
تەرىپلەشكە تىل ئاجىز كەلگىدەك، كوزى چۈشكەن هەر بىر
كىشىنى هەيران قالدۇرغىدەك هوسن ۋە خۇلۇق بەرگەن ئىكەن.
بۇ هەقتە بىر شائىر مۇنداق دىگەن ئىكەن:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئارزۇ قىلار يۈزۈڭنىڭ نۇرىنى كۆكتىكى ئاي،
رەشكى كېلىپ غۇنچىنىڭ باغرى بولدى خۇن-جىگەر.
ئالەمگە غەۋغا سالۇر قېشىڭ بىلەن كۆزلىرىڭ.
ئاشىقىڭنىڭ بېشىغا چۈشتى شۇ دەم مىڭ خەتەر.
ھەر كىشى جامالىڭنى كۆرسە دېگەي بۇ سەنەم،
ئادەم ئەۋلادى ئەمەس، ھۆسنىدە ھۆردىن ئۆتەر.

پاتىنىڭ جامائەسىدىكى پالۋانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن قورقىدىكەن ۋە ئۇنىڭدىن ھېيىقىدىكەن. پاتىن: ”مەن مېنى مەغلۇپ قىلىپ يەڭگەن كىشىگىلا تۇرمۇشقا چىقىمەن“ — دەپ قەسەم قىلغان بولۇپ، قەھرىداش پاتىنىنى ئۆزىگە سوراتقۇزغانلاردىن بىرى ئىكەن. پاتىن ئاتىسىغا: ”مەيداندا جەڭ ۋە نەيزىۋازلىقتا مېنى مەغلۇپ قىلمىغان كىشى ماڭا يېقىن كەلمىسۇن“ — دېگەن ئىكەن. بۇ گەپنى قەھرىداش ئاڭلاپ، قىز بىلەن ئېلىشىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، يېڭىلىپ قېلىشتىن ئۈيۈلۈپ، ئۆزىنى تارتقان ئىكەن. بىراق، ئۆز ئاغىنىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا: ”سەن ياخشى خۇلقۇلۇق، سېنىڭ چىرايىڭمۇ كېلىشكەن. ئۇنىڭ بىلەن چېلىشساڭ، ئۇ، سېنىڭدىن كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەلۋەتتە سەن يېڭىسەن. چۈنكى، ئۇ، سېنىڭ ھۆسنى-جامالىڭغا قاراپ، سېنىڭدىن يېڭىلىپ قالىدۇ. سەن ئۇنىڭدىن شۇ چاغدىلا ئۈستۈنلۈككە يېتىشىسەن. ئاياللارنىڭ ئەرلەردىن نېمە كۈتىدىغانلىقىنى ئۆزەڭمۇ ئوبدان بىلىسەن“ — دېگەن بولسىمۇ، قەھرىداش قىز بىلەن چېلىشىشتىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچقان ئىكەن. ئۇ، كانى ماكانىنى كۆرگەندە، ئۇنى ”ئۆزەمنىڭ مەشۇغىم پاتىن ئەركىشىچە ياسىنىپ، مەن بىلەن كۈچ سىناشقىلى كەلگەن بولۇشى مۇمكىن“ — دەپ ئويلاپ قاپتۇ. ئۇ، پاتىنمۇ قەھرى-

داشنىڭ ھوسنى-جامالىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولغان دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان ۋە باتۇرلۇغىدىن ھېيىقىپ ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمىگەنلىكىنىمۇ ئۇققان ئىكەن. قەھرىداش ئۇزىنىڭ گۇمانى بىلەن كانىماكانىڭ ئالدىغا كېلىپ: ”بۇ ئىش ساڭا ئەيىپ ئەمەسمۇ. ئەي پاتىن؟ بۇ، ماڭا ئۇزەڭنىڭ باتۇرلۇغۇڭنى كورسىتىشكە كەلگەنلىكىڭمۇ؟ ئانداق بولسا، ئاتتىن چۈش! سەن بىلەن بىر سائەت سوزلىشىۋالاي! مەن پالۋان ۋە باتۇرلارنىڭ يوللىرىنى توسۇپ، بۇ ماللارنى توپلۇدۇم. بۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ مىسلىسىز ھوسنۇڭ، تەرىپكە سىققۇسىز جامالىڭغا ئاتالغان. ئۇز دىلىڭنى ماڭا بەرسەڭ، پادىشالارمۇ سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولىدۇ. سەن ئۇزەڭ شۇ يەرلەرنىڭ پادىشاسى بولىسەن“ — دەپتۇ. كانىماكان بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ناھايىتى غەزەپلىنىپتۇ: ”ھەي ئىتنىڭ بالىسى، مېنى سەن نەلەردىكى پاتىن دەپ گۇمان قىلما! جەڭگە تەييارلان! بولمىسا، ھازىرلا توپراققا قوشۇلىسەن“ — دەپلا ئىتىنى ئويىنۇتۇپ، دەرھال ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى پەيدا قىپتۇ. شۇ چاغدىلا قەھرىداش ئۇزىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ باتۇرنىڭ پاتىن ئەمەسلىكىنى، ئۇزىگە ئوخشاش چولنى كەزگۇچى جاھان پالۋىنى ئىكەنلىكىنى، ئۇزى ئۇنى پاتىن دەپ خاتا ئويلىغانلىغىنى سېزىپتۇ. چۈنكى، ئۇ، كانىماكانىڭ تېخى يېڭىلا خەت تارتقان ساقال-بۇرۇتلىرىنى كورۇپ قاپتۇ. شۇ چاغدا قەھرىداش ئۇز كىشىلىرىگە: ”نىمىگە قاراپ تۇرىسىزلەر. ئارىڭىزلاردىن بىرەر كىشى چىقىپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، ئوتكۇر قىلىچ ۋە قىرلىق نەيزە بىلەن جەڭنىڭ قانداق بولىدىغانلىغىنى كورسىتىپ قويالمامسىزلەر؟ نەيزىسىنىڭ قىرلىرى چوغ بولسىمۇ، بىر كىشىگە كوپچۇلۇكنىڭ ھۇجۇم قىلىپ تىغ سېلىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇيات!"ــ دەپتۇ. شۇ چاغدا پېشانىسىدا تەڭگىدەك بىر ئاق قاشقىسى بار، كىشىنى ئەجەپلەندۈرگىدەك قاپقارا بىر ئات مىنگەن بىر باتۇر كانى ماكانىڭ ئالدىغا ئېتىنى ئويىنۇتۇپ يېتىپ كەپتۇ ۋە كانىماكانغا ھۇجۇم قىپتۇ. شائىرنىڭ بۇ شېئىرى ئۇنىڭ ئېتىغا باپ كېلىدىكەن:

شۇ جەڭگىۋار ئات كەلدى يېنىغا،
يەر ـ كوكنى كومۇپ چاڭ ـ توزانغا.
شەپەق نۇرى چۈشكەندەك كوزگە،
تاڭ قىزىلى سىڭىپ كەتكەن قېنىغا.

ئاتلىق كېلىپلا كانىماكانغا ھۇجۇم باشلاپتۇ. كانى ماكانمۇ ئوزىنى راسلاپ، ئۇنىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇپتۇ. ئىككىلىسىنىڭ پېكىرلىرى چېچىلىپ، كوزلىرى ئېچىلىپ، بىردەم جەڭ قىلىشىپتۇ. كانى ماكان زەربە بىلەن بىر قىلىچ ئۇرغان ئىكەن، قالقان قېقىلىپ، قىلىچ باشقا تېگىپ، ئۇ پالۋاننىڭ بېشى يەرگە ئۈزۈلۈپ چۈشۈپتۇ. بەدىنى ئاتتىن يىقىلىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەيدانغا چۈشكەن بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى ۋە بەشىنچى پالۋانلارمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يەرگە ئېغىناپ چۈشۈپتۇ. كانىماكاننىڭ كۈچىنى كورگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىردىنلا ھۇجۇمغا ئوتۇپتۇ. ئۇزۇن ئوتمەي، كانىماكان ئۇلارنىڭمۇ بىر مۇنچىسىنى نەيزىگە سانچىپ، ئاتتىن ئاغدۇرۇپ تاشلاپتۇ. بۇ ھالنى كورگەن قەھرىداش قورقۇپ قاپتۇ. كانىماكاننىڭ پالۋانلىقىغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا: "مەن سېنىڭدىن ئادەملىرىمنىڭ قېنىنى تەلەپ قىلمايمەن. خۇنۇڭدىن ئوتتۇم. بۇ ماللاردىن خالىغىنىڭنى ئېلىپ

ئوز يولۇڭغا ماڭ! ئوزەڭ چىرايلىق ياش يىگىت بولغىنىڭ ئۈچۈن، رەھمىم كەلدى. سېنىڭمۇ كۆن كورۇشۇڭنى تىلەيمەن"ـــ دەپتۇ. كانى ماكان ئۇنىڭغا: "بۇ مۇئامىلەڭگە باركاللا! لېكىن، سەنمۇ بۇ گەپلىرىڭنى قوي! ئادەملىرىڭنىڭ تەنىسىگە قارىماي، ئوزەڭنىڭ جېنىنى ئېلىپ قاچ! ئېلىنغان ئولجىلار قايتۇرۇلمايدۇ. ئۇنىڭدىن ئۈمىت كۈتمە! ئوزەڭنى قۇتقۇزۇشنىڭ پېيىگە چۈش"ـــ دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قەھرىداش غەزەپ بىلەن: "ئەپسۇسكى، سەن تېخى مېنىڭ كىملىگىمنى بىلمەيدىكەنسەن! ئەگەر بىلسەڭ، بۇنداق قاتتىق گەپلەرنى قىلماس ئىدىڭ! مېنى بىلمىگەن بولساڭ، ياخشى بىلىپ قوي! ئۇلۇغ پادىشالارنى تالىغان، يولۇچىلارنىڭ يولىنى توسۇپ، كارۋانلارنىڭ مېلىنى بۇلىغان قەھرىداش نامى بىلەن ئاتىلغىم چىققان، قۇدرەتلىك شىردەك باتۇر بولىمەن. مەن تىگىڭـ دىكى ئاتنى تونۇدۇم. ئۇ ئاتنى بىز ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويۇپ، ئۇنى ئىستەپ يۈرگەن ئىدۇق. بولمىسا، مېنىڭ ئېتىمنىڭ چېكىمىمۇ يىتىشەلمەس ئىدىڭ. ئەمدى، سەن ماڭا شۇنى ئېيتىپ بەرگىن: بۇ ئات قانداقلارچە سېنىڭ قولۇڭغا چۈشۈپ قالدى؟"ـــ دەپتۇ. "بۇ ئاتـــ دەپتۇ كانى ماكانـــ تاغام شاھ ساسانىنىڭ ئالدىغا كېتىپ بارغان قېرى دەللە زاتۇد داۋاھىنىڭ تېگىدە ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئوندەك قول ۋە ئۇنىڭدىن باشقا قاراـ ۋۇل ھەم قوغدىغۇچىلارمۇ بار ئىدى. سەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ بۇ ئاتنى تارتىۋالغانسەن. مېنىڭ بوۋام شاھ ئومەر ئىبنى نوئمان ۋە تاغام شاھزادە شەررىكان ئۈچۈن ئۇلاردىن ئوچ ئېلىنىشىمىز كېرەك ئىدى ...". قەھرىداش بۇ سوزنى ئاڭلاپ، كانى ماكانىنىڭ سوزىنى بولۇپلا: "ئەي باتۇر يىگىت، سېنىڭ ئاتاڭ كىم؟ بوۋاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىم؟ سىنىڭ ئاناڭ يوقمۇ؟ نىمە ئۈچۈن بۇ يەرلەردە يالغۇز يۈرسەن؟" — دەپ سوراپتۇ. كانى ماكان ئۇنىڭغا: "بوۋام — شاھ ئۆمەر ئىبنى نوئمان، ئاتام — شاھ زۇئۇلماكان. مېنىڭ بۇ چۆللەردە كېزىپ يۈرۈشۈمگە كەلسەك، بۇنىڭغا ئىچىمنىڭ تارلىغى كەلمسۇن" — دەپتۇ. قەھرىداش بۇنى ئاڭلاپ: "كۈچ - قۇۋۋىتىڭ، پەھلىۋانلىغىڭ، ھوسنى - جامالىڭغا بارىكاللا! ئەمدى قورقماي ئۆزەڭنىڭ يولۇڭغا مېڭىۋەر، مەن ساڭا ئامانلىق بەردىم. چۈنكى، سېنىڭ ئاتاڭ پەزلەتلىك ۋە قولى ئوچۇق ئادەم ئىدى" — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كانى ماكان: "ئەي جاھىل! بۇ سوزلىرىڭ ئۈچۈن سېنى كەچۈرەلمەيمەن" — دىگەن ئىكەن، قەھرىداش تېرىكىپ كېتىپتۇ. ئاندىن غەزەپلىنىپ، جەڭگە چۈشۈپتۇ. ئىككىلىسى بىر - بىرىگە تىغ سېلەشىپ، قاتتىق جەڭ قىلىشىپتۇ. ھەتتا ئاستىدىكى ئاتلىرىمۇ قولاقلىرىنى قەلەم، قۇيرۇقلىرىنى ئەلەم قىلىشىپ، بىر - بىرىگە خىرىسلىشىپ، ئالدى ئاياقلىرىنى كوتىرىشىپتۇ، كىشنەپ تىك بولۇشۇپتۇ. پالۋانلار بىر - بىرىگە قاتتىق زەربە بىلەن تىغ ئۇرۇشۇپتۇ. ھەتتا بۇ تىغنىڭ زەربىسىنى ھەر بىرى "ئاسمان كومتۇرۇلۇپ بېشىمغا چۈشۈۋاتامدۇ — نىمە؟" — دەپ ئويلۇشۇپتۇ. كېيىن ئۇسكەك قوشقارلاردەك، بىر - بىرىگە ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل كېلىپ تۇرۇپ، نەيزە سانچىشىپتۇ. قەھرىداش كانى ماكانغا نەيزە سانچىغان ئىكەن، ئۇ، چاققانلىق بىلەن سول يېنىدىن ئوتكۇزىۋېتىپتۇ. نەيزە سانچىش نوۋىتى قەھرىداشتىن ئوتۇپ كانى ماكانغا كەلگەندە، ئۇ، قەھرىداشنىڭ كوكسىنى نىشانلاپ تۇرۇپ نەيزە سانچىغان ئىكەن، ئۇ، بۇنى رەت قىلالماپتۇ. كۈچ بىلەن سانچىلغان نەيزە مەيدىسىدىن كىرىپ ئارقىسىدىن چىقىپتۇ. كانى ماكان: "ئاتلار بىلەن ماللارنى

يىغىپ ھەيدەڭلار!"— دەپ ئۇنىڭ قۇللىرىغا پەرمان بېرىپتۇ. شۇ چاغدىلا، ساباھى دوگىنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ، كانى ماكانىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ: "ئەي زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى، ناھايىتى ياخشى ئىش قىلدىڭ! سېنىڭ غالىپ بولۇشۇڭغا ياراتقۇچىمدىن مەدەت تىلەپ، دۇئا قىلىپ تۇرغان ئىدىم. تەڭرىم دۇئايىمنى قوبۇل قىلىپ، سەن ئۇنى يېڭىپ ئۆلتۈردۈڭ"— دەپتۇ. ئاندىن قەھرىداش- نىڭ ئۆلۈگىنىڭ قېشىغا كېلىپ، قىلىچى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى كې- سىپتۇ. بۇ ئىشنى كۆرگەن كانى ماكان كۈلۈپ تۇرۇپ، "ئەي ساباھى، سەندەك يىگىتكە ئۆلگەن ئۆلۈك بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىش نومۇس ئەمەسمۇ؟! سېنى مەن نەيزىۋاز، ئۇرۇشقا ياراملىق پالۋان دەپ ئويلىغان ئىدىم"— دەپتۇ. ساباھى بوينىنى قىسىپ تۇرۇپ: "بۇ ئولجىدىن مېنىڭمۇ ھاجىتىمنى چىقار- غىدەك نىسۋە بولۇپ بېرىشىڭنى سورايمەن. مەن سېنىڭ بەرگەن بۇ ماللىرىڭ بىلەن ئاغامنىڭ قىزى نەجمىگە ئويلىنۇۋالاي"— دەپتۇ. كانى ماكان ئۇنىڭغا: "ئەلۋەتتە، بۇنى بولغەندە ساڭا ھاجىتىڭدىن چىققىدەك ئولجا بولۇپ بېرىمەن. لېكىن، سەن ھازىر بۇ قۇللارغا ئولجىلارنى باغدادقا قارىتىپ ھەيدىتىپ ماڭ ۋە ئۇلارنى قوغداپ ماڭ!"— دەپتۇ. شۇ سوزدىن كېيىن، كانىماكان باغدادقا قاراپ مېڭىپتۇ. كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، باغدادقا يېتىپ بېرىپتۇ. شەھەر ئاھالىسى ۋە ئەسكەرلەر كانى ماكانىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىگىنى ئاڭلاپتۇ. ئېلىپ كەلگەن ئولجىلىرىنى كۆرۈشكە بىغىلىپتۇ. قاراقچى قەھرىداشنىڭ بېشى ساباھىنىڭ نەيزىسىنىڭ ئۇچىدا كېلىۋاتقىنىنى خەلق كۆرۈپتۇ. سودىگەرلەر قەھرىداشنىڭ بېشىنى تونۇپ، كارۋان يولىنىڭ ئۇنىڭدىن قۇتۇلغانلىقىغا خوش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇشۇپتۇ. "تەڭرى بىز يولۇچىلارنى بۇ يول توسقۇچى قاراقچىدىن قۇتۇلدۇرۇپتۇ. بۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىز ئۈچۈن ئاجايىپ چوڭ ئىش ۋە زور بەخت" — دېيىشىپتۇ ئۇلار. ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، كارۋان يولىنى خاتىرجەم قىلغىنى ئۈچۈن، سودىگەرلەر كانىماكاننىڭ ھەققىگە دۇئا قىلىشىپتۇ. باغدادلىقلار كانى ماكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، بولغان ۋەقەلەرنى سوراپتۇ. ئۇنىڭ قىلغان جەڭلىرىنى ئاڭلاپ، ھەممىلىرى ئەجەبلىنىپتۇ. شەھەرنىڭ باتۇر ۋە پالۋانلىرى كانى ماكاندىن چوچۇپتۇ. كانىماكان ئولجىغا ئالغان بارلىق چارۋا ماللىرىنى شاھ ساساننىڭ قەسرىنىڭ تېگىگە ھەيدىتىپ بېرىپتۇ. قەھرىداشىنىڭ كاللىسىنى سانچىغان نەيزىنى شاھ ساساننىڭ ئىشىگىنىڭ ئالدىغا تىرەپ قويۇپتۇ. ئات، كالا، توگە، قوي سورىغانلارغا سورىغانلىرىنى بېرىپتۇ. باغداد ئاھالىسىنىڭ دىللىرى ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ، ئۇنى باشقىدىن ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. كانىماكان ساباھىغىمۇ ئارزۇسىغا لايىق مال بېرىپ، ئۆز يۇرتىغا كەتكىچە، ئۇنى ئۆزىنىڭ قەسرىنىڭ يېنىدىكى كەڭ بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، دەم ئېلىشقا قويۇپتۇ، ئۆزى ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، كۆرگەن ۋە قىلغان ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ گەپلەر شاھ ساساننىڭ قۇلىغىمۇ يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ، خالى ئۆيگە كىرىپ، ئۆز يېقىنلىرىنى يىغىپ، يوشۇرۇن كېڭەش ئۆتكۈزۈپتۇ. "ھەممەڭلار ئاڭلاڭلار! ھازىرغىچە دىلىمدا يوشۇرۇن ساقلاپ كەلگەن سىرىمنى سىزلەرگە ئېيتىمەن. كانىماكان بىزنىڭ يۇرتتىن ھەيدىلىشىمىزگە سەۋەپچى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ قەھرىداشتەك ئاتاغلىق پالۋان قاراقچىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ قۇللىرىنى ئۆزىگە تارتىۋاپتۇ، مال-دۇنياسىنى ئولجا قىلىپ ئېلىپ كەپتۇ.

بۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرى بىزنىڭ ھالاكىتىمىز بىلەن تۈگەيدۇ. ئەس-
كەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئۇنىڭغا يېقىن
كىشىلەر. ۋەزىر دەنداننىڭ ئىمە ھەركەتلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى
سىزلەر ئوبدان بىلىسىزلەر. ئۇ، مېنىڭ ياخشىلىقلىرىمنى، قىلغان
ھەدىيەلىرىمنى ئۇنۇتتى. ماڭا خىيانەت قىلماسلىق ھەققىدە بەرگەن
قەسىمىنى بۇزدى. ئاڭلىشىمچە، ئۇ تۈرلۈك خەلقلەردىن ۋە ھەر
قايسى شەھەرلەردىن كۆپلىگەن ئەسكەرلەرنى توپلاپتۇ. ئۇنىڭ
مەقسىدى مېنى يىقىتىپ، ئورنۇمغا كانى ماكاننى شاھ قىلىپ كۆ-
تەرمەكچى. چۈنكى، شاھلىق ئۇنىڭغا ئاتا-بوۋىسىدىن مىراس
قالغان ئىمىش. مېنى تەختتىن چۈشۈرسە، مېنى قويماي ئۆلتۈ-
رۈشى تۇرغان گەپ"— دەپتۇ. شاھ ساساننىڭ يېقىن كىشىلىرى بۇ
گەپنى ئاڭلاپ: "كانىماكانغا بۇنچىلىك ئېتىۋار بېرىشكە ئەرزى-
مەيدۇ. بىز ئۇنىڭ سېنىڭ تەربىيەڭدە ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ،
سېنىڭ يۈزۈڭنىلا ھۆرمەت قىلىپ كەلدۇق. بولمىسا، ئۇنى ئاللا-
قاچان ئەدەپلىگەن بولاتتۇق. بىز ھېلىمۇ خىزمىتىڭگە تەييارمىز.
ئەگەر ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇساڭ، ھازىرلا ئۇجۇقتۇرىمىز. مۇبادا
كۆزۈڭدىن يىراق قىلىشنى خالىساڭ، ئۇنى ئىككىنچى بۇ تەرەپكە
قارىمىغىدەك قىلىپ يولغا سېلىپ قويىمىز. ئىختىيار سەندە. نىمىنى
بۇيرۇساڭ شۇنى قىلىشقا بىز تەييار"— دەپتۇ. شاھ ساسانى ئۇلارنىڭ
گېپىنى ئاڭلاپ: "كانىماكاننىڭ قوغلاندى قىلىنىپ دۈشمەنلىرى-
مىزنىڭ قوينىغا ئىتتىرىلگىنىدىن ئۆلتۈرۈلگىنى ياخشى. لېكىن،
سىلەرنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچڭلارنى ئايان قىلىش ئۈچۈن، چىن
كۆڭلۈڭلەردىن سۆز بېرىپ، قەسەم قىلىشڭلارنى سورايمەن"—
دەپتۇ. شۇ چاغدا شاھنىڭ يېقىن كىشىلىرى: "بىز ئەلۋەتتە ئۇنى

ئۆلتۈرۈپ، سېنى خاتىرجەم قىلىمىز، — دەپ قەسەم بېرىشىپتۇ ۋە، — بىز ئۇنى ئۆلتۈرسەك، ۋەزىر دەلدان كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلايدۇ، ئۇنىڭمۇ ئۈمىدى يوققا چىقىپ، كۆچى ئاجىزلىشىدۇ، مەقسىدىگە يېتەلمەيدۇ. بىز بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن قايتىدۇ" — دېيىشىپتۇ. شاھ ساسانىنىڭ يېقىن كىشىلىرى شاھقا ۋەدىمۇ بېرىشىپتۇ. ئۇنى ئىشەندۈرگەندىن كېيىن، شاھنىڭ كۆڭلى ئارام تېپىپ، بىر ئاز دەم ئېلىش ئۈچۈن، ئۇ، ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

قۇززى پاكان كانى ماكاننى ئۆلتۈرۈشكە قارار قىلىشقىنىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى غەمگە پېتىپتۇ. تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋە سۆيۈملىكى بولغان كانى ماكاندىن خەۋەر ئېلىپ كېلىپ يۈرىدىغان سەئىدانە دىگەن قېرى ئايالنى قىچقىرىپتۇ. قېرى قۇززى پاكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ كانى ماكاننىڭ ئالدىغا بېرىپ بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ. قېرى ئايال بۇ يەردىن چىقىپ، كانى ماكاننىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ. كانى ماكان بۇ قېرىنى كۆرۈپ، سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ. قېرى ئۇنىڭغا قۇززى پاكاندىن ئاڭلىغان خەۋەرنى ئۆز ئەينى بويىچە يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ. كانى ماكان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، قېرى ئايالغا: "تاغامنىڭ قىزىغا مېنىڭدىنمۇ سالام ئېيتىڭ! ۋە 'يەر، دۆلەت ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ. ئۇ، بەندىلىرىدىن كىمنى شاھ قىلىشنى خالىسا، شۇنىڭ ئورنىنى كۆتىرىدۇ، شاھ قىلىدۇ' — دىدى دەپ ئېيتىڭ. بۇ ھەقتە بىر شائىر مانا مۇنداق دەپ شېئىرمۇ يازغان، بۇنىمۇ ئاڭلىغاچ كېتىڭ" — دەپتۇ ۋە بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

كىشىگە شاھلىق ئاتايى خۇدا

مەملىكەت ئىررۇر سارايى خۇدا.

كىمنى خالىسا بەرگەي شاھلىقنى،
شاھنى يىقىر قىلۇر جازايى خۇدا.
بۇ جاھان ـ ئۇ جاھاننىڭ ئىگىسى تەڭرى،
ئىنكار قىلسا، قىلۇر سازايى خۇدا.
قىلمايمەن يامانلىق كىشى قىلسىمۇ،
يىقىردەك غېرىپنىڭ پانايى خۇدا.

• • •

خۇدا ئۆزى ھوكۇمراندۇر كىم قىلسا گۇنا،
ھەيدەر ئۇنى دەۋزەخكە خالىغان چاغدا.
يامانلىق بىلەن بولسا ھوكۇمران كىشى،
خۇدانىڭ ئۆزى بېرەر ئۇنىڭغا جازا.

قېرى ئايال قۇززى پاكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، كانى ماكاننىڭ ئېيتقان سوزلىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئالدىدا خاتىرجەم ئىكەنلىگىنى سوزلەپ بېرىپتۇ. شاھ سامانى كانى ماكاننى يوشۇرۇن ئولتۇرۇش ئۇچۇن كەينىگە ئادەم سېلىپ قويۇپتۇ. ئۇلار كانى ماكاننىڭ باغدادتىن تاشقىرى چىقىشىنى كۇتۇشۇپ يۇرۇشۇپتۇ. شۇ كۇنلەردە كانى ماكان شىكارغا چىقىپتۇ. ساباھى كېيىنكى كۇنلەردە ئۇنىڭدىن كېچە ـ كۇندۇز ئايرىلمايدىغان بولۇپ ئۇگىنىپ قالغان ئىكەن. بۇ نوۋەت ئۇمۇ شىكارغا بىللە چىقىپتۇ. كانى ماكان ئون كىيىك ئۇۋلاپتۇ. كىيىكلەردىن بىرى ھەدەپ ئوڭ ۋە سولغا قاراۋېرىپتۇ. كانى ماكان ئاتلىق قوغلاپ يۇرۇپ ئۇنى ئاغامچا تاشلاپ سالما بىلەن تۇتقان ئىكەن. كانى ماكان ئۇنى بۇ ھالدا كورۇپ دەرھال يېشىپ قويۇپ بېرىپتۇ. شۇ چاغدا ساباھى، "ئەي باتۇر يىگىت، بۇنى نىمە ئۇچۇن قويۇپ بەردىڭ؟!" ـــ دەپ سوراپتۇ. بۇ گەپكە كانى ماكان كۇلۇپ قويۇپ، تىرىك تۇتۇلغان كىيىكلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەممىسنى يىشىپ قويۇپ بېرىپتۇ. "ئوغلاقلىق كىيىكلەرنىڭ بىرەر-
سىنىمۇ تۇتماسلىق لازىم. تۇتۇلغان بولسا قويۇپ بېرىش ئادىمگەر-
چىلىكنىڭ مۇھىم بىر بەلگۈسى. ئوغلىغى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ. ئوك
ۋە سولغا قاراپ تەلمۈردى. ئۇنى كورۈش ۋە ئىمتىشنى ئارزۇ قىلدى.
مەنمۇ ئۇنى بالىسىدىن ئايرىشنى لايىق كورمەي ئۇنى قويۇپ بەر-
دىم ۋە ئەشۇ ئانا كىيىكنىڭ ھورمىتى ئۈچۈن باشقا تىرىك
تۇتۇلغان كىيىكلەرنىمۇ قويۇپ بەردىم"—دەپتۇ. شۇ چاغدا ساباھىمۇ:
"مېنىمۇ قويۇپ بەرسەڭ. قېرىنداشلىرىم ئالدىغا بارسام، سېنىڭ
بەرگەن ماللىرىڭنى بېرىپ، نەجمىنى تاغامدىن قايتا سورىسام"—
دەپتۇ. كانى ماكان نەيزىنىڭ دەستىسى بىلەن ئۇنىڭ كوكرىكىگە
ئۇرغان ئىكەن. ساباھى ئېتىدىن موللاق ئېتىپ يەرگە چۈشۈپتۇ.
ئىلاندەك تولغۇنۇپتۇ. بۇلار شۇنداق چاخچاق قىلىشىپ تۇرغاندا،
بىردىن يىراقتىن چاڭ-توزاڭ كوتىرىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىن ئاتلىق
پالۋان ۋە باتۇرلارنىڭ كىيىملىرىنى كەيگەن كىشلەر چىقىپ كەپتۇ.
بۇلار ئەسلىدە بىر گۇرۇھ ئادەملەر بولۇپ شاھ ساسانى ئۇنىڭغا
ئىشەنگەنلىكىدىن كانى ماكاننى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئىشىغا قويغان
ئىكەن. بۇلار كانى ماكان شىكارغا ماڭغاندا شاھ ساسانىغا: "كانى
ماكان ئوۋغا ماڭدى" دەپ خەۋەر قىلغان ئىكەن. شاھ ساسانى
دەيلەملىكلەردىن بولغان جامىئى دىگەن بۇ كىشىگە يەنە يىگىرمە
ئادەمنى قوشۇپ كانى ماكاننىڭ كەينىدىن ماڭدۇرۇپ ئۇنى تاپقان
يەردە ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇلار كانى ماكانغا يېقىن كېلىشىپ
ھۇجۇم قىلىشىپ باراۋەر تىغ سالپتۇ. كانى ماكانمۇ بوش كەلمەي
بىردەمدىلا بىرسىنىمۇ قالدۇرماستىن قىرىپ تاشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ
ئارقىسىدىن شاھ ساسانىمۇ ئۆزىنىڭ كىيىمىنى ئۆزگەرتىپ كېلىپ

ئاتلىق تاماشا كورمەكچى بولغان ئىكەن. قارىسا ئەۋەتكەن باتۇر-لىرىنىڭ بىرسىمۇ تىرىك قالمىغان. ھەيران بولۇپ ئارقىسىغا يېنىپ قېچىپ ماڭغان ئىكەن. يولدا كىشىلەر ئۇنى "ئوغرى" — دەپ ئويلاپ گۇمان بىلەن تۇتۇپ باغلاپ قويۇپتۇ. كانى ماكان ساباھى بىلەن قايتىپ كېلىۋېتىپ يولدا ئىشىگىنىڭ تۈۋىدە تۇرغان بىر يىگىتنى كورۇپتۇ. ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ سالام بېرىپتۇ. ئۇ يىگىت سالامنى ئىلىك ئېلىپ جاۋاپ بېرىپ ئويىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇزاق ئوتمەي ئىككى قاچا كوتىرىپ چىقىپتۇ. قاچىنىڭ بىرسىدە سۇت، يەنە بىرىدە توغرالغان نان بار ئىكەن. سۇتنىڭ ئۇستىدە قايمىغى بار ئىكەن. يىگىت قاچىنى كانى ماكاننىڭ ئالدىغا قويۇپ: "مەرھەمەت قىلىپ بىزنىڭ بۇ تامىقىمىزدىنمۇ تېتىپ كورۇڭ. ئەي ئەزىز مېھمان" — دەپتۇ. كانى ماكان ئۇنى يېيىشتىن تارتىنىپتۇ. بۇنى كورۇپ ئۇ يىگىت "ھەي بۇرادەر ئەزىز، بۇ تاماقنى نىمىشقا يىمەيسىز؟" — دەپ سوراپتۇ. كانى ماكان: "باشقا كىشىنىڭ تامىغىنى يىمەسلىككە ۋەدە قىلغانمەن" — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇ سوزنى ئاڭلىغان يىگىت: "بۇنداق قىلىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نىمە؟" — دەپ سوراپتۇ. كانى ماكان ئۇنىڭغا: "ئۇنىڭ سەۋەبى مانا بۇنداق. شاھ ساسانى ئىسىملىك بىر كىشى ماڭا دۇشمەنلىك قىلىپ مەملىكىتىمنى مەندىن تارتىۋالدى. بۇ مەملىكەت ئەسلىدە بۇرۇندىن تارتىپ مېنىڭ بوۋام ئومەر ئىبنى نوئمان ۋە دادام شاھ زۇئۇلماكاندىن ماڭا مىراس قالغان ئىدى. ئاتام ئولگەندە مەن كىچىك ئىدىم. ئاتام مېنىڭ كىچىكلىكىمنى نەزەردە تۇتۇپ مەن چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكىچە مېنىڭ ئورنۇمدا شاھلىق قىلىپ تۇرۇشنى ساسانىغا ئېيتقان ئىكەن. لېكىن ئۇ ئاتام ئولگەندىن كېيىن مېنى كوزىگە ئىلماي زورلۇق بىلەن

هوكۇمرانلىق قىلماقتا. مەن بۇ ئىشلارنى بىلگىنىمدىن كېيىن: "ماڭا دۈشمەنلىك بىلەن زورلۇق قىلغۇچىدىن ئۆچ ئېلىپ كۆڭلۈمنى تىنجىتمىغىچە باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ تامىقىنى يىمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغانىمەن" ـــ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. "سۆيۈنچى بەرگىن ئەي يىگىت، تەڭرى تىلىگىڭنى بەردى. ساسانىنى بۇ يەردىكىلەر ئوغرىلىقتا ئېيىپلاپ، تۇتۇپ زىندانغا قاماپ قويدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھېچكىم ئېتىۋار قىلمىدى. مۇشۇنداق تۇرىۋەرسە، ئۇ يېقىن ئارىدا ئۆلسە كېرەك" ـــ دەپتۇ يىگىت. "ئۇ قەيەردە قاماقتا؟" ـــ دەپ سوراپتۇ كانى ماكان. يىگىت: "ئەنە، ئاۋۇ تار گۈمبەزنىڭ ئاستىدىكى شام گوردا" ـــ دەپ قولى بىلەن كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. كانى ماكان ئىگىز گۈمبەزلىك يەرگە كېلىپ، ئىچىگە كىرىپ قارىغان ئىكەن، ئادەملەرنىڭ ئۇ يەرگە بىر ـ بىرلەپ كىرىپ بىر كىشىنىڭ يۈزىگە شاپىلاق بىلەن ئۇرۇپ سوراق قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ بىچارىلىك ھالەتكە چۈشۈپ، ئۆلۈم ئازاۋىدا ياتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن كانى ماكان ئۇ يەردىن قايتىپ چىقىپ، گۈمبەزنىڭ ئەتراپىنى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ. كېيىن قايتىپ بېرىپ، يىگىتنىڭ ئۆيىدە تاماق يەپتۇ. گۆشنىڭ ئېشىپ قالغىنىنى خالتىسىغا ساپتۇ. تاكى قاراڭغۇ چۈشۈپ ئۆي ئىگىسى يىگىت ئۇخلاپ قالغىچە ئۆيغاق ئولتۇرۇپتۇ. كېيىن ئاستا ساسانىنى قاماپ قويغان گۈمبەزگە قاراپ مېڭىپتۇ. ساسانىنى كېچىسى ئىتلار ساقلايدىكەن. شۇ ئىتتىن بىرى ئۇنىڭغا ئېتىلىپ يېقىن كەپتۇ. كانى ماكان خالتىسىدىكى گۆشدىن بىر پارچىسىنى ھېلىقى ئېتىلىپ كەلگەن ئىتقا تاشلاپ بېرىپتۇ. باشقا ئىتلارغىمۇ گۆش پارچىلاپ تاشلاپ بېرىپتۇ. ئاخىرى ئىتلارنى تىنجىتىپ ھېلىقى گۈمبەزنىڭ ئىچىدىكى شام

گورغا كىرىپتۇ. شاھ ساساننىڭ قېشىغا بېرىپ قولىنى بوشاتقان ئىكەن. "كىمسەن؟!" — دەپ ۋاقىراپ كېتىپتۇ. "سەن يوشۇرۇن قەسلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان كانى ماكانمەن، سېنىڭ تېرىغان پىتنە - پاسات زۇلۇملىرىڭ ئاخىرى كېلىپ ئۆزەڭنى ھالاكەت گىر-داۋىغا تاشلىدى. بۇ سېنىڭ باشقىلارغا سالغان زۇلمىڭنىڭ مۇكاپاتى. كىشىگە قىلساڭ، ئۆزەڭگە يانار دىگەندەك، ئەسكىلىكىڭ بېشىڭغا كۆلپەت ساپتۇ. مەملىكىتىمنى، ئاتا - بوۋامنىڭ يەر - سۇلىرىنى تارتىۋېلىپ بىزنى پېقىرلىققا چۈشۈرۈپ قويغۇنۇڭ يەتمىگەندەك، مېنىڭ ئارقامغا كىشى سېلىپ، يوشۇرۇن ئۆلتۈرمەكچى بولدۇڭ. ئەمدى بۇ ئىشلىرىڭغا نىمە دەيسەن؟!" — دەپ سوراق قىپتۇ كانى ماكان. ساسانى قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ھەر-كەت قىلمىغانلىقىغا، بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى يالغاندىن توقۇلغان ئىغۋا ئىكەنلىكىگە قەسەم ئىچىپتۇ. كانىماكان ئۇنىڭ يالغان قەسىمگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇنى بوشۇتۇپ: "مېنىڭ كەينىمدىن ماڭ!" — دەپتۇ. ساساننىڭ بىر قەدەممۇ چامدىغۇچىلىك دەرمانى يوق ئىكەن. ئۇنى كۆرۈپ: "ئۇنداق بولسا، مەن ساڭا يەنە بىر ئات يانداپ كېلەي. بىز ئۈچ ئاتلىق بولۇپ، سەھراغا چىقىپ كېتىمىز" — دەپتۇ ۋە دىگىنىنى قىلىپ، ئۈچى ئۈچ ئاتتا سەھراغا قاراپ قېچىپ مېڭىپتۇ. تاڭ ئاتقىچە يول يۈرۈپتۇ. دەم ئالماي، مول يۈرۈپتۇ. ئەتىسى بىر باققا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۈچ كىشى نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن: "مەندە ئوگەي قىزىڭنىڭ تويلىغى ۋە ھەققى مېھرى قالدىمۇ؟" — دەپ سوراپتۇ. ساسانى "ياق!" — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. كانى ماكان ساسانغا: "سېنىڭ كوڭلۇڭدە مېنى ياقتۇرمايدىغان يەنە بىرەر

ئىش ۋە گۇمانىڭ بارمۇ؟" — دەپ سوراپتۇ. ساسانى: "ئەزبىرايى خۇدا، ئۇنداق ئىش يوق!" — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن باغدادقا قايتىپ مېڭىش توغرىسىدا قارار قىلىشىپتۇ. "باغداد ئەھلىنى خەۋەرلەندۇرۇش ئۈچۈن مەن بۇرۇنراق باراي" — دەپتۇ ساباھى ئالدىراپ. ئۇلار ماقۇل بوپتۇ. ساباھى باغدادقا كېلىپ، چوڭ-كىچىك ھەممىنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىپتۇ. باغداد ئەھلى ۋە ساراي ئەمەلدارلىرى ناغرا، كارناي-سۇناي بىلەن كانى ماكان ۋە شاھ ساسانىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ، ئۇلارنى خۇشال-خۇرام كۈتۈۋاپتۇ. قۇززى پاكانمۇ قارىغۇ كېچىنى يورۇتقان تولۇن ئايدەك بولۇپ، كانى ماكاننى كۈتۈۋېلىشقا ئالدىغا چىقىپتۇ. كانى ماكان بىلەن ئۇچرۇشۇپ، ئاۋال خوشاللىقتىن يىغلىشىپتۇ. كېيىن جان-جېنىغا، تەن-تېنىگە قوشۇلۇپ، ناۋاتتەك ئېرىپ كېتىپتۇ... كانى ماكان بىلەن قۇززى پاكانىنىڭ قىسسىسى خەلقنىڭ ئىچىگە تارقىلىپ، ئېغىزدىن-ئېغىزغا ئۆتۈپ، تىلدىن چۈشمەيدىغان بىر ئەھۋالغا كېلىپ قالغان ئىكەن. كانى ماكاننىڭ ئۆز زامانداشلىرى ئىچىدە ئەڭ باتۇر ئىكەنلىكىمۇ ئەل ئاغزىدا تارقىلىپ يۇرۇپتۇ. كىشىلەر ئۇنى ياخشى كۆرۈپ: "بىزگە كانى ماكاندىن باشقا پادىشا كېرەك ئەمەس. ئۇ، بۇۋىسىنىڭ مەملىكىتىگە دادىسىنىڭ ئورنىدا پادىشالىق قىلىشى كېرەك" — دېگەن ئاۋاز كۆتىرىلىپتۇ. ساسانى ئوردىغا كىرىپ، توپ-توغرا نۇزھەتۇززامانىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. نۇزھەتۇززامان ئۇنىڭغا: "كىشىلەر يالغۇز كانى ماكان ھەققىدە سۆزلەشمەكتە. ئېيتىشقا تىل ئاجىزلىق قىلىدىغان تۈرلۈك ياخشى سۈپەتلەر بىلەن ئۇنى ماختىماقتا. ئەمدى سەن بۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلماقچىسەن؟" — دەپ سوراپتۇ.

ساسانى ئاچچىقى بىلەن: "ئاڭلىغان خەۋەر كۆز بىلەن كۆرگەننىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. مەن ئۇنى ئۆزەممۇ كۆردۈم. مەن ئۇنىڭدا سەن دېگەن تىل ئاجىزلىق قىلىدىغان ياخشى سۈپەتلەرنىڭ بىرسىنىمۇ كۆرەلمىدىم، ئىستەپمۇ تاپالمىدىم، بۇنىڭدىن تاشقىرى، كىشىلەر بىرەر كىشىنى ماختىسا باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تەقلىت قىلىپ كۆپتۈرۈپ ماختايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاڭلىغان سۆزنىڭ ھەممىسىنى "توغرا" — دەپ قارىماسلىق كېرەك. تەگرى ئۇلارنىڭ قەلبىگە مۇھەببەت ئوتىنى سېلىپ قويغانمۇ نېمە؟ ئادەملەر ئۇنى ماختاشقا ۋە ماڭا بالا-قازا تىلەشنى تىلىغا سىڭدۈرۈۋاپتۇ. ھەتتاكى باغدادلىقلارنىڭ چوڭ-كىچىكى ئالدامچى خائىن. ۋەزىر دەندانىنىڭ ئۆزىمۇ جېنىنى ئۇنىڭغا بېغىشلىغان. ئۇ كانى ماكان ئۈچۈن، ھەممە شەھەرلەردە پالاخلاپ، كەتمەن چېپىپ يۈرۈپ، ئەسكەر توپلىدى. قەدرى-قىممىتى يوق بىر يېتىم بالىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قولى ئاستىدا تۇرۇشقا كىممۇ رازى بولار؟!" — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان نۇزھەتۇززامان: "يات-غەيرى كىشىلەرنى ئالداشنىڭ ئۆزى يامان ئىش بولۇپ تۇرسا، يېقىن كىشىلىرىڭنى، ئۇرۇق-تۇققانلىرىڭنى قانداق قىلىپ ئالدىغىلى بولىدۇ. سەن ئەمدى يالغان سۆزۈڭنى قويۇپ، قىزنىڭ قۇززى پاكانىنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ توي قىلىپ بەرگىنىڭ، ئۆتمۈش زامانلاردا يېزىلغان مانا بۇ شېئىرغا دىققەت قىلىپ قۇلاق سالغىنىڭ ياخشىراق" — دەپ، شۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ۋەھشىگە قىل ياخشىلىق، قولغا كەلتۈر ياخشى قىل!
تاشلا! ئاداۋەتنى يىراق. يامان كىشىنى ياخشى قىل!
سېنىڭ ئەگەر يەتسە كۈچۈڭ، دۈشمەنگە قىلغىن ئىلتىپات،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

رەقىپ دىلىنى ئېرىتىپ، خۇددى ئۆزەڭدەك ياخشى قىل!

• • •

تەقدىر سەندىن ياخشىراققا مەددەت بېرىپ كوتەرسە،
سەن ھەرقانچە چوڭ بولساڭمۇ، بىل ئۇ، سەندىن ياخشىراق.
قىلغىن ئاڭا ئۆز جايىدا لايىق ھورمەت ـ ئېھتىرام،
قايتۇرار ساڭا ئۇمۇ، خا يېقىن بول، خا يىراق.

ھېچ بىرسىگە ئۇ ھەقتە يامان پىكىر سوزلىمە،
ياخشىلىقتىن يۈز ئورىگەن بولۇپ قالساڭ ئىش چاتاق.
بۇ كېلىندىن ياخشىراقلار ناھايىتى كوپتۇر دۇنيادا،
بۇگۈن پەقەت شۇ كېلىنگە بەخت ئاچقاندۇر قۇچاق.

ساسانى بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ كىمگە قارىتىلـ
غانلىغىنى چۈشۈنۈپتۇ، غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ.
"بۇ گەپ ۋە شېئىرلارنى چاقچاق قىلىپ ئېيتمىغان بولساڭ ئىدى،
ھازىرلا كاللاڭنى تېنىڭدىن ئايرىپ، نەپسىڭنى توختاتقان بولاتـ
تىم"—دەپتۇ ئۇ نۇزھەتۇززامانغا. نۇزھەتۇززامان دەرھال ئۆزىنى
ئوڭلاپ: "توغرا ئېيتتىڭ! مەن بۇنى ساڭا چاقچاق قىلىپ دىگەن
ئىدىم. بۇنچىلىك ئىشقا تېرىكىشىڭنىڭ ئورنى بارمۇ؟ ساڭا چاقچاق
قىلغىلىمۇ بولمامدۇ؟ ئاچچىغىڭ كېلىپ، جېنىڭ چىقىپ كىتەيلا دەپ
قالدى"—دەپتۇ ۋە ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، ئېرىنىڭ قولىنى ۋە
يۈزلىرىنى سۆيۈپتۇ. "مەيلىڭ، كانىماكان ھەققىدە نىمە قىلىشنى
خالىساڭ، شۇنى قىل! سېنىڭ مەسلىھەتىڭگە ياق دىمەيمەن. ئەگەر
ئىككىمىز بىرلىشىپ ئۆلتۈرىمىز دىسەڭ، مەن ئۇنىڭغىمۇ ياق دىمەيـ
مەن، بەلكى قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەملىشىمەن"—دەپتۇ. ساسانى
نۇزھەتۇززاماندىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ خوش بوپتۇ. "ئانداق بولسا،

تېزراق چارە تېپىپ، مېنى غەمدىن خالاس قىلىشىنىڭ ئىلاجىنى قىلغىن! ماڭا ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش قىيىن بولدى" ـــ دەپتۇ. "سېنىڭ مەقسىدىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈشلا بولسا، ئۇنىڭ يولى ئاسان. مەن بىر ھىلە ئىشلىتەيكى، كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى بىزدىن گۇمان قىلمىسۇن" ـــ دەپتۇ نۇزھەتۇززامان ئېرىگە ئەركىلەپ. "قېنى، كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى بىزدىن گۇمان قىلمايدىغان ھىلەڭنى بىر سۆزلىگىنە، مەن ئاڭلاپ باقاي" ـــ دەپتۇ شاھ ساسانى. "چوردىلەرنىڭ ئىچىدە باكۇن ئىسىملىك بىر قېرى بار. ئۇنى شۇ ئارقىلىق ئۆلتۈرگۈزسەك، ھېچكىم بىزدىن گۇمان قىلمايدۇ. ئۇ، ھىلە ـ تەدبىرگە ئۇستا. مەككارلارنىڭ ئىچىدە بۇنىڭدىن يامانراغىنى ئىستەپمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى يامان ئوي ـ پىكىرلەردىن خالى ئەمەس. كانىماكان ۋە قۇززى پاكاننى شۇ چورى تەربىيىلەپ چوڭ قىلغان. بۇ ئىككىسىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. بولۇپمۇ كانىماكان ئۇنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. سەۋەبى: بۇ چورى ھەمىشە ئۇنىڭ ئايىغىدا يېتىپ ئۇخلايدىكەن" ـــ دەپ، باكۇننى قىچقىرتىپتۇ. بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپتۇ. كانى ماكاننى ئۆلتۈرۈپ جىمىقتۇرسا، ئۇنى دۇنيادىن ھاجەتسىز قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، نۇرغۇن ئىنئام بېرىپتۇ. باكۇن: "خوپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش ماڭا ئاسان. لېكىن خوجام، ئۇنى تېز ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن، قولۇمغا زەھەر بىلەن سۇغۇرۇلغان خەنجەر بېرىشىڭىزنى سورايمەن" ـــ دەپتۇ. ساسانى ناھايىتى سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭغا دىگىنىدىن ئارتۇق خەنجەر تەييارلاپ بېرىپتۇ. "مەرھەمەت قىلىپ، بۇ ئىشنى كوڭۇلدىكىدەك پۈتتۈرگىن ۋە خەزىنىدىن خالىغىنىڭنى ئېلىپ، قالغان ئۆمرۈڭنى دۇنيادىن بىغەم ئۆتكەزگىن" ـــ دەپ يولغا ساپتۇ. باكۇن تۈرلۈك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىزنىڭ چوچەكلەرنى ياخشى سۆزلەيدىكەن. شېئىرلارنىمۇ ياخشى ئوقۇيدىكەن. ئاز ئۇچرايدىغان ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى ياخشى بىلىدىكەن. ئۇ، خەنجەرنى ئېلىپ، كانى ماكاننى قايسى يوسۇندا ئۆلتۈرسە ياخشى بولىدىغانلىقىنى مولچەرلەپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. باكۇن كىرگەندە كانىماكان سۆيگىنى قۇززى پاكاننى ئويلاپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭ "بۇ كېچىمۇ كېلىمەن!" دەپ ۋەدە قىلىپ خەۋەر بېرىشىنى كۈتۈپ، كوزى ئىشىككە تەلمۈرۈپ تۇرغان ئىكەن. تاغىسىنىڭ قىزىنىڭ ئىشقىدا ئوت بولۇپ يانغان ھالدا باكۇننى كورۇپتۇ. كانىماكان ئەنە شۇنداق ئەھۋالدا تۇرغاندا، چورى باكۇن: "يارىڭىزنىڭ ۋەسلىگە يېتىشىدىغان ۋاقتىڭ يېتىپ كەلدى. جۇدالىق تۈنلىرى ئوتۇپ كەتتى" — دەپ سوزلەپ، ئىشىكتىن كىرىپ كەپتۇ. كانى ماكان باكۇندىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ: "قۇززى پاكاننىڭ ئەھۋالى قانداق؟" — دەپ سوراپتۇ. "ئۇمۇ خۇددى ساڭا ئوخشاش، سېنىڭ ئىشقى ئوتۇڭدا ئوت بولۇپ يانماقتا..." — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. كانى ماكان باكۇننىڭ بۇ خەۋىرىگە سۆيۈنچى دەپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۈستىدىكى تونىنى يېشىپ بېرىپتۇ. يەنە بىرقانچە ياخشى گەپ ۋە ئوبدان ۋەدىلەرنى قىپتۇ. شۇ چاغدا باكۇن كانىماكانغا: "بۇگۇن كېچە مەن سېنىڭ ئالدىڭدا قونۇپ قالىمەن ۋە ساڭا ھازىرغىچە قۇلاق ئاڭلىمىغان ئاشىق-مەشۇقلار ھەققىدىكى ئاجايىپ چوچەكلەرنى سوزلەپ بېرىمەن، غەم-ئەلەملىرىڭنى يېنىكلىتىمەن" — دەپتۇ. "ئانداق بولسا، كوڭلۇمنىڭ چىگىشلىرىنى يېشىپ، ھىجران ئوتىنى ئازراق بولسىمۇ پەسەيتىدىغان چوچەكلىرىڭدىن بىرەرسىنى سوزلەپ بەرگىن!" — دەپتۇ كانى ماكان باكۇنغا ئىلتىماس ئورنىدا. باكۇن زەھەرلىك خەنجىرىنى قوينىغا

يوشۇرۇپ، كانى ماكانىنىڭ يېنىغا ئۇتۇپ جايلىشىپتۇ ۋە: "بۇ ئىلتىماسىڭنى جېنىم بىلەن ئادا قىلاي. دىققەت قىلىپ ئاڭلا! ھازىرغىچە مەن ئاڭلىغان چوچەكلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى ۋە قىزىقى مانا مۇنداق" — دەپ چوچەكنى باشلاپتۇ.

## باكۇنىنىڭ چوچىكى ۋە كانى ماكانىنىڭ باغداتتىن چىقىپ كېتىشى

"بۇرۇنقى زاماندا باي بىر كىشى ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ چىرايلىق خوتۇنلارغا ئىشقىۋازلىق قىلىپ، بۇرۇن بار مال ـ دۇنياسىنى ئۇلارغا سەرپ قىلىپ تۈگىتىپتۇ. ئاخىر ئۆزى ناھايىتى كەمبەغەللىشىپ، قولىدا ھېچ نەرسىسى قالماپتۇ. يورۇق دۇنيا ئۇنىڭ كوزىگە قاراڭغۇ، كەڭ جاھان ئۇنىڭ ئۆزىگە تار بولۇپ كورۇنۇپتۇ. ئۇ، تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن بازارغا چىقىپتۇ. ئىش ئىزلەپ يۈرگەن ئىكەن، بىر كۈنى بارمىقىغا مىخ كىرىپ كېتىپ، قان چىقىپ كېتىپتۇ. بىرچەتتە ئولتۇرۇپ، قاننى توختىتىپ، ئۇنى سۈرتۈپتۇ. بارمىقىنى تېڭىپ ئاران ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، ۋاي ـ ۋايلاپ ئاستا ـ ئاستا مېڭىپتۇ. يۈرۈپ كېلىپ، بىر ھاممامنىڭ ئالدىدىن چىقىپ قاپتۇ. كىيىملىرىنى يېشىپ، ھاممامنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپتۇ. قارىسا، ئۇ يەر ناھايىتى پاكىزە ئىكەن. كولنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، بېشىغا ئىسسىق سۇ قۇيۇپتۇ. ئىسسىق سۇ بەدىنىنى ئىستىپ، ھالىدىن كېتىپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.

www.uyghurkitap.com

—ئەي بەختلىك شاھ، —دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.



بىر يۈز قىرىق ئىككىنچى كېچە

قېرى باكۇن ھېكايىسىنى داۋام قىلىپ كېلىپ شۇنداق دەپتۇ: ئۇ كىشى ھاممامدىكى كۆلنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، بېشىغا ئىسسىق سۇ قۇيۇۋېرىپتۇ. ئاخىر سۇ بەدىنىنى ئىلىتىپ ھالىدىن كېتىپتۇ. "نەپىسىمنى سەل رۇسلاپ ئالاي"—دەپ، سالقىنلاش ئۆيىگە چىقىپتۇ. قارىسا، ھاممامدا ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىكەن. شۇ يەردە بىرسى ئۇنتۇپ قالغان ئازغىنا كوكنارنى تېپىۋاپتۇ. ئۇنى يۇتۇۋېتىكەن، كوكنار ئۇنى خۇشبۇي مەس قىلىپ، كەيپى كۆتىرىلىپتۇ. ئۇ، ئارانلا ئۆزىنى مەرمەر تاش سۇپا ئۈستىگە ئاپتۇ. ئۇ يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ يېتىش بىلەن، كوكنار ئۇنىڭ خىيالىنى ئېلىپ قېچىپتۇ. خىيالىدا، ھاممامنىڭ باش خادىمى كېلىپ، ئۇنىڭ بەدىنىنى ئۇۋۇلاپتۇ، سۈرتۈپتۇ، ئىككى قۇلىنىڭ بىرسى داسنى، يەنە بىرسى ھاممامنىڭ سۈرتۈش-تازىلاش جابدۇقلىرىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ تۆپىسىدە تۇرغانمىش. ئۇلارنى كۆرۈپ، بۇ كىشى ئۆزىچە: "بۇلار مېنىڭ كىملىكىمنى بىلمەي، يېڭىلىپ شۇنداق قىلىۋاتقان بولسا كېرەك، ياكى بۇلار كوكنارى ئىچىشىدىغان ئۇلپەتلەردىنمىكىن؟"—دەپ ئويلاپتۇ. ئاياقلىرىنى خاتىرجەم ھالدا قايتىدىن ئۇزۇن سۇنۇپ يېتىپ، يەنە خىيال سۈرۈپتۇ. خىيالىدا، ئۇنى يۇيۇندۇرۇۋاتقان ئادەم ئۇنىڭغا: "ئەي خوجام، ھاممامدىن چىقىدىغان ۋاقتىڭىز بولدى. بۈگۈن سىزنىڭ

ئارام ئالدىغان نوۋىتىڭىزغۇ؟"—دىگەن ئىكەن. ئۇ، كۈلۈپتۇ ۋە ئۆز-ئۆزىگە: "ئەي كوكنار مەستانىسى، خۇدا ئىمىنى خالىسا شۇ بولىدۇ"—دەپتۇ. ئاندىن ئۈنچۈقماي ئولتۇرىۋېرىپتۇ. ئۇنى يۇيۇۋات-قان كىشى قولىدىن تۇتۇپ، ئورنىدىن تۇرغۇزۇپتۇ. بېلىگە قارا-يېپەك بەلۋاغ باغلاپ، يول باشلاپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن داس ۋە هامامغا كېرەكلىك سايمانلارنى كوتەرگەن ئىككى قۇلمۇ مېڭىپتۇ. ئاخىر ئۇنى خالى بىر ئويگە ئېلىپ كىرىشىپتۇ. ئويگە خۇشبۇي پۇراق چاچىدىغان ئەتىرلەرنى چېچىپتۇ. ئوينىڭ ئىچى يەل-يىمىش شاخلىرىدىن تېخى يېڭىلا ئايرىلغان هەر تۈرلۈك مېۋە ۋە باشقا نازۇ-نىمەتلەر بىلەن تولغان ئىكەن، ئۇنى پىل چىشىدىن ئىشلەنگەن ئۈستەلگە تىزىپ قويغان ئىكەن، ئالدىغا تىلىنغان تۈرك قوغۇنى بىلەن تاۋۇزى تىزىلغان ئىكەن. هامام خادىمى تېخىلا ئۇنى يۇيۇندۇرۇۋاتقان، بايىقى ئىككى قۇل ئۇنىڭغا سۇ قۇيۇۋاتقان ئىكەن. كېيىن ئۇنىڭ بەدىنىنى ياخشىلاپ ئۇۋۇلاپ، تۇتۇپ قويۇپتۇ. بۇ ئىشنى تۈگۈتۈپ، ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كېتىۋېتىپ: "باياشات ياشاڭ، خوجىمىز"—دىيىشىپتۇ. بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ئورنى-دىن تۇرۇپ، بېلىدىكى بەلۋاغنى يېشىپتۇ. بىر سائەتكىچە كۈلۈۋې-رىپ هالىدىن كېتىپتۇ. ئاندىن ئوزىگە ئوزى: بۇ كىشىلەرگە نىمە بولغان؟ مېنى ۋەزىرگە ئوخشىتىپ، "خوجىمىز" دىيىشىۋاتىدۇ. ئۇلار يېڭىلىشىۋاتامدۇ، نىمە؟ هازىرلا مېنىڭ كىملىگىمنى بىلىپ قالسا، ئۇ چاغدا مېنى "هەي يالىڭاچ"—دەپ هاقارەت قىلىپ، راسا ئۇرسا، قانداق قىلىش كېرەك؟ دەپ قورقۇپ تۇرغاندا، ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ياش بىر قۇل بىلەن بىر خىزمەتچى كىرىپ كەپتۇ. قۇلنىڭ قولىدا بىر تۈگۈنچەك بار ئىكەن. تۈگۈننى يېشىپ، ئۇنىڭ-

www.uyghurkitap.com

دىن ئۈچ يېپەك لۆڭگە چىقىرىپتۇ. بىرىنى ئۇنىڭ بېشىغا، ئىككىنچىسىنى مۈرىسىگە يېپىپتۇ. ئۈچىنچىسى بىلەن بېلىدىن كوكسىگىچە بېكىتىپتۇ. ئايىغىغا كەش كەيگۈزۈپ قويۇپتۇ. خىزمەتچى بىلەن قۇللار ئۇنى قولتۇقلاپ، چوڭ گىلەملەر سېلىنغان ۋە پادىشالارغىلا يارىشىدىغان بىر راۋاققا ئېلىپ چىقىشىپتۇ. ياش خىزمەتچىلەر ئۇنى كۆتۈۋېلىشىپتۇ ۋە دەرھال ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. بەدىنىنى ئۇۋۇلاشقان ئىكەن، ئۇخلاپ قاپتۇ. چۈشىدە بىر چىرايلىق قىزنى كورۇپتۇ. قىزنى قوچاغلاپ كوتىرىۋېلىپ، باغىرىغا باسماقچى بولغان ئىكەن. بىر كىشى: "ھەي يالاڭتۆش، ئورنۇڭدىن تۇر! پېشىن ۋاختى بولدى. سەن بولساڭ تېخىچە ئۇخلاپ يېتىپسەن!" — دەپتۇ. كوزىنى ئېچىپ قارىسا، ئوزىنى ھامامىنىڭ سەكىدەش ئويىگە چىقىپ دەم ئېلىپ ئولتۇرغان يېرىدە كورۇپتۇ. ئادەملەر ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ كۈلۈشۈۋاتقان ئىكەن. قارىسا، بېلىدىكى لۆڭگىسى يېشىلىپ چۈشۈپ قالغان، بەدەنلىرى ئېچىلىپ قالغان. باياتىدىن بېرى كورگەنلىرىنىڭ ھەممىسى چۈش ۋە كوكنارنىڭ مەسلىكىدە سۈرگەن شىرىن خىيالى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ناھايىتى خىجىل بوپتۇ. ئوزىنى ئويغاتقان كىشىگە قاراپ: "بىرئاز سەۋرى قىلىغىنىڭدا، چۈشۈمدە بولسىمۇ مەن مىرادىمغا يېتەتتىم. تېخى ئەمدىلا قولغا كىرگۈزگەن ئۇ قىزنى سەن بىرلا ۋاقىراپ، ئۆي-قوم بىلەن بىللە قاچۇرۇۋەتتىڭ!" — دەپتۇ. شۇ چاغدا، ئادەملەر ئۇنىڭغا: "ئەي كوكنار مەستانىسى، قىپ يالىڭاچ بولۇپ يېتىپ ئۇخلاشتىن ئۇيالمىدىڭمۇ؟" — دېيىشىپتۇ. ئۇنىڭ مەنىسىز خىياللارغا پاتقىنىنى سېزىشىپ، راسا كېلىشتۇرۇپ ساۋاپتۇ. قارنى ئاچ ئىكەن. ياتقان جايىدا بەخت-سائادەتكە چۆمۈلگەن بۇ كىشى

"مىزىلىك خىيالىنىڭ تەمسىنى راسا تېتىپتۇ." كانى ماكان قېرى دەللىنىڭ بۇ چوچىگىنى ئاڭلاپ، تېلىقىپ كۈلۈپتۇ. ھەتتا قېرى دەللە باكۇنغا قاراپ: "ئەي يەڭگە، بۇ چوچىكنىڭ ئاجايىپ كۈلكۈلۈك ئىكەن. مەن تېخى بۇنداق چوچەكنى ئاڭلىمىغان ئىدىم. بۇنىڭدىن باشقا يەنە چوچىكىڭ بارمۇ؟" — دەپ سوراپتۇ. قېرى دەللە باكۇن: "ھەئە، بار!" — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، باكۇن خىلمۇ-خىل مەزمۇندىكى چوچەكلەرنى ۋە كۈلكۈلۈك لەتىپىلەرنى ئۇنىڭغا سوزلەپ بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاخىر كانى ماكانىنى ئۇيقۇ بېسىپتۇ. قېرى دەللە باكۇن چوچىكىنى توختىتىپ، كېچىنىڭ يېرىمىغىچە ئۇنىڭ قېشىدا كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر ۋاقىتتا ئۇ، ئۆزىگە ئۆزى: "ئەمدى ۋاقتى كەلدى!" — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، زەھەرلىك خەنجەرنى يالىڭاچلاپتۇ. كانى ماكانىنىڭ ئۈستىگە مىنىپ ئۇنى بوغۇزلىماقچى بولغاندا، كانى ماكانىنىڭ ئانىسى كىرىپ كەپتۇ. باكۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، سىر بەرمەسلىككە ئۇرۇنۇپ كورۇپتۇ. بىراق، قورققىنىدىن ئەزايى بەدىنىدە تىترەك پەيدا بوپتۇ، كانى ماكانىنىڭ ئانىسى بۇنى كورۇپ، ئەجەپلىنىپ قاپتۇ. ئالدىراپ بېرىپ، ئوغلىنى ئويغۇتۇپتۇ. كانى ماكان كوزىنى ئېچىپ، بېشىدا ئولتۇرغان ئانىسىنى كورۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ. دەل شۇ چاغدا ئانىسىنىڭ كېلىپ قالغانلىقى ئۇنىڭ تىرىك قېلىشىغا سەۋەپ بوپتۇ. كانى ماكانىنىڭ ئانىسىنىڭ بۇنداق ۋاقىتتا كىرىشىمۇ سەۋەپسىز ئەمەسكەن. قۇززى پاكان كانى ماكانىنى ئولتۇرۇش ھەققىدە بولغان مەسلىھەتنى ئاڭلاپ قالغان ئىكەن. بۇ ۋەقەنى كانى ماكانىنىڭ ئانىسىغا: "ئەي تاغامىنىڭ خوتۇنى! ئىپلاس باكۇن ئوغلۇڭنى ئولتۇرۇپ قويۇشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ بارغىن!" — دەپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كانى ماكاننى ئولتۇرۇش ھەققىدىكى مەسلىھەتنى ئۇنىڭغا تولۇق قىلىپ ئېيتىپ بەرگەن ۋە ئۇنى ئوغلىنىڭ قېشىغا قوززى پاكان كىرگۈزگەن ئىكەن. كانى ماكاننىڭ ئانىسىمۇ چوچۇپ كەتكەنلىكـ-دىن، ھېچ نەرسىگە قارىماي، ئوغلى ئۇخلاپ ياتقان ئۆيگە كىرىپتۇ. قارىسا، قېرى دەللە باكۇن ئۇنى ئولتۇرۇشنى پەسلەپ تۇرغان ئىكەن. كانى ماكان كوزىنى ئېچىپ قارىسا، بېشىدا ئانىسى قاراپ تۇرغان. ئۇ، ئانىسىغا: "ھەجەپ ياخشى ۋاقىتتا كەلدىڭ. ئەي ئانا! سۇت ئانام باكۇنىمۇ بۇگۇن كېچە مېنىڭ ئالدىمدا بولدى، — دەپتۇ ۋە باكۇنغا قاراپ، — راستىنى ئېيت! ئېيتىپ بەرگەن چوچەكلىرىڭنىمۇ ياخشىراغى بارمۇ؟" — دەپ سوراپتۇ. باكۇن: "بار، بۇ چوچەك بۇرۇن ئېيتىپ بەرگىنىمدىنمۇ قىزىق. بۇنىڭ ئالدىدا مەن بايا ئېيتىپ بەرگىنىمنى چوچەك دېمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئەمدى ئېيتىپ بېرىدىغىنىم ناھايىتى قىزىق ۋە بەكمۇ ئاجايىپ. لېكىن، بۇ شېرىن، لەززەت بېغىشلايدىغان چوچەكنى بۇگۇن ئەمەس، باشقا بىر كۈنى ئېيتىپ بېرەي" — دەپ، كانى ماكان ۋە ئۇنىڭ ئانىسىدىن ئاسانراق قۇتۇلۇشقا تىرىشىپ، تۇرغان يېرىدىن ئاستاغىنا قوزغۇلۇپتۇ ۋە غىپپىدە چىقىپ كېتىپتۇ. كانى ماكان ئۇنىڭغا سالامەتلىك تىلەپ قاپتۇ. "مېنىڭ بۇ چاغدا نىمە مەقسەت بىلەن سېنىڭ يېنىڭغا كەلگىنىمنى سېنىڭ ئاناڭ سېزىپ قالغان ئوخشايدۇ" — دەپ گۇمان قىلغان باكۇن ئالدى-ئارقىسىغا قارىماي ئۆز يولىغا كېتىپتۇ. شۇ چاغدا كانى ماكاننىڭ ئانىسى: "بالام! بۇ كېچە ھەر ئىككىمىزگە بەختلىك كېچە بولدى. چۈنكى، ئەگەر سېنى لەنىتى باكۇننىڭ زەھەرلىك خەنجىرىدىن، مېنى مۇسىبەتتىن قۇتقازدى" — دەپتۇ. "سەن نىمە دەۋاتىسەن؟ ئەي

ئانا!" — دەپ سوراپتۇ كانى ماكان. ئانىسى قۇززى پاكاندىن ئاڭلى-غان گەپ-سۆزنى باشتىن-ئاياق سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇ چاغدا كانى ماكان ئانىسىغا: "ئەي مېھرىۋان ئانا، مېنىڭ ئەجىلىم يەتكەن بولسا، مەيلى ئۇ كىم بولسۇن، مېنى ئۆلتۈرگەن بولاتتى. ئىش قىلىپ مەن تىرىك قالمايتتىم. ئەمدى ئۇ قېرى دەللە ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ خوجىسىمۇ مېنى تاك ئېتىپ چېكەلمەيدۇ. بىزمۇ ئەمدى ئېھتىيات قىلماي تۇرالمايمىز. بۇ كورەلمەس قارا كۆڭۈل دۈشمەننىڭ بىقىنىدا خەۋپ-خەتەرنى پۇراپ تۇرغىچە، بۇلار-نىڭ زەھەرلىك قولى يەتمەيدىغان بىر يەرگە چىقىپ كەتكىنىمىز تۈزۈك. خۇدانىڭ بۇيرۇغىنىنى كورەرمىز" — دەپتۇ. ساباھىغا ئۇزىنىڭ بۇ يەردىن چىقىپ كېتىدىغانلىغىنى، ئۇنىڭمۇ مال-مۈلكىنى، بېشىنى ئېلىپ، كوڭلى تارتقان يەرگە چىقىپ كېتىشىنى ئۇقتۇرۇپ-تۇ. تاك ئېتىشى بىلەن، ئانا-بالا ئاتلىنىپ شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ. يولدا ۋەزىر دەنداننىڭ ئەسكەرلىرىگە يولۇقۇپ، ۋەزىر دەندان بىلەن كورۇشۇپتۇ. كانى ماكان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، نۇزھەتۇززامان بىلەن شاھ ساسانى ئارىسىدا بىرقانچە يامان ئىشلار يۈز بېرىپتۇ. نۇزھەتۇززامانمۇ ئۇنىڭدىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، شەھەردىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ ۋە شەھەردىن چىقىپ، ۋەزىر دەندانغا قوشۇلۇپتۇ. شاھ ساسانى تەرەپتارلىرىمۇ ۋەزىر دەن-دانغا كېلىپ قوشۇلۇپتۇ. ۋەزىر دەندان ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ كېڭىشىپتۇ. ھەممىلىرى شۇ يەردە بىر پىكىرگە كېلىپ، ئاۋال رۇم دولىتىگە ئۇرۇش ئېچىشقا قارار قىپتۇ. شاھ ئومەر ئىبنى نوئمان ۋە شاھزادە شەررىكاننىڭ قېنىنى ئۇلاردىن ئېلىشقا بەل باغلىشىپتۇ. ئەسكەرلىرىنى يىغىپ، رۇمغا قاراپ مېڭىپتۇ. رۇملۇقلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

قارشى غازات قىلىشىپتۇ. ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشتىن كېيىنكى بىر مەيدان جەڭدە، سۇلتان زەبۇلكاندىن باشقا ھەممىسى شاھى رۇمزانغا ئەسىرگە چۈشۈپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، شاھى رۇمزان كانى ماكاننى، ۋەزىر دەنداننى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسىرگە چۈشكەن ئادەملىرىنى ئالدىغا قىچقىرتىپتۇ. ئۇلارغا يېنىدىن جاي بېرىپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئۇزىنىڭ خىزمەتچىلىرىگە بولارنىڭ ئالدىلىرىغا تۇرلۇك-تۇمەن تاماقلارنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. كوڭۇل-دىكىدەك ئاش-تاماق تارتىلىپ، زىياپەت باشلىنىپتۇ. بىرئاز يەپ-ئىچىپ، ھوزۇرلىنىپ، خاتىرجەملىك پەيدا بوپتۇ. ئۇلارنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەندە، ئۇلار "بىزنى ئولتۇرۇشكە ئېلىپ كەلدى"—دەپ ئويلاشقان ئىكەن. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلار ئەندى-شىدە ئىكەن. ئۇلار ياخشى كۇتۇۋېلىنغاندىن كېيىن، بۇ ئەندى-شىلىرى تارقاپتۇ. ئارىدا ياخشى بىر كەيپىيات بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، پادىشا رۇمزان ئۇلارغا: "مەن بىر چۈش كورگەن ئىدىم. ئۇنى راھىپلارغا ئېيتسام، ئۇلار: 'بۇ چۈشۈڭنىڭ تەبىرىنى ۋەزىر دەنداندىن باشقا ھېچقانداق كىشى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ'—دېيىشتى. مەن سىلەرنى شۇنىڭغا قىچقىرتتىم" دەپتۇ. ۋەزىر دەندان: "ئەي زامانىمىزنىڭ شاھى، كورگەن چۈشۈڭ ياخشى ئىشقا ئايلانسۇن! قېنى، قانداق چۈش كوردۇڭ؟ ئېيتقىنا ئاڭلاپ باقاي!" دەپتۇ. "ئەي ۋەزىر! مېنىڭ كورگەن چۈشۈم مانا مۇنداق: ئۇزەم قاراڭغۇ قۇدۇقتا ئوخشاش چوڭقۇر بىر يەردە يېتىپتىمەن. ئادەملەر مېنى قىيناپتۇ. تۇرىمەن دەپ قوزغۇلۇپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم. لېكىن، ئۇ چوڭقۇردىن چىقىشقا كۇچۇم يەتمىدى. قارىسام، شۇ يەردە بىر تىللا كەمەر يېتىپتۇ. ئۇنى ئالىمەن دەپ قولۇمنى ئۇزاتتىم. ئېلىپ

قارىسام، ئۇ، ئىككى بولۇپ قالدى. ئىككىلىسىنى بېلىمگە باغلىغان ئىدىم. يەنە بىر بولۇپ قالدى. مانا مېنىڭ يېشىلىشى قىيىن بولغان چۈشۈمـنىڭ ھەممىسى شۇ"ــ دەپتۇ. "چۈشۈڭنىڭ تەبىرى شۇكى، سېنىڭ ئاكاڭ ياكى تاغاڭنىڭ ئوغلى ۋە ياكى ئىككى ئۆز تۇققۇنۇڭ بىلەن ئاۋال كۆرەش قىلىسەن، كېيىن بىرلىشىسەن، شۇنىڭ بىلەن بېشىڭدىكى غەم كوتۇرىلىدۇ"ــ دەپتۇ ۋەزىر دەندان. شاھ رۇمزان ۋەزىر دەنداندىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، كانى ماكان، نۇزھەتۇززا- مان، قۇززى پاكانلارغا، ۋەزىر دەندانغا ھەم ئۇلار بىلەن بىللە ئەسىرگە چۈشكەنلەرگە بىر باشتىن بىر قۇر قاراپ چىقىپتۇ ۋە ئۇزىگە ئۇزى: "بۇلارنىڭ بېشىنى ئالدۇرۇپ، ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىغا تاشلىتاي، باشلىقلىرىنىڭ ھالاك بولغانلىغىنى كورۇپ، ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇمىدى ئۇزۇلىدۇ. مەن ساق ـ سالامەت قېلىپ، ئۇز مەملىكىتىمدە شاھلىغىمنى داۋام قىلدۇرىۋېرىمەن"ــ دەپتۇ. جاللاتقا تېزلىك بىلەن قىلىچنى ئىشقا سېلىپ، كانى ماكان بىلەن بىللە ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇپتۇ. شۇ چاغدا شاھ رۇمزاننىڭ سۇت ئانىسى كېلىپ، رۇمچە: "ئەي ئۇلۇغ شاھ، نىمە قىلىۋاتىسەن؟"ــ دەپ سوراپتۇ. شاھ رۇمزان: "بۇ ئەسىرلەرنى ئولتۇرمەكچىمەن. ئاندىن بۇلارنىڭ بېشىنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇز ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىغا تاشلىتىمەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇز ئەسكەرلىرىم بىلەن بىرلىكتە، ئۇلارنىڭ قالغان ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئولتۇرگىنىمنى ئولتۇرىمەن، قاچقانلىرى قېچىپ يوقىلىدۇ. بۇ ئىش ھەل قىلغۇچى جەڭنىڭ ئاچقۇچى بولىدۇ. شۇ چاغدىلا، مەن مەملىكىتىمدە بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن يەنە شۇنداق ۋەقەلەرنىڭ چىقىشىنىڭ مەنبەئىنى تۈگىتىپ، ئۇز يۇرتۇمغا ساق-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سالامەت يېتەلەيمەن"— دەپتۇ. شاھ رۇمزاندىن بۇ سوزنى ئاڭلىغان سۇت ئانىسى ساپ رۇمچە تەلەپپۇز بىلەن شاھ رۇمزانغا مۇراجەت قىلىپ مۇنداق دەپتۇ: "ئاكاڭنىڭ ئوغلىنى، ھامما ئاچاڭنى ۋە ئۇنىڭ قىزىنى ئولتۇرۇشكە بۇيرۇق قىلىشقا قانداق جۇرئەت قىلدىڭ؟"— دەپتۇ. شاھ رۇمزان ئوزىنىڭ سۇت ئانىسىدىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ناھايىتى قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ ۋە سۇت ئانىسىغا قاراپ: "ئەي مارجانە، سەن مېنىڭ ئانامنىڭ چانىلىپ ئولتۇرۇلگەنلىگىنى، دادامنىڭ زەھەر بىلەن ئولتۇرۇلگەنلىگىنى بىلمەمسەن؟ سېنىڭ ماڭا ھەممىشە بىر گوھەرنى كورسىتىپ تۇرۇپ: 'بۇ، ئاتاڭنىڭ ئىدى'— دېگەنلىرىڭ ئېسىڭدىن چىقتىمۇ؟ نىمە ئۇچۇن راست سوز قىلمايسەن؟"— دەپتۇ. شاھ رۇمزاننىڭ بۇ سوزنى ئاڭلىغان سۇت ئانىسى مۇنداق دەپتۇ: "ساڭا ئېيتىپ بەرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست. بىراق، مەن بىلەن سېنىڭ ئوتمۇشىمىز ناھايىتى قىزىقارلىق. مېنىڭ ئىسمىم سەن ئېيتقاندەك مارجانە. سېنىڭ ئاتاڭنىڭ ئىسمى مەلىكە ئەبرىزە. ئاناڭ ناھايىتى چىرايلىق ۋە باتۇر ئىدى. جاسارىتى خەلق ئارىسىغا تارقالغان. پالۋانلار ئارىسىدا قەھرىمانلىغى بىلەن مەشھۇر ئىدى. سېنىڭ ئاتاڭ باغداد ۋە خۇراساننىڭ پادىشاسى ۋە ئىگىسى شاھ ئومەر ئىبنى نوئماندۇر. ئۇ، ئوزىنىڭ ئوغلى، سېنىڭ تاكاڭ شەررىكاننى مانا شۇ ۋەزىر دەندان بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلىش ئۇچۇن بۇ تەرەپكە ئەۋەتكەن. شەررىكان ئەسكەرلىرىدىن ئايرىلىپ كېتىپ قېلىپ، ئاناڭ مەلىكە ئەبرىزىنىڭ قەسرىگە كېلىپ قالدى. ئۇ، ئاناڭنىڭ قەسرىگە كىرىپ مېھمان بولۇشتىن بۇرۇن، ئىككىسى چېلىشتى. ئاكاڭ شەررىكان بىلەن ئاناڭ چېلىشىشتا يەكمۇ-يەك ئېلىشىپ، تەڭ كەلدى. ئاندىن

ئاناڭ مەلىكە ئەبرىزە ئاكاڭ شەررىكاننى قەسىرىگە ئېلىپ كىرىپ
مېھمان قىلدى. بىز، ئىككىسى كورۇشسۇن، سوزلەشسۇن دەپ،
قەسىرنى خالى قىلىپ بەردۇق. ئاناڭ ئاكاڭ شەررىكاننى ئوز قە-
سىرىدە بەش كۇن مېھمان قىلدى. بۇ خەۋەر زاتۇدداۋاھى ئىسمە-
لىك جادۇگەر قېرى ئارقىلىق ئاناڭنىڭ دادىسى ھەردۇپقا يېتىپ
باردى. ئاناڭ ئەنە شۇ چاغدا ئاكاڭ شەررىكاننىڭ ئالدىدا مۇسۇل-
مان بولغان ئىدى. شەررىكان ئاناڭ مەلىكە ئەبرىزە بىلەن
يوشۇرۇن كېلىشىپ، ئوزى ئالدىدا باغدادقا قايتتى. ئاناڭ مەلىكە
ئەبرىزىمۇ تەييارلىقنى قىلىپ، ئاكاڭ شەررىكانغا باغدادقا يېقىن
قالغاندا يېتىشتى. مەن ۋە رەيھانە قاتارلىق ئاناڭنىڭ يىگىرمىگە
يېقىن كېنىزىگىمۇ شۇ قاتاردا ئاناڭ مەلىكە ئەبرىزە بىلەن بىللە
باردۇق. بىز ھەممىمىز يۈز ئاتلىق كىشى ئىدۇق. ھەممىمىز شەررد-
كاننىڭ ئالدىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇق. ئاناڭ مەلىكە
ئەبرىزىنى ئاكاڭ شەررىكان بىلەن ئاتاڭ شاھ ئومەر ئىبنى نوئمان
شاھلارنى قارشى ئالغاندەك كوتۇۋالدى. ئاناڭ مەلىكە ئەبرىزە
شاھ ئومەر ئىبنى نوئماننىڭ ئالدىغا كىرگەندە، ئۇ ئاناڭنىڭ
ھوسنى-جامالىنى كورۇپ، ئۇنى ياخشى كورۇپ قالدى. بىر كۇنى
ئاخشىمى ئومەر ئىبنى نوئمان ئاناڭنىڭ قېشىغا كىرىپ، تۇننى
ئۇنىڭ بىلەن ئوتكۇزگەن ئىدى. شۇ چاغدىن باشلاپ، ئاناڭ ساڭا
قوساق كوتەرگەن. ئاناڭدا ئۇچ دانە گوھەر تاش بار ئىدى. ئۇلارنى
ئاتاڭغا تارتۇق قىلدى. ئاتاڭ گوھەرنىڭ بىرسىنى ئوز قىزى — مانا
بۇ نۇزھەتۇززامانغا، ئىككىنچىسىنى ئاكاڭ زۇئۇلماكانغا، ئۇچىنچە-
سىنى ئاكاڭ شەررىكانغا يادىكار قىلىپ بەردى. ئاكاڭ شەررىكان
بۇ گوھەرنى ئاناڭغا ھەدىيە قىلدى. ئاناڭ ئۇنى ئېلىپ، سەن

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن ئاسراپ ساقلاپ يۈردى. كوزى يورۇشقا ئاز قالغاندا، ئاناڭ مەلىكە ئەبرىزە ئاتا ـ ئانىسىنى سېغىنىپ قالدى. بۇ سىرنى ئاستا ماڭا ئېيتتى. غەزىبان ئىسىملىك بىر قارا قۇل بىلەن ئۇچ-راشتۇق. ئۇنىڭغا نۇرغۇن پۇل بېرىپ، بىز بىلەن بىللە سەپەر قىلىشقا رازى قىلدۇق. قۇلنى ئېلىپ، يوشۇرۇنچە شەھەردىن چىقتۇق. قۇلمۇ بىز بىلەن بىللە ماڭدى. ئاناڭنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. مەملىكىتىمىز تۇپرىقىغا كىرىپ، بىر خالى جايغا كەلگىنىمىزدە، ئاناڭنى تولغاق تۇتتى. قۇلنىڭ هايۋانى نەپسى قوزغۇلۇپ، ئاناڭغا تەلەپ قويدى. ئاناڭغا يېقىنلىشىپ، نومۇسىغا تەگمەكچى بولدى. ئاناڭ قاتتىق غەزەپلىنىپ، نەپرەت بىلەن شېر ئوقۇپ ۋاقىرىدى. بەك ئازاپلىنىپ، سېنى شۇ يەردە تۇغۇپ قويدى. خۇددى شۇ چاغدا، سەھرادا بىزنىڭ مەملىكىتىمىز تەرىپىدىن چاڭ ـ توزاڭ كوتىرىلدى. ھەممە ياقنى تۇتەك باستى. شۇ چاغدا، قۇل قولىغا چۇشۇپ قېلىشتىن، هالاك بولۇشتىن قورقۇپ، غەزەپ بىلەن ئاناڭنى قىلىچتا چاناپ ئولتۇردى ۋە ئېتىنى مىنىپ، ئوز يولىغا كەتتى. قۇل كېتىپ، چاڭ تارقالغاندىن كېيىن، ئالدىمىزغا رۇم شاهى بوۋاڭ هەردۇپ يېتىپ كەلدى. ئۇ، قىزىنىڭ پاجەلىك هالدا ئولتۇرۇلۇپ، يەردە سوزۇلۇپ ياتقان-لىقىنى كورۇپ، ئېغىر مۇسىبەتتە قالدى. ئۇ، مېنىڭدىن قىزىنىڭ ئولتۇرۇلۇش سەۋەبىنى، ئوزىنىڭ ئانا يۇرتىدىن يوشۇرۇنچە چىقىپ كېتىشىنىڭ جەريانىنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا بۇ ۋەقەنى باشتىن - ئاياق سوزلەپ بەردىم. رۇملۇقلار بىلەن باغدادلىقلار ئوتتۇرىسى-دىكى ئاداۋەت ئوتىمۇ مانا شۇ سەۋەپتىن يېنىپ تۇتاشقان. ئاناڭنىڭ ئولۇگىنى ئېلىپ بېرىپ، ئوز قەسرىگە كومدۇق. سېنى

مەن تەربىيىلەپ چوڭ قىلدىم. ئاناڭ مەلىكە ئەبىرىزە ساڭا ئاتاپ ئاسراپ يۈرگەن گوھەرنى بويىنۇڭغا ئېسىپ قويىدۇم. سەن چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكىنىڭدە، بۇ ھەقىقى ئەھۋالنى ئېيتىشنىڭ ئاز- راقمۇ ئىلاجى بولمىدى. چۈنكى، ئېيتىپ بەرسەم، بۇ ئىش سىنى تاقەتسىزلەندۈرەتتى. بوۋاڭمۇ بۇ ئىشنى پىنھان تۇتۇشنى، سىنىڭ ئاتاڭنىڭ شاھ ئۆمەر ئىبنى نوئىمان ئىكەنلىكىنى ساڭا بىلدۈر- مەسلىكنى ئېيتقان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ سىرنى ساڭا ئېچىپ ئېيتىشقا ئازراقمۇ ئالدىرىمىغان، ئىمكانىيەت تېپىشقا ئىزدىنىپ كورمىگەن ئىدىم. ھازىر دولەتنى ئوزەڭ بىمالال باشقۇرىدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولدۇڭ ۋە باشقۇرۇپمۇ كېلىۋاتىسەن. ئەمدى بۇ سىرنى ئېچىشقا، ھەقىقەتنى ساڭا تونۇتۇشقا توغرا كەلدى. ھازىرغىچە مەن سېنىڭدىن يوشۇرۇپ كەلگەن ۋەقە مانا شۇ. ئەمدى قانداق قىلىشنى ئوزەڭ بىلىسەن، ئىختىيار ئوزەڭدە.“ ئەسىرلەر چورى مار- جانىنىڭ ھەممە گەپ-سوزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپتۇ. نۇزھەتۇززامان رۇمچە سوزنى ئانىسى سەفىيەدىن ئۇگەنگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ سوزنى ئاڭلاش بىلەنلا چۈشۈنۈپتۇ. گەپ تۈگىشى بىلەن ”ئاھ!“ تارتىپ، رۇم تىلىدا: ”ئەي شاھى رۇمزان! سەنمۇ مېنىڭ ئاتام ئۆمەر ئىبنى نوئىماننىڭ ئوغلى ۋە مېنىڭ ئىنىم ئىكەنسەن. سېنىڭ ئاناڭ رۇم شاھى ھەردۇپنىڭ قىزى مەلىكە ئەبرىزە بولسا، مېنىڭ ئانام ئەفرىدۇن شاھىنىڭ قىزى سەفىيە. بۇ كېنىزەك مارجانىنى ياخشى تونۇيمەن“-دەپتۇ. پادىشا رۇمزان نۇزھەتۇززاماندىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، قىلمىشىغا قاتتىق ئېچىنىپتۇ. بۇ ئىشنى قانداق ئاخىرلاشتۇرۇشنى بىلەلمەي، بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قاپتۇ. تەقدىرنىڭ ئويۇنىدىن ھەيران بوپتۇ. ئاندىن نۇزھەتۇززامانىنى

ئالدىغا تەكلىپ قىپتۇ. كوز ـ كوزگە چۈشكەندە، بىر ئاز دىلى يۇمشاپ، يېنىدىن جاي كورستىپتۇ. شاھ رۇمزان ئۇنىڭدىن ئەسلى ۋەقەنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سوزلەشنى تەلەپ قىپتۇ. نۇزھەتۇززامان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇزى بىلىدىغان، ئانىسىدىن ئاڭلىغان ۋە بېشىدىن ئوتكەن ۋەقەلەرنىڭ شاھ رۇمزان سوئالىغا تەئەللۇق تەرەپلىرىنى بىر باشتىن ھىكايە قىلىپ، تولۇق سوزلەپ بېرىپتۇ. نۇزھەتۇززاماننىڭ دىگەنلىرى بىلەن سۈت ئانىسى مارجانىنىڭ دىگەنلىرى بىر جايدىن چىقىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، شاھ رۇمزان ئۇزىنىڭ شەك ـ شۇبھىسىز ئىراق ئەھلىدىن ئىكەنلىكىگە، ئاتىسىنىڭ پادىشا ئومەر ئىبنى نوئمان ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپتۇ. ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەددىسى نۇزھەتۇززاماننىڭ قولىنى بوشۇتۇپتۇ. نۇزھەتۇززامان مىننەتدارلىق بىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىككى قولىنى سۇيۇپتۇ، كوزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىپتۇ. ئۇنىڭ يىغلىغىنىنى كورۇپ، پادىشا رۇمزانمۇ يىغلاپتۇ. قېرىنداشلىق مىھرى ئۇرغۇپ، ئاكىسىنىڭ ئوغلىغا قاراپتۇ. ئورنىدىن قوزغۇلۇپ كېلىپ، جاللاتنىڭ قولىدىن قىلىچنى ئاپتۇ. بۇنى كورگەن ئەسىرلەر "قالغانلىرىمىزغا ئەمدى ياخشىلىق يوق. ھەممىمىزنىڭ بېشىنى شاھ رۇمزان ئوز قولى بىلەن ئالىدىغان بولدى"ــ دەپ ئويلاپتۇ. شۇ چاغدا شاھ رۇمزان جاللاتقا ئەسىرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قولىنى يېشىشنى بۇيرۇپتۇ. سۈت ئانىسى مارجانىغا قاراپ: قېنى ئەمدى، ماڭا ئېيتىپ بەرگەن ۋەقەنى بۇلارغىمۇ ئېيتىپ بېرىپ، ھەقىقى ئەھۋالدىن بۇلارنىمۇ خەۋەردار قىلغىن"ــ دەپتۇ. مارجانە: "ئەي پادىشاھى رۇمزان، بابا چۇشۇڭگە تەبىر بەرگەن مانا بۇ قېرى كىشى ۋەزىر دەندان بولىدۇ. بۇ، مېنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك جانلىق گۇۋاھىم.

چۈنكى، بۇ كىشى بار ھەقىقەتنى مەندىن ياخشىراق بىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، مەن سېنىڭ تاپشۇرۇغۇڭ بويىچە، ئەيىنى ۋەقەنى بولارغىمۇ سۆزلەپ بېرەي"— دەپ، باغدادتا تۇرغاندا ئۇچۇرىغان ئەرەپ تىلىنى ئىشقا سېلىپ، ئەسىرلەرگە ساپ ئەرەپ تىلىدا، ئاندىن شۇ يەردە تۇرغان بارلىق پەرەڭ ۋە رۇم ئەمەلدارلىرىغا رۇم ۋە پەرەڭ تىلىدا ۋەقەنى تولۇق ھېكايە قىلىپ بېرىپتۇ. مەلىكە نۇزھەتۇززامان، ۋەزىر دەندان ۋە باشقا ئۇلار بىلەن بىللە قولغا چۈشكەن ئەرەپ ئەسىرلىرىنىڭ ھەممىسى شاھ رۇمزاننىڭ سۈت ئانىسى مارجاننىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىنى تەستىقلىشىپ تۇرۇپتۇ. مارجانە سۆزىنىڭ ئاخىرىدا كانى ماكاننىڭ بوينىغا قارىغان ئىكەن، مەلىكە ئەبرىزە شاھ ئۆمەر ئېبنى نۇئماننىغا تارتۇق قىلغان گوھەر-نىڭ بىرسىنىڭ ئۇنىڭدا ئېسىغلىق تۇرغانلىقىنى كورۇپتۇ. ئۇنى تونۇپ، بىردىنلا ناھايىتى قاتتىق "ئاھ" تارتىپتۇ ۋە شاھ رۇمزانغا قاراپ، رۇم تەلەپپۇزى بىلەن: "ئەي بالام، بۇ يىگىتنىڭ بويىندىكى گوھەرمۇ مانا مېنىڭ بۇ گېپىمنىڭ يەنە بىر دېلىلى. چۈنكى، بۇ ئەسىرنىڭ بويىندىكى گوھەر سېنىڭ بويىنۇڭدىكى گوھەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ، شۇ گوھەرنىڭ جۈپتى. بۇ ئەسىر يىگىت بولسا، سېنىڭ ئاكاڭ زۇئۇلماكاننىڭ ئوغلى كانى ماكاندۇر،— دەپتۇ مارجانە ئاندىن كانى ماكانغا قاراپ، ساپ ئەرەپ تىلىدا،— ئەي زاماننىڭ شاھى، سەنىمۇ بويىنۇڭدىكى گوھەرنى بۇ يەردە تۇرغانلارغا كورسەت!"— دەپتۇ. كانى ماكان بويىندىكى گوھەرنى يېشىپ ئېلىپ، شاھ رۇمزاننىڭ سۈت ئانىسى مارجانغا ئۇزۇتۇپتۇ. مارجانە ئۇنى قولىغا ئېلىپ، نۇزھەتۇززاماندىكى ئۈچىنچى گوھەرنى سوراپتۇ. نۇزھە-تۇززامانىمۇ ئۇنى قىزى قۇززى پاكاننىڭ بويىندىن ئېلىپ، مارجانغا

ئۆزۈتۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ گوھەرلەر ئارقىلىق ھەقىقەت ئاشكارىلىنىپتۇ، شاھ رۇمزان شاھ ئۇمەر ئىبنى نۇئماننىڭ ئوغلى، نۇزھەتۇززامان ئۇنىڭ ئاچىسى، كانى ماكان بىلەن قۇززى پاكان ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ باللىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپتۇ. شاھى رۇمزان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاۋال ۋەزىر دەندانىنى، ئاندىن كانى ماكاننى قۇچاغلاپ، پېشانىلىرىدىن سۆيۈپتۇ. شاتلىق ئاۋازلىرى كوككە كوتۈرۈلۈپتۇ. شۇ سائەتتە، ھەممە تەرەپكە خوشاللىق سادالىرى تارقىلىپتۇ، ناغرا ـ كارناي، داقا ـ دۇمباق، سۇنايلار چېلىنىپتۇ. ئىراق بىلەن سۇرىيەنىڭ شاھلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئۇز چېدىر ـ بارگاھلىرىغا قايتقان ئەسكەرلىرى دەرھال ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار دەمەشق سۇلتانى زەبۇلكاننىڭ باشچىلىقىدا يەنە سەپ تارتىپتۇ. ئۇلار ئوزىچە: "پەرەڭلەر بىلەن رۇم ئەسكەرلىرىنىڭ بۇنداق خوش بولۇپ قىچقىرىشلىرىنىڭ سەۋەبى نىمە!" دەپ ئويلۇشۇپتۇ. ئىراق ئەسكەرلىرى ئۇز سەپلىرى بىلەن مەيدانغا قاراپ ئېقىپتۇ. ئۇلار ئۇرۇشقا تولۇق تەييارلىنىپتۇ. شاھ رۇمزان بۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئۇچۇن سەپ تارتىپ كەلگەنلىكىنى كورۇپ، ئاكىسى شەررىكاننىڭ قىزى قۇززى پاكاننى ئىراق ۋە ئەرەپ ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلارغا: "بىزنىڭ ئارىمىز-دىكى دۇشمەنلىكنىڭ ئورنىنى قېرىنداشلىق، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق ئىگەللىدى. شاھ رۇمزان—شاھ ئومەر ئىبنى نۇئماننىڭ ئوغلى، شەررىكان، زۇئۇلماكان، نۇزھەتۇززاماننىڭ ئىنىسى، شاھزادە كانى ماكاننىڭ تاغىسى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇ خوشاللىق تەنتەنىسى مانا شۇنىڭ ئۇچۇن بارلىققا كەلدى"— دەپ ئېيتقىن، دەپ ئەۋە-تىپتۇ. قۇززى پاكان خوش بولۇپ، ئۇزى يالغۇز يولغا چۇشۇپتۇ.



www.uyghurkitap.com

سۇلتان زەبۇلكان ھۇزۇرىغا يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ. ئىككى ئارىدا دۈشمەنلىك يوقاپ، شاتلىق، قېرىنداشلىق بارلىققا كەلگەنلىكىنى، شاھ رۇمزاننىڭ كانى ماكاننىڭ ۋە ئۇزىنىڭمۇ تاغىسى ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىپتۇ. قۇززى پاكان يېتىپ بارغاندا، سۇلتان زەبۇلكان ئەسىرگە چۈشۈپ كەتكەن ئەسكەر باشلىقلىرى ۋە ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئىچىنىپ يىغلاپ ئولتۇرغان ئىكەن. قۇززى پاكان بېرىپ ۋەقەنى تولۇق ئېيتىپ بەرگەندە، ئۇلار بۇ خوشخەۋەردىن ناھايىتى خۇرسەن بولۇشۇپتۇ، خاپىلىقلىرى تارقىلىپتۇ. سۇلتان زەبۇلكان قايتىدىن ئاتلىنىپ، قۇززى پاكان بىلەن بىللە ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، شاھ رۇمزاننىڭ چېدىرىغا كەپتۇ. ئۇلار شاھ رۇمزاننىڭ ئالدىغا كىرگەندە، شاھ ۋەزىر دەندان ۋە ئاكىسىنىڭ ئوغلى كانى ماكان بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، سۇلتان زەبۇلكان ھەققىدە سوزلىشىۋاتقان ئىكەن. ئۇلار بۇ كىشىنى يەنە ئاۋالقىدەكلا دەمەشققە سۇلتان قىلىشنى، ئۇزلىرى ئىراققا قاراپ يۈرۈش قىلىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بۇ پىكرىنى سۇلتان زەبۇلكانغا ئۇقتۇرۇپ، ئۇنى قايتىدىن دەمەشقنىڭ سۇلتانلىقىغا بەلگىلەپ، ئۇنى دەمەشققە مېڭىشقا بۇيرۇپتۇ. زەبۇلكانمۇ ئۇزىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن دەمەشققە قاراپ مېڭىپتۇ. شاھ رۇمزان باشلىق ھەممە چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلار ئۇنى خېلى يەرگىچە ئۇزۇتۇپ چىقىپ، خوشلىشىپ، ئۇز ئورۇنلىرىغا قايتىپتۇ. كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ ئۇز ئەسكەرلىرىنى يىغىپ، ئىراققا قاراپ يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا خەۋەر تارقىتىپتۇ. ئىككىلا مەملىكەتنىڭ ئەسكەرلىرى بىر ـ بىرلىرى بىلەن قوشۇلۇپتۇ. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ شاھلىرى: "زاتۇد داۋاھى لەقەملىك كەمپىر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىن ئوچ ۋە قانلىق ئىنتىقام ئالمىغىچە قەلبىمىز ئارام تاپمايدۇ، كۆڭلىمىز تىنچىمايدۇ، غەزىۋىمىز بېسىلمايدۇ"—دېيىشىپ، بىرلىككە كېلىشىپتۇ. شاھ رۇمزان ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىلىرى ۋە ساراي ئەمەلدارلىرى بىلەن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، باغدادقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. كانى ماكانمۇ ئۆزىنىڭ تاغىسى شاھى رۇمزاننى تېپىپ ئالغىنىغا ناھايىتى خوش بولۇپ سۆيۈنۈپتۇ. شاھ رۇمزاننىڭ سوت ئانىسى مارجانىغا بۇ تۇققانلارنى بىر-بىرىگە تونۇشتۇرۇپ قوشقىنى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ. ۋەزىر دەندان بىلەن ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىلىرى ۋە قوشۇنلىرىنى ئېلىپ، شاھى رۇمزانغا قوشۇلۇپ، باغدادقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. تا ئۇر يەرلە-رىگە يېتىپ كەلگىچە يۈرۈشۈپتۇ. شاھ ساسانى ئۇلارنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. شاھ رۇمزاننى كۆرگەن ھامان ئېتىدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ تازىم قىلىپ، قولىنى سۆيۈپتۇ. شاھ رۇمزانمۇ ئۇنىڭغا تون تارتۇق قىپتۇ. شاھ رۇمزان ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا چىققان باغداد ئەھلى بىلەن بىللە كانى ماكاننى ئېلىپ قەسرىگە كىرىپ، ئاتىسىنىڭ تەختىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاكىسىنىڭ ئوغلى كانى ماكاننىمۇ ئۆزىنىڭ يېنىدا، ئاتىسىنىڭ تەختىگە چىقىرىپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ. شۇ چاغدا كانى ماكان ئۆزىنىڭ تاغىسى شاھ رۇمزانغا قاراپ: "سېنىڭ شاھلىغىڭغا مۇبارەك بولسۇن تاغا، شاھلىق پەقەت ساڭىلا ياراشتى!..."—دەپتۇ. كانى ماكاندىن بۇ سوزنى ئاڭلىغان رۇمزان كانى ماكانغا قاراپ: "سېنىڭ مىراسىڭغا كوز تىككىشتىن تەڭرىم مېنى ئۆزى ساقلىسۇن!"—دەپتۇ. شۇ يەردە بۇ سوزنى ئاڭلاپ تۇرغان ۋەزىر دەندان ھەر ئىككىسىنىڭمۇ باپ-باراۋەر شاھ بولۇش-

لىرىنى ۋە ھەر بىرىسىنىڭ بىر كۈندىن نوۋەت بىلەن شاھلىق قىلىشىنى زورۇر دەپ تونىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇنىڭغا ھەر ئىككىسىلا رازى بوپتۇ. سارايدىكىلەرمۇ بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، خوشال بولۇشۇپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



بىر يۈز قىرىق ئۈچىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، ھەر ئىككى شاھ ۋەزىر دەندانىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن، بىرسى بىر كۈن، يەنە بىرسى بىر كۈن نوۋەت بىلەن شاھلىق قىلىپ دەۋرى سۈرۈپتۇ. كېيىن كوپ مال سوۋۇپتۇ. باغداد ۋە باشقا ئوزىگە قاراشلىق شەھەرلەر ۋە ئاھالىغا توي قىلىپ بېرىپتۇ. شۇ يوسۇندا ئارىدىن بىر قانچە ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. شاھزادە كانى ماكان نوۋىتى كەلگەندە شاھلىق قىلىپ ھوكۇمەت ئىشىدىن بوشىغاندا تاغىسىنىڭ قىزى قۇززى پاكان ئالدىدا ۋاقتىنى ئوتكۈزۈپتۇ. شۇنداق پاراغەتتە ئولتۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شاھ ئالدىغا بىر سودىگەر ئاۋازىنىڭ بارىچە دادى پەريات كوتۇرۇپ كىرىپ كەپتۇ. ئۇ: "ئەي ئەلگە پانا بولغۇچىلار! بۇ قانداق گەپ؟ دىنىسىزلارنىڭ مەملىكىتىدە ساق-سالامەت سودا-سېتىق ئىشلىرىمنى قىلغان ئىدىم، سىزلەرنىڭ مەملىكىتىڭىزلەر تۇپرىقىغا قەدەم قويۇشۇم بىلەن مېنىڭ مېلىمنى بۇلاپ-تالاشتى!" —

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى تور بېكىتى

دەپتۇ. شاھى رۇمزان ئۇنىڭغا قاراپ: "قېنى ئېچىپ ئېيتقىنا، سەن ئۇزەڭ كىم؟ ساڭا كىم ھۇجۇم قىلدى. مېلىڭنى كىم بۇلىدى؟ قەيەردە؟" — دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى: "مەن سودىگەر مەن. ۋەتىنىمدىن چىقىپ كەتكىنىمگە كوپ ئۇزاق ۋاقىت بولدى. يىگىرمە يىلدىن بېرى تۇرلۇك مەملىكەتلەردە تىجارەت قىلىپ يۇردۇم. مېنىڭ قولۇمدا دەمەشىق ئەمىرى مەرھۇم شاھزادە شەررىكاننىڭ: "ھېچكىم بۇ كىشىنىڭ مېلىغا تەگمىسۇن" — دەپ يېزىپ بەرگەن تەۋسىيە خېتى بار. بۇ خەتنى مەن مۇشۇنداق كۇنلەرنىڭ بېشىغا چۇشمەسلىكى ئۇچۇن مەرھۇم شەررىكانغا بىر كېنىزەك ھەدىيە قىلىپ ئالغانمەن. ئەپسۇسكى بۇ مەملىكەتكە يېقىن كەلگىنىمدە، يولدا بىزگە ئەرەپلەر ھۇجۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەرتەرەپتىن يىغىلغان كۇرتلارمۇ بار ئىدى. ئادەملىرىمنى ئولتۇرۇپ ماللىرىمنى تالىدى. بۇ ماللارنىڭ ئىچىدە ھىندىستاننىڭ ئاجايىپ ئېسىل رەختلىرىدىن يۇز تاي يۇك بار ئىدى. ئۇلارنى مەن ئىشەنچ ۋە ئادالەتنىڭ مەركىزى بولغان باغدادقا ئېلىپ كېلىۋاتقان ئىدىم. مېنىڭ پەريات قىلىشىمنىڭ سەۋىۋى مانا شۇ" — دەپتۇ سودىگەر شاھ رۇمزاننىڭ ئالدىدا يىغلاپ تۇرۇپ. شاھ رۇمزاننىڭمۇ، شۇنىڭدەك شۇ يەردە ھازىر بولغان ئاكىسىنىڭ ئوغلى شاھ كانى ماكاننىڭمۇ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ رەھمى كەپتۇ. كوڭۇللىرى يۇمشاپ شۇ قاراقچىلارنى يوقۇتۇشنى بىرلىكتە قارار قىپتۇ. يۇز ئاتلىق باتۇرنى سودىگەرگە قوشۇپ قاراقچىلارنى تۇتۇپ كېلىش ئۇچۇن يولغا ساپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى جەڭ كۇنلىرىدە مىڭ كىشىگە تېتىيدىغان باتۇرلاردىن ئىكەن. سودىگەر ئالدىغا چۇشۇپ ئۇلارغا يول باشلاپ مېڭىپتۇ. شۇ كۇنى كېچىسى بىلەن يول يۇرۇپ

سەھەرگە يېقىن سۇيى كوپ دەرەخلىك بىر ۋادىغا يېتىشىپتۇ. قاراقچىلار سودىگەرنىڭ مېلىنى تالاپ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ شۇ ۋادىغا يوشۇرۇنغان ئىكەن. مالنىڭ قاراقچىلاردىن ئېشىپ قالغىنى تېخى شۇ يەردە تۇرغان ئىكەن. ھېلىقى يۈز ئاتلىق باتۇر قاراقچىلارغا بىردىن ھۇجۇم باشلاپ ھەر تەرەپتىن ئۈزۈك كوزىدەك ئوراپ ئېلىپ قىستاپ بىرىنى قاچۇرماي تۇتۇپ شاھ رۇمزاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. قاراقچىلارنىڭ ھەممىسى يۈزدىن ئارتۇق كىشى ئىكەن. ئۇلارنى ئىككى شاھ بىرلىكتە سوراق قىلغاندا قاراقچىلار: "بىز مۇشۇ ئۈچ كىشىنىڭ گېپىگە كىرىپ مۇشۇنداق ئەسكى ئىشلارنى قىلدۇق. بىزنى مۇشۇ ئىشقا سالغان كىشى مانا شۇ ئۈچ ئادەم"—دەپ ئۇلارنى كورسىتىپ بېرىپتۇ. ئىككى شاھ ئوغرىلارنىڭ باشلىغىدىن، سودىگەردىن بۇلىۋالغان بارلىق ماللارنى تاپشۇرۇۋېلىپ سودىگەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. كېيىن ئوغرىلارنىڭ باشلىغى بولغان ئۈچ قاراقچىنى تۇتۇپ قېلىپ باشقىلىرىنى توۋە قىلدۇرۇپ قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇق قىپتۇ. سودىگەر ئوز مال ۋە رەختلىرىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ھساپلاپ كورۇپ توتتىن بىر قىسىم مېلىنىڭ زىيانغا ئۇچرىغىنىنى شاھلارغا ئەرز قىپتۇ. شاھلار ئۇنىڭ يوقالغان مېلىنى خەزىنىدىن تولەپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. شۇ چاغدا سودىگەر ئۇلارغا ئىككى پارچە خەتنى چىقىرىپ كورسىتىپتۇ. بۇ خەتنىڭ بىرى دەمەشق ئەمرى مەرھۇم شەررىكانىنىڭ تەۋسىيە خېتى، ئىككىنچىسى نۇزھەتۇززامان- نىڭ ئاتىسىغا يازغان خېتى ئىكەن. بۇ سودىگەر بىر ۋاقىتتا دەمەشقتە نۇزھەتۇززامانىنى بەدىۋىدىن سېتىپ ئېلىپ دەمەشق ئەمرى شەررىكانغا تەقدىم قىلغان سودىگەر ئىكەن. كانى ماكان بۇ خەتنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قولىغا ئېلىپ ھامىمىسى نۇزھەتۇززامانىنىڭ ئالدىغا كوتۇرۇپ كىرىپتۇ. چۈنكى ئۇ بۇۋەقەنى نۇزھەتۇززاماندىن بىرقانچە قېتىم ئاڭلىغان ئىكەن. نۇزھەتۇززامان ئاكىسى شەررىكانىنىڭ ۋە ئوزد-نىڭ يېزىپ بەرگەن خېتىنى تونۇپتۇ. ئورنىدىن چىقىپ ھوكۇمەت مەھكىمىسىگە كېلىپ سودىگەرنىمۇ تونۇپتۇ. ئالدىغا بېرىپ سالام بېرىپ سارايغا ئېلىپ كىرىپ ئۇنى ناھايىتى ئوبدان ھورمەتلەپ مېھمان قىلىپ، بىر چاغدا ئوزىنىڭ بېشىدىن ئوتكەن كۈنلەرنى، سودىگەرنىڭ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىپ بەدئۇينىڭ قولىدىن، ئازاپتىن قۇتۇلدۇرۇپ سېتىۋالغانلىغىنى ۋە ئاكىسى شەررىكانغا تەقدىم قىلغانلىغىنى ئۇكىلىرىغا ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ ئۇچۈن بۇنىڭغا ياردەم قىلىشلىرىنى ئوتۇنۇپ سوراپتۇ. ئوزىمۇ نۇرغۇن پۇل، قۇل، خىزمەتكار بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، نۇزھەتۇززامانىنىڭ ئوزى بۇنىڭغا يەنە يۇزمىڭ تەڭگىلىك سوغا، ئەللىك تاي مال بېرىپتۇ. ئوزىنىڭ شاھ ئومەر ئىبنى نوئمانىنىڭ قىزى ئىكەنلىگىنى، شاھ رۇمزان ئوزىنىڭ ئىنىسى ئىكەنلىگىنى، شاھ كانى ماكانىنىڭ ئىنىسى زەۋئۇلماكانىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىگىنى سودىگەرگە بىلدۇرۇپتۇ. بۇ سوزنى ئاڭلاپ سودىگەر ناھايىتى خوش بوپتۇ. سودىگەر نۇزھەتۇززامانىنى ئوزىنىڭ تۇققانلىرى بىلەن ساق-سالامەت ئۇچراشقانلىغى ئۇچۇن قايتىدىن تەبرىكلەپتۇ. نۇزھە-تۇززامانىنىڭ قولىنى سۇيۇپ تۇرۇپ، قىلغان ئىنئاملىرى ئۇچۇن رەخمەت ـ ھەشقاللا ئېيتىپتۇ ۋە: "تەڭرى نامى بىلەن شۇنى ئېيتىمەنكى، ماڭا قىلغان بۇ ياخشىلىقلىرىڭىز ھېچقاچان زايا كەت-مەيدۇ. مەندىن يانمىسا، يەنە باشقا سەۋەپ بىلەن باشقا بىر كىشىدىن يانغۇسى"ـــ دەپتۇ. ئۇ، نۇزھەتۇززامانىنىڭ قەسرىگە

كىرىپ ئۈچ كۈن ئۇ يەردە تۇرۇپ نۇزھەتۇززامانغا مېھمان بوپتۇ. توتىنچى كۈنى نۇزھەتۇززامان بىلەن خوشلىشىپ سورىيەگە قاراپ سودا قىلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشلاردىن كېيىن شاھلار قاراقچىلارنىڭ ئۈچ باشلىغىنى قىچقىرتىپ، ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ۋە نېمە ئۈچۈن قاراقچىلىق قىلغانلىغىنى سوراپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئالدىغا چىقىپ: "مەن بىر بەدىۋى — سەھرايىمەن. يول ۋە شەھەرلەرنىڭ چەت ياقىلىرىدىن ئوغۇل - قىزلارنى ئالداپ ۋە قورقۇتۇپ ئېلىپ قېچىپ باشقا شەھەرلەرگە ئېلىپ بېرىپ، قۇل، كېنىزەك قىلىپ سېتىشقا ئادەتلەنگەنمەن. خېلى ۋاقىتتىن بېرى شۇ يول بىلەن تېچ جان بېقىپ كەلگەن ئىدىم، نېمە بولغىنىنى بىلمەيمەن. بۇ ئىككى جىنايەتچى شەيتاندەك مېنى ئازدۇرۇپ قاراقچىلىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇزاق يەرلەردىن، ئاۋات شەھەرلەردىن مال ئېلىپ كېلىدىغان سودىگەرلەرنىڭ يولىنى توسۇپ، ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ ماللىرىنى تالايدىغان بۇلاڭچى بولۇپ قالدىم" — دەپتۇ. شۇ چاغدا شاھلار: "كىچىك نوغۇللار بىلەن قىز بالىلارنى ئالداپ ئېلىپ قېچىپ يۈرگىنىڭدە كورگەن كەچۈرمىشلىرىڭدىن ئەڭ قىزىقىنى بىزگە سوزلەپ بەرگىن!" — دەپتۇ. "خوپ! — دەپ ئۇ ئۆز ھېكايىسىنى مانا بۇنداق باشلاپتۇ، — ئەي زامانىمىزنىڭ قوشكىزەك شاھلىرى! مېنىڭ كورگەنلىرىمنىڭ ئەڭ قىزىقى ۋە ئاجايىپراغى شۇكى، بۇنىڭدىن يىگىرمە ئىككى يىل بۇرۇنقى ۋاقىت ئىدى. مەن كۈنلەردىن بىركۈنى قۇددۇس شەھىرىنىڭ قىزلىرىدىن بىرىنى ئالداپ ئېلىپ قاچتىم. ئۇ ناھايىتىمۇ چىرايلىق، ھوسنى - جامالى بەكمۇ كېلىشكەن قىز ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ كورۈنۈشى، مىجەزى تولىمۇ ساددا بولۇپ، تولاراق خىزمەتكار قىزلارغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تى. ئۈستىدىكى كىيىملىرى يىرتىلغان، بېشىغا ئەسكى چاپاندىن يىرتىپ ئېلىنغان بىر پارچە لاتىنى ئارتىۋالغان ئىدى. مەن ئۇنى بىر سارايدىن چىقىۋاتقاندا كۆرۈپ قېلىپ بىر دەم كەينىدىن ماڭدىم. مەقسىدىم ئۇنى سەھراغا ئېلىپ چىقىپ توگە باقتۇرۇش ۋە سايدىن تېزەك تەردۈرۈش ئىدى. بىراق ئۇ قىز كوپ يىغلاپ بېشىمنى ئاغرىتتى. يىغلاۋەرگەندىن كېيىن جېنىدىن ئۆتكىدەك قامچىلىدىم. كېيىن سېتىۋەتمەكچى بولدۇم. دەمەشىق شەھىرىگە ئېلىپ باردىم. ئۇنى بىر سودىگەر كۆرۈپ قېلىپ ئەقلى-ھوشىدىن ئېزىپ قالدى. ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ يېقىملىقلىقى سودىگەرنىڭ ئەقلىنى ئوغۇرلىدى. ئۇنى: "ماڭا سېتىپ بەرگىن!" — دەپ باھاسىنى ئاشۇرۇۋەردى. ئاخىرى ئۇنى سودىگەرگە باھاسىدىن ئاشۇرۇپ ساتتىم. قىزنى سودىگەرگە بېرىۋاتقىنىمدا ئۇنىڭ ناھايىتى يېقىملىق، سوزگە چېچەنلىكىنى بىلىپ قالدىم. كېنىزەك ئاڭلىسام ئۇ سودىگەر قىزغا يارىشىدىغان ياخشى كىيىملەرنى كەيدۈرۈپ ئۇنى دەمەشقنىڭ ئەمىرىگە تەقدىم قىلغان ئىكەن. ئەمىر ئۇنىڭغا ماڭا بەرگەن پۇلدىن ئىككى باراۋەر ئارتۇق پۇل بېرىپتۇ. ئەي زامانەمىزنىڭ شاھلىرى مېنىڭ كورگەن ۋە بىلگەنلىرىمنىڭ ئاجايىپ قىزىقىراغى مانا شۇ، ئەزبىرايى خۇدا مەن شۇنى ئېيتمەنكى، ئۇ قىزنى پۇل بىلەن باھالاشقا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تېخى ئۇ چاغدا مەن بىلمەيتتىم. بىلگەن بولسام شۇنداق ئەرزىمەس باھاغا ساتمايتتىم" — دەپتۇ. ئۇ شاھلار بەدىۋىنىڭ بۇ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ ئەجەپلىنىپتۇ. ئۇ قىزغا غايىۋانە ئىچىنى ئاغرىتىپتۇ. شۇ يەردە ھېكايىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان نۇزھەتۇززاماننىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئۆزىنى باسالماپتۇ. ئۇنىڭ يۈزىدىكى خۇرسەنلىك ئالامەتلىرى ئورنىنى

ئېغىر ھەسرەت ۋە قايغۇ-كۈلپەت ئىزلىرى ئاپتۇ. ئۇ ناھايىتى غەزەپلەنگەنلىگىدىن، ئۆزىنى تۇتالماي، ۋاقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. كېيىن ئىنىسى شاھ رۇمزانغا قاراپ: "بۇ بەدىۋىنىڭ بايىقى ھىكايىسىدىكى قۇددۇس شېرىپتىن ئالداپ ئېلىپ قاچقان ساددا قىزنىڭ ئۆزى — مانا مەن. بۇ — ھېچقانداق شەك-شۈبھىسىز بەدىۋىنىڭ نەق ئۆزى. بۇ مېنى ئاچ قويۇپ ئازاپلىدى، قامچا بىلەن ھايۋاندەك ئۇردى، ئىنسان بالىسىغا قىلمايدىغان تىل-ھاقارەت بىلەن خورلىدى. ئاخىر، ئاپىرىپ كېنىزەك قىلىپ ساتتى" — دەپتۇ ۋە ئۇنىڭ قولىغا چۈشكەندىن كېيىن كۆرگەن ئازاپلىرى، ئاچ ۋە سۇسىز قويۇپ قىينىغانلىقى، كەمستكەنلىكىنى قايتىدىن سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاندىن: "ئەمدى بۇ ئادەم شەكلىدىكى ۋەھشىنى ئۆلتۈرۈپ، يەر يۈزىنى بۇنىڭ ناپاك ئايىغىدىن تازىلاش ماڭا ھالال" — دەپ، قولىغا يالىڭاچلانغان قىلىچ ئېلىپ، بەدىۋىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئورنىدىن قوزغۇلۇپتۇ. نۇزھەتۇززاماننى بۇ ھالدا كۆرگەن بەدىۋى شاھلارغا قاراپ يېلىنىپتۇ: "بۇ كىشىنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈشىگە زادى يول قويماڭلار! مەن سىلەرگە بېشىمدىن ئۆتكەن قىزىق-قىزىق ۋەقە ۋە ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلەرنى سۆزلەپ بېرەي" — دەپتۇ. "ھاماچا، ھازىرچە سەن ئۇنى ئۆلتۈرمەي تۇر. بىزگە ئېيتماقچى بولغان ھىكايىسىنى ئېيتىپ باقسۇن. ھىكايىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، نېمە قىلىش ئىختىيار سەندە" — دەپتۇ كانى ماكان. نۇزھەتۇززامان ئۆز ئورنىغا قايتىپ بېرىپ، جايىغا ئولتۇرۇپتۇ. شاھلار بەدىۋىگە قاراپ: "قېنى ئەمدى، سۆزلىمەكچى بولغان ھىكايەڭنى باشلا!" — دېيىشىپتۇ. بەدىۋى جانلىنىپ: "ئەي زامان شاھلىرى! مەن سىزلەرگە ئاجايىپ بىر ھىكايە ئېيتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەرسەم، سىزلەر شۇنداق بەدىلىگە مېنىڭ خۇنۇمدىن كېچەمسىزلەر؟" — دەپ سوراپتۇ. ئۇلار: "قېنى، ئاڭلاپ باقايلى! ئەگەر سەن ئېيتقان ھىكايە سېنىڭ قىلغان جىنايىتىڭنى يۇيالىسا، ئۇ چاغدا تىلىكىڭنى يەردە قويمايمىز" — دېيىشىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بەدئۇلگە جان كىرىپ، بېشىدىن ئۆتكەن ئەڭ ئاجايىپ بىر ۋەقەنى ھىكايە قىلىشقا كىرىشىپتۇ.

## سەھرالىق ھاماد ھىكايىسى

— ئەي زامان شاھلىرى، مەن بۇنىڭدىن بىرئاز ۋاقىت ئىلگىرى بىر كېچىسى زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. بۇ كېچە ماڭا، تاڭ ئاتمايدىغاندەك، شۇنداق ئۇزۇن تۇيۇلدى. تاڭنىڭ ئېتىشىنى كۈتمەستىن، دەرھال تۇرۇپ، قىلىچ-ياراقلىرىمنى ئاستىم. سەپەر ھازىرلىقىمنى قىلىپ، ئېتىمغا مىنىپ، نەيزەمنى ئېلىپ ئوۋغا چىقتىم. يولدا ماڭا بىر توپ ئادەملەر ئۇچرىدى. ئۇلار مېنىڭ نېمە مەقسەت بىلەن بۇ كېچىدە يولغا چىققانلىقىمنى سوراشقا باشلىدى. "شىكارغا!" دىدىممەن. ئۇلار مەندىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ: "بىزمۇ ساڭا ھەمرا بولايلى! سەنمۇ بىزنى ئولجاڭغا شېرىك قىلغىن!" — دېيىشتى. مەن بۇ تەكلىپكە كۆندۈم. بىز بىرلىشىپ يولغا چۈشتۇق. بىزنىڭ كۆزىمىزگە بىر توگە قۇش كۆرۈنۈپ قالدى، بىز ئۇنى تۇتماقچى بولدۇق. ئۇ قاناتلىرىنى يېيىپ، بىزدىن قاچتى. بىز قوغلىدۇق. ئۇمۇ قېچىۋەردى، بىزمۇ قوغلاۋەردۇق. تاكى كۈن پاتقىچە شۇنداق ئاۋارە بولدۇق. ئاخىر، كەچكە يېقىن، گىياسىز ۋە سۇسىز بىر چۆلگە بېرىپ چۈشتى. بىز ئۇ يەرگىمۇ يېتىپ باردۇق. قارىساق،

ئۇ يەردە چول ئىلانلىرىنىڭ كۇشۇلداشلىرى، جىنلارنىڭ ئاۋاز-
لىرى، دىۋىلەرنىڭ پەرياتلىرىدىن باشقا ھىچ نەرسە يوق. توگە
قۇشنىڭ ئىزىمۇ يوق. ئۇ، يەرگە كىرىپ كەتتىمۇ ياكى ئاسمانغا
چىقىپ كەتتىمۇ، بىلەلمەي قالدۇق. ئۇ كوزىمىزدىن شۇنداق تېز
غايىپ بولدى. ئاتلىرىمىزنىڭ بېشىنى ياندۇرۇپ، ئارقىمىزغا قايت-
ماقچى بولغان ئىدۇق. كېيىن "شۇنداق تىنجىقتا بۇ يەردىن قايتىپ
كېتىش ياخشى ئەمەس. بۇ يېقىن ئارىدا بىز ئارام ئالغۇدەك
جايمۇ يوق ئىكەن"—دىگەن پىكىرگە كېلىپ، قايتماسلىققا قارار
قىلدۇق. چۈنكى، ئوزىمىزمۇ، ئاتلىرىمىزمۇ ئۇسساپ، ھالىمىزدىن
كېتىپ قالغان ئىدۇق. شۇ يەردە توختىدۇق. كۈن يانغانسېرى بۇ
يەر دىمىق بولدى. بىز "سۇسىزلىقتىن ئولىدىغان بولدۇق" دىگەن
ئىشەنچكە كەلگەن ئىدۇق. شۇ چاغدا، ئۇزاقتىن كىيىكلەر ئوتلاپ
يۈرگەن كوپكۆك بىر مايسىزارغا كوزىمىز چۈشتى. تىكىلىپ قارىغان
ئىدۇق، ئۇ يەردىن بىزنىڭ كوزىمىزگە بىر چېدىرمۇ كورۈندى.
چېدىرنىڭ يېنىدىكى مۇمغا ئات باغلانغان، يەرگە سانچىپ قويۇل-
غان نەيزىنىڭ تىغى قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرىدا پاقىراپ تۇرۇپتۇ.
جېنىمىزدىن ئۇمت ئۇزگەن ئىدۇق. ئۇنى كورۇپ، يېڭىۋاشتىن
ئۇمىتلەندۇق. ئاتلىرىمىزنىڭ بېشىنى شۇ چېدىر تەرەپكە بۇرۇ-
دۇق. شېرىكلىرىممۇ مەن بىلەن بىللە شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى.
مەن ئالدىدا ماڭدىم. مېڭىۋېرىپ، ئاخىر شۇ ئوتلاققا يېتىپ
بېرىپ، بىر بۇلاق ئۇستىدە توختاپ تۇردۇق. سۇ ئىچتۇق، ئات-
لىرىمىزنىمۇ سۇغاردۇق. مېنىڭ جاھىللىقىم تۇتۇپ، چېدىرنىڭ
ئالدىغا باردىم. ئاستا قەدەم تاشلاپ، ئىشىگىنى ئېچىپ، چېدىرنىڭ
ئىچىگە قارىدىم. كوزۇمگە چېدىرنىڭ تورىدە تېخى ساقال-بۇرۇتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەت تارتمىغان بىر يىگىت چىرايىدىن ئايدەك نۇر چېچىپ ئولتۇر-
غان ھالدا كورۇندى، ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا پەردەك چىرايلىق ۋە
نازۇك بىر قىزمۇ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ قىزنى كورۇش بىلەن، يۇرۇگۈمگە
ئۇنىڭ مۇھەببىتى ئورنىدى. ئىچكىرى كىرىپ، يىگىتكە سالام
بەردىم. ئۇ سالىمىمنى ئىلىك ئېلىپ، جاۋاپ قايتۇردى. مەن:
"ئەي ئەرەپلەرنىڭ ئىسلزادىسى، ئېيتىقىنا، سەن ئوزەڭ كىم؟
يېنىڭدىكى بۇ قىز سىنىڭ كىمىڭ بولىدۇ؟ بۇ يەردە نىمە ئىش
قىلىسەن؟"—دەپ سورۇدۇم. ئۇ يىگىت بىردەم بېشىنى تۆۋەن
سېلىپ جىم ئولتۇردى. كېيىن بېشىنى كوتۇرۇپ: "ئوزەڭچۇ؟
ئوزەڭ كىمسەن؟ كەينىڭدىكى ئاتلىقلار كىم؟"—دىدى. "مىنىڭ
ئىسمىم ھاماد ئىبنى پىرازەلپازارى. ئەرەپلەر ئارىسىدا بىر
ئوزەمنى بەش يۈز پالۋانغا تەڭ باتۇر دەپ ئاتايدۇ. مەن ئوزەم
چول كېزەر نامدارلاردىنمەن. بىز شىكارغا چىققان ئىدۇق. تەش-
نالىق غالىپ كېلىپ، بىر يۇتۇم سۇ تېپىلامدىكىن—دىگەن ئۇمىتتە
شۇ چېدىرىغا كەلدۇق"—دىدىم. "بۇ كىشىگە ئۇسسۇزلۇق بەرگىن،
تاماق ئېلىپ كەل! تاماق يەپ قورسىقىنى تويغازسۇن"—دىدى. قىز
ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىتەكلىرىنى يىغىشتۇردى. ئاياقلىرىدىكى قوڭ-
غىراقلىرىنى جىرىڭلىتىپ، چاچلىرىنى لەپىلدىتىپ چىقىپ كەتتى. بىر
دەمدىن كېيىن، ئوڭ قولىدا كۇمۇش قاچىدا لىق سۇ، چەپ قولىدا
بىر قاچىدا خورما، يەنە بىر قاچىدا لىق سۇت، دەستىخاندا ياۋايى
ھايۋانلار گوشىدىن تەييارلانغان تاماق ئېلىپ كەلدى. مىنىڭ
پۇتۇن ئەقلى-ئىدرىكىم شۇ قىزغا باغلىنىپ قالغانلىقتىن، ئېلىپ
كەلگەن نەرسىلەرنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ يەرگە قويۇش خىيا-
لىمغىمۇ كەلمەپتۇ. يۇزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، شۇ ئىككى شېئىرنى

ئوقۇدۇم:

بۇ سۇيەتلىك زىبانى كورمىگەنمەن،
پەرى ياكى جەننەتنىڭ ھورىمۇ سەن؟
يوقتۇر سېنىڭدەك يەنە جاھاندا،
خۇشبۇي ئەيلىدىڭ ئەتراپنى تازا.

بۇرۇن مەن ئىدىم سۇغا تەشنا،
ئەمدى قىلدىڭ ۋەسلىڭگە تەشنا.
سۇيىتىڭنى تەرىپلەشتىن ئاجىز تىلىم،
سېنىڭ ئوتۇڭ بىلەن كويمەكتە دىلىم.

• • •

ئۇنىڭ قولىدىكى رەڭگە قارىساڭ،
ئاپپاق قارغا قىلغاندەك قارا قارغا جاي.
ئاينىمۇ، كۈننىمۇ شۇندا كورسەن،
ئويۇلۇپ بېكىنگەن قۇياش بىرلە ئاي.

يەپ ـ ئىچىپ، قارىنىمنى ئوبدان تويغۇزغاندىن كېيىن: "ئەي ئەرەپلەرنىڭ باشلىغى بولغان يىگىت! مەن ئوزەمنىڭ كىملىگىمنى ئوزەڭگە مەلۇم قىلدىم. ئەمدى سېنىڭمۇ مېنى ئوز ئەھۋالىڭدىن خەۋەردار قىلىشىڭنى سورايمەن" ـــ دىگەن ئىدىم. يىگىت: "بۇ قىز مېنىڭ سىڭلىم بولىدۇ" ـــ دىدى. مەن ئۇنىڭغا: "سىڭلىڭنى ئوز خاھىشىڭ بىلەن ماڭا نىكاھلاپ بېرىسەن! بولمىسا، ئوزەڭنى ئولتۇ-رۇپ، سىڭلىڭنى زورلۇق بىلەن بولسىمۇ خوتۇنلۇققا ئالىمەن" ـــ دىدىم. مەندىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ئۇ يىگىت بىردەم بېشىنى توۋەن سالدى. ئاندىن ماڭا قاراپ: "مەشھۇر پالۋان، تەڭگىدىشى يوق باتۇر ۋە سەھرانىڭ شىرى بولىمەن" ـــ دەپ قىلغان دەۋايىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەلكى راستۇر. لېكىن، تۇيۇقسىز تۇرۇپ ھۇجۇم قىلىپ، مېنى ئۆلتۈرسەڭ ۋە سىڭلىمنى زورلۇق بىلەن ئېلىپ كەتسەڭ، بۇ ئۆزەڭ ئۈچۈنمۇ ئۇيات بىر ئىش. ئەگەر سەن ھەقىقەتەن پالۋان بولساڭ، ئۇرۇش ۋە كۈرەشتىن قورقمىساڭ، ماڭا ئازغىنا ۋاقىت بەر! ئۇرۇش كىيىملىرىمنى كىيىپ، قىلىچىمنى ئېلىپ، نەيزەمنى ئېلىپ، ئېتىمغا مىنەي، ئەگەر مەن غالىپ كەلسەم، سىلەردىن بىرىڭلارنىمۇ قويماي قىرىپ تاشلايمەن. ئەگەر سىلەر غالىپ كېلىپ، مېنى ئۆلتۈرسەڭلار، خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار!" — دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، مەن: "بۇ، ناھايىتى ئىنساپ بىلەن ئېيتىلغان توغرا گەپ بولدى. بىز ئۇنىڭغا قارشى ئەمەسمىز" دېدىم. ئاندىن ئېتىمنى مىنىپ، ئۇنىڭ بېشىنى ئارقىسىغا ياندۇردۇم. لېكىن، قىزنىڭ مۇھەببىتى مېنى دىۋانە قىلىپ قويدى. شېرىكلىرىمنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردىم. ئۇلارغا قىزنىڭ ھۆسنى-جامالىنى، يېڭىدا ئۆلتۈرغان ئاكىسىنىڭ ياشلىقى ۋە چىرايىنى، باتۇرلۇقىنى ۋە ماڭا مەردانىلىق بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىنى، بەرگەن ۋەدىسىنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇلارغا يەنە بۇلارنىڭ چېدىرىدىكى بارلىق ماللىرىنىمۇ سۆزلەپ بەردىم. ئۇلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ: "بۇ يىگىت بۈيۈك پالۋان ۋە قەيسەر باتۇر بولمىسا، ئادەملەردىن ئايرىلىپ، بۇ يەردە يالغۇز يۈرەرمىدى؟ دادىللىق بىلەن بىر-بىرلەپ جەڭگە دەۋەت قىلارمىدى؟" — دېيىشتى. مەن شېرىكلىرىمدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى ئۆلجىغا قىزىقتۇرۇپ: "يىگىتنى كىم ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭ گۈزەل سىڭلىسىنى شۇ كىشى ئالسۇن! ئۇنىڭ باشقا ماللىرى بىزنىڭ بولسۇن" — دېدىم. ئۇلار رازى بولۇشتى. شېرىكلىرىم قوراللىرىنى ئېلىشىپ، ئاتلىرىغا مىنىشتى. يىگىتنىڭ ئالدىغا بارغىنە-

ئاماشا قىل! ياۋنى
بۇ ئۇلۇغ جەڭدە
ئۇلار س
گەر ئۇ
مەيلى ئۇ

مىزدا، ئۇنىمۇ تولۇق قورالانغان هالدا ئات ئۇستىدە كوردۇق. بىزنى كورۇپ، سىڭلىسى سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى، كېلىپ ئاكىسىنىڭ ئۇزەڭگىسىگە يېپىشتى. كوزلىرىدىن ئاراملاپ ئاقىقان ئۇنىڭ يۇزىدىكى نىقاۋىنى يۇيدى. "ئەي تەڭرىم، ئاكامنى ياش هالاكەتتىن ئۇزەڭ ساقلا! ئۇنى ساڭا تاپشۇردۇم" — دەپ، ئۇن سېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ، ئۇ شېرلارنى ئوقۇدى:

بېشىمغا كەلدى مېنىڭ بەختسىزلىكنىڭ بالا،
سەن ئامان قىلغىن، دەپ يىلىندىم ئەي خۇدا.
سېنى ئۆلتۈرمەكچىدۇر ئۇلار، جېنىم ئاكام،
سەندە مۇتلەق ئېيىپ يوق بۇ ئۇرۇشتا.

بۇ ئاتلىقلار بىلىپ قويسۇن ئەمدى سېنى،
جەڭدە گويا شىرلىكىڭنى غەرب بىلەن شەرق ئارا.
بۇ ئاجىز مەرۋان سىڭلىڭ ئۈچۈن.
جەڭگە كىردىڭ مەن ساڭا قىلاي دۇئا.

باسمىسۇن كوڭلۇڭنى قايغۇ، بەرمە يول،
دىدەڭ بولۇشنى ماڭا مىڭ كورمە راۋا.
بىل خۇدا ھەققى شەھەرمۇ گور ماڭا،
سەن بولمىساڭ دۇنيا قاراڭغۇ دايىما.
مەيلى نەم يەر قوينىدا ياتسۇن تېنىم،
ئولتۇرۇپ ئۇزەمنى قىلسىمەن جاننى پىدا.

ئاكىسى بۇ شېرنى ئاڭلاپ، قاتتىق يىغلىدى، قارىستىپ بۇراپ، ئۇنىڭ شېرىغا

...تالقان قىلغىنىمىزغا سەن قارا.

...رەقىپلەر بېشىغا بولغۇم بالا.

...ردارى پىلدەك پالۋانلاردىن بولسىمۇ،

يولۋاس يۈرەكلىك، مەيلى شىردەك جىدەك ئالار.

...ئۇنداق زەربە بىلەن نەيزە ئۇۋرايكى كوكسىگە.

...ەچىپ زىخىندەك، ئۇنىڭ قىلسۇن جىگەر ۋە باغرىن يارا.

...ى ر قولۇمدىن كەلسە، ساقلاپ قىلىش سىڭلىسىم سىنىپ.

قارغا-قۇزغۇن، بورە يىسۇن گوشتۇمنى سەھرا ئارا.

تا، كۆچۈم بارىچە قىلاي دۈشمەن بىلەن جىدەل سەن...

ئىشلىرىم داستان يارانسۇن ساڭا قىلاي جانىنى پىدا. سىڭ...

يۇقۇرىدىكى شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاتكىلا...

ئىپتىدىغان ۋەسىيەت ئۇۋە سوزلىرىمنى سەھندە...

سىڭلىسى: «جېنىم بىلەن، زىھنىم قاراپ...

بەردى. يىگىت سىڭلىسىغا ھىچقاپىس...

كەنكىدەك بولسام، بۇلا ۋىنىڭ خورلاپ...

ئالدانساڭ، ئۇلا ۋە سىنى ئاتكىلاپ...

ئاكسىدىن بۇ سوزنى مىنىڭ ئوچىچى...

«جېنىم ئاكا، سەن فىلىرىگىنىڭ ئىتۇ...

بولساڭ، دۈشمەنلىرىڭنىڭ ئىككىسىگە...

مەنمۇ جانىنى ئۇز ئاكى...

سوزىدىن كېيىن، ئىدى...

قىقايىنى ئاچقاق چىچى...

قويايتتىدەك نۇر...

ئۇنىڭ پېشانىسى...

...ئىتىنىڭ بېشىنى

...مانا بۇ شېئىر بىلەن

قاراپ: "ئەي چولكىزەر باتۇرلار، سىزلەر مېھمان بولۇشنى خالى-سىڭىزلار، مەرھەمەت! كۆڭلۈڭلەردىكىدەك زىياپەت قىلاي! ئەگەر بۇ تولۇن ئايغا قاراپ ئىنتىلىۋاتقان بولسىڭىزلار، قېنى كېلىڭلار! مەن بىلەن يەكمۇ-يەك تۇرۇپ جەڭ قىلىڭلار! قېنى، مەيدانى سىزلەرنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. مەيدانغا چۈشۈڭلار!"—دېدى. يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بىزنىڭ سېپىمىزدىن بىر ئاتلىق باتۇر ئېتىنى ئويىنىتىپ مەيدانغا چۈشتى. يىگىت ئۇنى كۆرۈپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: "ئەي ئەرەپ، ئىسمىڭ نېمە؟ ئاتاڭنىڭ ئىسمى نېمە؟ ئېيت، چۈنكى، مەن ئىسمى ئۆز ئىسمىم بىلەن، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئاتامنىڭ ئىسمى بىلەن بىر ئىسىمدا بولغان ھەرقانداق كىشىنى جەڭدە يەكسەممۇ ئۆلتۈرمەيمەن. ئەسىرگە ئالغان تەقدىردىمۇ، ئازات قىلىمەن. ئۆزۈڭگە لايىق ئىنئاملار بىلەن يولغا سالىمەن"—دېدى. بىز تەرەپتىن مەيدانغا چۈشكەن باتۇر ئۇنىڭغا قاراپ: "ئېتىم بىلال، ئاتامنىڭ ئېتى جامال"—دەپ كورەڭلىدى. يىگىت ئۇنى كورۇپ ۋە گېپىنى ئاڭلاپ، مەنىلىك كۈلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ، مانا بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

سەن مېنى ئالدىدىڭ، ئىسمىم دەپ "بىلال"،
يالغان سۆزلىگەندىن ئۆلگىنىڭ ھالال.
ئەقلىڭ بولسا، ئاڭلا! راست سۆزنى ئېيتاي،
باتۇرلارنى يەنچىدىم مىسالى پاخال.

ئالماستەك ئۆتكۈر نەيزىلىرىڭمۇ،
كار قىلماس ماڭا، ياخشى بىلىپ ئال!
ئۆزەڭنى ئەيلىدىڭ ئۆلۈمگە دۇچار،
تىغىمدا ئۆلسەڭ، يوقتۇر ھېچ ۋابال.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاغنى تالقان قىلغان باتۇر قولۇمدىن،
ئۆمرۈڭدە مەرتلىكنىڭ تەمىن تېتىپ قال!
قارغا ـ قۇزغۇن تالاشسۇن سېنى،
ئەجەل شەربىتىنى سەنمۇ ئىچىپ قال!

ئاندىن ئىككىسى بىر ـ بىرىگە تىغ سېلىشىپ، ھۇجۇم قىلىشتى. چىرايلىق يىگىت ئاتلىق باتۇرنىڭ كۆكسىگە نەيزىسىنى كېلىشتۈرۈپ ئۇرغان ئىدى، نەيزىسىنىڭ ئۇچى قان ئارىلاش ئارقىسىدىن چىقتى. بۇنىڭ ئارقىسىدىن يىگىتكە قارشى يەنە بىر پالۋان ئېتىنى ئوينىتىپ، مەيدانغا چۈشتى. يىگىت ئۇنىڭغا قارشى بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

سەن شايلى ئاقتان ئىپلاس بىر كۈچۈك،
سېنى ئىنسانغا قانداق تەڭ قىلاي.
جەڭ ۋاقتىدا ئۆلۈمنى ئويلىمىغان ئەر،
ۋەھشىنى قىرغاندەك قىرىپ جەڭ قىلاي.
ئالى نەسەپ باتۇرلارغا خاس،
بۇ جەڭدە ھەممىڭنىڭ ھالىنى تەڭ قىلاي.

يىگىت ئۇنىڭغىمۇ نۆۋەت بەرمەي، قىلىچ بىلەن چېپىپ قانغا مىلىدى. "يەنە ئوتتۇرىغا چۈشىدىغان پالۋان بارمۇ؟!" ـــ دەپ قىچقىرغان ئىدى، بىزنىڭ سېپىمىزدىن يەنە بىر پالۋان چىقىپ، مانا بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

مەن ساڭا تاشلاندىم يۈرۈكۈمدە ئوت،
جەڭگە قىچقىرغاندەك دوستلىرىمنى ھەم.
ئەرەپ سۇلتانلىرىنى يىقىتقىنىڭدەك،
سېنىڭمۇ دىلىڭنى باسىدۇ ئەلەم.

يىگىت ئۇنىڭ بۇ شېئىرىغا تۆۋەندىكى شېئىر بىلەن جاۋاپ بەردى:

يالغان سۆزلىرىڭنى توختات، ئەي شەيتان،
يۈزۈڭگە تارتىپسەن يالغاندىن قالقان.
بۈگۈن توغرا كەلدىڭ مەرت نەيزىسىگە،
زەربەمدىن تىترەيدۇ، بۇ قانلىق مەيدان.

كېيىن يىگىت ئۇنىڭمۇ كۆكرىكىنى نىشانلاپ تۇرۇپ، بىرنى ئۇرغان ئىدى، نەيزىسىنىڭ ئۇچى ئارقىسىدىن باش چىقاردى. "قېنى، مەن بىلەن جەڭ قىلىمەن دەيدىغانلاردىن يەنە بارمۇ؟!" — دەپ سورىغان ئىدى، ئارىمىزدىن تۆتىنچى پالۋان چىقىپ، مەيدانغا چۈشتى. يىگىت ئادىتى بويىچە ئۇنىڭمۇ ئىسمىنى سورىدى. ئۇ، ئىسمىم "ھىلال" — دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، يىگىت بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

مېنىڭ دېگىنىمگە كىرىپ يىگىتلىك،
سەن يالغانچى نادان بالىسەن.
بۈگۈن مەندىن بىر شېئىر ئاڭلايسەن، لېكىن،
جاندىن ئايرىلغىنىڭنى بىلمەي قالىسەن.

ئاندىن ئىككىسى بىر-بىرىگە قىلىچ سېلىشىپ، ھۇجۇم قىلىشتى. يىگىتنىڭ قىلىچى پالۋانغا ئالدىنىراق كېلىپ چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن يىگىتنىڭ قىلىچى بۇنىمۇ يەر چىشلەتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ چىرايلىق يىگىت ئۆزىگە قارشى مەيدانغا چۈشكەن ھەر بىر كىشىنى ئۇجۇقتۇرىۋەردى. بىر ۋاقىتتا ئىككى يېنىمغا قارىسام، شېرىكلىرىمنىڭ بىرسىمۇ تىرىك قالماپتۇ. شۇ چاغدا مەن ھۇشۇمنى يىغىپ: "ئەگەر بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشسام كۈچۈم يەتمىگىدەك. بۇنىڭ ئالدىدىن يۈز ئۆرۈپ قاچسام، ئەرەپلەر ئارىسىدا ئابرۇيۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قالمايدۇ. كىشىلەر مېنى نامەرتلىكتە ئەيىپلايدۇ"— دېگەن خىيال بىلەن، ئىككىلىنىپ تۇرغان ئىدىم. يىگىت قولىنى بىرلا سىلكىپ، مېنى ئۆزىگە تارتتى. ئاندىن ئىگەردىن يۇلۇپ ئالدى. مەن قورققىنىمدىن، بىچارە هالەتكە چۈشۈپ، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم. يىگىت قىلىچىنى كۆتىرىپ، گەردىنىمگە ئۇرماقچى بولغان ئىدى، يېلىنىپ ئېتىكىگە ئېسىلدىم. ئۇ، مېنى خۇددى توموچۇقتەك قاماللاپ كۆتىرىپ، يەككىسىگە ئالدى. قىز بۇنى كۆرۈپ، ئاكىسى-نىڭ ئىشلىرىدىن ناهايىتى خۇشاللىنىپ، روهلىنىپ كەتتى. ئالدىغا كېلىپ پېشانىسىدىن سۆيدى. شۇ چاغدا، يىگىت مېنى سىڭلىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىۋېتىپ: "بۇنىڭغا ئېهتىيات قىل! ياخشىراق جايدىن ئورۇن بەر! چۈنكى ئۇ، بىزدىن ئامانلىق تىلىدى"— دېدى. قىز ئاكىسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، مېنىڭ ئېتىكىمدىن تۇتۇپ، خۇددى ئىتنى سۆرىگەندەك ئېلىپ ماڭدى ۋە چېدىرنىڭ بىر چېتىگە ئاپىرىپ تاشلىدى. ئاندىن ئاكىسىنىڭ ئۈستىدىكى هەربى كىيىملىرىنى ۋە جەڭ قورال-ياراقلىرىنى يېشىپ ئالدى، ئۇنىڭغا يېڭى ۋە پاكىز كىيىملىرىنى ئېلىپ كېلىپ كىيىندۈردى، پىل سۆڭىكىدىن ئىشلەنگەن بىر ئورۇندۇق قويۇپ، ئاكىسىنى تەكلىپ بىلەن ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ: "تەڭرى نومۇ-سۇڭنى ساقلىسۇن. سېنى هەرقانداق بالالاردىن تەڭرى ئۆزى ئاسرىسۇن"— دەپ، ئاكىسىنىڭ جەڭ مەيدانىدىن سالامەت قايتىپ چىققانلىقىغا شۈكرى قىلىپ، باتۇرلۇقىغا رەخمەت ئېيتتى. ئاكىسى سىڭلىسىنىڭ ئالقىشىغا شېئىر بىلەن جاۋاب بەردى:

جەڭدە كۆرۈپ كۆزى بىلەن تاڭ ئۇرىدەك پېشانەمنى،
سىڭلىم دېدى:

— ماخاۋ بولدى نەيزەڭ بىلەن شىردەك پالۋان.
سەن خۇدانىڭ مەرھەمىتى، شەپقىتىگە لايىق ئۆزەڭ،
رەقىپلەردىن ئۈچۈم ئالدىڭ، ئەمدى سۈرگىن دەۋرى-دەۋران.

ئاڭا دېدىم:
— سوراڭ مېنى ئەڭ باتۇر جەڭچىلەردىن،
قىلىچىمدىن قاچتى قانچە، مەن-مەن دېگەن زور قەھرىمان.
مەن ئىقلدا، كۈچ-قۇۋۋەتتە ئۇلار ئارا مەشھۇر بولدۇم،
ئەمدى ئىقبال-ئىدرىكىمنىڭ شوھرىتىگە تولدى جاھان.

ئەي مېھرىۋان سىڭلىم، ئەمدى ئۆزەڭ دايىم بول شادىمان،
تەڭرى بەردى بۇ قۇۋۋەتنى، مېنى يەنە قىلدى ئامان.
ھالاك قىلدىم مەن رەقىپنى مەيداندا بۇ نەيزەم بىلەن،
قالغان بىرى ئەسىر بولدى، تىلىدى ئۇ ئۆزىگە جان.
كۈچلۈك كىشى ھۇجۇم قىلسا، ئاجىزلارنىڭ نومۇسىغا،
قىينىنى قىلدى ھالال، پەيغەمبىرى ئاخىر زامان.

كوز ئالدىدا ئۇلۇك ياتقان پالۋانلارغا قاراپ تۇرۇپ يەنە بۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى ئوقۇدى:

قانلىق جەڭدە ئۇچراشتىڭ سەن، قان توككۈچى شىرلار بىلەن،
قارشى ئېلىپ قىلدى سېنىڭ ياۋۇز ئەجەل باغرىڭنى قان.

ئۇنىڭ بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ، ھەيران بولۇپ قالدىم. ئەسىرلىك مېنى قانداق ئەھۋالغا سېلىشنى ئويلاپ، ئوز ھالىمغا ئېچىنىپ يىغلىدىم. ئۆزەمنىڭ نادانلىغىمنى ئويلاپ، جاھىللىغىمدىن نەپرەتلەندىم. ئاندىن قىزنىڭ ھوسنى-جامالىغا قاراپ تۇرۇپ، ئۆزەمگە ئۆزەم: "مېنىڭ بۇ خىل بالاغا ئۇچرىشىمغا، باشقىلارنىڭ ھالاك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇشىغا گۈزەل قىز، سەن سەۋەبچى بولدۇڭ!"— دېدىم. ئۇنىڭ نازۇكلىقىغا باغلىنىپ قالغىنىم ئۈچۈن، كوز يېشىمنى ئاقىزىپ تۇرۇپ، شۇ شېئىرنى ئوقۇدۇم:

دوستۇم ماڭا تەنە ــ تاپا قىلمىغىن.
تەنلەرگە زادى قۇلاق سالمايمەن.
مەن بۇ قىزنى كورگەن ھامان كويگەنمەن.
ئەمدى ھىجىر بۇ يولۇمدىن يانمايمەن.
ئاكىسىنىڭ مېھرى ياتتىن ئاسرايدۇ.
مەن كۆچ بىلەن ئۇنىڭغا بىر يېتەلمەيمەن.

قىز ئاكىسىغا تەييارلىغان تاماقنى داستىخانغا تىزىپ بولغاندىن كېيىن، يىگىت مېنىمۇ تاماققا تەكلىپ قىلدى. شۇ چاغدىلا، مەن ئوزەمنىڭ ئولتۇرۇلمەيدىغانلىغىمغا ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ، خاتىرجەم ۋە خۇرسەن بولدۇم. ئاكىسى تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، قىز ئۇنىڭغا بىر قاچىدا شاراپ ئېلىپ كەلدى. يىگىت گۈل رەڭلىك بۇ شاراپنى تاكى مەس بولغىچە ئىچتى. مەي ئۇنىڭغا تەسىر قىلىپ، يۈزلىرى قىزاردى. شۇ چاغدا، يىگىت ماڭا قاراپ: "ئەي شور پېشانە ھامماد! تەمىمنىڭ ئوغلى، سەئلەبەنىڭ نەۋرىسى ئىباد دېگەن مەن. تەگرى ساڭا ئىككىنچى قېتىم جان بەردى"— دەپ، ماڭا بىر ئاياق گۈل رەڭلىك شاراپ تۇتتى، ئۇنى ئىچتىم. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىم ماڭا يەنە شاراپ تۇتتى، ئۇنىمۇ ئىچتىم. يىگىت مەن بىلەن سوھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلماسلىققا قەسەم ئىچىشنى تەكلىپ قىلدى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ: "ساڭا خىيانەت قىلمايمەن، بەلكى قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىمەن"— دەپ، بىر ئەمەس، بىرمىڭ بەش يۈز قېتىمدىن ئارتۇق قەسەم

ئىچتىم. يىگىت سىگىلىسىغا مەن ئۈچۈن ئۇن قۇر يەپەك كىيىم ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ھازىر ئۈستۈمگە كىيىپ تۇرغان كىيىممۇ ئەنە شۇ ئۇن قۇر كىيىمنىڭ بىرسى. يەنە سىگىلىسىنى ماڭا ياخشى بىر ھىنگان (چىشى توگە) ھەدىيە قىلىشنى بۇيرۇدى. قىز نادىر ۋە مال يۈكلىگەن جابدۇقلىرى خىل، ياخشى بىر ھىنگان توگىسىنى ئېلىپ كەلدى. يىگىت ماڭا مىنىش ئۈچۈن بىر جىرەن ئارغىماق ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. سىگىلىسى ئۇنىمۇ ئېلىپ كەلدى. "ئەي ئەرەپ — دېدى يىگىت ماڭا — ئەمدى سەن مەندىن قورقمىساڭمۇ بولۇدۇ. مەنمۇ سېنىڭ قەسىمىڭگە ئىشىنىپ، سەندىن خاتىرجەم بولدۇم." شۇنىڭدىن كېيىن، مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۈچ كۈن يەپ-ئىچىپ تۇردۇم. ئۇ ھەدىيە قىلغان نەرسىلەردىن ھازىرمۇ مېنىڭ قولۇمدا بار نەرسىلەر كوپ. ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئۇ يىگىت ماڭا: "بۇرادەر ھاماد! مەن ئارام ئېلىش ئۈچۈن بىر ئاز ئۇخلىماقچىمەن. مەن ساڭا ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن، سېنىڭ مېنىڭ بېشىمدا بىرەر سائەت پاسىۋانلىق قىلىپ تۇرۇشۇڭنى، ئەگەر ئاتلىق كىشىلەرنى كورسەڭمۇ قورقماسلىقىڭنى ئۈمىت قىلىمەن. شۇنى بىلىپ قويغىنكى، ئۇلار سەئلەبەنىڭ ئەۋلادىدۇر، مەن بىلەن ئۇرۇشماقچى" — دەپ، قىلىچىنى بېشىدىكى ياستۇقنىڭ تىگىگە قويۇپ، مەس ھالىچە ئۇيقىغا كەتتى. ئۇ، مەسلىكتە قاتتىق ئۇخلىدى. شۇ چاغدا، شەيتانمۇ مېنى يولدىن ئازدۇردى. قەسىمىمنى بۇزۇپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم. بېشىدىكى ياستۇقنىڭ تېگىدىن قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، بىرلا چېپىپ، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدىم. شۇ چاغدا، ئۇنىڭ سىگىلىسى بۇ ۋەقەنى بىلىپ قالدى. ئۆزىنىڭ چېدىرىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئاكىسىنىڭ ئۈستىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆزىنى تاشلىدى، ياقىسىنى يىرتىپ يىغلاپ تۇرۇپ، شۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

قىپچىپ بولماس قەلەم يازغان تەقدىردىن ھېچ،
كىم يەتكۈزەر تۇتقانلارغا بۇ ئەلەمنى.
جېنىم ئاكا، يەردە جانسىز يېتىپسەن،
ئايدەك يۈزۈڭ يورىتاتتى بۇ ئالەمنى.

قانخور ھاماد بولدى سېنىڭ قاتىلىڭ،
بۇزدى ئىپلاس، بەرگەن ۋەدە ـ قەسەمنى.
يەتمەك بولدى شۇ يول بىلەن مەقسەتكە،
ماڭا يۈكلەپ ئىبلىس ـ شەيتان، قايغۇ ـ غەمنى.

قىز شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ: "ئەي ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ لەنىتىگە پاتقان مۇناپىق! نىمە ئۈچۈن ئىچكەن قەسىمىڭگە خىيانەت قىلدىڭ؟!......ئۇ ساڭا تارتۇقلار بېرىپ ئۆز مەملىكىتىڭگە قايتۇرماقچى ئىدى. ئەي بەختى قارا شۇم، يېڭى ئاي كورۇنۇشى بىلەن مېنى ساڭا نىكاھلاپمۇ بەرمەكچى ئىدى"ــ دەپ كېلىپ، قولۇمدىن قىلىچىنى تارتىپ ئېلىپ، ئۈچىنى كوكسىگە تىرەپ، دەستىسىنى يەرگە قويۇپ، ئۆزىنى باسقان ئىدى، قىلىچىنىڭ ئۈچى ئارقىسىدىن تېشىپ چىقتى، گەۋدىسى يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. شۇ زامانلا كوزىنى يۇمۇپ، ئالەمدىن كەتتى. مەن يىغلىدىم، ئۆزەمنى كاچاتلىدىم. پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تېپىلمىدى. قىز ھەققىدىكى ئۇمىتلىرىم شۇنىڭ بىلەن يوققا چىقتى. دەرھال چېدىرغا كىرىپ، ئۆزى يېنىك، باھاسى قىممەت نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ ئېلىپ، مال ـ چارۋىسىنى ئالدىمغا سالدىم ۋە ئۆز يولۇمغا قاراپ

ماڭدىم. مېنى قورقۇنچ باسقان ئىدى. گاڭگىراپ كەتكەنلىكىم-
دىن، ئۆلگەن شېرىكلىرىمنىڭ بېرەرسىنىڭمۇ جەسىدىگە كۆز ئېچىپ
قارىيالمىدىم. قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئۆلۈگىنىمۇ دەپنە قىلىپ
كۆمەلمىدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جەسىدى قان ئىچىدە قالدى...
قېنى ئۇزەڭلار ئېيتىپ بېقىڭلار، مېنىڭ بۇ ھېكايەم قۇددۇس
شېرىپتىن ئالداپ ئېلىپ قېچىپ كېنىزەكلىككە ساتقان ساددا قىز
توغرىسىدىكى ھېكايىدىن قىزىغىراق ۋە ئاجايىپراق ئەمەسمۇ؟!"
نۇزھەتۇززامان بەدىۋىنىڭ بۇ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ، غەزەپلەنگەنلى-
كىدىن، بەدىنىنى تىترەك بېسىپتۇ، كۆزىگە ئالەم قاراڭغۇلىقى
تىقىلىپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى
توختاتتى.



بىر يۈز قىرىق توتىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ
شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

غەزەپلەنگەن نۇزھەتۇززامان بەدىۋىنىڭ
سۆزى تۈگىشى بىلەن، ئورنىدىن تۇرۇپ،
قىلىچىنى پاقىرىتىپ بېرىپ، بەدىۋى ھاماد-
نىڭ بويىنىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۇرغان ئىكەن،
بېشى ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشۈپتۇ. شۇ يەردە
ھېكايە ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار نۇزھەتۇززا-
مانغا: "نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە شۇنچە ئالدىرىدىڭىز؟"
دەپ سوئال قويغىنىدا، ئۇ: "ھەرقانداق ۋەھشىدىن يامان بولغان
يىرگىنچلىك بۇ بەدىۋىنىڭ يەنە كۆن نۇرىنى ئىپلاس قىلغىنىدىن

ئۆلگىنى؛ بۇلبۇل سەۋىيى بىلەن ھالاك بولغانلارنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ يۈرەكنى زىدە قىلغاندىن ئۇلارنىڭ ۋە ئۆزەمنىڭ ئىنتىقامىنى بالدۇرراق ئالغىنىم تۈزۈك، دەپ شۇنداق قىلدىم. مەن بۇ ئەبلەختىن ئۆز قولۇم بىلەن ئۆچ ئالغىنىم ھەم ئۇنىڭ چىرىك گەۋدىسىنى ئۆلۈك ھالدا كۆرگىنىم ئۈچۈن تەڭرىگە شۈكرى دېمەن"—دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. كېيىن قۇللىرىغا قاراپ، بەدىنىنىڭ جەسىدىنى ئىككى ئايىغىدىن سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ، ئىتلارغا تاشلاپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شاھ رۇمزان بىلەن شاھ كانى ماكان قاراقچىلارنىڭ ئىككى باشلىقىنى سوراققا تارتىپتۇ. ئۇنىڭ بىرسى بىر قارا مەخلۇق بولۇپ، ئۇ، سورىغۇچىلارغا: "مېنىڭ ئىسمىم غەزبان" دەپ تونۇشتۇرۇپ، رۇم شاھى ھەردۇپنىڭ قىزى مەلىكە ئەبرىزىنى ئىككى قات ھالەتتە باغدادتىن ئېلىپ چىقىپ، يولدا ئۇنىڭغا قىلغان ھاقارەت ۋە جەۋرى-زۇلۇملىرىنى سۆزلەشكە كىرىشىپتۇ. تېخى ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماستا، شاھ رۇمزان يېنىدىكى قىلىچىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بوينىنى نىشانلاپ ئېتىپتۇ. قىلىچ ئۇنىڭ بوينىنى كېسىپ، بېشىنى يەرگە چۈشۈرۈپتۇ. شاھى رۇمزانمۇ: "تەڭرىگە شۈكرى، مەنمۇ ئۆز قولۇم بىلەن دۈشمىنىمنى ئۆلتۈرۈپ، ئانامنىڭ قىساسىنى ئالدىم"—دەپتۇ. كېيىن شۇ يەردىكىلەرگە غەزبان ئىسىملىك بۇ قارا قۇلنىڭ ۋەھشىلىكىنى سۈت ئانىسى مارجانىدىن ئاڭلىغىنى بويىچە ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئاندىن كېيىن قاراقچىلارنىڭ ئۈچىنچى باشلىقىنى سوراق قىلىشىپتۇ. بۇ قاراقچى ئەسلىدە توگىچى بولۇپ، قۇددۇس شەرىپ كىشىلىرى زۇئۇلماكاننى دەمەشق كېسەلخانىسىغا يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن، پۇل يىغىپ كىرا ھەققىنى تۆلىگەن. ئۇ، زۇئۇلماكاننى ئېلىپ

كېلىپ، ھامماممنىڭ گۆلخىغا تاشلاپ قاچقان ئوغرىنىڭ ئۆزى ئىكەن. ئۇ، سوراقچىلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەنىڭ ئېنىغىنى ئېيتىش توغرىسىدىكى تەلىۋىنى ئاڭلاپ، ئۆز سۆزىنى باشتىن باشلاپ، زۇئۇلماكاننى تاشلاپ قاچقانلىغىنى تېخى ئېيتىپ تۈگەتمىگەن ئىكەن. كانى ماكان ئورنىدىن تۇرۇپ، قىلىچى بىلەن بىرنى ئۇرۇپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن ئايرىپتۇ. ئۇ: "مەن بۇ ھىكايىنى ئاتام زۇئۇلماكاندىن بىرقانچە قېتىم ئاڭلىغان ئىدىم. مەنمۇ بۇ ئەبلەخنىڭ ئاتام زۇئۇلماكاننىڭ بېشىغا سالغان يامان ئىشلىرىنىڭ ھېساۋىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئالغىنىم ئۈچۈن تەڭرىگە شۈكرى قىلىمەن"—دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شاھلار بىر-بىرىگە قاراپ: "ئەمدى، ھىلىگەر قېرى زاتۇد داۋاھىدىن باشقا، جازالانغىدەك دۈشمىنىمىز قالمىدى. بۇ قېرى دەللە بىرمۇنچە بالا-قازاغا سەۋەپچى بولۇپ، بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىزنىڭ بېشىغا كوپ كۆلپەتلەرنى سالغان ئىدى. شۇ قېرىنى بىزنىڭ قولىمىزغا كىم ئېلىپ كېلىپ بېرىدۇ؟ بىز ئۇنىڭدىنمۇ ئۆچىمىزنى ئېلىپ، ئۇنى شەرمەندە قىلىساق، بوۋىمىز شاھ ئومەر ئىبنى نوئمان، شاھزادە شەررىكاننىڭ خۇنىنى ئېلىپ، نومۇسىمىزنى ئاقلىساق"—دېيىشىپتۇ. شۇ چاغدا، كانى ماكاننىڭ تاغىسى شاھ رۇمزان سۆزگە كىرىشىپ: "ئەلۋەتتە، ئۇنىمۇ ئېلىپ كېلىپ جازالاش لازىم. ئۇ، مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ چارىسىنى مەن قىلاي"—دەپتۇ ۋە شۇ يەردىلا چوڭ ئانىسى زاتۇد داۋاھىغا مۇنداق دەپ خەت يېزىپتۇ: "باغداد ۋە دەمەشق، مەۋسىل قاتارلىق ئىراقتا قاراشلىق جايلار مېنىڭ قولۇمغا ئۆتتى. مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى زەربە يەپ، مەغلۇپ بولدى. ئۇلارنىڭ پادىشالىرى ۋە باشقا يۇرت چوڭلىرى ماڭا تەسلىم بولدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە ئەسىرگە چۈشتى. ئەمدى سېنىڭ ھەرقانداق زورۇر ئىشلىڭ بولسىمۇ قويۇپ تۇرۇپ، شاھ ئەفرىدۇننىڭ قىزى سەفىيەنى ۋە باشقا ئۇزەڭگە يېقىن نىسارا ئۇلۇغلىرى. راھىپلاردىن كىمنى خالىساڭ شۇنى ئۇزەڭگە ھەمرا قىلىپ، تېزراق باغدادقا كېلىپ، بىزنىڭ غەلىبىمىزنىڭ تەنتەنىسىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈشۈڭنى ئۈمىت قىلىمەن. ئەسكەر باشلاپ كەلمىگىن. چۈنكى، ئۇلارغا ئېھتىياجىمىز يوق. پۈتۈن مەملىكەت مېنىڭ قولۇمدا، تېچ ۋە ناھايىتى خاتىرجەم"—دەپ، ئاخىرىغا ئۆز ئىمزاسىنى قويۇپ، تامغىسىنى بېسىپ، مەخسۇس كىشىدىن زاتۇد داۋاھىغا ئەۋەتىپتۇ. خەت ئۇنىڭ قولىغا يېتىپ بېرىپتۇ. زاتۇد داۋاھى خەتنى ئېچىپ ئوقۇپتۇ ۋە بۇ خەتنىڭ شاھى رۇمزاننىڭ ئۆز قەلىمى ئىكەنلىكىنى تونۇپتۇ. خوش بولۇپ، شۇ زامانلا نۇزھەتۇززاماننىڭ ئانىسى مەلىكە سەفىيەنى ئېلىپ، ئۆز سوھبەتداشلىرى بىلەن بىللە ئاتلىنىپ، سەپەرگە چىقىپتۇ. يول يۈرۈپ، ئاخىر باغدادقا يېتىپ كەپتۇ. خەۋەرچى ئالدىدىراق كېلىپ، ئۇلارنىڭ باغدادقا يېتىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىپتۇ. شاھ رۇمزان كانى ماكان ۋە باشقىلارغا قاراپ: "مېنىڭ پىكرىم مانا مۇنداق: مەن ۋە مەن بىلەن بىللە زاتۇد داۋاھىنىڭ ئالدىغا چىقىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پەرەڭچە كىيىم كىيىپ، ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقايلى. ئۇ، مېنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولسۇن ۋە بىزنىڭ سىرىمىزنى بىلمەي قالسۇن"—دەپتۇ. ئۇنىڭ بۇ مەسلىھەتىگە ھەممىسى قوشۇلۇپتۇ. شاھ رۇمزان ئۆز كىشىلىرىگە پەرەڭچە كىيىم كەيگۈزۈپ، قىرى دەللىنىڭ ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ. شۇ چاغدا قۇززى پاكان: "ئەزبىرايى خۇدا، مەن سىزلەرنى تونۇمىغىنىمدا، ئەلۋەتتە،

سىزلەرنى پەرەڭلەر دىگەن بولاتتىم“ ــ دەپتۇ. شاھى رۇمزان ئالدىدا، مىڭ ئاتلىق ئەسكەر ئارقىسىدا، زاتۇد داۋاھىنىڭ ئالدىغا چىقىش ئۈچۈن يولغا چۈشۈپتۇ. شاھى رۇمزاننىڭ كوزى قېرى ئوبۇشقىغا چۈشكەن ھامان، شاھى رۇمزان ئېتىدىن چۈشۈپ، پىيادە بولۇپ، مەككار قېرى زاتۇد داۋاھى تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. قېرىمۇ رۇمزاننى تونۇپ، ئېتىدىن چۈشۈپ كېلىپ، رۇمزاننى قۇچاغلاپتۇ. رۇمزانمۇ ئۇنى شۇنداق قاتتىق قىسىپ قۇچاغلاپتۇكى، ئوبۇشقا زاتۇد داۋاھىنىڭ قوۋۇرغىلىرى قاراسلاپ كېتىپتۇ. مەككار قېرى: ”بۇ نىمە قىلغىنىڭ؟!“ ــ دەپ سوراپ ئۈلگۈرمەيلا، كانى ماكان بىلەن ۋەزىر دەندانلار ئېتىدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشىپتۇ. پەرەڭچە كىيىنگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر مەككار قېرىغا ھەمرا بولۇپ كەلگەن نىسارا دىنىنىڭ ئۆلۇغلىرى ۋە باشقا راھىپ-لار بىلەن ئۇنىڭ قول. كېنىزەك، دىدەكلىرىنى قورشىۋېلىپ، ھۇجۇم قىلىشىپتۇ. بىردەمدە ئۇلارنى ئەسىرگە چۈشۈرۈپ، خۇشال-خورام باغدادقا قايتىشىپتۇ. شاھ رۇمزان باغداد شەھە-رىنى زىننەتلەشنى بۇيرۇق قىپتۇ. ئۈچكۈندە شەھەرنى زىننەتلەپ بوپتۇ. زاتۇد داۋاھىنىڭ بېشىغا شىلىم بىلەن قاتۇرۇلغان ئۇزۇن قەغەز كولانى گەندىگە چىلاپ ئېلىپ كېلىپ كەيگۈزۈپتۇ. شۇ ئەھۋالدا كوچا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭغان جاكاچى: ”شاھلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرىنى ھىلە ئىشلىتىپ ھالاك قىلغان كىشىنىڭ جازاسى شۇ“ ــ دەپ ۋاقىراپ، جار سېلىپ مېڭىپتۇ. ئاخىرى ئۇنى دارغا ئېسىپ، ئىككى پارچە قىلىپ، جەسىدىنى باغداد شەھىرىنىڭ ئىككى دەرۋازىسىغا مىخلاپتۇ. زاتۇد داۋاھىنىڭ ھەمرالىرى بۇ ئەھۋالنى كورۇپ، توۋە قىلىپ،

مۇسۇلمان بولۇشۇپتۇ. نۇزھەتۇززامان بىلەن ئىنىسى زۇئۇلماكاننىڭ ئوغلى كانى ماكان مەلىكە سەفىيە بىلەن ئۇچرۇشۇپتۇ. كانى ماكان ۋە ئۇنىڭ تاغىسى شاھ رۇمزان، ھاممىسى نۇزھەتۇززامان، مەلىكە سەفىيە، ۋەزىر دەندان ۋە قۇززى پاكان بۇ ئاجايىپ ۋەقەنىڭ ئوتمۇشىدىن ئەجەپلىنىپتۇ. ۋەزىر دەندان بۇ تەسىرلىك ۋەقەنى باشتىن - ئاخىر تارىخى كىتاب قىلىپ يېزىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئوقۇپ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ. بۇ ئىشلاردىن كېيىن، شاھ كانى ماكان، شاھى رۇمزان، مەلىكە سەفىيە، نۇزھەتۇززامان، ۋەزىر دەندان، قۇززى پاكانلار بىر بولۇپ، جەڭدىن قولىنى يىغىپ، لەززەتنى بەربات، جەمىيەتنى خاراپ، دىللارنى پاراكەندە قىلغۇچى ئەجەل يېتىپ كەلگىچە، قالغان ئۆمۈرلىرىنى، بەختىيارلىق ۋە زور راھەت بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. شاھ ئۆمەر ئىبنى نۇئمان ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى شەررىكان، زۇئۇلما- كان، رۇمزان، قىزى نۇزھەتۇززامان، نەۋرىسى كانى ماكان، قۇززى پاكان، ۋاپادار دوستى ۋەزىر دەندان دەۋرىدىكى ۋەقە- لەرنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگىنى مانا شۇ ئىكەن — دەپ شەھرىزاد ھېكايىسىنى تۈگۈتۈپتۇ.

"ئەمدى ھايۋانلار ۋە ئۇچار قاناتلار، قۇشلار ھەققىدىكى مەسىلىلەردىن بولسا ئېيتىپ بەرسەڭ" — دەپتۇ شاھ شەھرىيار.

"خوپ!" دەپتۇ شەھرىزاد.

شۇ چاغدا، شەھرىزادنىڭ سىڭلىسى دۇنيازاد ئاچىسىغا قاراپ: "ئەي سۆيۈملۈك ئاچا، بۇ كېچە سېنىڭ ھېكايەڭ بىلەن شاھنىڭ كۆڭلى خېلى ئېچىلدى. مەن بۇنىڭدىن خۇشال. بۇ خۇدا خالىسا، ئىشلىرىمىزنىڭ ئاقىۋىتى ياخشىلىققا قاراپ ماڭغانلىغىدىن

# الف ليلة وليلة

## مىڭ بىر كېچە (2)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسى تارقىتىدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا تىزىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1980 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، 1980 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M10098.443
باھاسى: 1.16 يۈەن

www.uyghurkitap.com

دېرەك بېرىدۇ، دېگەن ئۈمىدىم بار“ — دەپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.

# 一千零一夜（二）

（维吾尔文）

尔西丁·塔特勒克编译

伊敏吐儿逊校订

新疆人民出版社出版

新疆新华书店发行

民族印刷厂排版

新疆新华印刷一厂印刷

850×1168毫米 开本1/32 $19\frac{1}{4}$ 印张 2插页

1980年7月第一版 1980年8月第一次印刷

印数：100,001—130,000

统一书号：M 10098·443　　定价：1.16元

www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىسىنى خۇ ياۋشەن ئىشلىگەن

M10098·443
价: 1.16 元